مۇھەممەد يۇسۇپ

# قەلەمنىڭ ئىلھامى

ماقالىلار توپلىمى (1)

**بسم الله الرحمن الرحيم**

ئەڭ گۈزەل ماختاش ۋە ئەڭ ئېسىل مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە يېگانە رەببى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالانى چىن قەلبىمدىن مەدھىيەلەيمەن ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىمەن. ھەق دىنىنى بىزلەرگە يەتكۈزگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد، دۇئا ۋە سالام يوللايمەن. ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە تا قىيامەتكىچە ئۇنىڭ يولىدا ماڭغان مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا بەخت - سائادەت تىلەيمەن.

مېنىڭ ئەللىك يىللىق ھايات تەجرىبەم ماڭا شۇ دەرسنى بەردىكى، دۇنيادا خەلقى ئۈچۈن ياشىغانلار ھېچ ئۆلمەيدىكەن، بۇنداق كىشىلەرگە بولغان سۆيگۈ _ مۇھەببەت خەلقنىڭ يۈرىكىدىن ئۆچۈپ كەتمەيدىكەن، ئاللاھ يولىدا خەلقى ئۈچۈن تەر تۆككەن ۋە ئازراق بولسىمۇ بىرەر ئىلمىي مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمى خۇددى ئۇلارنىڭ ھاياتىدەكلا قىممەتلىك بولىدىكەن. يېقىندا ئەللامە مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ ۋاپاتى بىزگە بۇ ھەقىقەتنى تېخىمۇ ئوچۇق يورۇتۇپ بەردى. داموللا ھاجىمنىڭ ھاياتى بىزگە قانداق ھايات كەچۈرۈش كېرەكلىكىنى ئۆگەتكەن بولدى.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! قولىڭىزدىكى بۇ ئەسەر ئون يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى ئىنتېرنېت تورلىرىدا، ژۇرناللاردا شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئۈچۈر ۋاسىتىلىرىدە ئېلان قىلىنغان دىنىي ۋە ئىجتىمائىي تېمىلاردىكى ماقالىلىرىمنىڭ توپلىمى بولۇپ، خەلقىم بىلەن ئورتاقلىششنى ئۆزۈم ئۈچۈن شەرەپ بىلگەنلىكتىن، بۇ ماقالىلارنى رەتلەپ نەشر قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەمىمىي تەنقىدلىرىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن.

بۇ ئىشىمنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى ئەمەللەر قاتارىدا قوبۇل قىلىشىنى تىلەيمەن.

_ مۇھەممەد يۈسۈپ

1439 _ يىلى جامادىيەل ئاخىر ئاينىڭ 4 _ كۈنى،

2018 _ يىلى فېۋرال ئاينىڭ 20 _ كۈنى، سەيشەنبە،

سەئۇدى ئەرەبىستان، جىددە.

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇلۇغ ماقامىنى قوغدايلى! (1)

جىمى ھەمدۇسانالار ئالەملەرنىڭ رەببى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ مەدەتكارى جانابى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالاغا مەۋجۇداتنىڭ سانىچە ھەمدۇسانا ئېيتىمەن. ھەق دىنىنى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى كۇفرى، زالالەت ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئىمان، ھىدايەت ۋە ھەقىقەتنىڭ نۇرىغا يېتەكلىگەن، شۇنداقلا گۈزەل ئەخلاقى ۋە ئالىي پەزىلىتى بىلەن پۈتۈن دۇنيا كىشىلىرىنى قايىل قىلغان سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە- تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ بىزلەرگە قەدەر يەتكۈزگەن كىشىلەرگە، شۇنداقلا تا قىيامەتكىچە ھەق يولدا ماڭغان مۇئمىنلەرگە ئەڭ ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن پۈتۈن دۇنيا ئەھلىنىڭ ئىككى ئالەملىك بەخت – سائادىتى ئۈچۈن كەلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ياشىغان، ئەڭ قەدىردان زات ئىدى . ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ھەر بىر ئىش – ئىزى بىز ئۈچۈن ئۈلگىدۇر. بۇنى بىلگەنلەر بىلىدۇ. بىلمىگەنلەر تېكىرقاش بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزىدۇ. بۇ پەيغەمبەرنىڭ قەدرىنى بىلگەنلەر نېمە دېگەن تەلەيلىك كىشىلەر- ھە!

شۇ ئېنىقكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋزىلى، ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۈلگىسى، ياخشىلارنىڭ سەرخىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سۆيۈش، ئۇنىڭ شەنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ئۇنى دۈشمەنلەرنىڭ ھاقارەتلىرىدىن مۇداپىئە قىلىش _ ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ بۇرچى ۋە ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىنىدىغان ئەڭ ئاددىي بىر تەلەپ. چۈنكى شۇنداق قىلغاندىلا ئىمان مۇكەممەل بولغان بولىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ئالەملەرگە رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلگەنلىكىنىڭ مەنىسى شۇكى، ئۆزىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىمان ئېيتمىغان پۈتۈن ئىنسانىيەتكە، بارلىق جانلىقلارغا رەھىم – شەپقەت، كەڭچىلىك، كەچۈرۈم، ئازادلىك ۋە ھۆرلۈكنى دۇنيا تارىخىدا تۇنجى بولۇپ تەشۋىق قىلغان ھەم ئەمەلىيىتى بىلەن تەتبىق قىلىپ كۆرسەتكەن يېگانە شەخستۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رەھىم – شەپقىتى ئۇنىڭ بارلىق ئىش – ئىزلىرىدا، ھەتتا دۈشمەنلىرى بىلەن بولغان غازاتلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. تۆۋەندە ئۇنىڭ چەكسىز مېھرى – شەپقىتىنىڭ ئۈلگىلىرى توغرىلىق قىسقىچە توختىلىمىز:

**ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە مۇسۇلمانلارغا بولغان شەپقىتى:**

1 _ قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇھەممەد ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۇئمىنلەر كاپىرلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر﴾[1].

2 _ قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ، ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى﴾[2].

3 _ قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ رەھىم – شەپقىتىنى كىشىلەرگە نامايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿(ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىن بولغان پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۇئمىنلەرگە بەكمۇ شەپقەتلىك ۋە ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر﴾ [3].

**ئىبادەتلەردە مۇسۇلمانلارغا كۆرسەتكەن شەپقىتى**

1 _ ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئەلچىگە _ ساۋاتلىق بولمىغان پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا (ئۇنىڭ سۈپىتىنىڭ مۇنداق) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ: « ئۇ پەيغەمبەر ئۇلارنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارنى سىلىنغان تاقاق، كويزا _ كىشەنلەر (يەنى قىيىنچىلىقلار) دىن بوشىتىدۇ. ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان، ئۇنى ھۆرمەتلىگەن، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن نۇر(قۇرئان)غا ئەگەشكەن كىشىلەر بارغۇ، ئەنە شۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر»﴾[4].

بۇ ئايەت، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنىنىڭ ئىبادەت ۋە تەكلىپلىرىدە ئاسانلىق، كەڭچىلىك ۋە يېنىكلىك ئاساسىي پىرىنسىپ قىلىنغان ئىلغار دىن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

2 _ بەش ۋاخ نامازنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىكى بىلەن 50 ۋاختىن بەش ۋاختقا قىسقارغانلىقى، بۇرۇنقى ساماۋى

---

① فەتىھ سۈرىسى، 29 _ ئايەت.
② ئىمران سۈرىسى، 159 _ ئايەت.
③ تەۋبە سۈرىسى، 128 _ ئايەت.
④ ئەئراف سۈرىسى، 157 _ ئايەت.

دىنلاردىكى تەركىدۇنياچىلىقنىڭ ئىسلام دىنىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى، ئىسلام دىنىدا دۇنيالىق بىلەن ئاخىرەتلىك ئوتتۇرىسىدا تەكشۈكلۈقنىڭ بەلگىلەنگەنلىكى، سەپەردە نامازنى قەسرى قىلىپ تۆت رەكئەتنى ئىككى رەكئەتتە قىسقارتىپ ئوقۇشنىڭ، سۇ تېپىلمىغان ياكى سۇ ئىشلىتىش قولايسىز بولغاندا تەيەممۇم ئارقىلىق پاكلىق ھۆكمىگە كىرىشنىڭ بەلگىلىگەنلىكى ۋە سەپەردە روزا تۇتماسلىقنىڭ بەلگىلەنگەنلىكى، شۇنداقلا خالىس نىيەت بىلەن قىلىنغان ئازراق ئەمەل بىلەنلا جەننەتكە كىرىش يولىنىڭ ئېچىپ بېرىلگەنلىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن دۇنيا ئەھلىگە رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلگەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر.

**ئائىلىسىدىكىلەرگە بولغان شەپقىتى**

1 _ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىنى تەرىپلەپ: «ئۇنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى»① دېگەن.

2 _ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقىغا گۇۋاھلىق بېرىپ: «ئاياللارغا مېھرىبانلىق قىلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئارتۇق بىراۋنى كۆرمىدۇق»② دېگەن.

3 _ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھىر -شەپقىتىنى تەرىپلەپ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا 10 يىل خىزمەت قىلدىم. بۇ جەرياندا ئۇنىڭدىن بىرەر قېتىممۇ يامان سۆز ئاڭلىمىدىم، قىلىك دېگەن ئىشنى قىلمىغان بولسام، نېمىشقا ئۇنى قىلمىدىڭ؟ دەپ سورىمايتتى، قىلماڭ دېگەن ئىشنى قىلىپ سالغىنىمدا، نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭ، دەپ سورىمايتتى، ئائىلىسىدىكىلەرگىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مېھرىبان بىرەر كىشىنى كۆرگىنىم يوق»③ دەيدۇ.

4 _ ئىبنى ماجە ھەدىس توپلىمىدا قەيت قىلغان بىر سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار، ئۆز ئەھلىگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلاردۇر. مەن ئۆز ئەھلىگە ئەڭ مېھرىبان كىشىڭلارمەن»④ دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

5 _ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىغا شۇلارنىڭ ئەقلىگە مۇۋاپىقلاشقان ھالدا مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇلاردىن مەسلىھەت سورايتتى، ھەتتا ئۇلارغا ماسلىشىپ ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىشلىرىغىمۇ ئىشتىراك قىلاتتى. بەزىدە ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ئۇزاققا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئېلىپ باراتتى، بەزىدە يېڭەتتى، بەزىدە يېڭىلىپ قالاتتى.

**بالىلارغا بولغان شەپقىتى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر كىشىگە ئۇنىڭ ئەقلى ۋە سەۋىيەسىگە مۇناسىپ مۇئامىلىدە بولاتتى.

1 _ بىر كۈنى مەدىنە شەھرىدە كەپتىرى ئۇچۇپ كەتكەنلىكىدىن خاپا بولۇپ، غەمكىن ئولتۇرغان بىر بالىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئويناپدۇ ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ خۇشال قىلىدۇ. ئىككىسى ئەڭ يېقىن سىرداشلاردىن بولۇپ قالغانلىقتىن، ئۇ بالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىر كۈن كۆرمىسە چىداپ تۇرالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

2 _ ئابدۇللا ئىبنى شەدداد ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەۋرىلىرىدىن ئىمام ھەسەن (ياكى ئىمام ھۈسەيىن)نى كۆتۈرگىنىچە بىزگە پېشىن ياكى ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بېرىشكە چىقىپ، مېھرابقا ئۆتتى، ئۇنى ئوڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئاندىن تەكبىر ئېيتىپ نامازنى باشلىدى. سەجدىنى شۇنداق ئۇزۇن قىلدىكى، بېشىمنى كۆتۈرۈپ قاراپ سالدىم ۋە ھېلىقى كىچىك بالىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈمبىسىگە مىنىپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئاندىن شۇ ھامان سەجدىگە قايتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ساھابىلەر: ئى رەسۇلۇللاھ! سەجدىلەرنىڭ بىرىنى بەكمۇ ئۇزۇن قىلدىلىكى، بىز بىرەر ئىش يۈز بەرگەنمىدۇ ياكى ۋەھيى كەلگەنمىدۇ، دەپ قالدۇق، دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: سىلەر گۇمان قىلغانلارنىڭ ھېچقايسىسى يۈز بەرمىدى. ئەمما نەۋرەم ئۈستۈمگە مىنىۋالغانىدى، ئۇنىڭ ئويۇنى تۈگىمەستىن تۇرۇپ كېتىشنى ياقتۇرمىدىم، دېدى»⑤.

3 _ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە بايان قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى يېنىغا كەلگەن قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ، يېنىدا ئولتۇرغۇزىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن بىر ئادەم: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۆزلىرى بالىلارنى سۆيىدىكەنلا، ئەمما مېنىڭ ئون بالام بار، ھازىرغىچە بىرىنىمۇ سۆيۈپ باققىنىم يوق» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ تاش يۈرەكلىكىگە ئېچىنىپ: «كىشىلەرگە رەھىم – شەپقەت قىلمىغانلارغا ئاللاھ رەھىم قىلمايدۇ» دەيدۇ.

---

① ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
② ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
③ ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
④ ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
⑤ ئىمام نەسەئى ۋە ئىبنى ئەساكىر رىۋايىتى، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن ھەدىس.

## دۈشمەنلىرىگە قارىتا شەپقىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشمەنلىرى ئىچىدىمۇ چوڭقۇر ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى. دۈشمەنلىرى ئۇنىڭ دەۋەت قىلغان دىنىنى ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى، راستچىللىقىنى ۋە ئىنسانىيەتتە بولۇشقا تېگىشلىك مېھرى – شەپقەت، رەھىمدىللىك ، ئادالەت ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق ئېسىل سۈپەتلەرنىڭ ئۇنىڭدا مۇجەسسەملەنگەنلىكىنى ئىقرار قىلاتتى. شۇڭا قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىپ: ﴿ئۇلارنىڭ سۆزى سېنى قايغۇغا سالىدىغانلىقىنى بىز ئوبدان بىلىمىز، ئۇلار سېنى يالغانچى دېمەيدۇ، پەقەت بۇ زالىملار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ﴾[1] دېگەن.

شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ۋە قۇرەيش كۈچلىرىنىڭ كاتتىبېشى ئەبۇ سۇفيان قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ياتلىق بولغانلىقىدىن سۆيۈنىدۇ ۋە قارشى چىقمايدۇ. چۈنكى ئۇ يۈرىكىنىڭ پارىسى بولغان قىزىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۈلگىسى بولغان زات _ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا تولۇق بەختلىك بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

1 _ بىر كۈنى يەھۇدىيلاردىن بىر گۇرۇپپا كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كىلىپ، ئۇنىڭغا سالام بەرگەننى قىلىپ ئازار قىلغان ھالدا «ئەسسامۇ ئەلەيكە يا مۇھەممەد _ ساڭا ھالاكەت بولسۇن ئى مۇھەممەد» دەيدۇ. بۇ سۆزگە دىققەت قىلمىغان ئادەم ئۇنى «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەن سالام مەنىسىدە ئاڭلايتتى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ ھامان ئۇنى پەرقلەندۈرگەن بولسىمۇ، ئاچچىقلانماستىن «ۋەئەلەيكۇم (سىلەرگە شۇنداق بولسۇن)» دەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ ئەدەپسىزلەرچە ھاقارەتكە غەزەپلىنىپ: «ئى ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى! ھالاكەت ۋە ئۆلۈم سەندەكلەرگە بولسۇن» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «بولدى قىلىڭ، نېمانچە چېچىلىپ كېتىسىز» دېگەندە، «سىلى بۇ ئەدەپسىز يەھۇدىيلارنىڭ ھاقارىتىنى ئاڭلىمىدىلىمۇ؟» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئاڭلىدىم، شۇڭا: سىلەرگە شۇنداق بولسۇن، دېدىمغۇ» دەيدۇ.[2]

2 _ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ساھابىلىرىغا ئىنسان چىداپ تۇرالمايدىغان ئېغىر زۇلۇملارنى سالغان، ئۇلارنى ئەڭ ۋەھشىي قىيىن – قىستاقلارغا ئالغان، ھەتتا ئۇلارنى ئۆز يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان، بۇنى ئاز دەپ ئۇلارنىڭ مال – مۈلۈكلىرىنى خالىغانچە تالان – تاراج قىلغان، ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىكى ئۆيىنىمۇ يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تۈزلىۋەتكەن قۇرەيش قەبىلىسى باشچىلىقىدىكى مەككىلىك ئەرەبلەر مەككە فەتھى بولغان كۈنى بىر تەرەپتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى قانداق ئېغىر جازالارغا تارتىدىغانلىقى ۋە قىلغان جىنايەتلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى قانداق ئېچىنىشلىق ئالىدىغانلىقىنى كۈتۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت مېھرى – شەپقىتى، كۆڭلىنىڭ يۇمشاقلىقى، كەچۈرۈمچانلىقى بىلەن ھەممىگە بىردەك تونۇلغان ئۇلۇغ بىر ئادەمنىڭ شەپقىتىگە تەلمۈرۈپ، قاتتىق قورقۇنچ ئىچىدە يەنە ئۈمىدلىرىنى ئۈزمىگەن ھالدا تۇرۇشاتتى. شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا خىتاب قىلىپ: «ئى قۇرەيش جامائەسى! مېنى سىلەرنى قانداق قىلىدۇ دەپ ئويلايسىلەر؟» دەيدۇ. ئۇلار ھەممىسى بىر ئېغىزدىن چىققاندەكلا «ياخشىلىقنى كۈتىمىز. قېرىنداشىمىز ۋە قېرىنداشىمىزنىڭ ئوغلى بولغان زات كەرەملىكتۇر» دېيىشىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مەنمۇ خۇددى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىغا ئېيتقان:

﴿بۈگۈن سىلەر ئەيىبلەشكە ئۇچرىمايسىلەر، ئاللاھ سىلەرنى كەچۈرسۇن، ئاللاھ ئەڭ مەرھەمەتلىك زاتتۇر﴾[3] دېگەن سۆزىنى ئېيتىمەن. تارقىلىڭلار، ئازاتسىلەر!» دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنچە يىل ئۆزىگە ۋە ساھابىلىرىغا چىدىغۇسىز زۇلۇملارنى سالغان دۈشمەنلىرىنى كەچۈرۈۋەتكەنلىكىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى توپ – توپ بولۇپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرىشكە باشلايدۇ. بۇ ۋەقەلىكنى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدىكى نەسر سۈرىسىدە ئىپادىلىگەن: ﴿ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا كىشىلەرنىڭ توپ _ توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە، رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر﴾[4].

3 _ مەككىنىڭ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىدىن توققۇز كىشىنىڭ كاللىسىنى ئېلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە كىرىشتىن ئاۋۋال بۇيرۇق بەرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كەچۈرۈمگە ئېرىشىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ، كېيىنچە مۇسۇلمان بولىدۇ. شۇلارنىڭ ئىچىدىن ھىبار ئىبنى ئەسۋەد دېگەن بىرى بار ئىدى ، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئىسلام دىنىغا شۇنچىلىك قاتتىق ئۆچمەنلىك كۆرسەتكەن ۋە قىلغۇدەكلا گۇناھلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغاننىڭ سىرتىدا، يەنە ھەددىدىن ئېشىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغىنىدا، ئۇنى ئۇرۇپ تاشقا يىقىتىۋەتكەن ۋە قورسىقىدىكى ھامىلىنى

---

① ئەنئام سۈرىسى، 3 _ ئايەت.
② ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.
③ يۇسۇف سۈرىسى، 92 _ ئايەت.
④ نەسر سۈرىسى، 1~3 _ ئايەتلەر.

چۈشۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەچۈرۈمىگە ئېرىشىدۇ ۋە كېيىنچە مۇسۇلمان بولىدۇ.

4 _ ئۇھۇد غازىتى بولغان كۈنى دۈشمەن قوشۇنىنىڭ داڭلىق مەرگەنى ئابدۇللا ئىبنى قەمئە قىلىچى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىنى يارىلاندۇردى ۋە ئىككى چىشىنى چۈشۈرۈۋەتتى. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ساھابىلىرىغا قاتتىق ھار كېلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ يۈزىنى قانغا بويىۋەتكەن قەۋمگە ئاللاھنىڭ غەزىپى تاشتى» دەيدۇ ۋە بىر لەھزە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ: «ئى ئاللاھ قەۋمىمنى كەچۈرگىن، ئۇلارنى ھىدايەت قىلغىن، چۈنكى ئۇلار بىلمەيدۇ»① دەپ مۇناجات قىلىدۇ.

5 _ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەتتىن بۇرۇن مەككىدىكى ۋاقتىدا تائىفنىڭ ئەڭ چوڭ قەبىلىسى سەقىف قەبىلىسىدىكىلەرگە ئىسلام دىنىنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ ھىمايىسىنى سوراش ئۈچۈن تائىفقا بارىدۇ. لېكىن تائىفلىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاش – كېسەكلەر بىلەن ئۇرۇپ قوغلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى مۇبارەك پۇتىدىن ئاققان قىزىل قانلار بۇ زېمىننى شۇ جەۋر – زۇلۇملارغا گۇۋاھ قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدىنىدىن قەلبى بەكرەك يارىلانغا ھالدا تائىفتىن قايتقىنىدا، ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا كېلىپ: «ئى مۇھەممەد! ئەگەر خالىساڭ مەككىدىكى ئەبۇ قەيس ۋە قەئىقئان دېگەن ئىككى تاغنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرىمىز» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلارنىڭ نەسلىدىن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان ياخشى كىشىلەرنىڭ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن»② دېيىش ئارقىلىق جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ.

بۇ نېمە دېگەن ئېسىل كەچۈرۈمچانلىق – ھە! دۇنيادا قايسىبىر كۆڭلى – كۆكسى كەڭ قوماندان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك ئىنتىقام ئېلىشقا تامامەن كۈچى يېتىدىغان تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ باش كۆزىنى قانغا بويىۋەتكەن، يۈرەك باغرى بولغان قىزىنى ئۇرۇپ قورسىقىدىكى بالىسىنى چۈشۈرۈۋەتكەن جىنايەتچىلەرنى كەچۈرۈم قىلىدۇ، دەپ ئويلايسىز ؟!

**ئۇرۇش ئەسناسىدىكى شەپقىتى**

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەر قانداق بىر توقۇنۇشنى ئۇرۇشسىز ھەل قىلىشقا تىرىشاتتى. پەقەت ئۇرۇش قىلىشتىن باشقا چارە قالمىغان ياكى دۈشمەنلەر بېسىپ كەلگەن ۋاقىتتىلا ئۇرۇش قىلىشنى قارار قىلاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم ئۇرۇشقا چىقىشتىن ئاۋۋال مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىگە يول يورۇق بېرىپ: «سىلەرگە تىنچ تەگلىمىگەنلەرنى، ياشانغانلارنى، ئاياللارنى، بالىلارنى ئۆلتۈرمەڭلار! زىرائەتلەرنى نابۇت قىلماڭلار، دۈشمەنلەرنىڭ تەنلىرىنى پارچىلىماڭلار، ئەسىرلەرنى خارلىماڭلار» دەپ جېكىلەيتتى. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمنىڭ مۇنۇ تەۋسىيەسى بىلەن ئەخلاقلانغان زاتتۇر: ﴿سىلەر (جەڭ مەيدانىدا) كاپىرلار بىلەن ئېلىشقان چېغىڭلاردا، ئۇلارنىڭ گەدەنلىرىگە ئۇرۇڭلار، سىلەر ئۇلارنىڭ كۆپىنى قىرىپ (تاشلىغاندىن كېيىن، قالغانلىرىنى) مەھكەم باغلاڭلار (يەنى ئەسىر ئېلىڭلار) ئاندىن ئۇلارنى ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلار، تاكى ئۇرۇش توختىغانغا قەدەر ئىش مۇشۇنداق بولىدۇ﴾.③

بۇ ئايەتتە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرى دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش مەيدانىدا يۈزمۇ – يۈز ئۇچراشقان چاغدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا، دۈشمەنىنىڭ كۈچى ئاجىزلاشقان ھامان ئۆلتۈرۈشنى توختىتىپ، ئۇلارنى ئەسىر ئېلىپ، ئاندىن ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارنى قويۇپ بېرىشكە تەۋسىيە قىلىنىغان.

كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئۇرۇش قائىدە – پىرىنسىپلىرى ئۆزلۈكسىز تەكىتلىنىۋاتقان ھازىرقى تەرەققىي قىلغان دەۋردىمۇ قايسىبىر ئۇرۇشتا ئىنسانىي ئەخلاق قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىنغانلىقىنى بىلىسىز؟ ئۆزلىرىنى دېموكراتىيەنىڭ ھامىيسى دەپ ئاتىۋالغان ئامېرىكىلىقلار ئافغانىستان بىلەن ئىراقتا نېمىلەرنى قىلمىدى؟ ئىراقنىڭ ئەبۇ غۇرەيب تۈرمىسىدىكى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيلىكلەرچۇ؟ ئەمما «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەسىرلەر بارىسىدىكى تەۋسىيەسى مۇنداق: ﴿ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە، تاكى ئۇ ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلاپ (چۈشەنگەنگە) قەدەر ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن، ئاندىن (ئىمان ئېيتمىسا)، ئۇنى ئامانلىق ئىچىدە بولىدىغان بىر يەرگە يەتكۈزۈپ قويغىن﴾④.

تەۋراتنىڭ ھازىرقى زامان يەھۇدىيلىرى ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان نۇسخىسىدىكى: «سىلەر بىرەر شەھەرگە بېسىپ كىرگىنىڭلاردا، شەھەردىكى ئەر – ئايال ھەممە كىشىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈڭلار، مال – مۈلكىنى غەنىيمەت قىلىپ ئېلىڭلار، چۈنكى بۇلار سىلەرنىڭدۇر» دېگەن تېكىستنى ئاڭلىغىنىمىزدا، بۇ ئەكسىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرغان قوماندانلارنىڭ ئىنسان ۋە جىمى جانلىقلارغا بولغان مېھىر _ شەپقىتىنى كۆرگىنىمىزدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلغان قوماندانلاردىن سالاھىددىن ئەييۇبىينىڭ ئەھلىسەلىپ ئارمىيەسىنىڭ مۇسۇلمان ئەسىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەڭ ۋەھشىي شەكىلدە قەتلى قىلغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يېنىدىكى خىرىستىيان ئەسىرلىرىگە خۇددى مېھرىبان ئاتىدەك شەپقەت كۆرسىتىپ،

① ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
② تەبەرانىي رىۋايىتى.
③ مۇھەممەد سۈرىسى، 4 _ ئايەت.
④ تەۋبە سۈرىسى، 6 _ ئايەت.

ياربدارلىرىنى داۋالاتقۇزۇپ، كېسەللىرىنى ساقايتىپ، ئۆز يۇرتلىرىغا تىنچ – ئامان يولغا سېلىپ قويغانلىقىنى _ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەس، خىرىستىيانلارنىڭ ئىشلىگەن قىلمىشلىرىدىن كۆرۈپ _ بىلگىنىمىزدە، قۇرئان كەرىم پىرىنسىپىنىڭ نەقەدەر ئۈلگىلىك ۋە ئېسىل پىرىنسىپلار ئىكەنلىكىنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمان ۋە مۇسۇلمان ئەمەس ھەر قانداق بىر ئىنسان ئۈچۈن قانچىلىك مېھرى – شەپقەتلىك زات ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ياخشى تونۇپ يېتەلەيمىز.

## ھايۋانلارغا شەپقىتى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەپقىتى ئىنسانلارغىلا ئەمەس، بەلكى ھايۋانلارغىمۇ ئورتاق ئىدى. نان، سۇ بەرمەستىن باغلاپ قويغانلىقى تۈپەيلى ئۆلۈپ قالغان بىر مۈشۈك سەۋەبلىك بىر ئايالنىڭ دوزىخى بولۇپ كەتكەنلىكىنى، بىر بۇزۇق ئايالنىڭ ئۇسسۇزلۇقتىن تىلىنى چىقىرىپ تەلمۈرۈپ تۇرغان بىر ئىتنى ئۆتۈكىنى سېلىپ، قۇدۇقتىن سۇ ئېلىپ سۇغۇرغانلىقىنى ئۈچۈن جەننەتتى بولۇپ كەتكەنلىكىنى مۇسۇلمانلارغا سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارغا بارلىق جانلىققا رەھىم – شەپقەت قىلىشنى ئۆگەتكەن زات مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەمەسمۇ؟!

بىر ھايۋاننىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغانلىق تۈپەيلى بىر ئايالنىڭ دوزاخقا، يەنە بىر ھايۋاننىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىق سەۋەبىدىن بىر پاھىشە ئايالنىڭ جەننەتكە لايىق بولغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئادىدىيغىنا قىسسە چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولۇپ، بىزگە شەپقەتنىڭ ئاللاھ تائالا دەرگاھىدا قانچىلىك كاتتا ئورنى بار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تەبىئىيكى، بۇ قىسسىدىن بىرەر ھايۋاننى قۇتقۇزۇپ قويغان ئادەم جەننەتكە، بىرەر ھايۋاننى ئۆلتۈرگەن ئادەم دوزاخقا كىرىدۇ، دەيدىغان قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇش مەقسەت قىلىنغان ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنىنىڭ ھەر قانداق جانلىقنىڭ ھاياتىنى نەقەدەر مۇقەددەس بىلىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ شەپقىتىنىڭ ھەممىگە ئورتاق ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا شەپقەتنىڭ بۇ دىنىنىڭ ۋە بۇ دىنىنى ئېلىپ كەلگەن زات مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئاساسلىق پىرىنسىپلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى جاكارلاشنى مەقسەت قىلىدۇ.

1. ئىمام مۇسلىم ھەدىس توپلىمىدا قەيت قىلغان بىر سەھىھ ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ھەممە نەرسىگە رەھمەتنى پۈتۈۋەتكەن. مال بوغۇزلىغاندا، مالنى قىيناپ قويماستىن بوغۇزلاڭلار».①

2. يەنە بىر سەھىھ ھەدىستە، بىر ئادەمنىڭ پىچاقنى قوينىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ بىلىگەنلىكىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا: «ھەي! پىچاقنى بۇرۇنراق بىلىۋالساڭ بولماسمىدى؟ ئۇنى ئىككى قېتىم ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن؟!» دەپ قاتتىق تەلەپپۇزدا كايىغان②.

3 _ يەنە بىر سەھىھ ھەدىستە: «كىشىلەرگە رەھىم – شەپقەت قىلمىغانلارغا ئاللاھ رەھىم قىلمايدۇ»③ دېگەن.

4 _ يەنە بىر ھەدىستە: «يەر يۈزىدىكىلەرگە رەھىم _ شەپقەت قىلىڭلار، ئاسماندىكى زات _ ئاللاھ سىلەرگە رەھىم _ شەپقەت قىلىدۇ»④ دېگەن.

نېمە ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈنلا رەھمەت دېمەستىن، پۈتۈن ئالەملەر ئۈچۈن رەھمەت دەيمىز؟ چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن نۇرلۇق شەرىئەت سايىسىدا، ئاللاھ تائالانىڭ سانسىز شەپقىتىدىن پۈتۈن ئىنسانىيەت ۋە بارلىق جان ئىگىلىرى ئۆز نېسىۋىلىرىنى ئالىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئاسانلىق ۋە كەڭچىلىكنى ئاساسىي پىرىنسىپ قىلغان نۇرلۇق شەرىئىتى سايىسىدا كىشىلەر بۇ دىنغا ئاسانلا كىرىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىككى ئالەملىك بەخت – سائادەتلىرىنى تاپىدۇ. مۇسۇلمان بولمىغانلارمۇ ئىسلام قانۇنى سايىسىدا، ھەتتا ئۇرۇش مەيدانلىرىدىمۇ مېھرى – شەپقەتتىن بەھرىمەن بولالايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا ياشايدىغان مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەرمۇ ئىسلام قانۇنىنىڭ ئادالىتى ۋە رەھىم – شەپقىتىدىن نېسىۋىلىرىنى ئالالايدۇ. ئىنسانلاردىن باشقا جانلىقلارمۇ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ شەپقىتىدىن ئۆز نېسىۋىلىرىنى ئالىدۇ. شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن ئالەملەرگە رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر دەيمىز!

## كاپىرلارنىڭ گۇۋاھلىقى

ئەمدى غەربلىك، مۇسۇلمان ئەمەس يازغۇچىلارنىڭ بەزى ھەقىقانىي سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باقايلى:

1 _ ۋول دېيۇرانت «ئىسلام توغرىلىق دېيىلگەنلەر»ناملىق ئەسىرىنىڭ 111 _ بېتىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئۇلۇغ بىر كىشىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلماقچى بولساق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تارىختىكى ئىنسانىي ئۇلۇغلۇقنىڭ بىردىنبىر سىمۋولى دېسەك ئەڭ توغرا ئېيتقان بولىمىز. چۈنكى ئۇ ئىسسىق سەھرالاردا ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدە ھايات كەچۈرۈۋاتقان قالاق بىر خەلقنى ئەخلاقىي ۋە روھىي ئۈستۈنلۈككە كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ، شۇ بويىچە ئىش كۆرۈپ غەلىبە قىلىش بىلەن تارىختا قەيت قىلىنغان بىر ئۇلۇغ نامايەندىدۇر. ئۇ ئىنسانلارنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشقا غەرەزنى مەقسەت قىلغان ئەمەس».

---

① ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
② ھاكىم رىۋايىتى.
③ ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
④ ئىمام تىرمىزى ۋە ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

2 _ كلود كاهىن «ئىسلام» ناملىق ئەسىرىنىڭ 126 _ بېتىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تەرەپسىز تارىخچىغا ئايان بولىدۇكى، ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەخلاقىي ۋە پىكرىي جەھەتتىن تەڭلا كۆتۈرۈلگەن، ئەڭ ئۈلگىلىك شەخسلەرنىڭ ئالدىنقىسى بولۇپ تاللىنىشقا ئەرزىيدۇ».

3 _ مېكىر هارت «ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى يۈز مەشھۇر كىشى» ناملىق ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىگە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەن مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)نى دۇنيادىكى تەسىرى ئەڭ زور شەخسلەر تىزىملىكىنىڭ ئەڭ بېشىغا قويۇشنى تاللىدىم. بۇنىڭغا بەزى كىتابخانلار ھەيران قېلىشى ۋە بەزىلەر بۇنى چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن. بىراق ئۇ ھەقىقەتەن تارىختىكى دىن ۋە ھاكىمىيەت جەھەتتە تەڭلا ئاجايىپ نەتىجە ياراتقان بىردىنبىر ئۇلۇغ شەخستۇر».

4 _ ئانى بىسنتو «مۇھەممەدنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئۇنىڭ دىنىي تەلىماتلىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 4 _ بېتىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەرەب مىللىتىنىڭ بۇ ئۇلۇغ پەيغەمبىرىنىڭ تەرجىمىھالىنى ۋە ئەخلاق _ پەزىلىتىنى تەتقىق قىلغان ھەر قانداق كىشى بۇ ئالىيجاناب پەيغەمبەرگە ھۆرمەت قىلماي تۇرالمايدۇ. بۇ پەيغەمبەرنىڭ دىن تەشۋىقاتى ۋە تۇرمۇش جەريانىنى چۈشەنگەن كىشى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن بىر ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئىكەن، دەپ تونۇشى مۇمكىن. گەرچە مەن سىزگە ئېيتقان كۆپ ئىشلار نۇرغۇن كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولسىمۇ، لېكىن مەن ھەر قېتىم ئۇنىڭ تارىخىنى قايتىلاپ ئوقۇغىنىمدا، بۇ ئالىيجاناب ئەرەب يولباشچىسىغا نىسبەتەن مېنىڭدە قايتىدىن ئەقىدە باغلاش ۋە ھۆرمەت بىلدۈرۈش ھېسسىياتى قوزغىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمەن».

دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمان قەۋملەر تەرىپىدىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق ئىش – ئىزلىرى خاتىرىلىنىۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە، بۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەرنىڭ شەنىگە داغ تەككۈزمەكچى بولغان بىر قىسىم ئىنسانىيەت دۈشمەنلىرىنىڭ ئەخلاقسىزلارچە قىلمىشىغا رەددىيە بېرىشنى ئۆزۈمنىڭ مۇسۇلمانلىق بۇرچۇم دەپ بىلىمەن.

دانىيەنىڭ «جىيلاندز پوستىن» گېزىتى 2005 _ يىلى 30 – سېنتەبىر ساندا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغ شەنىگە نۇمۇسسىزلارچە تىل ئۇزىتىپ، ئۇنى 12 پارچە ھەجۋىي رەسىمدە سىزىش ئارقىلىق، مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەت ئالدىدا كەچۈرۈلمەس جىنايەت ئۆتكۈزگەنىدى. مەزكۇر 12 پارچە ھەجۋىي رەسىمنىڭ بىرىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بېشىغا ئورالغان بومبىغا ئوخشىتىلغان سەللا كىيگەن ھالدا تەسۋىرلىگەن. رەسىمنىڭ سىياقىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گوياكى بىر ئۇرۇش جىنايەتچىسىگە ياكى تېررورچىغا ئوخشىتىلغان. ئىسلام ئەللىرى، خۇسۇسەن سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى گېزىت تەھرىراتىنىڭ بۇ كەچۈرۈلمەس جىنايىتىگە قارشى قاتتىق غەزەپلەنگەن ۋە بۇ جىنايەتكە نارازىلىق بىلدۈرۈپ دانىيە ھۆكۈمىتىگە مۇراجىئەت قىلغان بولسىمۇ، دانىيە ھۆكۈمىتى «پىكىر ئەركىنلىكى»نى باھانە قىلىپ دەسلەپتە بۇ مۇراجىئەتكە ئىنكاس قايتۇرمىغان. بۇنىڭغا ئاساسەن سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى دانىيە بىلەن دىپلوماتىيە ئالاقىسىنى ئۈزۈش ئۈچۈن دانىيە پايتەختى كوپېنھاگېندىكى باش ئەلچىسى مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ھۇجەيلاننى قايتۇرۇپ كەلگەنىدى. بۇ ئەھۋالدىن دانىيە ھۆكۈمىتى خېلى چۆچۈگەن بولسىمۇ، دانىيەنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانغا مەھسۇلات ساتىدىغان شىركەتلىرى بىلەن دانىيە دۆلەت مەسئۇللىرى دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ زىيانغا ئۇچراش ئەھۋاللىرىدىن خەلقنىڭ ساراسىمىگە چۈشمەسلىكى ئۈچۈن ۋەزىيەتنى سىلىقلاشتۇرۇپ كۆرستىشكە تىرىشىپ مۇنداق دەپ باياناتت ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ: «سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلىتىمىزدىكى باش ئەلچىسىنى قايتۇرۇپ كەتكەنلىكى بىزنى چۆچۈتتى. بىراق بۇ سەئۇدى ئەرەبىستان – دانىيە ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە ئالاقىسىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ».
چۈنكى دانىيەنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستان بىلەن بولغان دىپلوماتىيە ئالاقىسى ئۈزۈلىدىغان بولسا، دانىيەنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانغا چىقىرىدىغان مەھسۇلاتلىرى توختاش سەۋەبلىك نەچچە مىليارد دوللار زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى . مەلۇمكى سەئۇدى ئەرەبىستاندا سېتىلىدىغان سۈت بىلەن ياسىلىدىغان يېمەك ۋە ئىچمەكلەرنىڭ 50%تىن كۆپرەكى دانىيەدىن كېلىدۇ. دانىيەنىڭ « Arla foods» يېمەك – ئىچمەك شىركىتى ياۋروپادىكى ئىككىنچى چوڭ شىركەت بولۇپ، شىركەتنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانغا چىقىرىدىغان يىللىق مەھسۇلات كۆلىمى 268 مىليون ياۋرو قىممىتىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا سەئۇدى ئەرەبىستان دۆلەت مۇفتىسى شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللا دانىيە ھۆكۈمىتىگە جىنايەتچىلەرنى جازالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ مەخسۇس باياناتت ئېلان قىلغانىدى. لېكىن دانىيە ھۆكۈمىتى يەنىلا ئۆزىنىڭ «پىكىر ئەركىنلىكى» باھانىسى بىلەن خىرىستىيان رادىكاللارنى قوللاشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. بۇ ھەقتە دانىيەنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى «ھەجۋىي رەسىم مەسىلىسى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ھېچبىر ئالاقىسى يوق» دەپ باياناتت ئېلان قىلغان ئىدى.

دۇنيادا ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ چەك –چېگراسى بولغىنىدەك، دېموكراتىيە ۋە پىكىر ئەركىنلىكىنىڭمۇ ئەلۋەتتە چەك – چېگراسى باردۇر. پىكىر ئەركىنلىكى باھانىسى بىلەن بىر مىليارد 400 مىليون مۇسۇلمان خەلقنىڭ غۇرۇرىغا تېگىش ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشنى راۋا كۆرىدىغانلار قانداق دېموكراتىيە ۋە قانداق پىكىر ئەركىنلىكى تەشەببۇسچىلىرىدۇ؟ دېموكراتىيە ۋە پىكىر ئەركىنلىكى باشقىلارغا زىيان – زەخمەت يەتكۈزمەسلىك ۋە ئازار بەرمەسلىك شەرتى بىلەنلا ھەركىمنىڭ ئۆز ئەركىنلىكى سانىلىدۇ. بۇنىڭدىن چەتنىگۈچىلەر ھەددىدىن ئاشقانلىقى سەۋەبلىك جازاغا لايىق بولغۇچىلاردۇر. بۇلارنىڭ سادىر قىلغان بۇ كەچۈرۈلمەس جىنايىتى پىكىر ئەركىنلىكى ئەمەس، بەلكى ھاقارەت، دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. مەن پىكىر ئەركىنلىكىنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ سىزنى ھاقارەتلىسەم، ئابرۇيىڭىزنى چۈشۈرۈشكە ۋە سىزنى كىشىلەرگە سەت كۆرسىتىشكە ئورۇنۇپ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزگە ئازار بەرسەم،

سىز بۇنى ھەركىمنىڭ پىكىر ئەركىنلىكى دەپ قوبۇل قىلىپ جىم تۇرامسىز ياكى ماڭا بولغان نارازىلىقىڭىزنى ئىپادىلەمسىز؟ ئەلۋەتتە ئىككىنچى يولنى تاللايسىز! ھەتتا مەھكىمىلەرگىچە بارىسىز. چۈنكى سىز بۇنداق قىلىشقا تامامەن يوللۇق. دېموكراتىيە ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك قائىدىسى بويىچە، مېنىڭ سىز توغرىلىق ئېيتقانلىرىم يالغان بولسا، سوت مەھكىمىسى مېنى سىزگە تۆھمەت قىلغان جىنايىتىم بىلەن ئەيىبلەپ جازالايدۇ. ئەگەر مېنىڭ ئېيتقانلىرىم راست بولۇپ سىزدە بار كەمچىلىكلەر ۋە ئەيىبلەرنى سۆزلىگەن بولسام سوت مەھكىمىسى يەنە مېنى كىشىلەرگە ئازار بەرگەن ۋە ھۆرمەت، ئابرۇيىنى تۆككەن دېگەن جىنايىتىم بىلەن مېنى جازالايدۇ ئەمەسمۇ؟

بۇ ئىككى گېزىت ئىگىلىرىنىڭ سادىر قىلغان قىلمىشى ئەلۋەتتە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارشى قىلىنغان جىنايەت ۋە چوڭ يولسىزلىقتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، بۇ رەزىل تۆھمەتخورلارنىڭ جازاسى ئەلۋەتتە ئېغىر بولۇشى تەقەززا قىلىنىدۇ.

ۋەقەلىك مۇنداق بولغان ئىدى، دانىيەدىكى باللار كىتابچىسىنىڭ ئاپتورى كىتابىنىڭ مۇقاۋىسىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەجۋىي رەسىمىنى سىزدۇرۇش ئۈچۈن رەسسامنى تەكلىپ قىلغىنىدا، رەسسام مۇنداق قىلىشنى رەت قىلىدۇ. شۇندىن كېيىن ئاپتور پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەجۋىي رەسىمىنى سىزىش مۇسابىقىسى ئېلان قىلىدۇ. نەتىجىدە 12 نەپەر رەسسام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تەسۋىرلىگەن 12 پارچە ھەجۋىي رەسىمنى تەييارلايدۇ. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن خىرىستىيان رادىكال گۇرۇھىنىڭ نەشىر ئەپكارى بولغان «جىيلاندز پوستىن» گېزىتى بۇ ھەجۋىي رەسىملەرنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق دانىيەدىكى 200 مىڭدىن كۆپرەك مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە دۇنيادىكى بىر مىليارد 400 مىڭ مۇسۇلمان خەلقىنىڭ قەلبىنى جاراھەتلەيدۇ. ئىسلام دىنى دانىيەدە ئىككىنچى چوڭ دىن بولۇپ، دۆلەت دىنى بولسا خىرىستىيان دىنىنىڭ پروتىستانتىيە مەزھىبىدۇر. دانىيەدىكى مۇسۇلمانلار بۇ ئېلان قىلىنغان ھەجۋىي رەسىملەرگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ، بۇ رەسىملەرنى نەشر قىلىش ئىشىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىپ، دانىيە ھۆكۈمىتىگە ئەرز سۇنغان بولسىمۇ، دانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ جاۋابى مۇسۇلمانلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىش ۋە «پىكىر ئەركىنلىكى» باھانىسى بىلەن رادىكال گۇرۇھىنىڭ بۇ دۈشمەنلىك ھەرىكىتىنى شەرتسىز قوللاش بولىدى. دانىيە ئالىي سوت مەھكىمىسى ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاسىتە قوللىشى ئارقىسىدا، مۇسۇلمانلارنىڭ سۇنغان ئەرزىگە «دىنلارنىڭ ھۆرمىتىنى تۆككۈچىلەرگە خاس جازا قانۇنىمىز، گېزىت، ژۇرناللارنىڭ زىتىغا قوللىنىلمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

دانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان دۈشمەنلىكى دانىيە جەمئىيىتىنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىدە ئۆزىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە. بۇندىن بۇرۇن دانىيە دۆلىتىنىڭ ئايال پادىشاھى مارگېرت II مەلۇم بىر باياناتىدا: «ئىسلام دىنى دۇنيادا ئەڭ چوڭ تەھدىت ھېسابلانماقتا» دېگەن ۋە دانىيەدىكى مۇسۇلمان ئاز سانلىقلىرىغا كەڭچىلىك قىلماسلىق توغرىلىق مەخسۇس پەرمان چۈشۈرگەنىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ دانىيە رادىكال خىرىستىيانلىرى ئىنتېرنېت تورلىرى ئارقىلىق بارچە مۇئەسسەسەلەرنى ۋە شەخسلەرنى «مۇسۇلمان شوپۇرلاردىن ھەزەر قىلىڭلار، چۈنكى ئۇلار تېررورىستلار ۋە قاتىللاردۇر» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشلارنى تارقاتقان.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىنساني مۇقەددەساتلارنى ھىمايە قىلىش ۋە دىنىي جەھەتتىكى ئوخشاشماسلىق تۈپەيلى تەبىقە ئايرىشنى ۋە ھەر تۈلۈك مۇتەئەسسىپلىكنى چەكلەش كومىتېتىنىڭ 1981 _ يىلى ماقۇللىغان قارارى بويىچە ئېيتقاندىمۇ، مەزكۇر ئىككى گېزىتنىڭ بۇ كەچۈرۈلمەس جىنايىتىگە قارىتا جازا قوللىنىش تەقەززا قىلىنىدۇ. ئامېرىكا ۋە ياۋروپالىقلارنىڭ «پىكىر ئەركىنلىكى» دېگەنلىرىمۇ يالغان. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئىدى ، بۇندىن بىر قانچە يىل ئىلگىرى تۈركىيەنىڭ سابىق باش مىنىستىرى بۈلەنت ئەجەۋىتنىڭ ئىسرائىلىيەنى «فاشىستلار» دەپ ئەيىبلىگىنىگە نېمە ئۈچۈن ئامېرىكا ۋە ياۋروپالىقلار قوزغىلىپ كەتتى ۋە ئەجەۋىتنى سۆزىدىن يېنىۋېلىشقا قىستىدى؟ بۇندىن بىر قانچە ئاي بۇرۇن ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى نىجادنىڭ «ئىسرائىلىيەنى خەرىتىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاش كېرەك» دېگەن بىر ئېغىز سۆزى نېمە ئۈچۈن دۇنيانى ساراسىمىگە سالدى؟ ئامېرىكا ۋە غەرب ئەللىرى ئەجەۋىت بىلەن نىجادنى پەلەستىن خەلقىنىڭ بەختىگە ئولتۇرۇۋالغان بىر ئۇچۇم ئىستىبلاچى يەھۇدىيلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەردى، دەپ شۇنچە رەنجىپ كەتكەنىدى. ھازىر دانىيەلىكلەر پىكىر ئەركىنلىكى باھانىسى بىلەن دۇنيادىكى بىر مىليارد 400 مىڭدىن كۆپرەك مۇسۇلمان خەلقىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىۋىدى، بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈياقتا تۇرسۇن، دانىيەلىكلەرنىڭ تەرىپىنى ئالدى.

بۇ جىنايەت دانىيەدىلا توختاپ قالمىدى. بۇ قېتىم ئىسلام ئۈممىتىنىڭ شانلىق قۇربان ھېيتى ھارپىسىدا، نورۋېگىيەنىڭ «ماگازىنات» گېزىتى دانىيەنىڭ «جىيلاندز پوستىن» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان مەزكۇر ھەجۋىي رەسىملەرنى قايتا ئېلان قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنىڭ غەزىپىنى يەنە بىر قېتىم ئاشۇردى. ئەرەب ۋە ئىسلام دۆلەتلىرى بۇ قەبىھ ئەدەپسىزلىككە قارشى قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى. ئىسلام ئەللىرىدە دانىيە ۋە نورۋېگىيەنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالماسلىق ۋە ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى بازاردىن چەكلەش دولقۇنى ئەۋج ئالدى. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ پۈتۈن شەھەر، ۋىلايەت ھەتتا يېزا – قىشلاقلىرىغىچە پۈتۈن مۇسۇلمانلار بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشتىن ۋاز كەچتى. بارلىق ماگىزىنلاردا «دانىيە ۋە نورۋېگىيەنىڭ مەھسۇلاتلىرى سېتىلمايدۇ» دېگەن ئېلانلار چاپلاندى. ئىيوردانىيە، لىۋىيە ۋە باشقا ئىسلام ئەللىرى دانىيەدىكى باش ئەلچىلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىش ئارقىلىق ئالاقە ئۈزۈشنى باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن دانىيەدىكى «Arla foods» شىركىتى بايانات ئېلان قىلىپ: «ئەگەر ھۆكۈمەت ھەجۋىي رەسىم كىرىزىسى توغرىلىق ئىسلام ئەللىرىدىن رەسمىي شەكىلدە كەچۈرۈم سورىمىسا بىزنىڭ ئەڭ ئاساسلىق چۆپقەتلىرىمىز مەھسۇلاتلىرىمىزنى ئالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، بىزگە تەھدىت سالماقتا» دەپ جاكارلاشقا مەجبۇر بولىدى. دانىيە دىپلوماتىيە

مىنىستىرى موللىيىر ياۋروپا ئىتتىپاقىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ دانىيە مەھسۇلاتلىرىنى بازاردىن چەكلەش دولقۇنىغا بىر نەرسە دېيىش ھەققىدە ياردەم سوراشقا مەجبۇر بولدى. ھەجۋىي رەسىملەرنى تارقاتقان مەزكۇر ئىككى گېزىت تەھرىراتى رەسمىي تۈردە مۇسۇلمانلاردىن كەچۈرۈم سورىدى ۋە بۇندىن كېيىن بۇنداق ئەدەپسىزلىكنىڭ يۈز بەرمەيدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىشتى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ نورۋېگىيە ھۆكۈمىتى ئىسلام ئەللىرىدىكى بارلىق باش ئەلچىلىرىگە بىر تۈتاش بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، نورۋېگىيە ھۆكۈمىتى نامىدىن پۈتۈن مۇسۇلمانلاردىن كەچۈرۈم سوراشنى تاپشۇردى. دانىيە ھۆكۈمىتى كەچۈرۈم سورىماسلىقنى داۋاملاشتۇرغانسېرى ئىقتىسادىي زىيان ھەسسىلەپ ئېشىپ باردى. دانىيە ھۆكۈمىتى ئاخىرى دانىيەدىكى چوڭ شىركەتلەرنىڭ بېسىمى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى باش ئەلچىسىنىڭ تىلى ئارقىلىق سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى ۋە بارلىق مۇسۇلمانلاردىن رەسمىي تۈردە كەچۈرۈم سورىدى.

**مۇسۇلمانلارنىڭ دانىيە ھۆكۈمىتىدىن تەلەپ قىلغانلىرى:**

1. دانىيە ھۆكۈمىتى رەسمىي تۈردە پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدىن كەچۈرۈم سورىسۇن.

2. بۇندىن كېيىن دۆلىتىدە بۇنداق جىنايەتنىڭ سادىر بولماسلىقىغا ۋەدە بەرسۇن.

3. ھەجۋىي رەسىملەرنى ئېلان قىلغان گېزىت مەسئۇللىرى بىلەن باشقا بارلىق جىنايەتچىلەر جازالانسۇن.

4. جازالانغۇچىلارنىڭ جازاسى پۈتۈن دۇنياغا ئېلان قىلىنسۇن.

5. گېزىت تەھرىراتىمۇ بۇندىن كېيىن بۇ شەكىلدىكى جىنايەتنى قايتا سادىر قىلمايدىغانلىقىغا ۋەدە بەرسۇن.

مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ تەلەپلىرى بىر –بىرلەپ ئورۇندىلىپ كەلمەكتە. كېيىنكى كۈنلەردە مەزكۇر گېزىت مۇھەررىرلىرىنىڭ ئۇچرىغان جازاسىنى ئاڭلىشىمىزدا شەك يوق. چۈنكى غەرب دۇنياسى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ھەيۋىسىنى دەسلەپ كۆزگە ئىلمىغان بولسىمۇ، ئارقا – ئارقىلاپ ئىقتىسادىي بوھرانلارغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، مەجبۇرىي ھالدا مۇسۇلمانلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنداشقا ئۆتتى. مەلۇمكى، ياۋروپا ئەللىرى ئىقتىسادتىن باشقىنى مۇقەددەس بىلمەيدۇ. ئۇلار ئىقتىساد ۋە بۇ دۇنيالىق مەنپەئەتلەر ئۈچۈنلا ياشايدۇ. بەخت – سائادەتنى پۇل – مالدىنلا ئىپپىشقا تىرىشىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي بوھرانغا ئۇچرىغانلىقى ئۇلارغا قىيامەتنى ئەسلەتمەكتە. ھەتتا دانىيەنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى باش ئەلچىسى «دۆلىتىمىز قورقۇنچلۇق بىر ئىقتىسادىي كرىزىسنى باشتىن كەچۈرمەكتە. بىز دانىيەدىكى مۇسۇلمانلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمان قەۋملەرنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاشنى ئۆگەنگەن بولدۇق» دېيىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ دانىيە مەھسۇلاتلىرىنى ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى بازارلاردىن چەكلىگەنلىكنىڭ نەتىجىسى ئىدى . بۇ ئىش بارچە ئىسلام دۈشمەنلىرى ئۈچۈن ئۇنتۇلماس ئاچچىق ساۋاق بولدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ قەدىر _ قىممىتىنىڭ يۈكسەك ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم تونۇۋالدى.

بۇ تۇنجى جىنايەت ئەمەس. بۇندىن بۇرۇنمۇ ئامېرىكىنىڭ رادىكال خرىستىيان چېركاۋلىرى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى خەلقنىڭ كۆزىگە گوياكى بىر تېررورىست كەبى كۆرسىتىپ كەلگەنىدى. مەلۇمكى خرىستىيان چېركاۋلىرىنىڭ بۇنداق ئېغىر جىنايەتنى ئۆتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلىشى ئامېرىكا سىياسىتىنىڭ ھىمايىسى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا ئەمەلگە ئاشماقتا. ئۇلارنىڭ بۇنداق جىنايەتنى ئۆتكۈزۈشكە تۈرتكە بولغان نەرسە مۇسۇلمانلارغا قارشى دىنىي ئاداۋەتلا ئەمەس، بەلكى سىياسىي غەرەزدۇر. بۇنىڭغا مىسال ناھايىتى كۆپ. قىسقىسى، دۇنيانىڭ ھەر تەرەپلىرىدە خرىستىيان دىنىنى تەشۋىق قىلىدىغان دەۋەتچىلەر بىلەن بارلىق چېركاۋلار ئامېرىكىنىڭ سىياسىتىگە بىۋاستە خىزمەت قىلماقتا. چۈنكى ئۇلارنى ماددىي جەھەتتىن قوللاپ تۇرغان دۆلەت ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىدۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇنىڭدىن 14 ئەسىر بۇرۇنلا ھەرقايسى دەۋرلەردىكى يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنىڭ ئىسلام دىنىغا تۇتىدىغان دۈشمەنلىك مەۋقەسىنى ئاشكارىلىغانىدى: ﴿سەن يەھۇدىيلار ۋە خرىستىيانلارنىڭ دىنىغا كىرمىگۈچە ئۇلار سەندىن ھەرگىز رازى بولمايدۇ﴾[1].

ئۇلارنىڭ پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ھۆرمەت قىلىشنى ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتمىغىچە مۇسۇلمان بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئۆگەتكەن، ئىنسانىيەت ئۈچۈن رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلگەن بۇ مەسۇم پەيغەمبەرگە دۈشمەنلىك كۆرسىتىشى ھەقىقەتەن كەچۈرۈلمەس جىنايەت ۋە چوڭ قاباھەتتۇر. قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى (ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتمايمىز، دەپ) ئايرىۋەتمەيمىز﴾[2] دېگەن ئۇلۇغ ئۇلۇغۋار پرىنسىپنى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزگەن ۋە شۇنداق قىلىشنى ئۆگەتكەن زات مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەمەسمۇ؟!

يەنە كېلىپ، يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئەڭ قەبىھ سۈپەتلەر بىلەن ئەيىبلەپ ئىنكار قىلغان بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەتكە قۇرئان كەرىمنىڭ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەر ئېيتتى: «ئى مەريەم! ئاللاھ ساڭا ئۆزىنىڭ كەلىمىسى(دىن تۆرەلگەن بىر بوۋاق) بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇكى، ئۇنىڭ ئىسمى مەسىھ مەريەم ئوغلى ئىيسادۇر، ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئابرۇيلۇق ۋە ئاللاھقا

---

① بەقەرە سۈرىسى، 120 _ ئايەت.
② بەقەرە سۈرىسى، 285 _ ئايەت.

يېقىنلاردىن بولىدۇ﴾[1] دېگەن ئايىتىنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاقلىغان زات ئەمەسمۇ؟!

يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ھەزرىتى مەريەمنى بۇزۇق ئايال، دەپ تۆھمەت قىلغان بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە قۇرئان كەرىمنىڭ: ﴿(ئاللاھ يەنە) ئىمراننىڭ ئۆزىنى پاك ساقلىغان قىزى مەريەمنى(مىسال قىلىپ كۆرسەتتى). ئۇنىڭغا بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىن بىر روھنى كىرگۈزدۇق (شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىيساغا ھامىلىدار بولدى)، ئۇ رەببىنىڭ سۆزلىرىگە ۋە كىتابلىرىگە ئىشەندى ھەمدە (رەببىگە) ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن بولدى ﴾[2] دېگەن ئايىتىنى يەتكۈزگەن زاتتۇر.

قۇرئان كەرىمنىڭ: ﴿كىمكى بىراۋنى ناھەق ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاشتۇر﴾[3] دېگەن ئايىتىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۇرۇشتا سىلەرگە يامانلىق قىلغانلاردىن باشقىلارغا تەگمەڭلار، ياشانغانلارنى، ئاياللارنى ۋە بالىلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، زىرائەتلەرنى نابۇت قىلماڭلار، كىشىلەرگە ھەقسىزلىق قىلماڭلار» دېگەن پىرىنسىپىنى دۇنيادا ھېچقانداق قانۇن – تۈزۈم ياكى خەلقئارالىق ئەھدە–شەرتنامىلەر بولمىغان بىر زامانلاردا يەنى بۇندىن 14 ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت بۇرۇن ئىنسانىيەتكە تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ئادالەت، شەپقەت ۋە رەھىمدىللىكتە رېكورت ياراتقان، ھەتتا «ناھەق قان ئېقىتىشنىڭ گۇناھى كەئبىنى يىقىتقاندىنمۇ ئېغىردۇر» دېگەن ھەدىسنى سۆزلىگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇلۇغ شەنىگە ئۇنى تېررورىست كەبى تەسۋىرلەر بىلەن تىل ئۇزارتىش قايسى ئەقىل ۋە قايسى مەنتىقىغە توغرا كەلسۇن! ئەمەلىيەتتە تېررورىستلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكى ھەممىگە ئېنىق ئايان بولماقتا. ئافغانىستان بىلەن ئىراقتا بىگۇناھ بالىلار، ئاياللار ۋە باشقا پۇقرالارنىڭ ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى تەرىپىدىن كۆنسېرى بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلۈۋاتقانلىقى، شۇنداقلا پەلەستىندىكى قەتلىئاملار دۇنيادا يالغاندىن دېموكراتىيە دەۋاسى قىلىۋاتقان ئامېرىكا تېررورىزمىنىڭ مەھسۇلى ئەمەسمۇ؟!

ئىسلام ئارمىيەسىنىڭ قايسىبىر زامان ۋە قايسىبىر يەردە ئۆزلىرىگە ئۇرۇش ئاچقانلاردىن باشقىلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچقانلىقى، قايسىبىر زامان تېررورلۇق قىلغانلىقى ۋە قاچان كىشىلەرنى قەتلىئام قىلغانلىقى مەلۇم؟ بۇنى كىم ئىسپات بېرەلەيدۇ؟ ھېچكىم ئىسپات بېرەلمەيدۇ. ئەمما ئەھلىسەلىپ ئارمىيەسىنىڭ شەرققە قىلغان سەككىز قېتىملىق چوڭ يۈرۈشىنى، ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۇندىن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى ئۇنجى قېتىم ياپونلۇق پۇقرالارنىڭ ئۈستىگە ئاتوم تەجرىبىسى ئېلىپ بارغانلىقىنى ۋە ھازىرقى تېررورلۇقىنى ھەممە ئادەم ياخشى بىلىدۇ.

مۇسۇلمانلار تەرەققىياتتا ئارقىدا قالغان بولسىمۇ، پەزىلەت، ئادالەت، گۈزەل ئەخلاق ۋە رەھىم – شەپقەتتە، شۇنداقلا پۈتۈن ئىنسانىيەتنى _ ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر _ سۆيۈشتە، ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىغان ۋە ئۆرپ – ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىشتا ھەر قانداق دىن ۋە ھەر قانداق زامانىۋى قانۇنلاردىن ئىلگىرىلەپ كەتكەن. مۇسۇلمانلار مۇسا، ئىيسا ۋە ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن باشقا ھەممە پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنى ئىماننىڭ شەرتلىرىدىن سانايدۇ: [ئېيتىڭلاركى، «ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە چۈشكەن ۋەھيىگە، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا چۈشكەن ۋەھيىگە، مۇساغا بېرىلگەن (تەۋراتقا)، ئىيساغا بېرىلگەن (ئىنجىلغا) ۋە پەيغەمبەرلەرگە رەببى تەرىپىدىن بېرىلگەن (كىتابلارغا) ئىمان ئېيتتۇق، (ئىمان ئېيتىشتا) ئۇلاردىن ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز، بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز»﴾[4] مانا بۇ بىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنىڭ بىرى.

ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ساماۋى دىنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەقىدە پىرىنسىپىدا، پەيغەمبەرلەردىن بىرەرسىنى ئىنكار قىلغان ئادەم ئۆز دىنىغا ئاسىيلىق قىلغان ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ-دە، نەتىجىدە كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدە:

﴿نۇھنىڭ قەۋمى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى﴾.[5] ﴿سەمۇد قەۋمى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى﴾[6] دېگەنگە ئوخشىغان ئايەتلەر كۆپ تەكرارلانغان. ئەمەلىيەتتە نۇھ قەۋمى بىلەن سەمۇد قەۋمى ئۆز پەيغەمبەرلىرىنىلا ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە بۇ پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىق سانالغانلىقتىن، قۇرئان كەرىم شۇنداق خەۋەر بەرگەن. مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ پىرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرۈپ كەلمەكتە. دۇنيادا پەيغەمبەرلەردىن بىرەرسىنى ئىنكار قىلىدىغان بىرمۇ مۇسۇلمان تېپىلمايدۇ. ئەمما يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرى تەۋرات بىلەن ئىنجىلدا بېشارەت بېرىلگەن ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىش كېرەكلىكى تەۋسىيە قىلىنغان ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىش بىلەن ئۆز دىنلىرىغا ئاسىيلىق قىلماقتا ۋە ئاللاھنىڭ دىنىدىن چىقماقتا.

خىرىستىيانلار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ۋە بۇ دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەنلىك قىلىشتا قارىغۇلارچە ئىش كۆرۈپ كېلىۋاتقانلىقى ناھايىتى ئېنىقتۇر. بۇنىڭغا مىساللارمۇ كۆپ.

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 45 _ ئايەت.
[2] تەھرىم سۈرىسى، 12 _ ئايەت.
[3] مائىدە سۈرىسى، 32 _ ئايەت.
[4] بەقەرە سۈرىسى، 136 _ ئايەت.
[5] شۇئەرا سۈرىسى، 105 _ ئايەت.
[6] شۇئەرا سۈرىسى، 141 _ ئايەت.

غەربلىك يازغۇچى ئارمىستىرۇڭ «مۇھەممەد» ناملىق ئەسىرىنىڭ 67 _ بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئىسلام دىنى بىلەن مۇسۇلمانلارغا دۈشمەن بولۇشتا ھەر زامان يېڭى – يېڭى ئۇسۇللارنى قوللاندۇق. ئىسلام دىنىغا قارشى چىقىش بىزنىڭ ئەقىدىمىزنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ قەلبىمىزگە ئورناشتى. بىز ھەر زامان ئىسلام دىنىغا ئوخشاش بولمىغان قالپاقلارنى كىيگۈزۈپ كەلدۇق. سالمان رۇشدىنىڭ «شەيتان داستانى» ناملىق ئەسىرى چىققاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنى قان تۆكىدىغان، ھۆررىيەتنى بوغۇپ تاشلايدىغان بىر دىن دەپ تەسۋىرلەشنى ئۈگىنىۋالدۇق. ئەمما راستىنى ئېيتقاندا رىيالىلىق بۇ تۆھمەتلەرنى بۇ دىنغا ئارتىشىمىزنى رەت قىلىدۇ».

پول فىندىلى «بۈگۈندىن باشلاپ سۈكۈت قىلىش يوق» ناملىق ئەسىرىنىڭ 12 _ بېتىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىسلام دىنىنى بۇرمىلاپ كۆرسىتىش خاھىشى باشقا پۈتۈن دۆلەتلەرگە نىسبەتەن ئامېرىكا جەمئىيىتىدە ئەڭ كۆپ ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇ ئاساسەن بۇ دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەسلىكتىن كېلىپ چىقماقتا. بۇ خاھىشنىڭ تۈرتكىسى شۈبھىسىزكى، ئىسلام دىنىغا بولغان قارىغۇلارچە ئۆچمەنلىكتۇر». ئۇ يەنە مەزكۇر ئەسەرنىڭ 38 _ بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمىزدا: ‹سەھرادىكى مۇقەددەس جايلاردا زوراۋانلىقنى ياقتۇرىدىغان قالاق بىر مىللەت ياشىماقتا. ئۇلار ئاجايىپ بىر ئىلاھقا چوقۇنىدۇ› دەيتتى ۋە ئۇلارنى ‹مۇھەممەدلەر› دەپ ئاتايتتى. ئوقۇتقۇچىمىز ‹ئۇلار بىزگە ئوخشىمايدۇ› دېگەن سۆزنى ناھايىتى كۆپ تەكرارلايتتى ۋە مېڭىمىزگە شۇنداق ئورنىتۇشقا تىرىشاتتى».

كۆرۈۋاتىمىزكى، ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ بۇ خاھىشى ئۇلاردىكى قارىغۇلارچە رادىكاللىق بولۇپ، بۇ دىنىنىڭ ھەقىقىتىدىن ھېچنەرسىنى سۈرۈشتە قىلماستىن ياكى تەتقىق قىلماستىنلا قارىلاشنى ئەجدادلىرىدىن ئۈدۈم ئالغان.

ئۆزىنى «مۇسۇلمانمەن» دەپ يۈرگەن ھەر بىر ئىنساننىڭ بۇ ھاقارەتكە رەددىيە بېرىشى ۋە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنى قوغدىشى پەرزدۇر. بۇ ئىماننىڭ تەقەززاسىدۇر. ئىسلام ئەللىرىنىڭ ھەممە بىردەك قوزغالماستىن، بەزىلىرىنىڭ سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇۋاتقىنىغا ھەيران قېلىۋاتىمەن. بىراۋ سىزنىڭ ئانىڭىزنى ياكى ئاچا – سىڭىللىرىڭىزدىن بىرەرسىنى ھاقارەتلىسە ياكى نومۇسىغا تەگسە جىم تۇرالامسىز؟ بۇنىڭغا جىم تۇرمىغان يەردە، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغ ماقامىغا نومۇسسىزلارچە تىل ئۇزارتقان ئەدەپسىزلەرگە قارشى جىم تۇرامسىز؟ بۇنداق ھاقارەتكە جىم تۇرسىڭىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىخلاسىڭىز بىلەن سۆيگۈڭىز بارلىقىنى قانداق چۈشەندۈرەلەيسىز؟

دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇسۇلمانلار نارازىلىق نامايىشلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا ئىسلام ئەخلاقىغا يات كېلىدىغان زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىمۇ يۈز بېرىپ بەزى قېنى قىزىق مۇسۇلمان قېرىنداشلار دانىيەنىڭ ئىسلام مەملىكەتلىرىدىكى ئەلچىخانىلىرىنىڭ بەزىسىنى كۆيدۈرۈشكە ئوخشىغان ئىشلارنى سادىر قىلغان بولدى. ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ئىسلام ئۆلىمالىرى بۇنداق زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىسلام پىرىنسىپىغا توغرا كەلمەيدىغانلىقىنى ئارقا – ئارقىدىن ئېلان قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى مەسىلىگە سوغۇققانلىق ۋە ھېكمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق پىرىنسىپى يامانلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشنى مەنئى قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بۇ ئەدەپسىزلىككە نارازىلىق بىلدۈرۈپ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغ ماقامىنى قوغدىغانلىقىنى تەقدىرلەشكە تېگىشلىك. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ نارازىلىقى ئۇلارنىڭ ئىمانى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ھۆرمىتى، ئىخلاسى ۋە سۆيگۈسىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر. ئىسلام مەملىكەتلىرىدىكى دانىيە ۋە نورۋېگىيەنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى بازاردىن مەنئى قىلىش ھەرىكىتى نارازىلىقنىڭ ئەڭ يوللۇق ئىپادىسىنىڭ بىر تۈرىدۇر. لېكىن بىنالارغا ئوت قويۇشتەك زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى ئىسلام دىنى ھېچقانداق شارائىتتا يوللۇق، دەپ قارىمايدۇ. چۈنكى بىزنىڭ دىنىمىز يۈكسەك ئەخلاققا ئىگە ئۇلۇغ ۋە ھەققانىي دىن. ئۇ ھەر ئىشنى ھېكمەتلىك ھالدا ۋە ئىلمىي يوسۇندا بىر تەرەپ قىلىشقا چاقىرىدۇ: ﴿ئەھلى كىتاب بىلەن پەقەت ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلىشىڭلار﴾.[1] ﴿رەببىڭنىڭ يولىغا ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز _ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن﴾.[2]

ھېكمەت _ توغرا سۆز ۋە توغرا ئىش قىلىش دېمەكتۇر. مۇسۇلماننىڭ ئىشىنىڭ توغرا ياكى خاتالىقى ئىسلام شەرىئەت مىزانى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ھېكمەتلىك ئىش كۆرۈش ئەقىللىك ۋە مەدەنىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئىشىدۇر. بۇ دەل ئىسلام ئۈممىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «ھېكمەت مۇئمىنىنىڭ يىتتۈرۈپ قويغان نەرسىسىدۇر، ئۇنى قەيەردىنلا تاپسا ئېلىۋېلىشقا ئۇ مۇئمىن ئەڭ ھەقلىق»[3] دەپ كۆرسەتكەن. مۇسۇلماننىڭ دىنى ئۇنى يامانلىققا يامانلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا جاۋاب بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. چۈنكى ئوتنى ئوت بىلەن ئۆچۈرگىلى بولمايدۇ.

ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغ شەنىگە داغ تەگكۈزۈشكە ئۇرۇنغان بۇ ئېغىر جىنايىتىگە جاۋاب بېرىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئىككى ئۇسۇلى مۇنۇلاردۇر:

1 _ دانىيە ۋە نورۋېگىيەنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى بازارلاردىن قەتئىي مەنئى قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش. ئىسلام مەملىكەتلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئىككى دۆلەت مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشنىڭ ئورنىغا مۇسۇلمانلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىشى

① ئەنكەبۇت سۈرىسى، 46 _ ئايەت.
② نەھل سۈرىسى، 125 _ ئايەت.
③ ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

ئۆچۈن، دانىيە ۋە نورۋېگىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ پۈتۈن تۈرلىرىنى ئېلان قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئورنىغا ئىسلام ئەللىرىدە ئىشلەنگەن شۇ تۈردىكى مەھسۇلاتلارنى رادىيو، تېلېۋىزور، گېزىت، ژۇرنال ۋە ئىنتېرنېت تورلىرىدا كەڭ تونۇشتۇرۇش لازىم. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى ياۋروپالىقلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئورنىنى دەسسەيدۇ. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە يۈكسىلىشى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى بىر پۇرسەت بولىدۇ. بىر تىيىن پۇلنىمۇ ئىسلام دۈشمەنلىرىگە ئۆتكۈزمەستىن، مۇسۇلمانلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن خەجلەش ئەلۋەتتە ساۋابلىق ئىشتۇر. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ:

﴿ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر﴾[1] دېگەن ئەمرىنىڭ تەقەززاسىدۇر.

2 _ ئىسلام مەملىكەتلىرىدىن باشلاپ ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە باشقا مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەردە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى، ئۇنىڭ ئالىي پەزىلىتى، گۈزەل ئەخلاقى، رەھىم – شەپقىتى ۋە بارلىق ئۇلۇغۋار ئىش – ئىزلىرى قاتارلىقلارنى كەڭ تونۇشتۇرۇش پەرزدۇر. پەيغەمبىرىمىزنى باشقىلارنىڭ خاتا تونۇپ قالغانلىقىغا بىز مۇسۇلمانلار جاۋابكارمىز. بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تونۇشتۇرۇش ئۈياقتا تۇرسۇن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى بويىچە ھايات كەچۈرەلمىدۇق. بىزنىڭ نامىمىز مۇسۇلمان بولسىمۇ، ئۆزىمىز ئىسلام روھىدىن ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆرسىتىپ بەرگەن ياشاش ئۇسۇلىدىن ئىنتايىن يىراقتا قالغانلىقىمىز سەۋەبلىك، ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ئېسىل بىر دىن ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئېغىزىمىزدىن كۆپۈك چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، سۆزلىگىنىمىز بويىچە ياشاشنى ئۆگىنەلمىدۇق. كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا چاقىرىش ۋە يامان ئىشلاردىن توسۇش ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرز كۇپايە بولۇپ، بۇ پەرز سۆز ۋە ئەمەل ھەر ئىككىسى بىلەن كۆرسىتىش ئارقىلىقلا ئورۇندىلىدۇ. دىنىمىزنىڭ ئېسىللىكلىرىنى تەشۋىقات ۋاستىلىرى بىلەنلا چۈشەندۈرگەندىن كۆرە، ئەمەلىيىتىمىز بىلەن كۆرسىتىش ئەڭ ئۈنۈملۈك دەۋەت ئۇسۇلىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنە شۇنداق قىلغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، بۇ ھەق دىنىنىڭ ئېسىللىكىنى تونۇتۇش ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭغا يېتەكلەش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلىپ كەتكەنلىكتىن بۇ دىن 14 ئەسىردىن بېرى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە چاقناپ كەلمەكتە.

ھىجرى 1427 _ يىل، 15 _ مۇھەررەم.

مىلادى 2006 _ يىل، 15 _ دېكابىر.

[1] مائىدە سۈرىسى، 2 _ ئايەت.

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇلۇغ ماقامىنى قوغدايلى! (2)

ئاللاھ تائالانىڭ ئاخىر زامان خەلقىگە ئاتا قىلغان ئەڭ كاتتا نېئمەتلىرىنىڭ بىرى ئۇلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتكەنلىكى ئىدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ مۇئمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھ ۋە يامانلىقلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى. ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا ئىدى﴾.[1] ﴿(ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىن بولغان پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۇئمىنلەرگە بەكمۇ شەپقەتلىك ۋە ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر﴾[2]. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىشى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن كاتتا رەھمەت ئىدى. ﴿سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾[3].

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېسىل پەزىلەتلىك، گۈزەل ئەخلاقلىق ۋە ھەممە ئىشتا ئۈلگىلىك زات ئىدى. ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىدىغانلىقى ۋە جىمى سۈپەتلىرى ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلاردا قەيت قىلىنغان ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ توغرىلىق ئالاھىدە بېشارەت بەرگەن ئىدى. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دوست تۇتۇش ۋە ئۇنىڭغا چىن دىلدىن مۇھەببەت قىلىپ سۆيۈشنى كاتتا ئىبادەتلەر قاتارىدىن سانىدى ۋە ئاللاھ تائالانى سۆيگەنلىكنىڭ ئالامىتىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگىشىش قىلىپ بەلگىلىدى:

﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتىدىغان بولساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلار. (ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار) ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»﴾.[4] ﴿كىمكى ئىسلامدىن باشقا دىننى تىلەيدىكەن، ئۇنىڭدىن (مۇنداق بىر دىن) ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدۇ﴾[5].

ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ جەننىتىگە بارىدىغان يوللارنىڭ ھەممىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىش ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئەگىشىشتىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمىغان ۋە ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشمىگەن كىشى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە، ئۇنى قوللاشقا، ئۇنىڭ دىنىغا ياردەم قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا ھەم ئۇنىڭ يولىغا جېنىنى، مېلىنى ئاتاشقا بۇيرۇغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن شانلىق ۋەزىپە ئۇنىڭ يولىغا ئەگىشىش، ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنىنى تارقىتىش، قوغداش ھەم ھىمايە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ئۇلۇغ ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى خەلقى ئالەمگە تونۇشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىش ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان بۇرچىدۇر. غەرب دۇنياسىدا ئىسلام دىنى ۋە بۇ دىننىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرىلىق پات – پات سۆزلىنىپ تۇرىدىغان نالايىق سۆزلەر ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن ئىسلام پەيغەمبىرىنى تونۇمىغانلىقى، بىلمىگەنلىكى پەقەت چېركاۋلارنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ توقۇپ كەلگەن يالغان – ياۋىداق تۆھمەتلىرىگىلا ئىشىنىپ، ئىسلام ھەققىدە ھېچ ئىزدەنمەستىن، چۈشەنمەستىن ۋە راست – يالغاننى ئايرىماستىن ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

كىشىلەرگە ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قۇرۇق ۋەزخانلىقلا كۇپايە قىلمايدۇ. بەلكى ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئىسلامنىڭ جىمى كۆرسەتمىلىرىگە تولۇق ۋە ئىزچىل ئەمەل قىلىشى ۋە پۈتۈن دەۋەت ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ كىشىلەرنى بۇ دىنغا چاقىرىشى بىلەن بولىدۇ. ئىسلامىي ئەخلاق بىلەن ئەخلاقلىنىپ كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ياخشى تەسىراتلارنى قالدۇرۇشمۇ ئەڭ ئۈنۈملۈكى ۋە تولىمۇ مۇھىم بىر دەۋەتتۇر. شۇڭا بىز ئەڭ ئاۋۋال دىنىمىزغا ئەمەل قىلىشىمىز، ئاندىن ئەمەلىيىتىمىز ئارقىلىق كىشىلەرنى بۇ دىنغا دەۋەت قىلىشىمىز لازىم. ئاسىيا قىتئەسىدە ۋە دۇنيانىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا ئىسلام دىنىنى تۇنجى قېتىم تارقاتقان كىشىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ دۇرۇسلۇقى، توغرىلىقى، ھەققانىيلىقى ۋە ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە جەلپ قىلىش ئارقىلىق دەۋەت قىلغان.

ۋاتىكان پوپى پېنىدىكتوسIVX گېرمانىيەنىڭ راتىسبون شەھرىدە بۇ يىل سېنتەبىر كۈنى سۆزلىگەن نۇتقىدا، 14 – ئەسىردە ئۆتكەن ۋىزانتىيە ئىمپېراتورىنىڭ «مۇھەممەد ئىنسانىيەتكە نېمە يېڭىلىق ئېلىپ كەلدى؟ ئىسلام قىلىچ بىلەن تارقالغان» دېگەنگە ئوخشاش

① ئال ئىمران سۈرىسى، 164 _ ئايەت.
②تەۋبە سۈرىسى، 128 _ ئايەت.
③ ئەنبىيا سۈرىسى، 107 - ئايەت.
④ ئال ئىمران سۈرىسى، 31 _ ئايەت.
⑤ ئال ئىمران سۈرىسى، 85 _ ئايەت.

تۆھمەتلىرنى نەقىل كەلتۈرگەن بولۇپ، ئىسلام دىنى ۋە بۇ دىنىنىڭ ئۇلۇغ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەنىگە لايىق كەلمەيدىغان ناچار سۆزلەرنى قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى. بۇ بىر تەرەپتىن ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمىگەنلىك بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن غەرب رادىكال خرىستىيانلىقىنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن مۇسۇلمانلارغا بولغان دۈشمەنلىكى، ئۇرۇشخۇمارلىقى ۋە ناھەق يول تۇتۇۋاتقانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر. قىسقىسى، ۋاتىكان پوپى ۋىزانتىيە ئىمپېراتورىغا ئارتىپ تۇرۇپ ئىسلام دىنىغا ھاقارەت قىلدى. نېمە ئۈچۈن ئۇ ۋىزانتىيە ئىمپېراتورىنىڭ «ئەگەر كىشىلەردە مۇنازىرە ئۆتكۈزۈش ۋە ھەقىقەتنى ئىزدەش روھى بولىدىغان بولۇپ مۇنازىرە ئۆتكۈزۈلسە، ئۇلار چوقۇم ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىغا قايىل بولغان ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق بىر دىن ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولاتتى» دېگەن مەشھۇر سۆزىنىمۇ نەقىل كەلتۈرمەيدۇ. چۈنكى بۇ سۆز ھەق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ تۆھمەتخور پوپ ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە ياقمايدۇ _ دە.

ئۆز ۋاقتىدىكى گىتلېر گېرمانىيەسى يەھۇدىيلارنىڭ كىشىلەرنى خورلىشىغا چىداپ تۇرالماي، يەھۇدىيلاردىن يېتەرلىك ئىنتىقام ئالغان بولسىمۇ، ئەزەلدىن مۇسۇلمانلارغا ئۆچمەنلىك قىلغان ئەمەس، پەقەت ئامېرىكىنى مەركەز قىلغان چوڭ سىيونىزم (يەھۇدىي قىساسچىلىرى)نىڭ بېسىمى ئارقىسىدا ۋاتىكان پوپلىرىمۇ ئامېرىكا ئاقسارايىدىكى كاتتىباشلىرىنى مەمنۇن قىلىش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەملىكەتلىرىدە ياشاۋاتقان ئاز سانلىق مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەرنى كۈشكۈرتۈپ مۇسۇلمانلارنى بىئارام قىلىش ئۈچۈن مەزكۇر تۆھمەتلەرنى ئىسلام دىنىغا ئارتقان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ غەزىپىنى ئاشۇرغان. بۇ ئىشنى باشلاپ بەرگەن كىشى ئامېرىكا پىرېزىدېنتى بۇش ئىدى. بۇشتىن كۆچ ئالغان دانىيەلىكلەر ئۆتكەن يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەجۋىي رەسىملەردە تەسۋىرلەش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەن ئىدى. بۇ قېتىم ۋاتىكاندىكى پوپ بۇ خاتا سۆزى بىلەن پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى، ھەتتا خرىستىيان دۇنياسىنىمۇ بىئارام قىلىۋەتتى. چۈنكى دۇنيادا ھازىر دىنلار ئارا يېقىنلىشىش، بىر – بىرىنىڭ ئەقىدىسىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈش ۋە بىر – بىرىگە يول قويۇش يولىدىكى سۆھبەتلەر، دىيالوگلار ئەۋجىگە چىقىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە ۋاتىكان پوپىنىڭ مۇنداق ناھەق سۆزنى قىلىشى ھەممىنى ئاستىن – ئۈستۈن قىلىۋەتتى. ئەلۋەتتە بۇ ئىشنىڭ ئارقىسىدا چوڭ مۇتتەھەم دۆلەتلەرنىڭ قولى بار.

ھەر ھالدا ۋاتىكان پوپى بۇ سۆزى ئۈچۈن پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدىن كەچۈرۈم سورىشى كېرەك ئىدى. ھازىرغىچە رەسمىي شەكىلدە كەچۈرۈم سورىغىنى يوق. پەقەت ئۆزىنىڭ شۇنداق ناچار ۋە ناھەق سۆزلەرنى قىلىپ قويغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىۋاتقانلىقىنى بىر قانچە قېتىم ئىپادىلىگەن بولدى. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئىسلام تەشكىلاتلىرى، ھۆكۈمەتلىرى ۋە جامائەتلىرى ۋاتىكان پوپىنىڭ رەسمىي تۈردە ئوچۇق كەچۈرۈم سورىشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرماقتا.

توغرا بىلەن خاتا ۋە ھەق بىلەن ناھەق ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي كۆرەش تا قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ. ھەقىقەتنىڭ دۈشمەنلىرى ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا تېپىلىدۇ. ئۇلارغا ۋاقتىدا ئورۇنلۇق رەددىيە بېرىش مۇسۇلمانلارنىڭ، خۇسۇسەن ئۆلىمالارنىڭ بۇرچىدۇر. مۇسۇلمان خەلقىمىزنىڭ دۈشمەنلەر تارقاتقان ئىغۋالارغا، تۆھمەتلەرگە ۋە يالغان سۆزلەرگە ئىشىنىپ كەتمەسلىكى، ئۆز دىنىغا مەھكەم بولۇپ، دىنىنى ۋە پەيغەمبىرىنى قوغداشتا غۇرۇرلۇق بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. پوپلار ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئاقسارايدا ئولتۇرۇپ دۇنيانى ئۆرۈپ چۆرۈيدىغان كاتتىباشلىرىنىڭ دېيىشىغا ئۇسۇلنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق يالغان سۆزلەرنى دىن نامىدىن قىلىۋېرىدۇ. شۇڭا ئۇلار چىركىلەشكەن، شۇڭا چېركاۋلار ياۋروپادا ھۆرىيەت ئىزدىگەنلەرنىڭ ھۇجۇم نىشانىسى بولۇپ كەلگەن. ئەمما قايىسسىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان غەرب ئاۋاملىرى ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ئەقلى بىلەن ئىزدىنىشى، ھەقىقەتنى ئىزدىشى ۋە ئەقىل بىلەن ۋىجداننىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىشى لازىم ئىدى.

ئۆزىنى خرىستىيان دىنىنىڭ كاتتا ئۆلىماسى ھېسابلاپ تۇرۇپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا ئېلىپ كەلگەن يېڭىلىقلىرىدىن خەۋەرسىز قالغان پوپقا تۆۋەندىكىچە جاۋاب بېرىمىز:

1 _ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەتنى ئىنسانلارغا، ھايۋانلارغا ۋە تەبىئەت كۈچلىرىگە چوقۇنۇش خۇراپاتلىقىدىن قۇتقۇزۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ياراتقۇچى ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتەك ئىنسانىي ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلدى.

2 _ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىنى ئازاد قىلدى. دىنلارنىڭ زورلۇق _ زومبۇللۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇردى.

3 _ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا سۆيگۈ – مۇھەببەتنىڭ ئۇرۇقلىرىنى چاچتى. ئىنسانلارغا بىر – بىرىنى كەچۈرۈشنى، بىر – بىرىنى ھۆرمەتلەشنى ئۆگەتتى. قۇرئان كەرىمنىڭ (دىندا زورلاش يوقتۇر)[1]دېگەن پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆردى. كىشىلىك ھوقۇقنى تۇنجى بولۇپ ئېلان قىلدى ۋە مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەرنىڭمۇ ھەق – ھوقۇقلىرىنى قوغداش، ئەسىرلەرنى خورلىماسلىق پرىنسىپلىرىنى ئەمەلىي رەۋىشتە تەتبىق قىلدى. ھازىرمۇ بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىدە ياشاۋاتقان يەھۇدىي، خرىستىيانلار ۋە باشقا دىن مۇخلىسلىرى تەڭلىك، باراۋەرلىك ئىچىدە ھۇزۇر سۈرۈپ كەلمەكتە. بۇ ئىسپانىيەدە مۇندىن ئىلگىرى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان «ئىرقىي قىرغىنچىلىق»نىڭ تامامەن ئەكسىچە بولۇپ، تارىخ بۇنىڭغا شاھىتتۇر.

4 _ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن شەپقەت ئۈلگىسى بولۇپلا قالماستىن، ئۇچار قۇشلاردىن تارتىپ ھايۋانلارغىچە رەھمەت ۋە شەپقەتنىڭ ئەلچىسى ئىدى . ئىسلام نەزىرىدە ھايۋانلارنى ئازابلاشنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكى بۇنىڭ بىر

[1] بەقەرە سۈرىسى، 256 _ ئايەت.

مىساللىدۇر.

5 _ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن ئىلگىرىكى جىمى پەيغەمبەرلەرنى ھۆرمەتلەش، قەدىرلەش ۋە سۆيۈشنىڭ نەمۇنىلىرىنى ئېلىپ كەلدى. ئىبراھىم، مۇسا، ئىيسا ۋە باشقا پەيغەمبەرلەردىن بىرەرسىنى ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ ئىمانى قوبۇل بولمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلىش بىلەن جىمى پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىشنى ئىماننىڭ بىر پارچىسى قىلىپ بېكىتتى. چۈنكى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ غايىسى بىر، دەۋىتى بىر خىل ئىدى .

6 _ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداشتا ئەڭ ئۆلمەس نەمۇنىلەرنى ياراتتى. ئىنسانلار ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، كىچىك بولسۇن، چوڭ بولسۇن، مىللىتى، رەڭگى، تىلى ۋە دىنى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر باراۋەر ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، ئۇنى ئىسلامنىڭ ئەڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرىدىن ساناندى. بۇ ماۋزۇدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولۇشىدىن 3ئاي ئىلگىرى ئوقۇغان ۋىدا خۇتبىسى يېتەرلىكتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋىدا خۇتبىسىدا كىشىلەرنىڭ مال – مۈلكىگە، ئار – نومۇسىغا تېگىشنىڭ كەچۈرۈلمەس جىنايەت ئىكەنلىكىنى قايتا – قايتا تەكىتلىگەن ئىدى . بۇ تەخمىنەن 633 _ مىلادىيە يىلى ئىدى . ئۇ زامانلاردا كىشىلەر قانۇن – تۈزۈم دېگەنلەرنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئىدى . ئىنسانلار تەرىپىدىن لايىھەلەنگەن قانۇنلار مىلادىيە 1215 – يىلىدىن باشلاپ ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان. 1627 _ يىلىغا كەلگەندە كىشىلەر «ھەق – ھوقۇق» دېگەننى تونۇغان بولسا، 1789 _ يىلى «ئىنسان ھەقلىرى ۋە گىراژدانلىق ھەققى» دېگەن خىتابنامە يېزىلغان. 1948 _ يىلىغا كەلگەندە كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى خەلقئارادا رەسمىي تۈردە ئېلان قىلىنغان.

7 _ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانىي ئەخلاقنىڭ شەنىنى كۆتۈردى. راستچىللىق، ۋاپادارلىق، نومۇسچانلىق ۋە باشقا ئېسىل ئەخلاقلارنى ئىماننىڭ بىر پارچىسى، ئىنساننىڭ تاكامۇللۇقى قىلىپ بېكىتىش ئارقىلىق ئەدەپ – ئەخلاققا، ئاتا – ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا، تۇغقانلارغا سىلەر – رەھىم قىلىشقا، ھايۋانلارغا رەھىم قىلىشقا كۈچلۈك دەۋەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، كۆرەلمەسلىك، دۈشمەنلىك ۋە باشقا يامان ئەخلاقلاردىن، ناچار قىلىقلاردىن يىراق بولۇشقا چاقىردى.

8 _ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ئەقىل ئىشلىتىشكە، كائىنات ھەققىدە ئىزدىنىشكە، يېڭىلىقلارنى ئىجىشقا تەشەببۇس قىلدى. ياۋروپادا گالىلې يەرشارىنى يۇمىلاق دەپ ئېلان قىلغىنى سەۋەبلىك چىركاۋ زوراۋانلىرى تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان چاغلاردا، ئىسلام دۇنياسىدا ئىبنى رۇشد، خارەزمىي، ئىبنى ھەيسەم، فارابى، ئىبنى سىنا قاتارلىق ئالىملارنىڭ ھەر بىرى مېدىتسىنا، جۇغراپىيە، خىمىيە ، ماتېماتىكا، بىيولوگىيە، ئاسترونومىيە قاتارلىق ئىلىم – پەنلەرگە تۇنجى بولۇپ ئۇل سالغان ۋە دۇنياغا ئېلان قىلغان كىشىلەر بولۇپ تونۇلغان ئىدى .

9 _ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىتىگە تامامەن مۇۋاپىق كېلىدىغان، ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىدىغان، ئىنسانىي ھەۋەسلىرىنى –باشقا دىنلارغا ئوخشاش – بوغۇپ قويماستىن، مەلۇم پرىنسىپلار ئاستىدا قاندۇرىدىغان، روھ بىلەن نەپس ئېككىسىنىڭ ئىستەكلىرىنى ۋە ئېھتىياجلىرىنى مۇناسىپ ھالدا ھەل قىلىدىغان، مەدەنىيەتلىك، ئىلغار ۋە ھەر قانداق ئەسىرنىڭ شارائىتىغا، يۈكسەك تەرەققىياتىغا تولۇق ماسلىشىدىغان بىر دىننى ئېلىپ كەلدى. شۇ سەۋەبتىن بۇ دىن ئىلىم – پەن تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىكى بىلىم ئادەملىرىنىڭ ئىزدىنىش ماۋزۇسى ۋە كۆڭۈل ھەۋەسى بولۇپ كەلمەكتە.

10 _ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن دۇنياغا ئىنسانىي قېرىنداشلىقنىڭ ئەڭ ئۆچمەس ئۈلگىلىرىنى تەقدىم قىلدى. ئۇ «ئىنسانلار خۇددى تارغاقنىڭ چىشلىرىغا ئوخشاش ھەممە بىردەك باراۋەردۇر»دېگەن ئۆلمەس شوئارنى ياڭرىتىپ چىقىش بىلەن ھەق – ھوقۇقتا، ھۆرمەتتە، دىنىي ۋە ئىنسانىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتەشتە پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، ئاق تەنلىكنىڭ قارا تەنلىكتىن ئۈستۈن ئەمەسلىكىنى، ئىنسانلىقتا ھەممە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى تۇنجى بولۇپ ئېلان قىلدى. ئىنسانلار ھەقىقىي ئىنسانىي قېرىنداشلىقنىڭ ھۇزۇر – ھالاۋىتىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىننىڭ سايىسىدا تېتىدى. رىملىق سۇھەيب، ئىرانلىق سەلمان، ھەبەشىستانلىق بىلال قاتارلىق زاتلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ساھابە(قولداش)بولۇپ سېپىگە قوشۇلغاندىن كېيىن، ئەرەب ۋە باشقا پۈتۈن مىللەتلەرگە ئۈلگە بولغان ھالدا تا ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ نامى تىللاردا داستان بولماقتا، روھلىرى دىللاردا يادلانماقتا.

ئاللاھ تائالا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ھىدايەت ئاتا قىلسۇن ۋە مۇئمىنلەرنى ئىمانىدا مۇستەھكەم قىلسۇن ئامىن.

ھىجرى 1427 _ يىل رامىزاننىڭ 5 _ كۈنى.

مىلادى 2006 _ يىل 27 _ سىنتەبىر.

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇلۇغ ماقامىنى قوغدايلى! (3)

ۋاتىكاننىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى رادىكال تەشكىلاتلىرى باشلاتقان ئاساسسىز قارىلاش ۋە يالغاندىن تۆھمەت قىلىش دولقۇنى كېيىنكى يىللاردا تېخىمۇ ۋەھشىيلىشىشكە باشلىدى. ۋاتىكان ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق دىنى بولۇپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەنلىكتىن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىسلام دىنىنىڭ قانات يېيىشىنى توسۇش ۋە كىشىلەرگە ئىسلام پەيغەمبىرى بىلەن ئىسلام دىنىنى يامان كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن مەخسۇس رادىكال تەشكىلاتلارنى قۇرغان. بۇ تەشكىلاتلار غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قاتتىق قوللىشى بىلەن دۇنيانىڭ ھەر تەرەپلىرىدە ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى پائالىيەتلىرىنى داۋام قىلدۇرماقتا.

ئىسلامغا قارشى ھۇجۇملار ھازىرقى ئەسىرنىڭ يېڭىلىقى ئەمەس. بەلكى بۇ ھۇجۇملارنىڭ تارىخى ئۇزۇندۇر. ھەقىقەتنىڭ دۈشمەنلىرى ھەر زامان ۋە ھەر جايدا بولغىنىدەك، ئىسلام دىنىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرىمۇ بۇ دىن دۇنياغا كەلگەندىن بېرى مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. زاماننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى دۈشمەنلىكنىڭ ئۇسۇللىرى ۋە چارىلىرى ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، خۇددى قۇياشنى ئېتەك بىلەن توسۇۋالماقچى بولغانغا ئوخشاش ھەقىقەتنى يوشۇرىۋالماقچى بولغانلارنىڭ رەزىل غايىسى ئۆزگەرگىنى يوق.

ۋاتىكاننىڭ تەشكىللىشى بىلەن ھازىر دۇنيادا بىر مىليوندىن كۆپرەك مىسسىيونېر مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەر ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە مۇسۇلمان خەلقلەرنى خرىستىيان دىنىغا چاقىرىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارماقتا.

گېرمانىيەنىڭ «ۋېلىت ئىم زۇنتاگ» گېزىتىنىڭ بۇيىل 30 – ئىيون كۈنلۈك سانىدا «راھىبلار ئىتتىپاقى»① تەشكىلاتىنىڭ خرىستىيان دىنىنى تارقىتىش يولىدىكى تىرىشچانلىقى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى توغرىلىق دوكلات ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇ تەشكىلاتنىڭ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان بىر مىليوندىن كۆپرەك يېتىشكەن مەخسۇس دەۋەتچىسىنىڭ بارلىقى، دەۋەتچىلەرنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش يولىدا ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوبرازىنى سەت كۆرسىتىش ئۈچۈن بارچە چارە ۋە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ كېلىۋاتقانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ تەشكىلات يەنە ئۆزىنىڭ پۈتۈن دۇنيا خەلقىنى خرىستىيان دىنىغا يېتەكلەش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ئېلان قىلغان.

گېزىتتە يەنە «راھىبلار ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىنىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان پائالىيەتلەرنىڭ ھەربىي كۈچىگىمۇ تايىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، سۆزىگە بۇ تەشكىلاتنىڭ رەئىسى كاردىنالنىڭ تەشكىلاتنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغانلارنى ھەمىشە «كۈچلىرىم» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرگەن. بۇ تاسادىپىي مەيدانغا كېلىپ قالغان ئاتالغۇ ئەمەس. چۈنكى بۇ تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنى ھەمىشە ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئاشكارا جەڭ ئىچىدە، دەپ بىلىدۇ. «راھىبلار ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىنىڭ شۆبىلىرى خرىستىيان زېمىنلىرىنىڭ %40 دىن كۆپرەكىدە بار بولۇپ، 1081 يوپ قوللىغان. تەشكىلاتنىڭ بىر مىليوندىن كۆپرەك مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان بولۇپ، يېزا، قىشلاقلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ دىن تەشۋىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ چىقىملىرىنى تەشكىلات ئۆز ئۈستىگە ئالغان. بۇ تەشكىلات ئوقۇتقۇچىلار ۋە دەۋەتچىلەر ئۈچۈن يىلىغا 500مىليون ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىدۇ.

گېزىتنىڭ تەكىتلىشىچە، «راھىبلار ئىتتىپاقى» بىلەن كاتولىك چېركاۋى ھەيئەتلىرى ھەر قايسى ئىسلام دۆلەتلىرىدە پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، پەقەت سەئۇدى ئەرەبىستاندا خرىستىيانچە دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماي كەلمەكتە. سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئىتالىيە پايتەختى رىمدا كاتتا بىر مەسجىد بىنا قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنغان بولسىمۇ، سەئۇدى ئەرەبىستان زېمىنىدا خرىستىيانلارنىڭ ئىنجىل ئوقۇشى ۋە خرىستىيانچە دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى چەكلىنىپ كەلمەكتە.

گېزىتتە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: «ئىسلام دىنى بىلەن خرىستىيان دىنى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش 11 _ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. ھەتتا بۇ دىنىي توقۇنۇش شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ ئومۇملاشتى. ۋاتىكان چېركاۋ ئۆز خادىملىرىنى كىرىست بەلگىسىنى ئەركىن ھالدا بوينىغا ئېسىپ يۈرەلمەيدىغان دۆلەتلەرگە بېرىشتىن مەنئى قىلغان. كاتولىك چېركاۋىنىڭ قوللىشى ئاستىدا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئورغۇنلىغان مەكتەپلەر ئېچىلغان بولۇپ، خرىستىيان مەكتەپلىرىدە ئوقۇيدىغان مۇسۇلمان بالىلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ».

كاتولىك چېركاۋى ئاسىيا قىتئەسىدىكى ھەر بىر ئۆيگە خرىستىيان دىنىنى ئېلىپ كىرىش يولىدا ئىسلام دىنى بىلەن مۇسۇلمانلارنى ھەدەپ قارىلاپ، ئاساسسىز ئەيىبلەپ، كىشىلەرنى ئىسلام دىنىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن بار كۈچىنى ئاتايدۇ. ئامېرىكا ئەركىنلىك

---

① بۇ خرىستىيان دىنى بىلەن ئىسلام دىنى ئوتتۇرىسىدا جېدەل چىقىرىش ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىشلىرىدا ئالاھىدە چوڭ رول ئوينايدىغان خەلقئارالىق چوڭ مۇئەسسەسەدۇر.

دەۋاسى ئاستىدا خىرىستىيان دىنىنى تەشۋىق قىلىش ئىشلىرىغا ئالاھىدە چوڭ شارائىتلارنى ۋە ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەرمەكتە. ئەمما ئىسلام دەۋەتچىلىرىنىڭ يولى ھەممىلا يەردە ئېتىلمەكتە ياكى چەكلىك بولۇپ كەلمەكتە.

«راھىبلار ئىتتىپاقى» تەشكىلاتى چىقارغان «بىر مىليون كىشى مۇھەممەدكە قارشى»دېگەن شوئارغا رەددىيە ئاساستا، سەئۇدى ئەرەبىستاندا قۇرۇلغان «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداش كومىتېتى» ئۆز ۋاقتىدىلا «بىر مىليارد كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللىدۇر» دېگەن شوئارنى ياڭراتتى ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كىملىكىنى، گۈزەل ئەخلاقىنى، ئېسىل پەزىلەتلىرىنى پۈتۈن دۇنيا كىشىلىرىگە تونۇتۇش پىروگراممىسىنى ئېلان قىلىپ ئىش باشلىۋەتتى. بۇ كومىتېتنىڭ مۇندىن كېيىن تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى كۈتۈلمەكتە.

ھىجرى 1427 _ يىل رامىزاننىڭ 11 _ كۈنى.

مىلادى 2006 _ يىل 3 _ ئۆكتەبىر.

# پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇلۇغ ماقامىنى قوغدايلى! (4)

ھەر قانداق بىر ھەقىقەتنىڭ دۈشمەنلىرى بولغىنىدەك، ئاللاھ تائالانىڭ ھەق دىنىغا ۋە ھەق دىنىنى ئېلىپ كەلگەن بەرھەق پەيغەمبەرلەرگە قارشى چىققانلارمۇ ئاز بولمىغان. تارىختا ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر ھەقىقەت دۈشمەنلىرىنىڭ تاپا-تەنىلىرىدىن، قارا چاپلاش ۋە ھۇجۇملىرىدىن خالىي بولغان ئەمەس. ئىنسانلارنىڭ ئىككىنچى ئاتىسى[1] دەپ تونۇلغان نۇھ ئەلەيھىسسالاممۇ ھەقىقەت دۈشمەنلىرىنىڭ مەسخىرە ۋە قارشىلىقلىرىغا ئۇچرىغان ئىدى . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئاتىسى باشچىلىقىدىكى ھەقىقەت دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ئوتقا تاشلانغان بولسا، مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ ھۇجۇم نىشانىسى بولۇپ قالغان. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمى تەرىپىدىن دارغا ئېسىشقا ھۆكۈم قىلىنغان بولسا، ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئاۋۋال ئۆز قەۋمى تەرىپىدىن، ئاندىن يەھۇدىيلار تەرىپىدىن كۆپ ئەزىيەتلەرگە ۋە دۈشمەنلىكلەرگە، ھەتتا سۇيىقەستلەرگىمۇ ئۇچرىغان ئىدى.

لېكىن ئاللاھ تائالا ھەمىشە ھەقىقەتچىلەر بىلەن بىللە بولغاچقا، ئۇنىڭ ياردىمى ۋە ئىگىدارچىلىقى سايىسىدا، پەيغەمبەرلەر دەۋەت قىلغان بۇ ھەقىقەتلەر زامانىمىزغا قەدەر داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىشى يېڭى دۇنيانىڭ تۇغۇلۇشى ئىدى. بۇ ۋاقىت پەيغەمبەرلەرنىڭ زامانلىرى ئۇزاقتا قېلىۋاتقان، ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ھەق دىنلار خۇراپاتلارغا ئايلىنىپ قېلىشى سەۋەبلىك ساماۋى[2] دىنلىق سالاھىيىتىنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان بىر ۋاقىت ئىدى. تەۋرات، ئىنجىل ۋە زەبۇر قاتارلىق ساماۋى كىتابلاردا بېشارەتلىرى بېرىلگەن ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنى يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار زامانلاردىن بېرى كۈتۈپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ پەيغەمبەر ئۇلارنىڭ كۈتكىنىدەك ئىسرائىل نەسلىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەڭ قالاق ۋە مەدەنىيەتسىز مىللەت سانالغان ئەرەب مىللىتىدىن كەلگەنلىكى سەۋەبلىك يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان ئالىملىرى كىتابلىرىدىكى بېشارەتلەر ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇپ تۇرۇپ، ھەقىقەتكە ئاسىيلىق قىلىپ بۇ بېشارەتلەرنى گاھ بۇرمىلاش گاھ ئۆچۈرۈش يولى بىلەن بۇ ھەقىقەتلەرنى خەلقتىن يوشۇرۇشقا تىرىشتى. قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ ئەپتى _ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ مۇنداق بايانات ئېلان قىلغان: (بىز كىتاب بەرگەنلەر ئۇنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ. ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى، شۈبھىسىزكى ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرىدۇ)[3].

ئەرەبلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن ھەق دىنغا قارشى تۇرۇشىنىڭ سەۋەبى ئاتا – بوۋىلىرىدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن خۇراپات ۋە بۇتپەرەسلىكنى قارىغۇلارچە تەقلىد قىلغانلىقى ۋە ئۆزلىرىنىڭ كۆپ ئىلاھلىق خۇراپىي ئەقىدىلىرىنى ھەق دىندىن ئۈستۈن كۆرگەنلىكىدىن ئىدى. قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ جاھىللىقى ۋە بويۇنتاۋلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: (ھەر قاچان ئۇلارغا: «ئاللاھ چۈشۈرگەنگە ئەگىشىڭلار» دېيىلسە، ئۇلار «ياق، ئاتا _ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىغا ئەگىشىمىز» دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا ــ بوۋىلىرى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىگەن ۋە توغرا يولدا بولمىغان تۇرسا، (يەنە شۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟))[4]. ئۇلار بۇتلارغا چوقۇنۇشنى تاشلاپ بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان ھەق دىنغا ئەگىششكە چاقىرىلغاندا: (ئۇ نۇرغۇن ئىلاھلارنى بىر ئىلاھ قىلىۋالماقچىمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش)[5] دەيتتى.

شۇنىسى ئېنىقكى، بۇددىست ئەرەبلەر ئۆز دىنلىرىنى قوغداش يولىدا بۇ يېڭى دىنغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە شۇنچىلىك قارشىلىق كۆرسەتكەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەرخىل تۆھمەتلەرنى چاپلىغان بولسىمۇ، بۇ يېڭى دىننى خاتا ياكى ھەقىقەتكە ئۇيغۇن ئەمەس دېيەلىگىنى يوق. پەقەت ئاتا – بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىغا خىلاپ كېلىدۇ، دېيەلەيتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا شۇنچىلىك دۈشمەن بولۇپ، ئۇنى «سېھىرگەر»، «مەجنۇن»دەپ قارىلىغان بولسىمۇ، ئۇنى«يالغانچى» ياكى«ئالدامچى»دېيەلىگىنى يوق. چۈنكى ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كىچىكىدىن ياخشى بىلەتتى. ئۇنىڭ ھاياتىدا بىرەر قېتىممۇ يالغان سۆزلىمىگەنلىكىگە ئۆزلىرى گۇۋاھ ئىدى[6]. شۇڭا ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كىچىكىدىن «راستچىل مۇھەممەد» ۋە «ئىشەنچلىك مۇھەممەد»دېگەن لەقەملەر بىلەن ئاتايتتى. قىممەتلىك نەرسىلىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئامانەت قوياتتى. ئۇلار مۇھەممەد

---

① نۇھ ئەلەيھىسسالام توپان ۋەقەسىدىن كېيىنكى يېڭى دۇنيانىڭ تۇنجى پەيغەمبىرى بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئىككىنچى ئاتىسى ۋە تۇنجى پەيغەمبىرى ھېسابلىنىدۇ.

② ساماۋى __ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن دېگەن مەنىدە.

③ بەقەرە سۈرىسى، 146 _ ئايەت.

④ بەقەرە سۈرىسى، 170 _ ئايەت.

⑤ ساد سۈرىسى، 5 _ ئايەت.

⑥ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى مەككە بۇددىست كۈچلىرىنىڭ كاتتىبېشى ۋە قوماندىنى ئەبۇ سۇفيان ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان مۇسۇلمانلارنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ھەبەشىستانغا بېرىپ پادىشاھ نەجاشىنىڭ ئالدىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق سورالغاندا، نەجاشىنىڭ «سىلەر مۇھەممەدنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىغانمۇ؟»دەپ سورىغان سوئالىغا«ياق! بىر قېتىممۇ يالغان ئېيتقانلىقىنى بىلمەيمىز»دەپ جاۋاب بەرگەن. ئەبۇ سۇفيان پادىشاھنىڭ يېنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، سەبداشلىرىغا:«ئەگەر گېپىم يالغان چىقىپ قېلىپ، مات بولۇشتىن قورقمىغان بولسام، مۇھەممەد ھەققىدە باشقىچە جاۋاب بەرگەن بولاتتىم» دېگەن.

ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.(ئەسلىدە ئۇلار سېنى يالغانچى دېمەيدۇ، پەقەت بۇ زالىملار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ)[1].

كېيىنكى ئەسىرلەردىكى غەرب دۇنياسىنىڭ ئىسلام دىنىغا ۋە بۇ دىنىنىڭ يېتەكچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەن بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئوقتەك تېزلىكتە تارقىلىۋاتقان ئىسلام دىنىنىڭ يەر شارىغا ئومۇملىشىپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەن چېركاۋ ئەمەلدارلىرى چېركاۋ نامىدىن خەلقنىڭ بېشىدا قامچا ئوينىتىپ زورلۇق –زومبۇلۇق قىلىش پۇرسىتىنىڭ قولىدىن كېتىپ قېلىشىدىن قورقۇپ پۈتۈن خەلقنى ئىسلام دىنىدىن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدىن نەپرەتلەندۈرۈش ئومۇمىيۈزلۈك ھەرىكىتىنى باشلىۋەتكەنلىكىدىن ئىدى . ئەينى ۋاقىتتىكى ياۋروپا شۇنچىلىك قالاق ئىدىكى، خەلق ھازىرقى ئۆچىنچى دۇنيا ئەللىرىدىنمۇ جاھىل، نامرات ۋە قالاق ھايات كەچۈرەتتى. ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قوللىرىغا ئېلىۋالغان خىرىستىيان چېركاۋلىرىدىكى موللىلار ئۆزلىرىنىڭ خىرىستىيان دىنىدىن ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتلىرىدىن شۇنچىلىك يىراقتا ئىدى. ئۇلار دىن نامىدىن خەلقنىڭ ئۈستىدىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزەتتى. ئىلىم – پەن ئۆگىنىشنىڭ ۋە ھەقىقەتنى ئىزدەشنىڭ يوللىرىنى تاقىۋەتكەن ئىدى. يەرشارىنىڭ توپ شەكىللىك ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان ئالىم گالىلىينىڭ خىرىستىيان چېركاۋلىرى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ئۇچرىغانلىقىمۇ، ئۇنىڭ ھەقىقەتنى ئىزدىگەنلىكى ۋە ھەقنى سۆزلىگەنلىكىدىن ئىدى.

خىرىستىيان چېركاۋلىرىنىڭ ئىسلام دەۋىتىنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن پىلانلىغان ئويۇنلىرىغا ماسلاشقان ئەھلى سەلىب ئارمىيەسى شەرققە قىلغان 8 قېتىملىق يۈرۈشىدە مۇسۇلمانلارغا ئورنىنى تولدۇرۇپ بولالمايدىغان زىيان – زەخمەتلەرنى كەلتۈردى. ئۇلار بۇ تاجاۋۇزچىلىقنى ياۋروپا چېركاۋلىرىدىكى خىرىستىيان موللىلىرىنىڭ پەتىۋالىرى بىلەن دىن نامىدىن ئېلىپ باردى. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خىرىستىيان دىنىنىڭ روھىدىن شۇنچىلىك يىراقتا ئىدى . ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئوڭ ئېڭىكىڭگە ئۇرسا، سول ئېڭىكىڭنىمۇ تۇتۇپ بەرگىن. كۆڭلىكىڭنى تارتىۋالسا، ئىشتىنىڭنىمۇ سېلىپ بەرگىن» دەيدىغان يۇمشاقلىق قانائەتچانلىققا تەشەببۇس قىلىدىغان تەلىماتلىرىنى يادىسىغا بىلسىمۇ، ئۇلار بۇ تەلىماتلارغا ئەمەل قىلىشتىن ئىنتايىن يىراقتا ئىدى . شۇندىن بېرى ياۋروپا ئەللىرىدە قارىغۇلارچە ئىسلام دىنىغا قارشى تۇرۇش ئېقىمى داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ياكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ قايسىبىرىگە ھۇجۇم قىلغانلىقى ياكى قوراللىق ئۇرۇشقا كىرگەنلىكى مەلۇم ئەمەس. ئىسلام دىنى ئاسىيا، ئافرىقا ۋە بەزى ياۋروپا ئەللىرىگە پەقەت ئىسلام دەۋەتچىلىرىنىڭ ئەخلاقى گۈزەللىكلىرى ۋە ھەققانىيەتچىلىكى سەۋەبى بىلەن تارقالغان. ئانا ۋەتىنىمىزگە ئىسلام دىنىنىڭ كىرىشىمۇ ئەبۇ نەسر سامانىي ئىسىملىك بىر مۇسۇلمان سودىگەرنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، ئېسىل پەزىلىتى ۋە ھەققانىيلىقى قاراخانىيلار شاھزادىسى سۇتۇق بۇغرا خاننى تەسىرلەندۈرگەنلىكىدىن باشلىنىدۇ. ئىسلام دىنى قورالنى پەقەت ئۆز تەۋەلىرىنى قوغداش ئۈچۈنلا قوللانغان.

11 _ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرىنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۆچمەنلىكلىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. بۇ ۋەزىيەتتى پۇرسەت بىلگەن يەھۇدىي قىساسچىلىرى بىلەن بەزى خىرىستىيان رادىكال گۇرۇپپىلىرى ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەنىگە داغ قوندۇرۇپ باشقىلارنى مۇسۇلمانلارغا ۋە ئىسلام دىنىغا دۈشمەن قىلىش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتتى. ئىسلام دىنىنىڭ زىتىغا ماقالىلەر ۋە كىتابلار نەشر قىلىندى. ھەتتا دانىيەدىكى رادىكال گۇرۇپپىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەجۋىي رەسىملىرىنى سىزىشقىمۇ جۈرئەت قىلالىدى. ھەجۋىي رەسىملەر ئىسلام دۇنياسىدا قاتتىق قارشىلىققا ئۇچراپلا قالماستىن، كۆپلىگەن مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەرنىڭمۇ تەنقىدلىرىگە ئۇچرىدى. چۈنكى بۇ زورىغا قىلىنغان دۈشمەنلىك ۋە دۇنيادىكى بىر يېرىم مىليونغا يېقىن مۇسۇلمان خەلقنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەنلىك ئىدى.

ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ بۇ ناھەق قىلمىشلىرىغا قارشى نارازىلىقلار ۋە رەددىيەلەر ئارقا – ئارقىدىن داۋام قىلىپ كەلدى. باشقا دىن مەنسۇپلىرىدىنمۇ كۆپ كىشىلەر بۇ ھاقارەتكە رەددىيە بەردى. شۇ ئارىدا ياۋروپا دۇنياسىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىلىرىدىن بەزى ھەققانىيەتچىلەرمۇ قوللىرىغا قەلەم ئېلىپ ھەقىقەتنى سۆزلەشكە باشلىدى. تۆۋەندە ئەنگلىيەنىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر يازغۇچىسى توماس كارلايلنىڭ «قەھرىمانلار» ناملىق ئەسىرىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مۇداپىئە قىلىپ يازغانلىرىدىن بەزىسىنى دىققىتىڭىزگە سۇنىمەن:

توماس كارلايل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مۇداپىئە قىلىپ، ئۇنىڭ ھەققانىيلىقى ۋە ئادالىتىنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ھازىرقى زامان كىشىلىرىدىن قايسىبىرىنىڭ ئىسلام دىنى يالغان، بۇ دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ھەق يولدا ئەمەس ئىدى، دەيدىغان ئەرزىمەس سۆزلەرگە قۇلاق سېلىشى ھەقىقەتەن نومۇس قىلىشقا تېگىشلىك ئىشتۇر. بۇنداق تۆھمەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش پەيتى كەلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام چاقىرغان بۇ ھەق دىن 14ئەسىردىن بېرى مىليونلارچە كىشىنىڭ قەلبىدە نۇرلۇق قۇياشتەك چاقناپ كەلمەكتە. مىليونلارچە كىشى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن مۇشۇ دىنىنى بىرەر ئالدامچىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقارغان پىكرى دېيىشكە بولامدۇ؟ يالغان بىلەن ئالدامچىلىق كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بۇ دەرىجىدە راۋاجلىنالايدىغان بولسا بۇ ھاياتلىق ئەرزىمەس ۋە ئەھمىيەتسىز بىر ھاياتلىق بولۇپ قالغان بولاتتى. سىلەر دۇنيا تارىخىدا بىرەر ئالدامچىنىڭ بىر دىننى ئىجاد قىلىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىدىغانلىقىنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن جاكارلىغانلىقىنى ۋە ئەمەلىيەتتە شۇنداق تارقالغانلىقىنى كۆردۈڭلارمۇ؟! مەلۇمكى يالغانچى

[1] ئەنئام سۈرىسى، 33 _ ئايەت.

ئادەم كىيسەكتىن بىرەر ئۆيىنمۇ قۇرۇپ چىقالمايدۇ. چۈنكى مۇنداق ئادەم ئۆزىنىڭ نادانلىقىدىن بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ماددىلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن كۆپ خاتالىققا يول قويىدۇ. قۇرۇپ چىققاندىمۇ قولىلانغىلى بولىدىغان بىرەر ئۆي قىلالىشى ناتايىن. بىر بىنانى قۇرۇپ ئەسىرلەردىن بىرى مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئۇنىڭدا ئورۇن ئالدۇرغان كىشىگە نېمە دەيسىز؟!

خۇلاسە كالام شۇكى، مۇھەممەدنى بىرەر غەرەزنىڭ كەينىدىن كىشىلەرنى ئالداپ ئوتتۇرىغا چىققان بىر يالغانچى شەخس دېيىش ئىنتايىن چوڭ خاتالىقتۇر. مۇھەممەد رەببىدىن ئېلىپ كەلگەن دىن ھەقىقەتنىڭ ئۆزى. ئۇ سۆزلىگەن سۆزلەر ھەقىقەتنىڭ سادالىرىدۇر. ئىسلام دىنى پۈتۈن ئالەمنى يورۇتقان نۇرلۇق مەشئەلدۇر! بۇ دىن ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىدۇر. بۇ پەيغەمبەرلىك ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى – كەرەمى بولۇپ، ئۇنى خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ».

توماس كارلايىن ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ «مۇھەممەد كىشىلەرنى بۇ يېڭى دىنغا دەۋەت قىلىشتا پەقەت شۆھرەت تېپىش، مال – دۇنيا يىغىش ۋە ھاكىمىيەتكە چىقىشنى مەقسەت قىلاتتى» دېگەن باتىل دەۋالىرىغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەرەبلەر تاش يۈرەك، قوپال بىر مىللەت ئىدى. ئۇلارنى باشقۇرۇش ۋە يولغا باشلاش ئىشلىرى ئىنتايىن قىيىن ئىدى. ئەمما مۇھەممەد ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاش، كۆپىنچە ۋاقىتلىرىنى ئۇلار بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈش ئىشلىرىدا غەلىبە قىلدى. 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتى جەريانىدا ئۇلار بىلەن بىللە ياشىدى، بىرگە سەپەر قىلدى، بىرگە غازاتلارغا چىقتى. شۇ ۋاقىتتىكى ئەرەبلەرنى تەربىيىلەپ يولغا كىرگۈزۈش ۋە ھەق دىنغا باش ئەگدۈرۈش ئىشلىرىدا غەلىبە قىلالىغان ئادەم ھەقىقەتەن قەھرىماندۇر!

ئەرەبلەر مۇھەممەدتىكى ئالىي پەزىلەتلەرنى، گۈزەل ئەخلاقلارنى ۋە ھەققانىيلىقنى ۋايىغا يەتكەن ئىخلاسنى كۆرمىگەن بولسا ئىدى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا بويسۇنمىغان بولاتتى. ئويلايمەنكى، شۇ ۋاقىتتىكى ئەرەبلەرگە مۇھەممەد كەلمەستىن، شۇ زاماندىكى ھەيۋەتلىك پادىشاھ قەيسەر شۇ قۇدرىتى ۋە داغلىق تاجىسى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئۇلارنى بويسۇندۇرۇشقا ئورۇنغان بولسا، ئۇلارنى ھەرگىزمۇ بويسۇندۇرالمىغان بولاتتى. ئەمما مۇھەممەد يىرتىق، كونا كىيىملىرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇلارنى يولغا باشلىيالىدى. تالانت دېگەن ئەنە شۇ، ئۇلۇغلۇق دېگەن ئەنە شۇ، قەھرىمانلىق دېگەن ئەنە شۇ!»①.

ھىجرى 1427 _ يىل شەۋۋالنىڭ 15 _ كۈنى.

مىلادى 2006 _ يىل نويابىرنىڭ 7 _ كۈنى.

① ئەنگىلىيىلىك يازغۇچى توماس كارلايلنىڭ «قەھرىمانلار» ناملىق ئەسىرىدىن.

# پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇلۇغ ماقامىنى قوغدايلى! (5)

(گوللاندىيەدە ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىشلەنگەن فىلىمگە رەددىيە)

ھەقىقەت بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ تارىخى ئۇزۇن زامانلارغا قايتىدۇ. باتىلنىڭ تەرەپدارلىرى ھەر ئەسىر ۋە ھەر جايدا ھەقىقەتكە قارشى تۇرۇپ كەلمەكتە. لېكىن ئاللاھ تائالا باتىلنى ۋە باتىلنىڭ تەرەپدارلىرىنى ھەر زامان تارمار قىلىپ كەلدى. ئىبلىس ئاللاھنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشقا بۇيرىغان ئەمرىنى رەت قىلغان ۋاقىتتىن بىرى ھەقىقەتكە ۋە ھەقىقەت ئەگىلىرىگە بولغان كۆرەلمەسلىك، سۇيىقەست، دۈشمەنلىك ۋە ئۆچ ـ ئاداۋەت داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

ئىسلام دىنى مۇندىن بۇرۇن كۆپلىگەن چوڭ دۈشمەنلىكلەرگە ۋە كۆپلىگەن سۇيىقەستلەرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا بۇ دىنىنى ساقلاشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقتىن، دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىك پىلانلىرى ۋە ھۇجۇملىرى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇلۇپ كەلدى. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ دىنىنى تا قىيامەتكىچە شۇنداق ساقلايدىغانلىقىغا ۋە بۇ دىنغا بىلىپ، بىلمەي تىل تەككۈزمەكچى بولغان ئەبلەخلەرنى مۇشۇ دۇنيادىلا جازالاپ، باشقىلارغا ئىبرەت بېرىشىگە ئىمانىمىز كامىل.

مۇشۇ بىر قانچە يىل ئىچىدە ئىسلام ۋە ئىنسانىيەت دۈشمەنلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا، بۇ دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە بۇ دىنىنىڭ نۇرلۇق دەستۇرى بولغان قۇرئان كەرىمگە بىر قانچە قېتىملىق ئادالەتسىز ھۇجۇمى ۋە ئەدەپسىزلىكى مەيدانغا كەلدى. ئىش دەسلەپتە نورۋېگىيەدىن باشلاندى. 2005 _ يىلى مۇسۇلمانلارنىڭ شانلىق قۇربان ھېيتى ھارپىسىدا، نورۋېگىيىنىڭ «ماگازىنات» ژۇرنىلىدا، يەھۇدىي ئەسىللىك بىرسى تەرىپىدىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەجۋىي رەسىمى سىزىلدى. يەنە شۇ يىلى دانىيىنىڭ «گلاندز پوستېن» گېزىتىنىڭ 2005 _ يىلى 30 _ سىنتەبىر سانىدا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغ شەنىگە نومۇسسىزلارچە تىل ئۇزارتىپ 12 پارچە ھەجۋىيي رەسىم سىزىلدى. ئىنسانىيەتنىڭ، خۇسۇسەن دۇنيادىكى 1 مىليارد 400 مىليون مۇسۇلمان خەلقىنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان بۇ ئېغىر جىنايەتلەرگە قارشى كۈچلۈك ئىنكاسلار ۋە رەددىيەلەر تا ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە. بۇ قېتىم گوللاندىيە «ھۆررىيەت» پارتىيىسىنىڭ بېشىدا بولغان رادىكاللىق بىلەن تونۇلغان «گېرد فىلدرز»دېگەن بىرسى نام چىقىرىش ئارقىلىق سىياسى غەرەزلىرىگە يېتىش مەقسىتىدە، ئىسلام دىنىنى قارىلاپ بىر قىسقا فىلىم ئىشلىگەن. فىلىم 17 مىنۇتلۇق بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىسلام دىنىغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە قۇرئانغا تۈرلۈك تۆھمەتلەر بىلەن تىل ئۇزارتىلغان. فىلىمنىڭ نامىنى«پىتنە» دەپ ئاتىغان. فىلىم مۇندىن بۇرۇن دانىيىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە سىزىلغان ھەجۋىي رەسىم بىلەن باشلانغان. فىلىمنىڭ بېشىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىدىكى سەللە دەپ تەسۋىرلىگەن بومبا ئوت ئېلىشقا باشلايدۇ، فىلىم ئاخىرىدا بۇ بومبا پارتلايدۇ. فىلىمنى ئىشلىگۈچى بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ خەسىس غەرىزىنى ئىزاھلاپ «ئىسلام دىنى بۇزۇش ۋە ۋەيران قىلىش ئۈچۈن كەلگەن، بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇش مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەرنىڭ ھازارىتىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ» دېمەكچى بولىدۇ.

بىز بۇ خەسىس فىلىمگە قايتۇرىدىغان جاۋابىمىزنى مۇنداق تۆتكە بۆلۈپ بايان قىلىمىز:

1. فىلىم ئىشلىگۈچى ئۆزى نەقىل كەلتۈرگەن ئايەتلەرنى بۆلۈۋېتىپ ۋە مەنىسىنى ئۆزگەرتىپ چۈشەندۈرگەن.

(1) فىلىمدا دەسلەپ ئوقۇلغان قىرائەت ئاللاھ تائالانىڭ(ئۇلارغا( دۈشمەنلەرگە)قارشى قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ ۋە سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلارنى، شۇنداقلا ئۇلاردىن باشقا سىلەر بىلمەيدىغان، پەقەت ئاللاھ ئۆزى بىلىدىغان دۈشمەنلەرنىمۇ قورقىتىسىلەر)[1] دېگەن سۆزى بولغان. قىرائەت بۇ يەرگە كەلگەندە توختىتىلغان، ئايەتنىڭ ئاخىرى ئوقۇلمىغان. فىلىم ئىشلىگۈچى بۇنىڭ بىلەن ئايەتتىكى«ترھبون» (قورقىتىسىلەر) دېگەن سۆز ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى تېررورىستلىق دىنى دەپ قارىلىماقچى بولغان. بۇ ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ بىردەك تىرىشىۋاتقان غەرىزىدۇر. بىز مۇسۇلمانلىق سۈپىتىمىز بىلەن بىزنىڭ ئۇلۇغ دەستۇرىمىز قۇرئان كەرىمدىكى ئايەتلەردىن خۇدۈكسىرمەيمىز، خىجىل بولمايمىز، بۇ خىلدىكى ئايەتلەرنى ھەرگىز ئىنكارمۇ قىلمايمىز. بەلكى ئۇنىڭ تىلاۋىتى بىلەن پەرۋەردىگارىمىزغا ئىبادەت قىلىمىز، مەنىسى بويىچە ئەمەل قىلىشقا مۇيەسسەر قىلىشىنى ئاللاھتىن سورايمىز.

بۇنىڭغا مۇنداق ئىككى يول بىلەن رەددىيە بېرىمىز:

بىرىنچىسى، ئىسلام دىنىنىڭ ئۆز ئەھلىنىڭ قوغدىنىشى ۋە دۈشمەنلىرى ئالدىدا پۇت تىرەپ تۇرالىشى ئۈچۈن ئۇلارنى قوراللىنىشقا ۋە ھەر زامان دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن ھوشيار بولۇشقا چاقىرغان بۇ ئايەتنى ئىنكار قىلىپ، بۇ دىننى يولسىز ھالدا قارىلىماقچى بولغانلار ياخشى بىلىدۇكى، ئۇلار ئەيىبلىمەكچى بولغان بۇ ئىشنى _ قوراللىنىش ۋە دۈشمەنلىرىنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە سېلىپ قوغدىنىشنى _ ھازىرقى چوڭ دۆلەتلەر قىلىۋاتىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى چوڭ، زومىگەر دۆلەتلەر ئاتوم بومبىلىرى، قىرغۇچ قوراللار،

---

[1] ئەنفال سۈرىسى، 60 _ ئايەت.

ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى، دېڭىز ئاستى قوراللار ۋە باشقىلارنى ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنى قوغداش، ئۆزلىرىگە كۆز تىكىۋاتقان دۈشمەنلىرىنى قورقۇتۇش، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە ۋەھىمە سېلىش ئۈچۈن ياسايدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىمۇ دەل شۇ! مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنلىرىنى بېسىۋالغان كاپىرلار مۇسۇلمانلاردا مۇشۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ئەمەلىيلىشىۋاتقان ھېچبىر زامان ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىنى بېسىۋېلىش خىيالىغىمۇ كېلەلمىگەن ئىدى. بۇنىڭغا تارىخ ئەڭ ياخشى گۇۋاھچىدۇر. پەقەت مۇسۇلمانلاردا مۇشۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ئەمەلىيلىشىشتىن قېلىپ قالغاندىن كېيىنلا، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىنى بېسىۋېلىش، بايلىقلىرىنى تالان – تاراج قىلىش خاھىشلىرىنى ئىشقا ئاشۇرالىغان بولدى. بۇنىڭ ئەڭ يېقىنقى مىسالى ئىراق. مۇستەملىكىچىلەر ئىراققا كىرىشتىن بۇرۇن ھەرخىل نەيرەڭلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئىراق ھۆكۈمىتىنى زامانىۋى قوراللىرىنى، راكېتالىرىنى يوق قىلىشقا قىستىدى. ئۇلار قوراللىرىنى يوق قىلىپ بولغاندىن كېيىنلا ئىراققا ھۇجۇم باشلىدى ۋە بېسىۋالدى. بۇ ئايەتنىڭ ھەقلىقىغە بۇنىڭدىنمۇ ياخشى مىسال بارمۇ؟!

ئەگەر بىز مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئۇلۇغ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئۆزىمىزنى قوراللاندۇرغان ۋە دۈشمەنلىرىمىزگە ھەيۋە كۆرستەلىگەن بولساق ئىدى، بۈگۈنكىدەك مەزلۇم، ئەسىر، مۇستەملىكە بولۇپ قالمىغان بولاتتۇق.

ئىككىنچىسى، يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئايەتنىڭ داۋامى فىلىم ئىشلىگۈچىنىڭ غەرىزىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ، ئۇنىڭ ئىسلام دىنىغا تېررورلۇقنى مەنسۇپ قىلىشىغا ئىمكان بەرمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئايەتتىن كېيىنلا كەلگەن ئايەت (ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن، ئاللاھقا تايانغىن. چۈنكى ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر][1] دېگەن ئايەت بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىقنى خالايدىغانلىقى، ئەگەر دۈشمەنلىرى يامان نىيەتلىرىدىن يېنىپ تىنچلىق يولىنى تاللاپ، مۇسۇلمانلارغا تەگمەيدىغان بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭمۇ تىنچلىق ئىچىدە ئۆتۈشى لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ ئادالەتلىك ۋە ئېسىل پرىنسىپ بارمۇ دۇنيادا؟!

ئەگەر پۈتۈن ئىنسانىيەت دۇنياسى، خۇسۇسەن دۇنيانى ھەيۋىسى بىلەن قورقىتىپ تۇرىۋاتقان چوڭ، زومىگەر دۆلەتلەر قۇرئاننىڭ كەرىمنىڭ بۇ تىنچلىق پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرۈپ، يامان نەپسىنى يىغقان بولسا ئىدى، بارلىق ئىنسانىيە ئۇرۇغى بۇ دۇنيادا بەختلىك، خاتىرجەم ياشىغان ۋە بىر مۇنچە مىللەتلەر مۇستەملىكە ئاستىدا قالمىغان بولاتتى.

(2) فىلىمدا قىرائەت قىلىنغان ئىككىنچى ئايەت: (شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۆكۈلگەن چاغدا ئازابنى تېتىتىش ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرىلەرنى يەڭگۈشلەيمىز. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر)[2] دېگەن ئايەت بولۇپ، فىلىم ئىشلىگۈچى بۇ ئايەتنى ئۆزىنىڭ «ئىسلام دىنى ئۇنىڭغا قارشى چىققۇچىلارنى ئۇلارنى تېرىلىرى پىشىپ تۆكۈگەنگە قەدەر كۆيدۈرۈپ جازالاشنى بۇيرۇيدۇ، بۇ ئۇلاردا ئىلاھىي قانۇنىدۇر» دېگەن سەپسەتىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كەلتۈرگەن. بۇنىڭغا يەنە ئىككى يول بىلەن رەددىيە بېرىلىدۇ:

بىرىنچىسى، بۇ فىلىم ئىشلىگۈچىنىڭ ئىنتايىن ئەبگالىقىنى ياكى كىشىلەرنىڭ كۆزىنى بوياشتا مەغلۇب بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئايەت كاپىرلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەمەس، بەلكى قىيامەت كۈنىدىكى جازاسىنى بايان قىلغان. بۇ ئايەتتىن كېيىنلا مۇئمىنلەرنىڭ قىيامەت كۈنىدە ئېرىشىدىغان مۇكاپاتى بايان قىلىنغان: (ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمىز، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. ئۇ يەردە ئۇلارغا پاك جۈپتىلەر بولىدۇ، ئۇلارنى جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك سايىسىغا داخىل قىلىمىز)[3].

ئىككىنچىسى، بۇ ئايەت ئۈستىدە ئازراق پىكىر يۈرگۈزگەن ئادەم فىلىم ئىشلىگۈچىنىڭ ئايەتنىڭ مەنىسىنى بۇرمىلىغانلىقىنى، قۇرئانغا تۆھمەت قىلغانلىقىنى ھامان بايقايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايەتتە (ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۆكۈلگەن چاغدا ئازابنى تېتىتىش ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەيمىز) دېگەن. بۇ دۇنيادا مۇسۇلمانلار كۆيگەن ئادەمنىڭ تېرىسىنى يەڭگۈشلىيەلەمدۇ؟ بۇنى دەۋا قىلغان ئادەممۇ يوق.

2. فىلىمدىكى رەسىملەر فىلىم ئىشلىگۈچىنىڭ غەرىزى ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدۇ. بۇنىڭ مىساللىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) فىلىمدا رافىزە ۋە شىئەلەردىن بولغان بىر جامائەتنىڭ ئۆزلىرىنى ۋە باللىرىنى پىچاقلار بىلەن ئۇرۇپ زىدە قىلىۋاتقانلىقى، ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ھالدا باش – كۆزلىرى قانغا بويالغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشلار بىزنىڭ دىنىمىزدىن ئەمەس. پەقەت ئۆزلىرىنى ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ قىلىۋالغان بەزى ئازغۇن مەزھەبلەرنىڭ كىشىلىرىنى جاھالەتتىن مۇنداق ئىشلارنى دىنىي تۈستە كۆرسىتىپ قىلىۋاتىدۇ. فىلىمدىكى قانغا بويالغان ھالدا تىكلەنگەن قىلىچ رافىزەلەرنىڭ مۇراسىملىرىدا قىلىدىغان ئادىتىدۇر. فىلىم ئىشلىگۈچى بۇ مەنزىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ كاپىرلارنىڭ باشلىرىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىنكى تەنتەنىسى دەپ، تەسۋىرلەپ كۆرسىتىشكە تىرىشقان.

(2) فىلىمدىكى يەنە بىر كۆلكىلىك قىيقىزىل يالغاندىن بىرى مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ يۈزلىرىنى نىقاپلىۋالغان ھالدا، «گىتلېر

---

① ئەنفال سۈرىسى، 61 _ ئايەت.
② نىسا سۈرىسى، 56 _ ئايەت.
③ نىساسۈرىسى، 57 _ ئايەت.

ياشىسۇن»دېگەن شوئارنى كۆتۈرۈۋالغان رەسىمى ئىدى. دېمەكچىمىزكى، بۇ ئويۇنچۇق يالغان! بىزنىڭ دىنىمىز كاپىرلىق ھالىتىدە ئۆلگەن ئادەمگە دۇئا قىلىشنى مەنئى قىلىدۇ.(پەيغەمبەرگە ۋە مۇئمىنلەرگە مۇشرىكلارنىڭ ئەھلى دوزاخ ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس)[1] مۇسۇلمان، دىندار ئاياللار قانداقمۇ گېتلېرگە دۇئا قىلسۇن؟!

3. فىلىمدا تەسۋىرلەنگەن، بەزىسى راست، بەزىسى يالغان بىلەنلا قاپلانغان خۇنۇك كۆرۈنۈشلەر بولۇپ، بۇنىڭ مىسالىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) فىلىمدا كىچىك بىر مۇسۇلمان قىز بىلەن سۆھبەت بولىدۇ. سۆھبەتتە قىزدىن خىرىستىيانلار بىلەن يەھۇدىيلار ھەققىدە سورىلىدۇ. قىز جاۋابىدا،«ئۇلار مايمۇنلار، تۆڭگۈزلەر»دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ قىپقىزىل تۆھمەت بولۇپ، ئىسلام دىنى خىرىستىيانلار بىلەن يەھۇدىيلارنى مايمۇن، تۆڭگۈز ئورنىدا كۆرمەيدۇ. پەقەت قەدىمقى يەھۇدىيلاردىن بولغان بىر تائىپە كىشىلەر ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدىن چىققانلىقى سەۋەبلىك، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ سۈرىتىنى مايمۇنغا ئۆزگەرتىۋېتىش بىلەن جازالىغانلىقى ھەققىدىكى قىسسە قۇرئان كەرىمدە كەلگەن. (ئاراڭلاردىكى شەنبە كۈنى (بېلىق تۇتماسلىق) توغرىسىدىكى شەرىئەت چەكلىمىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى (قانداق قىلغانلىقىمىزنى)، ئەلۋەتتە بىلىسىلەر، بىز ئۇلارغا: «خار مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار»دېدۇق)[2]، (ئۇلار مەنئى قىلىنغان نەرسىنى تەرك ئېتىشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا: «خار مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار» دېدۇق)[3].

(2) فىلىمدە بىر مەسجىدنىڭ خەتىبىنىڭ قىلىچنى قولىغا ئېلىپ كۇففارلاغا تەھدىد سالغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ئېيتىمىزكى، جۈمە خۇتبىسىدا قولىغا قىلىچ ئېلىپ مۇسۇلمانلارنى مۇستەملىكىچى كاپىرلارغا قارشى جىھادقا چاقىرغان خەتىب ئىراقتىكى مەسجىدنىڭ خەتىبىدۇر! مۇسۇلمانلار شۇنداق قىلماي نېمە قىلىشى كېرەك ئىدى؟ زورلۇق بىلەن ۋەتىنىگە بېسىپ كىرگەن دۈشمەنگە تەسلىم بولۇپ، ئاللاھ قوغداشقا بۇيرىغان ۋەتەننى، دىننى، نومۇسنى، مال – مۈلۈكنى قوغداش يولىدا كۈرەش قىلماستىن، ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىشى كېرەكمىدى؟ زادى نېمە قىلىشى كېرەك ئىدى؟ ئىسلام دىنى خارلىق دىنى ئەمەس، بەلكى ئەزىزلىق دىنى. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ خار ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى، باشقىلار تەرىپىدىن ئېزىلىشىنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ. ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ ۋەتىنىگە بېسىپ كىرگەن ئىستېلاچىلارغا قارشى جىھاد قىلىشى پەرزدۇر. بۇنى يەر يۈزىدىكى ئەقلى بار ئىنسان ئەلۋەتتە قوللايدۇ. چۈنكى دۇنيادا ھېچقانداق بىر دىن ياكى قانۇن ياكى پەلسەپە «ئۆيۈڭگە ئوغرى كىرسە، ئىشىكنى ئېچىپ بېرىپ جىم يات» دېمەيدۇ. بۇ چوڭ مۇستەملىكىچى دۆلەت ئامېرىكىنىڭ بىر ئەمەلدارى: «بىراۋ مېنىڭ ۋەتىنىمنى بېسىۋالماقچى بولسا، ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىمەن» دېگەن. ئۇ بۇ سۆزىدە ھەقىقەتنى ئېيتقان. چۈنكى مۇستەملىكىچىگە قارشى ئۇرۇشۇش ھەركىمنىڭ ھەققى. ئەھۋال بۇنداق بولغان يەردە، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى جىھاد قىلىشىنىڭ نېمىسى يامان ئىكەن؟ فىلىمدە تەسۋىرلەنگەن بىر قىسىم ھەقىقەت دېگىنىمىز مانا مۇشۇ.

4. ئىسلام دىنىنى تېررورىستلىقنى تەرغىب قىلىدىغان دىن دەپ قارىلاش بۇ فىلىمنىڭ ئاساسىي نىشانى بولۇپ، فىلىم ئىشلىگۈچى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن بۇ نىشانىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشقان. بىز دەيمىزكى، ئىسلام دىنى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن بىردىنبىر رەھمەت دىنىدۇر. ئۇ مۇسۇلمانلارغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسان ئەۋلادى ئۈچۈن ئادالەت ئېلىپ كەلگەن دىندۇر. مىسىر، ئىسپانىيە ۋە باشقىمۇ دۆلەتلەردە بولغاندەك باشقا دىنىنىڭ ئەھلىلىرىنى شۇ دەۋر زالىملىرىنىڭ قولىدىن ئازات قىلىپ، بەختلىك، خاتىرجەم ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغانمۇ ئىسلام دىنىدۇر. يەھۇدىيلارمۇ ئىسلامنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشكەن مىللەتلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇنىڭغا مۇسۇلمان ئەمەسلەرمۇ گۇۋاھتۇر. يەھۇدىيلارنىڭ مەشھۇر يازغۇچىلىرىدىن ئىسرائىل ۋېلفىسون مۇنداق دەپ يازغان: «يەھۇدىيلارنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستان رايونلىرىدا تارتقان زىيانلىرى ئىسلام دىنىنىڭ كېلىشى بىلەن تاپقان پايدىلىرىنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسە سانالمايدۇ. رىم دۆلىتىنىڭ ئىقلىملىرىغا تارقىلىپ كەتكەن ۋە ئۇلارنىڭ ئەڭ قاتتىق ئازاب – ئوقۇبەتلىرىگە ئۇچراپ كېلىۋاتقان نەچچە يۈزمىڭ يەھۇدىينى ئىسلام ئاچقۇچى قوشۇنلار قۇتقۇزۇپ قالغان ئىدى».

ئىسلام دىنى خورلىنىش ۋە ئېزىلىش دىنى ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش، ۋەتەنلىرىنى دۈشمەنلىرىدىن ھىمايە قىلىش يولىدا جىھاد قىلىش ئەڭ ئۇلۇغ ئەمەللەردىن سانىلىدۇ. ئىسلام دىنىدا كىشىلەرنى دىنغا كىرىشكە زورلاش يوق. چۈنكى ئىسلامنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى چىن ئىخلاس ۋە راستچىللىق بىلەن ئىمان ئېيتىشتۇر. ھالبۇكى، زورلۇق بىلەن بۇ دىنغا كىرگەن قەلبىدە ئىخلاس ۋە راستچىللىق بولمايدۇ. ئۇ پەقەت ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈنلا يالغاندىن ئىمان ئېيتىپ قويۇپ مۇناپىقلىق قىلىدۇ. ئىسلام دىنى مۇنداقلارنىڭ مۇسۇلمانلار سېپىدە بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. بەلكى ئىسلام نەزىرىدە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يامىنى مۇناپىقلاردۇر. بۇنىڭ ئەكسىچە، ياۋروپادا خىرىستىيان دىنىي خادىملىرىنىڭ كىشىلەرنى خىرىستىيان دىنىغا كىرىشكە زورلاش دولقۇنلىرىدا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملەرنىڭ سانى ئادەمنى چۆچۈتىدۇ. خىرىستىيان تارىخچىسى برىفولت ئۇلارنىڭ سانىنى 7مىليون بىلەن 15 مىليون ئارىسىدا، دەپ بېكىتكەن.

فىلىمدىكى ئويۇنچۇق ھەقسىزلىكتىن بىرى بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ سادىر قىلغان خاتالىقلىرىنى ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى سۈپىتىدە

---

① تەۋبە سۈرىسى، 113 _ ئايەت.
② بەقەرە سۈرىسى، 65 _ ئايەت.
③ ئەئراف سۈرىسى، 166 _ ئايەت.

كۆرسىتىشتۇر. ھالبۇكى، بىگۇناھ ئادەملەرنىڭ قېنىنى ئاققۇزۇش ئىسلام نەزەرىدە ئەڭ كەچۈرۈلمەس جىنايەت بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن باشلاپ پۈتۈن ئۆلىمالار قاتتىق رەت قىلىپ كەلگەن بىر ئىش. فىلىمدا لوندون ۋە مادرىدتا مۇسۇلمانلارنىڭ پويىزلار پارتىلاتقانلىقىنى تەسۋىرلىگەن. گەرچە بۇ ۋەقەلىك زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىككە قارشى ئېلىپ بېرىلغان بىر ئىش بولسىمۇ، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدىكى كاتتا ئۆلىمالار بىردەك رەت قىلغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا فىلىم ئىشلىگۈچى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلار بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشلىرىنى ئۇنتۇپ قالغان. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا 14 مىليون كىشى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا 55 مىليون كىشى ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ئۇرۇش مۇسۇلمانلار بىلەن خىرىستىيانلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش ئەمەس، بەلكى خىرىستىيانلار بىلەن خىرىستىيانلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش ئىدى. ئامېرىكىنىڭ ئاتوم بومبىسى بىلەن ياپونلۇقلارنى ئۆلتۈرۈش، ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلارنى قىرىپ تاشلاش، ئاۋستىرالىيەدىكى ئەسلى يەرلىك خەلقتىن يۈزدە يەتمىش پىرسەنتىنى قىرىپ تاشلاپ، قالغانلىرىنى يىراق قىشلاقلارغا پالاش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ زېمىنىغا ئىگە بولغانلار ۋە ئاسىيالىق خەلقلەرنى تۈركۈملەپ ئۆلتۈرۈش قاتارلىق جىنايەتلەرنى ئىشلىگەنلەرمۇ مۇسۇلمانلار ئەمەس، بەلكى خىرىستىيانلاردۇر. پەلەستىننى ۋە سۈرىيەنىڭ جولان ئېگىزلىكىنى بېسىۋالغان ۋە ھەر كۈنى بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قېنىنى ئېقىتىپ تۇرغانلارمۇ مۇسۇلمانلار ئەمەس، يەھۇدىيلاردۇر.

ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى بىرلەشكەن كۈچلەرنىڭ ئافغانىستان بىلەن ئىراقتىكى قەتلىئاملىرى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى قىزىل كىرېست ئارمىيەسىنىڭ شەرققە قىلغان يۈرۈشلىرىنى ئەسلىتىدۇ. تارىخ بەزى ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالسىمۇ ئىسپانىيەدە خىرىستىيانلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى قىرىپ تۈگىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ۋەھشىي قەتلىئاملىرىنى ھەرگىز ئۇنۇتمايدۇ. يېقىنقىسىنى دېسەك، بوسنىيەدە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىي جىنايەتلەرنى ئىشلىگەنلەرمۇ خىرىستىيانلاردۇر.

گۇستاۋ لوبون «ئەرەب مەدەنىيىتى»ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «پادىشاھ پىرىناد ئىسپانىيىدىكى مۇسۇلمانلارغا دىنىي ئەركىنلىك ۋە ئۆز تىلىنى ئىشلىتىشكە يول قويۇش ھەققىدە ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، 1499 _ يىلىغا كەلگەندە، ئەرەبلەرنى خىرىستىيانلاشتۇرش، دىنىدىن ۋاز كەچمىگەنلەرنى قىيىن – قىستاقلارغا ئېلىپ ئۆلتۈرۈش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ بىر ئەسىر داۋام قىلدى. كېيىن «تەپتىش مەھكىمىلىرى» دەيدىغان كومىتېت قۇرۇلۇپ ئۆزلىرىنى خىرىستىيان دەپ تۇرغان ئەرەبلەرنىمۇ كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرگەن. خىرىستىيان بولمىغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ – ئەر، ئايال، قېرى ، ياش، كىچىك بالا دەپ ئايرىماستىن _ كاللىسىنى كېسىش بۇيرۇقىنى بەرگەن كىشىمۇ شۇ ۋاقىتتىكى مەشھۇر «تەقۋادار» خىرىستىيان پوپى ۋە «تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ» رەئىسى كاردىنال ئىدى. لېكىن راھىب دومىنىكى ئەرەبلەردىن خىرىستىيان بولدۇق دېگەنلەرنىمۇ ئۆلتۈرۈش تەكلىپىنى بەرگەن. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ راست ئىمان ئېيتقان ياكى جانلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن يالغاندىن خىرىستىيان بولۇپ قويغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغانلىقى ئىدى».[1]

ئاخىرىدا بۇ ھەجۋىي فىلىمنى ئىشلىگەن ئەخمەقنىڭ قەدىمىزكى، ئىشلىگەن بۇ خەسىس فىلىمىدا مۇسۇلمانلارغا «كېلىگلار، كىتابىگلاردىكى تېررورلۇققا چاقىرغان ئايەتلەرنى يىرتىپ تاشلاگلار» دەپ تەكلىپ قويۇپسەن. ئەمدى جاۋاب بەرگىنكى، ئەگەر يەھۇدىي بولساڭ ئەلۋەتتە ئەھدە قەدىم (تەۋرات)گە ئىشىنىسەن. تەۋراتنىڭ تەسنىيە بۆلۈمى 20 _ باب 10 _ 17 _ تېكىستلىرىدە: رەب مۇساغا دېدىكى«بىرەر شەھەرگە ئۇرۇش ئۈچۈن كىرگىنىڭدە ئاۋۋال ئۇلارنى سۈلھى قىلىشقا چاقىرغىن، ئەمما ساڭا بېرىلگەن شەھەردە بىرەر جانىنىمۇ ھايات قالدۇرمىغىن، ھەممىسىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزگىن» دەپ كەلگەن. ئەگەر خىرىستىيان بولساڭ ئەھدە جەدىد (ئىنجىل)كە چوقۇم ئىشىنىسەن. مەتتا ئىنجىلىنىڭ 10 _ بۆلۈم 24 _ 26 _ تېكىستلىرىدە ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ: «مېنى سىلەر دۇنياغا تىنچلىق ئېلىپ كەلدى دەپ قالماگلار، مەن تىنچلىق ئۈچۈن ئەمەس، قىلىچ كۆتۈرۈش ئۈچۈن كەلدىم. مەن ئاتا بىلەن بالىسىنى، ئانا بىلەن قىزىنى كېلىنىنى قېيىن ئانىسىدىن ئايرىش ئۈچۈن كەلدىم. ئىنساننىڭ دۈشمىنى ئۆز ئائىلىسىدىكىلىرى بولىدۇ». بۇ ئۇيدۇرما ئىنجىلنىڭ رىۋايىتى بولۇپ، بۇنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ قىلىش چوڭ خاتالىقتۇر.

ئەمدى ئىنساپ بىلەن ئويلاپ باقايلى، مۇسۇلمانلار قاچان ۋە قەيەردە باشقىلارنىڭ زېمىنلىرىنى بېسىۋالغان؟ قاچان ۋە قەيەردە كىشىلەرنى دىنىغا كىرىشكە زورلاپ خىرىستىيانلاردەك قىيىنىغان؟ قاچان ۋە قەيەردە يەھۇدىيلاردەك باشقا دىنىنىڭ مۇقەددەساتلىرىنى ھاقارەتلىگەن؟ پۈتۈن ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارغا ۋە ئىسلام دىنىغا تىل تەككۈزۈشتە قوللىنىدىغان كوزىرى مۇسۇلمان فاتىھلىرىنىڭ (ئىسلام ئاچقۇچىلارنىڭ) پارس ۋە رىمغا ئوخشىغان جايلاردىكى ئىنسانلارنى زالىم مۇستەبىتلەرگە چوقۇنۇشنىڭ قوللىقىدىن قۇتقۇزۇپ، ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭدىن باشقىسىدىن قورقماسلىقتىن ئىبارەت ھۆرلۈككە، ئازادلىككە ۋە ئادالەتكە ئېلىپ چىققانلىقىنى ئىستېلا قىلىش دەپ خاتا تەبىرلەپ، جامائەتچىلىكنى قايىل قىلىشقا تىرىشىشتۇر. ئەگەر ئەھۋال راستىنلا شۇنداق بولۇپ، ئىسلام فاتىھلىرى ئىستېلاچى قوشۇن بولغان بولسا نېمە ئۈچۈن بۇرۇن ئۇلار ئىسلام ئېچىپ كىرگەن دۆلەتلەر ھازىر ئەرەبلەرنىڭ قولىدا بولماي ئۆز پۇقرالىرىنىڭ قولىدا بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئىران، مالايشىيا، ھىندونېزىيە، تۈركىستان، تۈركىيە، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان، خىتاي، بالقان رايونلىرى ئەرەبلەرنىڭ قولىدا بولمىدى؟ چۈنكى بۇ جايلارغا ئەرەبلەر ئىسلام ئېچىپ بارغان ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئىسلام فاتىھلىرى ئىستېلاچى قوشۇن بولسا نېمە ئۈچۈن بۇ رايونلارنى تۇتۇپ تۇرمىدى؟ ھالبۇكى، ئىستېلاچىلار كىرگەن يېرىدىن چىقمايدۇ ئەمەسمۇ؟ ئەندۇلۇس (ئىسپانىيە)نى بېسىۋالغان پەرەڭلەر، ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلارنى قىرىپ تاشلاپ ئۇ جاينى بېسىۋالغان، ئاۋستىرالىيەنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان ئىنگلىزلەر ھازىرمۇ شۇ دۆلەتلەرگە ئىگە بولۇپ تۇرماقتا ئەمەسمۇ؟ يېقىنقى مىسالنى ئالساق، پەلەستىننى بېسىۋالغان يەھۇدىيلار شۇنچىلىك قورقۇنچ ۋە ئامانسىزلىق ئىچىدە تۇرۇپ بىرەر قېتىم

① «ئەرەب مەدەنىيىتى» ناملىق ئەسەرنىڭ 270 _ ، 272 _ بەتلىرى.

بولسىمۇ پەلەستىندىن چىكىنىشنى ئويلاپ باقتىمۇ؟ ئىراقتا كىرگەن ئامېرىكىلىقلار قايتىپ چىقتىمۇ؟ دېمەك، ئىستىلاچى دېگەن ئۆزى بېسىۋالغان رايوندىن چىقىشنى خالىمايدۇ. ئەمما فاتىھلار كىشىلەرنى ھەقىقەتتە يۇزلەندۇرۇش ۋەزىپىسى تۈگىگەندىن كېيىن، رايوننى باشقۇرۇش ئىشىنى شۇ رايون ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ چىقىپ كېتىدۇ. مانا بۇ، مۇسۇلمان فاتىھلىرىنىڭ قىلغانلىرى ۋە ئىسلامىي ئەخلاقىدۇر.

بۇ خەسىس فىلىمنى ئىشلىگۈچى بۇ جىنايەتكە جۇرئەت قىلىشتا تۆۋەندىكىلەرنى مەقسەت قىلغان:

1. نام چىقىرىش ۋە سايلامغا كىرىش ئۈچۈن ئۇل ھازىرلاش.

2. يەھۇدىيلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش. چۈنكى فىلىمنىڭ كۆپ جايلىرىدا يەھۇدىيلارغا ئىچ ئاغرىتىش كۆرۈنۈشلىرى ئايان بولىدۇ. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مۇسۇلمانلارنى ئادەم ئۆلتۈرىدىغان قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەخمەق مۇنۇ ئىككى ئىشنى ئۇنتۇغان ياكى قەستەن بىلمەسكە سالغان:

بىرىنچىسى، مىليونلىغان يەھۇدىيلارنى كۆيدۈرۈۋەتكەن گىتلېر خىرىستىياندۇر. ئۇ «مېنىڭ كۈرەشلىرىم»ناملىق كىتابىدا «بۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى ئىدى»دەپ يازىدۇ.

ئىككىنچىسى، يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلاردىن كۆپ كىشىلەرنى ئۆلتۈردى ۋە ئۆي ماكانلىرىدىن ئايرىدى. ئەڭ ئاخىرقى جىنايىتى پەلەستىنىنىڭ غەززە رايونىدا ئېلىپ بارغان قەتلىئامىدۇر.

3. غەرب دۇنياسىنى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئېشىپ كېتىشىنىڭ خەتىرىدىن ئاگاھلاندۇرش.

4. قۇرئان كەرىمنى گىتلېرنىڭ «مېنىڭ كۈرەشلىرىم» ناملىق كىتابىغا ئوخشىتىش ئارقىلىق ئۇنى ياۋروپادا تارقىلىشتىن توسۇشقا تىرىشىش.

لېكىن بۇ ئەخمەق مۇرادىغا ئېرىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن ھەر تەرەپتىن كەلگەن تەنقىدلەر، تەھدىدلەر ۋە كۈلكىلىك مەسخىرىلەرگە كۆمۈلۈپ كەتكەن.. ئاللاھ ئاتالا ئۆزىنىڭ دىنىنى مەسخىرە قىلغانلارنى جازالىماي قويمايدۇ.

خۇلاسە:

غەرب دۇنياسىدا، بىر تەرەپتىن ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيىتىنى، ھەقىقىتىنى ۋە تەلىماتلىرىنى بىلمەسلىك، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئۇلۇغ دىنغا بولغان ئۆچمەنلىك سەۋەبتىن بۇ دىنغا، بۇ دىنىنىڭ پەيغەمبىرى ۋە دەستۇرى بولغان قۇرئان كەرىمگە نومۇسسىزلارچە تىل تەككۈزۈش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا ئازار بېرىش، ئىنسانىيەتنى بۇ دىندىن يىراقلاشتۇرۇشنى پىلانلاش سۇيىقەستلىرى يۈز بېرىپ كەلمەكتە. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ سۇيىقەستلىرى، ئورۇنسىز قارىلاشلىرى ئىنتايىن ئىبرەتلىك ھالدا مەغلۇب بولماقتا. ئىسلام دىنىنى قارىلاش مەقسىتىدە ئىشلەنگەن بۇ فىلىممۇ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. چۈنكى ئۇنىڭدىكى يالغانلارغا، توقۇلمىلارغا، تۆھمەتلەرگە ۋە ئۇيدۇرمىلارغا مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرمۇ ئىشەنمەيدۇ. ھازىرقى دۇنيا ئۇچۇر دۇنياسى بىر نەرسىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەكچى بولغان ئادەم ئۇنىڭ ئەسلى مەنبەلىرىدىن ئىزدەنگەندەك، ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيىتىنى بىلمەكچى بولغانلار ئالدى بىلەن قۇرئان كەرىمگە مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا گوللاندىيەدە بۇ فىلىمنى ئىشلىگەن ئەبگانىڭ مىكىرلىرىنى ئۆزىگە قايتۇردى ۋە ئۇنى مەقسىتىگە يېتىشتىن مەغلۇب قىلدى. بۇ فىلىم تارقالغاندىن كېيىن، گوللاندىيىلىكلەر ئارىسىدا، ئىسلام دىنىغا ئائىت كىتاب، ماتېرىياللارغا پەۋقۇلئاددە بىر قىزىقىش پەيدا بولدى. ئۇلار خېلى كۆپ كىشلەر ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى مەنبەلىرىگە مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق فىلىم ئىشلىگۈچىنىڭ توقۇلمىلىرىنى، تۆھمەتلىرىنى ، يالغانلىرىنى رەت قىلدى. گوللاندىيەدە مەزكۇر فىلىمنى كۆرگەندىن كېيىن مۇسۇلمان بولغان ئۈچ كىشىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمۇ بۇنىڭ بىر مىسالى. گوللاندىيەدىكى چوڭ شىركەتلەر فىلىم ئىشلىگۈچىگە قاتتىق تەھدىد سالغان. ئەگەر ئىسلام دۆلەتلىرى گوللاندىيەدىن سودا ئالاقىسىنى ئۈزىدىغان بولسا، فىلىم ئىشلىگۈچىنى سوتقا بېرىپ جازالىتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، فىلىم ئىشلىگۈچىنى قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلدۇرماقتا. ئاللاھ تائالا سۇيىقەستچىلەرنىڭ سۇيىقەستلىرىنى شۇنداق ئۆزلىرىگە قايتۇرىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنى.

ئاللاھ تائالا بۇ دىنغا شۇنداق نۇسرەت بەرگەنكى، بۇ فىلىم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، گوللاندىيەدىكى ھۆكۈمەت، شىركەت ۋە مۇئەسسەسەلەر مۇسۇلمانلار قارشى چىقىشتىن بۇرۇن بۇ فىلىمگە قارشى چىقىپ، فىلىم ئىشلىگۈچىنى ئەيىبلەشكە باشلىدى. ئۇلار ئىسلامنى تېررورىزمغا باغلاپ كۆرسىتىشنىڭ ئادىللىق ئەمەسلىكى، مۇسۇلمانلار بۇ خاتا تەشۋىقاتنىڭ قۇربانى بولۇپ قالغانلىقى، ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن ئىكەنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئوچۇق قىلدى. گوللاندىيە باش مىنىستىرى بۇ فىلىمگە بىرىنچى بولۇپ قارشى چىققانلارنىڭ بىرى ۋە فىلىم ئىشلىگۈچىنى ئەڭ قاتتىق تەنقىت قىلغانلارنىڭ بىرى بولدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىبى، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىبى، دۇنيادىكى كۆپلىگەن مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەرنىڭ مەسئۇللىرى، سىياسىيونلىرى بۇ فىلىمنىڭ دۆلەتنىڭ ياكى شەخسىي ھەر قانداق بىر تېلېۋىيە قانىلىدا كۆرسىتىشنى رەت قىلغانلىقى سەۋەبلىك بۇ فىلىم ئىنتېرنېت توربېتىدىلا ئېلان قىلىنغان ئىكەن.

2008 _ يىلى 29 _ مارت كۈنى بىرۇسسېلدىكى ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ رەئىسى بۇ فىلىمنى ئىشلىگەن گوللاندىيىلىككە ناھايىتى

قاتتىق تەلەپپۇزدا تەھدىت ياغدۇرغان. فىلىمدا گوللاندىيە، ياۋروپا ۋە پۈتۈن دۇنيادا مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى ھېسسىياتىغا زەربە بېرىش مەقسەت قىلىنغانلىقى، مۇنداق قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى ئىنسانىيەت ئۈچۈن پاجىئە كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شۇ كۈنى ياۋروپا ئىتتىپاقى رەسمىي قارار چىقىرىپ بۇ فىلىمنىڭ ئىسلام دىنىغا ئاشكارا تىغ تەڭلىگەنلىكىنى ئوچۇقلاپ، فىلىم ئىشلىگۈچىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن. ئىسلام دۆلەتلىرىمۇ بۇ فىلىمغا قارشى ئۆزلىرىنىڭ ئىپادىسىنى بىلدۈردى. بەزى دۆلەتلەر گوللاندىيە بىلەن پۈتۈن ئالاقىسىنى ئۈزگەن بولسا، بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ گوللاندىيىدىكى باش ئەلچىلىرىنى قايتۇرۇپ كەتتى. بەزى دۆلەتلەر دۆلەتلىرىدىكى گوللاندىيە ئەلچىلىرىنى چىقىرىپ تاشلىدى. ئاخىرىدا گوللاندىيە باش مىنىستىرى مىسىردىكى ئەل ئەزھەر ئالىي بىلىمگاھىنىڭ بۆيۈكى بولغان سەييد تانتاۋىغا مەخسۇس خەت يېزىپ، ئۇنىڭدىن ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلاردىن گوللاندىيە خەلقى نامىدىن ئۆزۈر تىلىدى ۋە بۇ فىلىمنى قەتئىي رەت قىلىغانلىقىنى، فىلىم ئىشلىگۈچىنىڭ مەسىلىسى گوللاندىيە سوتىدا بىر تەرەپ قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

سەئۇدى ئەرەبىستانىدا تونۇلغان ئالىم دوكتور ئائىز قەرنى گوللاندىيە مەھكىمىسىگە مەزكۇر فىلىمنى ئىشلىگەن «گېرت فىلدېرز» ئىسىملىك شەخس ئۈستىدىن رەسمىي ئەرز سۇنغان بولۇپ، يېقىندا مەھكىمە چىقىشى كۈتۈلمەكتە ئىكەن.

بۇنىڭدىن شۇ ھەقىقەت ئاشكارا بولىدىكى، بىزنىڭ ئۇلۇغ ئىسلام دىنىمىز ئاللاھ تائالا ئۆزى بىزگە تاللاپ بەرگەن مۇقەددەس دىن بولۇپ، ئۇنى قوغدىغۇچى ئاللاھتۇر! ئەگەر دىننى قوغدىغۇچىلار مۇسۇلمانلار بولغان بولسا ئىدى، ھازىرقى مۇسۇلمانلار بىپەرۋالىقى، ئاجىزلىقى، خورلۇقى، دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن، قۇرئاننىڭ تەلىماتلىرىدىن شۇنچىلىك يىراقلىقى بىلەن تۇرۇپ بۇ دىننى ھەرگىزمۇ قوغدىيالمىغان، بەلكى خىرىستىيان، يەھۇدىي دىنلىرىغا ئوخشاش ئەسلىنى يوقاتقان ياكى ئۆلاردىنمۇ بۇرۇنقى كۆپلىگەن دىنلاغا ئوخشاش ئاللىقاچان مۇنقەرزلىككە مەھكۇم بولغان بولاتتى.

2008 _ يىلى 7 _ ئىيۇن، كېچە

1429 _ يىلى1 _ جمادي الثاني

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇلۇغ ماقامىنى قوغدايلى(6)

زامان تەرەققىي قىلىپ، پەن _ تېخنىكىنىڭ ئىلگىرىلىشى، خۇسۇسەن بىئولوگىيە، فىزىكا ۋە باشقا پەنلەردە زور ئىلگىرىلەشلەرنىڭ ھاسىل بولۇشى نەتىجىسىدە، قۇرئان كەرىمنىڭ ۋە ئۇنىڭ بايانلىرىنىڭ ھەم بەرگەن خەۋەرلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىپ، دۇنيا خەلقىنى، خۇسۇسەن غەربتىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنى قايىل قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئامېرىكا ۋە غەرب ئەللىرىدىكى رادىكال كۈچلەرنىڭ ئوغىسى قايناشقا باشلىدى. چۈنكى ئۇلار دۇنيادا كىشىلەرنى قايىل قىلىشقا باشلىغان قانداقلا بىر دىن ۋە قانداقلا بىر پەلسەپىگە جىنى بىلەن قارشى تۇرۇپ، ئۆزلىرىنى ھەقلىق قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈنلا ھەرىكەت قىلىدىغان تەلۋىلەر بولۇپ، ئۇلار بۇنى دىنىي تەئەسسۇبلۇقتىنلا قىلمايدۇ، بەلكى كۆرەلمەسلىك، ئىچى تارلىق، مەنمەنچىلىك ۋە دۈشمەنلىك قاتارلىق ئەخلاقسىزلىقلارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قىلىدۇ.

ھەر زامان ھەقىقەتنىڭ دۈشمەنلىرى بولغىنىدەك، پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ دۈشمەنلىرى بولغان ۋە بولۇپ كەلمەكتە. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتتىن خەۋەر بېرىپ: (ھەربىر پەيغەمبەرگە بىر قىسىم گۇناھكارلارنى ئۇنىڭ دۈشمىنى قىلدۇق)[1] دېگەن.

مەلۇمكى، ئامېرىكا ۋە غەرب دۇنياسىنىڭ ئىسلام دىنىغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان دۈشمەنلىكى يېڭى بىر دۈشمەنلىك ئەمەس. بەلكى قەدىمىي دۈشمەنلىكتۇر. يەھۇدىيلا بىلەن خرىستىيانلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان ئۆچلىكىمۇ تارىخىي ۋە مەڭگۈلۈك ئۆچلۈك بولۇپ، بۇ ئۆچلۈك خۇددى ئىبلىسنىڭ تەۋەلىرى بولغان شەيتانلارنىڭ ئادەم باللىرىغا بولغان ئۆچلىكىگە ئوخشاش تاقىيامەتكىچە داۋام قىلىدىغا ئۆچلۈكتۇر. ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ئۆز دىنىغا كىرگۈزمىگىچە ئۇلارنى ئېتىراپ قىلمايدۇ ۋە ئۇلاردىن رازى بولمايدۇ. بۇ ھەقىقەتنى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۆز ۋاقتىدا مۇنداق يەتكۈزگەن: ((ئى پەيغەمبەر!) سەن يەھۇدىيلار ۋە خرىستىيانلارنىڭ دىنىغا كىرمىگۈچە، ئۇلار سەندىن ھەرگىز رازى بولمايدۇ)[2].

تارىختىن بىرى يەھۇدىي ۋە خرىستىيان رادىكاللىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا، قۇرئان كەرىمگە ۋە ئىسلام پەيغەمبىرىگە قارشى چاپلىمىغان تۆھمەتلىرى، ئېيتمىغان يالغانلىرى ۋە قىلمىغان ھاقارەتلىرى قالمىدى. ئۇلارنىڭ يازغۇچىلىرى ئەسەرلىرىدە، مۇئەللىملىرى مەكتەپلەردە ھەمىشە ئىسلام دىنىنى ئاساسسىز قارىلاپ كەلدى، ھەر پۇرسەتتە ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ كۆزىگە سەت كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ كەلدى. ئۇلار ئىسلام تارىخى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە يالغان بىلەن تۆھمەتتىنلا ئىبارەت بولغان خىيالىي قىسسىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىشتىنمۇ زېرىكمىدى. ئۇلار شۇنداق قىلىپ ئامېرىكا ۋە غەرب دۇنياسىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئەقلىيىتىدە ئىسلام ھەققىدە سەلبىي سۈرەتلەرنى يېتىلدۈرۈپ چىقىشتا قىسمەن غەلىبە قىلغان بولدى.

ئىسلام دۈشمەنلىكلىرى بۇنىڭ بىلەنلا كۇپايە قىلمىدى. بەلكى 8 قېتىملىق سەلىب ئۇرۇشلىرىنى قوزغاش ئارقىلىق شەرق ئىسلام ئەللىرىگە ھۇجۇم قىلدى، مۇسۇلمانلارنىڭ مال _ مۈلكىنى تالان _ تاراج قىلدى، بىگۇناھ جانلارنى نابۇت قىلدى، مەسجىد ۋە مەدرەسەلەرنى ئېغىر دەرىجىدە زىيانلارغا ئۇچراتتى. غەربلىك رادىكاللار بۇ جىنايەتلەرنى ئۆزلىكىدىن ۋە ھېچبىر سەۋەبسىز قىلدى. چۈنكى مۇسۇلمانلار ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچمىدى، ئۇلارنىڭ دىنىنى سۆكمىدى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ھېچ ۋاقىت قارىلىمىدى. ھەتتا مۇسا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالاملارغا ئىمان كەلتۈرۈشنى ئىمانىنىڭ شەرتلىرىدىن ياكى كېرەكلىك ماددىلىرىدىن بولۇپ، بۇ پەيغەمبەرلەرنى چىن قەلبىدىن سۆيۈپ كەلدى. مۇسۇلمانلار مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتلىرىدىكى يەھۇدىيلارغا، خرىستىيانلارغا ۋە باشقا دىندىكىلەرگە ھەقىقەتەن كەڭ قورساقلىق قىلدى، ئۇلارنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغداپ كەلدى، ئۇلارغا ۋە ئۇلارنىڭ دىنىغا زىيان _ زەخمەت يەتكۈزۈپ باقمىدى. بۇنىڭغا تارىخ ۋە ھازىرقى رېئاللىق گۇۋاھ بولماقتا.

ئۇنداقتا ئامېرىكا ۋە غەرب دۇنياسىدىكى رادىكال كۈچلەرنىڭ دەردى نېمە؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا بۇنچىلىك ئۆچمەنلىك قىلىدۇ؟

بۇنىڭ جاۋابى خۇددى بىز باشتا ئېيتقاندەك، ئىسلامنىڭ ئۇيۇزىدىن ۋە ئۇنىڭ دۇنياۋى دىن بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەش ۋە كۆرەلمەسلىكتىن ئىبارەتتۇر. ئامېرىكا ۋە غەرب ئەللىرىدىكى رادىكال شەخسلەر ئىلىم _ پەننىڭ تەرەققىي قىلىش نەتىجىسىدە قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەسلىكى ۋە ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكى ۋە بۇ قۇرئاننى ئاللاھتىن تاپشۇرۇپ ئالغان پەيغەمبەرنىڭ راستىنلا تەۋرات ۋە ئىنجىللاردا خەۋىرى بېرىلگەن ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ئىكەنلىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنى قايىل قىلىشقا باشلىشىدىن قاتتىق بىئارام بولغان ۋە بۇ تەسىرنى كىشىلەرنىڭ زېھنىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلام ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھەقىقىي ئوبرازىنى بورمىلاپ سەلبىي قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن نەپرەتلەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشقان.

---

① فۇرقان سۈرىسى،31 _ ئايەت.
② بەقەرە سۈرىسى، 120 _ ئايەت.

ئامېرىكا ۋە غەرب ئەللىرىدىكى رادىكال شەخسلەر ئىسلام دىنىنى تىنچلىقنى خالىمايدىغان، ئۇرۇشقاق، باشقا مەدەنىيەتلەر ۋە دىنلار بىلەن چىقىشالمايدىغان، باشقىلارغا يول قويمايدىغان رادىكال دىن قىلىپ كۆرسىتىش يولىدا ئۇزۇن يىلدىن بېرى تىرىشىپ، كۈچ سەرپ قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلار بۇ رەزىل غەرەزلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تۆۋەندىكى چارىلەرنى قوللانغان:

1. قۇرئان كەرىمنى غەربلىك ۋە ئامېرىكىلىق شەرقشۇناسلارنىڭ، ئىسلامغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى مەۋقەدىكىلەرنىڭ تەۋىللىرى بويىچە تەپسىر قىلىپ، ئىسلام ئەقىدىسىنى، ئىسلام ئەخلاقىنى ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئوبرازىنى پۇچەكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش.

80 _ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ئامېرىكا ۋە غەرب دۇنياسىدا قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ئۆز خاھىشلىرى ۋە رەزىل غەرەزلىرى بويىچە تەۋىل قىلىپ تارقىتىش دولقۇنى ئەۋجىگە چىققان بولۇپ، بۇ ماۋزۇدا نۇرغۇنلىغان يالغان _ ياۋۇداق ھېكايىلەر نەشر قىلىنغان. شۇ ۋاقىتتىكى دولقۇندا غەرب دۇنياسىدىكى كۆپلىگەن جەمئىيەتشۇناسلار، سىياسىيونلار، مۇتەپەككۇرلار ئىسلامغا قارشى يېزىشقا كىرىشىپ كەتكەن.

2. ئەنگلىيەدىكى ھىندىستانلىق سالمان رۇشدىغا ئوخشىغان بەزى رادىكال يازغۇچىلار ئىسلام ۋە ئىسلام پەيغەمبىرىنىڭ ئوبرازىنى سەلبىي قىلىپ كۆرسىتىدىغان رۇمان ۋە قىسسىلەرنى يېزىپ چىقىپ، ئامېرىكا ۋە غەرب دۇنياسىدىكى زىيالىلارنىڭ كاللىسىغا ئىسلامغا قارشى دۈشمەنلىك مەۋقەسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا تىرىشقان. 80 _ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا سالمان رۇشدىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى توغرۇلۇق يازغان«شەيتان داستانى» ناملىق رۇمانى دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ غەزىپىنى ئۆرلەتكەندەك، مۇسۇلمان ئەمەس خەلقلەرنىمۇ غەزەبلەندۈرگەن ئىدى. چۈنكى مۇنداق يالغان قىسسىلەرنى تىزىپ رۇمان قىلىپ چىقىش ئارقىلىق دۇنيا نوپۇسىنىڭ تۆتتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ غۇرۇرىغا تېگىش ۋە ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى زېدىلەشنى ھېچقانداق قانۇن، ھېچقانداق پەلسەپە ۋە ھېچقانداق دىن قوبۇل قىلالمايتتى. پىكىر ئەركىنلىكىنى باھانە قىلىپمۇ بۇ چوڭ جىنايەتنى ئاقلىغىلى بولمايتتى. چۈنكى پىكىر ئەركىنلىكى باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمەسلىك چەك _ چېگرىسى ئىچىدە بولۇشى لازىم. ئەمما باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىنى زېدىلەش پىكىر ئەركىنلىكى ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتكە قىلىنغان جىنايەتتۇر.

3. دانىيەدىكى خىرىستىيان رادىكال كۈچلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەجۋىي رەسىمىنى سىزىپ تارقىتىشقا جۈرئەت قىلىشى 21 _ ئەسىردىكى ئىسلامغا تۆھمەت قىلىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوبرازىنى سەلبىي قىلىپ كۆرسىتىش جىنايىتىنىڭ يېڭى بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ.

دانىيەنىڭ «جىيلاندز پوستىن»گېزىتى 2005 _ يىلى 30 – سىنتەبىر سانىدا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغ شەنىگە نومۇسسىزلارچە تىل ئۇزارتىپ، ئۇنى 12 پارچە ھەجۋىي رەسىمدە سىزىش ئارقىلىق، مۇسۇلمانلار ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەت ئالدىدا كەچۈرۈلمەس جىنايەت ئۆتكۈزگەنىدى. مەزكۇر 12 پارچە ھەجۋىي رەسىمنىڭ بىرىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بېشىغا ئورالغان بومبىغا ئوخشىتىلغان سەللە كىيگەن ھالدا تەسۋىرلىگەن. رەسىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گويا بىر ئۇرۇش جىنايەتچىسىگە ياكى تېرورىستقا ئوخشىتىلغان. ئىسلام ئەللىرى، خۇسۇسەن سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى گېزىت تەھرىراتىنىڭ بۇ كەچۈرۈلمەس جىنايىتىگە قارشى قاتتىق غەزەپلەنگەن ۋە بۇ جىنايەتكە نارازىلىق بىلدۈرۈپ دانىيە ھۆكۈمىتىگە مۇراجىئەت قىلغان بولسىمۇ، دانىيە ھۆكۈمىتى «پىكىر ئەركىنلىكى»نى باھانە قىلىپ دەسلەپتە بۇ مۇراجىئەتكە ئىنكاس قايتۇرمىغان ۋە بۇنىڭغا ئاساسەن سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى دانىيە بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈش ئۈچۈن دانىيە پايتەختى كوپىنھاگىندىكى باش ئەلچىسى مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ھۇجەيلاننى قايتۇرۇپ كەلگەنىدى.

4. 2012 _ يىلىغا كەلگەندە، ئىسلامغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى دۈشمەنلىك يەنە بىر دەرىجە تەرەققىي قىلىپ، فىلىم ئىشلەشكە قەدەر يېتىپ بارغان. 2012 _ يىلى سىنتەبىرنىڭ 13 _ كۈنى ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شىتاتىدا تۇرۇشلۇق ئەسلى مىسىرلىق رادىكال خىرىستىيان نىكولا باسلى ئامېرىكىدىكى رادىكال يەھۇدىي قىساسچىلىرىنىڭ مەبلەغ توپلاپ بېرىشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغ شەنىگە قەتئىي ياراشمايدىغان شەكىلدە بىر فىلىم ئىشلەپ چىقارغان. فىلىمنىڭ نامىنى «مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھسىزلىقى» دەپ ئاتىغان. فىلىم ئەسلىدە ئىككى يېرىم سائەتلىك بولۇپ، ئىنتېرنېت تورىدا ئاران 13 مىنۇتىنىلا ئېلان قىلالىغان. فىلىمدە ئىنسانىيەتنىڭ ئەخلاق ئۇستازى ۋە ئىپتىخارلىق ئۈلگىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق ئوبرازى ئادەتتىكى ئىنساندىنمۇ تۆۋەن قىلىپ تەسۋىرلەنگەن ۋە ئۇنىڭغا ئەخلاقلىق بىر ئادەمنىڭ شەنىگە ھەرگىزمۇ مۇناسىپ كەلمەيدىغان رەزىل تۆھمەتلەرنى چاپلىغان.

فىلىم ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، پۈتۈن دۆلەت مەسئۇللىرى، مۇتەپەككۇرلار، دىن ئادەملىرى، سىياسىيلار بۇ فىلىمنى ئىشلىگۈچىلەرنى قاتتىق ئەيىبلىگەن. ھەتتا ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىن بۇنداق فىلىمنى ئىشلەشنىڭ ھەقىقەتەن ئەڭ رەزىل ۋە كەچۈرۈلمەس بىر قاباھەت ئىكەنلىكىنى جاكارلانغان. ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى قىلمىشى ھەر قايسى دىن ئىگىلىرىنىمۇ قاتتىق نارازى قىلغان. ھەتتا كالىفورنىيەدىكى قىبتىلار چېركاۋىنىڭ راھىبىمۇ بۇ فىلىمنى ئەيىبلىگەن ۋە مۇنداق دېگەن«بىز بۇ فىلىمنى قاتتىق ئەيىبلەيمىز. چۈنكى بىزنىڭ دىنىمىزنىڭ تەلىماتى بىزگە باشقا دىندىكىلەرنىڭ ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىشنى پەرز قىلغان».

مۇسۇلمان ئەللىرىدە بولسا، ھەر يەردە ئامېرىكىغا قارشى نامايىشلار يۈز بەردى. نامايىش جەريانىدا مۇسۇلمانلاردىن بىر قانچە كىشى ھاياتىدىن ئايرىلدى. ھەتتا مۇسۇلمان ئەمەسلەردىنمۇ بەزى كىشىلەر بۇ جىنايەتنىڭ قۇربانى بولدى. مەسىلەن: لىۋىيەنىڭ بېنغازى شەھىرىدە تۇرۇشلۇق ئامېرىكا باش ئەلچىسى ئەلچىخانا بىلەن پارتلاش نەتىجىسىدە ھاياتىدىن ئايرىلدى. بۇ ئادەم ھەقىقەتەن

ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن بولدى.

**نېمە ئۈچۈن ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوبرازى بىلەن ئوينىشىدۇ؟**

چۈنكى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ۋە تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بىر شەخسنىڭ ئوبرازى بىلەن ئوينىشىش ۋە ئۇنى سەلبىي قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇش ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە ئۇنى سۆيىدىغانلارنىڭ ھېسسىياتىنى زىدىلەشكە ۋە ئۇلارنى مەنىۋى جەھەتتىن ئازابلاشقا يېتەرلىكتۇر. شۇڭا ئىنسانىيەت دۈشمەنلىرى بولغان رادىكال خىرىستىيانلار بىلەن رادىكال يەھۇدىيلار دۇنيادىكى بىر يېرىم مىليارد مۇسۇلمان خەلقىنىڭ غۇرۇرىغا تېگىشنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى زىدىلەشنىڭ قانچىلىك چوڭ قاباھەت ۋە ئېغىر جىنايەت ئىكەنلىكىنى ھېسابقا قوشماستىن، پەقەت ئىسلام دىنىنى تېررورلۇقنى تەشەببۇس قىلىدىغان، تىنچلىقنى خالىمايدىغان دىن دەيدىغان تۆھمەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈنلا بىزنىڭ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇلۇغ شەنىگە تىل تەككۈزۈشكە ئۇرۇنغان.

توغرا، رادىكال يەھۇدىيلار بىلەن رادىكال خىرىستىيانلارنىڭ يەتمەكچى بولغان رەزىل مەقسىتى ئىسلام دىنىنى خەلقى ئالەمگە تېررورىست دىنى دەپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى قايىل قىلىشتۇر. شۇڭا ئۇلار بۇ رەزىل مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا كېچە _ كۈندۈز تۇرماستىن ھەرىكەت قىلىپ كەلمەكتە.

بۇ رەزىل فىلىمنى ئىشلەپ چىقىشقا يېقىندىن ياردەمچى بولغان ستىفىن كلېين فىلىم ئىشلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ غەزىبىنى ئۇرلەتكەن ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بولغان نامايىشلارنى كۆرگىنىدىن كېيىن، مۇنداق دېگەن: «بۇ فىلىم ئارقىلىق بىز مەقسەت قىلغان ئادەملەرگە ئېرىشتۇق. چۈنكى مەن ئىسلامغا قارشى بىرەر سۆز قىلسام ھامان ئۇلار نامايىش قىلىدۇ ۋە قان تۆكىدۇ» دېگەن. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى شۇكى، بىز ئىسلام دىنىنىڭ تېررورىستلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر دىن ئىكەنلىكىنى خەلقى ئالەمگە ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىسلامغا ياكى ئىسلام پەيغەمبىرىگە ھاقارەت قىلساق، ھامان مۇسۇلمانلارنىڭ قاتتىق جاۋابىنى ئالىمىز. ئۇلار نامايىش قىلىدۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە ئۆلۈش دېگەنلەر بولىدۇ. بۇ بىزنىڭ ئوتتۇرىغا چىقارماقچى بولغان ئاساسلىق مەقسىتىمىز ئىدى، دېمەكچى. ستىفىن كلېين بۇ سۆزىدە، جىم تۇرغان ۋە ھېچكىمگە قارشى ئۇرۇش ئاچمىغان، تىنچلىقنى ئالدىنقى ئورۇندا قويۇپ ئىش كۆرۈۋاتقان مۇسۇلمانلارنى ئۇلارنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان، ھېسسىياتىنى زىدىلەيدىغان ھەرىكەتلەر بىلەن قوزغىتىپ، مەيدانغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئاندىن خەلقى ئالەمگە «قارىماسىلەر، ئىسلام دىنى راستىنلا تېررورلۇقنى تەشەببۇس قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ مۇسۇلمانلارنىڭ نامايىش قىلىپ ئامېرىكىنىڭ ئىسلام ئەللىرىدىكى ئەلچىخانىلىرىنى قورشىۋالدى ئەمەسمۇ؟!» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويماقچى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى بۇ خۇددى جىم تۇرغان بىر تىنچلىقپەرۋەر ئادەمنى ئۇنىڭ غۇرۇرىغا نەق تېگىدىغان ھاقارەتلەر بىلەن ئورنىدىن قوزغىتىپ، ئۇرۇشقا سېلىپ قويۇپ، ئاندىن باشقىلارغا قاراڭلار، كۆردۈڭلارمۇ؟ پالانى ئۇرۇشقاق ئىكەن ئەمەسمۇ؟ دېگەن تۆھمەتنى ئۇنىڭغا چاپلاش ئۈچۈن ھىيلە _ مىكىر قىلىۋاتقان بىرىنىن مەنتىقىسىدۇر. بۇنداق ۋەزىيەتتە كىم جىم تۇرىدۇ؟ بۇ رەزىل پىلاننى ئورۇنلاشتۇرغان رادىكال خىرىستىيانىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىسى ھاقارەتلەنسە ياكى ئۇنىڭغا يالغانلار ۋە تۆھمەتلەر ئارتىلسا، جىم تۇرامدۇ؟

بۇ رەزىل فىلىمنى ئىشلىگەن نىكولا باسلى ئەسلى مىسىرلىق قىبتىلاردىن بولۇپ، ئىسلامغا ۋە ئەرەبلەرگە بولغان قاتتىق ئۆچمەنلىكى بىلەن تونۇلغان سەلبىي شەخس. ئۇ ئامېرىكىدىكى قىبتىلارنى ھەمىشە مىسىر دۆلىتىگە قارشى كۈشكۈرتۈش ئارقىلىق مەسىلە تۇغدۇرۇپ كېلىۋاتقان رەزىل مەخلۇق. ئۇنىڭغا يېقىندىن ياردەملەشكەن ئامېرىكىلىق ستىفىن كلېين ئامېرىكىنىڭ ۋىتنام ئۇرۇشىغا ئۇرۇشقا قاتناشقان. كېيىن ئىسلامغا قارشى جامائەت رايى توپلاش ئىشلىرى بىلەن يۈرگەن. يېقىندا ئىراقنىڭ فەللۇجە شەھرىدە ئۇرۇشقا قاتناشقان ئوغلى مېيىپ بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى دۈشمەنلىكى ئېشىپ كەتكەن. شۇڭا ئۇ مىسىرلىق قىبتىنىڭ بۇ جىنايىتىگە ئىشتىراك قىلغان.

مەلۇمكى، ئىسلام دىنى باشقا بىرىنىڭ گۇناھى سەۋەبلىك يەنە بىرىنى جازالاشنى راۋا كۆرمەيدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى [ھېچبىر گۇناھكار باشقىسىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ[①]] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئامېرىكىدىكى بىر ئەقىلسىز دۈشمەنىنىڭ پەيغەمبىرىمىزنى ھاقارەتلەپ ئىشلىگەن رەزىل فىلىمى سەۋەبلىك پۈتۈن ئامېرىكا ۋە غەرب ئەللىرىنى ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى دەپ ئويلىمايمىز، مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ ھەممىسىنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرمەيمىز. لىبىيەنىڭ بېنغازى شەھرىدە ھاياتىدىن ئايرىلغان ئامېرىكا باش كونسۇلى كرىستوفر ستىيفىنسىننىڭ ناھەق ئۆلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمىز ۋە بۇ بەختسىز ئۆلۈم ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ بىئاراملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. ئۆلۈمگە ھەقلىق بولغان بىرى بولسا، بۇ رەزىل فىلىمنى ئىشلىگەن ۋە ئۇنىڭغا ياردەملەشكەنلەردۇر. ئەمما بېنغازىدىكى ئامېرىكا باش ئەلچىسىنىڭ بۇ فىلىم بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئۆلۈمى ناھەق ئۆلۈمدۇر. نېمە ئۈچۈن بىز بىگۇناھ ئادەملەرنىڭ ھاياتىغا قەست قىلىمىز؟ ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ مەقسىتىمۇ بىزنى شۇنداق قايمۇقتۇرۇپ خەلقى ئالەمگە ئۇرۇشقاق، تېررورچى قىلىپ كۆرسىتىش ئەمەسمۇ؟!

ئۇنداقتا بىز بۇ فىلىمنى ئىشلىگەن ئەخلاقسىزلارغا قانداق رەددىيە بېرىمىز؟

تۆۋەندىكىلەرنى قىلىشىمىز لازىم:

---

① فاتىر سۈرىسى: 18_ ئايەت.

1. بىز مۇسۇلمانلار دىنىمىزنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ تىنچلىقپەرۋەر ئىكەنلىكىنى، بىزنىڭ باشقا دىندىكىلەر بىلەن ئۆزئارا يول قويۇشۇپ ئۆتۈشنى خالايدىغانلىقىمىزنى، بىزنىڭ باشقىلارنىڭ ھەق _ ھوقۇقىغا رىئايە قىلىدىغانلىقىمىزنى ئىسپاتلاش ۋە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەمەلىي نەمۇنىلارنى تەقدىم قىلىشىمىز، كىشىلەرگە سۆزىمىز ۋە ئەمەلىيىتىمىز بىلەن تەسىر كۆرسىتىشىمىز لازىم. قىسقىسى، مۇسۇلمانلىققا لايىق ياشىشىمىز لازىم.

2. ئامېرىكا ۋە غەرب دۇنياسىدىكى ئىنسانلارغا ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ گۈزەل ئىسلامىي ئەخلاقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى قوللىنىشىمىز، مۇسۇلمانلارنىڭ زاپاس پۇل _ مېلىنى، تەبىئىي بايلىقلاردىن كېلىدىغان ئىقتىسادىنى قوللىنىپ ئىنگلىز ۋە ياۋروپانىڭ ھەر قايسى دۆلەتلىرىنىڭ تىلىدا ئىسلامنى تونۇشتۇرغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى چۈشەندۈرگەن تۈرلۈك كىتاب، ژۇرناللارنى نەشر قىلىش، فىلىملەرنى ئىشلەش ۋە تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىشىمىز لازىم. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالىنى ئۆزىمىز ئىشلەپ تارقىتىشىمىز لازىم.

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغ ماقامىغا تىل تەككۈزگەن بۇنداق ئەخلاقسىز فىلىمنى ئىشلەپ چىقارغان ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا تۇرغانلارنى ئىبنىقلاپ چىقىپ، ئۇلار ئۈستىدىن قانۇنلۇق ھالدا ئەرز قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئامېرىكا ۋە ياۋروپانىڭ جازا قانۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ جازالاش.

چۈنكى فىلىمنىڭ ئىشلەنگەنلىكى بىر جىنايەت. جىنايەت بولۇپمۇ دۇنيادىكى بىر يېرىم مىليارد مۇسۇلمان خەلقىنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى زىدىلەيدىغان بىر چوڭ جىنايەت. بۇ جىنايەتنى سادىر قىلغانلارنى يوللۇق ھالدا جازالاش ئۈچۈن ھېسسىياتقا ئەمەس، ئەقىلگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: غەرب دۆلەتلىرىدە «كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا قىلىشقا تەشەببۇس قىلىش جىنايەتتۇر» دەيدىغان قانۇن بار. بىز شۇ قانۇندىن پايدىلىنىپ، بۇ فىلىمنى ئىشلەش ئارقىلىق مۇسۇلمانلار بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا قىلىشقا تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ جازالىنىشىنى تەلەپ قىلىشىمىز لازىم.

4. بۇنداق ئەخلاقسىز فىلىمنى ئىشلەپ چىقارغان ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان شىركەت ۋە مۇئەسسەسەلەرنى ئىبنىقلاپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ئىسلام دۆلەتلىرىگە ئېلىپ كىرىشتىن چەكلەش، كىرگەن تەقدىردىمۇ شەخسلەر ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتىنى سېتىپ ئالماسلىقى لازىم.

5. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھاقارەت قىلغانلارغا قانۇنلۇق ۋە يوللۇق قاتتىق رەددىيەلەرنى بېرىش ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇداپىئە قىلىشىمىز لازىم. شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇداپىئە قىلىش، ئۇنىڭ ئۇلۇغ ماقامىنى جان تىكىپ قوغداش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ دىنىي بۇرچىدۇر.

6. دۇنيادا ھەر قانداق بىر ھەقىقەتنىڭ چوقۇم دۈشمەنلىرى بولغىنىدەك، پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ دۈشمەنلىرى بولغان، بولىۋاتىدۇ ۋە مۇندىن كېيىنمۇ بولىدۇ. چۈنكى بۇنى قۇرئان كەرىم خەۋەر بېرىۋاتىدۇ: [شۇنىڭدەك ھەربىر پەيغەمبەرگە گۇناھكارلارنىڭ ئىچىدىن دۈشمەنلەرنى قىلدۇق][①].

ھەقىقەت دۈشمەنلىرىنىڭ ھەقىقەتنى قارىلاپ ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلىشى سەۋەبلىك بۇ ھەقىقەت باتىلغا ئايلىنىپ قالمىغاندەك، بۇ ئەخلاقسىز كاپىرلارنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سۆككەنلىكى، ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئوبرازىنى سەلبىي قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغانلىقى سەۋەبلىك پەيغەمبىرىمىزنىڭ شەنى تۆۋەنلەپ قالمايدۇ، بەلكى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. ئۇ تېخىمۇ تونۇلىدۇ، مۇسۇلمان ئەمەسلەرمۇ ئۇنىڭ تەرجىمىھالىغا قىزىقىدىغان بولىدۇ. دېمەك، بۇ ئەخلاقسىز كاپىرلارنىڭ قىلمىشى سەۋەبلىك ئىسلامغا ياكى مۇسۇلمانلارغا قىلچە زىيان بولمايدۇ.

2008 _ يىلى 17 _ ئىيۇن، كېچە

1429 _ يىلى11 _ جمادي الثاني

---

① فۇرقان سۈرىسى:31_ ئايەت.

## غەربلىكلەر نېمە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆچ كۆرىدۇ؟

غەربلىكلەرنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يامان كۆرۈشى يېقىندا پەيدا بولغان نەرسىدە ئەمەس. بەلكى ئىسلام دىنى دۇنياغا كەلگەندىن بىرى خرىستىئانلار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ قەلبىدە بۇ ئۆچمەنلىكنىڭ ئوتى يېنىپ كەلمەكتە. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ بۇ سوئالغا ئاللاھ تائالا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: (سەن يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلارنىڭ دىنىغا كىرمىگىچە ئۇلار سەندىن ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ).[1] بۇئايەتتىن مەلۇمكى، يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلارنىڭ ئىسلام دىنىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە قۇرئان كەرىمگە بولغان ئۆچمەنلىك قەدىمي ئۆچمەنلىك بولۇپ، كېيىنكىلىرى بۇرۇنقىلىرىنىڭ ئىزىغا دەسسەپ ماڭماقتا.

ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن شۇنداق قىلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى قوللىرىدىكى دىنىي مەنبەلىرى ۋە تارىخىي ۋەقەلىكلەر بىلەن ناھايىتى ياخشى تونۇيدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى ئۆز ۋاقتىدىلا جاكارلىغان. (بىز كىتاب بەرگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالار) بۇ پەيغەمبەرنى ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ. ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى، شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرىدۇ).[2]

بۇ ئايەتتىن مەلۇمكى، يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلارنىڭ ئۆلىمالىرى قوللىرىدىكى بىشارەتلەر ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ناھايىتى ياخشى تونۇيتتى. ئەمما خۇددى ھازىرقى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى بەزى نان قېپى مولللىلارغا ئوخشاش خەلقنىڭ دىنىغا بولغان ئىخلاسىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى سۈمۈرۈپ كەلگەن يەھۇدىي ۋە خرىستىئان مولللىلىرى بۇ يېڭى دىننى قوبۇل قىلسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئېتىراپ قىلسا، دۇنيالىق پايدىلاردىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيتتى، ئابرويى تۆۋەنلەپ كېتىشىدىن، خەلقنىڭ پۇل _ مېلىنى دىن نامىنى يەۋېلىش يولىنىڭ تاقىلىپ قېلىشىدىن قورقاتتى. شۇڭا ئۇلار ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ھەققانىيلىقىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالاملار ئىلگىرى بىشارەت بەرگەن ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئىنكار يولىنى تاللىدى ۋە خەلقنى ئالداپ بۇ دىنغا ئەگىشىشتىن توسۇپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەھۋال شۇ بويىچە داۋام قىلدىغان بولۇپ، كېيىنكىلىرىمۇ بۇرۇنقىلىرىنىڭ يولىنى تۇتتى.

2006 _ يىلى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھاقارەت قىلىپ قويۇپ دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ غۇرۇرىنى زىدىلىگەن ۋاتىكان پوپى بېنىدىكىت ئەگەر ئىنجىلنى ياخشى بىلىدىغان، دىنلار ۋە مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا دىيالوگقا ئەھمىيەت بېرىدىغان سەۋىيىدە بولسا ئىدى. ھەرگىز ئۇنداق قىلمىغان ۋە ئۆزىنىڭ ئابرويىنى نۆلگە تەڭ قىلمىغان بولاتتى. ئەمما بۇ پوپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھاقارەت قىلىشا ھەقىقەتنى بىلمىگەنلىكتىن ئەمەس. بەلكى ئۇ ئاخىر زامان پەيغەمبىر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بىلىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنى خاتالاشتى ياكى بىلمىدى دەپ ساناشقا بولمايدۇ. بەلكى بۇ دۈشمەنلىك بىلەن قىلىنغان جىنايەت. ھەقىقەتكە بولغان دۈشمەنلىكنىڭ شەكلى ۋە ئۇسۇللىرى ھەر خىل بولغان بولسىمۇ، دۈشمەنلىكنىڭ مۇددىئاسى ئۆزگەرگىنى يوق. قەدىمدىن ھازىرغا قەدەر ھەقىقەتنىڭ دۈشمەنلىرى بولۇپ كەلگەن. مۇندىن كېيىنمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ياخشىلىقنىڭ نەمۇنىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى بۇ دۇنياغا چۈشۈرگەندە، يامانلىقنىڭ نەمۇنىسى ئىبلىسنىمۇ بىرگە چۈشۈرۈش ئارقىلىق بۇ ئىمتىھان دۇنياسىنى ئاۋات قىلغان. پەيغەمبەرلەرنىڭ دۈشمەنلىرى ھېچ ئاز بولمىغان.

غەرب دۇنياسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەن بولۇشتا ئاساسەن بىرلىككە كەلگەن بولۇپ، تارىختا ھېچقان بىر شەخسكە مۇنداق مۇنتەزىم دۈشەمنلىك قىلغان ئەمەس. غەرب دۇنياسىنىڭ ئىسلامغا بولغان دۈشمەنلىكى مىڭ يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگىدۇر.

### بۇنچىۋالا دۈشمەنلىك نېمە ئۈچۈن؟

ئەمدى نېمە ئۈچۈن ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بۇنچىۋالا دۈشمەن بولىدۇ دېگەن سوئال كېلىدۇ. بۇ ئىسلام ئەھلىنىڭ زېھنىنى ئەڭ كۆپ مەشغۇل قىلىۋاتقان بىر مەسىلە. تارىختىن بىرى ھەقىقەتنى جاكارلىغان پەيغەمبەرلەرگە قارشى دۈشمەنلىكلەر داۋام قىلىپ كەلگەن. ئىنسانلارنىڭ ئىككىنچى ئاتىسى نۇھ ئەلەيھىسسالاممۇ قەۋمىنىڭ دۈشمەنلىكىگە ۋە مەسخىرىسىگە ئۇچرىغان، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قەۋمى تەرىپىدىن ئوتقا تاشلانغان. مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋننىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغان، ئىيسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ دۈشمەنلىكىگە ئۇچرىغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا ئۆز زامانىسىدا ئەرەبلەرنىڭ دۈشمەنلىكىگە ئۇچرىغان بولسا، ھازىر غەربلىك مۇتەئەسسىپلەرنىڭ دۈشمەنلىكىگە ئۇچراپ كەلمەكتە. ئاللاھ تائالا شۇنداق بولىدىغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر بەرگەن. (بىز ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىنى ھەربىر پەيغەمبەرگە مۇشۇنداق دۈشمەن قىلدۇق، ئۇلار شېرىن_شېكەر سۆزلەر بىلەن بىر_بىرىنى ئالداپ ۋەسۋەسە قىلىشىدۇ، ئەگەر رەببىڭ خالىسا ئىدى، ئۇلار بۇنىمۇ قىلالمايتتى. ئۇلارنى ئۆزلىرى ئۇيدۇرغان نەرسىلىرىگە

[1] بەقەرە سۈرىسى، 120-ئايەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى، 146-ئايەت.

قويۇپ بەرگىن)[1].

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى تا قىيامەتكىچە داۋام قىلىدىغان مەڭگۈلۈك ۋە ئالەمىي دەۋەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بولغان دۈشمەنلىكلەرنىڭ يېڭىلىنىپ ۋە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئىسلام تارىخىنى ۋە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە بولغانلار بىلىدۇكى، غەرب چېركاۋلىرىنىڭ ئىسلام دەۋىتىگە قارشى دۈشمەنلىكى ئىسلام دەۋىتىنىڭ بىرىنچى ئەسرىدىن بىرى باشلانغان.

مۇسۇلمانلار باشقا دىن ئىگىلىرى بىلەن دىئالوگ ئىچىدە ياخشى ئۆتۈشكە چاقىرىپ ۋە تەشەببۇسكارلىق قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، غەرب دۇنياسى بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش ئېلىپ بارماقتا.

غەرب چېركاۋلىرى راستىنلا دىندار بولىدىغان بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلمىغان ۋە ئۇلارغا ھاقارەت قىلمىغان بولاتتى. غەربلىك ھەقىقەت دۈشمەنلىرىنىڭ بۇ قىلىقى خۇددى ئاللاھ تائالا سۆيەتلىگەندەك ئۇلارنىڭ گۇناھكارلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

---

[1] ئەنئام سۈرىسى، 112-ئايەت.

## كىشىلەرنى كۇفرلىققا مەنسۇپ قىلىشتىكى رادىكاللىق

ئەپسۇسكى، كېيىنكى زامانلاردا ئوتتۇرىغا چىققان «تەكفىر – كىشىلەرنى كاپىرلىققا مەنسۇپ قىلىش» يەنى ئىسلام ئۇممىتىدىن بولغان بەزى كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ تۈرلۈك خاتالىقلىرى ۋە شەرىئەت بەلگىلىمىلىرىگە بولغان بىپەرۋالىقلىرى سەۋەبلىك، ئالدىراپ كۇفرلىققا ھۆكۈم قىلىۋېتىش ئېقىمى ئەرەب ئىسلام مەملىكەتلىرىدىن تارقىلىپ، بىزنىڭ ئۇيغۇر دىيارىمىزدىمۇ بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان. بۇ ئەڭ خەتەرلىك ئىشتۇر. ھەتتا بىزدە، ئۆزىنىڭ پىكىر ئېقىمىغا ماس كەلمەيدىغان پىكىر ئېقىمىدىكى مۇسۇلمان جامائەتلەرنى ئىسلام ئەقىدە پىرىنسىپ مىزانىغا سالماي تۇرۇپلا «كاپىرلار»دەپ ئالدىراپ ھۆكۈم قىلىۋاتىدىغان خاھىشلارمۇ باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. بەزىلەر دېيىتىگە ياقمىغانلارنى ئالدىراپلا «مۇناپىقلار» دەپ تاشلايدۇ. بۇ ئىسلام ئۇممىتىنىڭ بۆلۈنۈشىگە سەۋەب بولغانلىقى سىرتىدا، ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدىمۇ خاتا ئىشتۇر.

تەكفىر ئېقىمى ئىسلام ئەھلىرىدىكى دىنىغا مۇخلىس، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنى كۆزلەيدىغان، ياخشى نىيەتلىك، بىراق شەرىئەت ئىلىملىرىدىن بولغان دەسمايىسى ۋە نېسۋىسى ئىنتايىن ئاز، ھاياجانىنىڭ ئارقىسىدىن چاپىدىغان، پىكىر دائىرىسى ئىنتايىن تار بىر قىسىم قىزىق قان كىشىلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ھەر تۈرلۈك خاتالىقلارنىڭ ۋە ئىسلام نامىدىن خاتا پەتىۋالارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولۇپ كەلدى.

تەكفىر ئېقىمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىللارنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا تۆۋەندىكىچە خۇلاسىگە كېلىمىز:

1. ئىسلام مەملىكەتلىرىدە كۇفرلىقنىڭ ۋە مۇرتەدلىكنىڭ ئاشكارا ھالدا مەيدانغا كېلىشى، ئۇلارنى كۇفرى سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىدىن توسىدىغان دىنىي نوپۇزنىڭ بولمىغانلىقى.

2. ئىسلام دىنىغا ئاشكارا قارشى چىققان ۋە دىنىي مۇقەددەساتلارنى مەسخىرە قىلىدىغان مۇرتەدلەرگە قارىتا ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ بىپەرۋالىقى.

3. ساغلام ئىسلامىي پىكىرنى تەشۋىق قىلغۇچىلارنىڭ ۋە قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتنىڭ روھى بويىچە ئىش ئېلىپ بارغۇچىلارنىڭ چەكلىمىلەرگە ۋە بېسىملارغا ئۇچرىشى.

4. ئىسلام ئۇممىتىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىققانلارنىڭ ئىسلام شەرىئەت ئىلىملىرىدىن ئالغان نېسىۋىلىرىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى، ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشىنىش ۋە شۇ بويىچە تەشۋىق قىلىشتا چوڭقۇر ئىلىم ئەھلىلىرىدىن بولالمىغانلىقى ۋە پەتىۋا بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولماي تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئازغىنە بىلىمىگە ئىشىنىپ ئالدىراپ پەتىۋا بېرىشكە ئورۇنۇشلىرى.

5. ئۆزلىرىنىڭ ئىخلاسىغا ۋە ياخشى نىيىتىگە كۇپايە قىلىپ، شەرىئەت ئىلىملىرىنى كۆپلەپ ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرمەسلىك. چۈنكى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن يالغۇز ئىخلاسلا كۇپا قىلمايدۇ. خاۋارىجلارمۇ ئەڭ ئىخلاسمەن، ياخشى نىيەتلىك ئادەملەر بولسىمۇ، شەرىئەت ئىلىملىرىدىن يېتەرلىك دەرىجىدە نېسىۋە ئالالمىغانلىقتىن «چوڭ گۇناھ سادىر قىلغانلار كاپىر بولىدۇ»دېگەن پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالغان، ھەتتا كاتتا ساھابىلەرنىمۇ «كاپىر»دەپ ھۆكۈم قىلىۋەتكەن سەۋەبلىك يولدىن ئازغان ۋە ئازغۇن پىرقىلار قاتارىغا ئۆتۈپ كەتكەن.

ئىلىمنىڭ ئىبادەتتىن مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن ساھابىلەردىن باشلاپ بارلىق ئىسلام ئۆلىمالىرى مۇسۇلمانلارنى ئىبادەت ۋە جىھاد قىلىشتىن ئاۋۋال ئىلىم ئۆگىنىشكە چاقىرىپ كەلدى.

ھەسەن ئەل بەسرىي مۇنداق دېگەن ئىكەن: «بىلىمسىز ئىش قىلغۇچى خۇددى قىڭغىر يوللاردا ئاداشقان ئادەمگە ئوخشاشتۇر. ئىبادەت بىلەن ئىلىم ئۆگىنىشنى بىر – بىرىگە قارشى قىلمىغان ھالدا ئىلىم ئۆگىنىڭلار. بەزى قەۋملەر ئىبادەت بىلەنلا بولۇپ، ئىلىم ئۆگىنىشنى تەرك ئەتكەنلىكى سەۋەبلىك ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇممەتلىرىگە تىغ تەڭلىدى ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىلىمدىن نېسىۋىسى بولاسا ئىدى، بۇنداق قىلمىغان بولاتتى».

### «كاپىر»دېيىشكە ھەقلىق بولغانلار

ئاللاھ تائالاغا ياكى ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياكى ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىغا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئاشكارا سۆزلىگەن كىشىنى «كاپىر»دېيىش، كۆڭلىدە ئىشەنمىسىمۇ، تىلىدا مۇسۇلمانلىقنى سۆزلەيدىغانلار توغرۇلۇق ھۆكۈم بەرمەسلىك ۋە ئۇلارغا مۇسۇلمانغا قىلىدىغان مۇئامىلىنى قىلىش بىزنىڭ ئىسلام شەرىئىتىمىزنىڭ پرىنسىدۇر. مۇنداقلار «مۇناپىقلار»دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارغا دۇنيادا مۇسۇلمانلارغا يۈرگۈزۈلىدىغان ئەھكاملار يۈرگۈزۈلىدۇ. ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ.

### تۆۋەندىكىلەرنىڭ كۇفرلىقىنى ئاشكارا سۆزلەش لازىم:

1. ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيدىغان كوممۇنىستلارنى، «دىن _ ئەپيۇندۇر» دەيدىغانلارنى «كاپىرلار»دەپ تونۇش لازىم.

2. دىننى ھاياتلىقتىن ئايرىماقچى بولغانلارنى، شەرىئەت ھازىرقى ئەسىرگە مۇناسىپ كەلمەيدۇ دېگۈچىلەرنى ۋە ئىسلام شەرىئىتىنى ئاشكارا مەسخىرە قىلغۇچىلارنى «كاپىرلار»دېيىش لازىم.

3. ئىسلام نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ئازغۇن پىرقىلاردىن باتىنىيە، ئىسمائىلىيە، قادىيانىيە پىرقىلىرىنى «كاپىرلار» دېيىش لازىم. چۈنكى ئالدىنقى ئىككىسى توغرۇلۇق شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە: «ئۇلارنىڭ كاپىرلىقى يەھۇدى ۋە خىرىستىيانلارنىڭ كاپىرلىقىدىن يامانراق. ئۇلار دىننىڭ ئاساسلىق مەسىلىلىرىگە ئىنكار قىلىدۇ» دېگەن. ھازىرقى زاماندىكى باھائىيە ۋە قادىيانىيە پىرقىسى يىڭى بىر دىن شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئىسلام شەرىئىتىنى رەت قىلىدۇ. قادىيانىيە غۇلام ئەھمەد قادىيانىنى ئاخىرقى پەيغەمبەر دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ ۋە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كۆپلىگەن ئاساسلىق مەسىلىلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ.

**پىرقە بىلەن شەخسلەرنى ئايرىش مەسىلىسى**

ئىسلام ئۆلىمالىرى كۇفرى مەسىلىسىدە تۈر بىلەن شەخسنىڭ پەرقىنى ئاجرىتىش توغرۇلۇق قائۇنىيەتلەرنى بېكىتكەن. بىزنىڭ «كوممۇنىستلار، دىننى ھاياتلىقتىن ئايرىغۇچىلار، شەرىئەت ھۆكمىنى رەت قىلغۇچىلار ۋە كۇفرى سۆزنى قەستەن سۆزلىگۈچىلەر كاپىرلاردۇر» دېگەن سۆزىمىز تۈرگە ۋە مۇئەييەن پىرقىغا قارىتىلغان ئومۇمىي ھۆكۈمدۇر. كۇفرىلىق بىرەر مۇئەييەن شەخسكە قارىتىلماقچى بولسا، ھۆكۈم قىلىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭ راستىنلا كاپىر بولغان ياكى ئەمەسلىكىنى سۈرۈشتە قىلىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە قىلىش ئارقىلىق مەۋقەسىنى ئېنىق بىلىش شەرتتۇر. بۇ ھەقتە شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: «بەزىدە بىرەر ئېغىز سۆزمۇ كىشىنى كۇفرىلىق گىرداۋىغا ئاپىرىشى مۇمكىن. مەسىلەن: كىمكى شۇ سۆزنى دەيدىكەن، ئۇ كاپىر بولىدۇ، دېيىلگەن ۋە مۇئەييەن بىر شەخس شۇ سۆزنى دېگەن بولسىمۇ ئۇنى شۈبھىسىز دەرىجىدە دەلىل بىلەن ئىسپاتلىمىغىچە ئۇنى كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ». بۇ ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئازاب بىلەن تەھدىد قىلغانلارغا ئوخشاشتۇر: (زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال _ مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا يېنىپ تۇرغان ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ[1]).

«بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان قۇرئان كەرىم تەھدىتلىرى ھەقتۇر. لېكىن بۇ تەھدىتلەر مۇئەييەن بىر شەخسنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى يېتىمنىڭ ھەققىنى يېگەن مۇئەييەن شەخس گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ، يېتىمنىڭ ھەقلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىپ گۇناھسىز بولۇپ ئۆلۈشى ياكى ئۇنىڭ كاتتا ساۋابلىق ئەمەللىرى بولۇپ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى يوققا چىقارغان بولۇشى ياكى ئېغىر بىر مۇسىبەت ياكى چوڭ سىناقلارغا يولۇقۇپ ئاللاھقا سەۋر قىلىش ئارقىلىق گۇناھلىرى يۇيۇلغان بولۇشى مۇمكىن».

كۇفرىلىقنى ئاشكارا سۆزلىگەنلەر ئۈچۈن شۇنچىلىك ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرۈش لازىم بولغان يەردە، مۇسۇلمان ئادەم يامان ئىشلار بىلەن بىر قاتاردا ياخشى ئىشلارنىمۇ قىلىدىغان ۋە «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دەيدىغان مۇسۇلمانلار توپلىمىنى كۇفرىلىققا ھۆكۈم قىلىشقا قانداقمۇ جۈرئەت قىلالىسۇن؟! شاھادەت كەلىمىسىنى ئاغزاكى بولسىمۇ ئېيتقان ئادەم مۇسۇلمانلار قاتارىدىن سانىلىدۇ. ئۇلارغا دۇنيا ئىشلىرىدا مۇسۇلمانلىق مۇئامىلىسى قىلىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى بىلەن ھېسابلىشىش ئىشى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇلىدۇ. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىگە قارشى ئۇرۇش ئاچقان خاۋارىجلارنىمۇ «كاپىر»دېمىگەن. ساھابىلەر ئۇنىڭدىن «خاۋارىجلار كاپىر بولمىسا، ئەمىسە نېمە ؟»دەپ سورىغاندا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «ئۇلار كاپىرلىقتىن قاچقان كىشىلەردۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىشىلەر (لائىلاھە ئىللەللاھۇ) دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنى دېگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن ئېلىشىشقا بۇيرۇلدۇم. ئۇلار بۇ كەلىمىنى دېسە، ئۇلار مەندىن جېنى بىلەن مېلىنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ. پەقەت شۇ كەلىمىنىڭ ھەققى (تەقەززاسى بويىچە ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ھەقلەر)لا قالىدۇ. ئۇلارنىڭ راستىن ئىمان ئېيتقان ياكى ئالدامچىلىق قىلغانلىقىنىڭ ھېسابى ئاللاھ تائالاغىدۇر»[2] دېگەن.

**تەكفىرنىڭ خەتەرلىرى**

بىراۋنى كاپىرغا چىقىرىۋېتىشنىڭ خەتىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭدىن مۇنداق نەتىجىلەر كېلىپ چىقىدۇ:

1. مۇرتەدلىك بىلەن كاپىر بولغان كىشىنى ئايالىدىن ئايرىۋېتىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمان ئايال كاپىر ئەرگە ھالال ئەمەستۇر.

كاپىر بولغان كىشىنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا قېلىشى جائىز ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىگە كۇفرىلىقى بىلەن سەلبىي تەسىر بېرىشى ۋە ئۇلارنىمۇ ئازدۇرۇۋېتىشىدىن قورقىلىدۇ. مۇنداق باللار مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئۈستىگە ئامانەتتۇر.

2. مۇرتەد بولغان كىشى بۇ قىلىقى بىلەن مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە سەلبىي تەسىر بەرگەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا مەنىۋى جازا قوللىنىپ توغرا يولغا قايتقۇچىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىشى ۋە ھەر قانداق بىر مۇئامىلە قىلىشى چەكلىنىدۇ يەنى

---

[1] نىسا سۈرىسى، 10 ـئايەت.
[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

جەمئىيەتتە يېتىم قالدۇرىلىدۇ.

3. مۇرتەد كىشى ئۆلگىنىدە يۇيۇپ تارالمايدۇ، جىنازا نامىزى ئوقۇلمايدۇ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىستانلىقىغا كۆمۈلمەيدۇ.

4. مۇرتەد كۇفرىلىق ھالىتىدە ئۆلسە ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتىگە لايىق بولىدۇ ۋە رەھمىتىدىن قوغلىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىراۋنىڭ كاپىرلىقىغا ھۆكۈم قىلىشتا ئالدىرىماسلىق ۋە قايتا – قايتا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش لازىم كېلىدۇ.

كىشىلەر ئىسلام دىنىغا قانداق كىرىدۇ؟

بىرىنچى پىرىنسىپ: كىشىلەر ئىسلام دىنىغا: لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ – ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرىدۇر، دېگەن كەلىمە شاھادەتنى تىلى بىلەن ئېيتىش ئارقىلىق كىرىدۇ. بۇ كەلىمىنى ئېيتقان كىشىگە مۇسۇلمانچە مۇئامىلە قىلىنىدۇ. گەرچە بۇ كەلىمىنى دىلىدىن ئېيتمىغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ ۋە ئۇ ئىسلام ئۈممىتىدىن سانىلىدۇ. چۈنكى بىز ئىشلارنىڭ زاھىرىغا ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇلدۇق. كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكىلىرىنى بىلمەيمىز ۋە بىلىشكىمۇ تەكلىپ قىلىنمىدۇق. ئۇ پەقەت ئاللاھ تائالاغا خاس ئىشتۇر. بۇنىڭ دەلىللىرى تۆۋەندىكىچە:

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتقان كىشىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنى ئىسلام ئۈممىتىدىن ھېسابلىغان. ئۇ بىراۋ شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىپ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى ئىقرار قىلغىنىدا، ئۇنىڭ ئىسلام پەرزلىرىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن ناماز ۋاقتىنىڭ كىرىشىنى ياكى زاكات بېرىشى ئۈچۈن يىلىنىڭ تولۇشىنى ياكى روزا تۇتۇشى ئۈچۈن رامىزان ئېيىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماستىن ئۇنى مۇسۇلمان، دىنىي قېرىنداش دەپ سانىغان.

2. ئىمام بۇخارى ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسكە كۆرە، زەيد بىر ئادەمگە قىلىچىنى يالىڭاچلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتقىنىغا قارىماستىن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاڭلاپ ناھايىتى قاتتىق غەزەبلەنگەن ۋە زەيدقا كايىپ (لائىلاھە ئىللەللاھ)دېگەن ئادەمنىمۇ ئۆلتۈرەمسەن؟ دېگەندە، زەيد «ئۇ قىلىچتىن قورقۇپ شۇنداق دېدى» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا «سەن ئۇنىڭ قەلبىنى يېرىپ كۆردۈڭمۇ؟!» دەپ ئاچچىقلىنىدۇ. يەنە بىر رىۋايەتكە كۆرە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (لائىلاھە ئىللەللاھۇ)دېگەن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگىنىڭ ئۈچۈن قىيامەت كۈنىدە قانداقمۇ قىلارسەن» دېگەن.

3. كىشىلەر (لائىلاھە ئىللەللاھۇ) دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنى دېگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن ئېلىشىشقا بۇيرۇلدۇم. ئۇلار بۇ كەلىمىنى دېسە، ئۇلار مەندىن جېنى بىلەن مېلىنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ. پەقەت شۇ كەلىمىنىڭ ھەققى (تەقەززاسى بويىچە ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ھەقلەر)لا قالىدۇ. ئۇلارنىڭ راستىن ئىمان ئېيتقان ياكى ئالدامچىلىق قىلغانلىقىنىڭ ھېسابى ئاللاھ تائالاغىدۇر». بۇ ھەدىس 15 ساھابىدىن ئوخشاش ئىبارە بىلەن بىر خىل رىۋايەت قىلىنغان ئەڭ سەھىھ ھەدىستۇر. بۇ ھەدىستىكى «كىشىلەر» دېگەن سۆز شۇ ۋاقىتتىكى ئەرەب مۇشرىكلىرىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىسىمۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكمى بويىچە جىزىيە (يىللىق سېلىق) تۆلەپ ئىسلام دۆلىتىدە ئامانلىقتا ياشاشقا ھەقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىنمايدۇ. ئۇرۇش پەقەت بۇددىست ئەرەبلەرگىلا قارىتىلغان ئىدى.

4. ھەدىسشۇناسلاردىن سۇفيان ئىبنى ئۇيەيىنەنىڭ يۇقىرىقى ھەدىسنى ئىسلامنىڭ ئاۋۋالقى چاغلىرىدا ناماز، زاكات، روزا پەرز بولۇشتىن بۇرۇن ئېيتىلغان، دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان . بىراق ئەللامە ئىبنى رەجەب «جامىئۇل ئۇلۇم ۋەلھىكەم»ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە، سۇفيان ئىبنى ئۇيەيىنەنىڭ بۇ سۆزنى دېگەنلىكىگە دائىر ئىشەنچلىك مەلۇمات يوقلىقىنى ۋە يۇقىرىقى ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان ساھابىلەرنىڭ تولىسى ھىجرەتتىن كېيىن مەدىنىدە مۇسۇلمان بولغان ۋە بەزىلىرى خېلى كېيىن ئىمان ئېيتقان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىمان ئېيتماقچى بولۇپ كەلگەن ئادەمنىڭ ئىمانىنى قوبۇل قىلىشتا ئۇنىڭغا ناماز ، زاكات، روزا ۋە باشقىمۇ پەرزلەرنى شەرت قىلمىغان. ھەتتا بەزى قەۋملەر زاكات بەرمەسلىك شەرتى بىلەن ئىمان ئېيتماقچى بولۇپ كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قوبۇل قىلغان. ئىمام ئەھمەد جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق كەلگەن:»سەقىف قەبىلىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا زاكات بەرمەسلىك ۋە جىھادقا قاتناشماسلىق شەرتى بىلەن ئىسلام دىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلغان ۋە: «ئۇلار كېيىن چوقۇم زاكاتمۇ بېرىدۇ ۋە جىھادقىمۇ چىقىدۇ» دېگەن.

يەنە ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسكە كۆرە، نەسر ئىبنى ئاسىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئادەمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ كۈندە ئىككى ۋاخلا ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى شەرت قىلىپ ئىمان ئېيتقانلىقىنى رىۋايەت قىلغان.

شۇڭا قەدىمقى كاتتا ئىسلام ئۆلىمالىرى «ئىسلام – كەلىمىدۇر» دېگەن. تەبىئىيكى، بۇ ئورۇندىكى «كەلىمە» شاھادەت كەلىمىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلامنىڭ ناماز، زاكات، روزا ۋە باشقىمۇ پەرزلىرى كىشىلەر مۇسۇلمان بولۇپ بولغاندىن كېيىن تەلەپ قىلىنىدىغان

ئىبادەتلەردۇر. چۈنكى مۇسۇلمان بولمىغان بىراۋ ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنمايدۇ، ئىبادەتلەر پەقەت مۇسۇلمانلاردىنلا قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئەمما بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زاكاتنى بېرىشنى رەت قىلغانلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچقانلىقى بۇ ئېيتقانلىرىمىزغا زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى شۇ ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ هايات ۋاقتىدا بېرىپ كەلگەن زاكاتنى بېرىشنى رەت قىلغان قەۋملەر بىرىنچىدىن قۇرئان كەرىم بىلەن بېكىتىلگەن ئىسلام پەرزلىرىدىن بىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇرتەد بولغانلاردۇر. چۈنكى قۇرئان كەرىمنىڭ هۆكمىنى رەت قىلغان ئادەم مۇرتەد بولىدۇ. مۇرتەدلەرنى يوقىتىپ جەمئىيەتنى ئۇلارنىڭ سەلبىي تەسىرىدىن ساقلاپ قېلىش پەرزدۇر. ئىككىنچىدىن، زاكاتنى رەت قىلغۇچىلارنىڭ مەقسىتى زاكاتنىلا بەرمەسلىك ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئىدى. بۇ سەۋەبتىن هەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىپ ئۇلارنى تىنجىتىش ئارقىلىق مەدىنىدىكى يېڭى ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئۇلىنى مۇستەهكەملىگەن.

ئىمانى بىلەن ئۆلگەن ئادەم جەننەتكە كىرىشكە هەقلىقتۇر

ئىككىنچى پىرىنسىپ: (لائىلاهە ئىللەللاھۇ) دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىنى ئىقرار قىلغان هالدا ئۆلگەن ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا مۇنۇ ئىككى ئىشقا ئېرىشىدۇ:

1. دوزاختا مەڭگۈ قالماسلىق. گەرچە زىنا، ئوغۇرلۇق، هاراق ئىچىش ۋە باشقىلار قاتارلىق گۇناھ – مەسىيەتلەرنى قىلغان ۋە گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلماستىن ئۆلگەن بولسىمۇ، گۇناھلىرى تۈگىگەنگە قەدەر دوزاختا ئازابلىنىپ ئاخىرى جەننەتكە كىرىدىغانلىقىدا شەك يوق. چۈنكى قەلبىدە زەررىچىلىك ئىمان بولغان كىشىنىڭ دوزاختا قالمايدىغانلىقى ئېنىقتۇر.

2. جەننەتكە كىرىش. مۇنداق كىشى گەرچە جەننەتكە دەسلەپ كىرىدىغانلار قاتارىدا كىرەلمىسىمۇ، گۇناھلىرىغا لايىق دوزاختا ئازابلىنىپ بولغاندىن كېيىن چوقۇم جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى قۇرئان كەرىم ۋە سەهىھ هەدىسلار سۆزلىمەكتە. بۇنىڭ دەلىلى مۇنۇلار:

ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە باشقا هەدىسشۇناسلار ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان هەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى قەيت قىلىنىغان: كىمكى ئاللاھ تائالادىن باشقا هەقىقىي ئىلاھ يوقلىقىغا، ئۇنىڭ شېرىكى يوق يالغۇز ئىكەنلىكىگە، مۇهەممەدنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى ۋە بەهەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە، ئىيسانىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى، بەرهەق پەيغەمبىرى ۋە هەزرىتىمەريەمگە چۈشۈرۈلگەن كەلىمىسى هەم ئۇزىدىن بىر روھ ئىكەنلىكىگە، جەننەت بىلەن دۇزاخنىڭ هەقلىقىغا گۇۋاهلىق بېرىدىكەن، ئۇنىڭ ئەمەلى قانداق بولمىسۇن ئاللاھ تائالا ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ .

ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قانداقلا بىر بەندە (لائىلاهە ئىللەللاھۇ)دەپ ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىمانى بويىچە ئۆلىدىكەن، ئۇ چوقۇم جەننەتكە كىرىدۇ»①.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لائىلاهە ئىللەللاھۇ )دېگەن ئادەم دوزاختا قالمايدۇ. قەلبىدە بۇغدايچىلىك ياخشىلىق بار كىشىمۇ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ»②.

ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ (لائىلاهە ئىللەللاھۇ مۇهەممەدۇن رەسۇلۇللاھ) دەيدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا دوزاخنى هارام قىلىدۇ»③.

يوقىرىقى هەدىسلارنىڭ هەممىسى ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىملار رىۋايەت قىلغان سەهىھ هەدىسلاردۇر. هەدىسلاردىكى «جەننەتكە كىرىش»تىن مەقسەت ئەڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ بىر قېتىم كىرىشتۇر. شۇنىڭدەك «دوزاختا قالمايدۇ» ۋە «دوزاخنى هارام قىلىدۇ»لاردىن مەقسەت دوزاختا مەڭگۈلۈك قالمايدۇ ۋە گۇناهىغا لايىق ئازاب كۆرگەندىن كېيىن هامان چىقىدۇ ۋە جەننەتكە كىرىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

**ئىسلامدىن چىقىپ كېتىشكە سەۋەب بولىدىغان ئامىللار:**

ئۈچىنچى پىرىنسىپ: شاهادەت كەلىمىسىنى ئىقرار قىلىپ، مۇسۇلمان بولغان ئادەم شۇ ئىمانىنىڭ تەقەززاسى بويىچە، ئىسلام شەرىئىتىدە بۇيرۇلغان جىمى ئەهكاملارغا ئەمەل قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئەهكاملارنى رەت قىلىش ۋە قوبۇل قىلىش خۇسۇسىدا ئىختىيارى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆز قانائىتى بىلەن ئېيتقان ئىمانى ئۇنىڭغا بۇ تەكلىپنى يۈكلىگەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: (ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا هۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر – ئايال مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، هەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ)④، ((پەيغەمبەر) مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا هۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا ئۇلار:

① ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
② ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.
③ ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
④ ئەهزاب سۈرىسى، 36 –ئايەت.

«ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشلىرى كېرەك، مانا شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر)[1].

شۇنى ئېنىق بىلىش كېرەككى، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ پەرز، ۋاجىب، ھارام، جازا ۋە باشقىمۇ ئەھكاملىرىدىن قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ – ئەڭ ئىشەنچلىك- ھەدىسلار ئارقىلىق كەسكىن بېكىتىلگەن، ھەممە كىشىنىڭ نەزەرىدە شەك قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە كەسكىنلەشكەن مەسىلىلەر بار بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ دىنى ۋە ئۇنىڭ شەرىئىتىدۇر. بۇنى ئىسلام ئۆلىمالىرى «دىندىن ھەركىم ياخشى بىلىدىغان مەسىلىلەر» دەپ ئاتايدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى ھەممە كىشىنىڭ بىردەك ئېنىق بىلىدىغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى شۇكى، بۇ مەسىلىلەرنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن دەلىل – ئىسپاتقا ھاجەت بولمايدۇ. مەسىلەن: بەش ۋاخ نامازنىڭ، زاكاتنىڭ روزا ۋە باشقىمۇ ئىسلام ئىبادەتلىرىنىڭ پەرز ئىكەنلىكى، ئادەم ئۆلتۈرۈش، زىنا قىلىش، جازانىخورلۇق قىلىش، ھاراق ئىچىش، باشقىلارغا تۆھمەت قىلىش ۋە باشقىمۇ چوڭ گۇناھلار ۋە نىكاھ، تالاق، قىساس ۋە باشقىلار قاتارلىق كەسكىنلەشكەن ئەھكاملارغا ئوخشاشتۇر.

يوقىرىقى«دىندىن ھەركىم ياخشى بىلىدىغان مەسىلىلەر»دىن بىرەرسىنى ئىنكار قىلغان ياكى رەت قىلغان ياكى مەسخىرە قىلغان ئادەم ئۇيئۇچۇق كاپىر بولغان بولىدۇ. چۈنكى يوقىرىقى ئەھكاملار قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلار بىلەن بېكىتىلگەن، ئىسلام ئۇممىتى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۇلارنىڭ ھەقلىقىغا بىردەك ئىتتىپاققا كەلگەن مەسىلىلەردۇر. بۇلاردىن بىرەرسىگە ئىنكار قىلغان كىشى قۇرئان كەرىم بىلەن سەھىھ ھەدىسلارغا ئىنكار قىلغان بولىدۇ.

**چوڭ گۇناھلار ئىماننى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئەمما ئىماندىن چىقارمايدۇ**

تۆتىنچى پىرىنسىپ: چوڭ گۇناھلارنى ئىشلىگەن ئادەم تەۋبە قىلماستىن شۇ گۇناھلارغا داۋام قىلىۋېرىدىكەن، ئۇنىڭ ئىمانى ئاجىزلىشىدۇ، لېكىن ئىمانى ئاساسىدىن يوقىلىپ كەتمەيدۇ.

بۇنىڭ دەلىلى مۇنۇلار:

1. چوڭ گۇناھلار ئىماندىن چىقىپ كېتىشكە سەۋەب بولىدىغان بولسا، گۇناھ بىلەن مۇرتەدلىك بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان بولاتتى. گۇناھكار مۇرتەد بولغان ۋە مۇرتەدلىكنىڭ جازاسىغا لايىق بولغان بولاتتى. ئەمما بۇنداق بولۇشى قۇرئان كەرىم، ھەدىس ۋە ئىجما بىلەن رەت قىلىنىدۇ.

2. قۇرئان كەرىم قاتىلنىڭ ئۆلتۈرۈلگۈچىسىنىڭ ئىگىلىرى ئۈچۈن دىنىي قېرىنداش ئىكەنلىكىنى سۆزلىگەن: (ئى مۇئمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ. قاتىل ئۈچۈن (دىنىي) قېرىندىشى تەرىپىدىن بىرنەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇ، جىنايەتچىدىن دىيەتنى) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى لازىم )[2].

3. قۇرئان كەرىم بىر – بىرىگە تىغ تەڭلەشكەن ئىككى پىرقە كىشىلىرىنىمۇ مۇئمىنلەر ۋە ئۆز ئارا دىنىي قېرىنداشلار، دەپ ئاتىغان: (ئەگەر مۇئمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر (يەنى تاجاۋۇزنى توختاتقانغا قەدەر) ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، ئەگەر ئۇلار (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) قايتسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى (ھېچبىر تەرەپكە يان باسماستىن) ئادىللىق بىلەن تۈزەپ قويۇڭلار، (ھەممە ئىشتا) ئادىل بولۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ. مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھتىن قورقۇڭلار)[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىككى مۇسۇلماننىڭ بىرى يەنە بىرىنى ئۆلتۈرسە، ئۆلتۈرگۈچى ۋە ئۆلگۈچى ھەر ئىككىسى دۇزاخقا كىرىدۇ»[4] دەپ كۆرسەتكەن. ئىمام بۇخارى بۇ ھەدىستە مەزكۇر ئىككى كىشىنىڭ دۇزاخقا كىرىدىغانلىقىنى ئېيتىش بىلەن بىرگە ئۇلارنى «مۇسۇلمان» دەپ ئاتىغانلىقىغا ئاساسلىنىپ، چوڭ گۇناھ سادىر قىلغانلار كاپىر بولمايدۇ، دەپ قارار قىلغان.

4. ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسكە كۆرە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاراق ئىچكەن بىرىنى دەررە ئۇرۇشقا ئەمر قىلغان. دەرر ئۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، بەزى ساھابىلەر: ئاللاھ ئۇنى خار قىلسۇن، دېيىشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق دېمەڭلا، ئۇنىڭغا شەيتاننى ياردەمچى قىلماڭلار» دېگەن، يەنە بىر رىۋايەتكە كۆرە: «دىنىي قېرىندىشىڭلارغا شەيتاننى ياردەمچى قىلماڭلار»دېگەن. ئەبۇ داۋۇد بۇ قىسسىنىڭ ئاخىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۇنداق دېمەڭلار، پەقەت ‹ئى ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغىن ۋە ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن› دەڭلار» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

مانا بۇ، ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق يامانلىقلارنىڭ باشلامچىسى بولغان ھاراقنى ئىچكۈچىلەرگە بولغان كەڭچىلىكى ۋە شەپقىتىدۇر. ھاراق

---

① نۇر سۈرىسى، 51 _ ئايەت.
② بەقەر سۈرىسى، 178- ئايەت.
③ سۈرە ھۇجۇرات، 9-، 10- ئايەتلەر.
④ ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئىچكۈچى گۇناھى تۈپەيلى دەررە ئۇرۇشقا بۇيرۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىنسانى ھۆرمىتىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىغا ۋە ھاقارەتلىنىشىگە، لەنەتلىنىشىگە يول قويمىغان. بەلكى ئۇنىڭ ھاراق ئىچىش ئارقىلىق چوڭ گۇناھنى سادىر قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا مۇسۇلمانلار سېپىدىن ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان.

**ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن باشقا گۇناھلار كەچۈرۈم قىلىنىدۇ**

بەشىنچى پىرىنسىپ: شېرىكتىن باشقا پۈتۈن گۇناھلار مەيلى چوڭ بولسۇن، مەيلى كىچىك گۇناھلاردىن بولسۇن، ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى – كەرەمى بىلەن كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: (ئاللاھ ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى (يەنى مۇشرىكلىك گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقىنى (ئاللاھ ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئازغان بولىدۇ) [1] دەپ كۆرسەتكەن.

ئايەتتىكى شېرىكتىن مەقسەت: ئاللاھتىن باشقا بىرىنى ئىلاھ قىلىپ چوقۇنۇش ياكى ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىش بىلەن بىرگە باشقىسىنى ئىلاھ تۇتۇشتۇر.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: بۇ قائىدىنى شېرىكتىن قول ئۈزۈپ، تەۋبە قىلغانلارغا تەتبىقلاشقا بولمايدۇ. چۈنكى گۇناھى تەۋبە قىلغان كىشى مەيلى شېرىكتىن تەۋبە قىلسۇن، مەيلى باشقا گۇناھلاردىن تەۋبە قىلغان بولسۇن، بەربىر ئوخشاشتۇر، ئۇ چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ((ئى پەيغەمبەر! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، « ئى(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزىگە ئۇۋال قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. چۈنكى ئاللاھ جىمى گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئۇ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر)[2].

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسكە كۆرە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرغا مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغۇرلۇق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، باللىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەسلىككە، گۇناھسىز كىشىلەرگە تۆھمەت قىلماسلىققا، شەرىئەت ئەمرلىرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماسلىققا ئەھدە بېرىڭلار. كىمكى بۇ ئەھدىلىرىگە ۋاپا قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ تولۇق بېرىدۇ. كىمكى بۇ گۇناھلاردىن بەزىسىنى قىلىپ سالسا، دۇنيادا جازالىنىش ئارقىلىق گۇناھتىن پاكلىنىدۇ، كىمكى بۇ گۇناھلاردىن بەزىسىنى ئىشلەپ سالغان بولسىمۇ، بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ جازاسىنى كۆرمىگەن بولسا، بۇ ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ، خالىسا ئازابلايدۇ، خالىسا كەچۈرۈم قىلىدۇ»[3].

كۆرگىنىمىزدەك، بۇ ھەدىسمۇ چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلغانلارنىڭ بۇ گۇناھلىرى سەۋەبلىك كاپىر بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەكتە. ئەللامە مازىنى «بۇ ھەدىس گۇناھ سادىر قىلغۇچىلارنى ‹كاپىرلار› دەپ سانايدىغان خاۋارىجلارغا رەددىيە بېرىشكە يېتەرلىكتۇر» دېگەن.

قۇرئان كەرىمدە كەلگەن «كۇفرى» سۆزىنىڭ تۈرلىنىشى

ئالتىنچى پىرىنسىپ: قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلاردا كەلگەن «كۇفرى» سۆزىدىن ئىنساننى مۇسۇلمانلىقتىن چىقىرىدىغان «چوڭ كۇفرى» مەقسەت قىلىنغىنىدەك، بەزىدە ئىنساننى مۇسۇلمانلىقتىن چىقارمايدىغان «كىچىك كۇفرى»مۇ مەقسەت قىلىنىدۇ. مۇنداق كۇفرى بىلەن سۈپەتلەنگەنلەر دوزاخقا كىرسىمۇ، مەڭگۈلۈك قالمايدۇ ۋە «كاپىر»لاردىن بولۇپ كەتمەيدۇ.

قۇرئان كەرىمدىكى: (بەزىسى ئىمان ئېيتتى، بەزىسى كاپىر بولدى)[4] دېگەن ئايەت ئىنساننى مۇسۇلمانلىقتىن چىقىرىدىغان «چوڭ كۇفرى» نى ئىپادىلىسە، (شۈبھىسىزكى، بىز ئىنسانغا(پەيغەمبەر ئەۋەتىش بىلەن ياخشى _ يامان) يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇ مۇئمىن بولۇپ ياخشى يولدا مېڭىپ (ئاللاھنىڭ نېمىتىگە) شۈكۈر قىلغۇچىدۇر، ياكى (گۇناھكار بولۇپ يامان يولدا مېڭىپ) كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر)[5] دېگەن ئايەت ئىنساننى ئىماندىن چىقارمايدىغان «كىچىك كۇفرى»نى ئىپادىلەيدۇ.

«كۇفرى» سۆزى ئالدىنقى مەنىسى بويىچە، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە ئىنكار قىلىش ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ياكى ئۇ ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتنىڭ بەزىسىگە ئىنكار قىلىش دېگەنلىكتۇر.

«كۇفرى» سۆزى كېيىنكى مەنىسى بويىچە، ئاللاھ تائالا مەنئى قىلغان گۇناھ – مەئسىيەتلەرنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلارمۇ كۆپتۇر. مەسىلەن: «ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامىنى ئاتاپ قەسەم قىلغان كىشى كاپىر بولىدۇ»، «مۇسۇلماننى تىللاش پاسىقلىق، ئۇنى ئۆلتۈرۈش كۇفرىلىقتۇر»، «مەندىن كېيىن بىر –بىرىڭلارنى ئۆلتۈرىدىغان كاپىرلاردىن بولماڭلار» ۋە باشقىلار.

---

① سۈرە نىسا، 116- ئايەت.
② زۇمەر سۈرىسى: 53 _ ئايەت.
③ ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
④ بەقەرە، سۈرىسى 253 _ ئايەت.
⑤ ئىنسان سۈرىسى، 3 _ ئايەت.

مۇپەسسىرلەرنىڭ پېشىۋاسى ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرئان كەرىمنىڭ: (كىمكى ئاللاھ چۈشۈرگەن ئەھكام بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر)[1] دېگەن ئايىتىدىكى «كاپىرلار» سۆزىنى: «بۇ كۇفرىنىڭ تۆۋىنىدىكى كۇفرىدۇر» دەپ تەپسىر قىلغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلاردا كەلگەن «كۇفرى» ياكى«كاپىر»سۆزىنىڭ «چوڭ كۇفرى» ۋە «كىچىك كۇفرى»دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈشى قەدىمكى ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن تارتىپ جارى بولۇپ كەلگەن بىر ئىشتۇر.

**بىر ئادەمدە ئىمان بىلەن كۇفرى ھەر ئىككىسىنىڭ تېپىلىشى**

يەتتىنچى پىرىنسىپ: بىر ئىنساندا ئىماننىڭ بەزى ئالامەتلىرى بىلەن بىرگە كۇفرى ياكى مۇناپىقلىقمۇ تېپىلىدۇ.

بۇ ھەقىقەت قەدىمقى ۋە ھازىرقى كۆپلىگەن ئۆلىمالارنىڭ نەزەرلىرىدىن ساقىت بولۇپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، ئىنسان ياكى خالىس مۇئمىن ياكى خالىس كاپىر بولىدۇ. ئۈچىنچىسى يوقتۇر. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، شەيئىلەر ياكى ئاپئاق ياكى قاپقارا بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار قارا بىلەن ئاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى رەڭلەرنى ئۇنتۇغان.

شۇڭا ئۇلار بەزى شەخسلەر ياكى جامائەتتە ئىماننىڭ پۈتۈن سۈپەتلىرى تولۇق تېپىلماستىن، كۇفرىنىڭ ياكى مۇناپىقلىقنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، ئۇلارنى «كاپىر» ياكى «مۇناپىق» دەپ ھۆكۈم قىلىشقا ئالدىرايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە، ئىمان كۇفرى ياكى مۇناپىقلىق بىلەن بىرلىشەلمەيدۇ.

مۇتلەق ئىمان بىلەن مۇتلەق كۇفرىنى كۆزدە تۇتماقچى بولساق بۇ ئېتىقاد تامامەن توغرىدۇ. ئەمما مۇتلەق ئىماندىمۇ كۇفرىنىڭ ياكى مۇناپىقلىقنىڭ ياكى جاھىلىيەتنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كۆرىلىدۇ. ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى «سەندە جاھىلىيەتنىڭ ئالامەتلىرى بار ئادەم ئىكەنسەن» دېگەن. ئەبۇ زەر راستچىللىقى ۋە جىھادتا ئالدىنقى سەپتىن ئورۇن ئېلىشى بىلەن تونۇلغان كاتتا ساھابە ئىدى.

يەنە بىر ھەدىستە: «كىمكى جىھاد قىلماستىن ياكى كۆڭلىدە بولسىمۇ ئۇنى ئارزۇ قىلماستىن ئۆلىدىكەن، ئۇ مۇناپىقلىقنىڭ بىر ئالامىتى بىلەن ئۆلگەن بولىدۇ» دېگەن.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە قۇرئان كەرىمنىڭ مۇناپىقلارنىڭ ھالىنى بايان قىلغان: (ئۇ كۈندە ئۇلار ئىمانغا قارىغاندا كۇفرىغا يېقىن ئىدى)[2] دېگەن ئايىتى توغرۇلۇق توختىلىپ: «بۇرۇن ئۇلاردا ئىماننى بېسىپ چۈشەلمەيدىغان دەرىجىدىكى مۇناپىقلىق بار ئىدى، ئۇھۇد غازىتى بولغان كۈندە ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقى ئىمانىغا غالىب كەلدى – دە، كۇفرىغا يېقىن بولۇپ ئۆزگەردى» دېگەن.

ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ سۆزىنى رىۋايەت قىلغان: ئىمان قەلبتە بىر ئاقلىق ئالامىتى بىلەن باشلىنىدۇ، بەندىنىڭ ئىمانى كۈچلەنگەنسېرى ئۇنىڭ قەلبى تېخىمۇ ئاقىرىشقا باشلايدۇ، ئىمان تولۇقلانغىنىدا، ئۇنىڭ قەلبى پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كېتىدۇ. مۇناپىقلىقمۇ قەلبتە بىر قارىلىق ئالامىتى بىلەن باشلىنىدۇ، بەندە مۇناپىقلىققا داۋام قىلغانسېرى، ئۇنىڭ قەلبى شۇنچىلىك قارىيىشقا باشلايدۇ، ئۇ تولۇق مەنىدىكى مۇناپىقلاردىن بولغىنىدا، ئۇنىڭ قەلبى پۈتۈنلەي قارىيىپ كېتىدۇ. ئەگەر سىز مۇئمىننىڭ قەلبىنى يېرىپ كۆرەلىسىڭىز، ئۇنىڭدا ئاقلىقنى كۆرگەن، كاپىرنىڭ قەلبىنى يېرىپ كۆرەلىسىڭىز، ئۇنىڭدا قارىلىقنى كۆرگەن بولاتتىڭىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «قەلبىدە زەررىچىلىك ئىمان بولغان ئادەم دۇزاختا مەڭگۈ قالمايدۇ» دېگەن سۆزىمۇ قەلبىدە ئىماندىن كۇفرى كۆپ بولغان كىشىمۇ، گۇناھىغا تېگىشلىك ئازابلىنىپ بولۇپ، شۇ زەررىچىلىك ئىمانى يۈزىسىدىن دوزاختىن چىقىرىلىدىغانلىقىنى ۋە ئاخىرى جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنساندا ئىمان بىلەن كۇفرى ياكى مۇناپىقلىقنىڭ ئالامەتلىرىمۇ تېپىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئىتائەت قىلىش مەرتىبىسىدە بىر خىل ئەمەسلىكى

سەككىزىنچى پىرىنسىپ: ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىغانلىرىنى ئورۇنلاش ۋە مەنئى قىلغانلىرىدىن يېنىشتىكى مەرتىبىسى ئوخشاش ئەمەستۇر.

شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ئىمانىنىڭ دەرىجىلىرى ۋە ئاللاھ تائالاغا بولغان يېقىنلىق مۇساپىلىرى بىر خىل بولمىغان. شۇڭا ئىسلام ئۆلىمالىرى قەدىمدىن «ئىمان كەم – زىيادە بولىدۇ» دېگەن قائىدىنى بېكىتكەن. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلار بۇ قائىدىنى كۈچلەندۈرىدۇ. ئىنسانلارنى پەرىشتىلەرگە ئوخشاش جىمى خاتالىقلاردىن خالىي بولغان مەسۇم كىشىلەر، دەپ گۇمان قىلىش بەكمۇ خاتادۇر. بۇ ئىنساننىڭ خاراكتېرىنى بىلمىگەنلىكتۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: (ئاندىن بىز ئۇ كىتابنى بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىلەرگە مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماي) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، بەزىسى ئوتتۇراھالدۇر ۋە

① مائىدە سۈرىسى، 44 _ ئايەت.
② نىسا سۈرىسى، 167 _ ئايەت.

بەزىسى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىدۇر. مانا بۇ كاتتا ئىنئامدۇر)[1].

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتتە، قۇرئان كەرىمنى مىراس قىلىپ بەرگەن ئىسلام ئۇممىتىنى 3كە ئايرىغان:

1. ئـۆزىگە زۇلـۇم قىلغـۇچىلار _ بـۇلار پەرزلەرنـى ئـادا قىلىشـتا بىپەرۋالىـق قىلىـدىغان ۋە مەنئـى قىلىنغـان ئىشـلارنى ئىشلەيدىغانلاردۇر.

2. ئوتتۇراھالىلار _ پەرزلەرنـى ئـادا قىلىـدىغان، مەنئـى قىلىنغـان ئىشـلارنى تەرك ئېتىـدىغان، بەزىـدە سۈننەت ۋە باشقىمۇ ياخشـى ئىشلارنى تەرك ئېتىدىغان ۋە هارامدىن تۆۋەن گۇناھلارنى ئىشلەيدىغانلاردۇر.

3. ئاللاھنىـڭ ئىزنـى بـويىچە ياخشـى ئىشـلارنى قىلىشـقا ئالـدىرىغۇچىلار _ بۇيرۇلغـان پەرز، ۋاجىـب، سۈننەتلەرنىڭ ھەممىنـى ئورۇنلايـدىغان، ھـارام ۋە هارامـدىن تـۆۋەن يامـان ئىشـلارنىڭ ھەممىسـىنى تەرك ئېتىـدىغان ۋە ئېھتىيـات قىلالمىغـانلىقتىن بەزى مۇبـاھ (قىلسا گۇناھ ياكى ساۋاب بولمايدىغان) ئىشلارنىمۇ تەرك ئېتىدىغانلاردۇر[2].

يـۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك كىشىلەر بەزىلىرىدىكى ئـۆزىگە زۇلـۇم قىلىـش، بۇيرۇلغـانلارنى ئـورۇنلاش ۋە مەنئـى قىلىنغـانلارنى تەرك ئېتىش ئىشىدا بىپەرۋالىق قىلىش قاتارلىق كەمچىلىكلىرى بىلەن تۇرۇپ ئاللاھ تائالا تاللىغان كىشىلەر قاتارىدىن سانالغان.

مۇپەسسىرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ يۇقىرىقى ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: ئۇلار ئـاللاھ تائـالا ئۆزى چۈشـۈرگەن كىتابلارنىـڭ ھەممىسـىنى مـىراس قىلىـپ بەرگەن مـۇھەممەد ئەلەيهىسسـالام ئۇممەتلىرىـدۇر. ئـۇلاردىن «ئـۆزىـگە زۇلـۇم قىلغۇچىلار»نىـڭ گۇنـاھلىرى ئـاللاھ تائـالا ئـۆزى كەچـۈرۈم قىلىـدۇ، «ئوتتۇراھـالىلار»نىـڭ ھېسـاب بېـرىش ئىشـلىرىنى ئاسـان قىلىـدۇ، «ئاللاھنىڭ ئىزنى بويىچە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىلار» ھېساب – كىتاب قىلىنماستىنلا ئۇدۇل جەننەتكە كىرىپ كېتىدۇ»[3].

«ئـۆزىگە زۇلـۇم قىلغۇچى» سـادىر قىلغـان گۇنـاھ «كىچىـك گۇنـاھلار»لا ئەمەس، بەلكـى چـوڭ گۇنـاھلارنىمۇ ئـۆز ئىچىـگە ئالـىدۇ. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: ئادەم باللىسىدىن گۇنـاھ قىلمايدىغان بىرى يوق. گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغان ھەر قانداق كىشى ئايەتتىكى «ئوتتۇراھالىلار ياكى ئاللاھنىڭ ئىزنى بويىچە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىلار» قاتارىغا كىرىدۇ.

**پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:**

1 _ دوكتۇر يۈسۈپ ئەل قەرەداۋىينىڭ «ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى».

2 _ شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ «پەتىۋالار مەجمۇئەسى».

3 _ ئىبنى كەسىر تەپسىرى.

4 _ فەتھۇلبارىي.

2008 _ يىلى 12 _ ئىيۇل،

1429 _ يىلى29 _ جمادي الثاني

---

① فاتىر سۈرىسى، 32 _ ئايەت.
② تەپسىر ئىبنى كەسىر، 3 _ توم، 454 _، 555 _ بەتلەر.
③ ئالدىنقى مەنبە.

# پىرئەۋننىڭ جەسىدى توغرۇلۇق ھەقىقەت

پىرئەۋننىڭ جەسىدى توغرۇلۇق تەتقىقات قەدىمدىن تا ھازىرغىچە شەرق ۋە غەرب تەتقىقاتچىلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى ئاۋارە قىلىپ كەلگەن چوڭ تېما. تەتقىقاتچىلا بىلەن دىن ئادەملىرى ئوتتۇرىسىدا پىرئەۋننىڭ جەسىدى ھەققىدىكى تالاش – تارتىشلار ھازىرمۇ مەۋجۇت. ئەمما ئەڭ ئاخىرقى ۋە ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلغان تەتقىقات نەتىجىسى مۇنداق ئىدى: پىرئەۋن مۇندىن تەخمىنەن 3000 يىللار ئىلگىرى مىسىردا ئۆتكەن پادىشاھ بولۇپ، ئۆزىنى دۇنيانىڭ ئىلاھى دەپ ئېلان قىلغان. پىرئەۋن بىر كۈنى قورقۇنچلۇق بىر چۈش كۆرۈپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىدۇ ۋە پۈتۈن چۈش تەبىرچىلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ، كۆرگەن چۈشىگە تەبىر بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تەبىرچىلەر ئۇنىڭغا، مىسىردىكى ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىن بىر ئوغۇل توغۇلىدىغانلىقى ۋە ئۇ ئوغۇلنىڭ پىرئەۋننىڭ پادىشاھلىقىنى ئۆرۈپ تاشلايدىغانلىقىنى خەۋەر بېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پىرئەۋن پەرمان چۈشۈرۈپ، ئىسرائىل ئەۋلادىدىن توغۇلغان ئوغۇل بالىلارنىڭ بىرىنىمۇ تىرىك قويماي ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇيدۇ. پىرئەۋننىڭ ئادەملىرى ئۆيمۇ _ ئۆي ئاختۇرۇپ يۈرۈپ تۇغۇلغانلا ئوغۇل بوۋاقنى ئۆلتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئارىدا مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلىدۇ. ئانىسى بوۋىقىنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇرىدۇ. ئاخىرىدا ئاللاھ ئۇنىڭغا بالىسىنى بىر سېۋەتكە سېلىپ دەرياغا قويۇپ بېرىشنى ئىلھام قىلىدۇ – دە، ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىسىنىڭ كامىللىقىدىن ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئوغلى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى دەرياغا قويۇپ بېرىدۇ. سېۋەت پىرئەۋننىڭ سارىيىغا ئېقىپ كىرگىنىدە، پىرئەۋننىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ قولىغا چۈشىدۇ. پىرئەۋننىڭ ئايالى بۇ بوۋاقنى بالا قىلىپ بېقىۋېلىش مەقسىتى بىلەن ئۇنى ئۆلۈمدىن تىلىۋالىدۇ.

شۇندىن باشلاپ مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋننىڭ سارىيىدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. كېيىنچە ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغاندا ئاللاھ تائالا ئۇنى پىرئەۋننى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلىشنى بۇيرۇيدۇ. ئەمما پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە يەر يۈزىنىڭ خۇداسى پەقەت ئۆزى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشقا داۋام قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئەۋجىگە چىقىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام مىسىردىكى ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنى باشلاپ پەلەستىنگە قاراپ يولغا چىققىنىدا، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ئۇلارنى قوغلاپ كېلىپ يېتىشىۋېلىشقا ئازلا قالىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادەملىرى دېڭىز بىلەن پىرئەۋن قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا قالىدۇ. شۇ ۋاقىتتا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ (ھاساڭ بىلەن دېڭىزغا ئۇرغىن)[1] دېگەن ئەمرىگە ئاساسەن ھاسىسىنى دېڭىزغا ئۇرغىنىدا دېڭىز سۈيى ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئوتتۇرىسىدىن قۇرۇقلۇق يول ئېچىلىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئادەملىرى بىلەن بۇ يولدىن ئۆتۈپ قىرغاققا چىقىپ بولغىنىدا، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى تېخى دېڭىز ئىچىدە ئۇلارنى قوغلاۋاتقاندا دېڭىز سۈيى قايتىدىن ئەسلىگە كېلىپ ئۇلارنى غەرق قىلىدۇ.

بۇ ۋەقەلىكنى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق ھېكايە قىلغان: ( بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق قىلىش ئۈچۈن دەرھال ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. پىرئەۋن غەرق بولىدىغان چاغدا: « ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئەمدى مەنمۇ مۇسۇلمانلاردىن بولدۇم» دېدى. (ئۇنىڭغا شۇنداق دېيىلدى) «ئەمدىمۇ؟ (يەنى ئەمدى ئىمان ئېيتامسەن؟) ھالبۇكى، ئىلگىرى (ئاللاھقا) ئاسىيلىق قىلغان ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلاردىن ئىدىڭ. سېنىڭ كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇشۇڭ ئۈچۈن، بۈگۈن سېنىڭ جەسىتىڭنى (دېڭىزدىن) چىقىرىپ قويىمىز». شەكسىزكى نۇرغۇن كىشىلەر بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىلدۇر) [2].

ئاللاھ ئۆز ۋەدىسىگە ئاساسەن پىرئەۋننىڭ جەسىدىنى ساقلاپ قويىدۇ.

ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىن، ئىنگلىزلەر تەرىپىدىن «جەبەلەيىن» دېگەن جايدا بىر چۇقۇرنىڭ ئىچىدىن بىر جەسەت تېپىلىپ، ئەنگلىيىگە ئېلىپ كېتىلگەن. بۇ جەسەتنىڭ ئۆمرىنى بىلىش ئۈچۈن، جەسەتلەرنىڭ ئۆمۈرلىرىنى بىلىشتە قوللىنىلىدىغان ھەرتۈرلۈك مېتودلارنىڭ ھەممىسى قوللىنىلغاننىڭ سىرتىدا، كاربون 14 مېتودىمۇ ئىشقا سېلىنغان. ئەجەبلىنەرلىككى، بۇ جەسەت 3000 يىللىق بولۇپ چىققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تىرىسىلا چىرىگەن، ئەمما ئەزالىرى بۇزۇلمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ جەسەت مۇمىيا قىلىنمىغان ئىكەن. چۈنكى مۇمىيا قىلىنغان جەسەتلەرنىڭ ئىچكى ئەزالىرى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچكى ئەزالىرى جايىدا ئىدى. ھازىر بۇ جەسەت ئەنگلىيە پايتەختى لوندوندىكى تەبىئەت مۇزىيىدا كۆرگەزمىگە قويۇلماقتا ئىكەن.

فرانسىيەلىك مەشھۇر مېدىتسىنا ئالىمى دوكتور مۇرىس بۇكاي «قۇرئان ۋە ئىلىم _ پەن»ناملىق ئەسىرىدە پىرئەۋننىڭ جەسىدى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان بويىچە چىققانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تەۋراتنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىردىن چىقىپ كەتكەنلىكى توغرۇلۇق رىۋايەتلىرى ھازىر شۇ پېتى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان پىرئەۋن جەسىدىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئۆتكەن مىسىر پىرئەۋنى2 _ رەمسىسنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە

① شۇئەرا سۈرىسى، 63- ئايەت.
② يۇنۇس سۈرىسى، 90 - 92 - ئايەتلەر.

پىرئەۋننىڭ جەسىدى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تېببىي تەتقىقاتلار نەتىجىسىمۇ پىرئەۋننىڭ سۇدا غەرق بولۇپ ئۆلگەنلىكى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. بىراق تەۋراتتىكى رىۋايەتلەر پىرئەۋننى سۇ يۇتۇپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەشتىن باشقا تەپسىلى مەلۇمات بەرمىگەن بولسا، قۇرئان كەرىم سۇ يۇتۇپ كەتكەن پىرئەۋن جەسىدىنىڭ كېيىنچە قۇتقۇزۇلۇپ سۇدىن چىقىرىلىدىغانلىقى ۋە كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇشى ئۈچۈن ساقلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ھازىرقى زامان مەشھۇر ئىسلام ئالىمى شەيخ ئابدۇلمەجىد زەندانى دوكتور مۇرىس بۇكاي بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتىدە، بۇكاينىڭ ئۇنىڭغا تېببىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىرئەۋننىڭ جەسىدى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېيتىپ بەرگەن بولۇپ، مۇنداق دېگەن ئىكەن: «تېببىي مۇتەخەسسىسلەر پىرئەۋننىڭ جەسىدىنى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا سۇدا غەرق بولۇپ ئۆلگەنلىكىنىڭ ئەسىرىنى، دېڭىز سۈيىدە ئۇزۇن مۇددەت تۇرغانلىقتىن تۇزنىڭ ئەسىرىنى ۋە سۆڭەكلىرىنىڭ پارچىلىنىپ كەتمەستىن پەقەت سۇ بېسىمىنىڭ زەربىسى بىلەن سۇنغانلىقىنى بايقاپ چىقتى».

دوكتور بۇكاي قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىسى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىنسانلارغا يېتىپ كەلگەن دەۋردە، بۇرۇن مىسىردا ئۆتكەن پىرئەۋنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جەسەدلىرى مىسىرنىڭ ئوقسۇر شەھىرىدە نىل دەرياسى بويىدىكى «پادىشاھلار قەبرىستانلىقى»دا مەۋجۇت ئىدى. (ئۇ ۋاقىتلاردا مىسىردا ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ ھەممىسى پىرئەۋن دېيىلەتتى).

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بۇ جەسەدلەرنىڭ بارلىقى كىشىلەرگە تامامەن مەجھۇل ئىدى. بۇ جەسەدلەر پەقەت 19 _ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىلا تېپىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئۆتكەن پىرئەۋننىڭ جەسىدى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئاللاھ تائالا پىرئەۋننىڭ جەسىدىنى خۇددى قۇرئان كەرىمدە بايان قىلغىنىدەك، كىشىلەرگە ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قالغان.

پىرئەۋننىڭ جەسىدى توغرۇلۇق ھەقىقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ياكى كېيىنكى ئەسىرلەردىمۇ كىشىلەرگە مەلۇم ئەمەستى. لېكىن ئاللاھ تائالا شۇ زامانلاردا ئۆزىنىڭ مەكتەپ كۆرمىگەن ۋە ئوقۇش، يېزىشنى ئۆگەنمىگەن بىر پەيغەمبىرىگە بىلدۈرگەن ئىدى. بۇ ئىلىمنىڭ مەنبەسى پەقەتلا ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىدىن ئىبارەتتۇر».

ھىجرى 1429 _ يىلى، رەجەب ئاينىڭ1- كۈنى،

مىلادى2008 _ يىلى 15 _ سىنتەبىر.

## ئىسلام دىنى ۋە تەركىدۇنيالىق

زاھىدلىق بىلەن تەركىدۇنيالىق ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. چۈنكى زاھىدلىق ـ شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئىشلارغا يېقىنلىشىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلغانلىقتىن، شۈبھىلىك نەرسىلەردىن تامامەن يىراقلاشقۇچى دېگەنلىك بولسا، تەركىدۇنيالىق ـ دۇنيالىق ئىشلاردىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈگۈچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىسلام دىنى زاھىدلىق قوللىسىمۇ، تەركىدۇنيالىقنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. چۈنكى تەركىدۇنيالىق ئىنسانىنىڭ زېمىننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن يارىتىلغانلىقتىن ئىبارەت تەبىئىتىگە زىت كېلىدىغان بىر ئىشتۇر. تەركىدۇنيالىق تۆۋەندىكى 3 چوڭ نوقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

ئىبادەت قىلىش نىيىتى بىلەن دۇنيالىق ئىشلاردىن قەتئىي قول ئۈزۈش.

زاھىدلىق دەۋاسى بىلەن ئۆيلىنىشتىن يۈز ئۆرۈش.

زېمىننى گۈللەندۈرۈش ۋە دۇنيالىق ئۈچۈن ئىشلەشتىن باش تارتىش.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام شەرىئىتىدە قاتتىق چەكلەنگەن ۋە ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا ئويغۇن كەلمەيدىغان ئىشلاردۇر. چۈنكى ئىسلام دىنى ماددا بىلەن روھ، دۇنيالىق بىلەن ئاخىرەتلىك، ئاللاھنىڭ ھەققى بىلەن نەپسنىڭ نېسىۋىسى، تەلەپ بىلەن ئەمەلىيەت ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى تەرغىب قىلىدۇ. ھالبۇكى، تەركىدۇنيالىق ئىسلام دىنىنىڭ مەقسەت ۋە غايىلىرىگە زىت كېلىدۇ.

1. ئىبادەت بىلەنلا مەشغۇل بولۇش نىيىتى بىلەن دۇنيالىق ئىشلاردىن قەتئىي قول ئۈزۈشنى ئىسلام دىنى ياقتۇرمايدۇ. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە 3 نەپەر زاھىد كىرىپ كېلىدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەتلىرىنى سورىشىدۇ. ئاندىن ئۇلاردىن بىرى: «مەن ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمەستىن ئىبادەت بىلەنلا مەشغۇل بولىمەن» دەيدۇ. ئىككىنچىسى: «مەن يىل بويى ئۈزمەستىن روزا تۇتىمەن» دەيدۇ. ئۈچىنچىسى: «مەن كېچىلىرى ئۇخلىماي ناماز ئوقۇيمەن»دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ: «مەن سىلەرنىڭ ئاللاھقا ئەڭ تەقۋالىق قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ غەزىپىگە يولۇقۇشتىن ئەڭ قاتتىق ئېھتىيات قىلىدىغان بىرىڭلارمەن. مەن بەزى كېچىلىرى ناماز ئوقۇيمەن، بەزى كېچىلىرى ئۇخلايمەن. رامىزاندىن باشقا ۋاقىتلاردا گاھىدا روزا تۇتىمەن، گاھىدا ئاغزىم ئوچۇق يۈرىمەن. مەن ئۆيلىنىمەن. كىمكى مېنىڭ تۇتقان يولۇمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس»[①] دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇنىڭ كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇپ، كېچىلىرى ئۇخلىماسلىقنى ئادەت قىلىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇنى بۇنداق قىلىشتىن توسىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: «سېنىڭ ئۈستىڭدە بەدىنىڭنىڭ، كۆزۈڭنىڭ، ئائىلەڭدىكىلىرىڭنىڭ ۋە مېھمانلىرىڭنىڭ ھەققى باردۇر. ئۇلارنى ئادا قىلىشىڭ كېرەك».

مۇسۇلمان كىشى شەرىئەتتە بۇيرۇلغان پەرز، ۋاجىب، سۈننەت ۋە مۇستەھەب ئەمەللەرنى ئادا قىلىش بىلەن بىرگە، دۇنيالىق ئىشلىرىنى ئورۇنلىشى لازىم. مۇسۇلمان ئادەم ياخشى ۋە خالىس نىيىتىنىڭ شارائىتى بىلەن ئادەتتىكى دۇنيالىق ئىشلىرىنىمۇ ئىبادەت قاتارىغا ئۆتكۈزەلەيدۇ. چۈنكى، ھالال رىزىق ئۈچۈن ئىشلەش، بالىلارنى بېقىش، تەربىيىلەش ئۈچۈن مېھنەت قىلىش، جەمئىيەتنىڭ، خەلقىنىڭ ۋە دىنىنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ۋە باشقىلار قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى نىيەتنىڭ ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەشتىن ئىبارەت دۇرۇس بولۇش شەرتى بىلەن ئىبادەتكە ياتىدۇ.

2 ـ ئىبادەتتە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قىلىش دەۋاسى بىلەن ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمەسلىك خاتادۇر. ئىسلام دىنى ئۆيلىنىشنى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلىرىدىن بىر ئالامەت دەپ قارايدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەرغىب قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: (ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىدىن ئۇنىسى – ئۇلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاياللاردىن بىرى، ئۇلارنى ئۆز تىپىڭلاردىن يارىتىپ، ئاراڭلاردا مېھىر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقىدۇر. پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك _ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار) [②].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى ساھابىلەرنىڭ ئىبادەتكىلا بېرىلىش ئۈچۈن ئاياللىرىدىن يىراق تۇرۇش تەلەپلىرىنى رەت قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ھەر ئىككى تەرەپنى تۇتۇشنى تەۋسىيە قىلغان.

ئەمما ئىلىم تەھسىل قىلىش، جىھاد بىلەن مەشغۇل بولۇش ياكى باشقىمۇ ئۇلۇغۋار مەقسەتلەر سەۋەبلىك ئۆيلىنىشنى تەرك ئېتىشتە گۇناھ يوقتۇر. ئىسلام تارىخىدا، ئوقۇش ۋە كىتاب يېزىش بىلەنلا مەشغۇل بولغانلىقتىن، ھاياتىدا ھېچ ئۆيلەنمەستىن ئالەمدىن كەتكەن

---

① ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
② رۇم سۈرىسى ، 21- ئايەت.

ئالىملارمۇ بولغان. مەسىلەن ئىمام نەۋەۋىي ۋە ئىبنى تەيمىييەلەرمۇ شۇلاردىندۇر.

ئەمما يوقىرىقى ئۆزرىلەردىن باشقا، تەركىدۇنيالىق نىيىتى بىلەن ئۆيلىنىشنى تەرك ئېتىش گۇناھتۇر. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىقدۇر.

3ـ يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش ۋە دۇنيالىق ئۈچۈن ئىشلەشتىن باش تارتىش ئىسلام نەزىرىدە خاتادۇر. چۈنكى بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى يەر يۈزىدە ئۆزىنى ئىرادىسىنى يۈرگۈزۈشتە ئۆزىدىن ئىزباسار قىلىپ ياراتقانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتكە زىت كېلىدۇ. زېمىننى گۈللەندۈرۈش ئىشى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سانائات، ھۈنەر ـ كەسپ ۋە باشقىمۇ تىرىكچىلىكلەر بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

دۇنيالىق ئۈچۈن ھەركۈنى ۋە ھەر ۋاقىت تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەتتا جۈمە كۈنىدىمۇ جۈمە ۋاقتىدىن باشقا ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىدە دۇنيالىق ئۈچۈن تىرىكچىلىك قىلىش چەكلەنگەن ئەمەس. ئىسلام دىنىدا خىرىستىئان دىنىدا بولغىنىدەك تەركىدۇنيالىق يوق، ئۇنىڭدا يەھۇدىيلارنىڭ دىنىدا بولغىنىدەك تىرىكچىلىك قىلىش چەكلەنگەن كۈن يوقتۇر. شۇنداقلا ئاللاھ ياراتقان دۇنيا زىننەتلىرىدىن پايدىلىنىشتىن بىھاجەت بولۇشمۇ ياخشى ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ ھالال قىلىپ يارىتىپ بەرگەن شەيئىلەردىن لايىقىدا بويىچە پايدىلىنىش ۋە باشقىلارنىمۇ مەنپەئەتلەندۈرۈش مۇسۇلمانلىقنىڭ تەقەززاسىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئىلگىرىكى دىنلارغا كىشىلەر تەرىپىدىن كىرگۈزۈۋېتىلگەن تەركىدۇنيالىقنى تەنقىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: (ئى ئادەم باللىرى ! ھەر ناماز ۋاقتىدا ئەۋرەتىڭلارنى سەترە قىلىپ تۇرىدىغان كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار. ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ. ئېيتقىنكى، ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزغقلارنى كىم ھارام قىلدى؟)①.

ئاللاھ تائالا پاك نەرسىلەرنى يارىتىپ ئاندىن ئۇلارنى بەندىلىرىنىڭ قوللىنىشىنى چەكلىگەن ئەمەس. ئاللاھ چەكلىگەنلەر پەقەت زىيانلىق ۋە پاسكىنا نەرسىلەردۇر، بەس.

مۇسۇلمانلاردىن بولغان بەزى تەرىقەتچىلەر ئۆزلىرىگە قاتتىق تەلەپ قويغانلىقتىن، ئاللاھ ھالال قىلغان نەرسىلەرنىمۇ ئۆزلىرىگە ھارام قىلىۋالغان. ئۇلار بۇ پەلسەپىنى باشقا دىنلاردىن قوبۇل قىلغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

ئىسلام دىنى تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكلىرى ۋە بارچە ھالال مەنپەئەتلىرىدىن پايدىلىنىشنى توسمايدۇ. ساھابىلەردىنمۇ چوڭ بايلار بار ئىدى. ئۇلار دىن ۋە دۇنيالىق ئىككىسىنى بىر _ بىرىگە سەلبىي تەسىر بەرمەستىن تەڭ ئېلىپ بارالىغان. مەسىلەن: ساھابىلەرنىڭ كاتتا بايلىرىدىن ئوسمان ئىبنى ئاففان ۋە ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋفلەر جەننەتكە كىرىدىغانلىقى توغرىلىق خوشخەۋەر بېرىلگەن زاتلار ئىدى. ئۇلارنىڭ بايلىقى ئۇلارنى ئەھلى جەننەتتى بولۇشتىن توسالمىغان.

مۇھىم بولغىنى، دۇنياغا سىز ئىگە بولۇشىڭىز، دۇنيا سىزگە ئىگە بولماسلىقى كېرەك. دۇنيا يۈرىكىڭىزدە بولماستىن، قولىڭىزدا بولۇشى كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئۆزۈڭلارغا ئىبادەتتە قاتتىق تەلەپ قويىۋالماڭلار، يېڭىلىپ قالىسىلەر. سىلەردىن ئىلگىرىكى قەۋملەرمۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىۋېلىپ، ئۇلارنى ئورۇندىيالمىغانلىقتىن يېڭىلىپ قالغان. ئۇلارنىڭ ئىزلىرى قەدىمىي ئىبادەتگاھلىرىدا ساقلانماقتا».

ھىجرى 1429 _ يىلى، شەبان ئاينىڭ2- كۈنى،

مىلادى2008 _ يىلى 16 _ ئۆكتەبىر.

① ئەئراف سۈرىسى، 31- ئايەت.

## تېررورىزم ۋە جىھاد

11 _ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن بۇيان «تېررورىزم»سۆزىدەك دۇنيا تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىۋاتقان ۋە ئەڭ كۆپ تالاش تارتىش ماۋزۇسى بولۇپ كەلگەن ئىككىنچى بىر سۆز يوق. بۇ سۆز شۇنچىلىك كەڭ ئىشلىتىلگەن تۇرۇپ ھازىرغىچە «تېررورىزم»سۆزىنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەر، خەلقلەر ۋە خەلقئارالىق جەمئىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا بىردەك ئىتتىپاققا كېلىنگەن، ئېنىق ۋە تەپسىلىي بىر تەرىپى يوق.

### «تېررورىزم» سۆزى بىلەن «جىھاد»سۆزىنىڭ مەنىسى

ئىنگلىز تىلىدىكى «Terror» سۆزى لۇغەت ئېتىبارى بىلەن «قورقماق، تەشۋىشلەنمەك، ۋەھىمىگە چۈشمەك ۋە سەراسىمىگە چۈشمەك» دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، ئۇنىڭغا «ism» دېگەن قوشۇمچىسىنى قوشقاندا «Terrorism» سۆزى «قورقۇتۇش، ۋەھىمىگە سېلىش، زوراۋانلىق قىلىش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

ئەرەب تىلىنىڭ لۇغەتلىرىدە ياكى ئەرەب ۋە ئىسلام قامۇسلىرىدا «الإرهاب» دېگەن سۆزلۈك يوق ئىكەن. پەقەت ئىنگلىز تىلىدىكى«Terrorism» سۆزىنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا «الإرهاب» دەپ تەرجىمە قىلىنغان ئىكەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، «تېررورىزم» ئېقىمى ئىسلام مەملىكەتلىرىگە يېقىنقى يىللاردىن بىرى سىرتتىن كىرگەن بىر ھالاكەتتۇر.

ئەرەب تىلىدىكى «جىھاد» سۆزى قۇرئان كەرىمدە تۆۋەندىكىدەك 3 خىل مەندە كەلگەن:

1 _ ئاللاھ يولىدا قولغا قورال ئېلىپ غازات قىلىش. (مۇئمىنلەردىن ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلار، ئاللاھ يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ)[1].

2 _ ھەقىقەتنى جاكارلاپ سۆز بىلەن كۆرەش قىلىش. (قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى (پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ) بارلىق كۈچۈڭ بىلەن كۆرەش قىلغىن)[2].

3 _ ياخشى ئىشلارنى قىلىش ۋە ئەمەل – ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاشتا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش. (كىمكى (ياخشى ئەمەللەرنى ئورۇنلاش يولىدا) جىھاد قىلىدىكەن، ئۇنىڭ قىلغان جىھادى ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر)[3].

« مۇجاھىد» زۇلۇم ۋە زۇراۋانلىقلارغا قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغۇچى كىشى دېگەنلىكتۇر.

### تېررورىزم بىلەن جىھادنىڭ پەرقى

تېررورىزم بىلەن جىھاد ئىككىسى ئىككى ئايرىم نەرسىگە قويۇلغان ئىسىمدۇر! تېررورىست مۇجاھىد دېيىلمەيدۇ. مۇجاھىدمۇ تېررورىست دېيىلمەيدۇ.

يامان نىيەتلىك كىشىلەر تەرىپىدىن تېررورىزم بىلەن جىھاد ئىككىسىنى بىر – بىرىگە قەستەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىش خاھىشى بولغانلىقتىن، تېررورىزم جىھاد نامى بىلەن ۋە ھەققانىي جىھاد تېررورىزم نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىشتۇر. بۇ ئىككى ئايرىم نەرسىنى بىر – بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ شەنىگە لايىق كەلمەيدىغان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەشنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىغا قىلىچ ئېلىپ ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلغان. قولىغا قورال ئالغانلارنىڭ ھەممىسى «تېررورىست» دېيىلىدىغان بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ ھەق دىنىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى ئازغۇنلۇقلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىككى ئالەملىك بەخت يولىغا باشلاش ئۈچۈن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنى، ئۆز خەلقىنىڭ ھەق – ھوقۇقلىرىنى قوغداش يولىدا كۆرەش قىلغان داھىلارنى، ئۆتمۈشتىكى ئادالەتلىك پادىشاھلارنى ۋە زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ قولىغا قورال ئالغانلارنىڭ ھەممىسىنى «تېررورىستلار» دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما بۇ توغرا ئەمەس. ئەقىل، شەرىئەت ۋە رېئاللىق بۇنداق دېيىشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ[4].

تېررورىزم _ يولسىزلىق بىلەن قىلىنىدىغان زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىدۇر. ئۇنى شەخسلەر قىلغىنىدەك، دۆلەتلەرمۇ قىلىدۇ. تېررورلۇق – يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىش، ئىنسان ھاياتىنى تەھدىت ئاستىغا ئېلىش ۋە كىشىلەرنى قورقۇتۇش، ناھەق قان تۆكۈش قاتارلىق ۋەھشىي قىلىقلار بولۇپ، دۇنيادىكى پۈتۈن دىنلار بۇنى رەت قىلىدۇ. ئىسلام دىنى تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە قارشى مەۋقەسىنى ناھايىتى ئېنىق بايان قىلغان. ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا

---

① نىسا سۈرىسى، 95 _ ئايەت.
② فۇرقان سۈرىسى، 52 _ ئايەت.
③ ئەنكەبۇت سۈرىسى، 6 _ ئايەت.
④ مۇھەممەد رەفئەت زەنخىرنىڭ «ئىسلام پەيغەمبىرىدىن تېررورلۇق شۈبھىسىنى رەت قىلىش» ناملىق ئەسىرى، 25- بەت.«

ياردەملەشمەڭلار. قۇرئان كەرىم يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىيدىغان، ئىنسان ھاياتىغا تەھدىت قىلىدىغان تېررورىستلارغا بېرىلىدىغان جازانىمۇ ئېنىق بەلگىلىگەن. (ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى ئۇرۇش ئاچىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قولى ۋە سول پۇتى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك. بۇ جازا ئۇلارنى دۇنيادا رەسۋا قىلىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇلارغا چوڭ ئازاب بار)[1].

ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىش پەيغەمبەرلەرنىڭ دەستۇرلىرىدىكى پىرىنسىپلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئاجىزلارنى قۇل قىلماقچى بولغان ئىستېلاچىلارغا، زالىملارغا، كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى بوغماقچى بولغان دىكتاتورلارغا قارشى ھەققانىي كۈرەش قىلىشتۇر. كۈرەش گاھ قورال بىلەن، گاھ قەلەم بىلەن، گاھ سۆز (يەنى دەۋەت) بىلەن بولىدۇ.

قۇرئان كەرىم ئىسلام دىنىنىڭ (دىندا زورلاش يوقتۇر)[2] دېگەن شانلىق پىرىنسىپىنى 14 ئەسىردىن بىرى ئېلان قىلىپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ كەلمەكتە. ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان جىھاد – كىشىلەرنى زورلاپ مۇسۇلمان قىلىش دېگەنلىكنى ئىپادىلىمەيدۇ. جىھاد ئەڭ دەسلەپتە مەككىدىكى زۇلۇم ۋە ئازاب – ئوقۇبەتلەردىن ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغداش يولىدا مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ پاناھلانغان مۇھاجىرلارنىڭ ھەق – ھوقۇقلىرىنى قوغداش يولىدا بۇيرۇلغان ئىدى». [ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر][3]. مانا بۇ جىھادنىڭ ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ئېنىق تەرىپىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، ئىسلام دىنىدا جىھاد ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىنى، ئېتىقاد ۋە پىكىر ئەركىنلىكىنى قوغداش، ئۇلارنى ھەر تۈرلۈك ماددىي ۋە مەنىۋى قۇللۇقلاردىن ۋە ھەرخىل بېسىمدارلىق ھەم دىكتاتورلۇقلارنىڭ كىشەنلىرىدىن ئازات قىلىش ئۈچۈن بۇيرۇلغان!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بولغان غازاتلارنىڭ ھەممىسى نېمە ئۈچۈن مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى «ئۇھۇد»، «بەدرى» ۋە باشقىمۇ جايلاردا يۈز بەرگەن؟ چۈنكى، مۇسۇلمانلار ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ مەملىكىتىگە ھۇجۇم قىلغان ئەمەس. ئۇلار ئۇرۇشنى ھېچبىر ۋاقىت بىرىنچى بولۇپ ئۆزلىرى باشلاتقان ئەمەس. مەككىلىكلەر ۋە مەككە ۋە مەدىنە ئەتراپىدىكىلەر مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار بىلەن بىرلىشىپ مەدىنىگە بىرلەشمە ھۇجۇم باشلاتقانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار يوللۇق ھالدا جىھاد قىلىپ دۈشمەنگە رەددىيە بەرگەن. يەنە نېمە ئۈچۈن ئون مىڭ كىشىلىك ئىسلام قوشۇنى ھىجرىيەنىڭ 8 _ يىلى مەككىنى فەتھى قىلىش ئۈچۈن كىرگەندە بىر كىشىنىڭمۇ قېنى ئېقىتىلماستىن تىنچلىق بىلەن مەككە فەتھى قىلىندى؟ چۈنكى ئىسلام دىنى تىنچلىق بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىشتىن ئۇرۇش قىلىپ قان تۆكۈشتىن ئەۋزەل كۆرىدۇ. شۇڭا قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھىجرىيەنىڭ 6 _ يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشچىلىقىدا مۇسۇلمانلار مەككىگە ھەج قىلىش ئۈچۈن كەلگىنىدە، مەككە كۈچلىرى ھۇدەيبىيەدە ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇلارنى مەدىنىگە قايتىپ كېتىشكە ۋە قوبۇل قىلىش قىيىن بولغان ناھەق شەرتلەرنى تاڭغاندىمۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شۇ ۋاقىتتا مەككىلىكلەرگە كۈچى يېتىدىغان تۇرۇپ پەقەت قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ناھەق شەرتلىرى قوبۇل قىلىدۇ ۋە مەككىگە كىرمەستىن مەدىنىگە قايتىپ كېتىدۇ. بۇ ۋەقەلىكلەرمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئۇرۇشنى، قان تۆكۈشنى خالىمايدىغانلىقى ۋە تىنچلىقپەرۋەر ئىكەنلىكىنىڭ ئايرىم بىر پاكىتىدۇر.

مىسىرنىڭ سابىق مۇپتىسى، ئەزھەر ئىلىم يۇرتىنىڭ ئالىي ماقامىدىكى شەيخۇلئەزھەر دوكتۇر مۇھەممەد سەئىد تانتاۋىي جىھاد بىلەن تېررورىزم ئوتتۇرىسىدا يەر بىلەن ئاسمان پەرقى بار، دەپ سۆزگە باشلاپ بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقىنى مۇنداق تونۇشتۇردى: «ئىسلام دىنىدىكى جىھاد – ئىككى چوڭ پىرىنسىپنى ئاساس قىلىدۇ: بىرىنچىسى، جاننى، مال – مۈلۈكنى، ۋەتەننى، ئىنسانىي ھۆرمەتنى قوغداش. ئىككىنچىسى، ئېزىلگەنلەرنى قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت. ئەمما تېررورىزم _ بىگۇناھ كىشىلەرگە چېقىلىش، خۇسۇسەن ئاياللارغا، بالىلارغا ۋە ياشانغانلارغا زىيانكەشلىك قىلىشتۇر»[4].

جىھاد سۆزى كۆپلىگەن مەنىلەردە كېلىدۇ: ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، ئىسلام دەۋىتىنى تەشۋىق قىلىش يولىدا ئىشلەش، ھۇجۇم قىلغان دۈشمەنگە قارشى قوراللىق تاقابىل تۇرش ۋە باشقىلار. ئىسلام دىنىدىكى جىھاد تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىدىن تامامەن يىراقتۇر. جاننى، ۋەتەننى قوغداش يولىدا كۈرەش قىلىش، ئىستېلاچىلارغا قارشى تۇرۇش ھېچقانداق قانۇندا تېررورلۇق ھېسابلانمايدۇ!

ياۋروپا مۇسۇلمانلار تەتقىقات ۋە پەتىۋا كېڭىشى جىھاد توغرۇلۇق ئېلىپ بارغان ئىنچىكە تەتقىقاتىدا جىھادنىڭ تېررورىزم بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقلىقىنى تەكىتلەپ تۆۋەندىكى باياناتنى ئېلان قىلدى:

قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ (ئەڭ ئىشەنچلىك) ھەدىسلارنىڭ ئىجمالىي تېكىستلىرىدىن ئېنىقلانىدىكى، مۇسۇلمان كىشىنىڭ مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەر بىلەن بولغان ئالاقىسى شەپقەت، مۇھەببەت، ياخشىلىق قىلىش، تونۇشۇش، بىرگە تىچ ئۆتۈش ۋە ھەممىگە ياخشىلىق ھەم ھىدايەت تىلەشنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ مۇنۇ پىرىنسىپىغا تايىنىدۇ: [(كاپىرلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە

---

① مائىدە سۈرىسى، 33 _ ئايەت.
② بەقەرە سۈرىسى 256 _ ئايەت.
③ ھەج سۈرىسى 39 _ ئايەت.
④ ئوتتۇرا شەرق گېزىتى.

سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادالەتلىك بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئادالەتلىك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. ئاللاھ دىن ئۈچۈن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتىشىڭلاردىن سىلەرنى توسىدۇ، كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر]①.

جىھاد ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش، ياخشى ئىشلارغا پۇل سەرپ قىلىش بىلەن بولغىنىدەك، قەلەم بىلەن، تىل بىلەن ۋە پەن – تېخنىكا بىلەن قوراللىنىش بىلەنمۇ بولىدۇ. ھەتتا جىھاد قۇرئان بىلەنمۇ بولىدۇ. قۇرئان بىلەن بولغان جىھاد قۇرئاننىڭ ھەقىقەتلىرىنى باشقىلارغا تەشۋىق قىلىش بىلەن بولىدۇ.

قورال بىلەن جىھاد قىلىش قۇرئان كەرىمنىڭ تەبىرى بويىچە «قىتال» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ پۈتۈن ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن ئۆزىنى قوغداش ۋە تاجاۋۇزچىلارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈنلا قىلىنىدۇ. [سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ]②، [ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر]③.

ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرى يەنە «ئەسكىريي ئىستىبلا قىلىش»، «ئىرقىي تازىلاش»، «دىننى چەكلەش ئۈچۈن بېسىم قىلىش»لارغا ئوخشىغان ھەر تۈرلۈك زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزچىلىق تۈرلىرىگە قارشى ھەققانىي جىھاد قىلىشنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىگە بىردەك ئىتتىپاقتۇر. [تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا، زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ]④.

بۇ خىل جىھاد ئىنسانلارنىڭ قانۇنلۇق ھەق – ھوقۇقلىرىنى قوغداش، تاجاۋۇزچىلىقنى ۋە ھەقسىزلىكنى توختىتىش يولىدا قىلىنىدۇ. ئىسلام دىنىدا قوراللىق جىھاد تىنچلىق بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىش چارىلىرىنىڭ ھەممىسى تۈگىگەندىن كېيىن ئېلىنىدىغان ئەڭ ئاخىرقى قاراردۇر»⑤.

ئىسلام دىنىدا يولغا قويۇلغان جىھادنىڭ شەرتلىرىمۇ ئىنتايىن چىڭدۇر. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۇرۇش مەيدانىدا ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئەخلاقىي ۋە دىنىي بۇرچى ئۆزلىرىگە قارشى ئۇرۇش ئاچمىغانلار بىلەن ئۇرۇشماسلىق، ئاياللار، بالىلار ۋە ياشانغانلارغا تەگمەسلىك، قارشى تەرەپنىڭ مال – مۈلكىنى، ئۆي – جايلىرىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق، ئەسىرلەرنى خورلىماسلىق ۋە باشقىلاردۇر.

ئىسلام دىنى مال – دۇنياغا ئېرىشىش يولىدا، ئىرقىي دەۋا ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ زېمىنلىرىنى بېسىۋېلىش ياكى ئۇلارنى بويسۇندۇرۇش ياكى دىنغا كىرىشكە زورلاش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. كىشىلەر ئىسلام دىنىغا پەقەت ئۆز ئىختىيارى بىلەنلا كىرىدۇ. ئۇلارنى ھېچكىمنىڭ زورلاش ھوقۇقى يوقتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: [ئەگەر رەببىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى، سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟]⑥.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق ئايدىڭلىشىدۇكى، ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ بولغان بەزى جامائەتلەرنىڭ، تەشكىلاتلارنىڭ ۋە بەزى شەخسلەرنىڭ بىگۇناھ كىشىلەرنى قورقۇتۇش، ئادەملەرنى گۆرەگە ئېلىۋېلىش، ئۆلتۈرۈش، بىنالارنى، ئاپتوموبىللارنى پارتلىتىش قاتارلىق ۋەھشىلىكلىرىنىڭ ئىسلام دىنىدىكى جىھاد بىلەن يېقىندىن ياكى يىراقتىن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقتۇر!

تېرروررىزمنى ھازىرقى زامان ئىستىلاھى بويىچە تونۇشتۇرغىنىمىزدا، ئۇ شەخسلەر ياكى تەشكىلاتلار ياكى دۆلەتلەر تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى بولۇپ، بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قانلىرىنى ئېقىتىش، گۆرەگە ئېلىۋېلىش، سۇيىقەست پىلانلاش، مۇھىتنى بۇلغاش، ئىگىلىكلەرنى ۋەيران قىلىش، جەمئىيەت ئامانلىقىغا تەھدىد سېلىش قاتارلىق يولسىزلىقلاردۇر.

### دۆلەت تېرروررىزمى

دۆلەت تېرروررىزمى – ئەخلاق ۋە قانۇن چەكلىمىلىرىدىن ھالقىغان، زوراۋانلىق بولۇپ، دۆلەت سىياسىتىنىڭ بىر پارچىسى سۈپىتىدە ئاجىزلارنى ھەر خىل يولسىز ھەرىكەتلەر بىلەن بوزەك قىلىش، سۇيىقەست پىلانلاپ ئۆلتۈرۈش دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭغا ئەينى ۋاقىتتىكى گىتلېر پاشىزمى، ستالىن ھاكىمىيىتى ۋە مىسال بولالايدۇ.

تېرروررلۇقنىڭ ئەڭ ئۇچىغا چىققان ۋەھشىلىكى بولسا باشقىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىنى مۇستەملىكە قىلىۋېلىشتۇر.

① مۇئمىن سۈرىسى 8 ~ 9 _ ئايەتلەر.
② بەقەرە سۈرىسى 190 _ ئايەت.
③ ھەج سۈرىسى 39 _ ئايەت.
④ بەقەرە سۈرىسى 193 _ ئايەت.
⑤ ياۋروپا مۇسۇلمانلار تەتقىقات ۋە پەتىۋا ھەيئىتىنىڭ باياناتى.
⑥ يۇنۇس سۈرىسى 99 _ ئايەت.

مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى كۆرەش قىلىش تېررورلۇققا كىرمەيدۇ. بەلكى ئۇ يوللۇق جىھادتۇر. خەلقئارالىق نىزامنامىلار ۋە قانۇنلارمۇ بۇنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

### تېررورىزمنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى

غەرب مەدەنىيەت تارىخىنى ئاختۇرۇپ كۆرىدىغان بولساقمۇ بىز «تېررورىزم» دەپ ئاتىغان زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ مىساللىرىنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. مىلادىيەنىڭ 14 _ يىلىدىن 37 يىلىغىچە روماغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان«Tiberiu» بىلەن 37 _ يىلىدىن 41 _ يىلىغىچە ھۆكۈمران بولغان«Caligula» لار ھاكىمىيىتىگە قارشى چىققانلارنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى قوللىنىپ، قارشى چىققۇچىلارنى ئۆلتۈرۈپ مال _ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغان. كېيىنچە ئىسپانىيەدە «تەپتىش مەھكىمىلىرى»تەرىپىدىن مۇسۇلمانلارغا قارشى تەشكىللىك ھالدا ئېلىپ بېرىلغان ئومۇميۈزلۈك زوراۋانلىق ھەرىكىتى غەرب مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئۇنتۇلماس تېررورلۇق ۋەقەسى ھېسابلىنىدۇ[1].

ئەمما ئىسلام مەملىكەتلىرىدىكى زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ باشلىنىشى ئىسلامىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ گۈللەنگەن ۋاقتىدا 1974 _ يىلى مىسىردا باشلاندى. كېيىنچە باشقا ئىسلامىي جامائەتلەر ۋە تەشكىلاتلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي غەرەزلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ ئىشلىتىشكە باشلىدى. بەزىلەر مىسىردىكى «ئەل ئىخۋانۇل مۇسلىمۇن – مۇسۇلمان قېرىنداشلار» جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى شېھىت ھەسەن ئەل بەننانى زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى قوللانغان، دەپ جۆيلۈيدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. مىسىردىكى «ئەل ئىخۋانۇل مۇسلىمۇن»جەمئىيىتى ياكى شېھىت ھەسەن ئەل بەننا زوراۋانلىق ھەرىكىتى قوللانغان ئەمەس. ئۇنىڭغا تەشۋىق قىلغانمۇ ئەمەس. پەقەت تىنچلىق بىلەن جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئىسلام دەۋىتى بىلەن شۇغۇللانغان شەخس ئىدى. ئەكسىچە، ھەسەن ئەل بەننانىڭ سۇيىقەست بىلەن شېھىت قىلىنغانلىقىمۇ، شۇ ۋاقىتتىكى قىرال فاروقنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتى بىۋاسىتە ئىجرا قىلغان دۆلەت تېررورىزمىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. شېھىت ھەسەن ئەل قولىغا قورال ئالغانمۇ ئەمەس، شېھىت بولغان ۋاقتىدىمۇ قولىدا ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىدىغان ھېچقانداق نەرسىسى يوق ئېدى.

ئەمما بەزى ئىسلامىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئۆز دۆلەتلىرىدىكى چىرىكلىك بىلەن پاساتچىلىقلارنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ھاكىمىيەتلەقلىق تۈزۈملىرىنى ئۆزگەرتىش يولىدا بەزى زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغانلىقى راست. مىسىردىكى «جىھاد» ۋە «ئىسلام» تەشكىلاتلىرى، سۈرىيىدىكى «ئەل ئىخۋانۇل مۇسلىمۇن» شۆبىسى، ئىئوردانىيەدىكى «ھىزبۇتتەھرىر»تەشكىلاتى بۇنىڭ مىسالىدۇر. ئالجىرىيەدە «قۇتقۇزۇش» پارتىيىسى سايلامدا ئۇتۇپ چىققان بولسىمۇ ئۆز ھەققىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىگە باش ئۇرغان بولدى.

### ئىسلام دىنى قىلىچ بىلەن تارقالغانمۇ؟

ئىسلام دىنى قىلىچنىڭ كۈچى بىلەن تارقالغان ئەمەس. مۇسۇلمانلار قىلىچ بىلەن نەيزىنى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان، مال – مۈلكلىرىنى تالان – تاراج قىلىپ، ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان بېسىمدارلارغا قارشى ئۆزلىرىنىڭ ھەق – ھوقۇقلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىش يولىدا ئىشلەتكەن.

ئىسلام دىنىنىڭ روشەن نۇرى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا پارلىشى بىلەن خوشنا دۆلەتلەر ۋە يىراق قىتئەلەردىن ئىسلام دەۋىتىنى ئاڭلاپ مۇسۇلمان بولۇشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئايىغى مەدىنىدىن ئۈزۈلمىدى. ئۇلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز قەۋملىرىنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىش يولىدا دەۋەتچى بولۇپ ئۆز ۋەتەنلىرىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بېشىدىكى بېسىمدارلار ئۇلارنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى بوغۇپ تاشلاش ئۈچۈن ئۇلارنى قاتتىق قىيىن – قىستاقلارغا ئالدۇ، بۇ يېڭى دىنىنى تەرك ئېتىشكە زورلايدۇ. مەككە شەھرىدە بىلال، ئەممار قاتارلىق ساھابىلەرنىڭ بۇ يېڭى دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقلىرى سەۋەبلىك قەۋمى تەرىپىدىن قاتتىق قىيىن قىستاقلارغا ئېلىنىشى، «تۇنجى ئىسلام شېھىتلىرى» دەپ تارىخقا قەيت قىلىنغان ياسىر ۋە سۇمەييەلەرنىڭ ئۆزلىرى تاللىغان دىنىدىن قايتماسلىق يولىدا شەپقەتسىزلەر تەرىپىدىن تارىختا كۆرۈلمىگەن ئەڭ ۋەھشى ئۇسۇلدا شېھىت قىلىنىشى ۋە باشقا زۇلۇملار ۋە ھەقسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسى زالىملارنىڭ بۇ زۇلۇملىرىنى توختىتىش ئۈچۈن جىھاد قىلىشنى تەقەززا قىلاتتى.

ئاتاغلىق تارىخچى گوستاۋ لېبون مۇنداق دېگەن ئىكەن: «تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، دىنلار كۈچ بىلەن تارقالغان ئەمەس. خىرىستىيانلار ئىسپانىيەدىكى ئەرەبلەرنى ئىسلام دىنىدىن ۋاز كېچىشكە زورلىۋىدى، ئۇلار ئۆز دىنىدىن ۋاز كەچمەسلىك بەدىلىگە ئۆلتۈرۈلۈش، پالىنىش، سولىنىش ۋە قىيىن – قىستاقلارغا ئېلىنىشلارغا رازى بولدى. ئىسلام دىنى قىلىچ بىلەن تارقالمىدى. بەلكى پەقەت بىرلا دەۋەت يولى بىلەن تارقالدى. ئەرەبلەرنىڭ ئۈستىدىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن تۈركلەر بىلەن موڭغۇللارمۇ كېيىنچە ئۆز ئىختىيارى بىلەن مۇسۇلمان بولۇشتى»[2].

دۇنيادا كىشىلىك ھوقۇق، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھەق – ھوقۇق، ئېتىقاد ۋە پىكىر ئەركىنلىكى دەيدىغان بىرەر خەلقئارالىق قانۇن بولمىغان دەۋرلەردە، مۇسۇلمانلار ئادالەتنى ۋە يول تاللاش ئەركىنلىكىنى قوغداش يولىدا جانلىرىنى، پۇل – ماللىرىنى ۋە ھەر قانداق

① يەھيا ئابدۇلكەرىمنىڭ «تېررورىزمنىڭ ماھىيىتى»ناملىق ئەسىرى، 154 _ بەت
② جورج بىرنارشۇنىڭ «ئەرەب مەدەنىيىتى» ناملىق ئەسىرى، 661- بەت.

قىممەتلىك نەرسىلىرىنى پەيدا قىلغان ئىدى. ئۇلار باشقىلارنىڭ بايلىقلىرىنى ئىگەللىۋېلىش ياكى ئۇلارنى مۇستەملىكە قىلىۋېلىش ئۈچۈن جىهاد قىلغان ئەمەس، پەقەت ئىنسانلارنىڭ دىن تاللاش ئەركىنلىكىنى قوغداش، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقلىرى سەۋەبلىك تۈرلۈك ئازاب – ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولغانلارنى ئازات قىلىش، ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن بولسىمۇ ئۆز دىنلىرىغا داۋام قىلىپ ئىسلام ھىمايىسى ئاستىدا قوغدىلىشنى تەلەپ قىلغانلارنى ھىمايىسى ئاستىغا ئېلىش يولىدا جىهاد قىلغان. ھازىرقى مۇسۇلمانلار بۇرۇنقىلىرىدىن پەخىرلەنسە بولىدۇ. ئۇلار پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۆلگە بولۇشقا ئەرزىيدۇ.

ئىنسانىيەت تارىخى ئىسلام دىنىدىكى جىهادقا ئوخشايدىغان ئىككىنچى بىر ھەققانى ئىنقىلابنى ۋە مۇنداق ئۇلۇغۋار كۆرەشنى باشتىن كەچۈرگەن ئەمەس. دۇنيادا قەدىمدىن تا ھازىرغىچە بولۇۋاتقان ئۇرۇشلارنىڭ تولىسى ماددىي مەنپەئەتكە ئېرىشىش، باشقىلارنىڭ زېمىنلىرىنى بېسىۋېلىش، ئۆز نوپۇزىنى كېڭەيتىش قاتارلىق مۇددىئالارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يۈز بېرىپ كەلمەكتە.

ھازىرقى ئەسىردە دۆلەت قانۇنى، خەلقئارالىق نىزامنامىلار لايىھەلىنىپ كىشىلىك ھوقۇق دېگەن ئاتالغۇ بىلەن قانۇن سايىسىدا كىشىلەرنىڭ ھەق – ھوقۇقلىرىنى قوغداش پرىنسىپلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ كىشىلەرگە چەكلىك ئەركىنلىك ئاتا قىلىنغان بولسا، ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ۋەزىيەت بۇنداق ئەمەس ئىدى. شۇڭا جىهاد ئۇ زامانلاردا ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇش، ئۇلارنىڭ ئېتىقاد ۋە پىكىر ئەركىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر بولغان ئىدى.

قانۇن ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا قادىر بولالىسا، جىهاد قىلىشقىمۇ، ھىجرەت قىلىشقىمۇ ھاجەت قالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىنچلىق زامانلىرىدا ئاللاھ تائالانى ياد قىلىشنىڭ جىهاد قىلىشتىنمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئۇ مۇنداق دېگەن:» سىلەرگە ئەمەللىرىڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نەزەرىدە ئەڭ ساۋابلىق بولغىنىنى، مەرتىۋەڭلارنى ئەڭ يۇقىرى قىلىدىغىنىنى، ھەق يولىغا ئالتۇن ۋە كۈمۈش سەرپ قىلغاندىنمۇ ساۋابلىق بولغىنىنى، دۈشمەنلىرىڭلار بىلەن تىغمۇ –تىغ ئېلىشىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزۈڭلارمۇ نەق مەيداندا شېھىت بولغىنىڭلاردىنمۇ چوڭ بولغىنىنى دەپ بېرەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشتۇر»[1].

ئەگەر قانۇن ئادالەتنى بەرپا قىلالمىسا، ناھەقچىلىككە يول قويسا جىهاد قىلىش تا قىيامەتكىچە يوللۇق بولۇپ قېلىۋېرىدۇ!

**ئىسلام دۆلىتىدىكى مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى**

ئىسلام پىرىنسىپى بويىچە، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەردىن ئۆزلىرىگە تىنچ تەڭلىمىگەنلىرى بىلەن دوستلۇق، ئادالەت، ئۆز ئارا ياردەملىشىش ۋە باراۋەرلىك ئىچىدە ئىناق ئۆتۈشى بەلگىلەنگەن. مەيلى ئۇلار ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئىچىدە بولسۇن، مەيلى ئىسلام دۆلىتىنىڭ سىرتىدا بولسۇن ئۇلارغا قىلىدىغان مۇئامىلە ئوخشاشتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ پرىسىپنى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلغان: «كاپىرلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئادالەتلىك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ».[2].

ئەمما مەيلى مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەردىن بولسۇن، مەيلى دىنىدىن يېنىۋالغان مۇرتەدلەردىن بولسۇن، كىمكى مۇسۇلمانلارغا ياكى ئىسلام دىنىغا قارشى قورال كۆتىرىدىكەن، ئۇلارغا قارشى جىهاد قىلىش بەلگىلىنىدۇ. «ئۇرۇش ) ھارام قىلىنغان ئاي (ئۇرۇش) قىلىنغان ئايغا تەڭدۇر (يەنى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا دۈشمىنىڭلار سىلەرگە چېقىلسا، شۇ ئايلاردا سىلەرمۇ ئۇلارغا چېقىلساڭلار بولىدۇ). ھۆرمىتى ساقلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى تەڭ باراۋەر (يەنى ھۆرمىتى ساقلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى باشقىلار دەپسەندە قىلسا، ئىنتىقام ئېلىش يۈزىسىدىن، سىلەرمۇ ئۇلارنى دەپسەندە قىلساڭلار ھېچ يامىنى يوق). بىراۋ سىلەرگە قانچىلىك چېقىلغان بولسا سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار؛ ئاللاھ غا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، بىلىڭلاركى ئاللاھ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر». ئەمما مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچمىغانلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ چېقىلىشى قەتئىي چەكلىنىدۇ. فىقھى ئىستىلاھىدا«ھارام»دۇر.«سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ»[3].

قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار قانۇنى سايىسىدا مۇسۇلمانلار تارىختىن بۇيان باشقا دىندىكى كىشىلەر بىلەن تىنچلىق، دوستلۇق ۋە مەرھەمەت ئىچىدە ياشاپ كەلدى. مۇسۇلمانلار ئەھلى كىتاب(يەنى يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلار)بىلەن بىر _ بىرىنىڭ تاماقلىرىنى يېيىش، بىرى _ بىرىگە ياردەم قىلىش، ئۆز ئارا سودا كېلىشىملىرىنى تۈزۈش، بىر _ بىرىگە ۋە بىر _ بىرىنىڭ ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىش، شۇنداقلا بىر – بىرى بىلەن ئۆيلىنىش ئىشلىرىدا ئورتاق بولۇپ كەلدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا شۇنداق قىلىشنى ھالال قىلىپ بەرگەن.«بۈگۈن سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى، كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلار) نىڭ تامىقى سىلەرگە ھالالدۇر ۋە سىلەرنىڭ تامىقىڭلار ئۇلارغا ھالالدۇر، مۇئمىنلەردىن بولغان ئەفىفە ئاياللارنىڭ، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەردىن بولغان ئەفىفە ئاياللارنىڭ مەھرىنى بەرسەڭلار، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ۋە ئاشكارا – يوشۇرۇن پاھىشىنى

---

① ئىمام مالىك، تىرمىزى، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. ئەلبانىي سەھىھ دەپ باھالىغان ھەدىس«مشكاة المصابيح» 2/72.
② مۇمتەھىنە سۈرىسى 8 _ ئايەت.
③ بەقەرە سۈرىسى 190 _ ئايەت.

كۆزلىمىگىنىڭلار ھالدا (ئۇلارنى ئالساڭلار)، ئۇلار سىلەرگە ھالالدۇر»[1].

### ئەھلى سەلىب ئۇرۇشلىرى ئىسلام دىنىنىڭ كەڭچىلىكىگە گۇۋاھتۇر

ئىسلام دىنى غەرب دۇنياسىغا تارقىلىشقا باشلاپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلب قىلىشتا نەتىجە قازانغاندىن كېيىن، غەرب دۇنياسىنىڭ زوراۋان ھاكىممۇتلەقلىرى بولۇۋالغان خىرىستىيان دىن ئادەملىرى ئىسلام دىنىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن خەتەرلىك كۆچ دەپ قارىدى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى مەۋقەئەسىنى ئېلان قىلىشتى. ئارقىدىنلا ئۇلار غەربنىڭ ئەفرەنجى پادىشاھلىرىنى كۈشكۈرتۈپ مۇسۇلمانلارغا قارىش ئۇرۇش باشلاتتى. ئۇلار ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خۇددى يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەن بولغاندەك دۈشمەن بولۇشتى. ھەر ئىككىسىنىڭ سەۋەبى ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتىش ئىدى.

ئەھلى سەلىب ئارمىيىسى ئىسپانىيەدىكى مۇسۇلمانلارنى تۇتقانلا يەردە ئۆلتۈرۈپ، تىرىك قالغانلىرىنى ئۇرۇپ – سوقۇپ قوغلاپ چىقىرىدۇ. ئاندىن پەلەستىندىكى ئىروسالىمنى بىر يېرىم ئاي مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغاندىن 70 مىڭدىن كۆپرەك كىشىنى ئۆلتۈرىدۇ. يەھۇدىيلارنى توپلاپ چىركاۋ بىلەن بىرگە كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ[2]. مەشھۇر تارىخچى گۇستاۋ لېبون ئەھلى سەلىب ئارمىيىسىنىڭ ۋەھشىلىكلىرىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «ئەھلى سەلىب ئارمىيىسى بۇنىڭ بىلەن كۇپايە قىلمىدى. بەلكى ئۇلار ئىروسالىمدىكى يەھۇدىيلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنى ۋە خىرىستىيانلاردىن ئاسىيلىق قىلغانلارنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلاش توغرىسىدا قارار ئېلىپ سەككىز كۈن تۇرماستىن قىرغىنچىلىق قىلىپ 60 مىڭدىن كۆپرەك ئادەمنى ئۆلتۈردى. ئۆلتۈرۈشتە ئايال، كىچىك بالا، ياشانغانلار،دەپ ئايرىپ ئولتۇرمىدى»[3].

ئەھلى سەلىب ئارمىيىسىنىڭ بۇ قىلغانلىرى قارشىسىدا مۇسۇلمانلار ئادالەت، شەپقەت ۋە ئىنسانپىي ئاساس قىلغان ھالدا ئىش كۆردى. ئەھلى سەلىب مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن يېڭىلگىنىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ قوماندىنى سالاھىددىن ئەييۇبىي خىرىستىيانلارغا تارىختا ھېچ ئۇنتۇلمايدىغان كاتتا خىزمەتلەرنى ۋە ياخشىلىقلارنى قىلدى. ئىروسالىمدا ئەسىرگە چۈشكەن ئەھلى سەلىب پادىشاھلىرىنى، قوماندانلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى كەچۈرىۋەتتى. غەربكە كېتىشنى خالىغانلارنى چىرايلىقچە يولغا سېلىپ قويدى. كېسەل ۋە ياردىرلىرىنى داۋالاتتى. ئۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىشنى ئويلاپمۇ قويمىدى. گۇستاۋ لېبون ئەھلى سەلىب ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازغان: «مۇسۇلمانلارنىڭ قوماندىنى سالاھىددىن خىرىستىيانلارغا ئۇلارنىڭ مۇندىن بۇرۇن مۇسۇلمانلارغا قارشى قىلغانلىرىنىڭ ئوخشىشىنى قىلىشنى خالىمىدى. ئۇلارنىڭ مال – مۈلكىنى تارتىۋېلىشنى مەنئى قىلىپ، ئۇلاردىن ئاز مىقداردا جىزىيە(يىللىق تۆلەم) ئېلىش بەدىلىگە ئىسلام دۆلىتىدە مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە تولۇق ھوقۇقلۇق بولۇپ ياشاش پۇرسىتىنى بەردى»[4].

ھىجرى 1429 _ يىلى، شەۋۋال ئايىنىڭ5- كۈنى،

مىلادى2008 _ يىلى 17 _ دىكابىر.

---

① مائىدە سۈرىسى 5 _ ئايەت.
② سۇيۇتىنىڭ «خەلىپىلەر تارىخى» ناملىق ئەسىرى 504 _ بەت.
③ گۇستاۋ لېبوننىڭ «ئەرەب مەدەنىيىتى »ناملىق ئەسىرى 327 _ بەت.
④ ئالدىنقى مەنبە 329 _ بەتتىن.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھاقارەت قىلىش ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ھاقارەت قىلغانلىقتۇر

ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئارا قېرىنداشلاردۇر. ئۇلارنىڭ غايىسى بىر، ئەقىدىسى بىر، تۇتقان يولى بىر، ۋەزىپىسىمۇ بىردۇر. ساماۋىي دىنلارنىڭ شەرىئەت تەكلىپلىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانى بىر بىلىپ ئۇنىڭغىلا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىشتىن ئىبارەت دەۋىتى بىر خىلدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق»[1].

جورج بىرناردشۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئىيسانى ئېتىراپ قىلاتتى، ئۇنى خۇددى بىز خىرىستىيانلار ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلەيتتى. ئەگەر مۇھەممەد چىركاۋ بايرىقى ئاستىدىكى كۆپلىگەن خىرىستىيانلار قارىلىغاندەك يالغاندىن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىپ چىققان بىرى بولسا ئىدى، ئۇ ئىيسانى ئېتىراپ قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغان بولاتتى. مۇھەممەدنىڭ ئىيسانى ئېتىراپ قىلغانلىقى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك رىسالىسىنىڭ ھەقلىقى ۋە ئەخلاقىي كامالىيىتىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا مۇھەممەدكە ھاقارەت قىلىش ۋاسىتىلىك ھالدا ئۇ چاقىرغان ئېسىل ئەخلاقلارنى ھاقارەتلىگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى مۇھەممەد چاقىرغان ئېسىل ئەخلاقلار ئىيسا دەۋەت قىلغانلارنىڭ ئۆزىدۇر»[2].

**خۇلاسە كالام:**

1 _ تىنچلىق پەيغەمبەر دەۋىتىنىڭ ئاساسىدۇر. پەقەت پەيغەمبەرلەرگە دۈشمەن بولغۇچىلار ئۇلارغا قارشى قورال كۆتۈرگەنلىكى سەۋەب بىلەن ئۇرۇشلار يۈز بەرگەن. ھاياتىدا ئۇرۇش قىلمىغان ئىيسا ئەلەيھىسسالاممۇ ئاخىر زاماندا ئاسماندىن چۈشىدۇ ۋە قولىغا قورال ئېلىپ ئىنسانىيەت دۈشمىنى دەججالنى ئۆلتۈرىدۇ.

2 _ پەيغەمبەرلەرگە دۈشمەن بولغۇچىلار ئۇرۇشنى بىرىنچى بولۇپ باشلىغان ھەقىقىي تېررورىستلاردۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ھەققانىي جىھادلار ئىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر جامائەسى! ئەھدە بەرگەندە) ئىچكەن قەسىمىنى بۇزغان، پەيغەمبەرنى (مەككە) دىن ھەيدەپ چىقىرىشنى قەستلىگەن ۋە سىلەرگە ئالدى بىلەن ھۇجۇم قىلغان قەۋمگە ئۇرۇش ئاچمامسىلەر؟»[3].

3 _ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرىكى كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەرمۇ قوللىرىغا قىلىچ ئېلىپ دۈشمەنلىرىگە قارشى جىھاد قىلغان. مۇسا، داۋۇد ۋە سۇلەيمان ئەلەيھىسسالاملارمۇ شۇنداق قىلغانلاردىندۇر. قولىغا قىلىچ ئېلىش ياخشىلار ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ شەنىگە ياراشمايدىغان ئىش بولسا ئىدى، بۇ پەيغەمبەرلەر قوللىرىغا قىلىچ ئېلىپ دۈشمەنلىرىگە قارشى جىھاد قىلمىغان بولاتتى. بەلكى بۇزغۇنچىلارنىڭ، تېررورىستلارنىڭ يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىشىغا، كىشىلەرنىڭ دىن تاللاش ئەركىنلىكىنى بوغۇشىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇش ئۇلارنىڭ شەنىگە ياراشمايتتى. چۈنكى ھەقىقەت ئۈچۈن ھەر زامان ئۇنى قوغدايدىغان ۋە تۈرلۈك دۈشمەنلىكلەردىن مۇداپىئە قىلىدىغان كۈچنىڭ بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

4 _ پەيغەمبەرلەر ئېلىپ بارغان جىھادلار ئەڭ يۈكسەك ئەخلاقىي پىرىنسىپلار ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، تېررورىستلارنىڭ، بۇزغۇنچىلارنىڭ ۋە زالىملارنىڭ غەيرىي ئەخلاقىي قىلمىشلىرىدىن تامامەن پەرقلىقتۇر. ئالدىنقىسى، قورال كۆتۈرمىگەنلەرگە، ئاغرىقچانلارغا، ئاياللارغا، بالىلارغا، ياشانغانلارغا، ئىبادەتخانىدا راھىبلىرىغا قەتئىي چېقىلماسلىق، مۇھىتنى بۇلغىماسلىق، ئۆي – ماكانلارغا بۇزماسلىق، زىرائەتلەرگە، دەل – دەرەخلەرگە زىيان يەتكۈزمەسلىك، ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى خورلىماسلىقتىن ئىبارەت پولاتتەك قاتتىق پىرىنسىپلار ۋە كەسكىن شەرتلەر ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان بولسا، كېيىنكىسى، ئۇچرىغاننى ئۆلتۈرۈش، ئۆي – ئىمارەتلەرنى يېقىتىش، زارائەتلەرنى نابۇت قىلىش بىلەن ئېلىپ بېرىلدى ۋە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ.«مۇسا ئۇلارغا دەرگاھىمىزدىن ھەق (يەنى پەيغەمبەرلىك) بىلەن كەلگەندە، ئۇلار: «مۇسا بىلەن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئوغۇللىرىنى (نەسلىنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن) ئۆلتۈرۈڭلار، ئاياللىرىنى (خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن) قالدۇرۇڭلار» دىدى»[4].

5 _ ئىسلام دىنىدىكى جىھاد مۇھاجىرلار (مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ پاناھلانغانلار)نى ھىمايە قىلىش ۋە ئەنسار (مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار)نى قوغداش مەقسىتى بىلەن باشلانغان بولۇپ، قانداق دىن ۋە قانداق ئىرققا مەنسۇپ بولۇشى دىن قەتئىينەزەر ئېزىلگەنلەرنى قۇتقۇزۇش، ئۇلارنى ھەر تۈرلۈك قۇللۇقلاردىن ئازات قىلىش مەقسىتى بىلەن داۋام قىلغان.

6 _ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئەڭ شەپقەتلىكى ۋە ئۆزى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشنى قەتئىي ياقتۇرمايدىغان بىر زات

---

[1] ئەنبىيا سۈرىسى 25 _ ئايەت.
[2] جورج بىرنادشۇ ماقالىلىرى، 667- بەت.
[3] تەۋبە سۈرىسى 13 _ ئايەت.
[4] غافىر سۈرىسى 25 _ ئايەت.

ئىدى. ئۇنىڭ مەككە فەتھى بولغان كۈنى بۇرۇن ئۇنى ۋە ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن مۇسۇلمانلارنى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيلىكلەر بىلەن ئازارلىغان ۋە يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان مەككىلىكلەرنى«كېتىڭلار، سىلەر ئازاتسىلەر»دەپ كەچۈرىۋەتكەنلىكى بۇ ماۋزۇدا يېتەرلىكتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرى ۋە ئۇنىڭ يۇقىرىقي ئىنسانىي ئەخلاققا ئىگە ئىكەنلىكى توغرۇلۇق غەربلىك تارىخچىلار ۋە يازغۇچىلارنىڭ بەرگەن باھالىرىمۇ بىزنى بۇ ماۋزۇدا كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرۇشتىن بىھاجەت قىلىدۇ.

7 _ باشقىلار بىلەن تىنچلىق ئىچىدە ياشاش ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىدىن بىرىدۇر. تارىختىن بۇيان ئىسلام مەملىكەتلىرىدە ياشىغان مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى بۇنىڭغا گۇۋاھتۇر.

8 _ جىهاد پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆز تەۋەلىرىنى قوغداش يولىدا ئېلىپ بارغان ھەققانىي كۈرەشلىرىدۇر. ئەمما تېررورىستلىق مۇستەملىكىچىلەرنىڭ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەرنى بۇزۇپ تاشلاش ۋە ئۇلارنى بىر – بىرىگە دۈشمەن قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان يولسىز ھەرىكەتلىرىدۇر.

**پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار**

1 _ مۇھەممەد رەفئەت زەنخىرنىڭ «ئىسلام پەيغەمبىرىدىن تېررورلۇق شۈبھىسىنى رەت قىلىش» ناملىق ئەسىرى.

2 _ يەھيا ئابدۇلكەرىمنىڭ «تېررورىزمنىڭ ماھىيىتى»ناملىق ئەسىرى.

3 _ ھەسەن ھەنەفىينىڭ «ھەققانىي جىهاد» ناملىق رىسالىسى.

4 _ ئىمام سۇيۇتىينىڭ «خەلىپىلەر تارىخى» ناملىق ئەسىرى.

5 _ ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «باشلىنىش ۋە تۈگەنجە» ناملىق ئەسىرى.

6 _ تەپسىرى ئىبنى كەسىر.

7 _ گۇستاۋ لېبوننىڭ «ئەرەب مەدەنىيىتى» ناملىق ئەسىرى (ئەرەبچە تەرجىمىسى).

8 _ جورج بىرناردشۇنىڭ «تاللانغان ماقالىلار» ناملىق ئەسىرى (ئەرەبچە تەرجىمىسى).

ھىجرى 1429 _ يىلى، زۇلھەججە ئايىنىڭ1- كۈنى،

مىلادى2009 _ يىلى 2 _ فېۋرال.

## دىننى ئۆگىنىش

دىننى ئۆگىنىش، دىنىي بىلىملەرنى ئىگىلەش، دىنىنىڭ تەلىماتلىرىنى مۇكەممەل بىلىش، ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى توغرا چۈشىنىش دېگەنلەر ئەرەب تىلىدا «ئەل فىقھۇ فىددىن» دەپ ئاتىلىدۇ. «فىقھ» سۆزىنىڭ مەنىسى ئۆگىنىش ۋە بىلىش دېگەنلەردىن ئالاھىدە پەرقلىق بولۇپ، مۇكەممەل بىلىش ۋە توغرا چۈشىنىشنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا «فەقىھ» سۆزى «ئالىم» سۆزىدىن ئەلۋەتتە چوڭدۇر. ھەر قانداق «فەقىھ»نى«ئالىم» دېگىلى بولىدۇ. ئەمما ھەر قانداق «ئالىم»نى «فەقىھ» دېگىلى بولمايدۇ.

شەرئىي ئىلىم مەنپەئەت جەھەتتىن ئىلىملەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى، مەرتىبە جەھەتتىن ئىلىملەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاللاھ تائالا كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىندا مۇكەممەل قىلىدۇ»[1] دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

دىنى ئىلىملەردە مۇكەممەل بولۇش ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ۋە ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىشنىڭ ئەڭ كاپالەتلىك يولىدۇر. شۇڭا ئۆگىنىش ۋە بىلىش ئىسلام دىنىنىڭ پەرزلىرىنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسى بولغىنىدەك، دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلىكى باشقا جىمى ئىلىملەرنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. چۈنكى دۇنيادىكى ئىلىم _ پەنلەر ئىنسانلارنىڭ دۇنيالىق ھاياتى ئۈچۈن پايدىلىق بولسا، دىنىي ئىلىملەر ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت _ سائادىتى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان، قوش قاناتلىق ئىلىملەردۇر.

ئاللاھ تائالا ئىلىمنىڭ مەرتىبىسىنى ئىماننىڭ مەرتىبىسى بىلەن بىر ئورۇندا قويغان.«ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ»[2].

ئاللاھ تائالا ئىلىم ئەھلىنىڭ مەرتىبىسىنى ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىلەرگە كۆتۈرگەن، ھەتتا قۇرئان كەرىم ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەر قاتارىدا ساناپ، ئۇلارنى پەرىشتىلەر بىلەن بىر قاتاردا ئالاھىدە تىلغا ئالغان. «ئاللاھ ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەقىقىي مەبۇد يوقتۇر. پەرىشتىلەرمۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى»[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشنى جەننەتكە كىرىشنىڭ يولى دەپ ئوچۇق جاكارلىغان ھالدا: «ئوقۇش ئۈچۈن يول ئالغان ئادەمنىڭ جەننەتكە كىرىش يولىنى ئاللاھ ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ»[4] دېگەن.

دىنىي ئىلىم پەيغەمبەرلەرنىڭ مىراسى بولۇپ، شەرئىي ئىلىملەردە مۇكەممەل بولغانلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەرلەر دىنار ياكى دىرھەم قويۇپ كەتكەن ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئىلىم _ ھېكمەت قويۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنى ئالالىغانلار تولۇق بىر نېسىۋىگە ئىگە بولغان بولىدۇ»[5].

### شەرئىي ئىلىمنىڭ تۈرلىرى

شەرئىي ئىلىم ياكى دىنىي ئىلىم 3 تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار: ئاللاھ تائالانى بىلىش، ئۇنىڭ دىنىنى بىلىش، ئۇنىڭ مۇكاپات ۋە جازاسىنى بىلىش قاتارلىقلاردۇر. بۇلارنىڭ تەپسىلات تۆۋەندىكىچە:

1. ئاللاھ تائالانى، ئۇنىڭ ئىسىم _ سۈپەتلىرىنى، كامالىي قۇدرىتىنى، چەكسىز ئىلىم _ ھېكمىتىنى بىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەردىن سانىلىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ زاتىدا، ئىش _ پائالىيەتلىرىدە ۋە جىمى سۈپەتلىرىدە ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان، تەڭداشسىز ئىلاھ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بالىسى ياكى ياردەمچىسى ياكى شېرىكى يوقلۇقىنى، بارچە ئەيىب _ نۇقسانلاردىن تامامەن پاك ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئېتىقاد قىلغانغا ئوخشاش.

2. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى، ئۇنىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققىنى، دىنىنىڭ جىمى ئەھكاملىرىنى دەلىل _ ئىسپاتلىرى بىلەن تولۇق بىلىش، ئىبادەتلەرنىڭ سىستېمىلىرىنى مۇكەممەل ئۆگىنىش، ئاندىن دىنىنىن بۇيرۇغانلىرىنى چىن ئىخلاس بىلەن قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتتە كۆرسىتىلگەن بويىچە تولۇق ئورۇنداشتۇر.

3. ياخشى ئەمەللەرنىڭ مۇكاپاتىنى، يامان ئىشلارنىڭ جازاسىنى بىلىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق بولغانلارنى قىلىشقا ئالدىراشقا ۋە زىيانلىق بولغانلاردىن يىراق تۇرۇشقا ئادەتلىنىشنى ئۆگىنىشتۇر. چۈنكى ئىنسان قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ ساۋابلىق ياكى گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۆزىنى ياخشىلىق يولىدا يۈرگۈچى، يامانلىقتىن قاچقۇچى ئىنسان قىلىپ

---

① ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
② مۇجادەلە سۈرىسى،11 _ ئايەت.
③ ئال ئىمران سۈرىسى18 _ ئايەت.
④ ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
⑤ ئىمام ئەھمەد، ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ئىمام تىرمىزى، ئىبنى ھىببانلار رىۋايەت قىلغان. ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى، ئىبنى قەييىم ۋە ئالبانىيلار «ھەسەن» دەپ باھالىغان ھەدىس.

يېتىلدۈرەلمەيدۇ. ئىنسان ياخشى ئەمەللەرنىڭ مۇكاپاتىنىڭ ئىسىللىكىنى، يامان، گۇناھ ئىشلارنىڭ جازاسىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە، ئۇنىڭدا ياخشىلىققا مايىللىق، گۇناھتىن يىراق تۇرۇش كەيپىيتى شەكىللىنىدۇ.

**دىندا مۇكەممەل بولۇشنىڭ پايدىلىرى**

ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ياخشى ئۆگىنىپ، دىنىنىڭ بۇيرىغان ۋە توسقانلىرىنى تولۇق بىلىپ ئەمەل قىلغان ئادەمدىنمۇ بەختلىك ئادەم بولمىسا كېرەك دۇنيادا. چۈنكى ئىنساننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت _ سائادىتىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان نەرسە مۇشۇ. شەرئىي ئىلىمدە مۇكەممەل بولۇش بارچە ياخشىلىقنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. بۇنىڭ بايانى تۆۋەندىكىچە:

1. ئىنسان شەرئىي ئىلىم سايىسىدا ياراتقۇچىسىنى تونۇيدۇ ۋە ئۇنىڭ ھەققىنى بىلىدۇ.

2. ئىنسان شەرئىي ئىلىم سايىسىدا گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئىمان بىلەن قولداش ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. نەتىجىدە، كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا ئىسلام ئەخلاقىنى ئۆلچەم قىلغان ھالدا، ئادالەتلىك، ھەققانىي ۋە سەمىمىي بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق كاتتا ئىبادەت قىلغاننىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ.

3. ئىنسان شەرئىي ئىلىم سايىسىدا دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى نېمىگە بۇيرۇپ، نېمىدىن توسقانلىقىنى دەلىل – ئىسپاتلىرى بىلەن ئۆگىنىدۇ. نەتىجىدە ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىغانلىقىرنى قىلىش، توسقانلىرىنى تەرك ئېتىش ئارقىلىق توغرىلىق ئىچىدە ھايات كەچۈرىدۇ.

4. ئىنسان شەرئىي ئىلىم سايىسىدا ئىبادەتلەرنىڭ ئەھمىيەت ۋە ساۋاب تەرەپتىكى دەرىجىلىرىنى ئۆگىنىدۇ ۋە ئەڭ ئەھمىيەتلىك ۋە ئەڭ ساۋابلىق بولغانلىرىنى ئاۋۋال ئورۇندايدۇ. مەسىلەن: تەكرار ھەج قىلىش ياكى بەدەل ھەج قىلدۇرۇش ئۈچۈن پۇل سەرپ قىلىشتىن كۆرە، تۇغقانلارنىڭ، قوشنىلارنىڭ ئارىسىدىكى يوقسۇللارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەھمىيەت ۋە ساۋاب جەھەتتىكى دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى بىلگەنگە ئوخشاش.

5. ئىنسان شەرئىي ئىلىم سايىسىدا گۇناھ _ مەسىيەتلەرنىڭ دەرىجىلىرىنى بىلىدۇ _ دە، ئىككى زىياننىڭ بىرىنى قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغاندا، زىياننىڭ يېنىكرەكىنى تارتىش ئارقىلىق چوڭ زىياندىن ساقلىنىپ قالالايدۇ. مەسىلەن: پارا بېرىش ھارام بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن ھارامدۇر. ھەقسىزلىككە ئۇچرىغان بىرەر مۇسۇلماننى قايسى يول بىلەن بولمىسۇن قۇتقۇزۇش پەرز بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن ئۇنى ئۆز ھالىغا تەرك ئېتىش ھارامدۇر. مۇسۇلمان ئادەم شەرئىي ئىلىم سايىسىدا بۇ ئىككى ھارامنىڭ قايسىسىنى قىلىش مەسىلىسىدە، پارا بېرىپ بولسىمۇ ئۇ كىشىنى قۇتقۇزۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى بىلىدۇ. بۇ ئەھۋالدا پارا بېرىش ھاراملىقتىن چىقىپ شارائىتقا قاراپ مۇباھلىق ياكى ۋاجىبلىق ھۆكۈمىنى ئالىدۇ.

6. ئىنسان شەرئىي ئىلىم سايىسىدا ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت بۇ ھەق دىنىنىڭ ئەھمىيىتىنى، ئۇلۇغلىقىنى ۋە ھەققانىيلىقىنى، ھەر زامانغا ۋە ھەر ماكانغا مۇناسىپ، ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ بەخت _ سائادەتنىڭ يولى ئىكەنلىكىنى تونۇيدۇ.

7. ئىنسان شەرئىي ئىلىم سايىسىدا ئىسلام دىنىغا ھىدايەت قىلىنغانلىقتىن چوڭ نېمەت يوقلىقىنى، ئىسلام دىنىنىڭ پەقەت ئىنسانلار ئۈچۈن شەپقەت ۋە بەخت _ سائادەت ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

8. ئىنسان شەرئىي ئىلىم سايىسىدا ئۆزىنىڭ پايدا _ زىيىنىنى بىلىدۇ ۋە شۇ بىلگىنى بويىچە ئەمەل قىلىپ، ئاقىۋىتى خەيرلىك بولغانلار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.«ئاللاھقا دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە «مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟»[①]

9. ئىنسان شەرئىي ئىلىم سايىسىدا كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ئىبادەت ۋە كاتتا ساۋابلىق ئەمەل ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.«بىراۋنى ھىدايەتكە باشلىغان ئادەم ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ھىدايەت تېپىپ ياخشى ئىش قىلغان ئادەم قازانغان ساۋابنىڭ ئوخشىشى يېزىلىدۇ»، «سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن بىرەر ئادەمنىڭ ھىدايەت تېپىپ قېلىشى دۇنيادا ۋە ئۇنىڭدىنىدىكى ھەممە نەرسىدىن ئەۋزەلدۇر»دېگەن ھەدىسلەر بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

10. ئىنسان شەرئىي ئىلىم سايىسىدا ھەقىقەتلەرنى دەلىل _ ئىسپاتلىرى بىلەن تولۇق بىلىدۇ. نەتىجىدە، ئىنسانىي ۋە جىننىي شەيتانلارنىڭ ھەر خىل ۋەسۋەسىلىرىگە ئالدانمايدۇ، ئەقىدىسى تەۋرەنمەيدۇ، نەپسىنىڭ ۋە شەيتاننىڭ يامانلىقلارنى چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىشىگە قايىل بولمايدۇ. «شەيتانغا تاقابىل تۇرۇشتا بىر ئالىم مىڭلارچە ئابىدتىن كۈچلۈكتۇر».

11. ئىنسان شەرئىي ئىلىم سايىسىدا ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە نەقەدەر مېھرى _ شەپقەتلىك ئىكەنلىكىنى، نېمەتلىرىنىڭ سانسىزلىقىنى، ھەممىگە رىزىق بېرىپ پەرۋىش قىلىدىغانلىقىنى، ھەتتا بۇ دۇنيادا ئۆزىگە ئىنكار قىلغان كاپىر بەندىلىرىنىمۇ رىزىقتىن مەھرۇم قىلمايدىغان دەرىجىدىكى مېھرىبانلىقىنى، زالىملارنى جازالاشتىكى كۈچ _ قۇۋۋىتىنى تونۇپ يېتىدۇ. شۇڭا ئالىملار ئاللاھ تائالانى ھەممىدىن بەك بىلىدىغان كىشىلەردۇر. «ئاللاھتىن پەقەت ئالىم بەندىلىرىلا قورقىدۇ»[②] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

---

① فۇسسىلەت سۈرىسى، 33 _ ئايەت.
② فاتىر سۈرىسى، 28 _ ئايەت.

12. ئىنسان شەرئىي ئىلىم سايىسىدا كىشىلەرگە ھەقسىزلىق قىلىشنىڭ نەقەدەر ئېغىر گۇناھ ۋە كەچۈرۈلمەس جىنايەت ئىكەنلىكىنى، زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىقنىڭ ياخشى ئەمەللەرنى يەپ تۈگىتىدىغان، ئاخىرەتتە ئىگىسىنى قۇرۇق قول قىلىپ قويىدىغان يامان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ _ دە، يامانلىقتىن، ھەقسىزلىقتىن قول ئۈزىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلىرىدىن: «كىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر: «ھېچقانداق مال – مۈلكى بولمىغان كىشىنى قۇرۇق قول قالغۇچى كىشى، دەيمىز» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت كۈنى بىراۋ ناماز، زاكات ۋە روزا بىلەن كېلىدۇ. ئەمما ئۇ بىرىنى تىللىغان، بىرىگە تۆھمەت چاپلىغان، بىرىنىڭ مېلىنى يەۋالغان، بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەن، بىرىنى ئۇرغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى شۇلارغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى تۈگىسە، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ئۇنىڭغا ئارتىلىدۇ. ئاندىن ئۇ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. مانا بۇ، مېنىڭ ئۇممىتىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچىسىدۇر»① دېگەن.

13. ئىنسان شەرئىي ئىلىم سايىسىدا يارىتىلىشنىڭ غايىسىنى ۋە بارىدىغان جايىنى بىلىدۇ. شۇڭلاشقا، دۇنيا ھاياتىنىڭ ۋاقىتلىق بولۇپ، ئاخىرى پانىي بولىدىغانلىقىنى، ئاخىرەت ھاياتىنىڭ مەڭگۈلۈك بولۇپ، ئەبەدىي پانىي بولمايدىغانلىقىنى، بۇ دۇنيانىڭ ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئېكىنزارلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. نەتىجىدە، ۋاقىتلىق پانىي دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى مەڭگۈلۈك بولغان ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئالدىدا قويمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشنى ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا قويغان ھالدا ئىش كۆرىدۇ.

ھىجرى 1430 _ يىلى، مۇھەررەم ئايىنىڭ 4- كۈنى،

مىلادى 2009 _ يىلى 5 _ مارت.

---

① ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

## چەتئەللەردە ئىلىم تەھسىل قىلغانلار ۋەزىپىسىنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ؟

مەلۇمكى، بىز ئەركىن دۇنيادا ئىلىم تەھسىل قىلىپ خەلقىمىزگە ئىلىم – ئىرپان چېچىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش، ئەينى ۋاقىتتا ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا خىزمەت قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايە – نىشان بىلەن يۇرتىمىزدىن ئايرىلىپ، ياتلارنىڭ يۇرتىدىكى ھىجران كوچىلىرىدا يۈرۈشكە ئاتلانغان ئىدۇق. چەتئەللەردە بىلىم تەھسىل قىلغانلار بۇ يولدا كۆپ بەدەللەرنى تۆلىدۇق. بۇنىڭ ئەڭ يامىنى ئانا يۇرتىمىزغا قايتىپ بېرىپ، ئوقۇغان ئىلمىمىزنى ئىشلىتىپ، خەلقىمىزنى مەنىۋى قاششاقلىقتىن، نادانلىقتىن قۇتقۇزۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغانلىقىمىزدۇر. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە ئىشەنگەنلەر ئۈچۈن بۇ ئۆتكۈنچە ۋەزىيەت بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى دۇنيادا ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان ۋە كۆزى يەتمىگەن ئىشلار ئەمەلگە ئاشىدۇ. يەنىلا ئۈمىدنى قولدىن بەرمەسلىك ئەڭ ياخشى تەدبىردۇر. چۈنكى قورساقتا ئوماچ بولسا ئۇنى چوقۇم ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

چەتئەللەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان قېرىنداشلىرىمىز مۇنداق ئىككى تۈرلۈك زور سىناققا دۇچ كەلگەن بولۇپ، بىرىنچىسى، ۋەتەنگە قايتالماسلىق، ئىككىنچىسى چەتئەللەردە بولسىمۇ ئوقۇغانلىرىنى ئىشلىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەسلىك. بۇ بىر كىرىزىس. لېكىن ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغ دىنىنى تارقىتىش شەرىپىگە ئېرىشكەنلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، چىقىش يولى بولمىغان بىر كىرىزىسمۇ ئەمەس. نىيەت خالىس بولسا ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە بىر چىقىش يولى بېرىدۇ.

### دەۋەت يولى شەرەپلىك يولدۇر

ئاللاھ ئاتالانىڭ ئۇلۇغ دىنىغا كىشىلەرنى دەۋەت قىلىش ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئۇلۇغ ئىش بولۇپ كەلمەكتە. خۇسۇسەن ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئەڭ ئالاھىدە ئىمتىيازى ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغانلىقىدۇر. مانابۇ، ياخشىلىقنىڭ نەق ئۆزىدۇر. چۈنكى كىشىلەرگە ھەقىقىي كۆيۈنىدىغان ۋە ئۇلارغا خاتىرجەملىك، بەخت سائادەت ۋە ياخشىلىق تىلەيدىغان ئادەم چوقۇم ئۇلارنى ئۆزلىرىگە پايدىلىق بولغان ئىشلارغا بۇيرۇپ، ئۆزلىرىگە ۋە كېلىچېكىگە زىيانلىق بولغان ئىشلاردىن توسىدۇ. بۇ خۇددى بىر مېھرىبان ئاتىنىڭ ئۇماق باللىسىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنى تەربىيە قىلغىنىغا ئوخشاش بىر مېھرىبانلىقتۇر. ئىسلام ئۇممىتى ئەنە شۇنداق ھەممىگە شەپقىتى كەڭ، كۆيۈمچان بىر ئائىلىدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا بۇ ئۇممەتنى ماختاپ مۇنداق دېگەن: «(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر».(ئال ئىمران سۈرىسى، 110 _ ئايەت).

چەتئەللەردە دىنىي ئىلىم تەھسىل قىلغانلار ۋە قىلىۋاتقانلار ئۆزلىرىنىڭ نەقەدەر شەرەپلىك، ئۇلۇغ بىر ۋەزىپىنىڭ ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى ئونۇتماسلىقى لازىم. چۈنكى بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ مەسلىكىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر»دەپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەرنىڭ مەسلىكىدىن ئىبارەت بۇ شەرەپكە نائىل بولغان ۋە شۇ يولدا داۋام قىلغانلار ھەقىقەتەن بەختلىك كىشىلەردۇر.

تەبىئىيكى، كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىش مەسچىدلەردە ۋە سورۇنلاردا ۋەز ئېيتىش دېگەن ئاددى مەنىدە ئەمەس، بەلكى دەۋەتنىڭ ۋاستىلىرى كۆپتۈر. تىل بىلەن بىۋاستە ۋەز – نەسىھەت قىلىش، دىنىي دەرسلەرنى ئۆگىتىش، كىتاب، ماقالا يېزىپ تارقىتىش، تېلېۋىيە ۋە رادىئولاردا سۆزلەش ۋە ئېنتېرنېت ئارقىلىق دەۋەت قىلىش، ئەڭ ئۈنۈملۈكى ئۆزىنىڭ ئىش – ھەرىكىتى ۋە مۇئامىلىسى ئارقىلىق كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تارىختىن بىرى كىشىلەرنى ئاللاھقا دەۋەت قىلغانلار ئۆزلىرىنىڭ زامان ۋە ماكان پەرقلىرىگە قاراپ ئىلاھىي دەۋەتنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئېلىپ بارغان.

### ئاللاھنىڭ دىنىنى تارقاتقۇچىلار ھەمىشە جاپا چەككەن

بىز ئاللاھنىڭ دىنىنى تارقىتىش يولىدا جاپا چەككەن قەدىمقىلەرگە قاراپ باقايلى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇرىتلىرى، مۇرىتلىرىنىڭ مۇرىتلىرى خىرىستىيان دىنىنى تاقىتىش يولىدا خەيمخەتەرلەرگە ئۆزلىرىنى ئاتقان. ئۇلار مىلادىيە بىرىنچى ئەسىردىن تاكى ئۈچىنچى ئەسىرنىڭ كېيىنكى چارىكىگە قەدەر دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا دىن تارقىتىش يولىدا تارىختا كۆرۈلمىگەن ئازاب – ئوقۇبەتلەرنى ۋە قەتلىئاملارنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قارا كۈنلىرى يەھۇدىيلارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سۇيىقەست پىلانلىغان ۋاقتىدىن باشلىنىدۇ. ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن دىن تارقىتىش ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىلىدۇ. ئەمما بارغانلىكى جايلىرىدا توپلاپ ئۆلتۈرۈلۈشلەرگە ۋە دىنىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان تۈرلۈك قىيىن – قىستاقلارغا دۇچ كېلىدۇ. لېكىن ئۇلار بۇ ئۈچ ئەسىرلىك ئازاب ئىچىدە خىرىستىيان دىنىنىڭ دەستۇرى بولغان ئەسلى ئىنجىلدىن ۋە بۇ دىنىنىڭ ئاللاھ چۈشۈرگەن ۋاقىتتىكى ماھىيىتىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ،«خىرىستىيان دىنى» دېگەن بۇ دىنىنىڭ دەۋىتىنى داۋاملاشتۇرۇشى نەتىجىسىدە، رىم ئىمپىراتورلىرىدىن باشلاپ كۆپلىگەن ئىمپىراتورلۇقلارنىڭ بۇ دىنىنى ئاخىرى قوبۇل قىلىشى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ دەۋەت

يولىدا غەلىبە قىلىدۇ. شۇندىن بىرى نامدا بولسىمۇ خىرىستىيان دىنى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ بىرىنچىسىگە ئايلىنىپ داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

**ئىسلام دەۋىتى ئۆزىنى خەتەرگە ئىتىش بىلەن باشلانغان**

ئەمدى بىزنىڭ ھەق دىنىمىز ئىسلام دىنىغا كەلسەك، ئىسلام دىنىغا كىرىش ۋە بۇ دىننى تەشۋىق قىلىش ئۆزىنى خەتەرگە ئىتىش، ئۆلۈش، ئۆلتۈرۈلۈش ۋە قۇربان بېرىش دېگەن قانائەت بىلەن باشلاندى. بۇ دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە كەلگەن بۇ ئۇلۇغ دىننى تەشۋىق قىلىش يولىدا جېنىنى ئاتاپ قويغانلارنىڭ ئالدىنقىسىدۇر! پەيغەمبىرىمىز ھەق دىننى تەشۋىق قىلىش يولىدا، ئۆزىنىڭ ئەرەبلەر ئىچىدىكى بارلىق ئىتىبارىنى، مەرتىبىسىنى، خاتىرجەملىكىنى ۋە ھەممە بىردەك ئىتىراپ قىلىدىغان ھۆرمىتىنى، شۇنداقلا دۇنيالىقتىن بولغان قىممەتلىك ھەر نەرسىسىنى قۇربان قىلغان ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساداقەتلىك ساھابىلىرىمۇ مۇشۇ يولنى تاللىدى. ئىسلام تارىخىدىن خەۋىرى بولغانلار بىلىدۇكى، ھەزرىتى بىلالنىڭ بۇ ئۇلۇغ دىندىن ۋاز كەچمەسلىك يولىدا تارتقان ئازابلىرى ۋە ئېلىنغان قىيىن – قىستاقلىرىنى، تۇنجى ئىسلام شېھىتلىرى بولغان ھەزرىتى ياسىر بىلەن ئائىلى ھەزرىتى سۇمەييەلەرنىڭ قانداق ۋەھشى ئۇسۇلدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، بۇ دىننى تارقىتىش يولىدا قانچە مىڭلىغان ئەزىمەتلەرنىڭ زالىملار تەرىپىدىن ئادەم قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىلىكلەر بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ياخشى بىلسە كېرەك.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئاساسلىق كۆپ سانلىقى ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ۋەزىپىسى بىلەن ئۆز يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا – بۇرۇن كۆرمىگەن، ھەتتا ئاڭلاپمۇ باقمىغان ۋەھىيمىلىك جايلارغىمۇ تارقىلىپ كەتكەن. شۇ سەۋەبتىن ساھابىلەرنىڭ تولىسىنىڭ قەبرىلىرى نېرىسى خىتاي، تۈركىستان، يېقىنى شام، مىسىر، ئىئوردانىيە قاتارلىق مەملىكەتلەردە ساقلىنىپ تۇرماقتا. ساھابىلەردىن كېيىنكى ئەۋلادمۇ بۇ يولنى شۇنداق داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىمۇ كىشى كۆرمەس جايلاردا، دالىلاردا ئىز – دېرەكسىز قالدى.

**باتىل دىنىنىڭ دەۋەتچىلىرىمۇ دەۋەت يولىدا قۇربان بېرىشتىن قورقمىغان**

ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش ئىشى ئەزەلدىن ھەم ئۇلۇغ ھەم خەتەرلىك ۋەزىپە بولۇپ كەلدى. ھەق دىنىنىڭ ئىگىلىرى بولغان مۇسۇلمان دەۋەتچىلەرلا ئەمەس، بەلكى ئەسلى بۇزۇلغان خىرىستىيان دىنىنىڭ دەۋەتچىلىرىمۇ ئۆزلىرىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىۋەتكەنلىك ئېتىقادى بىلەن جاپا مۇشەققەتلەرگە چىداپ، ئىسسىق ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۆزلىرىنى خەتەرلەرگە ئىتىشتىن ھۇزۇر – ھالاۋەت ھېس قىلغان. مەسىلەن: ئەسەت سۇلايماننىڭ«ئۆزلۈك ۋە كىملىك»دېگەن ئەسىرىدە ھېكايە قىلىشىچە، شىۋېتلار 19 _ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 20 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، بىزنىڭ ئانا ۋەتىنىمىزدە خىرىستىيان دىنىنى قانات يايدۇرۇش پىلانىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ بىر قەدەر تەرەققى تاپقان، مەئىشىتى ياخشى ئۆز يۇرتلىرىنى تاشلاپ شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ قالاق ۋە ئەڭ كەمبەغەل رايونلار بولغان قەشقەر، يەركەن، ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق شەھەرلەردە خىرىستىيان دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن يېرىم ئەسىر كۆچىگەن. بۇ جەرياندا ئۇلار تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار، توسقۇنلۇقلار ۋە ھاياتىي خەتەرلەرگە قارىماي بۇ باتىل دىننى تارقىتىشتىن ۋاز كەچمىگەن، تاكى 1937 _ يىلى شېڭشىسەي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ئۇلار «ئەنگلىيىنىڭ شپىيونلىرى» دەپ قارىلىنىپ قوغلاپ چىقىرىلغانغا قەدەر دىن تارقىتىش ئىشلىرىنى داۋام قىلدۇرغان ئىكەن. شۋېت دىن تارقاتقۇچىلىرى شۇ ۋاقىتتىكى تەرەققى تاپمىغان ئۇيغۇر رايونلىرىدا دىن تارقىتىش جەريانىدا، بۇ رايونلاردىكى قىزىل ۋە كېزەك ئاغرىقى تۇپەيلى بالىلىرىدىن ئايرىلغان، ئېغىر كېسەللىكلەرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ بۇ باتىل دەۋىتىدىن ۋاز كەچمىگەن ئىكەن.

**ئىسلام دەۋىتى چىدام ۋە سەۋر تەلەپ قىلىدۇ**

ئەمدى، ئىسلام دەۋىتىدىن ئۆزۈم كۆرگەن مىساللارنى كەلتۈرەي، 1991 _ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي قەۋملەر سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۆمۈر تاپانلىرى ئاستىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئەرەب ۋە تۈركلەردىن بولغان كۆپ ساندىكى غەييۇرانلار ئىسلام دەۋىتىنى بۇ مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەردە قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ئاتلاندى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مەسجىدلەردە دەۋەت قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، كۆپ سانلىقى مەكتەپ – مەدرىسلەرنى ئېچىپ، پىلانلىق تۈردە دەۋەت ئېلىپ بېرىش يولىنى تاللىغان ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرتىپى ۋە ھەر تەرەپتىن تولىمۇ قالاق ئىدى. لېكىن ئىستانبۇلدىكى ئىسسىق ئۆيىنى، قەۋم – قېرىنداشلىرىنى تاشلاپ، يىلنىڭ ئالتە ئېيىدا قار ياغىدىغان بۇ جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ سوغۇق گۆكىرەپ كىرىپ دىماغنى ئېچىشتۇرىدىغان مۇزدەك ياتاقلىرىنى ۋە ئۆزلىرى ئۈچۈن يوچۇن، مىجەزى سوغۇق دوستلارنى تاللاشقا رازى بولغان تۈرك مۇئەللىملىرىنىڭ بۇ يوچۇن مەملىكەتلەردىكى كەچۈرمىشلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنمەن. ئەرەب ۋە تۈرك مۇئەللىملىرىنىڭ بۇ جۇمھۇرىيەتلەردە تۇنجى ئۇچراشقان قىيىنچىلىقلىرىدىن بىرى تىل بىلمەسلىك ۋە ئۇجاينىڭ پۇقرالىرىنىڭ ئادەمگە يېقىنلاشمايدىغان ئۆزگىچە مىجەزى ئىدى. چۈنكى رۇسلار سىياسىي غەرەزلىرى بىلەن ئۇلارغا ئەرەب بىلەن تۈركنى ۋە باشقىمۇ مۇسۇلمان مىللەتلەرنى ئۆچ كۆرسىتىۋەتكەن. پاكىستاندىن كەلگەن تەبلىغچىلەرگە يەرلىك خەلقنىڭ قولاق سېلىشى ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇ بىچارىلەرنى مەسجىدلەردە ۋاقىتلىق يېتىپ قوپۇشتىنمۇ مەھرۇم قىلىپ ئۇلارنى قوغلاپ چىقارغان ئىدى. لېكىن ئۆزلىرىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىۋەتكەن بۇ كەمتەر دەۋەتچىلەر بۇنچە قوپال مۇئامىلىلەرگە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ جاۋاب بېرەتتى. ئۆزلىرىگە قوپال مۇئامىلە قىلغانلارغىمۇ تەسبىھ، قۇرئان كەرىم ۋە مىسۋاك دېگەندەك ھەدىيەلىرىنى بېرىپ تۇراتتى.

مەسجىدلەردىن ئورۇن تەگمىگەنلىكى ئۈچۈن بوران دارىپ تۇرغان تۈپتۈز دالىلارغا قازاننى تەتۈر ئېسىپ قۇرۇق رۇتى(نان)لىرىنى پىشىرىپ يەپ ئىشىغا داۋام قىلاتتى.

ئەرەبلەر بولسا، ھەر قايسى مەكتەبلەرگە بېرىپ، ھەقسىز ئەرەب تىلى دەرس بېرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىغا سۆيۈنۈپ، بارچە قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ ئۇلۇغ دىنىمىزنى تەشۋىق قىلاتتى. بولۇپمۇ ئەرەبىستاندەك پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ۋە ئىسسىققا ئۆگىنىپ قالغان بۇ كىشىلەر يىلىنىڭ ئالتە ئېيىدا ئىككى مېتىر قار ياغىدىغان بۇ سوغۇق مەملىكەتتە تارتقان جاپالىرىدىن ھۇزۇر – ھالاۋەت ھېس قىلاتتى. ئىستانبۇل ۋە ئەرەبىستانلاردا ئۆيىگە كىرسە ئىسسىق شورپىسى بىلەن ئىسسىق نېنى ھازىر تۇرىدىغان بۇ پىداكار كىشىلەر كەچ سائەت بەشتىن كېچىكىپ قالسا ئاچ قالىدىغان بۇ مەملىكەتلەردە سائەت ئۈچ ۋە تۆتلەردىن باشلاپ رۇسىنىڭ قاپقارا بولكىسىغا ئۆچرەت تۇتاتتى. بۇ بولكىلارنى ھەر بىر كىشىگە مەلۇم مىقداردىن كۆپمۇ بەرمەيتتى. بەزى مۇئەللىملەرنىڭ مەكتەپتىن ئۆيىگە بارغىچە ئالغان بولكىسىنىڭ يېرىمىنى يەپ تۈگىتىپ بولغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. قورساق ئاچقاندا قۇرۇق نانمۇ لەززەتلىك تائاملاردەك تېتىيدىكەن ئادەمگە. مۇئەللىملەرنىڭ ئۆيلىرىدە يەيدىغىنىمۇ ئاساسەن پۇشۇرۇلغان قۇرۇق پوچاق بىلەن بولكا ئىدى. ئۆيلەرنى ئىسسىتىش مەركىزى سىستېمى مۇستەقىللىقتىن كېيىن ھەممىلا جايدا بۇزۇلغانلىقتىن، ئۆيلەر ئاساسەن ئىسسىنمايتتى، شەھەر سىرتىدىكى رايونلاردىكى ئۆيلەر پەقەت ئىسسىمايتتى. ئۇجايلاردا مەكتەپ ئاچقان تۈركلەر بىلەن ئەرەبلەر ھەممىسى دېگۈدەك مەكتەبلەرنى يېزىلاردا ۋە شەھەر سىرتىدىكى كىچىك ناھىيىلەردە ئېچىشقا مۇيەسسەر بولغان ئىدى. تۇرىبىلاردىن ئاققان سوغۇق سۇ قول – پۇتنىڭ سۆڭەكلىرىگىچە ئۆتۈپ كېتەتتى. شۇڭا مۇئەللىملەر ئارىسىدا زۇكامداش ۋە سوغۇق تېگىشلەر كۆپ يۈز بېرىپ تۇراتتى. كىچىك يۇرتلاردا قاتناشمۇ ئىنتايىن ئەپسىز ئىدى. كېچىدە زۆرۈر ئەھۋال بولۇپ قالسا تاكسى تېپىش مۇمكىن ئەمەستى. ئايالىنى تۇغۇتنىڭ تولغىقى تۇتقاندا شەھەرگە ئېلىپ بېرىشقا تاكسى تاپالمىغانلىقتىن، ئايالىنىڭ يىغىسىغا مۇڭ بولۇپ بىر كېچە ئۇخلىماي كۆندۈزنى كۈتكەن مۇئەللىمنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇ ئاۋات شەھەر ئىستانبۇلدىن كېلىپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان پىداكار ئىدى. مۇئەللىملەرنىڭ مائاشىمۇ ساخاۋەت ئىگىلىرىدىن يىغىپ ئەۋەتىلىدىغان پۇل بولغانلىقتىن، مائاش بىر قانچە ئايلاپ كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ ۋاقىتلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە، خۇسۇسەن قازاقىستاندا دوللارنىڭ خەلق پۇلىدىكى قىممىتى ئاز، بازاردىكى نەرسە كېرەكلەرنىڭ باھاسى قىممەت ئىدى. ئەرەبىستان ۋە ئىستانبۇلدەك قىش – ياز كۆكتات ئۈزۈلمەيدىغان دۆلەتلەردىن كەلگەن مۇئەللىملەر يىلىنىڭ ئالتە ئايلىق قىش كۈنلىرىدە مېۋە يېيىش ئۇياقتا تۇرسۇن، تاماققا قوشىدىغان كۆكتاتلىرى كارتوشكا بىلەن پىياز ، ئاندا – ساندا گۆش، تولىراقى قۇرۇق پوچاق ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار يوقلۇققا سەبىر بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ھالىدىن شىكايەت قىلمايتتى. چۈنكى ئۇلار ساھابىلەرنى ئۈلگە قىلغان كىشىلەر ئىدى.

**بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئەكسىچە بولماقتا**

ئەمدى بىزنىڭ ئەھۋالىمىزغا كېلەيلى، بىزنىڭ ئەھۋالىمىز يۇقىرىقىلارنىڭكىنىڭ ئەكسىچە بولماقتا. بىز ئىقتىسادى نامرات، يالاڭ ئاياغ تۇپراققا دەسسەپ يۈرىدىغان يېزا – قىشلاقلاردىن ئىقتىسادى سەۋىيىسى يۇقىرى، پۇتىمىزغا چىرايلىق پايپاق كىيىپ، ئايىغىمىزنى مايلاپ پارقىرىتىپ يۈرىدىغان ئېسىل دۆلەتلەرگە كەلدۇق. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزمۇ ھېچ بولمىغاندا ۋەتىنىمىزنىڭ 80 _ يىللاردىكى سەۋىيىسىدىن يۇقىرى، ئىستىگەنلىرىمىزنى يەپ، ئىستىگەنلىرىمىزنى كىيەلەيمىز. ئاللاھقا شۈكۈر بۇ بىز ئۈچۈن زور نېمەت. ئەمما ۋەزىپىمىزنى ئۇنتۇپ قالغاندەك تۇرىمىز. تەرەققى قىلغان شەھەرلەردە ياشاشنىڭ تەلەپلىرىمۇ كۆپ بولۇشى ، شۇنداق يۇقىرى سەۋىيە تەلەپ قىلىشىمۇ ئېنىق. چۈنكى بىز پەرىشتە ئەمەسمىز. بىزمۇ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش يەپ، ئىچىدىغان ۋە كىيىنىدىغان ئىنسان. ئۆي ئىجارىسى، بالىلارنىڭ ئوقۇش راسخوتى، كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ لازىمەتلىرى بىزنى پۇل تېپىشقا قىستايدۇ. ئاۋۋال ئۆزۈڭنى ۋە ئائىلەڭنى خاتىرجەم قىلماي تۇرۇپ باشقا ئىش قىلالمەن دېيىش قىيىن. بۇ رىئاللىق. ئەمما بۇ بىزنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىنى دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت بولغان، يۇرتتىن ئايرىلىپ چىقىشىمىزنىڭ بىردىنبىر تۈرتكىسى بولغان ئۇلۇغۋار نىشانىمىزنى ئۇنتۇپ كېتىشىمىزگە سەۋەب بولماسلىقى كېرەك ئىدى. بىزنىڭ كۆپىنچىمىز – پېقىرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە _ ئەسلى ۋەزىپىمىزنى، نېمە ئۈچۈن مۇساپىر بولغانلىقىمىز، ئۈستىمىزدىكى ئامانەتنى ئۇنتۇغان ھالدا، خۇددى ئادەتتىكى باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش باياشات، خاتىرجەم ياشاش، كۆپرەك پۇل تېپىپ باي بولۇش ئۈچۈنلا تىرىشىۋاتىمىز. دىنىمىزنى تەشۋىق قىلىش، ئوقۇغانلىرىمىزنى خەلققە يەتكۈزۈش ئىشى بىزنىڭ بوش ۋاقتىمىزنى تولدۇرىدىغان، زېرىككىنىمىزنى چىقىرىدىغان بىر ئاددى ئىشقا ياكى ۋاقتىمىزدىن بېرىلگەن سەدىقىگە ئوخشاپ قالغان. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۇلۇغۋار ۋەزىپىمىز بولغان دەۋەت ئىشىغا ۋاقتىمىزنى ئايرىشقا شۇنچىلىك بېخىللىق قىلىمىز. بىز ئۇيغۇرلار پىلان تۈزۈشكە بەك ئۇستا، سۆزلەشكە ماھىر، باشقىلارنى تەسىرلەندۈرۈشتە سېھىرلىك كىشىلەرمىز. ئەمما ئەمەلگە كەلگەندە يوق دېسەكمۇ بولىدۇ. ۋەتىنىمىزنىڭ ئەھۋالى بىزگە ئېنىق. دىنىي ئەركىنلىكىمىز چەكلەنگەن. ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئاتېئىزم تەربىيىسىگە زورلانغان، ئاچا _ سىڭىللىرىمىز ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە زورلاپ ئېلىپ كېتىلگەن، مىللىي كىملىكىمىز يوقىلىش ئالدىدا تۇرغان، خەتەر بىزنى ھەر تەرەپتىن قورشىغان مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە بىزنىڭ خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەكلا بىغەم كۈن ئۆتكۈزىشىمىز مەنچە بەكمۇ ئىنساپسىزلىق بولسا كېرەك. بىز مۇشۇ ئۇلۇغ دىنىمىزنىڭ شارائىتى بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىشتىن ئىبارەت بۇ شەرەپلىك يولدا ۋەتەندىن ئايرىلىپ چىقمىغان بولساق، بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ھازىر قانداق بولار ئىدى؟ بىزنىڭ قىزلىرىمىزمۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە زورلۇق بىلەن ئېلىپ كېتىلگەن بولسا قانداق بىئارام بولار ئىدۇق؟ ئەمدى ۋەتەندىكى شۇ بىچارە قىزلار بىزنىڭ ئۆز ئاچا – سىڭىللىرىمىزغا ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ ئاپئاق قەغەزدەك پاك قەلبلىرىگە ئاتېئىزم ئىدىيىسى سىڭدۈرۈلۈۋاتقان شۇ ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى بىزنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىمىزگە ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ بىز ئۇلار بىلەن بىر قان ئەمەسمۇ؟!

### ۋەتەنگە بارالماسلىق باھانە ئەمەس

بىزنىڭ بۇ بىپەرۋالىقىمىزغا كوممۇنىست رېژىمى تۈپەيلى ۋەتەنگە قايتالمىغانلىقىمىزنى باھانە قىلىشىمىز مۇمكىن. لېكىن بۇ بىزنىڭ ئوقۇغان ئىلمىمىزنى تارقىتىشقا توسقۇن بولالمايدۇ. بىزگە ئەڭ تونۇشلۇق بولغان بىر مىسالنى كەلتۈرەي: ئىمام بۇخارىمۇ خۇددى بىزدەك ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، 16 يىل دۇنيانى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئالىم بولغاندىن كېيىن، ئۆز ۋەتىنىگە قايتماقچى بولغىنىدا، ئۇ ۋەتىنىدىن مەھرۇم قىلىنىپ يەنە مۇساپىرلىق كوچىسىغا تەقدىرداش بولغان. لېكىن ئۇنىڭ ۋەتىنىگە بارالمىغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ سەھىھ ھەدىسلىرىنى تۇپلاپ چىقىپ ئىسلام دۇنياسى ئۈچۈن تا قىيامەت ئۇنتۇلماس ئۇلۇغ خىزمەتنى قىلىشىغا توسقۇن بولغانمۇ؟ ياق! ئۇنداقتا ئۈستىمىزدىكى ئۇلۇغۋار ۋەزىپىنى ئادا قىلالماسلىقىقا ۋەتەنگە بارالمىغانلىقىمىز باھانە بولالمايدۇ.

ھازىرقى دەۋر ئۇچۇر دەۋرى. ئاللاھ بىزنى ۋەتەنگە بېرىپ خەلقىمىزگە بىلگەنلىرىمىزنى ئۆگىتىشكە مۇيەسسەر قىلمىغان بولسىمۇ، يەن – تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى بىزنىڭ ئۇلۇغۋار دەۋەت يولىمىزغا قوللىنىش ئۈچۈن ئەقىل، ئىلىم ۋە ئىدراك ھەمدە شەرت – شارائىت بەردى ئەمەسمۇ؟ چۈنكى ئاللاھ بىر ئىشىكنى يېپىۋەتسە، يەنە بىر ئىشىكنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئىنتېرنېت ۋە كومپيۇتېر ئاللاھنىڭ بىزگە دەۋەت ئۈچۈن ئېچىپ بەرگەن ئىشىكى دەپ بىلسەك خاتا بولمايدۇ. كۆپلىگەن مۇسۇلمان مىللەتلەر ۋەتىنىدە دىنىي ئەركىنلىك ھۆكۈم سۈرگەن، دىننى نەقمۇ نەق تەشۋىق قىلالايدىغان تۇرۇپمۇ، شۇ يوللارنىمۇ قولدىن بەرمىگەن ھالدا پۈتۈن زېھنىنى تېخنىكا ئارقىلىق ئېلىپ بارىدىغان دەۋەتكە بېغىشلاۋاتقان يەردە، بىزدەك دىنىي ئەركىنلىكى بوغۇلغان، پەرزەنتلىرى ئاتېئىزىم تەربىيىسىگە زورلىنىۋاتقان، دىننى تەشۋىق قىلىش ۋاستىلىرى پۈتۈنلەي قولدىن ئېلىنغان بىر مىللەتنىڭ كىشىلىرى تۇرۇپ بېغەم يۈرسەك بولارمۇ؟ باشقىلار ئۈچۈن قوشۇمچە قورال ئورنىدا رول ئوينايدىغان تېخنىكىلىق ۋاستىلەر چەتئەللەردىكى بىزلەر ئۈچۈن بىرلا قورال بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلمىدۇقمۇ؟ ئىنتېرنېتنىڭ ئىسلام دەۋىتىنى ئېلىپ بېرىشتىكى رولىنى ئاددى ساناشقا قەتئىي بولمايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئىنتېرنېت تورلىرىدىكى ئىسلامىي دەۋەتلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن غەربلىكلەردىن خېلى كۆپ كىشىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى، دۇنيادا ئۇرغۇنلىغان ئىسلامىي مەسىلىلەرنىڭ تورلار ئارقىلىق جاۋابقا ئېرىشكەنلىكى ۋە باشقىلار بۇ دېگەنلىرىمىزنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك بولسا كېرەك.

### كومپيۇتېر بىلەن ئىنتېرنېت دەۋەتنىڭ ۋاستىلىرىدۇر

ھازىرقى كۈندە كومپيۇتېر ئىشلىتىشنى، ئىنتېرنېت قوللىنىشنى بىلمەيدىغانلار ساۋاتسىز ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى دەۋر ئۆزگەردى. ھازىرقى دەۋرنىڭ تەلىپى شۇ. چەتئەللەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە قىلىۋاتقانلاردىن بۇ ئىككىسىدىن خەۋەرسىز ياشىۋاتقانلار ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ كاللىسى بىلەن يۈرىۋاتقانلار بولۇپ، ئۇلار ياكى دىنىنىڭ روھىنى توغرا چۈشەنمىگەن ياكى بىپەرۋالىقىدىن بۇ نېمەتتىن مەھرۇم قالغانلاردۇر. مەن بۇ سۆزۈم بىلەن ئۆزۈمنى كومپيۇتېر ۋە ئىنتېرنېتنىڭ ئۇستىسى قىلىپ كۆرسەتمەكچى ئەمەسمەن. مەنمۇ ئەمدى ئۆگىنىۋاتقان چالا ساۋاتلاردىن بىرىمەن. لېكىن ئوقۇغانلىرىمىزنى قانداق قىلغاندا خەلققە يەتكۈزگىلى بولىدۇ ۋە قانداق قىلغاندا بۇ ئامانەتنىڭ ئازراق بولسىمۇ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولىدۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ باش قاتۇرغىنىمدا ئەقلىمگە بۇ ئىككى نېمەت كەلدى. بۇ مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇم ۋە پىكرىم. بۇنىڭدىن ياخشى پىكىر بېرىدىغان دوستلىرىم بولسا ئۇنى قىزغىن قارشى ئالىمەن.

### يېزىق بىلەن دەۋەت قىلىشمۇ ھازىرقى زاماننىڭ تەقەززاسى

ئۆتمۈشلەردە يۇرتىمىزنى باشقۇرۇپ كەلگەن بېسىمدارلار خەلقنى بىلىمسىز قالدۇرۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىپلاس غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خەلقىمىزنى ئوقۇش ۋە يېزىشتىن توسۇپ كەلگەننى ئاز دېگەندەك، مەدرىسىنىڭ تۆت تېمىدىن باشقىنى كۆرمىگەن مولللار تالىبلارنى خەت يېزىشنى ئۆگىنىشتىن توسۇپ كەلگەن ئىكەن. ھەتتا مەرھۇم ئابدۇلقادىر داموللام باشلاتقان يېڭىچە مائارىپقا جان جەھلى بىلەن قارشى چىققانلارمۇ مۇستەملىكىچى ھاكىمىيەت بىلەن يەنە شۇ ئازازۇل موللىلار ئىدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ بىلمەيمەن. دىنىي مەكتەبلەردە، ھەتتا چەتئەللەردىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇغان ئۇيغۇر تالىبلىرىنىڭ خېتى ناچار، گراممانتىكىسى يوق. تالىبۇل ئىلىملەر ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدە ئالاھىدە يۇقىرى ئورنى بار كىشىلەردۇر. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە : «تالىبۇل ئىلمنىڭ ماڭغان يولىغا پەرىشتىلەر قاناتلىرىنى يېيىپ تۇرىدۇ»دەپ كۆرسەتكەن. ئاللاھ نەزەرىدە شۇنداق ئۇلۇغ ماقامغا كۆتۈرۈلگەن تالىبلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتىشى، «تالىب»دېيىلسە ئومۇم خەلق تەرىپىدىن ئادەتتىكى داشۆسكىلارغا ئەھمىيەت بەرگەنچىلىك ئەھمىيەت بېرىلمەسلىكى ئەپسۇسلىنارلىقتۇر. بۇنى يەنە ئۆزىمىزدىن كۆرۈشىمىز كېرەك. خەلق پەقەت كۆرگىنىگە ۋە بىلگىنىگە باھا بېرىدۇ. سەن كىشىلەرگە بىلىم تارقىتىدىغان ۋە ئۆزۈڭنى مەرىپەت ئەھلى دەپ يۈرگەن بىر ئادەمسەن. سەن بىر پارچە سالام خەتنى توغرا يازالمىساڭ سېنى نېمە دېگىلى بولسۇن؟ خىتاينىڭ پەننىي مەكتەبلىرىدە ئوقۇغان باشلانغۇچ سەۋىيىسىدىكى باللارمۇ توغرا، گراممانتىكىلىق خەت يېزىشنى بىلىدۇ. ھەتتا بىرىنچى سىنىپنىڭ دەرسلىكىدىمۇ «مۇئەللىمدىن رۇخسەت سوراش خېتى»دېگەن دەرسلىك بار. ئىلىم ئەھلى بولغان ئادەم زاماننىڭ تەقەززاسىغا قاراپ تەدبىر ئېلىشنى بىلىشى كېرەك. ھازىرقى زاماندا سىز مەدرىسىلەردە ئۆتمۈشلەردىكىدەك مۇكالىمە سۆزلىيەلمەيسىز. ھەتتا ۋەتەندە مۇنداق بىر مەدرىسىنىمۇ ئاچالمايسىز. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئوقۇغانلىرىڭىزنى ئۆزىڭىز بىلەن گۆرگە ئېلىپ كېتەمسىز ياكى بىر چارە ئىزدەمسىز؟ ئۈستىڭىزدىكى شەرەپلىك شەرئىي ئىلىمنىڭ ئامانىتىنى ئادا قىلىش نىيىتىڭىزدە راستچىل بولسىڭىز ئەلۋەتتە ئۇنىڭ چارىسىنى ئىزدەيسىز. ھازىرقى كۈندە سىزنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىنى تەبلىغ قىلىشتىكى ۋاستىلىق چارىڭىز يېزىق، كومپيۇتېر ۋە

ئىنتېرنېتتۇر. ئەگەر باشقىسى بولسا ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ مەنمۇ بىلىۋالاي.

بەزى دوستلار خەتنى دۇرۇس يازالماسلىقىغا كىچىكىدە يەنىي مەكتەپكە بارمىغانلىقىنى باھانە قىلىشى مۇمكىن. ئەمما مەن بىلىمەنكى، ئۆمرىدە بىر كۈن بولسىمۇ يەنىي مەكتەپ كۆرمىگەن، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا پەقەت دادىسىنىڭ تەربىيىسىدىلا ئوقۇپ يېتىشكەن بىر دوستۇمنىڭ شۇنچە چىرايلىق ۋە گراممatikا جەھەتتىمۇ توپتوغرا خەت يازىدىغانلىقىنى، ھەتتا بەزى ماقالىلارنى تەھرىرلەپ بېرىدىغانلىقىنى بىلىمەن. دېمەك، مەسىلە تىرىشچانلىقنىڭ كەملىكىدە. تىرىشقان، ئىزدەنگەن ۋە ئۆگەنگەن ئادەم چوقۇم قىلالايدۇ. ھازىر دۇنيادا داڭلىق تور بەتلىرىنى باشقۇرىۋاتقانلار ۋە ئۇيغۇر تور بەتلىرىنىڭ خادىملىرىمۇ كىچىك ۋاقىتلىرىدا مەكتەپتە كومپيۇتېر دەرسلىكى ئوقۇغان ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋاقىتلىرىدا كومپيۇتېر دەرسلىكى ئەمەس، كومپيۇتېرنىڭ ئۆزىمۇ يوق ئىدى. ئەمما ئۇلار زاماننىڭ تەقەززاسىغا ماسلىشىپ ئىزدەنگەن ۋە ئۆگەنگەن كىشىلەردۇر. بىزمۇ نىمە ئۈچۈن شۇنداق قىلالمايمىز؟ بىزنىڭ ئۇلاردىن نېمىمىز كەم؟ ئېنىقكى، بىزنىڭ غەيرىتىمىز، جۈرئىتىمىز ۋە شۇجائىتىمىزلا كەم!

خۇلاسە كالام: بىز ئىلىم شەرئىي تەھسىل قىلىش يولىدا بەدەل تۆلىدۇق. قوينى ئىللىق ۋەتىنىمىزدىن ئايرىلىپ ياتلارنىڭ يۇرتىدا گاھ يەكلىنىپ، گاھ ھىجران دەردىدە ياش ئاققۇزۇپ غۇربەت ئىچىدە ياشاۋاتىمىز. بۇ بىز تۆلىگەن ئەڭ ئېغىر بەدەل! مۇشۇنچىلىك بەدەل تۆلەش ئارقىلىق قولغا كەلگەن بۇ ئىلىمنىڭ قەدرىنى بىلەيلى، ئۇنىڭ ئامانىتىنى ئادا قىلىشقا تىرىشايلى، ئۆزىمىزنى ئەركىن دۇنيا كىشىلىرىگە ئوخشاتمايلى، ئانا ۋەتەندە دىننى خۇددى چوغنى تۇتۇپ تۇرغاندەك قىيىنچىلىقتا تۇتۇپ تۇرىۋاتقان قېرىندىشلىرىمىزنى ئۇنۇتمايلى، ئاپئاق قەغەزدەك پاك قەلبلىرى ئاتېئىزىم تەربىيىسى بىلەن كىرلىنىۋاتقان سەبىيلەرنىڭ قەلبلىرىنى ئىمان نۇرى بىلەن يورۇتۇشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەيلى، ئەڭ مۇھىمى ئەسلى ۋەزىپىمىزنى ھېچ ئۇنۇتمايلى!!!

## بەدەل ھەج قويمىچىلىرىدىن ھەزەر ئەيلەيلى!

مەككىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بەدەل ھەج تىجارىتى خۇددى مەرۋايىت ۋە تاۋار تىجارىتىگە ئوخشاش، بەلكى ئادەتتىكى سودىلارغا سېلىشتۇرغاندا ھەم دەسمايىسىز ھەم جاپاسىز ھەم پايدىسى نەق بولۇپ ئېقىۋاتقان بىر تىجارەت بولۇپ قالماقتا.

ئانا ۋەتەندىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئۆزلىرىگە ۋە ئالەمدىن ئۆتكەن ئاتا _ ئانىلىرىغا بەدەل ھەج قىلدۇرۇش ئىشى بىر مودىغا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، پۇلى بار ھەركىم ھەرەمگە بارىدىغانلارغا بەدەل ھەج پۇلى تاپشۇرىدىكەن. شۇڭا ئانا ۋەتەندىن كەلگەن ھەربىر ھاجىدا يوق دېگەندە ئون _ يىگىرمە ئادەمنىڭ بەدەل ھەج پۇلى بولىدىكەن. تېخى بۇ تىجارەتنىڭ تەمىنى تېتىپ قالغان ئايرىم كىشىلەر ھەر يىلى ئۆمەكنىڭ بەزى كادىرلىرى بىلەن كېلىشىپ يۈز ياكى ئىككى يۈز ئادەمنىڭ بەدەل ھەج پۇلىنى(يەنى يۈز مىڭ ياكى ئىككى يۈزمىڭ دوللار پۇلىنى) يىغىپ كېلىدىكەن. ئەمما ئانا ۋەتەندىكىلەر مەككىدە تۇرغانلارنى پەرىشتىدەك كۆرۈپ پۇللىرىنى ئۇلارغا خاتىرجەم ئەۋەتكەن

### بەدەل ھەج دېگەن نېمە؟

مەزكۇر كىتابتا يەنە مۇنداق دەپ يېزىلغان: «بەدەل ھەج _ ھەرەمگە كېلەلمەيدىغان بىرى ئۈچۈن باشقا بىرىنىڭ ھەج پائالىيىتىنى ئادا قىلىپ قويۇشى دېگەنلىكتۇر. بۇنداق قىلغان ھەجىنىڭ ساۋابى قىلدۇرغۇچىغا بولىدۇ. بەدەل ھەجنى قىلغۇچىغۇمۇ ئۇنىڭ نىيىتى ۋە ئىخلاسىغا چۇشلۇق ساۋاب يېزىلىشى كۈتۈلىدۇ. **بەدەل ھەجنىڭ دەلىلى**

بەدەل ھەج ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەر تۆۋەندىكىلەردۇر:

1. سەئىيد ئىبنى جۇبەير ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىدۇكى، جۇھەينە قەبىلىسىدىن بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن: «ئانام ھەج پەرزىنى ئادا قىلىشقا نەزر قىلغان(ئۈستىگە ئېلىۋالغان)[1] بولسىمۇ، ئۇنى ئادا قىلالماي ئۆلۈپ كەتتى، شۇڭا ئانام ئۈچۈن مەن ھەج قىلىپ قويسام بولامدۇ؟» دەپ سورىۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «ھەئە، ئانىڭىز ئۈچۈن ھەج قىلىپ قويسىڭىز ئەلۋەتتە بولىدۇ. ئېيتىڭچۇ، ناۋادا ئانىڭىزنىڭ بويىنىدا قەرزى بولغان بولسا، ئۇنى ئادا قىلامتىڭىز؟ ئالللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىڭلار! چۈنكى ئالللاھنىڭ ھەققى ئادا قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق» دېدى»[2].

2. سۇلايمان ئىبنى يەسار رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىبنى ئابباس مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدا ھەججىنى قىلغان يىلى خەسئەم قەبىلىسىدىن بىر ئايال كېلىپ، ئۇنىڭدىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئالللاھنىڭ بەندىلىرىگە ھەجنى پەرز قىلىشى ئاتامنىڭ قېرىپ ئۇلاق ئۈستىدە ئولتۇرالمايدىغان ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالدى، مەن ئاتام ئۈچۈن ھەج قىلسام ئۇنىڭدىن ئادا بولامدۇ؟» دەپ سورىۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردى»[3].

3. ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنىدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنىڭ «شۇبرۇمە ئۈچۈن لەببەيكە»دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن «كىم ئۇ شۇبرۇمە دېگەن؟» دەپ سورىۋىدى، ئادەم ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىم (ياكى تۇغقىنىم) ئىدى دەپ جاۋاب بەردى. ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن «ئۆزۈڭ ئۈچۈن ھەج قىلىپ بولغانمىتىڭ؟»دەپ سورىدى، ئادەم «ياق»دەپ جاۋاب بەردى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا«ئاۋۋال ئۆزۈڭ ئۈچۈن ھەج قىل، ئاندىن شۇبرۇمەگە ھەج قىل»دېدى[4]. ئالدىنقى ئىككى ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرى، ھەجنى ئارمان قىلىپ يۈرۈپ ئۆلۈپ كەتكەن، يەنە بىرى، قېرىلىقتىن ئۇلاق ئۈستىدە ئولتۇرالمايدىغان ھالەتتىكى ئىككى كىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ بەدەل ھەج قىلىپ قويۇشىغا رۇخسەت قىلغان.

كېيىنكى ھەدىستە بولسا، بىراۋنىڭ قېرىندىشى ياكى تۇغقىنى ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلىپ قويۇشىنىڭ جائىزلىقى ۋە ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ھەج قىلىپ بولغان بولۇشى شەرت ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىنغان. بۇنىڭغا ئاساسەن، ھەج قىلىشقا بەل باغلىغان بولسىمۇ، قايسىبىر سەۋەب بىلەن ھەج قىلالماي ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم ئۈچۈن ئۇنىڭ بالىلىرى ياكى باشقىلار ھەج قىلىپ قويسا بولىدۇ. ئەمما ھەج قىلىشقا شارائىتى تولۇق تۇرۇپ، ھاياتىدا بىرەر قېتىم بولسىمۇ ھەج قىلىشنى ئويلاپ قويمىغان، يولنىمۇ ماڭمىغان ۋە شۇ ھالىتى بىلەن ئۆلگەن ئادەم ئۈچۈن قىلىنغان بەدەل ھەج قوبۇل بولمايدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ ئۆزى بىۋاسىتە قىلغان ئىبادەتلىرىدىنمۇ بەزىسى تۈرلۈك يېتەرسىزلىكلەر تۈپەيلى قوبۇل بولمايدىغان تۇرسا، بىراۋ ئۆزى ئورۇنداشنى خالىمىغان بىر ئىبادەتنى باشقا بىرى كېلىپ زورىغا ئۇنىڭغا تېڭىپ ئورۇنداپ قويسا ئالللاھ تائالا ئۇنى ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىبادەت دېگەن ھەر كىم ئۆزى قىلىش بىلەنلا ئادا تاپىدىغان نەرسە تۇرسا. ئەگەر پۇل بىلەن ئادەم ياللاپ ئىبادەتنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن چىققىلى بولىدىغان ئىش بولسا ئىدى. پۇلى

---

① ئەرەب تىلىدىكى «نَذْر» سۆزى: ئۈستىگە ئېلىۋېلىش، چىن ۋەدە قىلىش دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، بىراۋ بىرەر ياخشى ئىشنى قىلىش ئۈچۈن ئۆز _ ئۆزىگە ۋەدە بېرىپ، بۇ ئىشنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇنى ئادا قىلىشى ۋاجىب بولۇپ قالىدۇ.
② ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
③ ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
④ ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان، ئالبانى «سەھىھ» دەپ باھالىغان ھەدىس.

بار مىلىيونېرلار ئەڭ ئاۋۋال جەننەتكە كىرسە بولاتتى.

### بەدەل ھەج تىجارىتىدىن ئۆرنەكلەر

بەدەل ھەج تىجارىتىنى قىلىدىغانلار ئومۇمەن ئەھلى ئىلىم قىياپىتىگە كىرىۋالغان، تەقۋالىق تونىنى كىيىۋالغان، تىلى تاتلىق، ئەمما پىكىر _ خىيالى ئانا ۋەتەندىن كەلگەن ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنى قايىل قىلىپ، شۇلارنىڭ ئىشەنچىسىنى قازىنىپ، قوللىرىدىكى بەدەل ھەجگە ئاتاپ ئېلىپ كەلگەن ئامېرىكا دوللارلىرىنى ئېلىۋېلىشتا بولىدىغان قويمىچىلار بولۇپ، ئۇلار دەسلەپ ھاجىلارنى ئىزدەپ ئۇلار چۈشكەن ياتاقلارنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. ئاندىن بىر يۇرتلۇق ياكى قانداقلا بىر يول بىلەن تونۇشۇپ قالغانلارنى مېھمان قىلغۇسى كېلىدۇ _ دە، ئۇلارنىڭ قورسىقىنى راسا تويغۇزىدۇ، ئاندىن شەربەت ئەھكاملىرىدىن سۆزلەيدۇ، ئاخىرىدا مېھمانلارنىڭ ھەر بىرىگە بىرەردىن تەسبىھ، بىرەردىن جايناماز ھەدىيە قىلىپ بولۇپ، قانداقلا خىزمىتى بولسا، خالىسانە ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىشقا ھازىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئارىدا مېھمانلاردىن «بىزدە بەدەل ھەج ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن پۇل بار ئىدى. ئۇنى كىمگە قىلدۇرساق بولاركىن مانا، بىز بىلمەيمىزكەن، ئۆزلىرى بۇ جايدىكى ئادەملەرنى ياخشى بىلىلا، بىزگە بىر يول كۆرسەتكەن بولسىلا ئەمدى»دەيدۇ. چۈنكى بۇ قويمىچىنىڭ ھەج مەۋسىمىدىكى ئاتا بالىغا، بالا ئاتىغا قارىمايدىغان شۇ ئالدىراشچىلىقتا بۇ ھاجىلارنى ئىزدىشى، ئۇلارنى بىر يەرگە جەم قىلىشى، مېھمان قىلىشى، ئۇلارغا ھەدىيە تۇتقۇزۇشى قاتارلىق جاپالىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلاردىن شۇ بىر جۈملە سۆزنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئىدى. مۇبادا بۇ مېھمانلاردىن سۆز چىقمىسا، قويمىچى سۆزنى ئۆزى باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ بەدەل ھەج مەسىلىسى چوقۇم ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەقسەت ھەل بولىدۇ. ھاجىلارنىڭ بېلىدىكى دوللارنى ئېلىپ بولغان قويمىچى ئۇلارغا كېتىدىغان ۋاقتىدا «بەدەل ھەج گۇۋانامىسى»دىن بىردىن تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىش تۈگەيدۇ.

### بەدەل ھەج گۇۋاھنامىسى دېگەن نېمە؟

بەدەل ھەج گۇۋاھنامىسى دېگەن شەخسلەر تەرىپىدىن تەييارلىنىپ، ئۈستىگە يوغان قىلىپ «بەدەل ھەج» دەپ يېزىلغان مەخسۇس قەغەز بولۇپ، ئۇنى ئادەتتىكى دەپتەر _ قەلەم ساتىدىغان دۇكانلاردىن بىر دانىسىنى 2 رىيالدىن (60 سېنت دوللاردىن) سېتىپ ئالغىلى بولىدۇ. بەدەل ھەج قويمىچىلىرى بۇ قەغەزدىن بىرەر تويتىن ئېلىپ، ئىچىدىكى جەدۋەلگە «پالانى پالانى ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلدى» دېگەن ئەرەبچە بىر قۇر خەتنى مايماق _ سەيناق قىلىپ يازىدۇ، يازالمىسا باشقىسىغا يازدۇرىدۇ. قەغەزدىكى ئاتالمىش «بەدەل ھەج قىلغان»لارنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ھەممىسى خىيالىي ئىسىملاردىن بولىدۇ. بۇ ئىسىملارنىڭ ئابدۇراھمان، ئابدۇرېھىم ياكى مەمەت، سەمەت دېگەنلەرگە ئوخشاش بىر _ بىرىگە يېقىن بولۇپ چىقىشىدىكى سەۋەب بۇ يەردە. چۈنكى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا مەيلى دۆلەت تارمىقىدا بولمىسۇن، مەيلى شەخسلەر تەرىپىدىن بولمىسۇن، بەدەل ھەج قىلدۇرىدىغان قانۇنلۇق ياكى قانۇنسىز بىرەر مۇئەسسەسە يوق. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى شەخسلەر تەرىپىدىن بولىۋاتىدۇ».

### بەدەل ھەج قانداق قىلىنىۋاتىدۇ؟

مەزكۇر كىتابتا يەنە مۇنداق دەپ يېزىلغان: «ئەمدى بەدەل ھەج پۇلىنى يىغقان قويمىچى بۇنچىلىك كۆپ ئادەمنىڭ ھەج بەدىلىنى ئۆزى يالغۇز قانداق ئادا قىلىدۇ؟ راست گەپنى ئېيتقاندا، بەدەل ھەج پۇلىنى يىغقان قويمىچى بىرىنىڭمۇ ھەججىنى قىلمايدۇ. مۇبادا ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقىنى بولۇپ قالغان بىرەر ئادەمنىڭ ھەج بەدىلىنى قىلىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇنىڭدىن ئارتۇق قىلاي دېسىمۇ قىلالمايدۇ. چۈنكى بىر ئادەم بىر ھەجدە پەقەت بىرلا ئادەم ئۈچۈن ھەج قىلالايدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇنداقتا بۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ھەج بەدىلىنى قانداق قىلىدۇ؟ بۇنىڭ مۇنداق ئىككى خىل يولى بار: بىرى ھېچبىرىنىڭ ھەج بەدىلىنى قىلماسلىق، يەنە بېنگاللىقلارغا ئەرزان باھادا سېتىپ ئىشنى پۈتتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

1. ھېچبىرىنىڭ ھەج بەدىلىنى قىلماستىن تىكىۋېتىش، ناۋادا مەجبۇر بولۇپ قالسا، ھەجدىن كېيىن بىرەردىن «بەدەل ھەج»قەغىزىنى يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك تەييارلاپ، پۇل بەرگەنلەرگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ قۇتۇلۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ يولنى تاللىغانلار بەدەل ھەج قويمىچىلىرىنىڭ كۆپ سانلىقىنى ئىگىلەيدۇ. چۈنكى بۇ ناھايىتى ئاسان ئۇسۇل ئەمەسمۇ؟

2. بېنگاللىق، بېرمىلىق، ھىندىستانلىق، پاكىستانلىق ۋە ئافرىقىلىق ئىشچىلار بىلەن كېلىشىش يولىنى تاللاش بولۇپ، مەزكۇر ئىشچىلار بىلەن ھەربىر بەدەل ھەج ئۈچۈن يۇقىرىسى200 دوللار، تۆۋىنى 150، ھەتتا 100دوللارغىچە كېلىشىش بىلەنلا پۈتىدۇ. پۇلنى ئالغانلار قويمىچىدىن بەدەل ھەج قىلىنىدىغانلارنىڭ ئىسىملىكلىرىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تىكىۋېتىدۇ. ئۇلار شۇنىڭ بىلەن كۆزدىن غايىپ بولىدۇ. بەدەل ھەج قىلىدىمۇ ياكى ئۆيىدە ئۇخلىدىمۇ؟ ئۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ ۋە بىلىشنىمۇ خالىمايدۇ. ئەمدى يۇقىرىسى 200 دوللاردىن پۇل ئېلىپ بەدەل ھەج قىلىمەن دېگەن ئادەم راستىنلا بۇ ھەجنى قىلامدۇ؟ ھەرگىز قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار قانچىلىك كەمبەغەل قانچىلىك پۇلغا موھتاج بولۇپ كەتسىمۇ ھەج پائالىيىتىنى ئورۇنداش جەريانىدىكى 5 _ 6كۈنلۈك جاپا _ مۇشەققەتنى بۇنداق ئاز پۇلغا سېتىپ ئالمايدۇ».

### بەدەل ھەج قىلدۇرماقچى بولغانلار ئۈچۈن تەكلىپ

مەزكۇر كىتابتا يەنە مۇنداق دەپ يېزىلغان: «ئالەمدىن كەتكەن ئاتا _ ئانىسىنى خوش قىلماقچى بولغانلارغا بەدەل ھەج قىلدۇرۇشتىنمۇ ساۋابلىق ئىشلار بار. مەسىلەن:

(1) ئاتا _ ئانىسنى ساۋابتىن بەھرىمەن قىلاي دېگەن ئادەم بەدەل ھەج ئۈچۈن ئاتىغان پۇلنى جەمئىيەتتىكى يېتىم _ يېسىرلارغا، تۇل ئاياللارغا، مەدرەسە تالىبلىرىغا، تۇغقانلىرىنىڭ ياكى قوشنىلىرىنىڭ ياكى كۆڭلى تارتقان كىشىسىنىڭ ئالى مەكتەپتە پۇل قىيىنچىلىقى تارتىۋاتقان بالىلىرى بولسا، شۇلارغا خەجلەپ بەرسە، ئۇنى بەدەل ھەج قويىمچىسىغا بەرگەندىن ياكى قويىمچى بولمىسىمۇ بىرلا ئادەمگە بېرىپ ئۇنى بەھرىمەن قىلغاندىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ساۋاب ۋە ئەجىر ئەزىم تاپىدىغانلىقىنى بىلسە ئىدى، ھېچكىم ئاتىغان پۇلىنى ساۋاب بولۇشى نامەلۇم بولغان ئىشقا سەرپ قىلماي، يوقسۇللارنى يۆلەشتىن ئىبارەت ساۋابى ئېنىق ۋە كاپالەتلىك ئىشقا خەرج قىلغان بولاتتى.

(2) زاكاتنى، سەدىقىنى ۋە ھەر قانداق بىر خەير ئېھساننى يىراقلارغا بەرگەندىن كۆرە، ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرى ياكى قوشنىلىرى ياكى تونۇشلىرى ئارىسىدىكى ئېھتىياج ئىگىلىرىگە بەرسە ھەم سەدىقىنىڭ ھەم سىلە _ رەھىمنىڭ ساۋابىدىن ئىبارەت ئىككى قات ساۋاب قازىنىدىغانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقان. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، راستىنلا ساۋاب ئىزدىگەن ئادەم ئۆزى تونۇمايدىغان ئادەملەرگە بەدەل ھەج قىلدۇرۇپ ساۋاب تاپىمەن دېمەستىن، كۆز ئالدىدىكى نەق ساۋاب بولىدىغان ئىشلارغا پۇل سەرپ قىلىدۇ. بۇ ئىككى قات ساۋابنى ھەركىم ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا _ ئانىسىغا ئاتىسا، بۇ ساۋاب ئۇلارغا نەق يېتىدۇ ئەمەسمۇ؟

(3) جەمئىيەتتىكى ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر تېپىش شۇ جەمئىيەتتىكى قول ئىلكىدە بار كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە پەرز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىماننىڭ تەلەبلىرىدىن بىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قوشنىسىنىڭ ئاچ قالغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزى توق ياتقان ئادەم مۇئمىن بولالمايدۇ»دېگەن ھەدىسى بۇنى ئىپادىلەيدۇ. راستتىنلا ئاتا _ ئانىسىغا ساۋاب قازاندۇرۇشنى ئىستىگەن ئادەم ساۋابى كاپالەتكە ئېلىنمىغان بەدەل ھەجنى قىلدۇرىمەن دەپ يۈرمەستىن، ئاتىغان پۇلنى مۇنداق زۆرۈر بولغان ئىجتىمائىي پەرزنى ئادا قىلىشقا سەرپ قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇ ئادەم ئاتا _ ئانىسىنى تەسەۋۋۇر قىلغىنىدىنمۇ ئارتۇق ساۋابقا ئېرىشتۈرىدۇ. چۈنكى پەرزنى ئادا قىلغاننىڭ ساۋابى نەپلىنى ئادا قىلغاننىڭكىدىن ئەلۋەتتە ئارتۇق بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ.

4. ئاتا _ ئانىسى ئالەمدىن ئۆتۈشتىن بۇرۇن ئۆزى ئۈچۈن ھەج قىلىپ قويۇشنى ۋەسىيەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قالدۇرغان مال _ دۇنياسىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن كۆپ خەرج قىلماسلىق شەرتى بىلەن بەدەل ھەج قىلىش ياكى قىلدۇرۇش بالىلارنىڭ ئۈستىدە قەرزدۇر.

5. بىراۋغا بەدەل ھەج قىلىپ قويماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى پەرز ھەجنى ئادا قىلىپ بولغان بولۇشى شەرت.

6. تىرىكلەردىن قاتتىق ياشىنىپ قالغانلىقتىن ياكى ساقايمايدىغانلىقى ئېنىقلانغان كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ ھەج سەپىرىگە چىقىشىدىن ئۈمىد ئۈزۈلگەن ۋە ھەج پەرزىنى ئادا قىلىشقا يېتەرلىك ئىقتىسادى بولغان ئادەم ئۈچۈن ئۇنىڭ بالىلىرىدىن بىرەرسى بەدەل ھەج قىلىپ قويسا بولىدۇ.

ناۋادا بالىلىرى بولمىسا ياكى ئۇلار ھەرەمگە بارالمىسا، دىيانىتىگە ئىشىنىلىدىغان كىشىلەردىن بىرەرسىگە بەدەل ھەج قىلدۇرسا بولىدۇ.

شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئۆزىنىڭ دادىسى ياكى ئانىسى ئۈچۈن ھەج قىلغان ئادەم بىلەن پۇلغا ياللىنىپ ھاياتىدا بىر قېتىممۇ كۆرۈپ باقمىغان بىر ئادەم ئۈچۈن ھەج قىلغان ئادەمنىڭ ھەج كەيپىياتى بىر خىل بولامدۇ؟ ھالبۇكى، ھەج دېگەن يۈرەكتىن چىقمىسىمۇ بولۇشى چە بېجىرىپ قويسا بولىۋېرىدىغان رەسمىيەت ئەمەس، بەلكى ھەجمۇ خۇددى نامازغا ئوخشاش ئەقىل، قەلب ۋە باشقا ئورگانلارنىڭ ئىشتىراكى بىلەن ئورۇندىلىدىغان ئىبادەتتۇر.

6. پاسپورت بېجىرىش ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلىقى ياكى ئۆزى ھۆكۈمەت كادىرى بولغانلىقتىن، ھەجگە بارالمايدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، ئۆزى ئۈچۈن ئادەم ياللاپ بەدەل ھەج قىلدۇرۇش جائىز ئەمەس.

پاسپورت بېجىرىش ئىمكانىيىتى يوق ئادەمگە ھەج پەرز ئەمەس. چۈنكى بىراۋغا ھەجنىڭ پەرز بولۇپ بەلگىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەج سەپىرى ئۈچۈن يولى ئوچۇق بولۇشى شەرت. پاسپورت ئالالمىغان ئادەمنىڭ يولى ئوچۇق بولمىغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ھەققىدە ھەج پەرز بولۇشى نىڭ شەرتىگە چۈشمەيدۇ.

ئەمدى كادىرغا كەلسەك، مائاشتىن باشقا كىرىمى يوق، بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى، ئوقۇشى ۋە بارلىق چىقىملىرى شۇ بىرلا مائاشقا قاراشلىق بولۇپ قالغان، ئەگەر ھەجگە بارغان تەقدىردە، مائاشىدىن ئايرىلىپ قېلىپ بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ۋە ئوقۇشى ۋەيرانلىققا ئۇچراش خەۋپىدىكى ئادەملەرگە ھەج پەرز ئەمەس. چۈنكى ھەج دېگەن ھەج سەپىرىگە چىققانلىق سەۋەبى بىلەن ئۆزىگە ياكى بالا _ چاقىلىرىغا ماددى ياكى مەنىۋى زىيان _ زەخمەت يەتمەيدىغان شارائىتتىكى ئادەملەرگىلا پەرز بولۇپ بەلگىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەج پەرزى نامازغا ئوخشاش بىر پەرز ئەمەس. نامازنى قانداقلا شارائىتتا بولمىسۇن چوقۇم ئادا قىلىش پەرز. ئەمما ھەج ئۇنىڭ يولىغا كۈچى يەتكەن ئادەمگە پەرزدۇر.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، پاسپورت ئالالمىغانلار بىلەن ھەج سەپىرىگە چىقالمايدىغان شارائىتتىكى ئىشچى _ كادىرلارنىڭ بەدەل ھەج قىلدۇرۇشى جائىز ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆنلەرنىڭ بىرىدە ھەج قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار. ھەج قاچان

شەرت _ شارائىت تېپىلسا شۇ چاغدا پەرز بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر ئىمكانىيىتىم يوق دەپلا بەدەل ھەج قىلدۇرۇش جائىز ئەمەس.

### قەدىمقى ئۆلىمالارنىڭ بەدەل ھەج ھەققىدىكى قاراشلىرى

قەدىمقى ئۆلىمالارنىڭ ۋە مەزھەب پېشىۋالىرىنىڭ بەدەل ھەج مەسىلىدىكى قاراشلىرى ھەر خىل بولغان بولسىمۇ، پەقەت ئۆلۈكلەردىن ھەققىدە بەدەل ھەج قىلىنىشىنى ۋەسىيەت قىلغان ياكى ھەج قىلىش شەرتىگە توشقان تۇرۇپ ھەج قىلالماي ئالەمدىن ئۆتكەنلەر بىلەن تىرىكلەردىن ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقى ياكى قاتتىق ياشىنىپ قالغانلىقى سەۋەبلىك ھەجگە بارالمايدىغانلاردىن باشقىلار ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلىنمايدىغانلىقىغا ئىتتىپاقلاشقان.

### مېيىت ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلىش مەسىلىسى

مېيىت ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلىش مەسىلىسىدە، ھەنەفىي ۋە مالىكىي مەزھەبلىرىگە كۆرە، مېيىت ئەگەر ئۆزى ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلىنىشنى ۋەسىيەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قالدۇرغان مال _ دۇنياسىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن ئارتۇق سەرپ قىلماسلىق شەرتى بىلەن ئۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلىپ قويسا بولىدۇ.

ئەمما شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبلىرىگە كۆرە، بىراۋ ھەج قىلىشنىڭ شەرتلىرىگە توشقان بولسىمۇ، ھەج قىلالماي ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ بەدەل ھەج قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغان بولسۇن ياكى قىلمىسۇن، بالىلىرى ئۇنىڭ قالدۇرغان مال دۇنياسىدىن سەرپ قىلىپ بەدەل ھەج قىلىپ قويىشى ئۇلارنىڭ ئۈستىدە قەرزدۇر[1]

### ھايات ئادەم ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلىش مەسىلىسى

ھايات ئادەم ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلىش مەسىلىسىدە، ھەنەفىي، شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبلىرى قاتتىق ياشىنىپ قالغانلىقى ياكى ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقى سەۋەبلىك ھەج سەپىرىگە چىقالمايدىغان ئادەم ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلىشنى جائىز سانايدۇ.

ئەمما مالىكىي مەزھىبىگە كۆرە، سەۋەب نېمە بولۇشى دىن قەتئىينەزەر تىرىك ئادەم ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلىنمايدۇ. چۈنكى جىسمانىي ئىبادەتتىن مەقسەت تەنگە رىيازەت چەككۈزۈش، ئۇنى بىر ئاز مۇشەققەت تارتقۇزۇشتۇر. ھەج قىلىشقا بۇيرۇلۇشتىن مەقسەت ۋەتەندىن ئايرىلىپ مۇساپىرلىق تارتىش، ئىھرام باغلاش ئارقىلىق ئاخىرەتلىك كىيىمنى ياد ئېتىش، شەيتانغا تاش ئېتىش سافا بىلەن مەرۋىنى سەئى قىلىش، كەئبىنى تاۋاپ قىلىش قاتارلىق ھېكمەتنى ۋە سەۋەبىنى بىلمەيدىغان ئىشلاردىمۇ ئاللاھ تائالاغا بويسۇنۇش قاتارلىقلاردۇر. ھالبۇكى، ئۆيدە ئولتۇرۇپ بەدەل ھەج قىلدۇرغان ئادەم ھەجنىڭ بۇ ئاساسلىق غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ ئەمەسمۇ[2]

### ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرى نەزىرىدە بەدەل ھەج قىلىشنىڭ شەرتلىرى

تۆۋەندە «سەئۇدى ئەرەبىستان كاتتا ئۆلىمالار ھەيئىتى»دىكى ئۆلىمالارنىڭ بەدەل ھەج قىلىشنىڭ شەرتلىرى ھەققىدىكى پەتىۋاسىنى ئەينەن نەقىل قىلىمەن:

1. ھەج سەپىرىگە چىقىشقا كۈچى يېتىدىغان كىشى ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلىش قەتئىي جائىز ئەمەس.

2. بەدەل ھەج پەقەت ھەج پەرزىنى ئادا قىلالماي ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ياشىنىپ قالغانلىق ياكى ساقايماس كېسەللىك سەۋەبتىن ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن كىشى ئۈچۈنلا قىلىنىدۇ.

3. بەدەل ھەج يوقسۇل كىشىلەر ئۈچۈن قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇلارغا ھەج پەرز ئەمەس.

4. ئۆزى ئۈچۈن ھەج قىلىپ بولمىغان ئادەمنىڭ باشقىسى ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلىشى جائىز ئەمەس.

5. ئايالنىڭ ئەر ئۈچۈن، ئەرنىڭ ئايال ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلىشى جائىزدۇر.

6. بىراۋنىڭ بىر ھەجدە بىردىن ئارتۇق ئادەم ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلىشى جائىز ئەمەس. چۈنكى بىر ھەجدە بىر ئادەم بىرلا ھەج قىلالايدۇ. بۇ بىر ھەج بىر ئادەم ئۈچۈنلا كۇپايە قىلىدۇ.

7. بەدەل ھەج قىلغۇچىنىڭ مەقسىتى پۇل تېپىشلا بولماسلىقى لازىم.

8. بەدەل ھەج قىلىشقا تەيىنلەنگەن كىشىنىڭ ئۆزىنى تەيىنلىگەن كىشىدىن سورىماستىن، بەدەل ھەجنى باشقا بىرىگە قىلدۇرماسلىقى لازىم.

9. بەدەل ھەجنى ئۆزىنىڭ بالىسىغا قىلدۇرۇش، بالىسى بولمىسا ياكى مۇمكىن بولمىسا، يېقىن تۇغقىنىغا قىلدۇرۇش لازىم. بۇ

---

① ۋەھبە زۇھەيلىينىڭ «ئىسلام فىقھى ئېنسىكلوپېدىيىسى» ناملىق ئەسىرى 3 _ توم.
② ۋەھبە زۇھەيلىينىڭ «ئىسلام فىقھى ئېنسىكلوپېدىيەسى»ناملىق ئەسىرى 3 _ توم. «ئىبادەتتە ۋاكالەت» ناملىق ئەسىرى ـبەت.

ئىككىسمۇ بولمىغاندا يات بىرىگە قىلدۇرسا بولىدۇ.

10. بەدەل ھەجنى ئورۇندايدىغان ئادەمنىڭ تەقۋالىقى ۋە دىيانىتى بىلەن تونۇلغان، ھەج ئەھكاملىرىنى بىلىدىغان، ئىشەنچلىك، راستچىل كىشىلەردىن بولۇشى لازىم.

11. بىر قېتىم ھەج قىلىپ بولغان ئادەمنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلدۇرۇشى جائىز ئەمەس[1].

**پۇلغا ئادەم ياللاپ بەدەل ھەج قىلدۇرۇش مەسىلىسى**

پۇلغا ئادەم كىرالاپ بەدەل ھەج قىلدۇرۇش مەسىلىسى قەدىمدىن بىرى ئىسلام ئۆلىمالىرى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپلىق مەسىلىدۇر.

**مەزھەب ئۆلىمالىرىنىڭ كۆز قاراشلىرى**

ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ پېشىۋالىرى پۇلغا ئادەم ياللاپ بەدەل ھەج قىلدۇرۇشنى جائىز كۆرمىگەن. ئۇلار ئىبادەتنىڭ پۇلغا قىلىنمايدىغانلىقىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوسمان ئىبنى ئاس دېگەن كىشىگە: «ئەزان ئوقۇغىنىغا ھەق تەلەپ قىلمايدىغان بىر مۇئەززىن ئىشلەتكىن[2] دېگەن ھەدىسىنى دەلىل قىلغان. شۇڭا ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە«تائەت _ ئىبادەتلەرگە ھەق ئالسا بولمايدۇ» دېگەن پىرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويغان. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا، پۇلغا ئادەم ياللاپ بەدەل ھەج قىلدۇرۇش بىدئەتتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياكى ساھابىلەر بىرەر ئادەمگە پۇل بېرىپ ئۇنىڭغا بەدەل ھەج قىلدۇرغان ئەمەس.

ئەمما ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ كېيىنكى ۋارىسلىرى ۋە باشقا مەزھەبلەر دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگەتكەنگە ھەق ئېلىشنىڭ جائىز سانالغانلىقىغا بەدەل ھەجنى قىياس قىلىپ، بەدەل ھەج قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېتەرلىك پۇل ئالسا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «سىلەرنىڭ ھەق ئېلىشىڭلارغا ئەڭ ھەقلىق بولغىنى ئاللاھنىڭ كالامىدۇر[3] دېگەن ھەدىسىنى دەلىل قىلىپ، قۇرئان ئۆگىتىش ئۈچۈن ھەق ئالسا بولغان يەردە، بەدەل ھەج قىلىش ئۈچۈنمۇ ھەق ئالسا بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن[4].

**ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرىنىڭ كۆز قاراشلىرى**

ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرىدىن بەدەل ھەجنى پۇلغا قىلدۇرسا بولىدۇ دېگۈچىلەر بەدەل ھەج قىلغۇچى ئۈچۈن مۇنداق ئىككى شەرتنى بەلگىلەيدۇ:

1. بەدەل ھەج قىلغۇچىنىڭ مەقسىتى پۇل تېپىش بولماسلىقى.

2. بەدەل ھەج ئۈچۈن بېرىلگەن پۇل كەملىسە يەنە تەلەپ قىلىشى، ئەگەر ئېشىپ قالسا ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشى[5] بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بەدەل ھەج پۇل تېپىش مەقسىتى بىلەن قىلىنمايدۇ. ناۋادا بىراۋ پەقەت پۇل تېپىش مەقسىتى بىلەنلا بەدەل ھەج قىلسا، ئۇنىڭ ھەججىسى قوبۇل بولمايدۇ. چۈنكى ئىبادەت قىلىش نىيىتى بىلەن قىلىنمىغان بىر ئىبادەت قانداقمۇ قوبۇل بولسۇن؟ ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام«ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشى نىيەتلەرگە باغلىقتۇر[6] دېگەن تۇرسا.

«سەئۇدى ئەرەبىستان كاتتا ئۆلىمالار ھەيئىتى» 11/100 _ نومۇرلۇق پەتىۋاسىدا مۇنداق دېگەن: ئەپسۇسكى، ھازىرقى زاماندا بەدەل ھەج قىلىمىز دېگەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى پەقەت پۇل تېپىش مەقسىتى بىلەنلا بۇ ئىشنى قىلىدۇ. مۇنداق قىلىش قەتئىي ھارامدۇر[7]. چۈنكى ئىبادەتلەر مال _ دۇنياغا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلىنمايدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: (كىمكى (قىلغان ئەمەلى بىلەن) ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭ ساۋابىنى زىيادە بېرىمىز، كىمكى (ئەمەلى بىلەن) دۇنيانىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىسە، (ئۇنىڭ تىلىگەن) مەنپەئىتىنىڭ بەزىسىنى بېرىمىز، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ساۋابتىن) ھېچ نېسىۋە يوق)[8] دېگەن ئىلاھىي پىرىنسىپنى بېكىتتۈەتكەن. دېمەك، ئاللاھ تائالا ئۆزى ئۈچۈن خالىس قىلىنمىغان ئىبادەتنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبادەت ئورۇنلىرىنى مال _ دۇنيا تېپىش ئورۇنلىرىغا ئايلىنىپ قېلىشتىن قوغدىغان. ئۇ ساھابىلىرىغا: «سىلەر مەسجىدلەردە ئېلىم _ سېتىم ئىشلىرىنى قىلىۋاتقانلارنى كۆرسەڭلار ‹ئاللاھ سوداڭلاردا پايدا بەرمىگەي› دەڭلار»[9] دەپ كۆرسەتكەن. ئىبادەت قىلىدىغان ئورۇننى پۇل تاپىدىغان ئورۇن قىلىۋالغانلارغا شۇنداق بەددۇئا قىلىنغان يەردە، پۇلغا بەدەل ھەج قىلغانغا ئوخشاش ئىبادەتنىڭ ئۆزىنى پۇل تېپىشنىڭ كەسپىگە ئايلاندۇرىۋالغانلارغا نېمە دېيىش كېرەك؟ بۇلار ئىبادەتنى راستىنلا تىجارەتكە ئايلاندۇرىۋالغانلاردۇر. شۇڭا ھەنبەلىي مەزھىبىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرى بىراۋنى بەدەل ھەج ئۈچۈن كىرالاشنى قەتئىي جائىز

---

① «سەئۇدى ئەرەبىستان كاتتا ئۆلىمالار ھەيئىتى»نىڭ 11/100 _ نومۇرلۇق پەتىۋاسىدىن.
② ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
③ ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
④ ۋەھبە زۇھەيلىينىڭ«ئىسلام فىقھى ئېنسىكلوپېدىيەسى»ناملىق ئەسىرى 3 _ توم 48 _ بەت.
⑤ ۋەھبە زۇھەيلىينىڭ«ئىسلام فىقھى ئېنسىكلوپېدىيەسى»ناملىق ئەسىرى 3 _ توم47 _ بەت.
⑥ ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
⑦ «مۇنداق قىلىش قەتئىي ھارامدۇر» دېگەن ئىبارە، تاپقان پۇلنىڭمۇ ھاراملىقىنى ئىپادىلەيدۇ.
⑧ شۇرا سۈرىسى، 20 _ ئايەت.
⑨ ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

ئەمەس دەپ كەسكىن جاكارلىغان. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە[1] «كىمكى بەدەل ھەجنى پۇل ئۈچۈنلا قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ئاخىرەتلىكتىن ھېچقانداق نېسىۋە يوقتۇر»دېگەن[2].

شەيخۇلئىسلامنىڭ سۆزىدىن پۇلغا بەدەل ھەج قىلغان ئادەمنىڭ قىلغان ھەججىنىڭ قوبۇل بولمايدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك نېسىۋىدىن مەھرۇم ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ. ھەججىسى قوبۇل بولمىغان ۋە بۇ ھەجدە ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ھېچ نەرسە تاپالمىغان ئادەم بەدەل ھەج قىلىش ئۈچۈن پۇل ئالغان كىشىسىگە نېمىسىنى بېرەلەيدۇ؟ يوق ساۋابنى ئۇنىڭغا قانداقمۇ بېرەلىسۇن؟

ئەزھەرىي دوكتۇر ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللا[3] «ساجىيە ئىسلام بىلىملىرى تورى»دا ئېلان قىلغان بىر ماقالىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەيلى ھايات ئادەم بولسۇن، مەيلى مېيت بولسۇن، ئاللاھ تائالا بەندىگە پەرز قىلغان ئىبادەتنى ئۆزى قىلماي، باشقىلارغا پۇل بېرىپ كىرالاپ قىلدۇرسا، ئىبادەت ئادا بولمايدۇ. چۈنكى ئىبادەت دېگەن باشقىلارغا پۇل بېرىپ، باشقىلارنى ياللاپ قىلدۇرىدىغان ئىش ئەمەس، ئىبادەتنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىبادەتنى ئورۇندىغۇچىدىن نىيەت خالىس بولمىسا بومايدۇ. مال _ دۇنيا ئۈچۈن ھەج قىلىدىغان كىراكەشلەر ساۋابقا ئەمەس، پەقەت ئاشۇ ئازغىنە پۇلغىلا ئېرىشىدۇ»[4]. تەبىئىيكى، مۇنداق بەدەل ھەجنى ئورۇندىغۇچى ساۋابقا ئېرىشەلمىگەن ئىكەن، بەدەل ھەجنىڭ ئىگىسىگىمۇ ساۋاب يوق دېگەنلىك. چۈنكى يوق نەرسىنى بەرگىلى بولمايدۇ.

ئەمدى، بەدەل ھەج قىلدۇرماقچى بولغان ئادەم ياخشى نىيەت بىلەن پۇل بەرگەن تۇرسا، نېمىشقا ئۇنىڭغا ساۋاب بولمايدۇ؟ دېگەن سوئال كېلىشى مۇمكىن.

بىز دەيمىزكى، ئاللاھ تائالا ئۆزى ئاتا قىلغان مال _ دۇنيانىڭ ھېسابىنى چوقۇم ئالىدۇ. مال _ دۇنانى ياخشىلىق يوللىرىغا ئىشلەتكەنلەرگە ساۋاب بەرگەندەك، يامانلىق يوللىرىغا ئىشلەتكەنلەرنى جازالايدۇ. ئىسلام دىنىدا بىرەر ئىشنىڭ ساۋابلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسلام كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى شەرت. ئادەم كىرالاپ بەدەل ھەج قىلدۇرۇش شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا بىدئەتتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياكى ساھابىلەر ئادەم ياللاپ بەدەل ھەج قىلدۇرغاسن ئەمەس. بىدئەت ئەمەس دېگەن تەقدىردىمۇ بۇ بەدەل ھەج ئىشەنچلىك ياخشى ئادەملەرنىڭ يانچۇقىدا مەككىگە كەلگەن بولسىمۇ، مەككىدە تەۋۋالىقى، ئىشەنچلىكلىكى مەلۇم بولمىغان بەدەل ھەج تىجارەتچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتلىكى سەۋەبلىك بۇ بەدەل ھەجنىڭ قىلىنغان ياكى قىلىنمىغانلىقى مەلۇم ئەمەس. قىلىندى دەپ پەرەز قىلىنغان تەقدىردىمۇ، پۇل ئۈچۈن كىرالانغان ئادەملەر ئۆزلىرى تونۇمايدىغان بىراۋلار ئۈچۈن قېتىرقىنىپ، ھەجنىڭ پەرز، ۋاجىبلىرى تولۇق ئورۇندىغان ھالدا قىلمايدىغانلىق ئېھتىمالى ناھايىتى كۈچلۈكتۇر. بۇ ھالەتتە، بەدەل ھەج ئۈچۈن پۇل سەرپ قىلغان ئادەم مال _ دۇنياسىنى ئىسراپ قىلغان بولىدۇ، بەس. ئاللاھ تائالا ئىسراپخورلارنى ياقتۇرمايدۇ.

**خۇلاسە كالام:**

پۇلغا بەدەل ھەج قىلدۇرۇش مەسىلىسىدە، قەدىمقى ۋە ھازىرقى ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى بىرلەشتۈرگەن ھالدا دەيمىزكى، ھەققىدە ھەج پەرز بولۇشىنىڭ شەرتلىرى تولۇق بولغان بولسىمۇ ھەج قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەستىن ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ئۆزى ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلىنىشىنى ۋەسىيەت قىلىپ كەتكەن مېيت بىلەن ساقايماس كېسەلى ياكى قاتتىق ياشىنىپ قالغانلىقى سەۋەبلىك ھەجنىڭ سەپىرىگە چىقالمايدىغان ئادەم ئۈچۈن دىيانەتلىك بىلەن تونۇلغان ئىشەنچلىك كىشىلەردىن بىرەرسىگە ئۇنىڭ ھەرەمگە بېرىپ كېلىش چىقىملىرىنى بېرىپ بەدەل ھەج قىلدۇرسا بولىدۇ.

بەدەل ھەج قىلغۇچىمۇ ئۆزىنىڭ بەدەل ھەج قىلىش جەريانىدىكى چىقىملىرىغا يېتەرلىك مىقداردا پۇل ئالسا بولىدۇ. ناۋادا ئۇنىڭغا چىقىمىدىن كۆپ پۇل بېرىلگەن تەقدىردە، ئاشقان پۇلنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش ياكى رازىلىقىنى ئېلىش بىلەن ئۇنى ئۆزىگە ھالال

① ئىبنى تەيمىيە __ تولۇق ئىسمى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابدۇسسالام ھىجرىيىنىڭ 661 _ يىلى (1263م) ھازىرقى سۈرىيىنىڭ شىمالىدىكى ھەرران دېگەن جايدا دۇنياغا كەلگەن، ھەنبەلىي مەزھىبىنىڭ پېشىۋالىرىدىن بىرى، ئىسلام دۇنياسىدا تەسىرى ئەڭ زور بولغان، بۈيۈك ئىسلاھاتچى ۋە مۇجتەھىد ئالىم. «شەيخۇل ئىسلام» دېگەن ئېسىل ئۇنۋانغا نائىل بولغان. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان مازارلارغا چوقۇنۇش، ئۆلۈكلەردىن مەدەت سوراش قاتارلىق بىدئەت ئىشلارغا قارشى كۆرەش قىلغان. بۇ سەۋەبتىن شۇ ۋاقىتتىكى ھاكىمىيەت تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغان، سۈرىيىنىڭ تۈرمىسىدىنمۇ پالىنىپ مىسىرنىڭ ئىسكەندەرىيە تۈرمىسىدە ياتقان، كېيىنچە دەمەشىق شەھىرىگە قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ يەنە تۈرمىگە مەھكۇم بولغان. فىقھى، تەپسىر، ھەدىس، ئەقىدە قاتارلىق ماۋزۇلاردا كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان. شېئىرمۇ يازغان. ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن بىرى «ئىبنى تەيمىيە پەتىۋالىرى» بولۇپ، 27 توملۇق چوڭ ھەجىملىك ئەسەردۇر. تەقۋالىقىمۇ تونۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ «بۇ دۇنيادا بىر جەننەت بار، ئۇنىڭغا كىرەلمىگەن ئادەم ئاخىرەتتىكى جەننەتكىمۇ كىرەلمەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ زىكرىدۇر» دېگەن سۆزى شۇ سەۋەبتىن ئېيتىلغان. ھىجرىيىنىڭ 728 _ يىلى (1328م) 67 يېشىدا تۈرمىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

② «سەئۇدى ئەرەبىستان كاتتا ئۆلىمالار ھەيئىتى»نىڭ 11/100 _ نومۇرلۇق پەتىۋاسىدىن.

③ دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ 1971 _ يىلى 12 _ ئاينىڭ 25 _ كۈنى خوتەن شەھىرىدە بىر مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1986 _ يىلى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى تارمىقىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغان. 1989 _ يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى 9 _ ئايدا ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئەرەب _ ئىسلام تەتقىقاتى فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1993 _ يىلى مەزكۇر فاكۇلتېتنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، 1994 _ يىلى شۇ فاكۇلتېتنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتلىقىغا باشلىغان. 2001 _ يىلى ماگىستىرلىق، 2008 _ يىلى 1 _ ئاينىڭ 2 _ كۈنى دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. دوكتور ھازىر پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇش ۋە بىر قىسىم ئىلمىي تەتقىقاتلارنى قىلىش ئۈچۈن قاھىرەدە ياشاۋاتىدۇ.

قىلالايدۇ.

ئەمما بەدەل ھەج قىلىشنى پۇل تېپىشنىڭ كەسپىگە ئايلاندۇرىۋالغان ھايانكەشلەرگە پۇل بېرىپ بەدەل ھەج قىلدۇرۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنداقلار بىرلا ئادەمگە ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن ئادەمگە ھەج بەدىلى قىلىمەن دەپ پۇل يىغىدۇ. ئاخىرىدا ھېچبىرىنىڭ ھەج بەدىلىنى قىلمايدۇ. بۇ سەئۇدى ئەرەبىستانىدا بىز كۆرىۋاتقان بىر رېئاللىق.

**ئەڭ خەسىس تىجارەت _ بەدەل ھەج تىجارىتى**

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە شەھەرلىك مەھكىمە شەرئىيىنىڭ قازىسى ئەللامە فەھد ئەل ئامىرى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا چىقىدىغان «ئوكاز»گېزىتىنىڭ2007 _ يىلى14 _ فېۋرال كۈنى سانىدا ئېلان قىلغان بىر ماقالىسىدا مۇنداق دەپ يازغان: «پۇلغا ئادەم ياللاپ بەدەل ھەج قىلدۇرۇش قەدىمدىن بېرى فىقھشۇناس ئالىملارنىڭ ئىختىلاپ ماۋزۇسى بولۇپ كەلگەن. ھەنبەلىي ۋە ھەنەفىي مەزھەبلىرىدىكى كۆپلۈك قاراشلارغا كۆرە، مۇنداق قىلىش ھارامدۇر. چۈنكى ئىبادەت دېگەن پۇلغا قىلىنمايدۇ. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە"بەدەل ھەج ئۈچۈن ئادەم كىرالاش بىدئەتتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياكى ساھابىلەرنىڭ زامانىدا ياكى ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدىمۇ كۆرۈلمىگەن ئىشتۇر. بەدەل ھەجنى پۇل تېپىش مەقسىتى بىلەن قىلىش جائىز ئەمەستۇر" دېگەن. باشقىلارغا بەدەل ھەج قىلدۇرۇشنى جائىز دېگۈچىلەرمۇ بەدەل ھەجنى قىلغۇچىنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشىنى ۋە بەدەل ھەجنى تەلەپ قىلىنغا رەۋىشتە تولۇق ئورۇندىشىنى شەرت قىلغان.

ھازىرقى ئادەملەرنىڭ ئەھۋالى ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق بولىۋاتىدۇ. بىراۋ بەدەل ھەج قىلىمەن دەپ 4 _ 5 ئادەمنىڭ بەدەل ھەج پۇلىنى يىغىۋالىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ شۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە بەدەل ھەج قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. بەزىلەر بەدەل ھەج قىلىشنىڭ پۇلىنى مۇقىملاپ مانچىلىك پۇل بېرىسىز دەپ سورايدۇ. شەيخۇلئىسلام بۇ ھەقتە: «بىراۋنىڭ پۇلىنى دەپ بەدەل ھەج قىلمىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى ئۇنىڭ ھەجنىڭ چىقىملىرىدىن ئارتۇق بىر نەرسە سورىماسلىقى، ئارتۇق بەرگە تەقدىردىمۇ ئاشقان پۇلنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشىدۇر» دېگەن. ھازىرقى زاماندا مانابۇ بەدەل ھەجدىن ئاشقان پۇل دەپ قايتۇرۇپ بېرىدىغان ئادەم تېپىلامدۇ؟ يەنە بىر تەرەپتىن بەدەل ھەج بېدىكلىرىمۇ كۆپ بولۇپ كەتتى، ئۇلار بەدەل ھەج قىلىمىز دەپ پۇل يىغقۇچىلارغا بىر ئادەم تېپىپ بەرسە 500 رىيال ئالىدۇ.

بەدەل ھەج قىلغان ئادەم شۇ بەدەل ھەج قىلىنغۇچى كىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىش، ئىستىغفار ئېيتىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلمىغان تەقدىردىمۇ، ھەجنىڭ پەرز، ۋاجىبلىرىنى تولۇق ئورۇندىسىمۇ چوڭ گەپ ئىدى①.

① «ئوكاز» گېزىتىنىڭ تور بېتىدىن.

## هاراقنىڭ پاسكىنىلىقى مەنىۋىمۇ ياكى ھېسسىمۇ؟

پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى قەدىمدىن ھازىرغىچە هاراقنىڭ پاسكىنا ئىكەنلىكىگە بىردەك ئىتتىپاقتۇر. ئەمما هاراقتىكى بۇ پاسكىنىلىق مەنىۋى پاسكىنىلىقمۇ ياكى ھېسسى پاسكىنىلىقمۇ؟ بۇ ھەقتە ئىسلام ئۆلىمالىرى ئىختىلاپقا چۈشكەن.

ئىسلام دۇنياسىدا مەشھۇر تۆت مەزھەبنىڭ ئۆلىمالىرى هاراقنىڭ پاسكىنا ئىكەنلىكىنى، ئۇ تېگىپ قالغان كىيىمنى ۋە بەدەننى پاكىز يۇيۇپ تازىلاش كېرەكلىكىنى سۆزلىگەن. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ هاراقنى ھېسسىي پاسكىنىلىقلار قاتارىدىن سانىغانلىقى چىقىدۇ. ئەمما بەزى ئۆلىمالار هاراقنىڭ ھېسسىي پاسكىنىلىقلاردىن ئەمەسلىكىنى، بەلكى مەنىۋى پاسكىنىلىق ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ .

**هاراقنى ھېسسىي جەھەتتىكى پاسكىنىلىق دەيدىغانلار**

هاراقنى ھېسسىي جەھەتتىكى پاسكىنىلىق دەيدىغانلارنىڭ دەلىللىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئاللاھ تائالا مائىدە سۈرىسىنىڭ 90 _ ئايىتىدە: (ئى ئىمان ئېيتقانلار! هاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، (ئىلاھ قىلىپ) تىكلەنگەن نەرسىلەرگە چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى (بىلەن پال سېلىش) پەقەت شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار) دەپ كۆرسەتكەن. ئايەتتىكى «پاسكىنا قىلىقلاردۇر» دەپ تەرجىمە قىلىنغان «رجس» دېگەن ئەرەبچە سۆز ھېسسىي پاسكىنىلىقنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئەنئام سۈرىسىنىڭ 145 _ ئايىتىدە، ئاللاھ تائالا هارام قىلغان نەرسىلەر ئىچىدە چوشقا گۆشىنىمۇ «رجس» يەنى «پاسكىنا» دەپ تەبىرلىگەن. چوشقىنىڭ ھېسسىي جەھەتتىكى پاسكىنا نەرسە ئىكەنلىكىگە ھەممە بىردەك قايىلدۇر. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، هاراقمۇ ھېسسى جەھەتتىكى پاسكىنا نەرسىلەردىندۇر. ئەگەر شۇنداق بولمىسا ئىدى، ئۇنى خۇددى چوشقىنى سۈپەتلىگەنىدەك «رجس» دەپ سۈپەتلىمىگەن بولاتتى.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېشەك گۆشىنى يېيىشتىن توسقان ھەدىستە، ئۇنى «رجس» دەپ سۈپەتلىگەن. دېمەك، ئېشەك گۆشى بىلەن هاراق ئوخشاشلا «رجس» تۈرىدىكى پاسكىنىلىقلاردىندۇر. چۈنكى «رجس» سۆزى ئايەتتە ۋە ھەدىستە ھېسسىي پاسكىنىلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

هاراقنى پەقەت مەنىۋى جەھەتتىن پاسكىنا دېگۈچىلەر

هاراقنى پەقەت مەنىۋى جەھەتتىن پاسكىنا دېگۈچىلەرنىڭ دەلىللىرى تۆۋەندىكىچە:

1. (ئى ئىمان ئېيتقانلار! هاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، (ئىلاھ قىلىپ) تىكلەنگەن نەرسىلەرگە چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى (بىلەن پال سېلىش) پەقەت شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار) دېگەن ئايەتتە هاراق «پاسكىنا» دەپ سۈپەتلەنگەندەك، قىمار ئويناش، بۇتلارغا چوقۇنۇش، پال سېلىش قاتارلىق قىلىقلارمۇ «پاسكىنا قىلىقلا» دەپ سۈپەتلەنگەن. ئايەتتىكى «پاسكىنا»لىقتىن ھېسسىي پاسكىنىلىق مەقسەت قىلىنماستىن، بەلكى مەنىۋى جەھەتتىكى پاسكىنىلىق مەقسەت قىلىنغان. چۈنكى بۇتلارغا چوقۇنۇش، پال سېلىش، قىمار ئويناش قاتارلىق قىلىقلارنىڭ ھېسسىي جەھەتتىكى پاسكىنىلىق بولماستىن، بەلكى ئەمەلدىكى پاسكىنا قىلىقلار ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. بۇ ئۈچ ئىش ھېسسىي پاسكىنىلىق بولمىغان ئىكەن، هاراقمۇ ھېسسىي پاسكىنىلىق ئەمەس. چۈنكى بۇ تۆتى ئوخشاش سۈپەت بىلەن بىردەك سۈپەتلىنىپ كەلگەن. ئۇ بولسىمۇ، «پاسكىنا قىلىقلار» دۇر .

2. ئايەتتىن مەنىۋى پاسكىنىلىق مەقسەت قىلىنغانلىقىنىڭ يەنە بىر دەلىلى كېيىنكى (شەيتان هاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىك تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ] دېگەن ئايەت بولۇپ، هاراق بىلەن قىمار دۈشمەنلىكنىڭ ۋە ئاداۋەتنىڭ سەۋەبچىسى قىلىپ كۆرسىتىلگەن. مەلۇمكى، هاراقنى ئىچىپ مەست بولمىسا بۇ سەۋەب تېپىلمايدۇ. چۈنكى ئىنسانلار هاراق ئىچىپ مەست بولغاندا ئۇرۇشىدۇ ۋە دۈشمەنلىشىدۇر .

3. (شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار) دېگەن ئايەتتىكى (يىراق بولۇڭلار)دىن مەقسەت هاراق ئىچىشتىن يىراق بولۇڭلار دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، هاراق قان ۋە چوڭ، كىچىك تەرەتكە ئوخشاش ھېسسىي پاسكىنىلىق ئەمەس، بەلكى ئەمەلدىكى، يەنى شەيتانغا ئەگىشىپ سادىر قىلىنغان ئەمەلىي پاسكىنىلىقتۇر .

4. ئايەتتىكى «رجس » دېگەن سۆز «نجس» دېگەن سۆزنىڭ ئەكسىچە، ھېسسىي پاسكىنىلىقنى ئىپادىلىگەندەك مەنىۋى پاسكىنىلىقنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. ئەمدى «نجس» دېگەن سۆز بولسا پەقەت ھېسسىي پاسكىنىلىقنىلا ئىپادىلەيدۇ. ئەمما «رجس» دېگەن سۆزنى ھېسسىي پاسكىنىلىقنىلا ئىپادىلەيدۇ، مەنىۋى پاسكىنىلىقنى ئىپادىلىمەيدۇ، دېيىش ئۈچۈن دەلىل كېرەك. ھالبۇكى، ئەرەب تىلىدا« رجس» سۆزىنىڭ مەنىۋى پاسكىنىلىقنى ئىپادىلىمەيدىغانلىقىغا دەلىل يوق.

5. قەدىمقى ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن ھېچكىم «رجس» دېگەن سۆزنى( نجس) دېگەن مەنىدە تەپسىر قىلغان ئەمەس. چۈنكى بۇ ئىككى سۆز بىر _ بىرىنى تەپسىر قىلالمايدۇ.

6. سەھىھ ھەدىستە كېلىشىچە، ھاراق ئىچىشنىڭ ھاراملىقى ھەققىدىكى ئايەت چۈشكەندە، مۇسۇلمانلار ئۆيلىرىدىكى ھاراقلارنى تۆكۈپ ئېلىپ چىقىپ بازارنىڭ يوللىرىغا تۆكىۋەتكەن. ئەگەر ھاراق ھېسسىي پىسكىنىلىق بولسا ئىدى، ئۇنى پەيغەمبەر _ ئەلەيھىسسالام بازارنىڭ يوللىرىغا تۆكۈشنى مەنئى قىلغان بولاتتى. چۈنكى پاسكىنا نەرسە دېگەن تۆكۈلگەن يەرنى بۇلغايدۇ ۋە ئۇنىڭ مەنئى قىلىش لازىم كېلىدۇ.

7. ھاراق ھارام قىلىنغان ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى ھاراق ساقلىغان تۇلۇملىرىنى ۋە قاچىلىرىنى يۇيۇشقا بۇيرىمىغان. ئەمما ئېشەك گۆشىنى يېيىش ھارام قىلىنغان ۋاقىتتا قازان _ قاچىلارنى پاكىز يۇيۇپ ئېشەك گۆشىنىڭ قېپقالغان پاسكىنىلىقلىرىدىن تازىلاشقا بۇيرۇغان .

8. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بىر كوزا ھاراقنى كۆتۈرۈپ كەلگەندۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن تېخى ھاراقنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟» دېگەن. ئادەم ئۇندساقتا بۇنى سېتىپ قۇتۇلىمەن دېگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئاللاھ بىرەر نەرسىنى ھارام قىلسا، ئۇنىڭ پۇلىنىمۇ ھارام قىلىدۇ» دېگەن. ئاندىن ھېلىقى ئادەم ھاراقنى يەرگە تۆكىۋەتكەن. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە دېمىگەن. ئەگەر ھاراق ھېسسىي پاسكىنىلىق بولسا، ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئادەم ئۆتۈپ تۇرىدىغان بۇ يەرگە تۆكۈشتىن مەنئى قىلغان بولاتتى ۋە باشقا يەرگە تۆككەندىمۇ كوزىنى پاكىز يۇيۇپ تازىلاشقا بۇيرىغان بولاتتى.

9. شەيئىلەرنىڭ ئەسلى ھالالدۇر. پەقەت ئۇنىڭ ھاراملىقىغا ئېنىق كەلگەندىلا، ئاندىن ھاراملىق ھۆكۈمىنى ئالىدۇ. ھاراقنى ئىچىشنى ئاللاھ تائالا ھارام قىلدى، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىنى ھېسسىي جەھەتتىن پاسكىنا دېيىش ئۈچۈن دەلىل كېرەك .ھالبۇكى، ھاراقنى ئىچىشتىن ئىبارەت بۇ قىلىق مەنىۋى جەھەتتىن ھارام بولسىمۇ، ھاراقنىڭ ھېسسىي پاسكىنىلىقلاردىن ئىكەنلىكىگە دەلىل يوق.

10. تەپسىر قۇرتۇبىدە ئىمام مالىكنىڭ ئۇستازى رەبىئە، ئىمام لەيس، ئىمام مۇزنىي ۋە باغداتلىق ئۆلىمالارنىڭ «ھاراقنى ھارام دېگەنلىك ئۇنى ئىچىشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدۇ، بىر نەرسىنىڭ ھارام قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ پاسكىنا بولۇشى شەرت ئەمەس» دېگەن سۆزلىرى قەيت قىلىنغان. ئىمام شەۋكانى «سەيلۇل جەرار» ناملىق ئەسىرىنىڭ 35 _ 37 _ بەتلىرىدە: «مەست قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ پاسكىنا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك دەلىل يوق» دېگەن. دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 564 _ بېتىدە بۇ قاراش كۈچلەندۈرۈلگەن.

بۇنىڭغا بىنائەن، ھاراق مەنىۋى پاسكىنىلىقتۇر. چۈنكى ھاراق ئىچىش ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىپ، شەيتانغا ئەگەشكەنلىك ۋە شەيتانىنىڭ يامان ئىشىنى قىلغانلىق ئېتىبارى بىلەن ئەمەلدىكى پاسكىنا قىلىقتۇر. ئەمما ھېسسىي جەھەتتىن ھاراق پاسكىنا ئەمەس. ئىسپىرت ۋە كولونىيا قاتارلىقلارمۇ ھاراققا ئوخشاش مەنىۋى پاسكىنىلىقلاردىن بولۇپ، بۇلارنىڭ قايسىبىرىنى ئىچىش قەتئىي ھارامدۇر .ئەمما ھارق، ئىسپىرت ۋە كولونىيا قاتارلىقلارنى بەدەننىڭ تاشقى قىسمىغا ئىشلىتىش ھارام ئەمەس، دېگەن قاراش ئەڭ كۈچلۈك ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، ھارق، ئىسپىرت ۋە كولونىيا تېگىپ قالغان كىيىم ياكى بەدەن پاسكىنا بولۇپ قالمايدۇ. بۇ قاراشنى ھازىرقى زامان مۇجتەھىد ئۆلىمالىرىدىن يۈسۈپ ئەل قەرداۋى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەل ئۇسەيمىن قاتارلىقلار قوللاپ _ قۇۋۋەتلىگەن.

## تۇپان ۋەقەسى توغرۇلۇق ھەقىقەت

قۇرئاندا ۋە باشقا ساماۋىي كىتابلاردا نۇھ (Noah ) ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەنلەر ئۇچرىغان ياسالغان كېمە ھەققىدىكى قىسسە بايان قىلىنغان. نۇھ ئەلەيھىسسالام 950 يىل ئۆمۈر سۈرگەن بولۇپ، ئۇ ئۆمۈر بويى قەۋمىنى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ سانى ناھايىتى ئاز ئىدى.ئاللاھ ئۇنى كېمە ياساشقا بۇيرۇيدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمىنى ئاللاھ بۇيرىغان شەكىلدە ياساپ بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنى ۋە ھەر جانلىقتىن بىر جۈپتىن كېمىسىگە ئالىدۇ. بىر مۇددەتتىن كېيىن شىددەتلىك بىر يامغۇر يېغىپ «ئاللاھنىڭ ئازابى نەدە؟ ئۇنى كۆرسەتمەمسەن؟» دەپ نۇھ ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلغانلارنىڭ ھەممىسى سۇدا غەرق بولۇپ تۈگىشىدۇ.

بۇ ۋەقە ھەققىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 68 پارچىدىن كۆپرەك داستان يېزىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەينى ۋەقەلىكنى سۆزلىگەن. زامانىمىزدىكى ئارخىئولوگىيە ئىلمى سايىسىدا بۇ ۋەقەلىكنىڭ بولغانلىقى شەك قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلانغان. يەھۇدىي، خىرىستىيان ۋە ئىسلام دىنلىرىنىڭ مەنبەلىرى بۇ ۋەقەلىكنىڭ پۈتۈن يەرشارىغا ئومۇم بولغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. شۇڭا نۇھ ئەلەيھىسسالام بۇ ئۈچ دىندا «ئىنسانلارنىڭ ئىككىنچى ئاتىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما گېئولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قارىشىچە، بۇ ۋەقەلىك ئوتتۇرا شەرق رايونىدا قەدىمقى زامانلاردا بولغان. ئامېرىكىدىكى كولۇمبىيە تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىسىدە: «قارا دېڭىز ئەسلىدە مۇزلۇق دەريا بولۇپ، مۇندىن تەخمىنەن 12000 يىل ئىلگىرى يەر يۈزىنىڭ ئىسسىقلىق دەرىجىسى كۆتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە مۇز قاتلاملىرى تەبىئىي ھالدا ئېرىپ سۇغا ئايلىنىشى بىلەن مۇندىن تەخمىنەن 7000يىل بۇرۇن ئوتتۇرا دېڭىز سۈيىگە يېتىپ بارغان. تۇپان ۋەقەسى تۈركىيە تەرىپىدە يۈز بەرگەن تۇپان سۈيىنىڭ يۇقىرىلىقى 200 مېتىردىن كەم بولمىغان.

تەتقىقاتلار مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 _ يىللار بىلەن 4000 _ يىللار ئارىسىدا دىجلە بىلەن فۇرات دەريالىرى ئوتتۇرىسىدىكى بۇرۇن «ئىككى دەريا ئوتتۇرىسىدىكى شەھەرلەر» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن سۈرىيە، تۈركىيە ۋە ئىراق قاتارلىق جايلاردا تۇپان سۈيى دەپ ئاتالغان چوڭ سۇ ئاپىتىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى سۆزلىمەكتە.

نۇھ – ئىبرانىي تىلىدا ئىستىراھەت دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئەرەب تىلىدا نۇھ كۆپ يىغلىغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى ھىدايەتكە باشلاش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا دېئا قىلىپ شۇنداق كۆپ يىغلىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى ئېھتىمال.

تارىخچىلار ۋە ئاكادېمىكلارنىڭ نەزەرىدە تەۋرات نۇھ ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭ كېمىسى ۋە تۇپان ۋەقەسى توغرىسىدا تۇنجى بولۇپ سۆز ئاچقان تارىخى مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەۋراتنىڭ «يارىتىلىش» بابىدا نۇھ ئەلەيھىسسالام لامىخ دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى 10 _ نەسىل ھېسابلىنىدىكەن. ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامغا كېمە ياساش ئەمرىنى بەرگەندە ئۇ 600 ياشتا بولۇپ، تۇپان ۋەقەسىدىن كېيىن 350 يىل ئۆمۈر كۆرگەن. ۋاپات بولغاندا 950 ياشتا ئىكەن. تەۋراتنىڭ يۇقىرىقى مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا، تۇپان ۋەقەسىدە دۇنيانى سۇ بېسىپ نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن ئاز ساندىكى كىشىلەردىن باشقا پۈتۈن ئىنسانىيەت سۇدا غەرق بولۇپ تۈگەشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئىنسانلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سام، ھام ۋە يافەس لەردىن ئىبارەت ئۈچ ئوغلىنىڭ نەسلىدىن تارقالغان.

سام نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، تۇپان ۋەقەسى يۈزگەندە 98 ياشتا ئىكەنلىكى ۋە تۇپان ۋەقەسىدىن كېيىن 500يىل ئۆمۈر سۈرگەنلىكى سۆزلىنىدۇ. ئۇنىڭ بەش ئوغلى بولۇپ، ئىلام، ئاشۇر، ئارام، ئەربەدشاد ۋە لود قاتارلىقلاردۇر. بەزى رىۋايەتلەر، ئەرەبلەر، تۈركلەر، ئاشۇرىيلار، ئىبرىلار، ئاراملارنىڭ سام سۇلالىسىدىن كېلىپ چىققان دېيىلىدۇ.

يافەس نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ نەسلىدىن ياۋروپالىقلارنىڭ كېلىپ چىققانلىقى سۆزلىنىدۇ. يافەسنىڭ 7 ئوغلى بولۇپ، ئۇلار جومەر، مەجۇج، تىپىراس، جافان، مىشىيخ، توبال ۋە مادايلار ئىكەن. رىۋايەتلەر يۇنانلىقلار، ئىرلاندىيىلىكلەر، ھۇنگارىيەلىكلەر، سۇلۇۋاكلار، ئىتالىيىلىكلەر ۋە گېرمانىيەلىكلەرنىڭ يافەس نەسلىدىن كەلگەنلىكىنى سۆزلەيدۇ.

ھام ئافرىقا خەلقلىرىنىڭ، قەدىمىي مىسىرلىقلار ۋە پەلەستىندە ياشىغان كەنئانلىقلارنىڭ ئاتىسى ھېسابلىنىكەن. تەۋراتنىڭ «يارىتىلىش» بابىدا ھام نۇھنى مەستلىك ھالىتىدە يالىڭاچ بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ۋەقەنى ئىككى قېرىنىشىغا ئېيتىدۇ. نۇھ بۇنى ئاڭلاپ، ھامغا ئاللاھنىڭ لەنەت قىلىشىنى تىلىگەن» دەپ قەيت قىلىنغان. بەزى تەھلىلچىلەر يەھۇدىيلارنىڭ ھام نەسلىدىن بولغان كەنئانلىقلارنىڭ زېمىنى پەلەستىننى بېسىۋالغانلىقىنى بۇخۇراپى قىسسىگە باغلاپ دىنىي جەھەتتىن ئۆزلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى قانۇنلۇق كۆرسىتىشكە تىرىشىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ.

### يەھۇدىي دىنىدىكى نۇھ ئەلەيھىسسالام

تەۋراتتا قەيت قىلىنىشىچە، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ گۇناھ – مەسىيەتلىرىنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكى سەۋەبتىن ياخشى كىشىلەردىن

باشقىلارنىڭ ھەممىسىنى زېمىن يۈزىدىن يوق قىلىۋېتىش قارارىغا كېلىپ، شۇنىڭ بىلەن ئاسماندىن 40 كېچە _ كۈن داۋام قىلغان قاتتىق يامغۇر ياغدۇرۇشى بىلەن زېمىن يۈزى 150 كۈن سۇنىڭ ئاستىدا قالغان. كېمە ئارارات تېغى (تۈركچىدە ئاغرى تېغى)دا ئورۇن ئالغان.

تەۋرات نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئىككى خىل شەخسىيەت بىلەن تەرىپلەيدۇ. ئۇنىڭ بىرى ئاللاھقا ئىتائەتچان مۇئمىن بەندە، يەنە بىرى ھاراقنى دەسلەپ پەيدا قىلغان ئادەم. تارىخچىلار ۋە ئاكادېمىكلار بۇ زىتلىقلارنى تەتقىق قىلىپ چىقىپ، تەۋراتنىڭ بەزى جايلىرىدا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى ئۇنىڭ ئاتىسى ئەينۇخ دېگەن كىشىنىڭ ئىسمىغا ئالماشتۇرۇۋېتىلگەنلىكتىن بۇنداق زىتلىقلارنىڭ چىققانلىقىنى سۆزلەيدۇ. ئەمما بۇ زىتلىقنى تولۇق ھەل قىلىشقا يېتەرلىك ئەمەس. چۈنكى تەۋراتنىڭ كۆپ جايلىرىدا نۇھ ئەلەيھىسسالام ھاراقنى كۆپ ئىچىدىغان ئادەم دەپ سۈپەتلىنىدۇ.

**ئىنجىللاردىكى نۇھ ئەلەيھىسسالام**

خرىستىيانلارنىڭ «يېڭى ئەھد» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ئىنجىللىرى نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھقا يېقىن شەخس سۈپىتىدە تىلغا ئالىدۇ. ماركوس ئىنجىلىدا، نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئىبراھىم ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالاملارغا ئوخشاش مەشھۇر پەيغەمبەرلەر قاتارىدا تىلغا ئېلىنغان. يېڭى ئەھد كىتابلىرىدا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىنى 120 كۈندە ياساپ بولغانلىقى ۋە بۇ جەرياندا كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشقا دەۋەت قىلىشتىن ۋاز كەچمىگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. مىلادىيەنىڭ 3 _ ئەسىرىدە ئورىلىس ئوغوستىن دېگەن كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان خرىستىيان دىنىنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدە، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى ئۈچۈن ناھايىتى زور دىنىي ئەھمىيەت بېرىلىپ، بىردىن – بىر نىجاتلىق رەمزى قىلىنغان. ئوتتۇرا ئەسىر چاغلىرىدا خرىستىيان دىن ئادەملىرى تەۋراتنىڭ «يارىتىلىش» بابىدا كەلگەن تەقسىملەشكە ئاساسلىنىپ، ئىنسانلارنى تۈرلەرگە تەقسىملەشكە باشلىغان. ئۇلار خرىستىيان دىن ئادەملىرى سامنىڭ نەسلىدىن كەلگەن، ئىرانلىقلار يافەسنىڭ نەسلىدىن كەلگەن، پېقىرلار ھامنىڭ نەسلىدىن كەلگەن دەيدىغان خاتا ئېتىقاد دىنىي تۈستە دەۋر سۈرۈشكە باشلىغان.

تەھلىلچىلەرنىڭ نەزەرىدە، بەزى خرىستىيانلارنىڭ دىننى قورال قىلىپ تۇرۇپ ئىنسانلارنى تۈرلەرگە ئايرىشى نەتىجىسىدە، ئىرق ئايرىش مەسىلىسى دەۋر سۈرگەن بولۇپ، ئافرىقىلىقلارغا نىسبەتەن ئايرىم مۇئامىلىدە بولۇش ئېقىمى ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن 1964 _ يىلى ئامېرىكىلىق سىناتور بىرد روبېرت نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىنى ئامېرىكىدا ئىرق ئايرىش سىياسىتىنىڭ داۋام قىلىشى كېرەكلىكىگە ھۆججەت قىلىپ كۆرسەتكەن. روبېرت1959 _ يىلىدىن بىرى ئامېرىكا كونگرىسىدا كۆزگە كۆرۈنگەن شەخسلەردىن بىرى بولۇپ كەلمەكتە. ئۇ شۇ سەۋەبتىن 1991 _ يىلى ئامېرىكىلىق ئىككى نەپەر قارا تەنلىكنىڭ ئامېرىكا ئالىي سوت مەھكىمىسىدە سوتچىلىققا تەيىنلىنىشىگە قارشى چىققان بولسا، 2004 _ يىلى كوندىلىزا رايىسنىڭ ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە تەيىنلىنىشىگىمۇ قاتتىق قارشىلىق بىلدۈرگەن. روبېرت بىرد نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ھامغا ئاللاھنىڭ لەنەت قىلىشىنى تىلگەنلىكتىن ئىبارەت خۇراپىي قىسسىنى ئىرق ئايرىشنىڭ دەسلەپكى دىنىي جەھەتتىكى دەلىلى قىلىۋالغانلىقتىن شۇنداق قىلغان ئىكەن.

**ئىسلام دىنى نەزەرىدىكى نۇھ ئەلەيھىسسالام**

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى قۇرئان كەرىمنىڭ ئال ئىمران، نىسا، مائىدە، ئەنئام ۋە نۇھ سۈرىلىرىدە بايان قىلىنغان.

ئىسلام دىنى نەزەرىدە، ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنى بۇتقا چوقۇنىدىغان بىر قەۋمنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتەك توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن ئەۋەتكەن پەيغەمبەردۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ بايانىغا كۆرە، نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى ئاللاھنىڭ ھەق دىنىغا باشلاش يولىدا 950 يىل دەۋەت بىلەن شۇغۇللانغان.(ئەنكەبۇت سۈرىسى). لېكىن نۇھ قەۋمى ھىدايەتنى خالىمىغان ۋە نۇھ ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەن بولۇپ قولىدىن كېلىدىغان يامانلىقلارنىڭ ھەممىنى قىلغان. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنى بىر كېمە ياساشقا ئەمر قىلغان. نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمە ياسىۋاتقاندا قەۋمى ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشتە ھەمىشە مەسخىرە قىلاتتى(ھۇد). كېمە پۈتكەندىن كېيىن قاتتىق يامغۇر ياغدى ۋە زېمىن يېرىلىپ بولاقلار چىقىپ دۇنيانى سۇ باستى. بۇ تۇفان دەپ ئاتالدى.(قەمەر). ھۇد سۈرىسىدە بايان قىلىنىشىچە، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى كاپىر ئىدى. ئاتىسى ئۇنى كېمىگە چاقىرغاندا، «تاغقا بارىمەن مېنى ساقلاپ قالىدۇ» دەپ كېمىگە چىقمىغان ۋە غەرق بولۇپ تۈگەشكەن.

ئىسلام دىنى ئىرق ئايرىشنى قەتئىي چەكلەيدۇ. چۈنكى ئىسلام نەزەرىدە،ئىنسانلار ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تۆرەلگەن . ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇپراقتىن يارىتىلغان. ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا تىل، رەڭ، ئىرق ۋە دىن پەرقلىرى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بىردىن ئالامەتلەردۇر. ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ ۋە خەلق نەزەرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك بولىدىغانلىرى ئۇلارنىڭ ئەڭ تەقۋا بولغىنى يەنى ئاللاھنىڭ ۋە مەخلۇقاتنىڭ ھەقلىرىگە تاجاۋۇز قىلمايدىغان، ھەممىنىڭ ھەققىنى جايىدا ئادا قىلىدىغان ۋە ئاللاھنىڭ غەزىپىگە يولۇقۇشتىن ھەزەر قىلىدىغان كىشىدۇر. مۇسۇلمانلار پۈتۈن ئىنسانلار بىلەن ئىنسانلىق تەرەپتىن ئۆزئارا قېرىنداشلاردۇر.

**كېمىنىڭ ياسىلىشى**

تەۋراتنىڭ «يارىتىلىش» بابىدا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىنى Gopher woodگوفەر دەپ ئاتىلىدىغان ياغاچتىن ياسالغانلىقى قەيت

قىلىنغان. ئەمما بۇ ياغاچنىڭ قانداق دەرەخنىڭ ياغىچى ئىكەنلىكى ھازىرغىچە نامەلۇم. شۇ مەنبەنىڭ ئۆزىدە كېمىنىڭ ئومۇمى ئايلانمىسى 300گەز(160 مېتىر) كېلەتتى دەپ قەيت قىلىنغان. ئەرەب جۇغراپىيە ئالىمى مەشھۇر سۇيىياھ ياقۇت ھەمەۋى «مۇئجەمۇل بۇلدان»ناملىق ئەسىرىدە، نېھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى توختىغان جايغا مەسجىد سېلىنغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. سۇيىياھ ئىبنى بەتتۇتە مۇ بۇ سۆزنىڭ ئەينىسىنى سۆزلىگەن.

**كېمىنىڭ توختىغان يېرى**

كېمە جۇدى تېغىدا ئورۇن ئالغان (ئارارات تېغى ئەمەس). جۇدى تېغى تۈركىيەنىڭ سۈرىيە ۋە ئىراق چېگرىسى ئەتراپىدا بولۇپ ئارارات تېغىدىن 200مىل يىراقلىقتا جايلاشقان. بەزى رىۋايەتلەر، كېمە چۈشكەن جاي ئىراقتىكى «نېبي» دېگەن جاي بولۇپ، ئەسلىدە چوڭ تاغ ئىدى. كېيىنچە تۈزلەڭلىككە ئايلانغان. ئۇ سۇدىن قۇرۇغاندىن كېيىن «جەف _ قۇرۇق» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ «نەجەف» دەپ ئاتالغان. ئەمما كۆپىنچە تارىخچىلار بۇ رىۋايەتنىڭ راستلىقىدىن كەشلىنىدۇ. بۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا شىئەلەرگە قارشى ھالدا ئويدۇرۇلغان سەپسەتە بولۇشى ئېھتىمال.

21 _ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، خۇسۇسەن سۈنئى ھەمراھ ئىجىد قىلىنغاندىن كېيىن، كىشىلەر نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى چۈشكە جايىنى ئىزدەشكە كىرىشىدۇ. دانىيال مېك گىۋەرن ئىسىملىك بىر باينىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى چۈشكەن جايىنى ئىزدەپ تېپىش گۇرۇپپىسىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى ئۈچۈن 900 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغىنىدىن كېيىن ھەرىكەتكە باشلىغان ئىزدەش گۇرۇپپىسى قۇرئان سۆزلىگەن جۇدى تېغىدا ئەمەس، تەۋرات ۋە ئىنجىللاردا تىلغا ئېلىنغان ئارارا تېغىدا ئىزدەش ئېلىپ بېرىپ سۈنئى ھە مراھ ئارقىلىق ئورنىنى رەسىمگە ئالغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. ئەمما «national geographic» ژۇرنىلى ئۇلار تارتقان سۈرەتنىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىنىڭ سۈرىتى ئەمەسلىكىنى جاكارلايدۇ. 2004 _ يىلى 17 _ ئىيول كۈنى مەخسۇس گۇرۇپپا ئۆزلىرىنىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىنىڭ سۈرىتىنى ئارارت تېغىدىن تارتقانلىقىنى ئېلان قىلغاندا، ئامېرىكىلىق ئاكادېمىكلەر بۇ سۈرەتلەرنى ھەقىقىي ئەمەسلىكىنى جاكارلىغان.

1829 _ يىلى دورپات ئۇنىۋېرسىتېتى University of Dorpat نىڭ پەلسەپە ئۇستازى فرىدرىك پارۇت Freidrich Parrott ئارارات تېغىغا يامىشىپ چىقىپ كېمىنىڭ ئورنىنى ئىزدىگەن بولسىمۇ ھېچ نەرسە تاپالمىغان ۋە «بەلكى مۇزلارنىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن»دېگەن قانائەتكە كەلگەن. 1876 _ يىلى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدىن جېمس برايس James Bryce دېگەن كىشى ئارارات تېغىدا ئىزدەش ئېلىپ بېرىپ بىر پارچە ياغاچ پارچىسىنى تاپقان ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ ياغاچنىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىنىڭ پارچىسى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ ھېچكىم قايىل بولمىغان. 20 _ ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىدا مەشھۇر ھاۋا بوشلۇغى ئۇچقۇچىسى جېمس ئىرۋىن James Irwin ئارارات تېغىدا ئىزدەش ئېلىپ بېرىپ ھېچ نەرسە تاپالمىغان.

**خۇلاسە كالام:**

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىنى ئىزدىگەن ئالىملار ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ ھەممىسى تەۋرات ۋە ئىنجىللارغىلا ئاسلىنىپ قۇرئان كەرىمنىڭ خەۋىرىگىمۇ نەزەر سېلىپ قويمىغان. تەۋرات ئىنجىللاردا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى توختىغان جايىنى «ئارارات»تېغى دەپ قەيت قىلىنغان. ئەمما قۇرئان كەرىمدە كېمىنىڭ «جۇدى تېغى»دا توختىغانلىقى سۆزلىنىدۇ. بۇ ئىككى تاغ تۈركىيەدە بولۇپ، ئىككىسىنىڭ ئارىلىق 200 مىل كېلىدۇ. تەتقىق قىلغۇچىلار قۇرئان كەرىمگە ئىشەنمەيدىغان خەلقلەردىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار قۇرئان كەرىم سۆزلىگەن ھەقىقەتلەرگە نەزەرلىرىنى ئاغدۇرۇپ باقمىغان.

ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە تەتقىقاتچىلار دىنىي ئىختىلاپنى قايرىپ قويۇپ قۇرئان كەرىمدە قەيت قىلىنغان جايىنىمۇ ئىزدەپ كۆرسە بەلكى ئىزدىنىشلىرىدە نەتىجە قازىنالىشى مۇمكىن.

## قەلبنى ئىسلاھ قىلىش

قەلبنىڭ ساغلاملىقى ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر قانداق بىر مەنىۋى كېسەللىك ۋە بارچە يېتەرسىزلىكلەردىن ساق بولۇشى ئىنسانلىقنىڭ، جۈملىدىن مۇسۇلمانلىقنىڭ تەلەپلىرىدىن بىرىدۇر.

خۇددى تۆمۈر داتلانغاندەك قەلبمۇ داتلىشىدۇ، خۇددى بۇزۇلغان گۆشنى مىكروب قاپلىغاندەك بۇزۇلغان قەلبنىمۇ مىكروبلار قاپلايدۇ.

ئىنساننىڭ قەلبى تۈزۈلسە، ئۇنىڭ باشقا ئورگانلىرىنىڭ ئىشلىرىمۇ تۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭ قەلبۇ بۇزۇلسا، ئۇنىڭ بارچە ئىشلىرىمۇ بۇزۇلىدۇ. قەلب قوماندان، باشقا ئورگانلار ئەسكەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ«ئۇنۇتماڭلاركى، تەندە بىر پارچە گۆش بار بولۇپ، ئۇ تۈزۈلسە، جىمى بەدەن تۈزۈلىدۇ، ناۋادا ئۇ بۇزۇلسا، جىمى بەدەن بۇزۇلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ قەلبتۇر»دېگەن ھەدىسى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىماننىڭ تاكامۇللىقىمۇ قەلبنىڭ ساغلام بولۇشىغا باغلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: «بەندىنىڭ قەلبى تۈزەلمىگىچە ئۇنىڭ ئىمانى تولۇقلانمايدۇ، ئۇنىڭ تىلى تۈزەلمىگىچە ئۇنىڭ قەلبى تۈزەلمەيدۇ»دەپ كۆرسەتكەن.

قىيامەت كۈنىدە ئەسقاتىدىغىنىمۇ ساغلام قەلبتۇر. ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھسسالامنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان ئايەتلەردە«ساغلام قەلب» ئىككى ئورۇندا زىكىر قىلىنغان ۋە ئىبراھىم ئەلەيھسسالامنىڭ خۇددى جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى بولغىنىدەك، ساغلام قەلب بابىدىمۇ ئىنسانىيەتكە پېشىۋا ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىنغان.

قەلبنىڭ ساغلام بولۇشى دىن ئۇنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىگە زىت كېلىدىغان ئېتىقاد، پىكىر ۋە ئېقىملاردىن خالىي بولغىنىدەك، كىشىلەرگە قارشى دۈشمەنلىك، كۆرەلمەسلىك، ئۆچمەنلىك، كۆڭلى تارلىق قاتارلىق مەنىۋى كېسەللىكلەردىن خالىي بولۇشى ۋە ھەر كىمگە كۆڭلى _ كۆكسى كەڭ، ئەپۇچان، مەرد، كۆيۈمچان بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

قەلبنى ئىسلاھ قىلىش ئىشى ھەر قانداق بىر ئورگاننى ئىسلاھ قىلىشتىن قىيىن ۋە مۇشەققەتلىك بولغان بىر كۈرەشتۇر. چۈنكى قەلبنى ئىسلاھ قىلىش نەپسنىڭ ئىسيانكارلىقىغا قارشى قاتتىق كۈرەش قىلىپ، ئۇنى يېڭىش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش. شۇڭا نەپسنىڭ شۆھرەتكە، مال _ دۇنياغا ۋە ھەر قانداق بىر ئىنسانىي ھەۋەسكە بولغان ھېرىسمەنلىكىنى يېڭەلمىگەنلەر نەپسنى ئىسلاھ قىلىش جېڭىدە يېڭىلگەن بولىدۇ. نەپسنىڭ ئىسيانكارلىقىنى يېڭەلمىگەن ئادەم قەلبىنىمۇ ئىسلاھ قىلالمايدۇ.

### قەلب ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرى چۈشىدىغان جاي

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ تەققى تۇرۇقۇڭلارغا ياكى مال _ دۇنيايىڭلارغاس قارىمايدۇ. بەلكى سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ۋە ئەمەلىڭلارغا قارايدۇ» دېگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قەلب ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرى چۈشىدىغان جاي.

يۈزنى سوۋۇنلاپ پاكىز يۇيۇپ، كىيىمنىڭ ئەڭ ئېسىلىنى كىيىپ، ئۆزىگە خۇشپۇراقلارنى چېچىپ تاشقى قىياپەتنى كىشىلەرگە چىرايلىق ۋە پاكىز قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن كۆپ چىقىم ياكى كۆپ تىرىشچانلىق كەتمەيدۇ. ئەمما قەلبتىكى ئۆچمەنلىك، كۆرەلمەسلىك، دۈشمەنلىك، ئىچى تارلىق قاتارلىق ئىللەتلەرنى تەۋبە _ ئىستىغفارنىڭ سۈيى بىلەن يۇيۇپ، نەپسنىڭ ئىسيانكارلىقىنى يېڭىپ، ئۇنى ئاللاھ تائالاغا پاك پاكىز قىلىپ كۆرسىتىش ئوڭاي ئىش ئەمەس.

ئىچكى دۇنياسىنى تۈزەپ، ئۇنى ئىسلام ئەخلاقىي بىلەن پارلىتىشقا ھېچ ئەھمىيەت بەرمەستىن، پەقەت تاشقى كۆرۈنۈشىگىلا ئەھمىيەت بېرىدىغان، كىيىنىش، گەپ _ سۆز ۋە يۈرۈش _ تۇرۇش قاتارلىق ئىشلىرىدا بىرەر ئەيىب _ نۇقسان كۆرۈلۈپ قېلىشىدىن ياكى بىرەر يولسىزلىقى سەۋەبلىك ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا رەسۋا بولۇپ قېلىشتىن قاتتىق ھەزەر قىلىپ، ئۆزىنىڭ تاشقى ئەيىبلىرىنى يوشۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ياكى قىسقا بىر تەبىر بىلەن ئېيتقاندا، ئاللاھ تائالا ئەڭ ئاۋۋال قارايدىغان جاينى چىرايلىق كۆرسىتىشكە ئەھمىيەت بەرمەستىن، ئىنسانلار قارايدىغان جايلارنى چىرايلىق، پارقىراق قىلىپ كۆرسىتىشكىلا ئەھمىيەت بېرىدىغانلار رىياكارلادۇر.

زامانىمىزدىكى مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالا نەزەر سېلىپ تۇرىدىغان قەلبنى ئۇنىڭغا چىرايلىق ۋە پاكىز كۆرسىتىشكە، ئىنسانلار قارايدىغان تاشقى ئەزالىرىنى چىرايلىق، ئېسىل ۋە كۆركەم كۆرسىتىشكە ئەھمىيەت بەرگەنچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغان بولسا ئىدى، ئەھۋال باشقىچە بولغان بولار ئىدى.

### قەلب ئەڭ ئۆزگىرىشچان ئوگاندۇر

مىقداد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئادەم بالىسىنىڭ قەلبى خۇددى قايناۋاتقان قازاندىنمۇ بەك ئۆزگىرىشچاندۇر» دېگەن. بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمىشە «ئى دىللارنى بۇراپ تۇرغۇچى ئاللاھ! مېنىڭ دىلىمنى دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن»[1] دەپ دۇئا قىلىشىدىكى ھېكمەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. قەلب سۆزى ئەرەب تىلىدا «ئۆزگىرىش» دېگەن سۆز يىلتىزىدىن چىققان بولۇپ، لۇغەت ئېتىبارى بىلەن ئۆرۈپ چۆرۈگەننى ئىپادىلەيدۇ.

قەلبنى ئىسلاھ قىلىش دېگەن خۇددى ئۆينى سۈپۈرگەندەك كۆڭۈلدىكى يامانلىقلارنى، ئۆچلۈك _ ئاداۋەتلەرنى ۋە بارچە يامان ئىللەتلەرنى بىر قېتىمدىلا سۈپۈرۈپ تاشلاپ قۇتۇلىدىغان ئوڭاي ئىش ئەمەس. بەلكى ئاللاھ تائالادىن ياردەم سوراش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نەپسىنىڭ ئىسيانكارلىقى ۋە شەيتاننىڭ كۈشكۈرتىشىنى باستۇرۇپ، قەلبنى ھەمىشە ئۆز كونترولىدا تۇتۇپ، سەگەك، ھوشيار بولۇش، سىرتتىن كىرىدىغان مەنىۋى مىكروب تۇمانلىرىدىن قەلبنى قوغداش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

### قەلبتە بولىدىغان زىددىيەتلەر

ئىنسان قەلبى ھەر خىل زىددىيەتلىك سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇپ، بەزىلەرنىڭ قەلبى يۇمشاق كەلسە، بەزىلەرنىڭ تاشتەك قاتتىق كېلىدۇ، بەزىلەرنىڭ سۈتتەك ئاپئاق كەلسە، بەزىلەرنىڭ قاپقارا كېلىدۇ. قەلبنىڭ يۇمشاقلىقى ئەسىرى بولغىنىدەك، ئۇنىڭ قاتتىقلىقى كۈپرىنىڭ ئەسىرىدۇر. شۇنىڭدەك، قەلبنىڭ ئاقلىقى ياخشى ئەمەلنىڭ ئىزى بولغىنىدەك، ئۇنىڭ قارىلىقى گۇناھ _ مەسىيەتنىڭ ئىزىدۇر. شۇڭا گۇناھ _ مەسىيەتلەرنى ئىككىلەنمەستىن قىلىدىغان ئادەملەرنى كىشىلەر «قەلبى قارا ئادەم» دەيدۇ. گۇناھ _ مەسىيەنىڭ قەلبنى قارايتىۋېتىدىغانلىقى ۋە ياخشى ئەمەللەرنىڭ قەلبنى يورۇتىدىغانلىقى ھەققىدە كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەر بۇنى كۈچلەندۈرىدۇ.

بىراۋنىڭ قەلبىدىكى زىددىيەتلەر ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىنى ياكى دوزاخقا كىرىشىنى بەلگىلەيدۇ. بىر مۇئمىن ئايالنىڭ بىر مۈشۈكنى نان، سۇ بەرمەي باغلاپ قويغانلىقى سەۋەبلىك دوزىخى بولۇپ كەتكەنلىكى ۋە يەنە بىر بۇزۇق ئايالنىڭ ئۇسسۇزلىقتىن ھالسىراپ قالغان بىر ئىتقا ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنى سۇ غۇرۇپ قويغانلىقى سەۋەبلىك جەننەتى بولۇپ كەتكەنلىكى بۇنىڭ مىسالى. چۈنكى قەلبنىڭ قاتتىقلىقى ئۇنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن، قەلبنىڭ يۇمشاقلىقى ئۇنىڭ ساغلاملىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

### قەلبنىڭ ساغلاملىقى جەننەتنىڭ كاپالىتىدۇر

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلغان: «بىز بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق. ئۇ"ھازىر سىلەرگە جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىر ئادەم كېلىدۇ"دېدى . راستتىنلا ئەنسارلاردىن بىر ئادەم كەلدى. ئۇ تاھارەت ئېلىپلا كەلگەنلىكىدىن ئۇنىڭ ساقىلىدىن سۇ تامچىلاپ تۇراتتى. ئەتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە شۇنداق دېدى ، يەنە شۇ ئادەم شۇ ھالىتىدە ھازىر بولدى، ئۈچىنچى كۈنىمۇ شۇنداق بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆھبەتتىن تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر ھېلىقى ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى ۋە ئۇنىڭغا "دادام بىلەن قېيىدىشىپ قېلىپ، ئۈچ كۈنگىچە ئۇنىڭ يېنىغا كىرمەسلىككە قەسەم قىلغان ئىدىم. شۇڭا سەن مېنى ئۈچ كۈن قوندۇرغان بولساڭ"دەپ ئۆتۈندى، ئادەممۇ قوبۇل قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار كەتتى. كېيىن ئابدۇللانىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ ھېلىقى ئادەم بىلەن ئۈچ كۈن بىللە تۇرۇش جەريانىدا، ئۇنىڭدا سەھەر ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ بامدات ۋاقتىغىچە ئاللاھ تائالاغا زىكىر ۋە تەكبىر ئېيتىشتىن باشقا ھېچقانداق ئارتۇقچىلىق كۆرمىگەن، پەقەت ئۇنىڭ ھەمىشە ياخشى سۆز قىلىدىغانلىقىدىن تەسىرلەنگەن. ئابدۇللا مۇنداق ھېكايە قىلىپ بەرگەن«ئۈچ كۈن توشقاندىن كېيىن، مەن ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرىنى ئادديي ساناپ قالدىم ۋە ئۇ ئادەمگە" ئەي ئاللاھنىڭ بەندىسى! مەن راستىمنى ئېيتسام مەن دادام بىلەن قېيىدىشىپ قالغان ئەمەسمەن. پەقەت رەسۇلۇللاھتىن سېنىڭ جەننەت ئەھلىدىن ئىكەنلىكىڭنى ئارقا _ ئارقا ئۈچ كۈن ئاڭلاپ ساڭا قىزىقىپ قالغانتىم. شۇڭا سېنىڭ ئەمەللىرىڭنى ئۆگىنىپ ساڭا ئەگىشەي دېگەن مەقسەتتە سېنىڭ ئۆيۈڭگە كەلگەنتىم. ئەمما قارىسام چوڭ بىر ئىشلارنى قىلغىنىڭنىمۇ كۆرمىدىم. سېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھلى جەننەتتى دېيىشىگە سازاۋەر قىلغان ئىشىڭ زادى قايسى؟"دەپ سورىدىم. ئادەم"مېنىڭ ئەمەللىرىم پەقەت سەن ئۈچ كۈندىن بېرى كۆرگىنىڭ شۇ، دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ يېنىدىن قايتىۋاتاتتىم. ئۇ مېنى چاقىردى ۋە مۇنداق دېدى " مېنىڭ قىلىدىغان ئەمەللىرىم سەن كۆرگەنلىرىڭنىڭ ئۆزى. باشقىسى يوق. پەقەت مەن مۇسۇلمانلاردىن ھېچكىمگە يامانلىق سېغىنمايمەن، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ياخشىلىقلىرىغا كۆز قىزارتمايمەن". شۇ ۋاقىت مەن ئۇنىڭغا"ھە، ئەمدى بىلدىم. سېنى بۇ دەرىجىگە يەتكۈزگەن ۋە بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدىغان ئىش بۇ ئىكەندە"دېدىم»[2].

---

[1] ئىمام ئەھمەد، ھاكىم رىۋايىتى.

[2] ئىمام ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىس.

# كىتاب ئوقۇشنىڭ ھاياتىمىزدىكى ئەھمىيىتى

## كىتاب ئوقۇشتىن مەقسەت نېمە؟

كىشىلەرنىڭ كىتاب ئوقۇشتىن بولغان مەقسەت _ غايىلىرى بىر خىل بولمايدۇ. قىسقىسى، ھەر كىم ھەر مەقسەت بىلەن كىتاب ئوقۇيدۇ. ئەمما كىتاب ئوقۇشنىڭ ئاساسلىق غايىلىرىنى سانىغاندا تۆۋەندىكىدەك چىقىدۇ:

1. ئىبادەت مەقسىتى بىلەن ئوقۇش. بۇ قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ۋە دىنىي كىتابلارنى ئوقۇشقا ئوخشاش. بۇ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئوقۇشنىڭ ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئەڭ پايدىلىق تۈرى ھېسابلىنىدۇ.

2. مۇئەللىمنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئوقۇش. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇئەللىملىرى تەۋسىيە قىلغان ۋە دەرسلىكلىرىگە مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى ئوقۇغىنىغا ئوخشاش.

3. خىزمەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتى بىلەن ئوقۇش. بۇ ئىشچى _ خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ تەخەسسۇسى ۋە خىزمەت ئېھتىياجىغا مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى ئوقۇغىنىغا ئوخشاش.

4. بىلىم سەۋىيەسىنى ئاشۇرۇش مەقسىتى بىلەن ئوقۇش. بۇ ھەر كىم ئۆزىنىڭ مەلۇمات دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە تالانتىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن خالىغان كىتابلارنى ئوقۇغانغا ئوخشاش.

5. مەلۇماتلىق بولۇش مەقسىتى بىلەن ئوقۇش. بۇ دۇنيادا بولۇۋاتقان ئىشلاردىن، ئۆتمۈشلەردىن ۋە يېڭىلىقلاردىن مەلۇماتلىق بولۇش ئۈچۈن كىتاب ۋە گېزىت _ ژۇرنال ئوقۇغانغا ئوخشاش.

## كىتاب ئوقۇشنىڭ ھاياتتىكى ئەھمىيىتى

كىتاب ئوقۇش روھنىڭ غىزاسى، ئەقىلنىڭ ئاچقۇچى، مەرىپەتنىڭ كېپىلىدۇر. ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ شەرىپى ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى ۋەھىينىڭ «ئوقۇ»دېگەن بۇيرۇق رايى بىلەن باشلانغانلىقى يېتەرلىكتۇر.

دانالار دەيدۇكى، كىتاب _ مۇۋەپپەقىيەت ئاچقۇچى، تەرەققىيات كۆۋرۈكى، قاراڭغۇ دىلنى يورۇتقۇچى مەشئەل. كىتاب _ بىلىم خەزىنىسى ۋە تۈگىمەس بايلىق، مەنىۋى كۈچ، روھىي ئوزۇق ۋە قاناتتۇر. سەرخىل كىتاب ئادەمنىڭ ئەقىل _ پاراسىتىنى نۇرلاندۇرىدۇ، مەنىۋىيىتىنى بېيىتىدۇ، ئادىمىلىك ساپاسىنى ئۆستۈرىدۇ، كىشىگە خۇشاللىق بېغىشلايدۇ.

كىتاب ئوقۇش _ بىلىم ئۆگىنىش، بىلىمنى تولۇقلاش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتۇر. ئادەم كىتاب ئوقۇپ دۇنيانى، تەبىئەت سىرلىرىنى، قايناق ۋە مۇرەككەپ تۇرمۇش پەلسەپىسىنى، پىكىر قىلىش يولىنى، چىنلىق بىلەن ساختىلىق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن سەتلىكنىڭ پەرقىنى ئايرىيدۇ. كىتاب ئوقۇپ پەن _ تېخنىكا ئىگىلەپ، خىزمەت، ئىشلەپچىقىرىش، تېخنىكا سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا يېتىشىش، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش ئاساسىنى تۇرغۇزالايدۇ .كىتاب ئوقۇپ بىلىمنى مۇستەھكەملىگەن ۋە كۈچەيتكەنلەر ھايات يولىدا كۆڭۈلدىن _ كۆڭۈلگە كۆكلىيەلەيدۇ. بۈگۈنكى مەدەنىيەت ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەۋلادلارغا قالدۇرغان بىلىم ۋە تەجرىبىلىرىنىڭ جەۋھىرى. ئۇنى ئىگىلەش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇش كېرەك. كىتاب كىشى قەلبىنى ئەينەن كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەك، كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق روھىمىز كۆتۈرۈلۈپ، ياشاش ئىرادىمىز كۈچىيىدۇ. چۈشكۈنلەشكەندە، ئىچىمىز پۇشقاندا، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا كىتاب ئوقۇساق قەلبىمىز ئۈمىد، ئىشەنچكە تولىدۇ. غەيرىتىمىز ئاشىدۇ.

كىتاب ئوقۇش ياكى ئوقۇماسلىق مىللەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ساپاسىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. دائىم كىتاب ئوقۇپ تۇرىدىغانلار بىلەن كىتاب ئوقۇمايدىغانلار ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن مەنىۋى ساپا پەرقى بولىدۇ. كىتاب ئوقۇغانلارنىڭ ئەقىل بۇلىقى ئېچىلىدۇ. كىتاب ئوقۇمايدىغانلارنىڭ تەپەككۇرى قاتمال، پىكرى تېيىز، چېچىلاڭغۇ، تۇراقسىز بولىدۇ. ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى بايقىيالمايدۇ. كىتاب ئوقۇش _ ئوقۇماسلىق ئادەمنىڭ پسىخىك قۇرۇلمىسىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى يۇقىرى ئادەمدە ئىلغار پسىخىك ئامىللار كۆپ بولىدۇ. كىتاب ئوقۇمايدىغانلار كۆپ نىسبەتنى ئىگىلەيدىغان مىللەتنىڭ پسىخىك قۇرۇلمىسىدا ناچار ئامىللار _ نادانلىق، قالاقلىق، خۇراپاتلىق، بېكىنمىچىلىك، قاششاقلىق، دوراmچىلىق، شۆھرەتپەرەسلىك ئېغىر بولىدۇ

## كىتاب ئوقۇشنىڭ پايدىلىرى

كىتاب ئوقۇشنىڭ پايدىلىرىنى ساناپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. ئىسلام ئۆلىمالىرى كىتاب ئوقۇشنىڭ پايدىلىرى، ھاياتتىكى ئەھمىيىتىنى ۋە رولىنى بايان قىلىپ تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتقان:

1. كىتاب ئوقۇش ئىنسانىي ۋە ئىسلامىي مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسلىق تىرەكلىرىدىن بىرى.

2. كىتاب ئوقۇش قەدىمدىن ھازىرغا قەدەر ئىنسانلارنى ھەر خىل ئىلىم _ مەرىپەتلەر بىلەن باغلاپ كەلگەن مۇھىم تۈگۈندۇر.

3. مەلۇمات ھاسىل قىلىشنىڭ يوللىرى شۇنچىلىك كۆپىيىپ كەتكەن مۇشۇ زامانىۋى ئەسىردىمۇ كىتاب ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولى

ئالدىنقى ئورۇندا تۇرماقتا.

4. كىتاب ئوقۇش ھەر قانداق بىر ئىلىم _ مەرىپەتنى ياكى قانداقلا بىر مەلۇمات بىۋاسىتە ھاسىل قىلىشنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك يولىدۇر.

5. كىتاب ئوقۇش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر _ مەرۇپ، ۋەز _ نەسىھەت قىلىشتىن ئىبارەت بەرزىنى بىلىپ ئورۇنداشنىڭ بىردىنبىر يولىدۇر.

6. كىتاب ئوقۇش ئەقىلنى ئاشۇرىدىغان، كۆڭۈلنى كۆتۈرىدىغان ۋە روھنى جانلاندۇرىدىغان خىسلەتتۇر.

7. كىتاب ئوقۇش ئۆتمۈشتىكى مىللەتلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى بىلىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىشنىڭ يولىدۇر.

8. كىتاب ئوقۇش تارىخنى ئۆگىنىشنىڭ ۋە ئۆزىنى تونۇشنىڭ بىردىنبىر يولىدۇر.

9. كىتاب ئوقۇش ئىلىم _ مەرىپەت سورۇنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش روھىنى ئويغىتىپ، ئىنساننىڭ ئىلمىي مۇنازىرە قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ.

10. كىتاب ئوقۇش ۋاقىتنى ئەڭ ھۇزۇر _ ھالاۋەتلىك ۋە ئەڭ مەنپەئەتلىك رەۋىشتە ئۆتكۈزۈشنىڭ يولىدۇر. شۇڭا ئەڭ سەمىمىي دوست _ كىتابتۇر، دېيىلىدۇ.

**قانداق قىلغاندا ئۆزىڭىزنى كىتاب ئوقۇشقا كۆندۈرەلەيسىز؟**

ئۆلىمالار تۆۋەندە بەزى نەسىھەتلەرنى تەقدىم قىلغان:

1. ئىنسان بىلمىگەن نەرسىسىنىڭ دۈشمىنىدۇر. شۇڭا ئىنسان ئاۋۋال كىتاب ئوقۇشنىڭ پايدىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلىشى لازىم. چۈنكى كىتاب ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمىگەن ئادەم ئۈچۈن كىتاب ئوقۇش بىر ئېغىر يۈكتۇر.

2. كىتاب ئوقۇشنى دەسلەپ باشلىغاندا بەزى كىشىلەر ئۈچۈن زېرىكىش ۋە مالاللىق پەيدا بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇنى كىتاب ئوقۇشقا بولغان قىزغىنلىق بىلەن يەڭگىلى بولىدۇ.

3. بەزى كىشىلەر كىتابنى ئاستا ئوقۇشى سەۋەبلىك مالاللىق ھېس قىلىشى مۇمكىن، ئەمما ئوقۇشقا ئادەت قىلغانسېرى تېز ئوقۇشقا تەرەققىي قىلغىلى بولىدۇ.

4. ئابباس ئاققاد «ياخشى بىر كىتابنى ئۈچ قېتىم ئوقۇپ چىقىش ياخشى ئۈچ كىتاب ئوقۇشتىن ئەۋزەل» دېگەن ئىكەن.

5. ئوقۇغانغا ئەمەل قىلىشنى بىرگە ئېلىپ بېرىش ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش قاتارلىق كېيىنكى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە يول ئاچىدۇ.

6. ئىش ئورنىدا، ئۆيدە، سەپەرلەردە ۋە ھەر قانداق جايدا كىتابنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىش ياخشى ئادەتتۇر. بۇ ئارقىلىق ئىنسان ئازراق بولسىمۇ بوش ۋاقىتلىرىنى كىتاب ئوقۇشقا ئاتاشقا ئادەتلىنىدۇ.

7. كۈندە ئىنتايىن ئاز بولسىمۇ كىتاب ئوقۇشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلىش كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلىنىش ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىقتۇر.

8. ئىنساننىڭ ئاشقازىنى كۈندىلىك يېمەك _ ئىچمەككە ئېھتىياجلىق بولغىنىدەك، ئۇنىڭ روھىمۇ كىتاب ئوقۇشقا ۋە ئازراق بولسىمۇ يېڭىلىق ھاسىل قىلىشقا ئېھتىياجلىقتۇر. بۇ ئىككى ئېھتىياجنىڭ ئەھمىيەت جەھەتتىن بىر _ بىرىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى بىلىش كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلىنىش ئۈچۈن ياردەمچى بولىدۇ.

9. كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلىنىش يولىدا كېتىپ بارغانلار ئاۋۋال كىچىك ھەجىملىك كىتابلارنى ئوقۇشتىن باشلىشى ياخشى. چۈنكى كىتاب ئوقۇش يولىغا يېڭى كىرگەن ئادەمنىڭ دەسلەپ چوڭ كىتابتىن باشلىۋېلىشى مالاللىققا ۋە زېرىكىشكە سەۋەب بولىدۇ.

10. كىتاب ئوقۇيدىغانلار بىلەن كۆپ ئارىلىشىش ۋە ئوقۇغان كىتابلار ھەققىدە بەس _ مۇنازىرە قىلىشىش ۋە باشقىلارنىڭ كىتاب ئوقۇش روھىدىن ئۆگىنىش.

**كىتابنى نېمە ئۈچۈن ئوقۇيمىز؟**

1. ئوقۇيمىز، چۈنكى ئوقۇش كۆڭۈلنى كۆتۈرىدۇ ۋە ئەقىلنى غىزالاندۇرىدۇ.

2. ئوقۇيمىز، چۈنكى ئوقۇش ئارقىلىق زامان ۋە ماكان پەرقىنى يوق قىلىپ، ئۆتمۈشتىكى ۋە ھازىرقى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى بىلەن بىللە ياشىغاندەك بولىمىز ۋە شۇلارنىڭ ئۆمرىچە ھايات كۆرگەندەك بولىمىز.

3. ئوقۇيمىز، چۈنكى ئوقۇش ئارقىلىق تەجرىبە ئىگىلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن، دانالارنىڭ ئەقلىيات سۆزلىرىدىن پايدىلىنىمىز.

4. ئوقۇيمىز، چۈنكى ئوقۇش ئىنساننىڭ ئەقلىي ساياھىتى بولۇپ، يازغۇچى ئۇنى ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنىڭ، تاغلار بىلەن باغلارنىڭ ئارىسىدا ساياھەت قىلدۇرىدۇ ۋە ئۇنى تار ئۆيۈقتىن كەڭرى كەتكەن، چېگراسىز دۇنياغا باشلاپ ئاپىرىدۇ.

5. ئوقۇيمىز، چۈنكى ئوقۇش زامان ۋە ماكان چەكلىمىسىنى تونۇمايدۇ، جۇغراپىيەنى بىلمەيدۇ، ئىجتىمائىي تەبىقىچىلىكنى ۋە ئايرىمچىلىقلارنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. شۇڭا كىتاب ئوقۇغان ئادەم ھەممە ئەسىردە ۋە ھەممە دۆلەتتە ياشىغاندەك بولىدۇ.

6. ئوقۇيمىز، چۈنكى كىتاب بىزنى ئەڭ ئېگىز تاغلارغا چىقىرىپ، ئاندىن ئەڭ چوڭقۇر جايلارغا، ياپيېشىل بوستانلىقلارغا ئاپىرىپ، ئاندىن دەشتى چۆللەرگە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق بىزنى يەر شارىنىڭ ھەممە جايلىرىنى كەزدۈرىدۇ.

7. ئوقۇيمىز، چۈنكى ئوقۇش ئارقىلىق بىز ئاپتورلار بىلەن ئۆزئارا ساداقەت قۇرالايمىز ۋە ئۇلارنىڭ دۇنياسىدا ياشىيالايمىز. چۈنكى ھەر قانداق ئاپتور بىرەر نەرسە يازغاندا، ئۆزىدىكى ئەڭ ئېسىل گۆھەرلەرنى ۋە دۇردانىلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئۇلاردىكى ئەڭ ئېسىل، ئەڭ قىممەتلىك شەيئىلەرنى ئالغان بولىمىز.

8.ئوقۇيمىز، چۈنكى ئوقۇش ئارقىلىق كائىناتتىكى ئاجايىباتلاردىن خەۋەردار بولىمىز ۋە بىز ئاڭلاپ باقمىغان، كۆرۈپ باقمىغان نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك بىلىملەرنى ۋە بەزى ھەقىقەتلەرنى بىلىۋالىمىز.

9. ئوقۇيمىز، چۈنكى ئىنساندىن باشقا جانلىقلار ئوقۇمايدۇ. شۇڭا بىز بۇ ئوقۇش ئارقىلىق ئىنسان بولۇپ يارىتىلغانلىق قەدىر _ قىممىتىمىزنى تونۇيمىز.

10. ئوقۇيمىز، چۈنكى بىز «ئوقۇ» ئۈممىتىمىز، يەنى ئالدى بىلەن ئوقۇشقا ئەمر قىلىنغان پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتىمىز. شۇڭا بىز ئوقۇش ئارقىلىقلا ئۆزىمىزنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىق شەرىپىمىزنى ۋە ھاياتلىقتىكى ۋەزىپىمىزنى تونۇيمىز.

**كىتاب ئوقۇش ھەققىدە ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى**

سەئۇدى ئەرەبىستانلىق مۇتەپەككۇر ئالىم ئايىز ئەل قەرنى كىتاپ ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «ئەقىل ئوقۇشتىن توختاپ قالغىنىدا، ئۇنىڭ ئۆسۈشىمۇ توختايدۇ. قانچىلىك كۆپ ئوقۇسىڭىز ئەقلىڭىز شۇنچىلىك ئاشىدۇ. دۇنيادا شۇنداق ئىنسانلار باركى، يىللارنىڭ ئۆتۈشى، يېشىنىڭ چوڭىيىشى بىلەنمۇ ئۇلارنىڭ ئەقلى بىر خىل تۇرىدۇ، ئاشمايدۇ، ئۆسمەيدۇ. ئۇلار بىر قانچە يىلدىن كېيىنمۇ شۇ پېتى تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئوقۇشتىن توختاش بىلەن ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش، مۇلاھىزە قىلىش ۋە چۈشىنىش قابىلىيىتى تاقىلىپ قالغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئەقلىمۇ بىر ئىزدا توختاپ قالغان. مۇنداقلاردىن بىرى 40 يىلدىن بېرى بىلىدىغان بىرەر كۇپلېت شېئىر ياكى بىرەر ھېكمەتلىك سۆزنى تەكرارلاپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ شۇنىڭدىن باشقا دەسمايىسى يوق.

ئوقۇش _ مەرىپەتتۇر. مەرىپەت ھاياتلىقنى ئايدىڭلىتىدىغان چىراقتۇر».

سەئۇدى ئەرەبىستانلىق ئىسلام مۇتەپەككۇرى سەلمان ئەۋدە مۇنداق دەيدۇ: «كىتاب ئوقۇش باشقىلارنىڭ ئەقلىدە ئېلىپ بېرىلغان ئەڭ كۆڭۈللۈك ۋە جاپاسىز بىر ساياھەتتۇر».

مىسىرلىق مەشھۇر شائىر ئەھمەد شەۋقىي بىر بېيىتىدە مۇنداق دېگەن:

أنا من بدل بالكتب الصحابا

لم أجد لي وافياً إلا كتابا

تەرجىمىسى:

كىتاپقا تېگىشكەن ئادەممەن دوستلارنى،

چۈنكى مەن كۆرمىدىم ئۆزگە بىر ۋاپادارنى.

**كىتاب ئوقۇش ھەققىدە پەيلاسوپلارنىڭ ئېيتقانلىرى**

فرانسىيىلىك پەيلاسوپ فرانسىس بىكۇن(Francis Bacon1626 _ 1561) مۇنداق دەپ يازغان ئىكەن: «كىتاب كىشىگە خوشاللىق، ساپا ۋە ئىقتىدار ئاتا قىلىدۇ. كىتاب ئوقۇشنىڭ لەززىتىنى يالغۇز قالغاندا، كىتاب ئوقۇش داۋامىدا يېتىلگەن ساپانى پاراڭ قىلغاندا، كىتاب ئوقۇشتىن كېلىدىغان ئىقتىدارنى بىر ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندا ئەڭ ئاسان كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. بىلىمسىز، ئەمما تەجرىبىلىك كىشىلەر بەزى ئىشلارنىڭ ئىنچىكە ھالقىلىرىغا توغرا ھۆكۈم قىلالىشى ياكى بىر ئىشلارنى توغرا بىر تەرەپ قىلالىشى مۇمكىن. ئەمما ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىش، ئومۇمىي جەھەتتىن قوماندانلىق قىلىش سىستېمىلىق تەربىيە كۆرگەن ئادەمنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. كىتاب ئوقۇش ئادەمنى بىلىملىك قىلىدۇ، مۇنازىرە ئادەمنى چېچەن قىلسا، يېزىقچىلىق ئادەمگە ئەستايىدىللىقنى ئۆگىتىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم يېزىقچىلىقنى ياقتۇرمىسا، ئۇنداقتا ئۇ ناھايىتى كۈچەپ ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. ئەگەر بىر ئادەم كەمدىن _ كەم مۇنازىرىگە قاتناشسا، ئۇ پىكىر تۇرغۇنلىقىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئەگەر بىر ئادەم كىتابنى ئاز ئوقۇسا، ھىيلىگەر بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ _ دە، بىلمىگەن نەرسىنى بىلىمەن دەپ تۇرىۋالىدۇ.... تارىخ ئادەمنى چېچەن قىلسا، شېئىر ئادەمنى تەسەۋۋۇرغا باي قىلىدۇ. ماتېماتىكا ئادەمنى توغرىلىققا يېتەكلىسە، پەلسەپە ئادەمنى چوڭقۇر پىكىرگە ئۈندەيدۇ، ئېتىكا ئادەمنى دۇرۇس بولۇشقا ئۈندىسە، لوگىكا ۋە ئىستىلىستىكا ئادەمنى سۆزمەن قىلىدۇ. قىسقىسى، كىتاب ئوقۇش ئادەمنىڭ خاسلىقىنى تاۋلايدۇ ۋە پىسخىكىدىكى ئاجىزلىقلىرىنى

ئوگىشايدۇ».

ماكسىم گوركىي «كىتاب _ بەخت ۋە قۇدرەتلىك ئىستىقبال يولىدا ئادىمزات ياراتقان كەڭ، مۇرەككەپ مۆجىزىلەر ئىچىدىكى ئەڭ بۈيۈك مۆجىزىدۇر» دېگەن.

**كىتاب ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتى توغرۇلۇق دانالار ئېيتقانلىرى**

كىتاب _ ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل _ پاراسەت خەزىنىسىنىڭ ئامبىرى. كىتاب ئارقىلىق ئادەمنى، دۇنيانى، ئۆزىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. بۈگۈنكى دەۋردە بىر مىللەتنىڭ، بىر دۆلەتنىڭ، بىر ئادەمنىڭ كىتابقا تۇتقان پوزىتسىيەسى بىۋاسىتە ھالدا ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. قانچىلىك كىتابقا ئېرىشكەنلىكى، قانداق سۈپەتتىكى كىتابقا ئېرىشكەنلىكى، كىتابقا قانداق پوزىتسىيە تۇتقانلىقى، كىتابتىن قانداق ئوزۇقلانغانلىقى، كىتابنى قانداق نوقتىئىنەزەر بىلەن ئوقۇغانلىقىمۇ ھەم شۇنداق.

كىتاب _ ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ ئەقىل _ پاراستى ۋە تارىخىنىڭ ئەڭ ئىخچام ئامبىرى. شۇنداقلا ئۇ بىر ناھايىتى ئەرزان، شۇنداقلا قولاي، كىچىك بىر مەكتەپ.

**كىتاب ئوقۇغاندا ئاپتورنىڭ ئوي _ پىكرىنى چۈشىنىشكە تىرىشىش**

كىتاب ئوقۇغان ئادەم چوقۇم ئاپتورنىڭ ئوي _ پىكرىنى چۈشىنىشكە ۋە ئۇنىڭ مەقسىتى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىشكە تىرىشىشى لازىم. بولمىسا، ئۇ كىتاب ئوقۇپ ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالماي قالىدۇ. ئەنگلىيىلىك مەشھۇر ئايال يازغۇچى، ئاڭ ئېقىمى پروزىچىلىقىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى ۋىرگىنىيە ۋۇلف(Virginia Woolf 1941 _ 1882) كىتاب ئوقۇش توغرىسىدا مۇنداق دېگەن ئىكەن: «بىر نەرسىنى يېگىدىن ئوقۇشقا كىرىشكەندە ھېسسىياتىڭىز بويىچە ئاپتورنى ئەيىبلەشكە ئالدىرىماڭ، ئەكسىچە ئاپتور بىلەن مۇگىدىشىپ ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى چۈشىنىشكە تىرىشىڭ. بولمىسا، سەلبىي پوزىتسىيىڭىز ۋە سالقىن مۇئامىلىڭىز تۈپەيلى ئوقۇغانلىرىڭىزدىن ھېچقانداق نەپ ئالالمايسىز. لېكىن بۇ دېگەنلىك ئۆزىڭىزگە خاس پىكىر قىلىش ئۇسۇلىڭىزنى كىتابقا يەم قىلىپ بېرىڭ دېگەنلىك ئەمەس».

**كىتابنى ئوقۇشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىش**

«ئۆزلۈك گىرۋەكلىرىدە»ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى زۇلپىقار بارات ئۆزباش مەزكۇر كىتابىدا، كىتاب ئوقۇش ئۇسۇلى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازغان: «ۋېيد كاتلېر(Wade Cutler)«ئوقۇش سۈرئىتىنى ئۈچ ھەسسە ئاشۇرۇش»ناملىق ئەسىرىدە، كىتابلارنى بەتمۇبەت ۋاراقلاپ چىقىشنىڭ تۇرمۇش رېتىمى كۈنسايىن تېزلىشىۋاتقان ۋاقىتتا ناھايىتى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان. بۇ دېگەنلىك قانداقلا بىر كىتابنى رەسمىي ئوقۇشتىن ئاۋۋال ئۇنى بەتمۇبەت ۋاراقلاپ تېمىلارغا، كىچىك ماۋزۇلارغا ئەستايىدىل كۆز يۈگۈرتۈش چەكلىك ۋاقىتتا چىقراق كىتاب ئوقۇش، ئىلمىي تەتقىقاتتا ماتېرىيال ئىزدەش خىيالىدا بولىۋاتقانلار ئۈچۈن تولىمۇ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل. ماۋزۇنىڭ ئادەمنى غىدىقلاش كۈچى بولىدۇ، تېز سۈرئەتتە بەت ۋاراقلاش ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇرنى جانلاندۇرۇپ، كىتابنىڭ ئوقۇماسلىقتا ياكى ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشكە تېگىشلىك يەرلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ».

**بەزى كىتابلارنى قايتا _ قايتا ئوقۇش**

دىنىي ۋە ئىلمىي كىتابلارنى چوقۇم قايتا _ قايتا ئەستايىدىل ئوقۇش زۆرۈردۇر. چۈنكى بۇ خىل كىتابلارنى بىر _ ئىككى قېتىم ئوقۇپ قويۇش بىلەن كۆزلىگەن پايدىنى ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنداق كىتابلاردا شەرىئەت ئەھكاملىرى ياكى ئىلمىي ھەقىقەتلەر سۆزلەنگەنلىكى ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئوقۇپ ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ۋە مېڭىمىزگە سىڭدۈرۈشكە موھتاجمىز. ئانا ۋەتىنىمىزدە قەدىمدە بەزى مەدرىسىلەردە مۇھىم كىتابلارنى تالىبلارغا يادقا ئالدۇرۇپ ئوقۇتۇشقا تۆرتكە بولغان سەۋەب بۇ بولۇشى مۇمكىن.

**چۈشىنىپ ئوقۇش**

دۇنيادا مەنىسىنى چۈشەنمىسىمۇ ئوقۇسا پايدىسى بولىدىغان بىرلا كىتاب بار. ئۇ بولسىمۇ قۇرئان كەرىمدۇر. قۇرئان كەرىم مەنىسىنى چۈشىنىپ ئوقۇپ، ئەمەل قىلىش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن مۇقەددەس كىتاب. ئەمما ئۇنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلمەستىن ئوقۇسىمۇ ئاللاھ تائالا ساۋاب ئاتا قىلىدۇ. بىراق مەنىسىنى چۈشەنمەستىن ئوقۇش بىلەن ئۇنى ئوقۇشتىن بولغان مەقسەت ئەمەلگە ئاشمايدۇ. قۇرئان كەرىمدىن باشقا قانداق ئۇلۇغ كىتاب بولۇپ كەتمىسۇن، ئوقۇغانغا ساۋاب يوق، پەقەت ئەمەل قىلغانغىلا ساۋاب بېرىلىدۇ. تەۋرات، ئىنجىللارنى ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ئوقۇغانغا ساۋاب بېرىش ۋەدە قىلىنمىغان، پەقەت ئەمەل قىلغانغىلا ساۋاب بېرىدىغانلىقىنى ئاللاھ تائالا ۋەدە قىلغان.

كىتابنى چۈشىنىپ ئوقۇمىغاندا، ئۇنى ئوقۇغاندىن نەپ ئالغىلى بولمايدۇ. بۇ خۇددى دىققەت _ ئېتىبارىنى بەرمەستىن بىرەر فىلىمنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمىگەندەكلا بىر ئىش.

**كىتابنى تاللاپ ئوقۇش**

بىز ئۇچۇر ھەر تەرەپتىن بىزنى قورشىۋالغان بىر دەۋردە ياشىۋاتىمىز. رادىئو، تېلېۋىزور، ئېنتېرنېت، ئانتىنا، يانفون قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇچۇر ۋاسىتىلىرى بولۇپ، زامانىمىزدا ئېنتېرنېتنىڭ خىزمىتى ئالاھىدە بولماقتا. ئۆيىمىزدە ئولتۇرۇپ دۇنيانىڭ ھەر قايسى

جايلىرىدىكى كۇتۇپخانىلارنى ئايلىنىپ چىقىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ قالدۇق. ئوقۇيدىغان كىتاب _ ماتېرىياللار ئىنتايىن كۆپ. بىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ چىقىمەن دېيەلمەيمىز، ھەممىسىنى ئوقۇش لازىممۇ ئەمەس. شۇڭا بىز ئوقۇيدىغان كىتابلارنى تاللاپ ئۆزىمىزگە پايدىلىق ۋە كېرەك بولغانلىرىنى ئوقۇشىمىز لازىم.

مۇسۇلمان ئادەم ئۆزى زېرەك ۋە ئىشلىرى رەتلىك ھەم پىلانلىق بولۇشى كېرەك. دىن ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن پايدىلىق بولغان كىتابلارنى ئوقۇش ۋە ئۇلارنى تەشۋىق قىلىش كېرەك. زىيانلىق كىتابلارنى بولۇپمۇ ئىسلام ئەقىدىسىگە، ئىسلامى گۈزەل ئەخلاق _ پەزىلەت ئۆلچىمىگە زىت كېلىدىغان كىتابلارنى ئوقۇماسلىق لازىم.

ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2010 _ يىلى5 _ سانىدا ئېلان قىلغان بىر ماقالىسىدە مۇنداق دەپ يازغان: «كىتابنى تاللاپ ئوقۇش كېرەك. ناۋادا سىز تېخى تۇرمۇش قايىنمىغا ئەمدىلا شۇڭغىغان ياش بولسىڭىز، ئېھتىمال تۇرمۇش ھەم قىزغىن مۇھەببەت ۋەقەلىكلىرى تەسۋىرلەنگەن، ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان كىتاپلارنى ياقتۇرۇشىڭىز مۇمكىن. ناۋادا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ياكى پۈتتۈرگەن ئىستۇدېنت بولسىڭىز مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىتاپلارنى ياقتۇرۇپ كۆرۈشىڭىز ئېنىق.

ئەمدى مېنىڭ سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىڭ. تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى بىلەن تولغان ھېكايە–رومانلار ئاساسەن توقۇلما قىلىنغان ۋەقەلىك بولۇپ، ئاپتورنىڭ ئەدەبىي دىتى بىلەن تۇرمۇش بىرلەشتۈرۈلۈپ بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن، كىشى قەلبىنى لال قىلىدىغان دەرىجىگە يەتكەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى ھېچكىم ئۆز تۇرمۇشىغا تەدبىقلىيالمايدۇ، كىتاپ ۋەقەلىكلىرىدىكى بۇنداق ئىش تۇرمۇشتىمۇ ھەم كۆرۈلمەيدۇ ياكى بىر ئۆزگەرمەس پىرىنسىپ بولمايدۇ. ئۇ پەقەت سىزگە تۇرمۇشنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىرەسمى ئېيتىپ بېرىدۇ، خالاس.

مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ئەسەرلىرى سىزنىڭ ھاياتىڭىزغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. سىزگە توغرا يولنى تېپىۋېلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ. لېكىن، سىز بۇ خىل ئەسەرلەرنى كۆپ ئوقىغانسىرى قانداق قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالىسىز. نىشانىڭىزغا يېتىش يوللىرىنىڭ كۆپلىكى سىزنى قايسىنى تاللاشنى بىلەلمەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ھەتتا بەزى كىتابلاردىكى بىر قىسىم قاراشلار توغرا بولسا يەنە بىر كىتاپلاردا شەكلى ئۆزگەرگەن ھالدا ئىنكار قىلىنىدۇ. قىسقىسى، بۇلار مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشلەرنىڭ تەجرىبە _ ساۋاقلىرى بولۇپ، باشقا كىشىلەرگە تامامەن ماس كەلمەيدۇ».

### قانداق قىلغاندا كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ؟

كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئالاھىدە ئىستراتېگىيىلىك پىلان بىلەن ھەرىكەت قىلىش لازىم. مەسىلەن: جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەر بىرى ئۆزىنىڭ ساھەسى دائىرىسىدىكى كىشىلەر بىلەن كىتاب ئوقۇشتا بەسلىششى، ئۆز ئارىسىدا كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇش ۋە مۇكاپاتلاش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشى، ئايلىق كىتاب ئوقۇش ۋەزىپىسى قويۇش قاتارلىقلارنى ئېلىپ بارغانغا، ئىدارىدىكى كادىر، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى، مەھەللىدىكى ھۈنەرۋەن، بازاردىكى سودىگەر، مەسچىتتىكى جامائەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر قاتلىمىدىكى كىشلەر ئۆز ئارىسىدا كىتاب ئوقۇشنى قانات يايدۇرغىنىغا ئوخشاش.

كىشىلەر ئۆزلىرى ئارىلىشىدىغان ئادەملىرى بىلەن ئولتۇرغان سورۇنلىرىدا ئۆزلىرى ئوقۇپ چىققان كىتابلىرى ھەققىدە پاراڭلارنى سېلىش ئارقىلىقمۇ باشقىلارنى كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرالايدۇ. شۇنىڭدەك، ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆزى قىزىقىدىغان ماۋزۇلاردا پاراڭ قىلىپ بېرىش ۋە بۇ ماۋزۇدا ئېرىشكەن مەلۇماتلىرىنى پالانى كىتابتىن ئوقۇغانلىقىنى ئەسكەرتىسىمۇ ئۇنى كىتاب ئوقۇشقا ۋە ئىزدىنىشكە قىزىقتۇرغانلىق بولىدۇ.

جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كىشىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ساھەسىدىكى كىشىلەر بىلەن كىتاب ئوقۇش سەپەرۋەرلىكىنى قوزغاپ، كىتاب ئوقۇشنىڭ پايدىلىرىنى سۆزلەپ، ئۇلارنى كىتاب ئوقۇشقا كۈچلۈك تەرغىب قىلىش بىلەنمۇ كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلىگىلى بولىدۇ.

### ئۇيغۇرلار كىتابنى سۆيىدىغان خەلق ئەمەسمىدى؟

ھازىرقى شارائىتتا بىز ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى ئەڭ ئاز كىتاب ئوقۇيدىغانلار مىللەتلەر قاتارىغا كىرىپ قالغان بولۇشى مىز مۇمكىن. ئانا ۋەتەندىكى كۇتۇبخانىلاردىكى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ كۆپرەك توپا بېسىپ تۇرۇپ قالىدىغانلىقى، ئەمما خەنزۇچە كىتابلارنىڭ كۆپرەك سېتىلىدىغانلىقى ۋە ئۇيغۇرنىڭ يۇرتىدا ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تىراژى خەنزۇچە كىتابلارنىڭكىدىن ھەر زامان ئاز ئىكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرلەر بۇ دېگەنلىرىمىزنى كۈچلەندۈرىدۇ.

بىز ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن كىتابنى ئۇلۇغلايدىغان ۋە كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان خەلق. ئۆتمۈشلەردە كىتابلارنى باسىدىغان باسمىخانىلار بارلىققا كەلمىگەنلىكتىن، كىتابلارنى مەخسۇس پۈتۈكچىلەر قىممەت پۇلغا كۆچۈرۈپ چىقىدىكەن. بىزنىڭ ئۇيغۇر دىيارىمىزدا بولسا، كىتاب ئىنتايىن قىس بولغانلىقتىن، پۈتۈكچىلەر بىرەر كىتابنى كۆچۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن كىتاب چوڭراق بولسا، بىرەر كالا، ئەگەر كىتابنىڭ ھەجمى كىچىكرەك بولسا، بىرەر قوي ئالىدىكەنمىش. ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، ھەر قانداق بىر ئۇيغۇر ئۆيىدە كىتاب ساقلاشنى مۇھىم بىر ئەنئەنە دەپ تونۇغانلىقتىن، كىتاب ئوقۇشنى بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان ھەر كىم ئۆيىنىڭ تۆرىسىدا

كىتاب ساقلايدىكەن. ساۋادى بارلار بۇ كىتابلارنى ئۆزلىرى ئوقۇيدىكەن، ساۋادى يوقلىرى ئوقۇشنى بىلىدىغانلارغا ئوقۇتىدىكەن. بىرەر ساۋاتسىز ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىگە بىرەر ئالىم ياكى ھېچ بولمىغاندا كىتاب ئوقۇشنى بىلىدىغان بىرەر مېھمان كېلىپ قالغىنىدا، ئۆيىدىكى كىتابنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئوقۇتۇپ پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى تىڭشايدىكەن. بۇ ياخشى ئادەت ئۇيغۇرلاردا ھازىرمۇ داۋام قىلماقتا.

ئۇيغۇرلارنىڭ كىتابنى سۆيىدىغانلىقىنىڭ يەنە بىر دەلىلى شۇكى، ئۇيغۇر خەلقى ئاللاھ تائالانىڭ كالامى بولغان قۇرئان كەرىمنى بەكمۇ ئۇلۇغلايدۇ. ھەر قانداق ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىدىن يوق دېگەندە بىرەر داندىن قۇرئان كەرىم چىقماي قالمايدۇ. قۇرئان ئوقۇشنى بىلمەيدىغانلىرىمۇ ئۇنى ئۆيىنىڭ ئەڭ يېرىدە ساقلايدۇ. ھەر قېتىم ئۇنى ئالغىنىدا، تاھارەت بىلەن ئىككى قوللاپ سىلىق ئالىدۇ. ئوقۇپ بولۇپ يەنە ئىككى قوللاپ، ھۆرمەت بىلەن ئۆز جايىغا ئېلىپ قويىدۇ. ئۇيغۇرلار قۇرئاننى قاتتىق ھۆرمەت قىلغانلىقتىن كۆكسىنىڭ يۇقىرىسىدا تۇتۇپ ئوقۇيدۇ، ئۇنى ھەرگىز يەردە قويمايدۇ. قۇرئاننى تىڭشىغاندا جىم ئولتۇرۇپ، ھۆرمەتتىن بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ تىڭشايدۇ.

**كىتاب سوۋغا قىلىش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىدىن بىرىدۇر**

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ مەدەنىيەتلىك بىر خەلق بولغان. ئۇلاردا ھەر خىل سوۋغىلار بولغان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە كىتاب سوۋغا قىلىش ئادىتى ئەڭ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئەنئەنىلەرنىڭ بىرى ئىدى. مانا بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىتابنى قەدىرلەيدىغانلىقىنىڭ بىر دەلىلى. كىتابنى قەدىرلەش مەدەنىيلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەريي«تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىپ بولۇپ، ئۆز دەۋرىدىكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ خەلىپىسى ئەبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرىللاھقا سوۋغا قىلغانلىقىنى كىتابىنىڭ بېشىدا تەنتەنە بىلەن جاكارلىغان. قەدىمقى دەۋردە شەرق دۇنياسىدا كىتاب يېزىپ، شاھلارغا، بەگلەرگە تەقدىم قىلىش، ھەتتا كىتابنى بەگلەرنىڭ نامىدا ئاتاش خېلى ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان ئىكەن. ئۆز دەۋرىدىكى مەرىپەتلىك پادىشاھلار مال _ دۇنياغا نىسبەتەن يەنىلا مەنىۋى سوۋغا _ كىتابنى ئەزىز بىلەتتىكەن. چۈنكى كىتاب مەڭگۈلۈك يادىكار بولۇپ قالاتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ كىتاب تەقدىم قىلىش ئادىتىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئەڭ يۈكسەك پەللىگە يەتكۈزگەن ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆمرىلۈك توپلىغان ئىلغار بىلىم جۇغلانمىلىرىنى 18 ئايلىق مېھنەتلىك ئەمگەك ئارقىلىق قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈپ، ئۇنى«قۇتادغۇبىلىك»دەپ ئاتاپ، ئۆز دەۋرىدىكى قاخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانى ھەسەن بۇغراخانغا سوۋغا قىلغان ئىدى. بۇ ئىككى ئالىم باشلاپ بەرگەن كىتاب سوۋغا قىلىش ئەنئەنىسى كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا مىراس قېلىپ، نەچچە مىڭلىغان ئېسىل كىتابلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە مەنىۋى تۈرتكە ۋە ئۈلگە بولغان. «تارىخى رەشىدى»نىڭ ئاپتورى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆراگان كىتابنى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ شۇ دەۋردىكى خانى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ نامىدا يېزىپ، ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغان. ئەلشىر ناۋائىي ئۆزىنىڭ خېلى كۆپ ئەسەرلىرىنى ھۈسەين مىرزا ساھىبقىراننىڭ نامىغا يېزىپ، ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغان. ئابدۇراھمان جامى ئۆزىنىڭ «باھارىستان» ناملىق كىتابنى سۇلتان ساھىبقىران ھۈسەين بايقارانىڭ نامىدا يېزىپ، ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغان ئىكەن. (يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇقنىڭ «قائىدە _ يوسۇنلىرىمىز»ناملىق كىتابىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى. «قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى» نەشر قىلغان).

كىتابنى ھەتتا ئۆزىنىڭ بالىسىدىن ئەزىز بىلگەن ئۇيغۇر خەلقى كىتاب يېزىشنى مەڭگۈلۈك قىسمەت دەپ قارىغان. بىرىگە بىرەر كىتابنى سوۋغا قىلىشنىڭ ئۈزۈلمەس ساۋاب _ سەدىقە جارى قىلغانلىق ئىكەنلىكىنى ياخشى چۈشەنگەن خەلقىمىز كىتاب سوۋغا قىلىشنى مىللىي ۋە دىنىي ئەنئەنىگە ئايلاندۇرغان. بۇ ئېسىل ئەنئەنىنى داۋام قىلدۇرۇش ھازىرقى ئەۋلادلارنىڭ بۇرچىدۇر.

**قانداق بولۇپ ھازىرقى ئۇيغۇرلار كىتابنى ئاز ئوقۇيدىغان بولۇپ قالدى؟**

ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ كىتابنى ئاز ئوقۇيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى ئۇيغۇرلار باشتىن كەچۈرگەن لەنىتى«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت مەدەنىيەتنى، ئاسار _ ئەتىقىلەرنى ۋە مىللەتنىڭ قىممەتلىك يادىكارلىقلىرىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان تەتۈر قۇيۇننىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان پالاكەتلىرى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇيغۇرلارنى ئىدارە قىلغانلار ئۇلارنى كىتابتىن يىراق قىلىش ئارقىلىق ئۇلاردىكى مىللىي ۋە دىنىي روھنى يوق قىلىپ، ئۇلارنى نادان قالدۇرۇپ ئىدارە قىلىش پىلانى بويىچە ئىش كۆرگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ تۇنجى نىشانى بىزنى ئالىملىرىمىز بىلەن كىتابلىرىمىزدىن ئايرىۋېتىش بولدى. ئالىملىرىمىز تۈرمىلەردە نابۇت بولدى، كىتابلىرىمىز كۆيدۈرۈلۈپ كۈل بولدى. شۇنداق قىلىپ ئۇزۇن ۋاقىت بىزنى كىتابتىن ئايرىۋەتتى. بۇ ئارىلىقتا دۇنياغا كەلگەن نەسىللەر كىتابتىن يىراق ھالدا ئۆسۈپ يېتىلدى. بالىلارنىڭ تۇنجى مۇئەللىملىرى بولغان ئاتا _ ئانىلار ئۆزلىرىمۇ بىلىمسىز ۋە كىتابتىن يىراق بولغانلىقتىن، بۇ ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بالىلارمۇ بىلىمسىز، ئاڭسىز ۋە كىتابتىن يىراق بولۇپ يېتىلدى.

**قانداق قىلغاندا بالىلارنى كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرگىلى بولىدۇ؟**

كىتابتىن يىراقلىشىپ قالغان مۇنداق بىر مىللەتنى كىتاب سۆيىدىغان، كىتاب ئوقۇشتىن ھۇزۇر _ ھالاۋەت ئالىدىغان ۋە كىتابنى ئەڭ ئايرىلماس ھەمراھىم دەپ تونۇيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىپ چىقىش ئۈچۈن بىر ئەۋلادنىڭ ئالمىشىشى ۋە بۇ ئەۋلادنىڭ كىچىكىدىنلا كىتاب سۆيەرلەردىن قىلىپ تەربىيىلىنىشى شەرت. بالىلارنىڭ روھى كىتاب بىلەن باغلانغان ھالدا دۇنيانى كۆزىتىدىغان بولۇپ يېتىلىشى لازىم.

1976 _ يىلى 1 _ ئايدا نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن 75 كىشى پارىژغا جەم بولغان. ئۇلارنىڭ بىرى سىز قايسى ئالىي مەكتەپتە ۋە قايسى تەجرىبەخانىدا ئەڭ مۇھىم دەپ قارالغان نەرسىلەرنى ئۆگەندىڭىز؟ دەپ سورالغىنىدا، چاچلىرى قاردەك ئاقارغان بۇ ئالىم:

«بالىلار باغچىسىدا» دەپ جاۋاپ بەرگەن. ئاندىن ئۇنىڭدىن «بالىلار باغچىسىدا نېمىلەرنى ئۆگەندىڭىز؟» دەپ سورىغاندا ئۇ: «ئۆزۈمنىڭ بىر قىسىم نەرسىلىرىنى دوستلىرىمغا بېرىشنى، ئۆزۈمگە تەئەللۇق بولمىغان نەرسىلەرنى ئالماسلىقنى، نەرسە – كېرەكلەرنى رەتلىك قويۇشنى، تاماق يېيىشتىن ئاۋۋال قول يۇيۇشنى، خاتا ئىش قىلىپ قويغاندا ئەپۇ سوراشنى، قىسقىسى، نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىقنى ئۆگەندىم» دەپ جاۋاپ بەرگەن. ئۇنىڭ بۇ جاۋابى بۇ يەرگە جەم بولغان ئالىملارنىڭ ئورتاق قارىشى بولۇپ چىققان.

بۇ قىسسە بىزگە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن ئىشنى كىچىكىدىن باشلاشنىڭ زۆرۈرلىكىنى، يەنە بىر تەرەپتىن نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىقتا كىچىكىدىن باشلاپ ئادەتلىنىشنىڭ لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا بالىلاردا كىچىدىن باشلاپلا ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈش بەكمۇ زۆرۈر.

ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن بىز بالىلاردا كىچىكىدىن باشلاپلا كىتابنى ياخشى كۆرۈش ئادىتىنى يېتىلدۈرمەيمىز؟ بۇ شۇنچىلىك قىيىنمۇ؟

ياخشى كۆرۈش دېگەن تۇغما بولمايدۇ. ئۇ پەقەت تەربىيە ۋە مۇھىتنىڭ نەتىجىسى. ئاتا _ ئانا بولغۇچىنىڭ بالىلىرىنى ياخشى ئادەتلەرگە كۆندۈرۈشى ئۇلارنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان ۋەزىپىسىدۇر. بالىلاردا كىتابنى ياخشى كۆرۈش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۇلارنىڭ چوڭ بولغاندا بىلىملىك، ئىقتىدارلىق، دىن ۋە مىللەتنىڭ ئىشىغا ياراملىق ئادەملەردىن بولۇپ چىقىشىنىڭ ئاساسىدۇر.

تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرى بالىلارنى كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

1. بالىلارنىڭ كۆزى ئەڭ دەسلەپ كىتابقا ئېچىلىشى، ئاتا _ ئانىسىنىڭ كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى ۋە كىتابقا زور ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چوڭ بولۇشى ناھايىتى مۇھىمدۇر. چۈنكى بالىلار ھەر ئىشتا ئاتا _ ئانىسىدىن ئۈرنەك ئالىدۇ. شۇڭا بالىلارنىڭ ئۆيدە ھەمىشە كىتاب ئوقۇلىۋاتقانلىقىنى كۆرىشى ۋە شۇنداق مۇھىتتا چوڭ بولۇشى ئۇلارنىڭ كىتابنى سۆيىدىغان، كىتاب ئوقۇشنى كۆندىلىك ئىش _ ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى قىلىپ يېتىلىشى ئۈچۈن شەرت _ شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ. قىسقىسى، ئاتا _ ئانا كىتاب ئوقۇشتا بالىلارغا ئۈلگە بولۇشى لازىم.

2. بالىلارنى كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرۈش، كىتابتىن ھۇزۇر _ ھالاۋەت ئېلىشقا كۆندۈرۈش ئىشى ئۇلارنىڭ ئالدىدا كىتابنى ئېچىپ، قىزىقارلىق ھېكايە ۋە قىسسىلەردىن ئۇلارغا جاراڭلىق ئاۋازدا ئوقۇش بېرىش بىلەن باشلىنىدۇ. ئاندىن كىتابتىن چۈشەنگەنلىرىنى سوراش ۋە شەرھلەپ بېرىش، ئاندىن ئاستا _ ئاستا ئۇلارنى ئوقۇتۇپ تىڭشاش كېلىدۇ. ئەمما ئاتا _ ئانىلار بالىلارنىڭ قىزىقىشىغا ئەھمىيەت بەرمەستىن، ئۆزلىرى خالىغان كىتابلارنى ئۇلارغا زورلاپ تاڭماسلىقى لازىم. چۈنكى مۇنداق قىلىش بالىلاردا ئەكسى تەسىر قوزغاپ، ئۇلاردا كىتاب ئوقۇشتىن نەپرەتلىنىش كەيپىياتىنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. مۇتەخەسسىسلەر بالىلارغا كىتابنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇپ بېرىشنىڭ بالىلاردا ئوقۇشقا ۋە ئۆگىنىشكە بولغان رىغبىتىنى ئاشۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

3. ئاتا _ ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا ھەر كۈنى بىر قانچە مىنۇت بولىسىمۇ كىتاب ئوقۇپ بېرىشى زۆرۈردۇر. خۇسۇسەن، كىچىك بالىلارغا ئاخشىمى ياتىدىغان ۋاقىتدا بېشىدا ئولتۇرۇپ بىر قانچە مىنۇت بولسىمۇ كىتاب ئوقۇپ بېرىش لازىم. بۇنى ئاتا بىلەن ئانا ھەر كۈنى نۆۋەتلىشىپ قىلسىمۇ بولىدۇ. ئەمما ئۈزمەستىن قىلىش لازىم.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكىتلىشىچە، ئاتا _ ئانىلار بالىلارنىڭ كۈندىلىك ئويۇنلارغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارغا ئۇلار ياخشى كۆرىدىغان ۋە ياقتۇرۇپ تىڭشايدىغان كىتابلىرىدىن ئازراقتىن ئوقۇپ بېرىشى لازىم. ئاز بولسىمۇ ھەر كۈنى ئۈزمەستىن كىتاپ ئوقۇپ بېرىش بالىلاردا كىتاب ئوقۇشقا بولغان ھېرىسمەنلىكنى پەيدا قىلىدۇ. بالىلارغا ئۇلار 11 ياشقا كىرگەنگە قەدەر ھەر كۈنى كىتاب ئوقۇپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بەك ياخشى كىتاب بولمىسىمۇ ياكى ئوقۇپ بولغان كىتاب بالىلار قىزىققا بولسا، ئۇنى ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىش لازىم. بالىلارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش جەريانىدا، بالىلار زېرىكىپلا قالمىغان بولسا، ئاتا _ ئانا چارچاپ قالسىمۇ سەۋرچانلىق بىلەن ئوقۇپ بېرىشنى داۋام قىلدۇرشى لازىم.

4. بالىلارنىڭ ياتاقلىرىدا ھېكايە ۋە قىسسىلەردىن بولغان ھەر خىل كىتابلارنى ھازىرلاپ بېرىش لازىم. بالىلار ئويغۇغا بارغىنىدا ۋە ئويقۇدىن تۇرغىنىدا ھەمىشە كىتابلارنى كۆرۈپ تۇرسا، كىتابنىڭ ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ھالدا چوڭ بولىدۇ. نەتىجىدە، كىتابقا ۋە كىتاب ئوقۇشقا مۇھەببىتى يۇقىرى بولىدۇ. ئىمكانىيەت بولسا، بالىلارغا ئۆينىڭ ئىچىدە كىچىك بىر كۇتۇبخانا قىلىپ، ئۇنى چىرايلىق بېزەپ بېرىش كېرەك.

5. بالىلارنى كىتابخانىلارغا، كىتاب يەرمەنكىلىرىگە ئېلىپ بېرىش، ئۇلارنىڭ كۆزى چىرايلىق كۆرۈنگەن ۋە ئۇلار تاللىغان كىتابلاردىن ئۇلارغا ئېلىپ بېرىش لازىم. بالىلار بىلەن كىتاب سېتىۋېلىشتا كىتابنىڭ شەكلى، رەسىملىرى ۋە رەڭگى چىرايلىق، جەلب قىلارلىق بولغانلىرىنى تاللاش، ھەر بىر كىتابنى تاللاشتا ئاپتورىنىنىڭ، نەشىر قىلغان ئورۇنىنىڭ ئىسمىنى ئوقۇش، كىتابنىڭ مۇندەرىجىسىگە ۋە بەزى بۆلۈملىرىگە تېز _ تېز كۆز يۈگۈرتۈش، كىتابتا نېمىلەرنىڭ سۆزلىنىدىغانلىقىنى بىلىش زۆرۈردۇر. بۇ ئۇسۇل بالىلارغا كىتاب سېتىپ ئېلىشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش لازىملىقىنى ئۆگىتىدۇ.

6. بالىلارغا ئوقۇپ بېرىدىغان ۋە ئۇلارنى ئوقۇتىدىغان ھېكايە ۋە قىسسە كىتابلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ يېشىغا مۇناسىپ ھالدا

چۈشىنىشلىك ۋە تەربىيە خاراكتېرلىك كىتابلاردىن بولۇشى شەرت.

7. ھېيت _ ئايەملەردە، بايرام كۈنلىرىدە، بالىلار دىپلوم ئالغان كۈنلەردە ياكى قانداقلا بىر مۇناسىۋەتنى پۇرسەت بىلىپ، بالىلارغا ئۇلار ياقتۇرىدىغان ۋە خوش بولىدىغان كىتابلارنى ھەدىيە قىلىش. مۇنداق قىلىش بالىلارغا كىتابنى سۆيدۈرىدۇ ۋە كىتابنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

8. بالىلارنىڭ ياتىقىغا ھەرگىز تېلېۋىزور قويۇپ بەرمەسلىك لازىم. مۇنداق قىلىش بالىلارنى كىتاب ئوقۇشتىن سوغۇتۇپ، تېلېۋىزور بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈشكە كۆندۈرۈپ قويىدۇ.

9. ماشىنىدا كىتاب ۋە ژۇرناللاردىن خالىي قىلماسلىق، بالىلار بىلەن ئۇزۇنراق يول يۈرگەندە ئۇلارنى ئوقۇشقا تەشەببۇس قىلىش ياخشى ئادەت بولۇپ، بالىلارنى كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرۈشنىڭ چارلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

10. بالىلار ئوتتۇرىسىدا ئايلىق ياكى ھەپتىلىك كىتاب ئوقۇش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىپ، بىر ئاي ياكى بىر ھەپتە ئىچىدە كىم كۆپ كىتاب ئوقۇغان بولسا، ئۇنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان نەرسە بىلەن مۇكاپاتلاش ئادىتىنى يولغا قويۇشمۇ بالىلارنى كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇشنىڭ چارلىرىدىن بىرى سانىلىدۇ.

### قانداق قىلغاندا پەرزەنتلىرىمىزدە كىتاب ئوقۇش ھەۋىسىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ؟

دوكتور ئابدۇلكەرىم بەككار① «قانداق قىلغاندا پەرزەنتلىرىمىزدە كىتاب ئوقۇش ھەۋىسىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ؟» دېگەن ماقالىسىدا مۇنداق دەپ يازغان:

«مەن بۇ يەردە يېتىلدۈرۈلگەن ھەۋەس _ كىتاب ئوقۇش ھەۋىسىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە مىساللارنى كەلتۈرمەكچىمەن.

كىشىلەر: باشقىلار بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولغان چاغلىرىدا ئۇلارنىڭ نېمىگە قىزىقىدىغانلىقى ياكى نېمىگە ھەۋەس قىلىدىغانلىقىنى بىلەلمەيمىز. لېكىن ئۇلارغا بوش ۋاقىت يارىتىپ بەرسىڭىز ياكى ئۇنى بىر ئىش ئۈچۈن ساقلاتسىڭىز، ئاندىن ئۇلارنىڭ نېمە ئىش بىلەن مەشغۇل بولىدىغانلىقىنى ۋە نېمىگە قىزىقىدىغانلىقىنى بىلەلەيسىز دەيدۇ. بۇ ھەقىقەتەن توغرا بىر يەكۈندۇر.

مەن بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە ئۇچىدىغان ئايروپىلانغا تۆت _ بەش سائەت ساقلاش جەريانىدا ئىنسانىنىڭ نېمىگە بەكراق قىزىقىدىغانلىقى ياكى نېمىگە بەكراق ھەۋەس قىلىدىغانلىقى مەلۇم بولىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتىم.

مەن بىر قانچە قېتىم بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە ئۇچىدىغان ئايروپىلانغا ساقلاپ ئولتۇرۇپ قېلىپ باشقا مىللەتلەرگە دىققەت قىلىپ قالدىم. قارىسام، ياۋرۇپالىقلارنىڭ يېنىدا كىتاب ياكى قول كومپيۇتېرى بولىدىكەن. ئۇلار زېرىكىشلىك ۋە ئىچ سىقىلىش بىلەن ئۆتىدىغان بوش ۋاقىتلىرىنى كىتاب ئوقۇش ياكى قول كومپيۇتېرىدا بىر ئىش ئارقىلىق ئۆتكۈزىدىكەن.

ئەمما تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتتىكىلەر بولسا، ئورۇندۇقلاردا ئۆرە ئولتۇرۇپ ئۇخلاش، چاي _ قەھۋە ئىچىش، ئالدىدىن ئۆتكەن _ كەچكەنلەرگە قاراپ ئولتۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن.

ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرق تۇغۇلما گەن مىراس پەرقى بولماستىن، بەلكى تەربىيە، ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە مۇھىت پەرقىدۇر.

ئەگەر كىچىك بالىلاردا كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى ياكى كىتاب ئوقۇش ھەۋىسىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ يوللىرى ھەققىدە ئىزدىنىدىغان بولساق، بۇنىڭ بىر قانچە يوللىرى بولۇپ، ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن تۆۋەندىكى بىر قانچە مۇھىم ئامىللارنى زىكىر قىلىپ ئۆتىمەن:

1. بالىلارغا كۆكۈل بۆلۈدىغان ئائىلە

بالىنىڭ خاراكتېرىدىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەر، ئۇنىڭ دەسلەپكى6 يېشىدىلا بەلگىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بالىلاردا قىزىقىش ۋە ھەۋەسنىڭ يېتىلىشىدە ئاتا _ ئانىلار ئالاھىدە رول ئوينايدىغان بولۇپ، ئۇ قىزىقىشلاردىن بىرى كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىدۇر. چۈنكى ئاتا _ ئانىلار، بالىلارنىڭ ئالدىدىكى تاللاشلاردىن بىرىنى تاللاپ بېرىدۇر. يەنى بالىلارنىڭ قەلبىنى رەسىم سىزىش ۋە كىتاب ئوقۇشقا مايىل قىلىشقا تىرىشىدۇ ياكى بالىلارنىڭ ئەركىن _ ئازادە كوچىلارغا چىقىپ ئوينىشى، پايدىسىز ئويۇنلار بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا _ ئانىلارنىڭ بالىلارنى كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرشكە كۆڭۈل بۆلۈشى، بالىلاردا كىتاب ئوقۇش ھەۋىسىنىڭ يېتىلىشى ئۈچۈن مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇر.

2. كىتاب ئوقۇيدىغان ئائىلە

① دوكتور ئابدۇلكەرىم بەككار، سۈرىيەلىك ئالىم، 1951 _ يىلى سۈرىيەنىڭ ھەمىس شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن، مىسىر ئەزھەر بىلىمگاھىدا ئوقۇغان، ئىسلام تەربىيەسىدە مۇتەخەسسىس بولۇپ، ئىسلام دۇنياسىدىكى كۆرۈنەرلىك ئىسلامىي يازغۇچىلاردىن سانىلىدۇ، ھازىرغىچە بۇ ساھەدە 30دىن كۆپرەك كىتاب يازغان.

كىتاب ئوقۇيدىغان ئائىلە دېگەنلىك، تەربىيىلىك ياكى بىلىملىك ئائىلە دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئەزالىرى ھەر كۈنى كىتاب ئوقۇيدىغان ئائىلە دېگەنلىك بولۇپ، ئۆيدىكى بالا بىر تەرەپكە قارىسا دادىسىنىڭ كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى، يەنە بىر تەرەپكە قارىسا ئۇكىسىنىڭ رەسىم سىزىۋاتقانلىقىنى، يەنە باشقا بىر تەرەپتە بولسا ئانىسى مەكتەپنىڭ دەرسىنى چۈشەنمىگەن قېرىندىشىنىڭ دەرسىنى چۈشەندۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرىدىغان بىر ئائىلە دېمەكتۇر.

بالىنىڭ ئۆيدە بۇ خىل پائالىيەتلەرنى كۆرۈپ يېتىلىشى، بالىنىڭ قەلبىدە كىتاب، قەغەز _ قەلەم بىلەن ئۆتكەن ھايات، ھەقىقىي تەبىئىي ھايات ئىكەن، دېگەن ئىشەنچىنى تۇرغۇزىدۇ.

ئامېرىكىدىكى بىر ئاتا _ ئانىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن كىچىك بالىلاردىكى كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتقا كۆرە: كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرمەيدىغان ياكى كىتابقا قىزىقمايدىغان يۈزدە 82% بالىلار، ئەسلىدە ئاتا _ ئانىلىرى تەرىپىدىن كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇلمىغان بالىلار ئىكەن.

شۇنىسى بىر ھەقىقەتكى بالىلارنى كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇشتىن مەقسەت، كىتاب ئوقۇشقا ھەيدەش بىلەن ئەمەس، بەلكى كىچىكلەر چوڭلارغا ئەگىشىدىغان شەرت _ شارائىت ھازىرلاش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاتا _ ئانىلار، كىتاب ئوقۇمايدىكەنمىز، بالىلىرىمىزمۇ كىتاب ئوقۇمايدىغان بولۇپ چوڭ بولىدۇ، دەپ يەكۈن چىقىرىشىمىز مۇمكىن.

3. ئائىلە كۇتۇپخانىسى

غەربلىكلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرسىڭىز، كۆپىنچىسىنىڭ ئۆيىنىڭ بىر تەرىپىدە كۇتۇپخانا كۆرىسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن غەرب ئەللىرىنىڭ بالىلىرى كىتابقا ۋە كىتاب ئوقۇيدىغان شەخسلەرگە كۆنۈك ياكى ئادەتلەنگەن ھالدا چوڭ بولىدۇ.

ئەمما بىزنىڭ كۆپىنچىمىزنىڭ ئۆيلىرى كىتابخانىدىن خالىي، بەزى ئۆيلەردە كىتابخانا بولسىمۇ، ئۇ كىتابلار ئوقۇپ پايدىلىنىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى موزېيخانىغا ئوخشاش زىننەت ئۈچۈن تىزىلغان.

ئەمەلىيەتتە بىزدىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى، ھەر بىر ئائىلىدە، چوڭ كىچىك پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرىغا ماس كېلىدىغان، ئۇلارغا روھىي ئوزۇق بېغىشلايدىغان بىر كىتابخانا بولۇشى ۋە ئۇ كۇتۇپخانىنىڭ كىتابلىرى پات _ پات يېڭىلىنىپ تۇرۇشىدۇر.

4. ئېلېكترونلۇق تېخنىكا مۇلازىماتلىرىدىن رەتلىك پايدىلىنى

تېلېۋىزور، ئىنتېرنېت، تېلېفون ۋە ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق قاتارلىق نەرسىلەر، يېتىلىۋاتقان ئۆسمۈرلەرنىڭ زېھنىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، زېھنىنىڭ كۆپرەكىنى يوقىلاڭ پايدىسىز ئىشلارغا سەرپ قىلىدىغانلىقى نامايان بولۇشقا باشلىدى. بۇ مۇستەھكەم تەربىيىلىنىشكە توسالغۇ بولىدىغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

شۇڭا، ئاتا _ ئانىلار، كىتاب بىلەن ئېلېكترونلۇق مۇلازىمەتلەرنىڭ رىقابەتكە چۈشۈپ قېلىشىغا يول قويماسلىقى كېرەك. چۈنكى كىتاب بىلەن ئېلېكترونلۇق مۇلازىمەتلەر رىقابەتكە چۈشۈپ قالسا چوقۇمكى كىتاب مەغلۇب بولىدۇ. كىتابنىڭ ئېلېكترونلۇق مۇلازىمەتلەر ئالدىدا مەغلۇپ بولماسلىقى ئۈچۈن، ئاتا _ ئانىلار بالىلارنىڭ ئىنتېرنېت ۋە تېلېۋىزور ئالدىدا ھەر كۈنى بىر ئىككى سائەتتىن زىيادە ئولتۇرۇشقا يول قويماسلىقى لازىم.

شۇنداق قىلغاندىلا، بالىلىرىمىز چۆچەك ۋە تارىخىي كىتابلارنى ئوقۇشقا يۈزلىنىپ ئاستا _ ئاستا كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق كۆڭلى ئېچىلىدىغان، كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق قەلبى ھۇزۇر تېپىپ كىتابنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان بولىدۇ.

ئاتا _ ئانىلار. بىز قاچانكى بالىلىرىمىزنى مۇكەممەل تەربىيىلەش ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلىدىكەنمىز، ئۇلارنىڭ يېمەك _ ئىچمىكى ۋە كىيىم كېچىكى قانداق مۇھىم بولسا، روھىي ئوزۇقىنىڭمۇ شۇنداق مۇھىملىقىنى بىلىدىكەنمىز، بالىلىرىمىزدا كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى ھاسىل بولۇپ يارامىلىق ئادەم بولۇشنىڭ تۇنجى قەدەملىرى بېسىلغان بولىدۇ».

## ئىناقلىقنىڭ دۈشمىنى – گەپ توشۇش

سۆزلىششىنىڭ بىردىنبىر ۋاستىسى بولغان تىل ئىنسانلارنىڭ مۇھىم ئالاقىلىشىش قورالى، كىشىلىك ھاياتتا ئىنسانلارغا بەخت، ئىناقلىق، خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدىغان نۇرغۇن ياخشى ئەخلاقلار تىل ئارقىلىق ئىپادىلەنسە، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان نۇرغۇن يامان، سەلبىي ئىللەتلەرمۇ يەنە شۇ تىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. تىل قەلبتىن ئىبارەت بىر دېڭىزنىڭ قىرغىقى بولۇپ، دېڭىزدا نېمە بولسا قىرغاققا شۇ چىقىدۇ. تىل ئارقىلىق بىر ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىنى، ئەخلاق – پەزىلىتىنى ۋە تەربىيىلىنىشىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا تىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىۋاتقان جەمئىيەت ھادىسىلىرى شۇ دەۋرنىڭ روھىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

### تىلنى ساقلاشنىڭ مۇھىملىقى

ئىنسان قىيامەت كۈنىدە قولاق، كۆز دىل قاتارلىق سەزگۈ ئەزالىرى ئۈستىدە سوئال – سوراق قىلىنغىنىدەك، تىل ئۈستىدىمۇ سوئال – سوراق قىلىنىدۇ. ئۇنى قانداق سۆزلەرگە ئىشلەتتى؟ ئىنسانلارغا ۋە ئۆزىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پايدىلىق ئېلىپ كېلىدىغان سۆزلەرنى قىلدىمۇ؟ ياكى گەپ توشۇشتەك ئىنسانلارغا زىيانلىق سۆزلەرنى قىلدىمۇ؟ ئۇنى كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلايدىغان، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان ياخشى يولغا ئىشلەتتىمۇ؟ ياكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئىشلەتتىمۇ؟ بۇنىڭ ئۈستىدە چوقۇم سوئال – سوراق قىلىنىدۇ. ئىنسان قىلغان سۆزىدىن تېنىۋالماسلىقى ئۈچۈن پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ قىلغان سۆزلىرىنى ۋە ئىش – ھەرىكەتلىرىنى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: [ئۇنۇتماڭلاركى، سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى، (قىلمىشىڭلارنى) يېزىپ تۇرغۇچى، ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بار. ئۇلار سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ][1] ئىنسانلار كىشىلىك مۇناسىۋەتتە بەختلىك، ئىناق، تىنچ ۋە خاتىرجەم ياشاشنى ئارزۇ قىلسىمۇ، لېكىن ھەممە نەرسىنىڭ بىر كۈشەندىسى بولغىنىدەك، گەپ توشۇش بۇنداق ئارزۇلارنىڭ بىردىنبىر كۈشەندىسىدۇر.

### گەپ توشۇشنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرى

گەپ توشۇش بەزىدە قىلمىغان ئىشلارنىمۇ قىلدى دەپ كىشىلەرگە قارا چاپلاش ئارقىلىق تۆھمەت تۈسىنى ئالغان بولىدۇ. ئەمما سۇخەنچى(گەپ تۇشۇغۇچى) ھېچ ئىش قىلمىغان بولۇۋېلىپ، كىرپىكىدە تۈگۈلىۋالسىمۇ، ھامان بىر كۈنى ئۇنىڭ رەزىللىكى ئاشكارىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا رەسۋا بولىدۇ. گەپ تۇشۇغۇچىنىڭ باشقىلارغا يەتكۈزىدىغان ئېغىر – زىيان زەخمەتلىرى ھەققىدە سۆز ئاچقىنىمىزدا، گەپ توشۇشتىن ئىبارەت بۇ رەزىل خۇلۇق سەۋەبىدىن دوستلار بىر – بىرىگە دۈشمەنلىشىدۇ، ئىناقلىق بۇزۇلىدۇ، ئائىلىلەر پارچىلىنىدۇ، تۇغقانلار بىر _ بىرىدىن يىراقلىشىدۇ. ھەتتا گەپ توشۇش سەۋەبلىك كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا بىھۇدە قان تۆكۈلۈش ئەھۋاللىرىمۇ يۈز بېرىدۇ.

### گەپ تۇشۇغۇچىنىڭ سۆزىنى ئېنىقلىماستىن ئىشىنىپ كەتمەسلىك لازىم

قۇرئان كەرىمدە: [ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ تېگى _ تەكتىنى بىلمەستىن) بىرەر قەۋمگە يامانلىق قىلىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، ئۇ خەۋەرنى ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار][2] دەپ كۆرسىتىلگەن.

داڭلىق ئالىم ھەسەن بەسرىنىڭ يېنىغا بىر ئادەم گەپ توشۇپ كېلىپ، پالانىنىڭ ئوغلى ئابدۇراھمان سىزنىڭ ھەققىڭىزدە ئۇنداق – مۇنداق سۆزلەرنى قىلدى، دەپتۇ.

– قاچان شۇنداق بولدى؟

– دەپ سوراپتۇ ھەسەن بەسرى.

– بۈگۈن.

– سەن ئابدۇراھماننى قەيەردە كۆردۈڭ؟

– ئۆيىدە كۆردۈم، _ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى ئادەم ئەجەبلىنىپ.

– سەن ئابدۇراھماننىڭ ئۆيىدە نېمە ئىش قىلاتتىڭ؟

---

[1] ئىنفىتار سۈرىسى:10_ 12_ ئايەتلەر.
[2] ھۇجۇرات سۈرىسى: 6_ ئايەت.

– مېھمان بولۇپ بارغانتىم.

– سەن ئۇنىڭ ئۆيىدە نېمىلەرنى يېدىڭ؟ _ دەپ ئىنچىكىلەپ سورىغاندا، ھېلىقى ئادەم ئابدۇراھماننىڭ ئۆيىدە سەككىز خىل تاماق يېگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ، ئاندىن ھەسەن بەسرى:

– سېنىڭ قۇرسىقىڭغا سەككىز خىل تاماق سىغىپتۇ _ يۇ، ئەجەبا بىر گەپ سىغمىدىمۇ؟ مەن ئابدۇراھماننى دۈشمەن تۇتمايمەن. چۈنكى ئەسلىدە مېنىڭ ھەققىمدە يامان گەپ قىلغان ئادەم ئابدۇراھمان ئەمەس، بەلكى سەن، قوپ مېنىڭ يېنىمدىن ھۇ _ پاسىق! _ دەپتۇ.

بۇ قىسسە گەپ تۇشۇغۇچىنىڭ پىتنىسىگە چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ھەر كىم ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى ۋە ئېنىقلىماستىن بىراۋنى رەنجىتىپ قويۇپ، كېيىن پۇشايمان قىلماسلىقى ئۈچۈن ئىبرەت بولۇشقا ئەرزىيدۇ.

## چېقىمچىلىق ۋە ئۇنىڭ خەتەرلىرى

چېقىمچىلىق _ بىراۋنى زىيانغا ئۇچرىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەققىدە باشقىلاردىن ئاڭلىغان بىر – ئىككى ئېغىز گەپنى، يالغان سۆزلەر بىلەن كۆپتۈرۈپ قارشى تەرەپكە ئاڭلىتىش يالغانچىلىقى بولۇپ، خائىنلىقنىڭ بىر تۈرىدۇر. بۇ ئادەتتىكى گەپ توشۇشتىن پەرقلىق جىنايەتتۇر. چۈنكى گەپ توشۇش مەقسەتسىزمۇ ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەمما چېقىمچىلىق رەزىل مەقسەتلەر ئارقىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنداق چېقىمچىلىق شۇ ئىنساننىڭ نىيىتى بۇزۇق، روھى كېسەل، بىپەرۋا ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

20 _ ئەسىرنىڭ مەشھۇر ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە مۇھەممەد غەززالى چېقىمچىلىق ۋە ئۇنىڭ رەزىللىكى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازغان: «بىر قېتىملىق چېقىمچىلىقنىڭ سەۋەبى بىلەن دوستلار ۋە ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك پەيدا بولۇپ، بەختنىڭ ئاساسى بولغان خاتىرجەملىك، ئىناقلىق بۇزۇلىدۇ. بۇ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى چېقىمچىلىقنىڭ ئاددىي بىر مىسالى. ئەمما كىشىلەرنى زالىم ھۆكۈمدارلارغا چېقىپ قويۇپ، ئۇلارنى ۋە ئائىلە ئەزالىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغا شەكىلدىكى چېقىمچىلىقنى مۇسۇلمان ئادەم قىلمايدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلىش ئىنسانلىق دەرىجىسىدىن ۋە ئىنسانلىق خىسلىتىدىن چۈشۈپ ئەڭ پەس ھايۋانلىق دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالغان ئەبلەخلەرنىڭ قىلىقىدۇر. چېقىمچىنى ئاللاھ ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ ۋە ئۇنى بۇ دۇنيادا رەسۋا قىلىدۇ، ئاخىرەتتە دوزاخقا تاشلايدۇ. دۇنيادا چېقىمچىلارنىڭ زىيانكەشلىكى سەۋەبلىك ھاياتى نابۇت بولغان مىڭلارچە بىگۇناھ ئىنسانلار بار. بۇلارنىڭ بۇنداق نابۇت بولۇشىغا بىر چېقىمچى مۇناپىقنىڭ نەپسى ئاۋارىگەرچىلىكى سەۋەب بولىدۇ».

ئىجتىمائىي ھاياتتا چېقىمچىلىققا قارشى تۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى _ چېقىمچىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماسلىق، ياكى ئىشەنمەسلىكتۇر. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ھەم چېقىمچىنىڭ يولىنى تاقىغىلى بولىدۇ، ھەمدە بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ ئېيپىنى قوغداپ قالغىلى بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدە: (ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار][1] دەپ كەلگەن. شۇڭا چېقىمچىلار ئېلىپ كەلگەن خەۋەرنى سوغۇق قانلىق بىلەن ئېنىقلاپ چىقىش كېرەك. مۇنداق قىلمىغاندا، پۇشايمان قىلىپ قالىدىغان ئىشلارنىڭ سادىر بولۇشىغا يول قويغان بولىمىز.

---

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى: 6_ ئايەت.

## ساتقۇنلۇقنىڭ ئاقىۋىتى

ئەرەبلەردە مۇندىن 15 ئەسىر ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىن بىرى ئەبۇ رىغال ئىسىملىك بىر ئادەم ساتقۇنلۇقنىڭ بىردىنبىر سەلبىي ئۈلگىسى بولۇپ كەلگەن ئىكەن. تاھازىرغىچە ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدە، شائىرلار شېئىرلىرىدە ئەبۇ رىغالغا لەنەت ئوقۇيدۇ.

«مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابتا مۇنداق دەپ يېزىلغان: «مىلادىيە بەشىنچى ئەسىردىكى يەمەن پادشاھى ئەبرەھە ئەرەبلەرنىڭ مەككىگە بېرىپ كەئبىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن سەپەرۋەرلىك قىلىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق بىئارا بولىدىكەن. ئۇلارنى توسۇشقا ئورۇنۇپ باقىدىكەن، ئەمما ئۇلارنى توسالمايدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى مەككىگە بېرىشتىن توسۇش ئۈچۈن يەمەن پايتەختى سەنئا شەھىرىگە بىر كاتتا چېركاۋ بىنا قىلدىدىكەن ۋە ئۇنى قۇللەيس چېركاۋى دەپ ئاتايدىكەن. ئاندىن تۇرماستىن كىشىلەرنى مەككىگە بېرىشنىڭ ئورنىغا بۇ چېركاۋغا بېرىپ زىيارەت قىلىشقا قاتتىق تەشەببۇس قىلىدىكەن. لېكىن ئادەملەر بۇ چېركاۋغا كۆنمەيدىكەن. بۇ ئارىدا ئەرەبلەردىن بىرى بۇ چېركاۋغا كىرىپ تەرەت قىلىپ قويىدىكەن. بۇنى ئاڭلىغان يەمەن پادشاھ ئەبرەھەنىڭ غەزەپتىن ئەرۋايى چىقىپ، ئەرەبلەرنى ئۆزىگە جەلب قىلىۋالغان شۇ كەئبىنى يىقىتىپ تاشلاشقا قەسەم قىلىدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئەبرەھە مىلادىيە 571 _ يىلى يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان يىلى نۇرغۇن پىللار بىلەن قوراللانغان زور بىر قوشۇن بىلەن مەككىگە قاراپ يولغا چىقىدىكەن. ئەبرەھە كۈچلۈك پادشاھ بولغانلىقتىن، يول بويى ئۇنىڭ قوشۇنلىرىغا قارشى چىققان قەبىلىلەر ھەممىسى دېگۈدەك مەغلۇپ بولىدىكەن. قوشۇن ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ تائىف شەھىرىگە كەلگىنىدە، تائىف شەھىرىنىڭ ھاكىمى بۇ زور قوشۇنغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇش ۋە مەككىگە ماڭغان قوشۇنغا تەگمەسلىك قارارىغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەبرەھەنىڭ تەلىپى بىلەن مەككىگە ماڭغان قوشۇنغا يول كۆرسىتىشكە ئەبۇ رىغال دەپ ئاتىلىدىغان بىر قۇلنى تەيىنلەپ ئۇنى قوشۇنغا يول باشلاشقا بۇيرۇيدىكەن. ئەبۇ رىغال كەئبىنى يىقىتماقچى بولغان قوشۇنغا يول باشلاپ ماڭغىنىدا، يول بويى پۈتۈن خەلق ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدىكەن، ئۇنى خائىن، ساتقۇن ۋە مۇناپىق دەپ تىللايدىكەن، ھەمدە ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيدىكەن. قوشۇن تائىفتىن چىقىپ مەككە يولىدىكى مۇغەممەس دېگەن جايغا كەلگەندە، ئەبۇ رىغال نامەلۇم بىر سەۋەب بىلەن ئۆلىدىكەن ۋە شۇ جايغا دەپنە قىلىنىدىكەن. شۇنىڭدىن بىرى تا ھازىرغىچە مۇغەممەس دېگەن شۇ جايدىن ئۆتكەن ھەر قانداق ئادەم ئەبۇ رىغالغا لەنەت ئوقۇپ، ئۇنىڭ قەبرىسىگە ئەخلەت ۋە گىزەندىلەرنى تاشلاپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىدىكەن».

### ئەبرەھە قوشۇنى مەككىگە قاراپ يول ئالماقتا

يەنە ئىسلام تارىخى ھەققىدە يېزىلغان كىتابلاردا قەيت قىلىنىشىچە، ئەبرەھەنىڭ قوشۇنلىرى ھېچبىر قارشىلىقسىز مەككىگە يېتىپ بارىدىكەن. ئۇلار مەككىگە كىرىشتىن ئاۋۋال مەككىنىڭ ئاقساقىلى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بوۋىسى بولغان ئابدۇلمۇتتەلىبكە ئەلچى ئەۋەتىدىكەن. ئەلچى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، يەمەن پادشاھى ئەبرەھە مەككىگە كىرمەكچى، بىراق ئۇنىڭ مەقسىتى سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئەمەس، بەلكى كەئبىنى يىقىتىپ تاشلاشتۇر. شۇڭا سىلەر قارشىلىق كۆرسەتمىسەڭلار سىلەرگە زىيان _ زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ، دېگەن ئاساستا ئەلچىلىكنى ئادا قىلىدۇ ۋە ئابدۇلمۇتتەلىبنى ئەبرەھە بىلەن كۆرۈشتۈرمەكچى بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئەلچى ئەبرەھەگە ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ مەككىلىك ئەرەبلەرنىڭ ئاقساقىلى ۋە ئېسىل پەزىلەتلىك بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۇنى تونۇشتۇرىدۇ. ئابدۇلمۇتتەلىب ناھايىتى ھەيۋەتلىك ۋە كېلىشكەن بىر ئادەم بولغانلىقتىن، ئۇنى كۆرگەن ئەبرەھە ئۇنىڭغا ئالاھىدە چوڭ ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ تەختىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ، قانداقلا بىر تەلىپى بولسا ئورۇندايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئابدۇلمۇتتەلىب پادشاھقا: سىزنىڭ ئادەملىرىڭىز مېنىڭ ئىككى يۈز باش تۆگەمنى مۇسادىرە قىلىپ ئېلىۋاپتۇ. شۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىڭلار، باشقا تەلىپىم يوق، دەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئەبرەھە ھەيران بولۇپ، ئابدۇلمۇتتەلىبكە: ئەي ئاقساقال! مەن سىزنى خېلى پەزىلەتلىك، ئېسىل ئادەم ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. ئەمما سەن ئۇنداق ئەمەسكەنسەن. پۈتۈن مەككىلىكلەر ۋە ئەتراپتىكى ئەرەبلەر ئۇلۇغلاپ كەلگەن كەئبىنى يىقىتىپ تاشلايمەن دەپ تۇرسام، سەن ئۇنى سورىۋالماستىن، ئىككى يۈز تۆگەڭ بىلەن قالغىنىڭنى قارىمامسەن؟ دەيدۇ. ئابدۇلمۇتتەلىب پادشاھقا: تۆگىلەر ماڭا ئائىت شۇڭا ئۇنى مەن قوغدىشىم كېرەك. ئەمما كەئبە ئاللاھقا ئائىت، ئۇنى ئۆزى قوغدايدۇ، دەيدۇ. سۇنىڭ بىلەن ئەبرەھە ئابدۇلمۇتتەلىبكە ئىككى يۈز تۆگىسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ئەمر قىلىدۇ ۋە كەئبىنى يىقىتىش ئۈچۈن يولىغا داۋام قىلىدۇ.

### كەئبىنى يىقىتماقچى بولغان قوشۇننىڭ ئاقىۋىتى

يەنە مەزكۇر تارىخ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنىشىچە، ئەبرەھە قوشۇنى پىللارنى ئالدىغا سېلىپ كەئبىنى يىقىتىشقا كىرىشىدۇ. ئەمما پىللار كەئبىنىڭ يېنىغا كېلىپ بولۇپ، ئالدىغا ئىلگىرىلىمەستىن تۇرىۋالىدۇ. ئەسكەرلەر پىللارنى ئۇرىدۇ ۋە ئالدىغا مېڭىشقا چاقىرىدۇ. ئەمما پىللار تۇرغان يېرىدىن قوزغالمايدۇ. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بىردىنلا ئاسماندا توپ _ توپ قۇشلار پەيدا بولىدۇ ۋە بۇ قۇشلارنىڭ ھەربىرى ئاغزىدىن تاشلار ياغدۇرۇپ، ئەبرەھە ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھالاك قىلىپ تۈگىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كەئبە ئەبرەھە قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ. شۇ ۋەقەلىك ھەققىدە قۇرئان كەرىمدىن مۇنۇ ئايەت چۈشىدۇ: [رەببىڭنىڭ پىل ئىگىلىرىنى

قانداق قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇ ئۇلارنىڭ سۈيىقەستلىرىنى بەربات قىلمىدىمۇ؟ ئۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە توپ ـ توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى. قۇشلار ئۇلارغا ساپال تاشلارنى ئېتىپ، ئۇلارنى چاينىۋېتىلگەن ساماندەك قىلىۋەتتى][1].

**بۇ قىسسىدىكى ئىبرەتلەر**

بۇ قىسسىدە3 چوڭ ئىبرەت بار.

1. ئۆز ۋەتىنىگە خائىنلىق قىلغان، دۈشمەنلەر بىلەن ھەمكارلاشقان ساتقۇنلار پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ تىلىدا لەنەتكە ئۇچرايدۇ.

2. ئاللاھقا قارشى چىققانلار ئىبرەتلىك ھالدا جازالىنىدۇ. چۈنكى كەئبە ئاللاھنىڭ ئىبادەت ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن ئۆيىدۇر. ئۇنى يىقىتماقچى بولغان ئەبرەھەنىڭ نابۇت بولغانلىقى بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئاللاھنىڭ دىنى بىلەن ئويناشقانلار چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ. ھازىرقى كۈندە مۇسۇلمانلارنى دىنىي پائالىيەتلىرىنى ئەركىن ئېلىپ بېرىشتىن، ۋە دىنىي يوسۇندا كىيىنىشتىن توسۇپ كېلىۋاتقان ھۆكۈمدارلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجىلىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى كۈتسە بولىدۇ. چۈنكى پىرئەرۋەن، قارۇن، ئەبۇ جەھل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ دىنىغا قارشى چىقىپ ئاخىرى ئۆزلىرى مەغلۇپ بولغانلاردۇر.

3. مەغلۇبىيەتنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى ئىشەنچنىڭ يوقلىشى، روھىي مەنىۋىيەتنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى ۋە ئىماننىڭ ئاجىزلىقىدۇر. كاشكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بوۋىسى ئابدۇلمۇتتەلىبتە بولغان ئىشەنچ ئەگەر ھازىرقى مۇسۇلمانلاردا بولغان بولسا ئىدى، ئەھۋال باشقىچە بولغان بولار ئىدى، مۇسۇلمانلار ئاسارەتتىمۇ قالمىغان بولار ئىدى.

[1] مائىدە سۈرىسى.

## دۇنيادىكى ئىقتىساد كرىزىسى ئىسلام قانۇنىنىڭ ئادىللىقىنى ئىسپاتلىدى

ئامېرىكا خەلقئارالىق قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇستازى دوكتور ھۇسەين ھەسساننىڭ «دۇنيادىكى ئىقتىسادىي كرىزىس ئىسلام قانۇنىنىڭ ئادىللىقىنى ئىسپاتلىدى» دېگەن ماقالىسىنى دىققىتىڭلارغا سۇنىمىز.

كاپىتالىزم ۋە سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىساد قانۇنلىرى ئۆزىنىڭ دەۋرگە ماسلىشالمايدىغانلىقىنى ھەر ۋاقىت ئىسپاتلاپ كەلگەن بولسىمۇ، نۆۋەتتىكى دۇنياۋى ئىقتىساد كرىزىسى بۇ ئىككى قانۇننىڭ ھەقىقەتەن يېتەرسىزلىكىنى ۋە ئىسلام قانۇنىنىڭ ئىلغارلىقىنى يەنە بىر قېتىم دۇنياغا نامايان قىلدى.

چۈنكى كاپىتالىزم ۋە سوتسىيالىزم ئىقتىساد قانۇنلىرى ئىنسان تەبىئىتىگە يات ھالدا، ئىنسانى ئېھتىياجلارنى غەرەزلىك ھالدا پايدىلىنىپ، قەرزگە موھتاج بولغانلارنى قاتمۇقات ئۆسۈم تۆلەسكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئەمما ئىسلام قانۇنى ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا قەرز بېرىشىش ئىشلىرىنى بەدەلسىز ھالدا ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلىدۇ. دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ چۆكۈشىنىڭ ئاسىلىق سەۋەبى ئۆسۈمدىن ئىبارەت بولغانلىقىنى ئىقتىساد مۇتەخەسسىسلىرى سۆزلىمەكتە. چۈنكى ئۆسۈم ئىنسانلاردىكى ئۆزئارا دوستانىلىقنى ۋە ياردەمسۆيەرلىكتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقنى يىمرىپ تاشلايدىغان، ھەممە نەرسىنى ماددىغا باغلايدىغان بىر يامان ئاپەت بولۇپ، ئاللاھ تائالا شۇ سەۋەبتىن ئۆسۈمنى قەتئىي ھارام قىلىشۋەتكەن. مەلۇمكى، ئۆسۈم ئەخلاقىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردىن ئىنسانلارنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىتىدىغان بىر ئاپەتتۇر. شۇڭا ئىسلام دىنى ئۆسۈمنى قەتئىي ھارام قىلىپ ئۆسۈم مۇئامىلىسى قىلغۇچىلارنى دۇنيادا ۋەيرانچىلىق ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇردى. دۇنيا ئىقتىساد مۇتەخەسسىسلىرى ئۆسۈمنى نۆلگە چۈشۈرۈش ياكى ھېچبولمىغاندا ئۆسۈمنى تۆۋەنلىتىش لازىملىقىنى سۆزلىمەكتە.

پۈتۈن ساماۋى دىنلار ئۆسۈمنى ھارام دەپ بىلىدۇ. چۈنكى ساماۋىي دىنلار ئىنسانلارنى ئىككىلى ئالەمدە بەختلىك قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بولغانلىقتىن، ئىنسانلارنىڭ بىر _ بىرىدىن ئۆسۈم يېيىشى بۇ دىنلارنىڭ روھىغا توغرا كەلمەيدۇ، ئۆسۈم بىلەن مۇئامىلە قىلىش ھەق دىنىنىڭ تەلىماتىغا خىلاپلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانىي ئەخلاققا زىت كېلىدىغان يامانلىقتۇر. شۇڭا بارلىق ساماۋىي دىنلار ئۆسۈمنى ھارام سانايدۇ. پەقەت يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «تەۋرات»نى ئۆزگەرتىۋەتكىنىدىن كېيىن، يەھۇدىيلارنىڭ يەھۇدىيلاردىن باشقىلىرى ئۈچۈن جازانە قىلىشىنى، ئۆسۈم يېيىشىنى ھالال سانىغان. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: [ ئاللاھ جازانىنى (بەرىكەتسىز، پايدىسىنى يوق قىلىپ، ئۇنىڭغا ئارىلاشقان مالنى) تۈزۈتۈۋېتىدۇ ][1] دەپ كۆرسەتكەن. پۈتۈن دىنلار ئىنسانلار ئىقتىساد جەھەتتىن قىيىن ھاللارغا چۈشۈپ  قېلىپ بىراۋلاردىن قەرز سورىسا، ئۆسۈمسىز قەرز بېرىش پەزىلەت ۋە ئىنسانى خىسلەت دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ، ئۆسۈمنى بەدەلسىز سۈمۈرۈش دەپ تونۇيدۇ. ئىنسانلار ماددىغا چوقۇنۇشقا باشلاپ، ئىلاھىي تەلىماتلارنى ئۇنۇتقاندىن كېيىن، دىنىي ۋە ئىنسانى پەزىلەتلەرنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەن، بىراۋغا بىرەر ياخشىلىق قىلىپ قويسا ئۇنىڭ بەدىلىنى سورايدىغان، قەرز بېرىپ تۇرسا ئۇنىڭ ئۆسۈمىنى سورايدىغان بولۇپ قالغان. مېھرى _ مۇھەببەت، ئۆزئارا ياردەم يوقالغان جەمئىيەتتە ھەرخىل كرىزىسلارنىڭ يۈز بېرىشى نورمال ئەھۋال.

ئىسلامىي بانكىلار ئىسلام ئىقتىساد قانۇنىنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا مۇناسىپ، ئىنلار ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئەرەب قولتۇقى دىلىرىدىكى بەزى ئىسلامىي بانكىلار ئاز ۋاقىت ئىچىدە سۇنچىلىك يۈكسەلگەن ئۆزىنى ۋە ئىنسانلارنى مەمنۇن قىلالىغان. مەسىلەن: قاتارنىڭ گاز شىركىتى 7 مىليارد دوللار بىلەن ئىش باشلىغان بولۇپ، ئاز ۋاقىت ئىچىدە چوڭايغاندىن باشقا، كۆپلىگەن نامرات دۆلەتلەرنىڭ يوللىرىنى ياساش، كۆۋرۈك سېلىش ، ئايرودۇرۇملىرىنى سېلىش، يېڭى شەھەرلەرنى بەرپا قىلىش قاتارلىق كۆپلىگەن ئىنسانىي ياردەملەرنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. مۇندىن باشقا كۇۋەيت، سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئىسلامىي بانكىلار كۈندىن كۈنگە يۈكسەلمەكتە ۋە ئىنسانى خىزمەتلىرىنىڭ تۈرلىرى ئاشماقتا. نۆۋەتتىكى دۇنياۋى ئىقتىساد كرىزىسىدا سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ ھېچقانداق كرىزىس ياكى زىيانغا ئۇچرىمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ، بۇ مەملىكەتلەردىكى بانكىچىلىق ۋە مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ ئىسلامى پىرىنسىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلغانلىقىدىن ئىدى.

ئىنسانلار باشقىلارنىڭ ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭمۇ پايدا _ زىيانلىرىنى بىلەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىلاھىي تەلىماتلارغا ۋە ئىلاھى قانۇنغا ھەر ۋاقىت موھتاج.

### ئىشلەپچىقىرىش پەرزدۇر

ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ بىلىشى زۆرۈر بولغان ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى، ئىشلەپچىرىش پەرزدۇر! ئىسلام دىنىدا ھالال رىزىق ئۈچۈن ئىشلەش پەرز ھەم ئىبادەتتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: (ئاللاھ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى بۇرۇنقىلارنى يەر يۈزىدە خوجايىن قىلغاندەك خوجايىن قىلىدۇ) دەپ كۆرسەتكەن. ياخشى ئەمەل _ مەيلى ئىبادەت بولسۇن، مەيلى

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 276_ ئايەت.

تىرىكچىلىك بولسۇن ئىسلام كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىقلا بولىدىكەن ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇسۇلمانلار چوقۇم باي بولۇشى ۋە باشقىلاردىن ياخشى ياشىشى لازىم. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى ئۇلارنى ئىشلەشكە، ئىجاد قىلىشقا ۋە كەسىپ قىلىشقا چاقىرىدۇ، ھەممە توغرا نىيەت بىلەن قىلىنغان بۇ ئەمەللەرنى ئىبادەتتىن ساناپ ئاللاھنىڭ ساۋاپ بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا دۇنيادىكى بايلىقلارنى پۈتۈن ئىنسانلارغا يېتىدىغان مىقداردا بەرگەن بولسىمۇ، ئىنسانلاردىكى شەخسىيەتچىلىك ۋە ئاچكۆزلۈكلەر نۇرغۇن ئىنسانلارنىڭ نامراتلىق ۋە يوقلۇق ئىچىدە ھايات كەچۈرىشىگە سەۋەپ بولماقتا. ئەگەر مۇسۇلمان بايلار زاكاتلىرىنى تولۇق ئايرىپ، كامىل ئادا قىلىدىغان بولسا، دۇنيادا نامراتلىقتىن قىينىلىدىغان مۇسۇلمان قالماس ئىدى. چۈنكى، دۇنيادا پۇل _ ماللىرىغا مىليونلاپ زاكات كېلىدىغان مۇسۇلمان بايلارمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن: سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى مەلۇم بىر پاي شېرىكتىنىڭ دەسمايىسى 600 مىليارد دوللار بولۇپ، ئەگەر يۈزدە ئىككى يېرىمدىن زاكات ئايرىيدىغان بولسا، مىليونلاپ زاكات ئايرىيدۇ. بۇ مىقداردىكى زاكات بىلەن كۆپلىگەن نامرات ئائىلىلەرنى قۇتقۇزغىلى بولىدۇ. مۇندىن باشقا ئەرەب دۆلەتلىرىدە، تۈركىيىدە ۋە باشقا مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىدە مىليونلاپ زاكات ئايرىيدىغان بايلار ئاز ئەمەس. مۇسۇلمانلار زاكاتلىرىنى تولۇق ئايرىيدىغان بولسا، ئافرىقىدا، جەنۇبى ئاسىيا ۋە جەنۇبى شەرقى ئاسىيادىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان مۇسۇلمانلارنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۇلارنى نورمال تۇرمۇش سەۋىيىسىگە ئېلىپ چىققىلى بولىدۇ، غەززىدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دەردلىرىنى يەڭگىللەتكىلى بولىدۇ.

# زۇلۇم ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتىكى تەسىرى

«زۇلۇم» سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى: ھەقسىزلىق قىلىش، ئۇۋال قىلىش ۋە ھەددىدىن ئېشىش دېگەنلىك بولۇپ، بىر نەرسىنى ئۆز ئورنىدا قويماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. «زۇلۇم» سۆزى ئىستىلاھتا كۆپلىگەن مەنىلەردە كېلىدۇ، ئەمما ھەممىسى ھەقىقەتتىن بۇرۇلۇپ ناھەق ئىش قىلىش دېگەن مەنىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. قىسقىسى، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى جايىدا قىلماسلىق ۋە ئۇنى باشقىچە قىلىش زۇلۇمدۇر. ئەمما «زۇلۇم» سۆزىدىن مەسئۇللارنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىگە ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ خەلققە قىلىدىغان زۇلۇملىرىنىلا چۈشىنىۋېلىش چوڭ خاتالىقتۇر. چۈنكى زۇلۇمنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ھاياتلىقنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ۋە ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسىدە دېگۈدەك كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

زۇلۇم قىلىش قەتئىي ھارامدۇر. ئاللاھ تائالا زۇلۇمنىڭ ھەممە تۈرىنى چەكلىگەن بولۇپ، زۇلۇم قىلغۇچىلار چوقۇم جازاسىنى تاپىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىپ: [سىلەردىن كىمكى زۇلۇم قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بىز چوڭ ئازابىمىزنى تېتىتىمىز ][1] دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى زۇلۇم قىيامەت كۈنىدە زۇلمەتلەرگە ئايلىنىدۇ»[2] دېگەن. ئۆلىمالار بۇ يەردىكى «زۇلمەتلەر»نى زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ يولىنى توسىدىغان قاراڭغۇلۇقلار ياكى ئۇنىڭ بېشىغا كېلىدىغان زور قىيىنچىلىقلار  دەپ شەرھلىگەن.

### ئەڭ چوڭ زۇلۇم

زۇلۇمنىڭ ئەڭ چوڭى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر. [ئۆز ۋاقتىدا لوقمان ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: «ئى ئوغلۇم! ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن. چۈنكى شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ زۇلۇم (يەنى ئېغىر گۇناھ) دۇر» دېگەن ئىدى][3]. ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا دۇئا قىلىپ ئىلتىجا قىلىش ۋە مال بوغۇزلىغاندا ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاشمۇ چوڭ زۇلۇمدۇر. [ئاللاھنى قويۇپ، ساڭا پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنمىغىن، ئۇ چاغدا سەن چوقۇم (ئۆزۈڭگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن][4].

### زۇلۇمنىڭ تۈرلىرى

1. ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئۆزى ئۇۋال قىلىشى

بۇ دىنىنىڭ ۋە ئەقلىنىڭ چەك _ چېگرىسىدىن چەتنەپ كېتىش ۋە ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىش بىلەن بولىدۇ. شەكسىزكى، ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشى ۋە گۇناھ _ مەئسىيەتلەرنى سادىر قىلىشى ئۇنىڭ ئۆز _ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلىقىدۇر. [كىمكى ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدىن چىقىپ كېتىدىكەن، ئۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ][5].

2. ئاتا _ ئانىلارنىڭ باللىرىنى تەربىيەلەش ئىشلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلماسلىق ئارقىلىق ئۇلارغا ئۇۋال قىلىشى

[ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا _ چاقاڭلارنى يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاش بولىدىغان، قاتتىق قول پەرىشتىلەر مەسئۇل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار][6]. شەكسىزكى، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى ۋە بالا _ چاقىلىرىنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلاپ قېلىشىنىڭ بىردىنبىر چارىسى ئۇلارنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە تەربىيەلەپ چىقىپ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشتۇر. باللارنى ئىمان ۋە ئىسلام بىلەن تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇلارنى ئوقۇتۇش، شۇنداقلا قىلىشقا تېگىشلەرنىڭ ھەممىسىنى جايىدا قىلىش ئاتا– ئانىلارنىڭ بۇرچىدۇر. شۇڭا ئاتا–ئانىلارنىڭ ئۆز ئۈستىدىكى پەرزەنت ھەقلىرىنى جايىدا ئادا قىلماسلىقى ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە زۇلۇم قىلغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

3. باللارنىڭ ئاتا _ ئانىسىنى قاقشىتىشى ۋە ئۇلارغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلماسلىقى

باللارنىڭ ئاتا _ ئانىسىغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلماسلىقى، ئۇلارنى رەنجىتىپ قويۇشى، ھەتتا ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە تېگىدىغان ئاددىي ئىشنىمۇ سادىر قىلىشى ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلىقىدۇر. [رەببىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا _ ئاناڭلارغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىشىڭلارنى پەرز قىلدى][7]. دېمەك، ئاتا _ ئانىغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش پەرزدۇر. شۇڭا بۇ

---

[1] فۇرقان سۈرىسى، 19- ئايەت

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[3] لۇقمان سۈرىسى، 13-ئايەت.

[4] يۇنۇس سۈرىسى،106-ئايەت.

[5] تالاق سۈرىسى،1-ئايەت.

[6] تەھرىم سۈرىسى، 6-ئايەت.

[7] ئىسرا سۈرىسى،23-ئايەت.

پەرزىنى ئادا قىلماسلىق ياكى ئادا قىلىشتا كەمچىلىك سادىر قىلىش ئاتا–ئانىغا زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ پەرزنى تەكىتلەپ يەمە مۇنداق دېگەن: ((ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا _ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىرى قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر)[1].

4. قوشنىلارغا ئازار بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلماسلىق.

شەكسىزكى، قوشنىلارنى بىئارام قىلىش، ئۇلارغا ئەزىيەت بېرىش ۋە قوشنىدارلىق ھەققىنى ئادا قىلماسلىق ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: «يا رەسۇلۇللاھ! بىر ئايال بار، ئۇ ناماز ئوقۇيدۇ، روزا تۇتىدۇ ۋە سەدىقىنى كۆپ قىلىدۇ. لېكىن قوشنىسىغا تىلى بىلەن ئەزىيەت بېرىدۇ» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ»[2] دېگەن. بۇ ھەدىستە مەزكۇر ئايالنىڭ قوشنىسىغا ئەزىيەت يەتكۈزگەنلىكى ئۇنىڭ دوزاخ ئەھلىدىن بولۇپ كېتىشىگە سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىلگەن.

5. بايلارنىڭ يوقسۇللارغا زۇلۇم قىلىشى

چۈنكى قول ئىلكىدە بار كىشىلەرنىڭ يوقسۇللارغا تېگىشلىك ھەققىنى بەرمەسلىكى، زاكات پەرزىنى ئادا قىلماسلىقى ۋە سەدىقە، خالىسانە ياردەم قاتارلىق ئىشلارنى تەرك ئېتىشى ئۇلارنىڭ يوقسۇللارغا زۇلۇم قىلغانلىقىدۇر. چۈنكى زاكات ۋە سەدىقە قاتارلىقلار يوقسۇللارنىڭ بايلار ئۈستىدىكى ھەققىدۇر. [ئۇلارنىڭ پۇل _ مېلىدا تىلەيدىغان ۋە (ئىپپەتلىك بولغانلىقتىن) تىلىمەيدىغان ھاجەتمەنگە (بېرىشكە تېگىشلىك) مۇئەييەن ھەق بار][3].

6. ئۇرۇق–تۇغقانلارغا زۇلۇم قىلىش

شەكسىزكى، تۇغقاندارلىقنى داۋاملاشتۇرماسلىق، ئۇرۇق _ تۇغقانلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم قىلماسلىق ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. چۈنكى تۇغقاندارلىقنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئۇرۇق _ تۇغقانلار ئىچىدىكى ماددىي ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولغانلارغا ياردەم قىلىش پەرزدۇر. [تۇغقانغا، مىسكىنگە، مۇساپىرغا (بېرىشكە تېگىشلىك) ھەققىنى بەرگىن)[4]. تۇغقاندارلىقنى ئۈزۈپ قويۇش ئېغىر گۇناھتۇر ۋە جەننەتكە كىرىشكە توسالغۇدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تۇغقاندارلىقنى ئۈزۈپ قويغان ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ»[5] دېگەن. تۇغقاندارچىلىقنىڭ يۇقىرىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئۆچۈن ئۆزىنىڭ مال دۇنياسى، يۈز - ئابرۇيىنى ۋە ماددىي ھەم مەنىۋى كۈچىنى ئايىماسلىقتۇر، ئۇنىڭ ئەقەللىيسى ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىش ۋە تەبەسسۇم بىلەن قاراشتىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى كىشىلەرگە چىرايلىق سۆز قىلىش ۋە تەبەسسۇم بىلەن قاراش ھەم ئىبادەت ھەم سەدىقىدۇر.

7. مۇئەللىمنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا زۇلۇم قىلىشى

بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا يېتەرلىك تەربىيە بەرمەسلىكى، ئۇلارنى قېتىرقىنىپ ياخشى ئوقۇتماي ئۆمرىنى زايە قىلىۋېتىشى ياكى ئۇلارنىڭ ئىمتىھاندا كۆچۈرۈپ تاپشۇرۇشىغا كۆز يۇمۇشى ياكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئادالەتلىك بولماستىن، بەزى ئوقۇغۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، بەزىسىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىكى ياكى بەزىسىنى سىنىپتىن ئۆتكۈزۈپ بەزىسىنى سىنىپتا قالدۇرۇپ قويۇشى قاتارلىق ئىشلار بىلەن بولىدۇ. چۈنكى مۇئەللىم مۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئۇۋال قىلغان بولىدۇ.

8. مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلىش

يەنى مۇسۇلمانلارنى ئۇلارنىڭ پىكىر–ئېقىمى ياكى مەزھىپى سەۋەبلىك چەتكە قېقىش ياكى ئۇلارغا مۇئامىلىدە ئادالەتسىزلىك قىلىش ۋە ياكى ئۇلارنىڭ ھەق _ ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىش، تۆھمەت چاپلاش، غەيۋەت قىلىش، مەسخىرە قىلىش، ھەققىنى يەۋېلىش، ئالداش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، خىيانەت قىلىش، ھەسەت قىلىش، لەقەم قويۇش، ئەيىبىنى ئىزدەش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا ئۇۋال قىلغانلىقتۇر. بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمانغا يامانلىق قىلىشى ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە يامانلىق قىلغانلىقىدۇر. چۈنكى ئۇلار بىر گەۋدە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بىر – بىرىڭلارغا ھەسەت قىلماڭلار، بىر– بىرىڭلارنى ئالدىماڭلار، بىر– بىرىڭلارنى يامان كۆرمەڭلار، بىر– بىرىڭلارغا دۈشمەن بولماڭلار، بىر– بىرىڭلارنىڭ سودىسىنى بۇزماڭلار. ئۆز ئارا قېرىنداشلاردىن بولۇپ، ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىدىن بولۇڭلار. مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ، خورلىمايدۇ. تەقۋالىق قەلبتە، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى خور كۆرگەن ئادەمدىنمۇ يامان ئادەم يوق. بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈشى، پۇل– مېلىنى تارتىۋېلىشى ۋە ئابرۇيىنى تۆكۈشى قەتئىي ھارامدۇر»[6].

9. مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىش

چۈنكى مۇسۇلمانلار مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرگىمۇ ياخشى، ئادالەتلىك ۋە توغرا مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇلغان. بارلىق مۇئامىلە تۈرلىرىدە ئۇلارغا ئايرىمچىلىق قىلماستىن، ھەقسىزلىق قىلماستىن، توغرا ۋە ئادالەتلىك مۇئامىلە قىلىش، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن قولدىن كېلىشىچە ئۇلارغا ئىنسانىي ياردەم قىلىشقا بۇيرۇلغان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە بىزگە تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېگەن: (كاپىرلاردىن سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا

---

[1] لوقمان سۈرىسى 14 ـ ئايەت
[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
[3] مەئارىج سۈرىسى،24-25-ئايەتلەر.
[4] ئىسرا سۈرىسى 26 ـ ئايەت.
[5] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
[6] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئادالەت بىلەن ئىش قىلغۇچىلارنى ياقتۇرىدۇ)[1].

10. ھايۋانلارغا زۇلۇم قىلىش

چۈنكى ھايۋانلارغا كۆتۈرەلمەيدىغان ئېغىر يۈكلەرنى ئارتىش، ئۇلارنى ياخشى باقماي ئاچ ياكى سۇسىز قويۇش، ئۇرۇپ قىيناش، ئوق ئېتىش مەشىقلىرىدە نىشان قىلىش، ئۇلارنى بىر – بىرى بىلەن سوقۇشتۇرۇش. مەسىلەن: ئىت تالاشتۇرۇش، خوراز چوقۇشتۇرۇش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھايۋانلارغا زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. ھەتتا ھايۋانلارنى بوغۇزلاشتىمۇ قاتتىق قوللۇق قىلىش چەكلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «ئاللاھ ھەممە نەرسىگە رەھىم – شەپقەت قىلىشنى پۈتتۈۋەتتى. مال بوغۇزلىغاندا ياخشى بوغۇزلاڭلار، پىچاقنى ئىتتىك قىلىڭلار ۋە مالنىڭ جېنىنى قىينىماستىن چىقىرىڭلار»[2] دەپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئۇسسۇزلۇقتىن قاتتىق قىينىلىپ كېتىپ، قۇدۇقنىڭ يېنىدىكى ھۆل تۇپراقنى يېيىشكە باشلىغان بىر ئىتنى كۆرگەن بىر ئادەمنىڭ ئىتقا ئىچ ئاغرىتقانلىقتىن، ئايىغىنى سېلىپ، ئۇنىڭغا قۇدۇقتىن سۇ تولدۇرۇپ چىقىپ بۇ ئىتنى سۇغۇرۇپ قويغانلىقى سەۋەبلىك پۈتۈن گۇناھلىرى كەچۈرۈلۈم قىلىنىپ جەننەت ئەھلى بولۇپ كەتكەنلىكى، بۇنىڭ ئەكسىچە، بىر ئايالنىڭ بىر مۈشۈكنى سۇ ياكى نان بەرمەستىن باغلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغانلىقى ئۈچۈن دوزاخ ئەھلىدىن بولۇپ كەتكەنلىك قىسسىسىنى ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق ھايۋانلارغا رەھىم – شەپقەت قىلىشنىڭ نەقەدەر چوڭ ئىبادەت ۋە دىنىي ھەم ئىنسانىي مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرغان[3].

11. يالغان سۆزلەش ۋە سۆزىدە تۇرماسلىق بىلەن زۇلۇم قىلىش

شەكسىزكى، يالغان سۆزلەش ئەڭ چوڭ ھەقسىزلىق ۋە قەبىھ زۇلۇمدۇر. چۈنكى يالغان ئېيتقان ئادەم ئاللاھ تائالا چەكلىگەن يالغان سۆزنى سۆزلەش بىلەن ئۆزىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا ھەقلىق قىلغان بولىدۇ ھەم باشقىلارنى بۇ يالغان سۆزگە ئىشەندۈرۈش بىلەن ئۇلارغا زىيان _ زەخمەت يەتكۈزگەن بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى قەتئىي ھارامدۇر. ھەقىقىي مۇسۇلمان ئادەم ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيدۇ. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئوغرىلىق قىلىشى مۇمكىنمۇ؟» دەپ سورالغىنىدا، «ھەئە، مۇمكىن» دەپ جاۋاب بەرگەن. «مۇسۇلمان ئادەمنىڭ زىنا قىلىشى مۇمكىنمۇ؟» دەپ سورالغىنىدا، «ھەئە، مۇمكىن» دەپ جاۋاب بەرگەن. يەنە «مۇسۇلمان ئادەمنىڭ يالغان ئېيتىشى مۇمكىنمۇ؟» دەپ سورالغىنىدا، «ياق، مۇمكىن ئەمەس»[4] دەپ جاۋاب بەرگەن.

شۇنىڭدەك، سۆزىدە تۇرماسلىق ۋەدىلىشىپ قويغان ئادەمگە قارىتا قىلىنغان ئەڭ چوڭ زۇلۇمدۇر. چۈنكى ۋەدىسىدە تۇرمىغان ئادەم ۋەدىلىشىپ قويغان ئادەمنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئىشەنچىنى يەردە قويغان بولىدۇ. سۆزىدە تۇرماسلىق، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىش دۇنيادا ھەممە ئادەم ئۆچ كۆرىدىغان يالغانچىلىق بولۇپ، بۇ ئىللەت كىمدە بولسا شۇ ئادەم ياخشىلىق كۈتۈشكە يارىمايدىغان، ئىشەنگىلى بولمايدىغان، يارامسىز ئادەم ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئادەم ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا نۇرغۇن زىيانلارنى كەلتۈرىدۇ. ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق، لەۋزى قىلغان ئىشقا ئىگە بولماسلىق ئىماننىڭ ئاجىزلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان مۇناپىقلىق خاراكتېرىگە ئىگە يالغانچىلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇناپىقلىقنىڭ ئالامەتلىرىنى بايان قىلىپ: «مۇناپىقلىقنىڭ بەلگىسى ئۈچ بولۇپ، ئۇلار: يالغان سۆزلەش، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش»[5] دەپ كۆرسەتكەن. مانا بۇ ئۈچ ئىش ئىشەنچنى يوقىتىشنىڭ ئامىلىدۇر.

12. پارا بېرىش ياكى ئېلىش ئارقىلىق زۇلۇم قىلىش

بىراۋغا پارا بېرىش بىلەن باشقىلاردىن پارا ئېلىش ھەر ئىككىلىسى زۇلۇمدۇر. چۈنكى پارا ئالغان ياكى پارا بەرگەن ئادەم بۇ ئىشنى پەقەت باشقىلارنىڭ ھەققىنى دەپسەندە قىلىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش ئۈچۈنلا قىلىدۇ. پارىخورلۇق _ بىراۋنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش، ياكى ئۇنىڭ خىزمەت ئورنىنى تارتىۋېلىش، ياكى ئۇنىڭغا كەلگەن ئامەتنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش، ياكى گۇناھسىز بىرىنى قارىلاش، ياكى بىرەر جىنايەتكارنى ئاقلاش، ياكى ئۇنىڭ جىنايىتىنى يېنىكلىتىش، ياكى قانداقلا بىر داۋا ئىشىدا قارشى تەرەپنىڭ ھەققىنى ئۆزىگە قارىتىشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىش ئۈستىدىكىلەرگە مەلۇم مىقداردا پۇل، ياكى پۇلغا توختايدىغان بىر نەرسە بېرىش دېگەنلىك بولۇپ، پارىنى بەرگەن ۋە ئالغان ھەر ئىككىسى ئاللاھنىڭ ئالدىدا قاتتىق گۇناھكار، ئىنسانىيەت ئالدىدا ئەيىبكار بولىدۇ.

پارىخورلۇق ئەڭ يامان خىيانەتچىلىك بولۇپ، ھەق – ھوقۇقلارنىڭ زايە بولۇشىغا، ئادالەتسىزلىك ۋە ھەقسىزلىككە، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە نامەردلەرچە خىرىس قىلىشقا، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىگە تاجاۋۇز قىلىشقا، تۆھمەتلەرنى ئارتىپ ئۇلارنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈشكە، جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزۇشقا، خاتىرجەملىك، ئامانلىق ۋە ئىشەنچنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىنتايىن قەبىھ ۋە

[1] مۇمتەھىنە سۈرىسى، 8 – ئايەت.
[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[3] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بۇ ماۋزۇدىكى ھەدىسكە قاراڭ.
④ ئىبنى جەرىر، ئىبنى ئەساكىر رىۋايىتى
⑤ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

رەزىل قىلمىش بولغانلىقى ئۈچۈن پارا بېرىش ياكى ئېلىش ئىسلام دىنىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دىنلاردا ۋە پۈتۈن قانۇنلاردا قەتئىي ھارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ پارا بەرگۈچىگە، ئۇنى ئالغۇچىغا ۋە ئۇنىڭغا ۋاستە بولغۇچىغا لەنەت قىلدى»① دېيىش ئارقىلىق پارىخورلۇق جىنايىتىنىڭ دائىرىسىنى ۋە جازاسىنى بايان قىلغان. ئاللاھنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغانلىق ئاخىرەتلىك نېسىۋىدىن پۈتۈنلەي قۇرۇق قالغانلىقتۇر. ئىسلام ئۆلىمالىرى ئىنسان ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئېلىش ياكى يوللۇق ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن پارا بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالسا، باشقىلارغا زىيان– زەخمەت يەتكۈزمەسلىك شەرتى بىلەن پارا بېرىپ بولسىمۇ، ئۆز ھەققىنى قوغدىسا گۇناھ بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

13. سودىدا ئالدامچىلىق قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىش

ساتماقچى بولغان مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇش، يالغان سۆزلەش، ساتماقچى بولغان ماللىرىغا باشقىلارنىڭ ماركىلىرىنى ئوغرىلىقچە چاپلاپ سېتىش، تارازىدا ياكى ئۆلچەمدە كەم تارتىپ بېرىش، خېرىدار ئەمەس بىرىنى خېرىدار ئورنىدا كۆرسىتىپ ئۇنى يۇقىرى باھادا تەلەپ قىلدۇرۇش ئارقىلىق راستىنلا ئالىدىغان خېرىدارلارنى ئالداپ سېتىۋېلىش، چارۋا ماللارنى سېتىشقا ئېلىپ چىقىشتىن بۇرۇن مەخسۇس دورىلار بىلەن يالغاندىن سەمرىتىپ خېرىدارلارنىڭ كۆزىنى بوياش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سودىدا ئالدامچىلىق قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرگە زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا: (ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىر _ بىرىڭلارنىڭ پۇل _ مېلىنى ھارام يوللار بىلەن يەۋالماڭلار)② دەپ توسقان. يۇقىرىقى ئالدامچىلىق تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ پۇل _ مېلىنى ناھەق يەۋالغانلىقتۇر.

14. چېقىمچىلىق قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىش

شەكسىزكى، بىراۋنى زالىم ھۆكۈمدارلارغا مەلۇم قىلىپ قويۇش ياكى ئۇنى باشقىلارغا يامان كۆرسىتىش ئۇنىڭغا ئەڭ چوڭ زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. چۈنكى چېقىمچىلىق — بىراۋنى زىيانغا ئۇچرىتىش ئۈچۈن ئۇنى زالىملارغا مەلۇم قىلىپ قويۇش ياكى ئىككى كىشىنى بىر _ بىرىگە دۈشمەن قىلىش ئۈچۈن بىرى توغرۇلۇق ئاڭلىغان بىر _ ئىككى ئېغىز گەپنى، يالغان سۆزلەر بىلەن كۆپتۈرۈپ يەنە بىرىگە يەتكۈزۈشتۇر. چېقىمچىلىق گەپ توشۇشتىن ئىبارەت سۇخەنچىلىكتىن پەرقلىق جىنايەتتۇر. چۈنكى گەپ توشۇش مەقسەتسىزمۇ ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەمما چېقىمچىلىق پەقەت بىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىش ئۈچۈن رەزىل مەقسەت بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىر قېتىملىق چېقىمچىلىقنىڭ سەۋەبى بىلەن دوستلار ۋە ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك پەيدا بولۇپ، بەختنىڭ ئاساسى بولغان خاتىرجەملىك، ئىناقلىق بۇزۇلىدۇ. چېقىمچىلىققا قارشى تۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى— چېقىمچىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماسلىق ياكى ئىشەنمەسلىكتۇر. چېقىمچىنىڭ يامان ئاقىۋىتى توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى كىشىنىڭ باشقىلار ئاڭلاپ قېلىشىنى ياقتۇرمايدىغان سۆزىنى يەتكۈزۈپ قويىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقىغا قوغۇشۇن قويۇلىدۇ»③ دەپ كۆرسەتكەن.

① ئىمام بۇخارى، ئەھمەد رىۋايىتى
② نىسا سۈرىسى 29 - ئايەت
③ ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

# تەبەسسۇمنىڭ مۆجىزىلىك سىرى

نورمال كۈلكە غەمكىنلىكنى يوق قىلىش، كۆڭۈلنى راھەتلەندۈرۈش ۋە روھنى كۆتۈرۈشتە سېھىرلىك كۈچكە ئىگىدۇر. ئىنسانلىقنىڭ ئىپتىخارى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەبەسسۇم بىلەن قەلبلەرگە كىرىش مۆجىزىسىنى ئىنسانىيەتكە ئۆگەتكەن. ئۇ كىشىلەرنى تەبەسسۇمدىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزلەشتۈرۈشكە تەشەببۇس قىلىپ: «قېرىندىشىڭنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم بىلەن قارىشىڭ سەدىقىدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن. تەبەسسۇمنىڭ شۇنداق مۆجىزىلىك سېھرى كۈچى شۇ قەدەر ئوچۇق تۇرسىمۇ، بەزى كىشىلەر ئۇلاردىن ھېچقانداق بەدەل تەلەپ قىلمايدىغان مۇشۇ بىر لەھزىلىك تەبەسسۇمغا بېخىللىق قىلىش بىلەن ئۆزىگە، ئائىلىسىگە ۋە ئەتراپىدىكىلىرىگە بەختسىزلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ شۇ بىر لەھزىلىك تەبەسسۇمغا بولغان بېخىللىقىدىن ئۇلارنىڭ چىشلىرىنى ئايلاپ، يىللاپ بىرەر قېتىم كۆرەلمەيسىز. ھەتتا ئۇلارنىڭ چىشلىرىنى ئەۋرەتمىكىن دەپ ئويلاپ قالىسىز. مۇنداقلار ئىسلام پەيغەمبىرىنىڭ ئېسىل ھەدىيەلىرىدىن مەھرۇم قالغان ۋە تەبەسسۇمدىكى مۆجىزىنى تونۇمىغانلاردۇر.

توغرا، گاھىدا ئىنساننىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت ياكى غەم – قايغۇ سەۋەبلىك بىر قانچە سائەت غەمكىنلىك بولۇشى نورمال. ئەمما ھەمىشە، كۈنلەرچە، ئايلارچە، ھەتتا يىللارچە چىرايى سوغۇق، قاپىقى تۈرۈلگەن، ئىچىنى دەرتلەر بىلەن تولدۇرغان ھالدا يۈرۈش بەختسىزلىكتۇر.

## تەبەسسۇمنىڭ ئەھمىيىتى

مۇسۇلمانلاردىن ۋە باشقا دىندىكىلەردىن بولغان ئاقىللار تەبەسسۇمنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ سېھىرلىك تەسىرىنى بۇرۇندىنلا كەشىپ قىلغان بولۇپ، ئۇنى تەشۋىق قىلغان. دائىل كارنېگ «دوستلارنى قانداق تاللايسەن ۋە كىشىلەردە تەسىر قالدۇرالايسەن» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «چىرايىنىڭ ئىپادىسى ئىگىسىنىڭ ھېس – تۇيغۇلىرىنى كۆرسىتىدىغان ئەينەكتۇر. ئوچۇق چىراي بولۇش، تەبىئىي تەبەسسۇم قىلىش دوستلارنى قازىنىش ۋە باشقىلار بىلەن ھەمكارلىق كۆۋرۈكىنى قۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى چارىدۇر. بۇ قارشى تەرەپكە ماددىي شەيئىلەردىن كۆپلەپ بەرگەندىن ياخشى ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك ئىشتۇر. ئىچتىن كەلگەن تەبىئىي تەبەسسۇم سۆيگۈنىڭ رەمزىسى ۋە راستچىللىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.»

دائىل كارنېگ يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئوقۇغۇچىلىرىمدىن ھەر بىرىنىڭ مۇئەييەن بىر كىشىنىڭ يۈزىگە ھەر كۈنى تەبەسسۇم قىلىشنى تاپشۇردۇم. ئۇزۇن ئۆتمەيلا سودىگەرلەردىن بولغان بىر ئوقۇغۇچۇم كېلىپ ماڭا مۇنداق دېدى: ‹مەن تەبەسسۇم قىلىشىم ئۈچۈن ئايالىمنى تاللىغان ئىدىم. ئۇ مەندىن بىرەر قېتىممۇ تەبەسسۇمنى كۆرمىگەن ئىدى. نەتىجىدە، مەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ھېس قىلمىغان سائادەتنى تېپىدىم. شۇندىن بېرى ئۇچرىغانلا ئادەمگە تەبەسسۇم قىلىدىغان بولدۇم. شۇندىن بېرى كىشىلەر مەن بىلەن كۆپ ئارىلىشىدىغان، بىرەر ئېھتىياجىم بولسا دەرھال كېلىدىغان بولدى. نەتىجىدە، ھاياتنىڭ نەقەدەر ئىللىق ئىكەنلىكىنى سەزدىم. تەبەسسۇمدىن ئالغان پايدىلىرىمنى سۆزلەپ تۈگىتەلمەيمەن›. ئەگەر بىلسىڭىز تەبەسسۇم دېگەن سىزدىن بىر تىيىن تەلەپ قىلمايدىغان، ئازراقمۇ مۇشەققەتكە قويمايدىغان، ناھايىتى ئاسان ۋە ئەرزان بىر نەرسە. ئەمما ئۇنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان پايدىلىرى ۋە ئىجابىي نەتىجىلىرى شۇنچە كۆپ. تەبەسسۇم قىلىش بىر لەھزىدىن ئارتۇق ۋاقىت تەلەپ قىلمايدۇ سىزدىن. ئەمما ئۇنىڭ تەسىرى يىللارچە، ھەتتا بىر ئۆمۈر كۆڭۈللەردە قالىدۇ. دۇنيادا تەبەسسۇم قىلىشقا چامى يەتمەيدىغان پېقىر يوق. ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولالايدىغان باي يوق. ھەركىم ئۇنىڭغا موھتاجدۇر».

تۇرمۇشىمىزدا تەبەسسۇمدىن ئىبارەت بۇ سەدىقىنى قانچىلىك كۆپ قىلغانسېرى بىز نامرات بولۇپ قالمايمىز. ئەكسىچە، سائادەتكە تولىمىز ۋە باشقىلارنىمۇ بۇ سائادەتتىن بەھرىمەن قىلىمىز. ئەمما مۇشۇ ئاددى سەدىقىنى دۇنيا ھەلەكچىلىكىدە قىيىنچىلىقلارغا تولغان بۇ دۇنياغا چېقىرىشتىن بېخىللىق قىلغان ۋاقتىمىزدا بىز دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك كۆپ ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قالغان بولىمىز.

## تەبەسسۇم قىلىشنىڭ پايدىسى

تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، سوغۇق چىرايلار، قاپىقى يىل بويى ئېچىلمايدىغانلار چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردۇر. چۈنكى ئۇلار ھاياتنىڭ گۈزەللىكلىرىدىن، دۇنيانىڭ ھۇزۇر – ھالاۋىتىدىن ئۆزلىرىنى مەھرۇم قىلغۇچىلاردۇر. ئەمما تەبەسسۇم قىلغۇچىلار ھەمىشە خوشاللىق ۋە نېمەت ئىچىدە ياشايدۇ.

## تەبەسسۇم قىلىشنىڭ پايدىسىنى بىلگەنلەرنىڭ ئېيتقانلىرى

مىسىردا چىقىدىغان «ئەل ئەھرام»گېزىتىنىڭ قۇرغۇچىسى مەشھۇر يازغۇچى ئەھمەد ئەمىن «شېرىن ئەسلىمىلەر» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان ئىكەن: «ھاياتقا تەبەسسۇم بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلارنىڭ سائادىتى ئۆزلىرىنى بەختلىك قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ

---

[1] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

قالمايدۇ ، بەلكى ئۇلار ئىشلەشكە ئەڭ قادىر، مەسئۇلىيەتنى كۆتۈرۈشتە ئەڭ كۈچلۈك، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتا ئەڭ يارامىلىق ۋە ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا پايدىلىق بولغان كاتتا ئىشلار بىجىرىشتە ماھىر كېلىدۇ. مەن كۆپ مال _ دۇنيا ياكى چوڭ مەنسەپ بىلەن ئازغا شۈكۈر قىلىدىغان قانائەتلىك نەپس ئىككىسىنىڭ بىرىنى تاللاشقا توغرا كەلسە، ئەلۋەتتە ئىككىنچىسىنى تاللىغان بولاتتىم. چۈنكى شادلىقتىن ئەسەر بولمىغان مۇز چىراي بىلەن تۈرۈپ كۆپ مال – دۇنياغا ئېرىشكەننىڭ ياكى كاتتا مەنسەپكە چىققاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ خۇددى جىنازا نامىزىدىن قايتىپ كەلگەن ئادەمدەك چىرايى تۇتۇق يۈرگەن كىشىگە بۇ دۇنيانىڭ گۈزەللىكلىرىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان، ئۆيىنى دۇزاخقا ئايلاندۇرىۋالغان ساھىبجامالنىڭ ئەگەر ئېرىنىڭ قەلبىنى ئاچالمىسا نېمىگە ئەھمىيىتى بولسۇن. ساھىبجامالىق دەرىجىسىگە يەتمىسىمۇ، ئۆيىنى جەننەتكە ئايلاندۇرىدىغان چىرايى نورمال ئايال ساھىبجامالدىن مىڭ ئەلادۇر!».

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن دوكتور ئائىز قەرنىي «غەم قىلماڭ» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تەبەسسۇم قەلب قېتىدىن كەلمىگىچە تاشقى جەھەتتىكى تەبەسسۇمنىڭ ئەھمىيىتى يوقتۇر. گۈل – گىيالار كۈلۈمسىرەيدۇ، باغۇ – بوستانلار كۈلۈمسىرەيدۇ، دېڭىز – دەريالار كۈلۈمسىرەيدۇ، ئاسمان ۋە ئۇنىڭدىكى يۇلتۇزلار كۈلۈمسىرەيدۇ، قۇشلار كۈلۈمسىرەيدۇ. دۇنيادا ھەممە نەرسە كۈلۈمسىرەيدۇ ۋە تەبەسسۇم قىلىدۇ. ئىنسانمۇ ئەسلى تەبىئىتىدە كۈلۈمسىرەيدىغان مەۋجۇدات بولۇپ، پەقەت ئۇنىڭدا پەيدا بولىدىغان شەخسىيەتچىلىك، يامانلىق ۋە تويماسلىق ئۇنى مۇز چىراي قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان ئادەملەر نە ئۆزىدىكى، نە تەبىئەتتىكى گۈزەللىكلەرنى كۆرەلمەيدۇ. ھەركىم دۇنيانى ئۆزىنىڭ ئەمەلى، ئۆزىگە خاس پىكىر قىلىش تەرزى ۋە ئۇنىڭ تۈرتكىسى بويىچە كۆرىدۇ. ئەگەر قىلغان ئىش ياخشى، پىكىر ساغلام ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولغان نەرسە توغرا بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ دۇنيانى كۆرىدىغان كۆزىنىكى پاكىز بولسا دۇنيانى ۋە دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى يارىتىلغىنى بويىچە ئەڭ گۈزەل ۋە تولىمۇ سۈزۈك شەكلىدە كۆرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ كۆرۈش كۆزىنىكى كىر، ياكى قارا بولسا، ئۇ پۈتۈن دۇنيانى قاپقارا كۆرىدۇ. دۇنيادا كۆپىنچە كىشىلەر كۆزلىرىنى ھاياتلىقنىڭ گۈزەللىكلىرىگە ئاچماستىن، پەقەت مال – دۇنياغىلا ئاچىدۇ. ئۇلار تەبىئەتنىڭ ئەڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن گۈزەل باغچىلاردىن، خۇشپۇراق گۈللەرنىڭ ئارىسىدىن، سۇلار ئېقىۋاتقان، قۇشلار سايراۋاتقان جايلاردىن ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ھېچبىرىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ پۈتۈن خىيالى ۋە تەپەككۇرىنى مال –دۇنيانىڭ ھەلەكچىلىكى ئۆزىگە بەنت قىلىۋالغان».

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىراۋ ئۆزىنى كىچىك ئىشلار ئۈچۈن يارىتىلغان ئاجىز بىر مەخلۇقات دەپ ساناپ، غەيرەت قىلمىسا، ئۇ كىچىك ئىشتىن باشقىسىنى قىلالمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆزىنى چوڭ ئىشلار ئۈچۈن يارىتىلغان دەپ ھېس قىلىدىكەن، ئەلۋەتتە كاتتا ئىشلارنى قىلالايدۇ.

ھەر نەرسىگە كۈلۈمسىرەش بىلەن باقىدىغانلار قىيىنچىلىقلارغىمۇ كۈلۈمسىرەيدۇ ۋە ھەر قانچە زور قىيىنچىلىقنىمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ يېڭىدۇ. ئەمما ھەر نەرسىگە قاپىقىنى تۈرۈپ باقىدىغانلار ئۈچۈن ھەممە ئىش قىيىن ۋە تەس تۇيۇلىدۇ. ئازراق قىيىنچىلىقلارمۇ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە چوڭ كۆرۈنىدۇ. مۇنداقلار بەدەل تۆلىمەستىن مەقسەتكە يېتىشنى ئارمان قىلىدىغانلاردۇر.

ھاياتلىقتا قىيىنچىلىقلار نىسبىي ئىشلاردۇر. ھىممەتسىز، قورقۇنچاقلارنىڭ كۆزىدە ھەممە ئىش قىيىندۇر. ئەمما ھىممەتلىك كىشىلەرگە نىسبەتەن قىيىن ئىش يوقتۇر بۇ ئالەمدە. ھىممەتلىك كىشىلەر قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئارقىلىق ھىممەت ئۈستىگە ھىممەت قوشىدۇ. قىيىنچىلىقلار لالما ئىتقا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭدىن قورقسىڭىز سىزنىڭ ئارقىڭىزدىن قوغلايدۇ ۋە جىنىنىڭ بىرىچە قاۋايدۇ. ئەگە ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماستىن يولىڭىزغا داۋام قىلسىڭىز، ئۇ سىزگە يولنى بوشىتىپ بېرىپ، قۇيرىقىنى شىپاڭلاتقان ھالدا ئۆزىنى بىر دالدىغا ئالىدۇ».

## خائىنلار مىللەتنىڭ گورىنى كولىغۇچىلاردۇر

قەدىمدىن ھازىرغىچە خائىن سۆزى مىللەتكە ۋە ۋەتەنگە ئاشكارا ھەم يوشۇرۇن ئاسىيلىق قىلىپ كەلگەن مەلئۇنلارغا قارىتىلىپ كەلگەن بىر ئاتالغۇ بولۇپ، ھازىرقى كۈندە ئۇنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ كەتكەن. زامانىمىزدا خائىن سۆزى ۋەتەن ۋە مىللەتكە ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاننىڭ سىرتىدا، مۇناپىقلارنى، چېقىمچىلارنى، ئۆز مىللىتىنىڭ زىيىنىغا چاپىدىغان غالچىلارنى، ساتقۇنلارنى ۋە ھەقىقەتكە كۆز يۇمغۇچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خائىنلار ۋەتەن ۋە مىللەتنى غاجايدىغان چاشقانلار، مىللەتنىڭ گوركارى، خەلقنىڭ قېنىنى يوشۇرۇغۇچى، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ بېشىنى بېسىمدارلارغا سۇنغۇچى ئەبلەخلەردۇر. ئۇيغۇر مىللىتىدىكى خائىنلار تەبىقىسى زور كۆپچىلىك يازغۇچىلار ۋە شائىرلارنى، قارا قورساق، جان باقار مولللارنى، ھوقۇق بىلەن مەنسەپ ئۈچۈن ھەر نەرسىسىدىن كېچىدىغان ئاچكۆز ئەمەلدارلارنى، مەنسەپ تەمەسىدە ئۆز مىللىتىنى سېتىشنى كەسىپ قىلىۋالغان غالچىلارنى ۋە ئىشچى، خىزمەتچى، دېھقانلار قاتلىمىدىكى بىر قىسىم مۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مىللەتنىڭ ئىپتىخارى بولۇشقا تېگىشلىك زور تۆركۆمدىكى قابىلىيەتلىك يازغۇچىلار بىلەن شائىرلار ئۇلارغا ئاللاھ ئاتا قىلغان ئەقىل – پاراسەت ۋە مول بىلىملىرىنى ئۆز مىللىتىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەزگۈچىلەرنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئىشلىتىپ كەلمەكتە. جەمئىيەتتە بولىۋاتقان ناھەقچىلىكلەر، زۇلۇملار ۋە ھەددىدىن ئاشقان مۇشتۇمزورلۇقلارنى كۆرمەسكە سېلىپ كەلمەكتە. ئۇلارئۆز مىللىتىنىڭ ئاھۇ – زارلىرىنى ئاڭلىتىشنى خالىمايدۇ، ئۇلارغا ھېسداشلىقمۇ قىلمايدۇ. ھەدەپ بېسىمدارلار تەرىپىدىن ھوقۇق، مەنسەپكە ۋە ئۇنۋانغا ئېرىشىش ئۈچۈنلا ئىشلەيدۇ. ئېزىلگەن بىر مىللەتنىڭ يازغۇچىلىرى بىلەن شائىرلىرى بىزنىڭكىلەرگە ئوخشاش غەپلەتتە ياتمايدۇ، مىللىتىنىڭ زىيىنىغا ئىش قىلمايدۇ، ئېزىلىشكە رازى بولمايدۇ. ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ يازغۇچى ۋە شائىرلىرى تارىختىن بىرى جىم ياتمىغان. قەلەم ۋە نۇتۇق بىلەن مۇستەملىكىگە قارشى كۆرەشلىرىنى داۋاملاشتۇرغان. بىزنىڭمۇ شۇنداق ئېسىل ئەزىمەتلىرىمىز بولغان. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، بىلال ئەزىزىي، لۇتپۇللا مۇتەللىبلەر شۇلارنىڭ مىسالىدۇر. مۇنداق ئەزىمەتلەر مىللەتنىڭ ئىپتىخارى ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈك ئابىدىلەردۇر. ھازىر بىزنىڭ بۇرۇنقىدەك تالانتلىق شائىرلىرىمىز تۇغەپ كەتتىمۇ؟ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بولغان مەرھۇم ئابدۇلقادىر داموللامدەك ئالىم بولغان، ئاق – قارىنى بىلىدىغان بىلىمدارلار تۈگەپ كەتتىمۇ؟ ھەرگىزمۇ تۈگەپ كەتكىنى يوق. ھازىرقى زاماندا بىزنىڭ يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ ۋە ئالىملىرىمىزنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ. ئەمما تۈگەپ كەتكەن نەرسە ئۇلاردىكى ئىمان – ئېتىقاد، ۋىجدان ۋە جۈرئەتتۇر. ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئۇلار جىسمانىي جەھەتتىن تىرىكلەر قاتارىدىن بولسىمۇ، مەنىۋى جەھەتتە ئۆلۈكلەردۇر! زادى ئۇلارنىڭ مىللەتكە پايدىسى بولمىغان ئىكەن، ئۇلار ئۆلۈكنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ.

### خائىنلارغا ياخشى كۈن بولمايدۇ

خائىنلار مەيلى ئۆزىنىڭ قەۋم – قېرىنداشلىرى، مەيلى ئۆزلىرى ئىشلىگەن خوجايىنلىرى تەرىپىدىن ھەرگىزمۇ ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى خائىن – مىللىتىدىن تانغان نانكۆر بولغانلىقتىن، ئۇنى باشقىلار ئەمەس، ئۆزىنىڭ قەۋم قېرىنداشلىرىمۇ سۆيمەيدۇ. ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ. مۇنداق خائىنلارنى ئىشلەتكەن خوجايىنلىرىمۇ ئۇلارغا ئىشەنچ قىلمايدۇ، سۆيمەيدۇ، ۋاپا قىلمايدۇ، ئاخىرى ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇپ تۈگىتىدۇ. چۈنكى ئۆزىنىڭ قەۋم – قېرىنداشلىرىدىن تانغان، ئۇلارنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئىشلىگەن خائىنلارنى ئىشلەتكەن خوجايىنلارمۇ ئۇلارنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى، نانكۆرلىكىنى، ۋاقتى كەلسە خوجايىنلىرىنىمۇ سېتىپ قويىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ –دە، ئۇلارغا ۋاقتىنچە ئىنئاملارنى قىلىپ تۇرۇپ خىزمەتلىرىگە سېلىپ بولۇپلا ئۇلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ كويىغا كىرىدۇ. دۇنيادا خائىندەك پەسكەش، زىيانكار، نومۇسسىز ۋە ئەخمەق مەخلۇق بولمىسا كېرەك. چۈنكى ئۇ مىللىتىنىڭلار ئەمەس، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ گورىنى كولايدۇ ئەمەسمۇ؟!

مەسجىدلەرگە كىرگەن ئىشچى – خىزمەتچىلەرنى چېقىپ قويۇش، ئېغىر ئاياق ئىكەنلىكى بىلىنىپ قالغان ئاياللارنى دەرھال مەلۇم قىلىش، خوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ چېققانلارنى تىزىملاش، ياراتقۇچىسىنى تونۇش يولىدا مەخپىي ھالدا دىنىي بىلىم ئوقۇغانلارنى ساقچىلارغا مەلۇم قىلىپ تۇتۇپ بېرىش ۋە باشقىلار قاتارلىق خائىنلىق تۈرلىرىنى سادىر قىلىدىغانلار خوجايىنلىرى تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ئازغىنە ۋاقىتلىق ئىنئاملارغا سېتىلىپ، ئۆز مىللىتىنى قۇرۇتۇش يولىغا كىرگەن مەلئۇنلاردۇر. مۇنداق مەلئۇنلار ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى – تۆۋەن ھەممە قاتلاملىرىدا تولۇپ تاشماقتا. مۇنداقلاردا ئازراق بولسىمۇ ئىمان ۋە ۋىجدان يوقمىدۇ؟ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ قەۋم – قېرىنداشلىرىنى سېتىشتىن توسىدىغان كىچىككىنە بولسىمۇ ئادىمىيلىك غۇرۇرىمۇ قالمىغانمىدۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى ھېس قىلالمامدىغاندۇ؟!

## ئەخلاقىي جىنايەتلەرنىڭ خەتىرى

ئەخلاق ئىنسان زىننەتلىنىدىغان ئەڭ ئېسىل ۋە كۆركەملىك بىر كىيىم بولسا، ئەخلاقسىزلىق خۇددى كىيىمسىزلىككە ئوخشاش هاياسىزلىقتۇر. شۇڭا قەدىمقىلەر «هاياسىزدا ئىمان يوق» دەپ توغرا ئېيتقان. ئىنسان ئۆزلىرىنىڭ هەرخىل زىيان – زەخمەتلەردىن ئۆزلىرىنى قوغداپ تۇرىدىغان هايا دېگەن كىيىمدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، هەر تۈرلۈك ئەخلاقىي جىنايەتلەرنىڭ ئازگىلىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئەخلاقىي جىنايەتلەر ئىنسانلارنىڭ خاتىرجەملىكىنى، بەخت – سائادىتىنى، هۇزۇر – هالاۋىتىنى بۇزىدىغان ۋە ئۇلارنى زىيان – زەخمەتلەرگە ئۇچرىتىدىغان ئېغىر قىلمىشلاردۇر.

ئىمانغا زورلاش مۇئمىن ئىنساننى بارلىققا كەلتۈرەلمىگەندەك، ياخشىلىققا زورلاشمۇ ياخشى ئىنساننى بارلىققا كەلتۈرەلمەيدۇ. روهىي ۋە ئەقلىي ئەركىنلىكلا مەسئۇلىيەتنىڭ ئاساسىدۇر. ئىنسان تەبىئىتى ئەسلىدىن ياخشىلىقنى سۆيىدۇ ۋە ياخشىلىققا ئىنتىلىدۇ. بۇ دېگەنلىك ئىنسان ياخشىلىقلا قىلىدىغان، خاتالىق ئۆتكۈزمەيدىغان ۋە گۇناھ سادىر قىلمايدىغان پەرىشتە دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى ياخشىلىق ئىنسان تەبىئىتىدە ئەزەلدىن بار نەرسە. خۇددى قەپەز ياكى كىشەندىن قۇتۇلغان قۇش ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئۇچۇش تەبىئىتىگە قايتقىنىدەك، ئىنسانمۇ ياخشىلىق قىلىش پۇرسىتى ۋە شارائىتى تېپىلغان هامان بۇ ياخشىلىقنى قىلىدۇ. چۈنكى هېچقانداق ئىنسان ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن يالغانچى، ئالدامچى، ئوغرى ۋە ئەخلاقسىز بولۇپ تۇغۇلمايدۇ. بەلكى ئۇ ئايئاق قۇندۇزدەك گۇناهسىز، پاك تۇغۇلىدۇ. پەقەت ئۇنىڭ پاكلىقىنى ئاتا _ ئانىسى، جەمئىيەت، مۇهىت ۋە ئەتراپىدىكىلەر كىرلىتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئاتا – ئانىلار ئالدى بىلەن بالىلىرىنىڭ تەربىيىسىدىن ۋە قانداق ئادەم بولۇپ چىقىشىدىن مەسئۇلدۇر. ئۇنىڭدىن قالسا مۇهىت ۋە جەمئىيەتنىڭ مەسئۇللىقى كېلىدۇ.

### ئەخلاقىي جىنايەتلەرنىڭ خەتىرى

ئەخلاقىي جىنايەتلەرنىڭ ئىنسانىيەتكە كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى ۋە خەتەرلىرى هەقىقەتەن چوڭدۇر. مەسىلەن بىرلا يالغانچىلىقنى ئالايلى، كۆپىنچە كىشىلەر بىر – ئىككى ئېغىز يالغان ئېيتىپ قويۇشنى هېچ ۋەقەسى يوق بىلىدۇ، ئۇنى ئاددى سانايدۇ، ئۇنىڭ خەتىرىنى هېس قىلمايدۇ. ئەمما هەقىقەت شۇكى، بەزىدە بىر ئېغىز يالغان سۆز قان تۆكۈشلەرگە سەۋەب بولىدۇ. بىراۋغا قارشى ئېيتىلغان بىر ئېغىز يالغان سۆز ئۇنىڭ ئابرويىنىڭ، شەرىپىنىڭ يوقىلىشىغا ۋە كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. مانابۇ، ئىنسانىيەت هېسابىغا ئىشلەنگەن ئەڭ ئېغىر، كەچۈرۈلمەس جىنايەت. قارام بىر ساختىپەز ئېيتقان بىر قېتىملىق يالغاندىن كېلىپ چىقىدىغان زىياننىڭ دائىرىسى كېڭەيگەنسېرى ئۇنىڭ ئاللاهنىڭ ۋە خەلقنىڭ نەزەرىدىكى جىنايىتى هەسسىلەپ ئاشىدۇ. تۇترۇقسىز خەۋەرنى نەچچە مىڭلىغان كىشىگە تارقاتقان مۇخبىر، چوڭ مەسىلىلەرنى ئەكسىچە مەلۇم قىلغان سىياسىيون، ئەر – ئاياللارغا تۆهمەت چاپلاپ ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى بۇزغان تۆهمەتچى بۇ قىلمىشلىرى بىلەن ئىنسانىيەتكە قانچىلىك ئېغىر زىيان سالغان بولسا، ئۇلارنىڭ جىنايىتى ۋە جازاسىمۇ شۇنچىلىك ئېغىر ۋە چوڭ بولىدۇ. مۇندىن باشقا سودىدا ئالدامچىلىق قىلىش، ساختىپەزلىك قىلىش، ئوغرىلىق قىلىش ۋە باشقىمۇ ئەخلاقىي جىنايەتلەرنىڭ ئىنسانلارغا كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى ۋە خەتەرلىرى كۆپتۇر. ئاللاھ ئۆزىنىڭ هەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناهلارنى كەچۈرسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ هەققىگە قارشى ئىشلەنگەن جىنايەتلەرنىڭ گۇناهىدىن ئاۋۋال شۇ ئىنسانلار ئۆتمىگىچە ئۆتمەيدۇ.

### ئەخلاقىي جىنايەتلەرنى يوقىتىشنىڭ چارىسى تەربىيە

تەربىيە ئەڭ هەل قىلغۇچ يول بولۇپ، تەربىيە مەسئۇلىيىتى ئەڭ ئاۋۋال ئائىلىگە چۈشىدۇ. چۈنكى ئاتا – ئانىلار بالىلىرىنىڭ تۇنجى مۇئەللىملىرىدۇر. ئىسلام پەيغەمبىرى مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام ئاتا – ئانىلارغا بالىلىرىنى راستچىل، ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلەش بۇرجىنى هەمىشە يادلاندۇراتتى. ئابدۇللا ئىبنى ئاس ئۆزىنىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدىكى بىر قىسسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىزنىڭ ئۆيدە ئىدى، ئانام مېنى چاقىرىپ: «بۇ ياققا كەل! ساڭا بىر نەرسە بېرىمەن» دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئانامدىن «سىز نېمە بەرمەكچى؟» دەپ سورىدى. بۇ ۋاقىتتا ئانام «خورما بىرەي دەۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا: «ئەگەر بەرمىسىڭىز، سىزگە بىر قېتىملىق يالغان ئېيتقانلىقنىڭ گۇناهى يېزىلىدۇ» دىدى. بۇ قىسسىدە ئاتا _ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى راستچىللىقى مۇقەددەس بىلىدىغان، يالغانچىلىقتىن نەپرەت قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلىشىنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلىكى ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر ئاتا – ئانىلار بۇ ئىشلارغا سەل قاراپ يول قويسا، بالىلار چوڭ بولغانلىرىدا يالغان ئېيتىشنى كىچىك ئىش دەپ بىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ _ دە، ئەخلاقىي جىنايەتلەرنى سادىر قىلىشتىن ئىككىلەنمەيدىغان بولىدۇ.

## يالغانچىلىقنىڭ يامان ئاقىۋىتى

يالغان سۆزلەش، ئالدامچىلىق قىلىش، ۋەدىسىدە تۇرماسلىق، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، يالغان قەسەم قىلىش، بوھتان چاپلاش، چېقىمچىلىق قىلىش، گۇمانخورلۇق قىلىش، تارازا – ئۆلچەمدە كەم بېرىشلەرنىڭ ھەممىسى يالغانچىلىقنىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ. بۇلار بەزى ئىنسانلارنىڭ ئېغىزىدىن چىقىدىغان، ئۇلارنى يامانلىققا باشلايدىغان، شەخس ھەم جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغان، ئاللاھ چەكلىگەن يەتتە تۈرلۈك چوڭ گۇناھنىڭ بىرىدۇ.

ھاياتلىق سەپىرىدە ئۇچراپ تۇرىدىغان يالغانچىلىقلار ناھايىتى كۆپ. ئۇلاردىن بەزىسىنى بايان قىلىپ بېرەي:

### 1. يالغان سۆزلەشكە ئادەتلىنىپ قېلىش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «راستچىل بولۇڭلار! چۈنكى راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. كىمكى ھەمىشە راست گەپ قىلىۋەرسە، راستچىل بولۇشنى مەقسەت قىلىۋەرسە، ئاخىرى ئۇ كىشى ئاللاھ ئالدىدا راستچىل بەندە بولۇپ يېزىلىدۇ؛ سىلەر يالغانچىلىقتىن ساقلىنىڭلار! چۈنكى يالغانچىلىق كىشىنى ئاسىيلىققا ئېلىپ بارىدۇ، ئاسىيلىق دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ. كىمكى ھەمىشە يالغانچىلىق قىلسا ۋە يالغانچىلىقنى مەقسەت قىلىۋەرسە، ئاخىرى ئۇ ئاللاھ ئالدىدا يالغانچى بولۇپ يېزىلىدۇ»[①]. يالغان سۆزلەش قەتئىي توغرا ئەمەس، پەقەت قىسمەن ئەھۋالدا مەسىلىنىڭ پايدىلىق تەرىپىنى كۆزلىگەن ھالدا يالغان گەپ قىلىشقا بولىدۇ. بۇ خىل يالغان سۆزلەش پەقەت زىددىيەتنى ھەل قىلىش، ئەر _ خوتۇنلارنىڭ ئارىسىنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش، ئاداۋەتلىك كىشىلەرنى ياراشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن رول ئوينايدىغان يالغان سۆز بولۇشى شەرت. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن يالغان گەپ قىلغان ئادەم يالغانچى ئەمەس»[②] دەپ كۆرسەتكەن.

### 2. ئامانەتكە خىيانەن قىلىش

ئاۋام خەلق ئامانەتكە خىيانەت قىلىش دېگەننى ئامانەت قويغان نەرسىنى ساقلىماسلىق دېگەن ئاددىي مەنىدىلا چۈشىنىدۇ. ئامانەتكە خىيانەت قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى چوڭقۇر بولۇپ، ئۇ ئىشەنچنى يەرگە قويۇش، كۆرسەتكەن يەردىن چىقماسلىقتۇر. ئۇ ئىنسان تەبىئىتىدىكى ناچار ئىللەتلەرنىڭ بىرى. بۇنىڭ زىيىنى شەخسلەردىن ھالقىپ، پۈتۈن كوللېكتىپ ۋە دۆلەتكىچە بولىدۇ. خائىنلىق كېسىلى قايسى مىللەتتە داۋام قىلسا شۇ مىللەت، شۇ ئەل خاراپ بولىدۇ. شۇڭا ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە خىيانەتچىلىك قىلىشتىن توسقان.

### 3. ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش

بۇ ھەممە ئادەم ئۆچ كۆرىدىغان يالغانچىلىق بولۇپ، بۇ ئىللەت كىمدە بولسا شۇ ئادەم ياخشىلىق كۈتۈشكە يارىمايدىغان، ئىشەنگىلى بولمايدىغان، يارامسىز ئادەم ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئادەم ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا نۇرغۇن زىيانلارنى كەلتۈرىدۇ. ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق لەۋزى قىلغان ئىشقا ئىگە بولالماسلىق، ئىمانى سۇسلىقتىن دېرەك بېرىدىغان مۇناپىقلىق خاراكتېرىغا ئىگە يالغانچىلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇناپىقلىقنىڭ ئالامەتلىرىنى بايان قىلىپ: «مۇناپىقلىقنىڭ بەلگىسى ئۈچتۇر: سۆزلىگەندە يالغان سۆزلەيدۇ؛ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىدۇ؛ ئىشەنچ قىلسا خىيانەت قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. مانا بۇ ئۈچ ئىش ئىشەنچنى يوقىتىشنىڭ ئامىلىدۇر.

### 4. يالغان گۇۋاھلىق بېرىش

بۇمۇ بىر خىل يالغانچىلىق. بۇنىڭ سەۋەبىدىن كىشىلەرنىڭ مال – مۈلكى، يۈز – ئابرويى ۋە جېنىغا زامىن بولىدىغان، ھەق – ھوقۇقلىرى دەپسەندە قىلىنىدىغان ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى بىلىپ يەتكەن مۇئمىن ئادەم كۆزى كۆرمىگەن، قۇلىقى ئاڭلىمىغان، ئۆزى بىلمەيدىغان ئىشقا يالغاندىن گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ. ئاللاھ مۇئمىنلەرنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىپ: (ئۇلار يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ)[③] دېگەن.

### 5. تۆھمەت چاپلاش

بۇمۇ بىر خىل يالغانچىلىق. بۇنىڭ سەۋەبى بىلەن پاك ئادەم ناپاك، ئاق قارا ۋە ھەق ناھەق بولۇپ قالىدۇ. باشقىلارغا تۆھمەت قىلغۇچى بىرەر يامان نىيەتنى كۆزلىگە پۈكۈپ ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن قىممەتلىك نەرسىلىرىنى ۋەيران قىلىدۇ. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: (ئەر - ئايال مۇسۇلمانلارغا قىلمىغان ئىشلارنى (چاپلاپ) ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار (بۇ) تۆھمەتنى ۋە ئوپئوچۇق گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ)[④].

---

[①] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[②] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[③] فۇرقان سۈرىسى: 72_ ئايەت.
[④] ئەھزاب سۈرىسى: 58_ ئايەت.

### 6. چېقىمچىلىق

بۇ بىراۋدىن ئاڭلىغان، قارشى تەرەپ ئاڭلاپ قالسا غەزىپىنى قوزغايدىغان گەپنى ئىچىدە سىغدۇرالماي، يالغان سۆز بىلەن ئۇنى زىننەتلەپ خەۋەر بېرىش يالغانچىلىقىدۇر. بۇنداق چېقىمچىلىق شۇ ئىنساننىڭ نىيىتى بۇزۇق، روھى كېسەل، بىپەرۋا ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. توشۇلغان گەپنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆچمەنلىك پەيدا بولۇپ، بەختىنىڭ ئاساسى بولغان خاتىرجەملىك، ئىناقلىق بۇزۇلىدۇ. چېقىمچىلىققا قارشى تۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى – چېقىمچىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماسلىق ياكى ئىشەنمەسلىكتۇر. چېقىمچىنىڭ يامان ئاقىۋىتى توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «كىمكى كىشىنىڭ باشقىلار ئاڭلاپ قېلىشىنى ياقتۇرمايدىغان سۆزىنى يەتكۈزۈپ قويىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقىغا قوغۇشۇن قويۇلىدۇ»[①] دەپ كۆرسەتكەن.

### 7. سودا – سېتىقتىكى ئالدامچىلىق

يۇ باشقىلارنى زىيان تارتقۇزۇش بەدىلىگە ئۆزى پايدا ئالىدىغان، ئەخلاقلىق كىشىلەرگە ماس كەلمەيدىغان، ساختا ماللانى جىڭ مال، دەپ سېتىش، تارازىدا كەم بېرىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئالدايدىغان يالغانچىلىق تۈرىدۇر. مۇنداقلارنى ئالدامچىلىق يولى بىلەن تاپقانلىرى ئۆزىگە دۈشمەن بولىدۇ. سۇدا – بېستىق ئىشلىرىدا كىشىلەرنى ئالدىغۇچىلار ئىنسانلارنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغۇچىلاردۇر.

### 8. گۇمانخورلۇق

بۇ باشقىلاردىن سەۋەبسىز ئاغرىنىپ، كېيىن بولىدىغان «بولارمىكىن، قىلارمىكىن، ئېتەرمىكىن» دېگەندەك قوشۇمچىلار بىلەن گەپ قىلىش، بۇ سۆزنى ئىككىنچى بىر كىشى راست قىلىپ سۆزلەش ئارقىلىق پەيدا بولىدىغان يالغانچىلىقتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: (ئى ئىمان ئېيتقانلار! (بىر _ بىرىڭلار ھەققىدە) تولا گۇمان قىلىشتىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى بەزى گۇمانلار گۇناھتۇر)[②] پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: (سىلەر گۇمانخورلۇقتىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى گۇمان بىلەن قىلىنغان سۆز سۆزنىڭ ئەڭ يالغىنىدۇر»[③] دەپ كۆرسەتكەن.

### يالغانچىلىق رەزىل خۇلۇق

يالغانچىلىق پۈتۈن رەزىلىلىكلەرنىڭ ئەنبىئىدۇر. يالغانچىلىق تۈپەيلىدىن ئىتتىپاقلىق بۇزۇلۇپ، جەمئىيەت تەرتىپى قالايمىقانلىشىپ، ئىنسانلار ئارىسىدا ھەل قىلىش قىيىن بولغان زىددىيەتلەر، ھادىسىلەر، زىيانلار، ئاداۋەتلەر ۋە دەپ تۈگەتكۈسىز كۆڭۈلسىزلىكلەر كېلىپ چىقىدۇ. يالغانچى ئادەم خەلقنىڭ نەزەرىدىن چۈشىدۇ. ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچكىم ئىشەنمەس بولىدۇ. يالغانچىلىق سەۋەبىدىن ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ. قۇرئان كەرىمدە: ( شەكسىزكى، ئاللاھ ھەددىدىن ئاشقان يالغانچىنى ھىدايەت قىلمايدۇ)[④] دەپ كۆرسىتىلگەن. ئاللاھ تىلنى سۆز قىلىشقا ياراتقان، بىراق قىزىل تىلنى ئۇستىخىنى يوق. نېمە دېسە سۆزلەۋېرىدۇ. ئىنسان تىلىنى كونترول قىلمىغاندا ئۆزىگە زىيانلىق ئىشلارغا سەۋەب بولىدۇ.

---

① ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.
② ھۇجۇرات سۈرىسى:12 ئايەت.
③ ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
④ غافىر سۈرىسى: 28_ ئايەت.

## ئوتتۇرا ئاسىيادا «ئۇسۇلى جەدىد»نىڭ بارلىققا كېلىشى

تۈركىي قەۋملەر ئىچىدە ئۇيغۇرلار بىلەن تاتارلارنىڭ ئەڭ مەدەنىيەتلىك ھەم ئىلغار مىللەتلەر ئىكەنلىكى ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان بىر ھەقىقەت. «ئانا يۇرت» ناملىق رومانىنىڭ ئاپتورى مەرھۇم زوردۇن سابىرنىڭ «ستالىن مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنى ياقتۇرمايتتى، شۇڭا ئۇ تاتارلار بىلەن ئۇيغۇرلارغا رېسپۇبلىكا قۇرۇپ بەرمىگەن» دېيىشىگە سەۋەب بولغان ئامىلمۇ شۇ ئىدى.

### ئوتتۇرا ئاسىيا مائارىپىدا «ئۇسۇلى جەدىد»نى باشلىغان ئادەم

ئوتتۇرا ئاسىيا مائارىپىدا «ئۇسۇلى جەدىد»نى بارلىققا كەلتۈرۈشتە ۋە ئومۇملاشتۇرۇشتا باشلامچى بولغان كىشى تاتار مىليونېرى غەنىباي ئىدى. ئۇ كۆپنى كۆرگەن، سېخىي، ئوچۇق پىكىرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك روھى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان كىشى بولۇپ، جاي _ جايلاردا سودا _ سېتىق قىلىش جەريانىدا ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ھەم بۇنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە كۆپ ئويلانغان. ئۇ بۇ سەۋەبنى تېپىشى ھالدا مائارىپقا باغلاپ چۈشەنگەن. غەنىباينىڭ بۇ چۈشەنچىسى ۋە بۇ ئارزۇسى شۇ زاماندىكى كۆپ سانلىق زىيالىلارنىڭ ئورتاق چۈشەنچىسى ۋە ئارزۇسى ئىدى. غەنىباي ئوتتۇرا ئاسىيادا، خۇسۇسەن تاتارلار ئىچىدە مائارىپ ئۇسۇلىنى يېڭىلاش، مەكتەپ _ مەدرىسىلەرنى ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش، زامانىنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ ئىلگىرىلەش يولىدا بارلىقىنى ئاتايدۇ. غەنىباي 1902 _ يىلى ۋاپات بولغىنىغا قەدەر «ئۇسۇلى جەدىد»چە مائارىپنى پۈتۈن تاتار خەلقىگە ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن بار كۈچى ئىشلىگەن مەرىپەتپەرۋەر زات ئىدى».

### ئوتتۇرا ئاسىيادا «ئۇسۇلى جەدىد»نىڭ بارلىققا كېلىشى

1893 _ يىلى ئىيۇندا غەنىباي سەمەرقەند شەھىرىگە بارىدۇ. ئۇ سەمەرقەندتىكى بىر مېھماندارچىلىقتا قىرىملىق تاتار زىيالىسى، مەشھۇر مەدەنىيەت ئەربابى ئىسمائىلبېك غاسپىرالى ئەپەندى قاتارلىق 20 نەچچە بىلىملىك زات بىلەن بىللە بولۇپ قالىدۇ. بۇ سورۇندا ئۇ ئۆزىنىڭ ئويلىرىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى مەدرىسىلەرنىڭ ئەھۋالىنى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ قالاقلىقىنى، شۇڭا يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى تېپىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئېيتىدۇ. سورۇندىكىلەر ئۇنىڭ سۆزىنى توغرا تېپىپ سەمەرقەند شەھرىدە يېڭى مەكتەپ ئېچىپ سىناپ باقماقچى بولىدۇ. غەنىباي مەكتەپ ئېچىشنىڭ بارلىق چىقىملىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ، ئىسمائىلبېك دەرسلىك ۋە ئوقۇتقۇچى تېپىش ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، سەمەرقەندتە ئوتتۇزغا يېقىن بالىنى يىغىپ بىر سىنىپ قىلىپ «ئۇسۇلى جەدىد»چە ئوقۇتۇشنى يولغا قويىدۇ. دەرس ئۆتۈلۈپ قىرىق كۈنگە قالماي بالىلارنىڭ ساۋادى چىقىپ بولىدۇ. سىناق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا «ئۇسۇلى جەدىد»چە ئوقۇتۇش كەڭ يولغا قويۇلىدۇ.

## ئۇيغۇر ئېلىدىكى جەدىتچىلىك ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ مېۋىلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ مەنىۋىي يېتەكچىسى، دىن ۋە مىللەتنىڭ پىداكارى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ شانلىق ئېچىنخارى، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى ئوت يۈرەك دىنىي ئالىم ئابدۇلقادىر داموللام ئۇيغۇر ئېلىدە جەدىتىزم (يېڭىلىق) ھەرىكىتىنىڭ يېگانە بايراقدارى ئىدى. مەرھۇم ئابدۇلقادىر داموللام جاھالەت تۇمانلىرى ئىچىدە بۇرۇختۇم بولۇپ قالغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆزىنى ئىلىم – مەرىپەتكە ئېچىش يولىدا ھاياتىنى ئاتىغان ۋە ئاخىرى شۇ يولدا جېنىنى قۇربان قىلغان ئۇلۇغ ئالىمدۇر.

جەدىدچىلىك ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى مەرھۇم ئابدۇلقادىر دامولام ئىسلام دۇنياسى جىددى خىرىسقا دۇچ كەلگەن 20 _ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا «تاتار مەدەنىيەت ئويغىنىشى» ھەرىكىتى ئەۋجگە چىققان شەھەرلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە ئاشۇ ئىدىيۋى دولقۇنلاردا كۆرەش غايىسىنى مۇستەھكەملىگەن. ئۇ ۋاقىتتا ئۇ نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ناھايىتى ئېنىق چۈشەنگەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سەمەرقەند، ئۇفالاردا مۇدەررىسلىك قىلىش جەريانىدا، دەرسلىك سۈپىتىدە تۈزگەن «ئاقائىد زۆرۈرىيە» ناملىق ئەسىرىدە ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېگەن:

– ئىنساننىڭ خار ۋە زەبۇن بولۇشى نىڭ سەۋەبى نېمە؟

– ئىككى نەرسىدۇر: بىرى جاھالەت ۋە نادانلىق؛ئىككىنچىسى تەپرىق ۋە ئىختىلاپتۇر.

– ئىززەت، ئابروي، قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولىدۇ؟

– ئىلىم –مەرىپەت، ئىتتىپاقلىق بىلەن بولىدۇ.

### جەدىتىزم ئىدىيىسىنىڭ تىكلىنىشى

ئابدۇلقادىر دامولام ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىيىلەرنى ئايلىنىش، كۆزىتىش جەريانىدا تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئاخىرقى ھېسابتا يۇرتىنىڭ، مىللىتىنىڭ كۆلپەتلىك تەقدىرىنى ئوڭشاش ئۈچۈن چوقۇم ئىشنى مائارىپتىن، مەدەنىيەتتىن باشلاش زۆرۈرلىكىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇنىڭ بۇ خىل ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىسى، يەنى يېڭىلاش – جەدىدچىلىق ئىدىيىسى مەشھۇر ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى جامالىددىن ئافغانى ۋە شەيخ مۇھەممەد ئابدۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق تېخىمۇ قۇۋۋەت تاپقان. ئۇ 1907 _ يىلى ئانا يۇرتى – قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. كۆپ يىللار چەتئەللەردە يۈرگەن بۇ ئالىمنىڭ قەشقەردەك جاھالەت تۈتەكلىرى ئىچىدە بۇرۇختۇرما بولۇپ قالغان شەھەردە ئۆز غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىشى ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىدى. ئالدى بىلەن چوقۇم نوپۇز تىكلەش، تەسىر پەيدا قىلىش، ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇش كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەر مەشھۇر مەدرىسلەرمۇ كۆپ، دىنىي ئۆلىمالارمۇ كۆپ قەدىمىي شەھەر بولغاچقا، ھەدېگەندىلا نوپۇز تىكلەش قىيىن ئىدى».

### جەدىتىزم ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى

ئابدۇلقادىر دامولام قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن چاغ دەل قەشقەردە يېڭىچە ئىپتىدائىي مەكتەپلەر ئاندا _ ساندا يولغا قويۇلۇشقا باشلىغان، ئەنئەنىۋى ئىسلام مائارىپىنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش مەسلىسى ئانچە _ مۇنچە تىلغا ئېلىنىۋاتقان بىر چاغ ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىيە قاتارلىق جايلاردىكى يېڭى مائارىپنىڭ ۋەزىيىتى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، جەدىتىزملىق ئىدىيىسى مۇكەممەل شەكىللەنگەن ئابدۇلقادىر دامولام يېڭىچە پەننىي مائارىپنىڭ ھامىيلىرى ۋە باشلامچىلىرى بولغان ئاكا _ ئۇكا مۇسابايېۋلارنى قىزغىن قوللىغان، ئۇلار بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ بىر سەپتە تۇرغان، مەدرىسلەرنىڭ دوگما تەلىم _ تەربىيە ئۇسۇلىنى، قارىغۇچىلارچە يادلاتقۇزۇشنى ئاساس قىلىدىغان ئوقۇتۇش شەكلىنى، دەۋر تەلىپىگە ماس كەلمەيدىغان دەرسلىكلەرنى ئىسلاھ قىلىپ، يېڭىچە مائارىپ ئىدىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە ماتېرىيالى جەھەتلەردە بىر يۈرۈش ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى نىيەت قىلدى. شۇ مەقسەتتە «سەرپ _ نەھۋى»(مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس)، «تەسھىلىل ھساب» (ماتېماتىكا ئىلمى)، «جۇغراپىيە ئىلمى»، «ئاقائىد جەۋھەرى»، نېگىزلىك ئەقىدىلەر»، «مۇتالىئە ھىدايەت (باشلامچى ئوقۇشلۇق)، «بىدايەتتۇس سەرپ» (لېكسىكىدىن دەسلەپكى ئاساس)، بىدايەتۇن نەھۋى»، «تەئلىمۇس سىبيان» (باللار تەربىيىسى)، «تەجۋىد تۈركى»، «مىفتاھۇل ئەدەب» قاتارلىق دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ تاش مەتبەئەدە باستۇرۇپ مەكتەب _ مەدرىسلەرنى دەرسلىكلەر بىلەن تەمىنلىگەن.

### ئابدۇلقادىر دامولامنىڭ ۋاپاتى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلى، مەنىۋى داھىسى، پىداكار مۇتەپەككۇرى، ئوت يۈرەك ئالىم ئابدۇلقادىر دامولام 1924 _ يىلى 8 _ ئاينىڭ 14 _ كۈنى تاپ سەھەردە ئۆز ئۆيىدە ياللانغان قاتىل تەرىپىدىن قەستلەپ شېھىت قىلىنغان. ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن زور يوقىتىش ھېسابلانغان بۇ قاتىللىق ۋەقەسى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا پۇركەتكەن. ئاۋام چەكسىز قايغۇ ھەسرەتكە چۆمگەن، شائىرلار ئازابلىق ھېسسىياتى بىلەن مەرسىيەلەرنى يېزىشقان.

## داموللا سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى

داموللا سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە نۇرغۇن تالاش – تارتىشلىق پىكىرلەر بار. بەزىلەر ئۇنى خەنزۇچىدىكى چوڭ دېگەن سۆز بىلەن بىرىكىپ بىلىمى مول دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دېسە، بەزىلەر داموللا سۆزىنى ئەرەبچىدىكى«دام ئۇلاھۇ» (ئۇستۇنلىكى ھەمىشە بولسۇن) دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر داموللا سۆزىدىكى«دا» سۆزى پارسچىدىكى «دەھ» (ئون) دېگەن ساننى ئىپادىلەيدۇ، «موللا» (يەنى ئىغىر بېسىق، سالماق، بىلىملىك) سۆزىدىن كىرگەن بولۇپ، بەك بىلىملىك دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ، «داموللا» دىنىي ئىلىم تۈرلىدىن ئون ئىلىمدە كامالىغا يەتكەن كىشىلەر دېيىشىدۇ. ھەتتا بەزىلەر «ئۆز ۋاقتىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا «دەمىن ئۇنىۋېرسىتېتى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر دىنىي بىلىم يۇرتى بولۇپ، ئۇنى پۈتتۈرگەنلەر «دىنىي بىلىمدە ئالىي مەلۇماتلىق» دېگەن مەنىدە «دەموللا» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن» دەيدۇ. دىنىي ئۆلىمالار «داموللا» سۆزىنى ئەرەبچىدە «ئۇستاز، خوجا، ئىگەم، ئەپەندى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «مەۋلا» دېگەن سۆزنىڭ ئالدىغا «دا» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھاسىل بولغان«يۇقىرى بىلىملىك زات» دېگەن مەنىنى بېرىدىغان سۆز، دەيدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا «داموللا» سۆزىنى ئەرەبچىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگۈچىلەر كۆپ. ئەمما ئەرەبچىدە داموللا سۆزى يوق. بىز دەۋاتقان «داموللا»نى ئەرەبلەر «شەيخ» دەپ ئاتايدۇ. شۇڭا بۇ سازنى ئەرەبچىدىن كەلگەن دېيىش كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ. «داموللا» سۆزىنى خەنزۇچىدىن كەلگەن دېيىشمۇ كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ. چۈنكى ئىچكىرىدىكى خۇيزۇلار ئۆزىنىڭ چوڭ ئۆلىمالىرىنى «داموللا» دەپ ئاتىمايدۇ. ئۇلار «داموللا» سۆزىنى ئىشلىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، «موللا» سۆزىنىمۇ ئىشلەتمەيدۇ. ئۆزىنىڭ ئىماملىرىنى «ئاخۇن» دەپ، چوڭ ئۆلىمالىرىنى«دا ئاخۇن» دەپ ئاتايدۇ.

كۆپ سانلىق ئۆلىمالارنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، «داموللا» سۆزى ئەرەبچە بىلەن پارسچىدىن كەلگەن بولۇپ، «ئون ساھەدىكى بىلىمنى ئىگىلىگەن ئەھلى ئىلىم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى «دا» سۆزى پارسچىدىكى «دەھ» (ئون) دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇپ قوللىنىشى بولۇپ، «موللا» سۆزى ئەرەبچىدىكى «مەۋلا» (چوڭ ئۇستاز، خوجا، ئەپەندى) دېگەن سۆزدىن كەلگەن. چۈنكى مەۋلا سۆزى ئەرەبچىدە «مولى»، پارسچىدە «مولا» شەكلىدە يېزىلىدۇ. ئۇيغۇرچىدا بۇ سۆز يەنە بىر «ل» ھەرپى قوشۇلۇپ، «موللا» دەپ ئوقۇلغان. موللا سۆزى ئوتتۇرا ئاسىيادا خېلى بۇرۇنلا قوللىنىلىشقا باشلىغان. بەزى ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ ئىسىم شەرىپىنىڭ ئالدىغا موللا سازىنى قوشىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. مەسىلەن: موللا مۇسا سايرامى، موللا بىلال، موللا ئەرشىدىن خوجا، موللا نەسىردىن، موللا زەيدىن دېگەنگە ئوخشاش. 13 _ ئەسىردە ئۆتكەن دۇنياغا داڭلىق شائىر ۋە تەرىقەتچى ئالىم جالالىددىن رۇمىنىڭ تەخەللۇسىمۇ «مەۋلانا» ئىدى، ھىندىستاندىكى مەشھۇر قەدىمىي بىلىمگاھ «دەيىۇبەند» مەدرىسىسىدە ئوقۇپ چىققانلارمۇ «مەۋلىۋى» دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئەرەبچىدىكى «مەۋلا» سۆزىنىڭ بۇزۇپ ئىشلىتىلىشىدۇر».

### داموللا ئۇنۋانى تەلەپ قىلىدىغان ئون تۈرلۈك ئىلىم

بەزى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئابباسىيلار خەلىپىلىكى دەۋرىدە سالجۇق تۈركلىرىدىن ھوقۇق تۇتقان باش ۋەزىر نىزامۇل مۇلك رىئاسەتچىلىكىدە 1065 _ يىلى باغدادتا تەسىس قىلىنغان «نىزامىيە» مەدرىسىسىنىڭ دىنىي دەرسلەرنى ئوقۇتۇش مەزمۇنى ئاساسىدا، بۇخارا ئىسلام دارىلفۇنۇنلىرىدا قېلىپلاشقان بىلىملەر ئون بولۇپ، ئۇلار: ئىلمى كالام، ئىلمى تەپسىر، ئىلمى ھەدىس، ئىلمى فىقھى، ئىلمى تەجۋىد، ئىلمى پەرائىز (مىراس تەقسىماتى ئىلمى)، ئىلمى مەنتىق (لوگىكا)، ئىلمى سەرپ (موفولوگىيە)، ئىلمى نەھۋى (گراممانىكا)، ئىلمى مەئانى (ئىستىلىستىكا) قاتارلىق ئىلىم تۈرلىرى ئىدى. بۇ ئون ئىلىمنى تولۇق ئىگىلەپ چىققانلار «داموللا» (ئون ئىلىمدە توشقان زات) دەپ ئاتىلاتتى.

## زەمزەم سۈيى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار زەمزەم سۈيىنى قەدىرلىگەندەك، ئۇيغۇرلارمۇ زەمزەم سۈيىنى قەدىرلەيدۇ، ھاياتىدا ئۇنى بىرەر يۇتۇم بولسىمۇ ئىچىپ بېقىشنى ئارمان قىلىدۇ. ھەتتا ئۇلار ناخشا _ قوشاقلىرىدىمۇ زەمزەم سۈيىنى تىلغا ئالىدۇ. تاشنالىق شارابى سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ.

دۇنيادا ئۇيغۇرلاردەك ئاق كۆڭۈل، ساپ ۋە ئاق نىيەتلىك مۇسۇلمانلار بولمىسا كېرەك. ئۇيغۇرلار ھاجىلىققا بارغۇچىلارغا قانچىلىك كۆپ ۋە قانچىلىك قىممەتلىك يوللۇقلارنى تۇتقان بولسىمۇ، ئۇلار بەرگەن بىر يۇتۇم زەمزەم سۈيىدىن ئالەمچە خوشاللىققا تولىدۇ. ئاتا _ ئانىسىنىڭ پېشانىسىگە سۈيۈپ باقمىغانلىرىمۇ ھەرەمدىن كەلگەن ھاجىنىڭ باش – كۆزلىرىنى سۆيۈپ كېتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلاردىكى ئىخلاس ۋە سەمىمىيەتنىڭ قانچىلىك يۇقىرىلىقىدىنى دېرەك بېرىدۇ.

زەمزەم سۈيى ئاللاھ تائالا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئاستىدىن چىقىرىپ بەرگەن مۇبارەك سۇدۇر. مىلادىيىدىن تەخمىنەن 2000 يىللار ئىلگىرى پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن ئايالى ھاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى شۇ ۋاقىتتىكى سۇسىز، گۈل – گىياھسىز، قاقاسلىق چۆل مەككىگە ئېلىپ كېلىپ قويۇپ كېتىپ قالىدۇ. ھاجەر سۇ ئىزدەپ سافا بىلەن مەرۋە ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدا يۈگۈرگەن بولسىمۇ سۇ تاپالمايدۇ. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام قاتتىق ئۇسسۇزلۇقتىن قىينالغان ۋاقىتدا ئۇنىڭ ئىككى تاپىنىنىڭ ئاستىدىن بۇلاق چىقىدۇ. ئانىسى ھاجەر سۇنى كۆرۈپ قاتتىق خوشال بولىدۇ ۋە سۇنى بېكار ئېقىپ كەتمىسۇن دەپ «زەمزەم» (يەنى توختا) دەيدۇ. شۇندىن بىرى بۇ سۇ «زەمزەم سۈيى»دەپ ئاتىلىپ قالىدۇ.

### زەمزەم قۇدۇقىنىڭ ئورنى

زەمزەم قۇدۇقى مەسجىدى ھەرەمنىڭ سەيناسىدىكى مەقامۇ ئىبراھىمنىڭ جەنۇپ تەرىپى ۋە ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ ئۇدۇلىغا جايلاشقان. كەئبىدىن 21 مېتىر ۋە ھەجەرۇل ئەسۋەدتىن 18 مېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، چوڭقۇرلىقى 43 مېتىر كېلىدۇ. قۇدۇقنىڭ تېگىدە ئۈچ دانە بۇلاق بار. بۇلارنىڭ بىرى ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ يېنىدا، يەنە بىرى سافا تېغىنىڭ يېنىدا، ئۈچىنچىسى مەرۋەنىڭ يېنىدا. بۇرۇن زەمزەم قۇدۇقىنىڭ ئىككى كۆلچىكى بار بولۇپ، بىرى زەمزەم قۇدۇقى بىلەن ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى. كىشىلەر بۇ جايدىن زەمزەم ئىچەتتى. يەنە بىرى سافا تەرەپكە ئېقىتىۋېتىلگەن بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭدىن تاھارەت ئالاتتى. كېيىنچە، كەئبىنى تاۋاپ قىلغۇچىلارغا قىستىلاڭغۇ بولۇپ قالغانلىق سەۋەبتىن، زەمزەم كۆلچەكلىرى تاقىۋېتىلىپ، كەئبىنىڭ ئەتراپىدىكى مەيدانىنىڭ ئاستىغا كىشىلەر پەلەمپەي بىلەن كىرىپ ئىچىدىغان قىلىپ كرانلار(جۈمەكلەر) بېكىتىلىدۇ. 2003 _ مىلادىيە يىلىغا كەلگەندە ھەرەمنىڭ سەيناسىنى ئازادىلەشتۈرۈش مەقسىتى بىلەن زەمزەم قۇدۇقىغا چۈشىدىغان ئېغىز تاقىۋېتىلىپ، زەمزەم سۈيى سەينانىڭ يان تەرىپىدىن تۇرۇبىلار ئارقىلىق چىقىرىپ قويۇلدى.

### زەمزەم سۈيىنىڭ خاسىيىتى

21 _ ئەسىرنىڭ بىيولوگىيە ئالىملىرى زەمزەم سۈيىنىڭ تا قىيامەتكىچە سىرىنى بىلگىلى بولمايدىغان مۆجىزىگە ئىگە ئالاھىدە بىر سۇ ئىكەنلىكىنى ۋە دۇنيادا ھېچقانداق بىر سۇنىڭ پاكلىقتا ۋە سۈزۈكلۈكتە زەمزەم سۈيى ئېرىشكەن خۇسۇسىيەتلەرگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى سۆزلىمەكتە. قىسقىسى، زەمزەم سۈيى مىڭلارچە يىللاردىن بىرى مىقدارى ئازىيىپ كەتمەستىن ياكى ئېتىلىپ چىقىپ پالاكەت تۇغدۇرماستىن بىر خىل چىقىپ كەلمەكتە. مۇندىن باشقا ئادەتتىكى سۇلارنى ئۇنىڭغا ساقلىغۇچى ماددىلارنى ئارىلاشتۇرماستىن ئۇزۇن مۇددەتلىك ساقلىغاندا ئۇنىڭ تەمى بۇزۇلىدۇ. ئەمما زەمزەم سۈيى بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، بىرخىل تەمى بىلەن داۋام قىلىۋېرىدۇ. زەمزەم سۈيىنىڭ تەمى دۇنياۋى بىر تەم بولۇپ، بىرەر قېتىم زەمزەم سۈيى ئىچكەن ئادەم ئۇنىڭ تەمىنى بىلىۋالىدۇ _ دە، قايتا ئىچكەن ھامان ئۇنى پەرق ئېتەلەيدۇ. زەمزەم سۈيىنى دۆلەتلەر ئارا يۆتكەش ۋە ئۇزۇن مۇددەت ساقلاش بىلەنمۇ ئۇنىڭ تەمى قەتئىي ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ دىگەنلىرىمىز نەزەرىيە ياكى قەدىمقى كىتابلارنىڭ خەۋىرى ئەمەس، بەلكى تەجرىبە ۋە ئىلمىي تەتقىقاتلارنىڭ يەكۈنى. زەمزەم سۈيىنىڭ بەزى كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق يېزىلغان ئىلمىي ماقالىلارمۇ ئاز ئەمەس. ھازىرغىچە زەمزەم سۈيى زىيان قىلغان بىرەر جانلىق كۆرۈلمىگەن.

### زەمزەم سۈيى ئىچىشنىڭ پايدىسى

ھەج قىلغۇچى، ئۆمرە قىلغۇچى ۋە شۇنداقلا ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ زەمزەم سۈيىدىن ئىچىشى ساۋاپلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەمزەم سۈيىنى تەرىپلەپ: «زەمزەم سۈيىنى نېمە مەقسەت بىلەن ئىچسە شۇنىڭغا پايدا قىلىدۇ»[①] دەپ كۆرسەتكەن.

---

[①] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

يەنە ئۇ «زەمزەم مۇبارەك سۇدۇر، ئۇ ئاچلىققا تائامدۇر»[①] دېگەن.

[①] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

## ھىجرەت

### ھىجرەتنىڭ مەنىسى

ئەرەب تىلىدىكى «الهجرة» سۆزى لۇغەت ئېتىبارى بىلەن تەرك ئېتىش دېگەننى بىلدۈرىدۇ. تەرك ئېتىش ئىككى تۈرلۈك بولۇپ: بىرى، مەنىۋى جەھەتتىن تەرك ئېتىش، يەنە بىرى، جىسمانىي جەھەتتىن تەرك ئېتىشتۇر.

مەنىۋى جەھەتتىن تەرك ئېتىش دېگىنىمىز: گۇناھ-مەسىيەتلەرنى ۋە ناچار قىلىقلارنى تەرك ئېتىش دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «المهاجر من هجر ما نهى الله عنه» يەنى«مۇھاجىر ئاللاھ مەنئى قىلغان ئىشلارنى تەرك ئەتكەن كىشىدۇر»[1] دېگەن سۆزى بۇ مەنىدىكى تەرك ئېتىشنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەمما جىسمانىي جەھەتتىن تەرك ئېتىش دېگىنىمىز: ئەقىدىنى ئاشكارا قىلغىلى بولمايدىغان، ئىسلام پەرزلىرىنى ئاشكارا ئورۇندىغىلى بولمايدىغان، مۇسۇلمانلار ئەقىدىسى سەۋەبلىك ئۆلۈم بىلەن تەھدىت سېلىنىغان جايدىن ئەقىدىسىنى ۋە جېنىنى قوغدىيالايدىغان بىر جايغا كۆچۈش دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى ھىجرەت مانا مۇشۇ سەۋەبتىن بۇيرۇلغان. بۇ تۈردىكى ھىجرەت ئىسلام ئاتالغۇسىدا دىنىي مەقسەت بىلەن يۇرتىدىن ئايرىلىش دېگەنلىكتۇر.

### ھىجرەت باسقۇچلىرى

ئىسلام تارىخىدا ھىجرەت ئىككى باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، بىرى، ئىسلام دەۋىتىنىڭ مەككىدىكى باشلىنىش دەۋرى، يەنە بىرى مەككە ئازات بولغاندىن كېيىنكى دەۋرىدۇر.

1. ئىسلام دەۋىتىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا مەككىدىكى بۇتپەرەس ئەرەبلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئېلىپ بارغان تۈرلۈك قىيىن _ قىستاقلىرى، ماددىي ۋە مەنىۋى زىيانكەشلىكلىرى سەۋەبلىك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئاۋۋال ھەبەشىستانغا، ئاندىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇغان. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنى تەسىس قىلغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى پەرز بولۇپ بەلگىلەنگەن. ھەتتا ھىجرەتتىن ئايرىلىپ قېلىش چوڭ گۇناھلار قاتارىدىن سانالغان. چۈنكى شۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممە بىرلىكتە بۇ تۇنجى دۆلەتنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىش، كۈچ _ قۇدرىتىنى بىرلەشتۈرۈش، ئىسلامغا قارشى كۈچلەر ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئارقىلىق ئىسلام دەۋىتىنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىتىش يولىدا قۇدرەت تېپىشقا زور ئېھتىياجلىق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى قاتتىق تەشەببۇس قىلىنغان، ھەتتا ئۆزلۈرسىز تۇرۇپ ھىجرەتنى تەرك ئەتكۈچىلەردىن دوستلۇقنى ۋە ئىسلامىي قېرىنداشلىق رىشتىسىنى ئۈزۈش ھەققىدە ئايەتلەر چۈشكەن. (ئىمان ئېيتقان، (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغان، پۇل _ مېلى ۋە جېنى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان (مۇھاجىر)لار بىلەن ئۇلارغا جاي بەرگەن ۋە ياردەم قىلغان (ئەنسار) لارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار ئەلۋەتتە بىر _ بىرى بىلەن (ھەقىقىي) دوستلاردۇر. ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، ھىجرەت قىلمىغانلار تاكى ھىجرەت قىلغانغا قەدەر سىلەرنىڭ ئۇلارنى ھىمايە قىلىش ۋە قوغداش مەجبۇرىيىتىڭلار يوقتۇر)[2]، (ئۇلار ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلمىغۇچە ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار)[3] دېگەن ئايەتلەر بۇنىڭ مىسالى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن باش تارتقۇچىلاردىن ئۆزىنىڭ بىزار ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان.

2. ئاللاھ تائالا ئىسلام دىنىنى كۈچلەندۈرۈپ، مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت بەرگەن، مۇسۇلمانلارنىڭ قۇدرەتلىك دۆلىتى بەرپا بولغان ۋە ئىسلامغا قارشى كۈچلەرنىڭ مەركىزى بولغان مەككىمۇ ئازات بولۇپ، مەدىنە ئىسلام دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە كىرگەندىن كېيىن ھىجرەتنىڭ ھۆكۈمى ئۆزگەردى. پەيغەمبەر سەﷲلاھۇ ئەلەيھىسسالام شۇ ۋاقىتتا «مەككە ئازات بولغاندىن كېيىن ھىجرەت يوق، پەقەت ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ۋە نىيەتلا قالدى. جىھادقا چاقىرىلغان ۋاقىتىڭلاردا دەرھال چىقىڭلار»[4] دېگەن مەشھۇر سۆزىنى جاكارلىدى.

### ئىسلامدا ھىجرەتنىڭ ئەھمىيىتى

ھىجرەت ئىسلام تارىخىدا ئەڭ ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىشى بىلەن مەككىنىڭ ئازاد قىلىنىشىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ۋەقەلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەن تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىشتۇر. ھىجرەت خالىس ئىبادەت بولغانلىقتىن، ئۇمۇ نىيەتنىڭ خالىس بولۇشى بىلەن قىممەت قازىنىدۇ، نىيەتنىڭ خالىس بولماسلىقى بىلەن ئەجىر

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[2] ئەنفال سۈرىسى:72-ئايەت.
[3] نىسا سۈرىسى:89-ئايەت.
[4] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

_ ساۋابتىن مەھرۇم قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئەمەللەر پەقەت نىيەتلەرگە باغلىقتۇر. كىمكى ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى دەپ ھىجرەت قىلسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن بولۇپ قوبۇل قىلىنىدۇ، كىمكى مال _ دۇنياغا ئېرىشىشنى ياكى بىرەر ئايالغا ئۆيلىنىشنى كۆزلەپ ھىجرەت قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ھىجرىتى ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىسى ئۈچۈن بولىدۇ»[1] . چۈنكى ھەرقانداق بىر ئەمەل _ ئىبادەتنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن، ئىخلاس بىلەن دۇرۇسلۇق شەرتتۇر. ئىخلاس _ قىلماقچى بولغان ئىشتا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش دېگەنلىكتۇر. دۇرۇسلۇق _ قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە بولۇشى دېگەنلىكتۇر. مۇشۇ ئىككى شەرت ھازىرلانمىغان ئەمەل _ ئىبادەت قوبۇل بولمايدۇ.

ھىجرەتنىڭ مەنىسى ناھايىتى چوڭقۇر ۋە دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ھىجرەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىسى باتىلدىن يۈز ئۆرۈپ ھەقىقەتكە يۈزلىنىش، گۇناھ _ مەسىيەتنى تاشلاپ ياخشى ئەمەل دائىرىسىگە كىرىش، ئازغۇنلۇقتىن قۇتۇلۇپ ھىدايەتكە يۈتكىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئاندىن كۇفرى دىيارىدىن ئىسلام دىيارىغا يۆتكىلىش كېلىدۇ. چۈنكى ئىنسان ئىشنى ئاۋۋال ئىچكى دۇنياسىنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشلىشى كېرەك. ھىجرەتنىڭ ئەڭ تولۇق تەرىپى : ئاللاھ تائالا مەنئى قىلغان ئىشلارنى تاشلاش دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقىقەتنى ئىپادىلەپ: «مۇھاجىر ئاللاھ مەنئى قىلغان ئىشلارنى تەرك ئەتكەن كىشىدۇر»[2] دېگەن.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىش ئەڭ كاتتا ئىبادەتلەردىن سانىلىدۇ. قىيىنچىلىقتا، دىننى بېسىم ئاستىدا ۋە پىتنە _ پاسات ئارىسىدا تۇرۇپ، ئۆز دىنىنى قوغداشمۇ ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغانلىقتىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئىپادىلەپ: «پىتنە _ پاسات ئومۇملاشقان زاماندا قىلىنغان ئىبادەت ئاللاھقا ھىجرەت قىلغانلىق بىلەن تەڭدۇر»[3] دېگەن.

### ئىسلام تارىخىدىكى تۇنجى ھىجرەت

ئىسلام تارىخىدىكى تۇنجى ھىجرەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلىرىنىڭ ئاھالىسى ھەق دىننى ئىنكار قىلغان، مۇسۇلمانلارنى قىيىن _ قىستاقلارغا ئالغان ۋە قولىدىن كەلگەن يامانلىقنىڭ ھەممىنى قىلغان مەككىدىن ئاھالىسى ھەق دىننى قوبۇل قىلغان، مۇسۇلمانلارغا قۇچىقىنى ئاچقان ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلغان مەدىنىگە قىلغان ھىجرىتىدۇر. ئاللاھ تائالا شۇ چاغدىكى مەككە ئاھالىسى توغرۇلۇق: ((ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار سېنى قاماقتا ئېلىش ياكى ئۆلتۈرۈش ۋە ياكى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن سۇيىقەست پىلانلىغان ئىدى. ئۇلار سۇيىقەست پىلانلىغان بىلەن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى بەربات قىلدۇ. ئاللاھ سۇيىقەستلەرنى بەربات قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر)[4] دېگەن. ئاللاھ تائالا شۇ چاغدىكى مەدىنە ئاھالىسى توغرۇلۇق: (ئۇلاردىن ئىلگىرى مەدىنىدە يەرلىشىپ قالغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغان (ئەنسار)لار ئۆزلىرىنىڭ يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەن(مۇھاجىر)لەرنى دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ ۋە ئۆزلىرى موھتاج تۇرۇقلۇق (ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى) ئۆز مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىدۇ. ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر)[5] دېگەن.

### ھىجرەتنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسى

ھىجرەتنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسى ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىنى قوغداش ۋە ئەمەل _ ئىبادەتنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئورۇنداش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشتۇر. چۈنكى ئىنسان مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان مەخلۇقات بولۇپ، مۇئمىن ئادەم ئۆزىگە ئوخشاش ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان، يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇپ، ياخشى ۋە توغرا ئىشلارنى قىلىدىغان مۇسۇلمانلاردىن تەشكىل تاپقان ئىسلامى جەمئىيەتتە ياشىغاندىلا ئاللاھ تائالاغا قۇلچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. ياخشى مۇھىت، ئۇلگىلىك جەمئىيەت ياخشى ۋە ئۇلگىلىك ئىنسانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقالىغاندەك، يامان مۇھىت، سەلبىي جەمئىيەت يامان ۋە سەلبىي ئىنسانلارغا ھامىلىداردۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ: (ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار)[6] دېگەن.

### كاتتا مۇكاپاتنىڭ بەدىلىمۇ كاتتا بولىدۇ

ئۆز ۋەتىنىنى سۆيۈش، تۇغۇلغان يېرىگە يۈرىكىدىن باغلىنىش ھەربىر ئىنساننىڭ دىلىغا پۈتۈلۈپ كەتكەن تەبىئىي ھالەتتۇر. ھېچكىم ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى تۆكۈلگەن، باغرى ئىسسىق ۋەتىنىنى تاشلاپ يىراقلارغا كېتىشنى خالىمايدۇ. ۋەتەندىن ئايرىلىش ئەڭ چوڭ مۇسىبەتلەردىن بىرىدۇر. ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ غۇربەت كوچىلىرىدا مەنىۋى ئازاب چېكىۋاتقانلار ۋەتەننىڭ قەدرىنى تېخىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. ۋەتەندىن ئايرىلىش ئادەمنى غەمگە چۆمدۈرىدىغان، يۈرىكىنى يارا قىلىدىغان ئەڭ چوڭ ئازابتۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ تەبىرى بويىچە ئېيتقاندا، ئۆز دىيارىدىن ئايرىلىش ئۆلگەن بىلەن تەڭدۇر. يەنى ﴿ئەگەر بىز ئۇلارغا: «ئۆزەڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[4] ئەنفال سۈرىسى، 30_ ئايەت.
[5] ھەشر سۈرىسى، 9_ ئايەت.
[6] تەۋبە سۈرىسى، 119_ ئايەت.

يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كېتىڭلار دەپ ئەمر قىلغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى بۇنى ئىجرا قىلمايتتى)[1]. مۇسۇلمان ئادەم ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك بەخت _ سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالاغا ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە قۇلچىلىق قىلىشقا، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىجرا قىلىشقا ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىسيلىق بولىدىغان ئىشتا ھېچكىم بويسۇنماسلىققا بۇيرۇلغان.
ناۋادا مۇسۇلمان ئادەم ئۆزىنى ئاللاھ تائالاغا ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە قۇلچىلىق قىلىشتىن توسىدىغان، دىنىي قىممەتلىرىدىن ۋاز كېچىشكە، ھەتتا كۇفرىلىققا مەجبۇرلايدىغان، مۇسۇلمانلار ئېزىلىدىغان، كاپىرلار ھەددىدىن ئاشقان بىر مۇھىتتا ۋە بىر جەمئىيەتتە ياشىغان بولسا، ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككىلا يول بار بولۇپ: بىرى، زۇلۇمغا ۋە ھەقسىزلىككە رازى بولۇپ ياشاش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىك مەڭگۈلۈك سائادىتىنى نابۇت قىلىۋېتىش، يەنە بىرى، ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى قوغداپ قالالايدىغان، ئەمەل _ ئىبادەتلىرىنى ئەركىن قىلالايدىغان بىرەر ئىسلام دىيارىغا ھىجرەت قىلىشتۇر. بۇ ئىككى تاللاشنىڭ قايسىسىغا تۇرۇش كېرەك؟ ((ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «سىلەر بۇرۇن قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «بىز يەر يۈزىدە بوزەك قىلىنغان ئىدۇق» دەيدۇ. پەرىشتىلەر: «ھىجرەت قىلساڭلار، ئاللاھنىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟» دەيدۇ. ئەنە شۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي! پەقەت ئەرلەردىن، ئاياللاردىن، بالىلاردىن(ھىجرەتكە) چارىسىز قالغان، يول بىلمەيدىغان ئاجىزلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلارنى ئاللاھنىڭ ئەپۇ قىلىشىدىن ئۈمىد بار. چۈنكى ئاللاھ ئەزەلدىن ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. كىمكى ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن، ئۇ زېمىندا چىقىش يولى ۋە كەڭچىلىك تاپىدۇ. كىمكى ئۆيىدىن ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ چىقسا، ئاندىن يولدا ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ چوقۇم بېرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئەزەلدىن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر)[2].

**ھىجرەتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى**

ھىجرەتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى مۇھىم بولۇپ، ساۋابى ئەڭ كۆپ ئەمەل ئىبادەتلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ، ئاللاھ تائالا ھىجرەت قىلغۇچىلارغا ئاخىرەتتە جەننەتنى ۋەدە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: (ئىمان ئېيتىپ ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر. ئۇتۇق قازانغۇچىلار ئەنە شۇلاردۇر)[3].

يەنە ئاللاھ تائالا ھىجرەت قىلغۇچىلارنىڭ بۇ دۇنيالىق ھاياتىدىمۇ كەڭچىلىككە نائىل بولىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، مۇنداق دەيدۇ: (كىمكى ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن، ئۇ زېمىندا چىقىش يولى ۋە كەڭچىلىك تاپىدۇ. كىمكى ئۆيىدىن ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ چىقسا، ئاندىن يولدا ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى چوقۇم ئاللاھ بېرىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر)[4].

ھىجرەتنىڭ كاتتا ئورنى ۋە يۇقىرى دەرىجىسى ئىسلام كالېندارىنىڭ ھىجرەتتىن باشلىنىشىنى تەقەززا قىلغان. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ دەۋرىدە، ئىسلام دىنىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس يىلنامىسى بولۇشى كېرەكلىكى ۋە بۇ يىلنامىدا قايسى ۋاقىتنى يىل بېشى قىلىش مەسىلىسىدە، ساھابىلەر ئوتتۇرىسىدا تۈرلۈك لايىھەلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بەزىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى 571 _ يىلنى ئىسلام يىلنامىسىنىڭ باش يىلى قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويسا، بەزىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغان 610 _ يىلنى يىل بېشى قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كۆپچىلىك مۇسۇلمانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان 622 _ يىلنى ئىسلام يىلنامىسىنىڭ باش يىلى قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى بۇ پىكىر قوبۇل قىلىنغان.

دېمەك، ھىجرەتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان يىلىدىن ۋە ئۇنىڭغا ۋەھيى كەلگەن يىلدىنمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانلىق ۋەقەسى ئىسلام تارىخىدا ھەل قىلغۇچ بۇرۇلۇشنى ھاسىل قىلغان ئۇلۇغ ۋەقەلىك ئىدى.

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەتتىن ئاۋۋال ئالغان تەدبىرلىرى**

1. مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارغا قاراتقان دۈشمەنلىكى، ئۆچمەنلىكى ۋە ھەددىدىن ئاشقان جەۋر _ زۇلۇملىرى چەكتىن ئاشقان بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى زۇلۇم ئەۋجىگە چىققان كۇفرى دىيارىدىن زۇلۇمغا ئۇچرىمايدىغان جايلارغا ھىجرەت قىلىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلغان.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن ئاۋۋال مۇكەممەل پىلان تۈزگەن بولۇپ، ھىجرەت ئاتلىنىش پىلانىنى كىشىلەردىن مەخپىي تۇتقان، يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال ئۇستا يولباشچىدىن بىرىنى كىرالىغان ۋە يولغا چىققاندىن كېيىن مەككىنىڭ

---

[1] نىسا سۈرىسى، 66_ ئايەت.
[2] نىسا سۈرىسى، 97_100_ ئايەتلەر.
[3] تەۋبە سۈرىسى، 20_ ئايەت.
[4] نىسا سۈرىسى، 100_ئايەت.

جەنۇبىدىكى ھىرا غارىغا يوشۇرۇنغان. ساھابىلىرىدىن بىر قانچە كىشىگە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرغان بولۇپ، بىرسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدىن تۆگە ئىزلىرىنى ئۆچۈرۈپ تۇرۇشقا، يەنە بىرى، مەككىلىكلەرنىڭ خەۋىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈپ تۇرۇشقا، ئۈچىنچىسى، غارغا يېمەك _ ئىچمەك يەتكۈزۈپ بېرىشكە تەيىنلەنگەن ئىدى.

مەلۇمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنچە پىلان ۋە تەدبىرلەرنى دۈشمەندىن قورقانلىقتىن تۈزگەن ئەمەس، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ئاللاھ تائالانىڭ ساقلايدىغانلىقىغا چىن ئىشىنەتتى. بۇنىڭ بىر دەلىلى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت ئەسناسىدا ناھايىتى خاتىرجەم، ناھايىتى تەمكىن ئىدى. ھەتتا مۇشرىك كۈچلىرى غارنىڭ ئېغىزىغا يېتىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمراھى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتتىق قورقۇپ كېتىپ، ئۇلار تۆۋەن تەرەپكە بىرلا قارىسا بىزنى تېپىۋالىدۇ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەمكىنلىك بىلەن (غەم قىلمىغىن، ئاللاھ بىز بىلەن بىللە)[①]، «ئى ئەبۇ بەكرى! بىزنى يالغۇز دەپ قالدىڭمۇ؟ ئۈچىنچىمىز ئاللاھتۇر»[②] دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەر يۈزىدە ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ۋە نۇسرىتىگە ئەڭ تېگىشلىك بولغان زات تۇرۇپ، شۇنچىلىك ئېھتىياتچانلىق بىلەن، مۇكەممەل پىلان بىلەن ئىش كۆرگەن. بۇنىڭدىن شۇنداق دەرس چىقىدۇكى، مۇئمىن ئادەم ئاللاھ تائالاغا تايىنىش ۋە ئۇنىڭغا يۈرىكىدىن تەۋەككۈل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قولىدىن كېلىدىغان سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇكەممەل ۋە تولۇق ئورۇندىشى لازىم. مانا بۇ غەلىبىنىڭ كاپالىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالاغا تايىنىش ۋە ئۇنىڭ ياردىمىنى تەلەپ قىلىش دېگەننى مۇشۇنداق مۇكەممەل ۋە توغرا شەكىلدە چۈشەنگەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بىر قولىدا قۇرئان بولسا، يەنە بىر قولىدا قىلىچ بولغان. يەنى ماددىي ۋە مەنىۋى سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى ۋايىغا يەتكۈزگەن.

ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى خالايدىغان ھەرقانداق مۇئمىن ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھىجرىتىدىن تولۇق دەرس ئېلىشى ۋە غەلىبە ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئىشىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا بارلىق سەۋەبلەرنى تولۇق ئورۇنداش ئىكەنلىكىنى بىلىش لازىم.

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىلادىيەنىڭ 615 _ يىلى، 4 ئايال، 11 ئەر بولۇپ، جەمى 15 كىشىنى تۇنجى قېتىم ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇغاندا، ئۇلارغا «ئۇ جايدا يېنىغا بارغانلارغا زۇلۇم قىلمايدىغان ئادالەتلىك بىر پادىشاھ بار» دەپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلغان.

4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن ئاۋۋال مەدىنىلىكلەردىن ئۆزىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئائىلىسىدىكىلىرىنى قوغدىغاندەك قوغدىشى ھەققىدە ئۇلاردىن ۋەدە ئالغان.

5. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى ھەبەشىستانغا تۇنجى قېتىم ھىجرەتكە ئەمر قىلغاندا، ئۇلارنىڭ كېيىنچە چوقۇم قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

**ھىجرەت قىلىشنىڭ شەرتلىرى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىقى تەدبىرلىرىدىن تۆۋەندىكى شەرتلەرنى چىقىرىشقا بولىدۇ:

**ھىجرەتنىڭ بىرىنچى شەرتى:**

ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى ئاشكارا قىلالمايدىغان، ئىبادەتلىرىنى ئاشكارا قىلالمايدىغان ۋە جان ئامانلىقى بولمىغان، ھىجرەت قىلاي دېسە ئۇنىڭغا كۈچى يېتىدىغان شارائىتتا بولۇشتۇر. ئۇنداق بىر خەۋپ مەۋجۇت بولمىسا ھىجرەت پەرز بولمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ مەككە مۇشرىكلىرى تەرىپىدىن قاتتىق قېيىن قىستاققا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈشكە باشلىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.ئۆزىمۇ مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ كېچەش يىغىنىدا ئۆزىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى ۋە بۇ جازانىڭ شۇ كېچىسى ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەندىن كېيىن ھىجرەت قىلغان.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ھىجرەت توغرۇلۇق سورالغاندا ئۇ مۇنداق دېگەن: «بۈگۈن ھىجرەت يوق، بۇرۇن مۆمىنلەر زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن قورقۇپ، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى تەرەپكە قاچاتتى. لېكىن ھازىر ئاللاھ ئىسلامنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. مۆمىن ئادەم رەببىگە خالىغان يېرىدە ئىبادەت قىلالايدۇ» دېيىش ئارقىلىق، ھىجرەتنىڭ پەرزلىكىنى ئۇ كىشىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن قورقۇش شەرتىگە باغلىغان.

**ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى شەرتى:**

ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلىپ بارىدىغان جايدىكى ھاكىمىيەتنىڭ ھىجرەت قىلىپ كەلگۈچىلەرنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ جېنى بىلەن مال-مۈلكىنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى ھىجرەت

[①] تەۋبە سۈرىسى،40_ ئايەت.
[②] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

قىلىشقا بۇيرۇشتىن ئاۋۋال ئۇلار ھىجرەت قىلىپ بارسا بولىدىغان بىر جاينى تاللىغان ۋە ئۇ جايدىكى ھاكىمىيەتنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئامانلىق بېرىدىغانلىقىدىن كۆڭلى تامامەن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، ساھابىلىرىگە ھىجرەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلغان. مەسىلەن: بىرىنچى قېتىم ئۇلارنى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇغان چېغىدا، ئۇلارغا «ئۇ جايدا يېنىغا بارغانلارغا زۇلۇم قىلمايدىغان ئادالەتلىك بىر پادىشاھ بار» دەپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلغان. ئەگەر پەيغەمبىرىمىزدە ساھابىلىرىنىڭ ھەبەشىستاندا ئامانلىققا ئېرىشىدىغانلىقىغا قارىتا تولۇق ئىشەنچ بولمىغان بولسا، ساھابىلىرىنى ئۇ جايغا ھىجرەت قىلىشقا ھەرگىز بۇيرۇمىغان بولاتتى، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرىمۇ مەدىنىدە تۇرۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان مۇسۇلمانلاردىن ھىجرەت قىلىپ بارغۇچىلارنى كۈتۈش ۋە قوغداش ھەققىدە ئەھدە ئالغان. مەسىلەن: مەدىنىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقەبە دېگەن جايدىكى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى نۆۋەتلىك بەيئىتى جەريانىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن مەككىدىن بارىدىغان مۇھاجىرلارنى ئۆز باللىرىنى ۋە ئاياللىرىنى قوغدىغاندەك جان تىكىپ قوغدىشى ھەققىدە ۋەدە ئالغان. ئىككىنچى قېتىملىق ئەقەبە بەيئىتى جەريانىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلىۋاتقان 75 كىشىگە قاراپ: «ئى مەدىنىلىكلەر! مۇھەممەدنىڭ قەۋمىمىز ئىچىدىكى ھۆرمىتىنى بىلىسىلەر. ئۇنى بىز ھازىرغىچە قوغداپ كەلدۇق. ئۇ ئەمدى سىلەر تەرەپكە كېتىشنى قارار قىلدى. ئەگەر سىلەر ئۇنى قوغدىيالىساڭلار، بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈڭلارغا ئالالىساڭلار، بولىدى ئۇ سىلەرگە بارسۇن» دېگەندە، ئۇلار «يارەسۇلۇللاھ! ئۆزلىرىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز سىلىنى ئۆز باللىرىمىزنى ۋە ئاياللىرىمىزنى قوغدىغاندەك قوغدايمىز» دەپ ئەھدە بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بۇنىڭغىمۇ كۇپايە قىلماستىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قەبىلە چوڭلىرىدىن 12 كىشىنى تاللاپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز قەۋمىنىڭ مۇسۇلمانلارنى قوغدىشىغا كاپالەت بېرىشىنى تەلەپ قىلغان ۋە ئۇلار كاپالەت بەرگەن.

### ھىجرەتنىڭ ئۈچىنچى شەرتى:

ھىجرەت قىلىشنى نىيەت قىلغاندا، بىر مەزگىلدىن كېيىن ئەسلى ۋەتىنىگە قايتىش نىيىتى بولۇش كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلىرى قىلغان ھىجرەتلەرنىڭ ھەممىسىدە، قايتىپ كېلىش مەقسەت قىلىنغان ئىدى. ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغانلارمۇ ھەرگىز ئۇ يەردە يەرلىشىش ئۈچۈن بارمىغان. مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانلارمۇ، مەككىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن قايتىپ كەلگەن.

### ھىجرەتنىڭ تۈرلىرى ۋە ھۆكۈملىرى

مەككە پەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى كەسكىن ھالدا ھىجرەتكە چاقىرغان ئايەتلەر ۋە ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنلىرى ۋەپەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككە پەتھىسىدىن كېيىن ھىجرەتنى چەكلىگەن ھەدىسلىرىنىڭ مەزمۇنلىرى بىلەن سېلىشتۇرغان ھالدا مۇلاھىزە يۈرگۈزىدىغان بولساق، ئىسلامدا تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك ھىجرەت مەۋجۇت:

### بىرىنچى تۈرلۈك ھىجرەت

مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى ئاشكارا قىلالمايدىغان، ئىبادەتلىرىنى ئاشكارا قىلالمايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ جېنى تەھدىتكە ئۇچرىغان شارائىتقا دۇچ كەلگەن جايدىن پەقەت دىنىنى قوغداش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئامانلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە كۈچلىنىپ قايتىپ كېلىش مەقسىتى بىلەن دىنىي ئەقىدە قوغدىلىدىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ جېنى ۋە مال-مۈلكى ئامانلىققا ئېرىشىدىغان باشقا بىر جايغا كۆچۈش دېگەنلىكتۇر. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇخسەت قىلغان ھىجرەت بولۇپ، ساھابىلەرنىڭ ھەبەشىستانغا قىلغان بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق ھىجرىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىلىك كاپىرلار تەرىپىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر مۇسىبەتلەرنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ ھىمايىسى ۋە تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ قوغدىشى ئاستىدا تۇرۇپ، ساھابىلىرىنى كاپىرلارنىڭ زۇلۇمىدىن توسيالمىغانلىقى ئۈچۈن بىئارام بولاتتى. ئاخىرى ئۇلارغا ‹ئەگەر سىلەر ھەبەشىستانغا بارساڭلار، ئۇ يەردە ھېچكىمنى زۇلۇمغا ئۇچراتمايدىغان بىر پادىشاھ بار، ئۇ راستچىللىق ماكانىدۇر. بەلكى ئاللاھ سىلەرگە شۇ يەردە بىر چىقىش يولى بېرىپ قالار› دېدى. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر ھەبەشىستانغا بىرىنچى قېتىملىق ھىجرىتىنى باشلىۋەتتى» [1].

ئەللامە ئىبنى قەييىم جەۋزى مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپىيىشكە باشلىشى بىلەن كاپىرلار بۇنىڭدىن قورقۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى دىنىدىن چىقىرىش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئازابلاشلىرى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنىڭ بىلەن ساھابىلىرىگە ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا رۇخسەت بەردى»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى ۋاقتىدا مەككىنىڭ مۇشرىك كۈچلىرى مۇسۇلمانلارغا چىدىغۇسىز ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى سالغان ۋە ئۇلارنى دىنىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن قىلمىغانلىرى قالمىغان ئىدى. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى ھەبەشىستانغا (ھازىرقى ئېفىيوپىيە) ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇغان. ھەبەشىستانغا قىلىنغان بىرىنچى قېتىملىق ھىجرەتكە 11 ئەر، تۆت ئايال، جەمئى 15

[1] ئىبنى ئىسھاقنىڭ «السيرة النبوية» ناملىق ئەسىرى 2- توم، 164-بەت
[2] ئىبنى قەييىم جەۋزىنىڭ «زاد المعاد» ناملىق ئەسىرى1-توم، 97-بەت.

كىشى ئاتلانغان بولۇپ، مەككە مۇشرىكلىرى ئۇلارنى قوغلاپ قىزىل دېڭىزنىڭ بويىغا كەلگىنىدە، ئۇلار ئاللىبۇرۇن ئىككى كېمىنى كىرالاپ ھەبەشىستان تەرەپكە قوزغىلىپ بولغان. بۇ ۋەقەلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغاندىن بەش يىل كېيىن، مىلادىيە 615- يىلى رەجەب ئايدا بولغان. ئىككىنچى قېتىملىق ھىجرەتكە مىلادىيەنىڭ 616- يىلى 83 ئەر، 18 ئايال، جەمى 101 كىشى ئاتلانغان ئىدى.

### ئىككىنچى تۈرلۈك ھىجرەت

مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئەركىنلىكى چەكلەنگەن جايدىن مۇسۇلمانلارنىڭ ھىجرەت قىلىپ بېرىشىغا ئېھتىياجلىق بولغان، ئۇلار بارسا قىزغىن قارشى ئېلىنىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ جېنى، مال-مۈلۈكى دۆلەت تەرەپتىن قوغدىلىدىغان بىر ئىسلام دىيارىغا شۇ جايدا ئىسلامنىڭ گۈللىنىشىگە ھەسسە قوشۇش مەقسىتى بىلەن ھىجرەت قىلىپ بېرىش بولۇپ، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىگە قىلغان ھىجرىتىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە ئىسلام بايرىقى تىكلەنگەن، ئىسلام قانۇنلىرى تەتبىق قىلىنىشقا باشلىغان ۋە مۇسۇلمانلار بىرلىشىپ كۈچلىنىشكە ئەڭ زور موھتاج بولۇۋاتقان بىر ۋاقىت ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىنى تەرك ئېتىپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى پەرز بولۇپ بەلگىلەنگەن ۋە قاتتىق تەشەببۇس قىلىنغان. ھەتتا ئۆزرىسىز تۇرۇپ ھىجرەتنى تەرك ئەتكۈچىلەردىن دوستلۇقنى ۋە ئىسلامىي قېرىنداشلىق رىشتىسىنى ئۈزۈش ھەققىدە ئايەتلەر چۈشكەن. قۇرئان كەرىمدىكى ھىجرەتكە چاقىرىدىغان، كەسكىن چاقىرىقلار ۋە ياكى ھىجرەتكە ئاتلانمىغانلارنى ئەيىپلەيدىغان ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئوخشاش بىر مەزگىلدە (يەنى مەككە پەتھى قىلىنىشتىن بۇرۇن) چۈشۈرۈلگەن ئىدى، ئەگەر بىز ئاشۇ ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبىگە قارايدىغان بولساق، بۇ ھەقىقەتنى تولۇق چۈشىنەلەيمىز، مەسىلەن:

1. مەككە پەتھى قىلىنىشتىن بۇرۇن بەدرى ئۇرۇشى ھارپىسىدا، مەككە مۇشرىكلىرى ئادەم سانىنى كۆپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، مەككىدە ياشايدىغان مۇسۇلمانلارنىمۇ بەدرى ئۇرۇشىغا بىرگە سۆرەپ چىقىدۇ. مەزكۇر مۇسۇلمانلاردىن بىرى ئوقيا تېگىپ ۋە يەنە بىرى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەندە ساھابىلەردىن بەزىسى: «ئۇلار بىزنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىمىز تۇرسا، ئۇلار پەقەت مۇشرىكلارنىڭ زورى بىلەن ئۇرۇشقا چىققان تۇرسا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟» دېيىشىپ، ئۇنىڭ ھۆكمى ھەققىدە ھەر خىل سوئاللارنى سوراشقا باشلىغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار دەپ سۈپەتلىگەن ھالدا تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى چۈشۈردۇ: (ئىمان ئېيتقان، (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغان، پۇل _ مېلى ۋە جېنى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان (مۇھاجىر)لار بىلەن ئۇلارغا جاي بەرگەن ۋە ياردەم قىلغان (ئەنسار) لارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار ئەلۋەتتە بىر _ بىرى بىلەن (ھەقىقىي) دوستلاردۇر. ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، ھىجرەت قىلمىغانلار تاكى ھىجرەت قىلغانغا قەدەر سىلەرنىڭ ئۇلارنى ھىمايە قىلىش ۋە قوغداش مەجبۇرىيىتىڭلار يوقتۇر)①. تەپسىر تەبەرى، تەپسىر جەلالەين، تەپسىر شەئراۋى، تەپسىر بەغەۋى، تەپسىر قۇرتۇبى قاتارلىق تەپسىرلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇپەسسىرلەر: بۇ ئايەتنىڭ مەككىدىن– مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا قادىر تۇرۇپ، ئۆي زېمىنلىرى ۋە ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا تارتىشىپ ھىجرەت قىلمىغان ۋە ئۆزرىسىز تۇرۇپ، كاپىرلار بىلەن ياشاشقا رازى بولغان كىشىلەر ھەققىدە چۈشكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

2. يەنە مەككە پەتھى قىلىنىشتىن بۇرۇن ئاللاھ تائالا مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا قادىر تۇرۇپ ھىجرەت قىلمىغانلار بىلەن دوستلۇقنى ۋە ئىسلامىي قېرىنداشلىق رىشتىسىنى ئۈزۈش ھەققىدە كەسكىن بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: (ئۇلار ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلمىغۇچە ئۇلاردىن ھېچكىمنى دوست تۇتماڭلار)②.

3. يەنە مەككە پەتھى قىلىنىشتىن بۇرۇن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ئايال ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئاياللارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق ئايەت ئاڭلىمىدۇققۇ؟، دېگىنىدە، تۆۋەندىكى ئايەت چۈشىدۇ: (شەكسىزكى، مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن. سىلەر بىر _ بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن. مېنىڭ يولۇمدا ھىجرەت قىلغانلار، يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغانلار، ئەزىيەت تارتقانلار، ئۇرۇشقا قاتناشقانلار ۋە ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى ئەلۋەتتە يوققا چىقىرىمەن. ئەلۋەتتە ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن)③.

يەنە مەككە پەتھى قىلىنىشتىن بۇرۇن ئۇرۇش چەكلەنگەن ئايلار باشلىنىشقا بىر كۈن قالغاندا (يەنى رەجەپ ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنى) مەككە مۇشرىكلىرىدىن بىرىنى ئۆلتۈرۈپ ، ئىككىنى ئەسىر ئالغان ۋاقىدىن ئابدۇللا ۋە ئابدۇللا بىنجەھش ناملىق ئىككى ساھابە «ئۇرۇش چەكلەنگەن ئايلاردا قان ئاققۇزدى» دېگەن تاپا مالامەتكە قالغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز بۇ جەڭدىن ساۋاب ئۈمىد قىلساق بولامدۇ؟» دەپ سورىغىنىدا، ئاللاھ تائالا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: (شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار، ھىجرەت قىلغانلار ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلار _ ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى

① ئەنفال سۈرىسى، 72-ئايەت.
② نىسا سۈرىسى، 89-ئايەت.
③ ئال ئىمران سۈرىسى، 195 – ئايەت

ئۈمىد قىلسا بولىدۇ، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇ، ناھايىتى مېھرىباندۇر)[①].

5. يەنە مەككە پەتھى قىلىنىشتىن بۇرۇن ئۇھۇد ئۇرۇشىدىن يۈز ئۆرۈپ ماڭغان مۇناپىقلارنى ئۆلتۈرۈش ياكى ئۆلتۈرمەسلىك ھەققىدە ساھابىلەر ئىككىگە بۆلۈنگەن چاغدا، تۆۋەندىكى ئايەت چۈشىدۇ بولىدۇ: (ئۇلار سىلەرنىڭ ئۆزلىرىدەك كاپىر بولۇشۇڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىگە ئوخشاش بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئۇلار ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلمىغۇچە ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار، ئەگەر (ھىجرەتتىن) باش تارتسا، ئۇلارنى قەيەردە تاپساڭلار شۇ يەردە تۇتۇپ ئۆلتۈرۈڭلار، ئۇلارنى دوستمۇ تۇتماڭلار، ياردەمچىمۇ قىلماڭلار)[②]. يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا بىر مەزگىلدە (مەككە پەتھى قىلىنىشتىن بۇرۇن) چۈشكەن ئايەتلەر بولۇپ، بەزىلەرنىڭ بۇ ئايەتلەرنى ئۇنىڭ چۈشۈش سەۋەبىنى ۋە ئۇ ۋاقىتتىكى شەرت – شارائىتلارگە باغلىماستىنلا، گويا بۇ ئايەتلەرنىڭ ھازىرنىڭ ئۆزىدە بىزنىڭ ۋەتەندىكى مۇسۇلمانلارغا مەخسۇس چۈشكەندەك كۆرسىتىپ شەرھلەپ تەپسىر قىلىشى ۋە ئۇنى كۆچەپ تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ئاقكۆڭۈل، ساددا مۇسۇلمانلارنىڭ كاللىسىنى قايمۇقتۇرۇشتەك ھەرىكەتلىرى ھەرقانداق ۋىجدان ئىگىسىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

### ئۈچىنجى تۈرلۈك ھىجرەت

ئىسلام دىنىغا ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولماستىن، پەقەت شۇ شەخسنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋە ئەركىن-ئازادە بىر ئىسلام دۆلىتىگە بېرىپ، ئۆزىنىڭ دىنىي ھاياتىنى كەڭتاشا داۋام قىلدۇرۇشى مەقسەت قىلىنغان ھىجرەت بولۇپ، بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەنئى قىلغان. چۈنكى مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن، كۆپ كىشىلەر مەككىدىن ۋە باشقا جايلاردىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلماقچى بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن توسۇپ، تۇرغان جايلىرىدا قېلىشقا ۋە ئىسلامنى شۇ جايلاردا قانات يايدۇرۇشقا بۇيرۇغان. مەسىلەن:

1. مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن، مۇجاشى ئىبنى مەسئۇد دېگەن كىشى ئىنىسى مۇجالىد ئىبنى مەسئۇدنى ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئىنىم مۇجالىد ھىجرەت ئۈچۈن بەيئەت قىلغىلى كەلدى» دېگىنىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن ھىجرەت يوق. ئەمما مەن سېنىڭ ئىسلامدا، ئىماندا مەھكەم بولۇش ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن قىلىدىغان بەيئىتىڭنى قوبۇل قىلاي»[③] دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئۇنى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن توسقان.

2. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، سەھرالىق بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ھىجرەت توغرىسىدا سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ھىجرەتنىڭ ئىشى بەك قاتتىق. سېنىڭ تۆگەڭ بارمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئادەم تۆگىسى بارلىقىنى ئېيتىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن «تۆگىنىڭ زاكىتىنى بېرىۋاتامسەن؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ ئادەم بېرىۋاتىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «تۇرغان يېرىڭدە ئىشىڭنى داۋام قىلغىن، ئاللاھ سېنىڭ ئەمەلىڭدىن ھېچ نەرسىنى مۇكاپاتسىز قويمايدۇ»[④] دەيدۇ. يەنى بۇ ھەدىستىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئادەمنى ھىجرەت قىلىشتىن قايتۇرۇپ، ئۆز يۇرتىدا بىلگىنىچە ئەمەل-ئىبادەت قىلىشقا بۇيرىدۇ.

3. سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، مەككىدە: «ھىجرەت قىلمىغان ئادەمنىڭ دىنى قوبۇل قىلىنمايدۇ» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ مەدىنىگە كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سورىغاندا، ئۇ مەككىدە ئاڭلىغان ھېلىقى سۆزنى ئېيتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن مەككىگە قايتقىن. سىلەر شۇ جايدا تۇرۇشقا داۋام قىلىڭلار. چۈنكى ھازىر ھىجرەتنىڭ ۋاقتى تۈگىدى، ئەمدى جىھاد بىلەن نىيەت قالدى»[⑤] دەيدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا غەلىبە ئاتا قىلىپ، ئىسلامغا قارشى كۈچلەرنىڭ مەركىزى بولغان مەككە ئىسلام دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە كىرگىنىدىن كېيىن، ھىجرەتنىڭ ھۆكمى ئۆزگەرگەن.

بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆز ۋەتىنىنى تاشلاپ، باشقا بىر يۇرتقا كۆچۈپ بېرىپ يەرلىشىشى، ئىسلام دىنىدىكى «ھىجرەت» شەرتلىرىگە تولۇق چۈشىدىغان بولسا، ئۇ كىشى ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغان «مۇھاجىر» بولىدۇ، ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ ھىجرىتى ئىسلام كۆرسەتمىسىدىكى ھىجرەت شەرتلىرىگە تولۇق چۈشمەيدىغان بولسا، ئۇ كىشى ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ باشقا بىر يۇرتقا كۆچكەن «كۆچمەن» بولىدۇ.

### مەدىنە ھىجرىتىگە ئوخشايدىغان ھىجرەت يوق

---

[①] بەقەرە سۈرىسى 218 ئايەت.
[②] نىسا سۈرىسى89-ئايەت.
[③] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[④] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[⑤] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئىسلام تارىخىدا ھېچقانداق بىر ھىجرەت مەدىنە ھىجرىتىگە ئوخشاش ئومۇميۈزلۈك يەرز قىلىپ بۇيرۇلمىغان. چۈنكى ئۆز ۋاقتىدىكى مەدىنە ھىجرىتى بىلەن مەككە ئازاد قىلىنغاندىن كېيىنكى ھىجرەتلەر تامامەن پەرقلىقتۇر. بۇ مۇنداق:

1. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنى تەسىس قىلغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى پەرز بولۇپ بەلگىلەنگەن. ھەتتا ھىجرەتتىن ئايرىلىپ قېلىش چوڭ گۇناھلار قاتارىدىن سانالغان. چۈنكى شۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممە بىرلىكتە بۇ تۇنجى دۆلەتنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىش، كۈچ-قۇدرىتىنى بىرلەشتۈرۈش، ئىسلامغا قارشى كۈچلەر ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئارقىلىق ئىسلام دەۋىتىنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىتىش يولىدا قۇدرەت تېپىشقا زور ئېھتىياجلىق ئىدى. مۇنداق بىر ھالقىلىق پەيتتە مەدىنىدىكى ئىسلام دۆلىتىگە ھىجرەت قىلىپ بېرىپ، ئۇ جايدا ئىسلامنىڭ كۈچلىنىشىگە ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قۇدرەت تېپىشىغا ھەسسە قوشمىغان ئادەم مۇسۇلمانلار قاتارىدىن سانىلىشقا تېگىشلىك ئەمەس ئىدى. شۇڭا شۇ مەزگىلدە مەدىنىگە ھىجرەت قىلماي كۇفرى دىيارىدا ئۆزرىسىز قېلىپ قالغانلار ھەققىدە چۈشكەن ئايەتلەرمۇ قاتتىق بولغان. (ئىمان ئېيتقان، (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغان، پۇل _ مېلى ۋە جېنى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان (مۇھاجىر)لار بىلەن ئۇلارغا جاي بەرگەن ۋە ياردەم قىلغان (ئەنسار) لارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار ئەلۋەتتە بىر _ بىرى بىلەن (ھەقىقىي) دوستلاردۇر. ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، ھىجرەت قىلمىغانلار تاكى ھىجرەت قىلغانغا قەدەر سىلەرنىڭ ئۇلارنى ھىمايە قىلىش ۋە قوغداش مەجبۇرىيىتىڭلار يوقتۇر. ئەگەر دىن ئىشىدا ئۇلار سىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كېلىشىم بولمىسىلا، ئۇلارغا ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر)[1] .

ئاللاھ تائالا كېيىنكى ئايەتتە (كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋاتقانلارمۇ بىر _ بىرى بىلەن ھەمكارلىق ئىچىدىدۇر. ئەگەر سىلەر بۇنى (ئۆزئارا ھەمكارلىقنى) قىلمىساڭلار، يەر يۈزىدە پىتنە ۋە چوڭ قالايمىقانچىلىق تۇغۇلىدۇ)[2] دېيىش ئارقىلىق كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەر زامان بىر _ بىرى بىلەن ھەمكارلىق ئىچىدە ئىكەنلىكىدە، ئۇلار ھەقىقەتنى يوق قىلىش ۋە ساختىلىقنى بازارغا سېلىش ئۈچۈن، ھەمىشە بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى، ئەگەر مۇسۇلمانلار ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش، ساختىلىقنى بەربات قىلىش ئۈچۈن، ئۆزئارا ھەمكارلاشمىسا، بىر _ بىرىگە ئىگە بولمىسا، يەر يۈزىدە چوڭ بۇزغۇنچىلىق، زۇلۇم ۋە يولسىزلىق يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن.

مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن ھېچقانداق بىر ھىجرەت ئومۇميۈزلۈك پەرز بولغان ئەمەس. شۇڭا، مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن تاقىيامەتكىچە ھىجرەتنىڭ ئەھۋالى بىر خىل بولمايدۇ، شارائىتقا قاراپ بەزى ئەھۋاللار ئاستىدا پەرز بولىدۇ، بەزىدە مۇستەھەب ياكى مۇباھ بولىدۇ. يەنە بەزىدە ھارام بولىدۇ. بۇ ئۆزرىسىز تۇرۇپ، پەقەت ماددىي جەھەتتىن ياخشى ياشاش ئۈچۈنلا ئىسلام دىيارىنى تاشلاپ كاپىرلارنىڭ يۇرتىغا ھىجرەت قىلغانغا ئوخشاش. چۈنكى ئۆلىمالار شەرئىي ئۆزرىسى يوق تۇرۇپ، پەقەت ياخشى ياشاش ئۈچۈنلا كاپىرلارنىڭ دۆلىتىگە ھىجرەت قىلىشنى ھارام دەپ پەتىۋا بەرگەن. ئەمما بىزنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خەلقى مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەرگە ھىجرەت قىلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى پەرقلىق بولۇپ، ئۇلار بۇ پەتىۋاغا چۈشمەيدۇ، دەپ قارايمەن.

1. ئۆز ۋاقتىدا مەدىنىگە قىلىنغان ھىجرەت پەقەت ئىسلام دەۋىتىنى قانات يايدۇرۇش، مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىش، ئۇلارنىڭ كۈچىنى بىرلەشتۈرۈش، يېڭى قۇرۇلغان ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قىلىناتتى. ئەمما مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىنكى ھىجرەتلەر ئومۇمەن ئۆزىنىڭ دىنىي ئەقىدىسىنى قوغداپ قېلىش، زۇلۇم بار يەردىن زۇلۇم يوق يەرگە كۆچۈش ئۈچۈنلا قىلىنىدۇ. بۇ ئىككى ھىجرەتنىڭ ئىككىلىسى ئاللاھ يولىدىكى ھىجرەت بولسىمۇ، دەرىجە ۋە ئەھمىيەت جەھەتتىن بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسما _ زېمىن پەرق بار.

**ھىجرەتنىڭ يولى تاقىيامەتكىچە ئوچۇقتۇر**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «مەككە پەتھى قىلىنغان كېيىن ھىجرەت يوق»[3] دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىنى ئۆلىمالار مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشنىڭ ۋاقتى تۈگىدى، دەپ شەرھلەيدۇ.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئەقىدىنى ئاشكارا قىلغىلى بولمايدىغان، ئىسلام پەرزلىرىنى ئاشكارا ئورۇندىغىلى بولمايدىغان، مۇسۇلمانلار ئەقىدىسى سەۋەبلىك ئۆلۈم بىلەن تەھدىت سېلىنغان جايدىن ئىسلام ئەقىدىسى قوغدىلىدىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ ئامانلىقى كاپالەتكە ئىلىنىدىغان جايغا ھىجرەت قىلىشنىڭ يولى تا قىيامەتكىچە ئوچۇقتۇر.

ئۆز ۋاقتىدىكى مەككىلىك مۇھاجىرلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئۇلارغا يار _ يۆلەك بولغان ئەنسارلاردەك ئېزىلگەن جايلاردىن پاناھ ئىزدەپ كەلگەن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنى قارشى ئالىدىغان مۇسۇلمان دۆلىتى بولسا، بۇنداق ھىجرەت ئەلۋەتتە تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئەمما مىڭ ئەپسۇسكى، ھازىرقى دۇنيادا ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، باغرىغا باسىدىغان

---

[1] ئەنفال سۈرىسى،72_ئايەت.
[2] ئەنفال سۈرىسى، 73_ئايەت.
[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ۋە ئۇلارنىڭ يولىغا پايانداز سېلىپ قارشى ئالىدىغان بىرەر ئىسلام دۆلىتى يوق! ئەمما مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەر بار، ئۇلار قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا ئۆز پۇقرالىرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدۇ، ھەتتا ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ گىرەجدانلىرىدىن قىلىۋالىدۇ.

ئەمما مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەر مۇسۇلمانلارغىلا ئەمەس، بەلكى ھەر قانداق بىر ئىنسانغا مەقسەتسىز بىرەر ياخشىلىق قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار بەكمۇ يىراقنى كۆزلەپ ئىش كۆرىدۇ، پىلانسىز ئىش قىلمايدۇ. ئۇلار يېنىغا ھىجرەت قىلىپ بارغانلارنى ئىسلامىي ئەقىدىسىدىن ياندۇرالمىسىمۇ، ئالدىرىماستىن ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى، ھېچ بولمىغاندا ئۇلارنىڭ نەۋرە _ چەۋرىلىرىنى يولدىن چىقىرالايدۇ. شۇڭا ئامېرىكا، ئاۋۇستىرالىيە ۋە ياۋروپا ئەللىرىدە تۇغۇلغان بالىغا ئاتا _ ئانىسى ئىگە بولۇشتىن ئاۋۋال ھۆكۈمەت ئۆزى ئىگە بولۇپ بولىدۇ. ئۇلار بىر ئائىلىلەرنى قىلىپ بالىلارنىڭ قەلبىنى ئوۋلاشنى، ئاندىن ئۇلارغا پۈتۈنلەي ئىگە بولۇشنى ئوبدان بىلىدۇ.

نۇرغۇنلىغان دىندار قېرىنداشلىرىمىز مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە بېشىنى سىغدۇرالمىغانلىقى سەۋەبلىك، چارىسىزلىكتىن ئامېرىكا، ئاۋۇستىرالىيە ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىگە ھىجرەت قىلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلار كەتكەن بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلى ھەرگىزمۇ خاتىرجەم بولالمىدى. ئۇلار ھازىر ماددىي جەھەتتىن غەمدىن قۇتۇلغان بىلەن ئەقىدىسىنى قانداق قىلىپ ساغلام ساقلاپ قېلىش، بالىلىرىنىڭ ئەقىدىسىنى قانداق قوغداپ قېلىش، توغرىسى ئۆز بالىلىرىغا ئۆزلىرى قانداق ئىگە بولۇشنىڭ غېمىدە ياشىماقتا.

### ئىسلامدا سەپەر قىلىشنىڭ ھۆكمى

شەكسىزكى، ئەڭ ساۋابلىق، ئەڭ شەرەپلىك سەپەر تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە تۆت خىل سەپەردۇر:

1. ئىسلام دەۋىتىنى قانات يايدۇرۇش يولىدا سەپەر قىلىش.

2. ئۆز ئەقىدىسىنى، نومۇس _ ئىپپىتىنى، جېنىنى قوغداش يولىدا ھىجرەت قىلىش.

3. ئىلىم تەھسىل قىلىش ياكى ھەج _ ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلىش.

4. ھالال رىزىق تەلەپ قىلىش يولىدا سەپەر قىلىش.

ئەمما ھازىرقى زاماندا «ساياھەت» نامى بىلەن سەپەر قىلىشنىڭ ھۆكمىگە كەلسەك، گۇناھ _ مەسىيەت كۆزلەنمىگەن، ئەمەل _ ئىبادەتلەر جايىدا قىلىنغان ھەرقانداق سەپەر ئىسلامدا يول قويۇلغان نورمال سەپەر دائىرىسىگە كىرىدۇ. بۇنى مۇباھ دەيمىز. ئەگەر بارغان يەردە گۇناھ _ مەسىيەت سادىر قىلىنسا ياكى پەرزلەر ئادا قىلىنمىسا، مۇنداق سەپەر ئىسلام دىنى چەكلىگەن سەپەردۇر. بۇنى ھارام دەيمىز.

### بېسىم ۋە پىتنە _ پاسات ئاستىدىكى مۇسۇلمانلار مۇھاجىرلارغا ئوخشاشتۇر

شەك _ شۈبھىسىزكى، دىننى خۇددى چوغنى تۇتۇپ تۇرغاندەك قىيىنچىلىق بىلەن مىڭبىر جاپادا تۇرۇپ تۇرۇۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىدە تۇرۇپ ئاللاھ تائالاغا قىلغان قۇلچىلىقى ۋە بارلىق ئىبادەتلىرى ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغان مۇھاجىرلارنىڭ ئىبادەتلىرىدىن ئەلۋەتتە ئېتىبارلىق، ئەلۋەتتە كاتتا ۋە ئەلۋەتتە ساۋابلىقتۇر. شۇنىڭدەك، ئىمان ئاجىزلاشقان، ئەخلاق بۇزۇلغان، ھەر خىل بۇزۇقچىلىق ئەۋج ئالغان، ياخشىلاردىن يامانلارنىڭ سانى كۆپىيىپ كەتكەن بىر جەمئىيەتتە تۇرسىمۇ، ئىماندا مۇستەھكەم تۇرغان، ئەخلاقىنى ساقلىغان ۋە ئەمەل _ ئىبادەتلىرىنى جايىدا قىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ دەرىجىسى ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغان مۇھاجىرلارنىڭ ئەجرىدىن ھەرگىز كەم بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «پىتنە _ پاسات ئومۇملاشقان زاماندا قىلىنغان ئىبادەت ئاللاھقا ھىجرەت قىلغانلىق بىلەن تەڭدۇر» دېگەن سۆزى بىلەن «مۇھاجىر ئاللاھ مەنئى قىلغان ئىشلارنى تەرك ئەتكەن كىشىدۇر» دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر بېرىپ: «بىر زامان كېلىدۇكى، ئۇ زاماندا ئۆز دىنىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرغان ئادەم چوغنى تۇتقاندەك تۇتىدۇ»[1] دېگەن. بۇ ھەدىس شۇنىڭدىن خەۋەر بەرگەنكى، ئاخىر زاماندا ياخشىلار ئاجىز، يامانلار كۈچلۈك بولۇپ قالىدۇ، ياخشىلىق ۋە ئۇنىڭ تىرەكلىرى ئاز، يامانلىق ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ بولۇپ كېتىدۇ، يامانلىق ۋە بۇزۇقچىلىق تەشەببۇس قىلىنىدىغان، كىشىلەرنى دىندىن ياندۇرۇشنىڭ ھەرخىل رەزىل چارە ۋە ئۇسۇللىرى كۆپىيىدىغان، ياخشىلىق ۋە تەقۋالىق چەتكە قېقىلىدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ. نەتىجىدە، ئىمان ئاجىزلىشىدۇ، ئەخلاق بۇزۇلىدۇ، كىشىلەر دىنىي ئەقىدىدىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ. بۇنداق بىر ۋاقىتتا دىندا مۇستەھكەم تۇرغۇچىلار خۇددى چوغنى تۇتۇپ تۇرغاندەك ئىنتايىن تەسلىكتە تۇتۇپ تۇرىدۇ.

### ئاللاھ تائالا ئاجىزلارنىڭ غەمگۈزارىدۇر

دۇنيادا ھەرقانداق بىر قىيىنچىلىقنىڭ چىقىش يولى ۋە ھەرقانداق مۇشكىلاتنىڭ چارىسى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بىزنى بۇنداق قىيىنچىلىقلاردىن چىقىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ شۇنداق تەلىم بەرگەن: (كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ ئىشىنى

---

[1] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ)[1]. بۇ ئايەتلەر بەدىنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولىدىغان مۇئامىلىسى توغرىسىدىكى ئىلاھىي قانۇنىيەتنى جاكارلىغان ئايەتلەر بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا سەمىمىي باغلىنىپ، ئاللاھ تائالادىن ياردەم تەلەپ قىلغان ئادەم چوقۇم تىلىگىنىگە ئېرىشىدۇ ۋە ھەرقانداق قىيىنچىلىقتىن چىقىش يولى تاپىدۇ. ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي تەۋەككۇل قىلغان ۋە ھەممە ئەھۋالدا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە ئۆزىنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىدا تۇتقان ھالدا ئىش كۆرگەن ئادەم ئۈچۈن تاقاقلىق ئىشىكلەر ئېچىلىدۇ، توسۇلغان يوللار ئېچىلىدۇ ۋە بارلىق قىيىنچىلىقلار ئوڭايلىشىدۇ. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى زور ئىمتىھانلارنى ۋە قىيىن سىناقلارنى باشتىن كېچۈرگەندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. مۇنۇ ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ: (سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەرنىڭ بېشىغا كەلگەنلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ ئۇلارنىڭ بېشىغا شۇنداق قاتتىق يوقسۇللۇق ۋە زور قىيىنچىلىقلار كەلگەنكى، ھەتتا پەيغەمبەر بىلەن مۇئمىنلەر: «ئاللاھنىڭ ياردىمى قاچانمۇ كېلەر؟» دەيدىغان دەرىجىدە تولغىنىپ كەتكەن ئىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر)[2].

جانابى ئاللاھ تائالادىن دىننى خۇددى چوغنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان قىيىنچىلىقتا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان شۇ جاپاكەش، ئاقكۆڭۈل ئۇيغۇر مۇسۇلمان خەلقىمىزگە دىل ئازادىلىقى ۋە نۇسرەت تىلەيمەن.

**مۇناجات**

ئى ھەمدۇساناغا تولىمۇ ھەقلىق، مەدھىيەگە تامامەن لايىق ھەم سازاۋەر بولغۇچى ئىگەم ئاللاھ! ساڭا ئاسمان _ زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى جىمى مەخلۇقاتنىڭ سانىچىلىك ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، سېنى چىن قەلبىمدىن مەدھىيىلەيمەن ۋە ھىدايەتنىڭ مەشئىلى، ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۈلگىسى، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد، دۇئا ۋە سالاملىرىمنى يوللايمەن.

ئى بىچارىلەرنىڭ يېگانە يۆلەنچۈكى ۋە تايىنىدىغان بىردىنبىر باشپاناھى ئاللاھ! غۇربەت كوچىلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرگەن، يۈرەكلىرى دەرت – ئەلەملەر بىلەن تولغان، چىرايلىرى ساماندەك سارغايغان، بىر قېتىممۇ پۇخادىن چىققۇدەك كۈلەلمىگەن، ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىدا يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ماكانسىزلارغا ئايلىنىپ قالغان ۋە ئۆمرىنىڭ ئالتۇندەك چاغلىرى سەرسانلىقتا بىھۇدە نابۇت بولۇشقا يۈز تۇتۇۋاتقان ياشلىرىمىزغا پاناھ بەرگىن، ئۇلارنى نائۈمىد قىلمىغىن، ئۇلارغا ۋىسال باھارى نەسىب ئەتكىن ۋە ئۇلارنى خەلقىمىزنىڭ مەرىپەت بۇلىقى قىلىپ بەرگىن.

ئى مۇساپىرلارنىڭ قولدىشى ئاللاھ! مۇساپىرلىقتا، سەرسانلىقتا مۆكچەيگەن بەللىمىزنى رۇسلىۋېلىشىمىزغا مەدەت بەرگىن، سارغايغان چىرايلىرىمىزنى ئۇلۇغ پەزلىڭ بىلەن كۈلدۈرگىن، چۈشكۈن روھىيىتىمىزنى رەھمىتىڭ بىلەن كۆتەرگىن، بىزنى بارچە غەم - قايغۇلىرىمىزدىن خالاس قىلغىن، ئوقۇغانلىرىمىزدىن مېۋە بېرىش پۇرسىتىنى بىزگە ئاتا قىلغىن.

ئى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى مۇشتاقلىقتىن تولا يىغلاپ كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ قالغان ئاتىسىغا يەتكۈزۈپ بەرگەن شەپقەتلىك ئاللاھ! ھىجران كوچىلىرىدا سۆيگەنلىرى ئۈچۈن تەلپۈنۈپ ئالدىراپ سوقىۋاتقان يۈرەكلەرنى سۆيگەنلىرىگە يەتكۈزگىن.

ئى ئاللاھ! غۇربەت كوچىلىرىدا يورۇق دۇنياغا ئىختىيارسىز كۆز ئېچىۋاتقان كىرسىز پاك قۇندۇزلىرىمىزغا ئاتىلىرىنىڭ كۈنلىرىنى كۆرسەتمىگىن، يۇرتسىزلىق بىلەن غۇبەتچىلىكنىڭ دەرتلىرىنى ئۇلارغا ھەرگىز چەكتۈرمىگىن ۋە ئۇلارنىڭ كېلىچىكىنى ئاتىلىرىنىڭكىدىن پارلاق قىلغىن!

ئى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى نەمرۇدنىڭ ئوت دۆۋىسىدە كۆرىدۈرمەستىن ساقلاپ قالغان ئاللاھ! سېنىڭ ئۇلۇغ دىنىڭنى خۇددى چوغنى تۇتنىۋاتقاندەك تەسلىكتە تۇتۇپ تۇرىۋاتقان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا مەدەت بەرگىن!

ئى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى پىرئەۋننىڭ سارىيىدا ئىمان بىلەن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن قۇدرەتلىك ئاللاھ! زامانىمىز پىرئەۋنلىرىنىڭ خۇداسىزلىق تەربىيىسىگە زورلىنىۋاتقان ئاپئاق قۇندۇزدەك پاك سەبىيلەرنىڭ خۇددى ئاپئاق قەغەزدەك كىرسىز پاك قەلبلىرىگە ئىمان نۇرىنى بەخش ئەتكىن!

ئى ئاللاھ! بىزنىڭ ئەرشىڭنى تىترىتىۋاتقان ئاھۇ زارلىرىمىزنى ئىڭشىغىن! چېكى يوق ئەلەملەردە قېتىپ كەتكەن گۇناھكار بېشىمىزنى ئەپۇ رەھمىتىڭ بىلەن سىلىغىن! قاچانلاردىن ساڭا قاقشاپ، تولا يىغلاپ، قۇرۇپ كەتكەن كۆزلىرىمىزنى ئەمدى بىر شاتلىق ياشلىرىدا نەملىگىن!

ئى خەستە جىسمىغا سۈرەت، سۈرەتكە بايان، بايانغا مۇقەددەس تەپەككۇر پەرۋازى بەخش ئەتكۈچى ئاللاھ! بىزگە رەھىم قىلغىن! ئەجدادلىرىمىزدىن، شۇنداقلا يەنە بىزدىن ئۆتەلگەن ھەم ئۆتىلىۋاتقان ئىختىيارىي، ئىختىيارسىز، چوڭ – كىچىك بارلىق گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن ۋە بىزگە ھىدايەت، ئىلىم - ھېكمەت بەرگىن! چۈنكى سەن ئەڭ شەپقەتلىك مەغپىرەت قىلغۇچى، ئەڭ كۆپ ئەپۇ قىلغۇچى ۋە ئەڭ كەرەملىك بەرگۈچى بىردىنبىر پەرۋەردىگارىمىزسەن.

---

[1] تەلاق سۈرىسى، 4_ ئايەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى:214_ ئايەت.

ئى قەلبلەرگە قايناق ھېسلارنى، ھېسلارغا ئاجايىپ خۇشپۇراق ھىدلارنى ئاتا قىلغۇچى ھېكمەتلىك ئاللاھ! جىسمىمىزنى چىرماپ، ھەر نەپەستە شەكىل ئۆستىگە شەكىل ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغان نەپرەتلەردىن بىزنى يىراق قىلغىن! تەبرىسىز چۆشلەرنىڭ ئالۋۇنلۇق ياللۇنلىرىدا قىز - ئاياللىرىمىزنى كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قالغىن! تارازا تۇتقان قوللارنى ۋە تارازىدا تارتىلىۋاتقان بەدەنلەرنى ھالال رىزىققا مۇيەسسەر قىلغىن! ئۆزىنىڭ بىمۇراد ئارمانلىرىنى يېرىم جان جىسمىغا دەپنە قىلىپ، ئىشرەتخور ئەمەلدارلارنىڭ ئويۇن – كۈلكىسىنى قىزىتىش ئۈچۈن يىقۇلغۇ بولۇشقا مەجبۇرلىنىۋاتقان جاپاكەشلىرىمىزنىڭ ھوسۇلسىز تەرلىرىنى چىن ئىھتىرامغا ئىگە قىلغىن! ئۇلارنى چېكى يوق تارىخنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولغان پىلسىرات كۆۋرىكىدىن يالاڭ ئاياق ئۆتۈشتەك ئازاپتىن ساقلاپ قالغىن! رەزگە تاماخورلۇققا بېرىلىپ، بۇلغانغان غۇرۇرىمىزنى ئىمان ۋە ئەخلاقنىڭ مۇقەددەس ھەۋزى كەۋسەرلىرىدە غۇسلى قىلدۇرغىن!

ئى ھەرپتەك مۇقەددەس نېمەتتىن ئۇلۇغۋار ئىجادىيەت ئابىدىلىرىنى تىكلىگۈچى كۆيۈمچان ئاللاھ! سەن بىزنىڭ تەنھا پەرۋەردىگارىمىزسەن، ئاھۇ زارلىمىزنى ھەممىدىن ئىلگىرى تىڭشىغۇچى، بىزگە قان تومۇرلىرىمىزدىنمۇ بەكرەك يېقىن تۇرغۇچى رەھىم شەپقەتلىك ئىلاھىمىزسەن، ئاشۇ ھەرپلەرنىڭ خۇشپۇراق جەۋھەرلىرى بىلەن ھاياتلىق گۈلزارلىرىدىكى نەۋقىران غۇنچىلىرىمىزغا ھۆسۈن قوشىۋاتقان ئۇستازلىرىمىزنى مەنىسىز ھايات كەچۈرۈش بەختسىزلىكىدىن يىراق قىلغىن! ئۇلارنى خار – زەبۇنلۇق خارابىلىرىدە ئىز - دېرەكسىز يوقۇلۇشتىن ساقلىغىن! جاھالەتكە پۈركەنگەن گۈمبەز مۇنارلىرىمىزدا ئىلىم – مەرىپەتنىڭ مۇقەددەس ئەزانلىرىنى ياڭراتقىن!

ئى دەرتمەنلەرنىڭ غەمگۈزارى، ئاجىزلارنىڭ باشپاناھى ئاللاھ! سەنلا بىزنىڭ ھەقىقىي پەرۋىشچىمىزسەن، قايغۇ ھەسرەت زۇلمەتلىرىدە سەنلا بىزنىڭ نۇرلۇق قوياشىمىزسەن، زۇلۇم، تەھدىت، ۋەھىمىلەردە سەنلا بىزنىڭ سەۋر، تاقەت، قەلب تەسكىنىمىزسەن، دۇنيادا سەندىن باشقا ھېچ قانداق يۆلەنچۈكىمىز يوق.

ئى بىچارىلەرنىڭ نالە – پەريادلىرىنى ئاڭلىغۇچى، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلغۇچى، بەندىلىرىگە ئۇلارنىڭ جان تومۇرلىرىدىنمۇ بەك يېقىن تۇرغۇچى، مېھىر _ شەپقەتلىك، قەدىردان ئاللاھ! دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خورلىنىۋاتقان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دەردىگە دەرمان، رەنجىگە شىپا بولغىن. زالىملارنىڭ ئۇلارنى خورلىشىغا، كەمسىتىشىگە ۋە بوزەك قىلىشىغا يول بەرمىگىن.

ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نۇسرەت بەرگەن ۋە ئۇنىڭ شەنىنى يۈكسەلتكەن ئاللاھ! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممەتلىرى بولغان ئىسلام مىللىتىگە نۇسرەت بەرگىن ۋە ئۇلارنىڭ شەنىنى ئۈستۈن قىلغىن!

ئى مۇئمىنلەرنىڭ مەدەتكارى ئاللاھ! دىنىمىزغا نۇسرەت بەرگىن، مۇسۇلمانلارنى قايتا ئەزىزلىققا ئېرىشتۈرگىن، ئۇلارنىڭ يۈتۈرۈپ قويغان سەلتەنەتىنى بىلەن پارلاق ئالتۇن دەۋرىنى قايتۇرۇپ بەرگىن!

ئامىين! ئامىين! ئى سوزۇلغان قوللارنى قۇرۇق قايتۇرمايدىغان كەرەملىك ئىلاھىم ئامىين !

ئى ئاللاھ! دۇئايىمنى ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىش، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد، دۇئا ۋە سالام يوللاش، شۇنداقلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابەلىرىگە ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن، كېلىۋاتقان ھەمدە تا قىيامەتكىچە شۇنداق داۋاملاشتۇرىدىغان مۆمىن، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا مەڭگۈلۈك ئامانلىق ۋە يۇقىرى مەرتىبە تىلەش بىلەن تۈگىتىمەن.

**ئاتالمىش ھىجرەتتىن تارتقان زىيانلىرىمىز**

يېقىنقى بىر نەچچە يىل مابەينىدە، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك چەتئەلگە ئېتىلىشى، مەيلى نورمال يوللار ئارقىلىق ياكى خەتەرلىك قاچاق يوللار ئارقىلىق چەتئەلگە كۆچۈش ھەرىكىتىنىڭ ئىجابىيات ۋە سەلبىياتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان بولساق، بۇ ئاتالمىش ھىجرەتنىڭ ئۇيغۇرلارغا ھېچقانداق ئىجابىيلىق ئېلىپ كەلمىگەنلىكىنى، ئەكسىچە كۆپ زىيانغا ئۇچراتقانلىقىنى ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ ئاتالمىش ھىجرەتنىڭ سەلبىياتلىرىدىن بەزىسى تۆۋەندىكىچە:

1. ئۆزىنىڭ كۆيۈمچان ئاتا _ ئانىسىنىڭ، مېھرىبان ئۇستازلىرىنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى ئاڭلىماي، چەتئەللەردىن كىرگەن ئۇن _ سىنلاردا سۆزلىگەن ناتونۇش ئادەم سودىگەرلىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، تۇغۇلغان يېرىنى تاشلاپ چەتئەلگە چىققان بۇ قېرىنداشلار ئاتا _ ئانىسىنى، ئائىلىسىنى پەرىشانلىققا، تۈگىمەس ھەسرەتكە ۋە ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان خاپىلىققا تىقىپ قويىدى، ئۆزلىرىنى بولسا، ئايىغى چىقمايدىغان خالتا كوچىغا كىرگۈزۈپ قويىدى.

2. ۋەتەندىكى چاغدا كىشىلەرگە خەير _ ساخاۋەت قىلىدىغان قول ئىلكىدە بار مەرد كىشىلەر چەتئەللەردە باشقىلارنىڭ ساخاۋىتىگە تەلمۈرىدىغان بولۇپ قالدى.

3. ۋەتەندە قولىدىن ئىش كېلىدىغان، ئوت يۈرەك ۋەتەنپەرۋەر، دىيانەتلىك كىشىلەر چەتئەللەردە قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

4. ئۇيغۇرلارنىڭ زاپاس بايلىقى ۋە كېلەچىكىنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزلىرى بولغان، ئوت يۈرەك مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز سۈرىيە تۇپراقلىرىدا نابۇت بولۇپ تۈگەشتى. ئۇلاردىن خەلقىمىز پايدىلىنالمىدى ياكى سۈرىيەدىكى مۇسۇلمانلار ئۇلار ئارقىلىق غەلىبىگە ئېرىشەلمىدى.

5. ۋەتەندىكى ۋاقتىدا پارلىق ھىممىتى، غېمى ۋە تەپەككۇرى خەلقى ئۈچۈن بېغىشلانغان قەدىرلىك ئۇستازلار چەتئەللەردە تۇرمۇشنىڭ غېمىدە ئۆزىنىلا ئويلايدىغان بولۇپ قالدى.

6. ۋەتەندىكى ۋاقىتلىرىدا ھەر جايدا قەدىرلىنىدىغان قىممەتلىك ئۆلىمالىرىمىز چەتئەللەردە غېرىپ _ غۇرىبالار ئورنىدا قىممەتسىز بولۇپ قالدى.

تېخىمۇ ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، ۋەتەندىكى چاغلىرىدا دىنىي خىزمەت، ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن تەر تۆكۈۋاتقان ۋە بۇ يولدا ئىزدىنىۋاتقان جامائەت ئەربابى بولغان بىر قىسىم سۆيۈملۈك كىشىلەرنىڭ چەتئەللەردە بىر كىشىلىك تۇرمۇش ۋە جان بېقىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە توزغاقدەك توزۇپ كېتىۋاتقانلىقى _ ئاچچىق بىر ھەقىقەت بولۇپ، بۇنىڭغا ھەرقانداق بىر ۋىجدان ئىگىسى ئېچىنماي تۇرالمايدۇ.

**ئاتالمىش ھىجرەت چاقىرىقىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى**

بىزنىڭ ئاقكۆڭۈل ئۇيغۇر خەلقىمىز يېقىنقى تارىخىدا كۆپ قېتىم ئالدىنىپ قالغىنىدەك بۇ قېتىممۇ ھىجرەت چاقىرىقىغا ئالدىنىپ قالدى. ئەسلىدە بۇ ئاتالمىش ھىجرەت چاقىرىقىنىڭ بىر ئويۇن ۋە بىر سىنارىيە ئىكەنلىكىنى خەلقىمىز ئەمدىلا بىلىپ يېتىشكە باشلىدى. كاشكى، مۇ ھاجىر قېرىنداشلىرىمىز ۋەتەندىن ئايرىلى مەڭگۈلۈك مۇساپىر بولۇشتىن ئىلگىرى بۇ ھەقىقەتنى بىلگەن بولسا ئىدى. ئۇلارنى ھىجرەتكە دەۋەت قىلغانلارنىڭ ئۆلىما ئەمەس، سودىگەر ئىكەنلىكىنى، ئاتالمىش ھىجرەتنىڭ سۇيىقەست ئىكەنلىكىنى بۇرۇنراق بىلگەن بولساق، نېمىدېگەن ياخشى بولار ئىدى.

## هىزبۇتتەھرىر قانداق تەشكىلات؟

ھىزبۇتتەھرىرنىڭ مۇسۇلمانلارغا، خۇسۇسەن ئۇيغۇرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىغا كەلتۈرگەن زىيان _ زەخمەتلىرىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشقا ھاجەت يوق دەپ قارايمەن. چۈنكى ھەممە كىشى بۇنى چۈشىنىدۇ. بىرلا ئۆزبېكىستاندا ھىزبۇتتەھرىرگە باغلىنىشلىق دېگەن باھانە بىلەن سەككىز مىڭ كىشىنىڭ تۈرمىلەردە نابۇت بولغانلىقى، بىزنىڭ ئۇيغۇر دىيارىمىزدىمۇ بۇنىڭدىن كۆپرەك ئۇيغۇرنىڭ تۈرمىدە ياتقانلىقىنى بىلىش يېتەرلىكتۇر.

ئىشىنىڭ قىزىق يېرى، ھىزبۇتتەھرىر دېگەن بۇ تەشكىلاتنى تەشۋىق قىلغۇچىلارنىڭ، ھەر قايسى جايلاردا بۇ تەشكىلاتقا مەسئۇل بولغانلارنىڭ ساق قېلىپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ياكى پەقەت تەشۋىقاتلىرىنى ئوقۇغانلارنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى، نابۇت قىلىنىشى بۇ تەشكىلاتقا بولغان ھەرخىل گۇمانلارنى ئاشۇرماقتا.

ئەگەر ھىزبۇتتەھرىر ئىسلامنىڭ روھىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئۇيغۇن بولغان ۋە ئىسلامنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن يەلپۈنۈۋاتقان مۇسۇلمان غەيۇرانلارنىڭ ئۈمىدىگە لايىق بولسا ئىدى، ھىزبۇتتەھرىر ئۈچۈن بىر ئەمەس، بىر قانچە جېنىمىز بولسىمۇ پىدا ئىدى. ئەمما ھىزبۇتتەھرىرنىڭ«ئىسلام خەلىپىلىكىنى قۇرۇپ چىقىپ پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى ئەزىز قىلىمىز» دېگەنگە ئوخشىغان ھەركىمنى تېزلا قايىل قىلىپ كېتىدىغان چىرايلىق ۋەدىلىرى خۇددى «كوممۇنىزمغا يېتىمىز»دەپ خەلقنى ئۈمىدلەندۈرۈپ قويۇپ يولنىڭ يېرىمىدىلا توختاپ قالغان كوممۇنىزمچىلارنىڭ ۋەدىسىگە ئوخشاش ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان بىر ۋەدە بولۇپ كەلمەكتە. چۈنكى ئالدىنقى ۋەدىنى بەرگەنلەر دۇنيانىڭ سىياسىتىنى بىلمىگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى بىلەن ماڭمىغان، كېيىنكى ۋەدىنى بەرگەنلەر ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىنى چۈشەنمىگەن. بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ۋەدىلىرى ئەمەلگە ئاشمىغان.

دىلى پاك، ئىسلام ئۈچۈن ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ھاياتىنىڭ غايىسى قىلغان مۇسۇلمان غەيۇرانلارنى ھىزبۇتتەھرىرنىڭ ئازگاللىرىدا نابۇت بولۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھىزبۇتتەھرىرنى ئۇلارنىڭ ئۆز مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئادالەت ۋە ئىنساب بىلەن تونۇشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. تۆۋەندە ھىزبۇتتەھرىر ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىلىدۇ.

### 1. ھىزبۇتتەھرىرنىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولغان ئامىللار

مەلۇمكى، ئىسلام ئۈممىتى كۈچ _ قۇۋۋەتتە، شان _ شەۋكەتتە ۋە سەلتەنەتتە كامالىغا يېتىپ، دۇنيانىڭ ئۈچ قىتئەسىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ئېتىقادتا بۇزۇلۇش، جاھالەتكە پېتىش، ئىچكى بۆلۈنۈش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى ئاجىزلىشىپ كۈچ _ قۇۋۋىتىنى ۋە سەلتەنىتىنى يوقاتقان ۋە موڭغۇل ئىستىپلاسى، ئەھلى سەلىب ھۇجۇمى، غەرب مۇستەملىكىسى، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشلىرى قاتارلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن، ئەڭ يامان بولغىنى ئاخىرقى ئىسلام خەلىپىلىكى ئوسمانىيە خەلىپىلىكى يىقىلغاندىن كېيىن، مۇستەملىكچى دۆلەتلەر ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆپ قىسمىنى بېسىۋالغان، مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى قىبلىسى ئورۇن ئالغان پەلەستىننى يەھۇدىيلار بېسىۋالغان، ھەممىلا يەردە مۇسۇلمانلار خورلانغان، ئىسلام دېگۈچىلەر چەتكە قېقىلغان، بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىسلام دۇنياسىدا مىللەتچىلىك دەۋاسى باش كۆتۈرگەن، ھەتتا مىسىر ۋە سۈرىيەگە ئوخشىغان بەزى ئىسلام ئەللىرى سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە ئۆتكەن شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، ئىسلام دۇنياسىدىكى دىندار غەيۇرانلار ئىسلام ئۈممىتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ۋە قايتىدىن قەد كۆرۈش يولىدا باش قاتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلاردىن بەزىلىرى مۇسۇلمانلارنى بۇ خارلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولى مۇستەملىكچىلەرگە قارشى قوراللىق ئۇرۇش قىلىش كېرەك دېسە، بەزىلىرى قۇتۇلۇش يولى ئىسلام خەلىپىلىكىنى قۇرۇش دېگەن، يەنە بەزىلىرى باشقىچە يول تۇتقان. ھىزبۇتتەھرىرمۇ شۇلارغا ئوخشاش غەيۇرانلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىققان تەشكىلات بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى بىردىنبىر قۇتقۇزغۇچى تەشكىلات دەپ سانىغان.

ھەتتا ئۇلارنىڭ باياناتىدا مۇنداق دەپ كەلگەن: «مۇسۇلمانلارنى خارلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىسلامنىڭ شان _ شەۋكىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئىسلامىي تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولدى. ئۇلار شۇنداق مەغلۇپ بولۇشقا مەھكۇم ئىدى. چۈنكى ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئىسلامىي تەشكىلات بولسىمۇ، ئۇلار ئىسلامنى توغرا چۈشەنمىگەن. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى ئىسلامنىڭ روھىدىن يىراقلاشتۇرىۋەتكەن ۋە كىرىزىس ئۈستىگە كىرىزىس پەيدا قىلغان. شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، ئىسلامنى توغرا چۈشەنگەن، ئۇنى توغرا تەتبىق قىلىدىغان، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىسلامىي ياشاشنى قايتىدىن بارلىققا كەلتۈرىدىغان بىر تەشكىلاتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى زۆرۈر بولۇپ قالغان ئىدى. مانا ھىزبۇتتەھرىر شۇ مەقسەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى».①

«ھىزبۇتتەھرىرچىلەر ئەنە شۇنداق دەۋا بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ۋە خۇددى باشقا تەشكىلاتلار مەغلۇپ بولغان مەغلۇب بولغان بىر تەشكىلاتتۇر. ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ ۋە باشقىمۇ ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ مەغلۇب بولۇشىدىكى بىرىنچى سەۋەب ئۇلارنىڭ ئىسلام

---

① «ھىزبۇت تەھرىرنىڭ چۈشەنچىلىرى»ناملىق كىتابنىڭ 8 ~ 9 _ بەتلىرى.

ئۇممىتى گىرىپتا بولغان مەنىۋى كېسەلگە توغرا دىئاگنوز قويالمىغانلىقى، بۇ سەۋەبتىن توغرا يولدىن ئازغانلىقى ئىدى. چۈنكى ئىسلام ئۇممىتىنى ئىسلاھ قىلىپ ئۇلارنى بۇرۇنقى شان _ شەۋكىتىگە ئىگە قىلىش ئىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەت يولىغا تولۇق ئەمەل قىلىش بىلەنلا بولىدۇ. چۈنكى ئىسلام ئۇممىتى ئىلگىرىدە نېمە بىلەن تۈزەلگەن بولسا، ئۇلارنى يەنە شۇ نەرسە بىلەن تۈزەش لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەت ئۇسۇلىدىكى بىز يول قىلىپ ئەگىشىش زۆرۈر بولغان تەرەپلەر تۆۋەندىكىچە:

(1) ئەقىدىنى تۈزەش ۋە ئۇنى ساپلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش.

(2) تەلىم _ تەربىيەنى ئومۇملاشتۇرۇپ، جاھالەتكە خاتىمە بېرىش، مۇسۇلمانلارنى قۇرئان كەرىمگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ۋە سەلەف سالىھلارغا باغلاش.

(3) مۇسۇلمان ئەۋلادلارنى قۇرئان ۋە سۈننەت روھى بىلەن تەبىيەلەپ يېتىشتۈرۈش.

(4) مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش.

(5) ئىسلامنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئەمەل قىلىش بىلەن پەخىرلىنىش».①

## 2. ھىزبۇتتەھرىرنىڭ قۇرغۇچىسى

ھىزبۇتتەھرىرنىڭ قۇرغۇچىسى ئەللامە مۇھەممەد تەقىيۇددىن نەبھانىي دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇ 1908 _ يىلى پەلەستىنىنىڭ شىمالىدىكى ئەجزەم دېگەن رايوندا، ئىلىم _ مەرىپەتلىك بىر ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى كاتتا ئالىم بولۇپ پەلەستىن تەلىم _ تەربىيە مىنىستىرلىقىغا قاراشلىق بىر مەكتەپتە ئۇستازلىق قىلاتتى. بوۋىسى پەلەتتىنىڭ قازىسى ۋە ئەدىپ ھەم شائىر ئىدى. نەبھانىي ئاۋال بوۋىسىدا، ئاندىن ئاتىسىدا ئوقۇپ تەلىم ئالغان، كېيىن مىسىردىكى داڭلىق بىلىم يۇرتى ئەزھەرگە بېرىپ، 1928 _ يىلى ئەزھەر ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىپ، ئالاھىدە ئۇتۇق بىلەن «دارۇل ئۇلۇم» فاكۇلتېتىغا ئۆتكەن ۋە1932 _ يىلى دارۇل ئۇلۇمنى پۈتتۈرگەن. نەبھانىي ناھايىتى ئەقىل _ پاراسەتلىك، قايىل قىلىش قابىلىيىتى يۇقىرى، ۋاقىتنى چىڭ تۇتىدىغان، تىرىشچان، ئىجتىھاتلىق ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىققان.

نەبھانىي پەلەستىنگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ھەيفا شەھرىدە ھۆكۈمەت مەكتىپىدە مۇئەللىملىك قىلىس بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىسلامىي مەدرىسىلەردە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان. 1938 _ يىلى ئۆزىنىڭ تەلىپى بىلەن قازىلىققا تەيىنلەنگەن ۋە 1947 _ يىلىغا قەدەر قازىلىق قىلغان. بۇ ئارىدا پەلەستىندە چىققان ئىنقىلابتا ئەللامە ئىززۇددىن قەسسامنىڭ شېھىت قىلىنىشىدىن نەبھانىي سىياسىي ئىشقا كىرىشكەن ۋە 1938 _ يىلى«ئىتىسام» دېگەن سىياسىي تەشكىلاتنى قۇرغان. بۇ تەشكىلارتىنىڭ غايىسى پەلەستىندىن ئىنگىلىزلارنى ھەيدەپ چىقىرىش ۋە يەھۇدىيلارنىڭ يەرلىشىشىگە قارشى كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. 1948 _ يىلى يەھۇدىيلا پەلەستىننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، نەبھانىي ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە بەيرۇتقا ھىجرەت قىلغان، ئاندىن ئۇ يەردىن ئىيۇردانىيەگە بېرىپ يەرلەشكەن ۋە قۇدۇس شەھرىنىڭ قازىلىقىغا تەيىنلەنگەن. كېيىنچە، قازىلىقتىن ئىستىپا سوراپ ئاممان شەھرىدىكى ئىسلام ئۇنىۋېرستېتىدە ئۇستازلىق قىلغان.1952 _ يىلى مۇئەللىملىكتىن ئىستىپا سورىغان ۋە ھىزبۇتتەھرىر تەشكىلاتىنى قىرغان. ئەمما ئۇنىڭ بۇ تەشكىلاتى ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قاتتىق ئىرشىلىقىغا ۋە باستۇرۇشىغا ئۇچرىغان. ھەتتا نەبھانىي بىر يەردە خاتىرجەم تۇرالمايدىغان ۋەزىيەتكە كېلىپ قالغان بولۇپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئەرەب دۆلەتلىرى ئارىسىدا سەرسان بولۇشقا ۋە يوشۇرۇنۇپ ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغان.1978 _ يىلى لىۋان پايتەختى بەيرۇت شەھرىدە يوشۇرۇنغان يېرىدە ۋاپات بولغان.

## 3. ھىزبۇتتەھرىرنىڭ قۇرۇلۇشى

مىسىردا ئەللامە ھەسەن ئەل بەننا قۇرغان«ئەلئىخۋانۇل مۇسلىمۇن»تەشكىلاتى ئىيۇردانىيەدە سىياسى ۋە پىكرىي ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆز تەسىرىنى كۆسەتكەنلىكتىن، بۇ ئىككى ساھەنى تەسىر دائىرىسىدىگە پۈتۈنلەي ئېلىۋالغان بولۇپ، ئىيۇردانىيەدىكى كوممۇنىستلار بېشىنى كۆتۈرەلمەيدىغان بىر ھالەت شەكىللەنگەن ئىدى.

«ئەللامە نەبھانىي ھىزبۇتتەھرىرنى قۇرۇپ چىقىشى بىلەن بۇ تەشكىلاتنىڭ دەۋىتى ئىيۇردانىيەدە ناھايىتى تېز تارقىلىدۇ ۋە كۆپلىگەن زىيالىيلار دۆلەتنىڭ كادىرلىرىدىن تەشكىل تاپقان دىيانەتلىك كىشىلەر بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن «ئەلئىخۋانۇل مۇسلىمۇن» تەشكىلاتىنىڭ ئىيۇردانىيەدىكى تەسىر دائىرىسى ئازىيىشقا باشلىغان بولۇپ، «ئەلئىخۋانۇل مۇسلىمۇن»تەشكىلاتىنىڭ ئادەملىرى ئەللامە نەبھانىينى ئۆزلىرىگە تارتىشقا ئورۇنغان بولسىمۇ، نەبھانىي ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرىۋالغان. بۇ سەۋەبتىن ئىيۇردانىيەدىكى ئىسلامىي جامائەتلەر ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. بۇ بۆلۈنۈش كوممۇنىستلارغا ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇلارغا ھەرىكەتكە ئۆتكەن.ئەللامە نەبھانىي ھىزبۇتتەھرىر تەشكىلاتىنى ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى

① جەمئان ئىبنى ئىمام ئەھمەد زەھرانىينىڭ «ھىزبۇت تەھرىردىن ئاگاھلاندۇرۇش» ناملىق كىتابى 8 _ بەت.

ساۋاقداشلىرىدىن ھاجى ئەمىن ھۈسەينىي، ئەسئەد بۇيۇز تەممىمي ۋە ئابدۇلقادىر زەلۇم قاتارلىق ئۈچ كىشى بىلەن قۇرغان بولۇپ، ئاز ۋاقىتتىن ئىچىدە كۆپلىگەن زىيالىلار بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئەللامە نەبھانىي ئىيۇردانىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىن ئۆزىنىڭ سىياسىي پارتىيە قۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىشىنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بۇ تەلەپ رەت قىلىنغان. چۈنكى قۇرۇلماقچى بولغان بۇ پارتىيەنىڭ نىزامنامىسىدا «تەخت ۋارىسلىق تۈزۈمىگە يول قويۇلمايدۇ» دەپ قەيت قىلىنغان. ھالبۇكى، ئىيۇردانىيەنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا تەخت ۋارىسلىق تۈزۈمى ئاساسىي قانۇنىنىڭ بىر پارچىسى ھېسابلىنىدۇ. ھىزبۇتتەھرىرچىلەر سىياسىي پارتىيە قۇرۇشتىن چەكلەنگەنلىكى سەۋەبلىك توختاپ قالمىغان، بەلكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدە ئىشلەيدىغان دىندار كىشىلەرنى ۋە ھەربىي سەپتىكىلەرنى ئۆزلىرىگە تارتىش ئۈچۈن كۆپ سەرپ قىلغان، ھەتتا ئۇلارنى ھىزبۇتتەھرىرگە دەۋەت قىلىدىغان مەخسۇس دەۋەتچىلەرنى تەييارلىغان. يەنە بىر تەرەپتىن پەلەستىن ۋە ئىيۇردانىيەنىڭ كۆپلىگەن رايونلىرىدا بۇ تەشكىلاتنىڭ شۆبىلىرىنى ئاچقان. ئەللامە نەبھانىي 1953 _ يىلى قۇدۇس شەھىرىدە «ئەلئىخۋانۇل مۇسلىمۇن» تەشكىلاتىنىڭ غوللۇق ئەزالىرىدىن بىرى بولغان سەييد قۇتۇب بىلەن ئۇچراشقان ۋە ئىككىسى مۇنازىرە قىلىشقان. نەبھانى سەييد قۇتۇبنىڭ «ئەلئىخۋانۇل مۇسلىمۇن» تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىسى بويىچە ئىش كۆرۈش تەكلىپىنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلغان. ھىزبۇتتەھرىر باش قوماندانلىق مەركىزىنى1953 _ يىلى قۇدۇس شەھىرىدىن دەمەشىق شەھىرىگە يۆتكىگەن. كېيىنچە دەمەشىقتىنمۇ يۆتكىلىپ 1956 _ ۋە 1959 _ يىللىرى ئارىسىدا لىۋان پايتەختى بەيرۇت شەھىرىدە مۇقىملاشقان»[①].

**4. ھىزبۇتتەھرىر تارقالغان جايلار**

ھىزبۇتتەھرىر قۇرۇلۇپ بىرىنچى يىلى پەلەستىننىڭ قۇدۇس شەھىرىدە ئىش باشلىغان ۋە خېلىل، نابلىس شەھەرلىرىدە، پەلەستىنلىكلەرنىڭ ئەرىھا رايونى ئەتراپىدىكى چېدىرلىرىدا كۆپ تارقالغان. ئاندىن ئىيۇردانىيە، سۈرىيە ۋە لىۋان قاتارلىق دۆلەتلەرگە تارقالغان بولسىمۇ، ئەزالىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىشتە ئانچە تەرەققىي قىلالمىغان. ئاندىن ئۇلار بارلىق ئەرەب دۆلەتلىرىگە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام ئەللىرىگە، ئاخىرىدا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بۇ تەشكىلاتنى قانات يايدۇرۇش پىلانى بويىچە ئىش كۆرگەن. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ تەشكىلاتنىڭ دەۋىتى ئەنگلىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگىمۇ يېتىپ بارغان، ئىراقتا قاتتىق تەقىبكە ئېلىنغان ۋە ئۇ جايلاردا كۆپ بەدەللەرنى تۆلىگەنلىكى مەلۇم.

بۇ تەشكىلات 90 _ يىللاردىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا، بېنگال قاتارلىق جايلاردا ئاشكارا بولۇشقا باشلىغان. كېيىنچە مالايسىيا ۋە ھىندونېزىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە رەسمىي شۆبىلىرى قۇرۇلغان ۋە مىڭلارچە ئەگەشكۈچىلىرى پەيدا بولغان. تۈركىيەدىمۇ بۇ تەشكىلاتنىڭ ئادەملىرى بولۇپ، مەخسۇس شۆبىسىمۇ قۇرۇلغان.

ھىزبۇتتەھرىرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەركىزى ئۆزبېكىستان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمان جۇمھۇرىيەتلىرى ئىچىدە ئەڭ دەسلەپ ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشكەنت ۋە ئەنجان شەھەرلىرىدە يىلتىز تارتىپ كېيىن، تاجىكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق جۇمھۇرىيەتلەرگە تارقالغان. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى شەرقىي تۈركىستاندا ھىزبۇتتەھرىرنىڭ يىلتىز تارتقانلىقىدىن بەكمۇ بىئارام بولغان ۋە ئۇلارنىڭ خەتىرىدىن ئەنسىرىگەن. ھەتتا خىتاي ھۆكۈمىتى قەشقەرنى ھىزبۇتتەھرىرنىڭ ئۇۋىسى دەپ ئېلان قىلىپ، ئۇلارنى قاتتىق باستۇرۇش ھەققىدە قارارلارنى چىقارغان.

غەرب دۇنياسى ھىزبۇتتەھرىرنى تېررورچى تەشكىلات دەپ ئەيىبلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسىنىڭ ياۋروپاغا تارىلىپ كېتىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيدۇ. بەزى غەرب دۆلەتلىرىدە ھىزبۇتتەھرىر چەكلەنگەن تەشكىلات سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن: ئەنگلىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ھىزبۇتتەھرىرنى رەسمىي تېررورچى تەشكىلات دەپ ئېلان قىلغان. ئەمما دانىيەگە ئوخشىغان دۆلەتلەردە بۇ تەشكىلاتنىڭ مەنسۇپلىرى بولغىنى بىلەن تەسىرى ئانچە كۈچلۈك ئەمەس ئىكەن.

ھازىر دۇنيادا ھىزبۇتتەھرىر ئەڭ كۈچلۈك بولغان دۆلەت پەلەستىن ۋە ئەڭ كۆپ بەدەل تۆلىگەن دۆلەت ئۆزبېكىستاندۇر. چۈنكى پەلەستىندە ھاماس بىلەن فەتھ ئوتتۇرىسىدا زىيىيەت چىققاندىن كېيىن، پەلەستىندىكى ئەڭ تەسىرى زور تەشكىلات ھىزبۇتتەھرىر بولۇپ قالغان. ئۆزبېكىستاندا ھازىر ھىزبۇتتەھرىرنىڭ 8000 ئەزاسى تۈرمىدە ياتماقتا.

**5. ھىزبۇتتەھرىرنىڭ تەشۋىقات قورالى**

ھىزبۇتتەھرىرچىلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇددىئاسىنى كىشىلەرگە تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ:

(1) مەخسۇس ئۆيلەرگە توپلىنىپ تەشكىلات ئەزالىرىغا ۋەز _ نەسىھەت قىلىش ۋە ئەللامە نەبھانىنىڭ بەزى ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ دەرس قىلىش ئارقىلىق ئەزالارنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش.

(2) مەسچىتلەردە ۋە كىشىلەر توپلانغان جايلاردا خۇتبە ۋە لېكسىيەلەرنى سۆزلەپ كىشىلەرنى تەشكىلاتقا دەۋەت قىلىش.

(3) تەشۋىقات ۋاراقچىلىرىنى تارقىتىش ئارقىلىق ئاۋام خەلققە تەشكىلاتنى تونۇشتۇرۇش.

① جەمئان ئىبنى ئىمام ئەھمەد زەھرانىينىڭ «ھىزبۇت تەھرىردىن ئاگاھلاندۇرۇش» ناملىق كىتابىنىڭ 12 ~ 16 _ بەتلىرى.

(4) مەكتەپ، مەدرىسلەرگە بېرىپ ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزلىرىگە تارتىش ئۈچۈن تىرىشىش.

ھىزبۇتتەھرىرنىڭ نەشر ئەپكار دەسلەپتە«سەرىھ» يەنى(ئوچۇق) دېگەن ژۇرنال بىلەن باشلانغان بولۇپ، ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەر بۇ ژۇرنالنى چەكلىۋەتكەندىن كېيىن،«رايە» يەنى ( بايراق) دېگەن ئىسىمدا گېزىت چىقارغان. ئەمما يەنىلا ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەر ئۇنى چەكلەپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ گېزىتنى بەيرۇتتا«مەدەنىيەت»دېگەن ئىسىم بىلەن چىقارغان بولسىمۇ، ئۇزۇنغا بارماي تاقىلىپ قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن ھىزبۇتتەھرىرنىڭ ئەزالىرى ئەللامە نەبھانىينىڭ بەزى ئەسەرلىرىنى پۈيۈك قىلىپ تەشۋىقات ۋاراقچىلىرى ئورنىدا تارقىتىپ كەلمەكتە.

### 6. ھىزبۇتتەھرىرنى تەنقىدلىگۈچىلەر نېمە دەيدۇ؟

(1) ئەقىلگە ئۇنىڭ ھەجمىدىن ئارتۇق ئىمتىياز بېرىش

شۇ ھەقىقەت ئېنىقكى، ئەقىلنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ھۆكۈم قىلىش ھەققى يوق، پەقەت بويسۇنۇش مەجبۇرىيىتى بار. ئەقىلغا ھەددىدىن ئارتۇق ئېتىبار بەرگەنلىكتىن قەدىمدە مۇتەزىلە مەزھىبى قۇرئان ۋە سۈننەتتىكى كۆپلىگەن مۇھىم ھەقىقەتلەرگە ئىنكار قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەقىلگە تايىنىپ قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ تېكىستلىرىنى تەۋىل قىلغان، ئۆزگەرتىۋەتكەن. سەلەف سالىھلارنىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلار«قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ تېكىستلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەن» كىشىلەردۇر. ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ «ئىمان» ناملىق كىتابىنىڭ 68 _ بېتىدە: «ئىسلام دىنى ئەقىدىنى ئەقىلگە قۇرغان»دەپ كەلگەن. يەنە ئۇلارنىڭ «ھەزبۇتتەھرىر»ناملىق كىتابىنىڭ 26 _ بېتىدە: «... چۈنكى ئىسلام ئەقىدىسى ئەقلىي ۋە سىياسىي ئەقىدىدۇر» دېيىلگەن.

ھىزبۇتتەھرىرنىڭ قۇرغۇچىسى ئەللامە نەبھانىي«ئىسلام نىزامى»ناملىق كىتابىنىڭ 6 _ بېتىدە مۇنداق دېگەن: «ئىسلام ئىنسانغا ئەقلىنى ئىشلىتىشنى پەرز قىلغان. ئاللاھقا ئىمان ئېيتقاندىمۇ ئەقلىنى ئىشلىتىپ تولۇق قانائەت بىلەن ئىمان ئېيتىشى لازىم. شۇڭا ئىسلام ئەقىدىدە تەقلىدچىلىكنى مەنئى قىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشنىڭ ئاساسى ئەقىلدۇر... شۇڭا ھەربىر مۇسۇلمان ئىمانىنى تەپەككۇر، ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ نەتىجىسى قىلىشى، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشتا ئەقىل تولۇق ھاكىمىيەت ئورنىدا تۇرۇشى لازىم».

نەبھانىينىڭ بۇ دېگەنلىرى قارىماققا توغرا كۆرۈنىدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتتە بۇ ئەقىلگە ئۆزىدە بولمىغان خۇسۇسىيەتلەرنى يۈكلىۋالغانلىقتۇر. چۈنكى ئىسلام نەزىرىدە ئەقىل ھاكىم ئورۇندا ئەمەس، بەلكى قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ تېكىستلىرىنى كۈچلەندۈرگۈچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىمان ئېيتىشتا ئەقىل ئۆزىلا كۇپايە قىلىدىغان بولسا ئىدى، پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلىمىسۇ ئىمان ئېيتمىغانلار جازالىنىشقا تېگىشلىك بولاتتى ۋە پەيغەمبەرنىڭ كېلىشىگە ھاجەت قالمىغان بولاتتى. ئەمما يالغۇز ئەقىل بىلەنلا ھەق دىنىنى تونۇغىلى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە بىرەر پەيغەمبەر كېلىپ ھەقىقەتنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئەقىل ئۇنى تەستىق قىلىپ قوبۇل قىلىدۇ. ئەقىل بىلەنلا ھەقىقەتكە ئېرىشكىلى ۋە توغرا دىنىنى تاپقىلى بولىدىغان بولسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەۋەتىشكە ھاجەت قالمىغان بولاتتى. ئەمما ھەقىقەت شۇكى، پەيغەمبەر كېلىپ ھەق دىنىنى يەتكۈزمىگىچە ھېچكىم كاپىر دېيىلمەيدۇ ۋە ئىمان ئېيتمىغانلار ئەيىبلەنمەيدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى(بىز پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ ھېچكىمنى جازالىغىنىمىز يوق[1]) دېگەن ئايەت بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

(2) ئاھاد ھەدىسقا ئەمەل قىلماسلىق

ئاھاد ھەدىس _ رىۋاتچىلىرىنىڭ كۆپلىكى جەھەتتە مۇتەۋاتىر[2] دەرىجىسىگە يەتمىگەن ھەدىسلەر دېمەكتۇر. ئاھاد ھەدىسنىڭ راستلىقى ئىسپاتلانسا، ئۇنىڭغا ئەقىدە ۋە ئەھكام مەسىلىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئەمەل قىلىش كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ نەزىرىدە جائىزدۇر. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: «ئاھاد ھەدىس ئەگەر كۆپچىلىك ئۆلىمالار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ ئەمەل قىلىنسا، بارلىق ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ نەزىرىدە ئىلىم ھېسابلىنىدۇ». ئەمما ھىزبۇتتەھرىر ئاھاد ھەدىسلىرىنى ئەقىدە مەسىلىلىرىدە قوبۇل قىلمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن «ھىزبۇتتەھرىرچىلەر ئۆز ئادەملىرىنىڭ قەبرە ئازابىنىڭ راستلىقىغا ۋە دەججالنىڭ چىقىشىغا ئىشىنىشىنى ھارام قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ ئىككى ئىشقا ئىشەنگەن ئادەم گۇناھكار بولىدۇ».[3] چۈنكى بۇ مەسىلىلەر ئاھاد ھەدىسلىرى بىلەن سابىت بولغان.

(3) مۇسۇلمانلارنىڭ مەملىكەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى دارى كۇفرى ھېسابلاش

ھىزبۇتەھرىرنىڭ خاتالىقلىرىدىن يەنە بىرى ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئىسلام مەملىكەتلىرىنى دارى كۇفرى دەپ ھېسابلىشىدۇر. ئۇلارنىڭ «ھىزبۇتتەھرىر»ناملىق كىتابىدا، «مۇسۇلمانلارنىڭ مەملىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى دارى كۇفرىدۇر. گەرچە بۇ مەملىكەتلەرنىڭ ئاھالىسى ھەممىسى مۇسۇلمانلار بولسىمۇ، ئۇلار دارى كۇفرىدا ياشايدۇ»[4] دەپ كەلگەن. يەنە «ھىزبۇتتەھرىرنىڭ ئۆزگەرتىشتىكى پىروگراممىسى»ناملىق كىتابتا: «ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە مۇسۇلمانلارغا يۈرگۈزۈلىۋاتقان قانۇنلارنىڭ ھەممىسى

---

① ئىسرا سۈرىسى، 15 _ ئايەت.

② مۇتەۋاتىر __ ئادەتتە يالغانغا چىقىرىشقا قەتئىي مۇمكىن بولمايدىغان، بىرىنچى سەنەدتىن (ئاۋۋالقى رىۋايەتچىدىن) ئاخىرقىسىغا قەدەر «ئەڭ ئىشەنچلىك» دېگەن سۈپەتنى يوقاتمىغان بىر توپ كىشىلەر تەرىپىدىن بىر خىل لەۋزى بىلەن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس دېگەنلىكتۇر.

③ بۇ تەشكىلاتنىڭ «**الموسوعة**» ناملىق كىتابىنىڭ 138 _ بېتىدىن.

④ «ھىزبۇت تەھرىر» ناملىق كىتاب 32 _ بەت.

كۇفرىنىڭ قانۇنلىرىدۇر. بۇ قانۇنلار ئىسلام مەملىكەتلىرىدىكى مۇسۇلمان جەمئىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۇفرى جەمئىيىتىگە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ ھېچقايسىسى دارى ئىسلام ئەمەس»[1] دەپ كەلگەن.

ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ «ھىزبۇتتەھرىر»ناملىق كىتابىنىڭ 32 _ بېتىدە، ھەتتا مەككە بىلەن مەدىنە شەھەرلىرىنىڭمۇ دارى كۇفرى سانىلىدىغانلىقى ئېيتىلغان. بۇنى ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئۇلارنى يەڭگەن ئەللامە شەيخ دەمەشقى ئۆزىنىڭ«ھىزبۇتتەھرىر»ناملىق كىتابىنىڭ47 _ بېتىدە بايان قىلغان.

(4) پىكىرگىلا تايىنىپ تەربىيەنى ئۇنتۇپ كېتىش

ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقلىرىدىن بىرى، ئۇلارنىڭ پىكىرگىلا تايىنىپ ئىلاسمىي شەخسلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان رەربىيە ئىشىغا ئەھمىيەت بەرمەسلىكتۇر. شۇڭا ھىزبۇتتەھرىرچىلەردىكى ئاساسلىق قائىدە: «جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلساڭ، شەخسلەر ئىسلاھ قىلىنىدۇ»[2] دېگەندىن ئىبارەتتۇر. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى ھىزبۇتتەھرىرچىلەر ئىسلامىي تەربىيە ئۇسۇلىنىڭ تەتۈرىچە ئىش كۆرگەن. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىنقى ئىشى شەخسلەرنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش بولغان. ئىسلامىي شەخسلەر مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن ئىسلامىي جەمئىيەتنى بەرپا قىلغان. ھىزبۇتتەھرىرنىڭ نوپۇزلۇق كىشىلىرىدىن بىرى مۇنداق دەپ ھېكايە قىلغان: «مەن بىر كۈنى ئەللامە نەبھانىينىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۇنىڭدىن دەرسلىك پروگراممىسىغا قۇرئان كەرىمنى كىرگۈزۈش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىۋىدىم، ئۇ ماڭا: ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ ياشلىرىنى بۇزىمەن دېمە ئى ئەمىن! مەن دەرۋىشلەرنى خالىمايمەن، دېدى»[3].

(5) فىقھىي كۆزقاراشتىكى خاتالىقلار

ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ فىقھىي مەسىلىلىرىدىكى ئەڭ خەتەرلىك خاتالىقلىرىدىن بەزىسى تۆۋەندىكىچە:

_ مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ ئىسلام دۆلىتىدە پارلامېنت ئەزاسى بولۇشى ۋە ئىسلام دۆلىتىدە كاپىرنى ھەربىي قوماندان قىلىپ تەيىنلەشنىڭ جائىزلىقى. ئەللامە نەبھانىينىڭ1970 _ يىلى6 _ ئاينىڭ 5 _ كۈنى ئېلان قىلغان «سوئال ۋە جاۋابلار»مەجمۇئەسىدە شۇنداق دەپ جاكارلىغان.

_ يات ئايالنى شەھۋەتلىك ياكى شەھۋەتسىز ھالدا سۆيۈشنىڭ ۋە يالىڭاچ رەسىملەرگە قاراشنىڭ جائىزلىقى. ئەللامە نەبھانىينىڭ1970 _ يىلى5 _ ئاينىڭ 29 _ كۈنى ئېلان قىلغان «سوئال ۋە جاۋابلار» مەجمۇئەسىدە مۇنداق دەپ جاكارلانغان: «يات ئايالنى شەھۋەت بىلەن سۆيۈش ھارام ئەمەس، بەلكى مۇباھتۇر. شۇڭا كىشىلەرگە شۇنى ئېلان قىلىمىزكى، سۆيۈشۈش پەقەت سۆيۈشۈش بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن مۇباھتۇر، ھارام ئەمەستۇر. چۈنكى بۇ ئىنساندىن سادىر بولۇپ تۇرىدىغان مېڭىش، تۇرۇش، كۆز قىسىش، بۇرۇنقى مىدىرلىتىش، ئىككى لەۋنى بىرلەشتۈرۈش دېگەنلەرگە ئوخشاش ئادەتتىكى قىلىقلاردۇر. بۇ قىلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇباھتۇر. شۇنىڭدەك، يالىڭاچ سۈرەتلەرگە قاراشمۇ ھارام ئەمەس. بەلكى ئۇ مۇباھ ئىشلاردىن سانىلىدۇ. ئەمما دۆلەتنىڭ مۇنداق سۈرەتلەرنى چەكلەش ۋەزىپىسى بار. بىر ئەرنىڭ بىر ئايالنى مەيلى شەھۋەت بىلەن، مەيلى شەھۋەتسىز ھالدا رەستىدە سۆيۈشى جائىزدۇر. ئەمما دۆلەتنىڭ كىشىلەرنى رەستىدە مۇنداق قىلىشتىن چەكلەش ۋەزىپىسى بار».

_ مۇسۇلمان دۆلىتىنىڭ كاپىر دۆلىتىگە جىزىيە تۆلىشىنىڭ جائىزلىقى. ھىزبۇتتەھرىرنىڭ«ئىسلام دۇنياسىغا چاقىرىق»ناملىق ئەسىرىنىڭ109 _ بېتىدە مۇنداق دەپ كەلگەن: «ئىسلام دۆلىتىدە ياشايدىغان كاپىرلارنىڭ ئىسلام دۆلىتىگە جىزىيە دۆلەيدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق دەلىل كەلگەن بولسىمۇ، ئەگەر ۋەزىيەت تەقەززا قىلسا، ئىسلام دۆلىتى كاپىر دۆلىتىگە جىزىيە تۆلەيدۇ».

_ كاپىرلارنىڭ مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشنىڭ پەرزلىكى. ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ«دۇسيە»ناملىق كىتابىنىڭ62 _ بېتىدە، جىھاد توغرۇلۇق ئۇزۇن بايانلاردىن كېيىن مۇنداق دېيىلگەن: « ئەمدى بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال كېلىشى مۇمكىن، مۇسۇلمانلارغا قوماندان بولغان كاپىر ئەگەر كاپىرلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ھازىرلانغان بولسا، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا بولامدۇ؟ جاۋاب بېرىپ دەيمىزكى، مۇنداق بىر ئۇرۇش مۇسۇلمانلارغا قارشى بولمىسا ياكى مۇسۇلمانلارنى ئالداش ئۈچۈن بولمىسا، ئاشۇ خائىن قوماندانغا بويسۇنۇپ ئۇرۇش قىلىش پەرزدۇر. چۈنكى بۇ ۋاقىتتىكى ئۇرۇش كاپىرلارنىڭ كاپىرلارغا قارشى قىلغان ئۇرۇشىدۇر».

_ ئالەم بوشلۇقى ئۇچقۇچىلىرىدىن نامازنىڭ ساقىت بولۇشى. ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ«ئاسانلاشتۇرۇلغان ئېنسىكلوپېدىيە» ناملىق كىتابىنىڭ139 _ بېتىدە، «مۇسۇلمان ئەلەم بوشلۇقى ئۇچقۇچىسىدىن ناماز ساقىت بولىدۇ» دەپ قەيت قىلىنغان.

_ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىگدارچىلىقىدا بولغان قاتناش قوراللىرىغا چېقىشنىڭ ھاراملىقى. ئەللامە نەبھانىينىڭ1970 _ يىلى ئېلان قىلغان «سوئال _ جاۋابلار»مەجمۇسىنىڭ 1390 _ بېتىدە مۇنداق دەپ قەيت قىلىنغھان: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئىگدارچىلىقىدا بولغان

---

① «ھىزبۇت تەھرىرنىڭ ئۆزگەرتىشتىكى پىروگراممىسى» ناملىق كىتاب 10 ~ 11 _ بەتلەر.
② «ھىزبۇت تەھرىرنىڭ چۈشەنچىلىرى» ناملىق كىتابنىڭ 56 _ بېتىدىن.
③ «ئىسلام دەۋىتىنىڭ زۆرۈرلىكى» ناملىق كىتابنىڭ 102 _ بېتىدىن.

قاتناش قورالليرىغا چىقىش ھارامدۇر. ئەمما كاپىرلارنىڭ ئىگدارچىلىقىدا بولغان قاتناش قورالليرىغا چىقىش جائىزدۇر. مەسىلەن: مەككىدە ياشايدىغان بىر مۇسۇلمان مىسىرغا بارماقچى بولسا، ئۇنىڭ ئامېرىكىلىقلارنىڭ ياكى ياۋروپالىقلارنىڭ ئىگدارچىلىقىدىكى قاتناش قورالليرىغا چىقىشى جائىزدۇر. چۈنكى ئۇلار بىلەن تۈزۈلگەن كېلىشىملەر دۇرۇس بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار ئىگدارچىلىقىدىكى بىرەر شىركەتنىڭ قاتناش قورالليرىغا چىقىشى جائىز ئەمەس، ھارامدۇر. چۈنكى مۇنداق شىركەتلەر تەسەررۇپ قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەس، ھەمدە ئۇلار بىلەن تۈزۈلگەن كېلىشىملەر دۇرۇس ئەمەس. ئۇلارنىڭ بىلىتىدىن پايدىلىنىش ھارامدۇر».

_ شىمالىي ۋە جەنۇبىي قۇتۇبتا ياشايدىغانلاردىن ناماز بىلەن روزىنىڭ ساقىت بولىدىغانلىقى.

ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ«ئاسانلاشتۇرۇلغان ئېنسىكلوپېدىيە»ناملىق كىتابىنىڭ139 _ بېتىدە شۇنداق دەپ پەتىۋا بېرىلگەن.

ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ يۇقىرىقى خاتا پەتىۋالىرى ئىسلام ئۆلىمالىرى بىر _ بىرلەپ رەددىيە قايتۇرغان. بۇلارنى بايان قىلىپ ئولتۇرۇشنى ھاجەتسىز دەپ قارايمەن.

(6) ئەمر _ مەرۇپ، ۋەز _ نەسىھەت قىلىشتىن بىھاجەت بولۇش

ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ نەزىرىدە، بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولغانلارنىڭ كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا چاقىرىپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشتىن ئىبارەت ئەمرۇ _ مەرۇپ، ۋەز _ نەسىھەت قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئىلىسم خەلىپىلىكىنى قۇرۇشتۇر. ئۇلار بۇ سەپسەتىسىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككە دەۋرىدىكى دەۋىتىنى خاتا تەۋىل قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى چاغلىرىدا، مەككە بۇزۇقچىلىققا توشۇپ كەتكەن، ھاراق _ شاراپلار ئىچىلىۋاتقان، بۇتلارغا چوقۇنۇلىۋاتقان تۇرسىمۇ، بۇ ئىشلارنى يوق قىلىمەن دېمەستىن، پەقەت پىكىر تەرەپكىلا كۆڭۈل بۆلگەن. شۇڭا ھىزبۇتتەھرىر مەنسۇپلىرىنىڭ باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشتۇر».①

ئۇلار يەنە «ھىزبۇتتەھرىرنىڭ چۈشەنچىلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ49 _ بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «نامازمۇ بىر پىكىردۇر، ئۇنى ئورۇنداشنىڭ يولى دۆلەت قۇرۇشتۇر. كىشىلەرنىڭ نامازنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن دۆلەتنىڭ تەلىم _ تەربىيەنى كۈچەيتىشى كۇپايە ئەمەس، بەلكى ناماز ئوقۇمىغانلارنى تۈرمىلەرگە تاشلاش كېرەك. شۇنىڭدەك، كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشمۇ بىر پىكىردۇر. ئۇنى ئورۇنداشنىڭ يولى يەنە دۆلەتتۇر».

يەنە ئۇلارنىڭ «ھىزبۇتتەھرىرنىڭ ئۆزگەرتىش مېتودى» ناملىق كىتابىنىڭ21 _ بېتىدە مۇنداق دەپ كەلگەن: «ئەمرۇ _ مەرۇپ، ۋەز _ نەسىھەت ئىسلام خەلىپىلىكىنى تىكلەشنىڭ ۋە ئىسلامنى قايتىدىن قەد كۆتۈرگۈزۈشنىڭ يولى ئەمەس».

(7) ئىسلام پەرزلىرىنى تەرك ئېتىش

ھىزبۇتتەھرىرچىلەر كىشىلەرنى ناماز ئوقۇشقا، روزا تۇتۇشقا ۋە باشقا پەرزلەرنى ئادا قىلىشقا دەۋەت قىلىشنىڭ زۆرۈر ئەمەسلىكىنى، بۇ ئىشنىڭ دۆلەتنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ. ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ «ھىزبۇتتەھرىرنىڭ چۈشەنچىلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 62 _ ۋە65 _ بەتلىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام ئۈممىتىدىن بولغان بىر ئۈممەتنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن دەۋەت بىلەن ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن دەۋەتنىڭ پەرقى شۇكى، ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن دەۋەت دەۋەتنىڭ ئەمەلىي تەرىپىنى، ئىسلامىي جامائەتنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن دەۋەت دەۋەتنىڭ پىكرىي تەرىپىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىسلام دۆلىتى ئىسلامنى دۆلەت ئىچىدە تەتبىق قىلىدۇ. ئەمما ئىسلامىي جامائەت پىكرىي دەۋەتتىن باشقا ئەمەلىي ئىش قىلمايدۇ. شۇڭا ھىزبۇتتەھرىرنىڭ ئىلمىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشىمۇ كېرەك ئەمەس، بۇ جامائەتنىڭ باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشى پايدىسىزدۇر».

يەنە ھىزبۇتتەھرىرنىڭ«ھىزبۇتتەھرىرنىڭ ئۆزگەرتىش مېتودى»ناملىق كىتابىنىڭ28 _ ۋە31 _ بەتلىرىدە مۇنداق دەپ كەلگەن: «ھىزبۇتتەھرىرنىڭ ئىشىنىڭ ھەممىسى سىياسىي ئىشتۇر، بۇ تەشكىلاتنىڭ تەلىم _ تەربىيە بىلەن ياكى ۋەز _ نەسىھەت بىلەن شۇغۇللىنىشى دۇرۇس ئەمەس. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى سىياسىيدۇر».

(8) ئەخلاقنى ئەھمىيەتسىز ساناش

ھىزبۇتتەھرىرچىلەر كىشىلەرنى گۈزەل ئەخلاقلارغا چاقىرىش، مۇسۇلمانلارنىڭ تەلىم _ تەربىيە سەۋىيەسىنى كۆتۈرۈش دېگەنلەرگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ«ھىزبۇتتەھرىرنىڭ چۈشەنچىلىرى»ناملىق كىتابىنىڭ67 _ بېتىدە مۇنداق دەپ كەلگەن: «ئىسلام دەۋىتىنى ئۈستىگە ئالغان بۇ جامائەتنىڭ سىياسىي جامائەت بولۇشى لازىم. ئۇلارنىڭ روھانىي ياكى ئەخلاقىي ياكى ئەمەلىي ياكى تەربىيەچى بولۇشى جائىز ئەمەس. ئۇلارغا ئوخشاپمۇ قالماسلىقى لازىم. چۈنكى بۇ جامائەتنىڭ ئىشى سىياسەتتۇر. شۇڭا ھىزبۇتتەھرىر سىياسەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سىياسىي تەشكىلاتتۇر».

① «ھىزبۇت تەھرىرنىڭ چۈشەنچىلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 75 ~ 77 _ بەتلىرى.

ھىزبۇتتەھرىرنىڭ قۇرغۇچىسى ئەللامە نەبھانىي «ئىسلامنىڭ نىزامى» ناملىق كىتابىنىڭ 114 _ ۋە 115 _ بەتلىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئەخلاقنىڭ بىرەر جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇشىدا ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقتۇر. ئەخلاق بىلەن بىرەر جەمئىيەت يۈكسەلمەيدۇ ۋە چۈشۈپمۇ كەتمەيدۇ. بەلكى جەمئىيەتكە تەسىر قىلىدىغان نەرسە ھايات مۇساپىسىدە ھاسىل بولغان ئۆرپ _ ئادەتلەردۇر». نەبھانىي يەنە مۇنداق دېگەن: «ئەخلاق جەمئىيەتكە كېرەك بولغان بىر نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ شەخسلەرگە كېرەك. چۈنكى جەمئىيەت ئەخلاق بىلەن ئىسلاھ قىلىنمايدۇ. بەلكى ئىسلامىي پىكىر بىلەنلا ئىسلاھ قىلىنىدۇ».[1]

ھىزبۇتتەھرىرچىلەر بۇ ماۋزۇدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم»[2] دېگەن ھەدىسىنى ئۇنۇتقان ۋە مىسىرلىق ئاتاغلىق شائىر ئەھمەد شەۋقىينىڭ:

إنما الأمم الأخلاق مابقيت   فإن هم ذهبت أخلاقهم ذهبوا

ئەخلاق بىلەن ھەر مىللەت راۋاجلىنىپ داۋام ئېتەر

ئايرىلغانلار ئۇنىڭدىن زاۋاللىققا ھامان كېتەر.

دېگەن شېئىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىپ كۆرمىگەن.

**ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ غايىسى**

ھىزبۇتتەھرىرچىلەر سىياسىي تەشكىلات بولۇپ، ئىسلام خەلىپىلىكىنى تىكلەشنى ۋە ئىسلام شەرىئىتىنى تەتبىق قىلىشنى نىشان ۋە مەقسەت قىلىدۇ. ئۇلار ئىسلام خەلىپىلىكىنى ئاۋۋال ئەرەب دۆلەتلىرىدە قۇرۇپ چىقىپ، ئاندىن ئۇنى باشقا ئىسلام دۆلەتلىرىگە يېيىشنى، ئاندىن خەلقى مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەرگە مۇسۇلماننىڭ قولى بىلەن كېڭەيتىشنى نىشان قىلىدۇ.

**ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ غايىگە يېتىش باسقۇچلىرى**

ھىزبۇتتەھرىرچىلەرمەقسىتى يېتىش باسقۇچلىرىنى «پىكىر توقۇنۇشى» باسقۇچى، «پىكىر ئىنقىلابى»باسقۇچى ۋە «ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش»باسقۇچى دەپ ئۈچ باسقۇچقا بۆلىدۇ. ئۇلار بىرىنچى باسقۇچتا ھىزبۇتتەھرىرنىڭ پىكرىي قاراشلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىدۇ، ئىككىنچى باسقۇچتا ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ پىكىر قاراشلىرىغا قارشى پىكىرلەرگە قارشى كۈرەش قىلىدۇ، ئۈچىنچى باسقۇچتا ھىزبۇتتەھرىرنىڭ پىكىر قاراشلىرى غەلىبە قىلىپ، ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلىدۇ. ئۇلار ئۈچىنچى باسقۇچقا كەلگەندە، ئىسلام ھاكىمىيىتىنى تىكلەش ئۈچۈن دۆلەت باشلىقلىرىدىن، سىياسىي پارتىيەلەردىن، جامائەت لىدېرلىرىدىن، قەبىلە باشلىقلىرىدىن، ھەتتا باش كونسۇللاردىن ياردەم سوراشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

**ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ غايىگە يېتىش مۇددىتى**

ھىزبۇتتەھرىرچىلەر ئىسلام خەلىپىلىكىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت غايىسىگە يېتىش ئۈچۈن ئاۋۋال 13 يىلنى بەلگىلىگەن ئىدى. بۇ دەل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدە ئىسلامغا دەۋەت قىلغان دەۋەت مۇددىتى ئىدى. يەنى ئۇلار دەسلەپتە بۇ تەشكىلاتنى قۇرغان ۋاقىتتىن ئېتىبارەن 13 يىلنى ئىسلام ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ بولۇش ۋاقتى دەپ بەلگىلىگەن. كېيىن يەنە 13 يىلنى قوشقان. ئاندىن كېيىن يەنە 30 يىلنى بەلگىلىگەن. يەنى 30 يىلدىن كېيىن چوقۇم ئىسلام خەلىپىلىكىنى قۇرۇپ بولىمىز دەپ قارارلاشتۇرغان. بېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىنمۇ ئۇلار ئۇلار بىر قەدەم ئالدىغا ئىلگىرىلىيەلمىگەن ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تۆگىشىش گىرداۋىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار ۋاقىتمۇ بەلگۈلىمىگەن ۋە جىمجىتلىق بىلەن دەۋىتىنى داۋاملاشتۇرغان.

**خۇلاسە كالام:**

ھىزبۇتتەھرىر مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پايدىسىدىن زىيىنى ئىنتايىن كۆپ بولغان بىر سىياسىي تەشكىلات. بۇ تەشكىلاتنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىدىكى بىرىنچى سەۋەب: ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن باشقىچە يول تۇتقانلىقى ئىدى. چۈنكى ئۇلار تۆۋەندىكىچە يول تۇتماقتا:

(1) تەربىيەگە ئەھمىيەت بەرمەستىن، قۇرۇق جېدەلگە ۋە پىكرىي تەرەپكىلا بېرىلىش. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى ئىشى كىشىلەرنى ئىمان ۋە ئەخلاق جەھەتتىن تەربىيەلەش بولغان.

(2) شەرىئەتنى ئەقىلگە بويسۇندۇرۇش. ھالبۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى ئەقىلنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرۇش ۋە ھەقىقەتنى ئاۋۋال ۋەھيىگە ئاندىن ئاقىلگە تايىنىپ چۈشىنىشتىن ئىبارەت ئىدى.

(3) تاشقى جەھەتتىن ياردەم سوراش. مەسىلەن: ھاكىمىيەتنى تىكلەش ئۈچۈن دۆلەت باشلىقلىرىدىن، قەبىلەن باشلىقلىرىدىن ۋە جامائەت لىدېرلىرىدىن ياردەم سوراشنى بەلگىلىگەنگە ئوخشاش. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياردەمنى ئاللاھ تائالادىن ۋە

[1] نەبھانىينىڭ «ئىسلامنىڭ نىزامى» ناملىق كىتابىنىڭ 80 _ ۋە 113 _ بەتلىرىدىن.
[2] ئىمام ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

مۇئمىنلەردىن سورىغان.

(4) ئەمىر _ مەئرۇپ _ ۋەز _ نەسىھەت قىلىشتىن ئىبارەت پەرزنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش. ھىزبۇتتەھرىرچىلەر ئەزالىرىنىڭ دەۋەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قوللىمايدۇ. ھالبۇكى، ئىسلام دەۋىتىنىڭ بىشى ئەمرۇ _ مەئرۇپ، ۋەز _ نەسىھەت قىلىشتۇر ۋە جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئەمر _ مەئرۇپ _ ۋەز _ نەسىھەت قىلىش ئىدى.

(5) شەرىئەت قانۇنلىرىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىش. مەسىلەن: ئەر _ خوتۇن بولمىغانلارنىڭ سۆيۈشۈشىنى مۇباھ دېگەنلىك شەرىئەت قانۇنلىرىنى ئۆزگەرتكەنلىك ۋە نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قاراشتىن ئىبارەت قۇرئان كەرىمدە ھارام قىلىنغان ئىشتىن چوكّراقىنى جائىز قىلغانلىقتۇر.

(6) ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن بەلگىلىگەن مۇددىتى ۋە باسقۇچلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگىمۇ ۋە ئەمەلىيەتكىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس، پەقەتلا خىيالىي بەلگىلىمىلەردۇر.

(7) ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ پىكىر _ قاراشلىرىنى ئوقۇغان ئادەم ئۇلارنىڭ بارچە مەقسىتى پەقەتلا ھاكىمىيەتكە چىقىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. ھالبۇكى، ئىسلامنى تەتبىق قىلىش ئۈچۈن ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش شەرت ئەمەس. چۈنكى ئىسلامنى ھەر كىم ئاۋۋال ئۆزىدە، ئائىلىسىدە، مەھەللىسىدە تەتبىق قىلىشقا بۇيرۇلغان.

ئۆزىدە ئىسلامنى راۋۇرۇس تەتبىق قىلغان، ئائىلە ئەزالىرىدىمۇ شۇنداق تەتبىق قىلغان، ئاندىن مەھەللىسىدە، شەھىرىدە، دۆلىتىدە تەتبىق قىلغان مۇنەۋۋەر مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئاشقانسېرى ئىسلام دۆلىتىنىڭ بېشارەتلىرى كېلىشكە باشلايدۇ. چۈنكى دۆلەت ئادەملەر بىلەن قۇرۇلىدۇ. ھالبۇكى، ئادەملەر راۋۇرۇس مۇسۇلمان بولۇپ يېتىشىپ بولالمىسا، بۇ ۋاقىتتا ئىسلام دۆلىتىنىمۇ قۇرغىلى بولمايدۇ، قۇرغان تەقدىردىمۇ، زامانىمىزدىكى بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىدىكىگە ئوخشاش كىشىلەر دۆلەتنىڭ جازاسىدىن قورقۇپ ئەمەل قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارنى ئۆز رىغبىتى بىلەن قىلمايدىغان، گۇناھ _ مەسىيەتلەرنى كېچىلىرى قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

## ۋەزىپە ئۈستىدىكى قىز

ئىمانى بىلەن دۇنيانىڭ ئەڭ زور قىيىنچىلىقلىرىنى يەڭگەن بىر قىزنىڭ ئىبرەتلىك قىسسىسى

ئىنگلىزچىدىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغۇچى: نەزار ئابدۇلباقى

ئامېرىكىلىق رادىكال خىرىستىيان دىن تارقاتقۇچىسى ئامىنە ئەسىلمىي مەكتەپتىكى دەرسلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئالاھىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەپ، ئەلاچىلىقنى قولدىن بەرمەي كەلگەنلىكى سەۋەبلىك ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇش پۇلىغا ئېرىشكەن ۋە ئۇنىۋېرسىتېتكە كىرىشنىڭ ئالدى ۋە كەينىدە كۆپ قېتىم ئەلاچىلىق مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولغان بىر قىز بولۇپ، ئۇنىڭ قىسسىسى كومپيۇتېر ئىشلىگەن بىر خاتالىقتىن باشلىنىدۇ.

ئامىنە ئەسىلمىي قەغەزلىرىنى 1957 _ يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ شەھەرلەرنىڭ ئىستراتېگىيەسىنى پىلانلاش فاكۇلتېتىغا تاپشۇردۇ. شۇ يىللار ئامېرىكىدا ئۇنىۋېرسىتېتلارغا تۇنجى قېتىم كومپيۇتېر كىرگۈزۈلگەن زامانلار بولۇپ، ئامىنە ئەسىلمىي قەغەزلىرىنى تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئوكلاھوماغا ئىككى ھەپتىلىك كېتىپ قالىدۇ. ئەمما ئۇ قايتىشتا كېچىكىپ قالغانلىقتىن، دەرس باشلىنىپ بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ھەممە پەنلەردە ئەلاچى بولغانلىقى ئۈچۈن دەرسلىرىگە يېتىشىپ كېتىشىدىن خاتىرجەم ئىدى. لېكىن كومپيۇتېر ئۇنىڭ ئىسمىنى كونسىرت پەنلىرىنى ئۆگىنىش فاكۇلتېتىغا تاللاپ قويۇشتا خاتالاشقان ئىدى. ئامىنە ئەسىلمىي ئۆزى خىجالەتچان ۋە خىرىستىيان دىنىغا مەھكەم بولغىنىنىڭ ئۈستىگە، دىندا رادىكالچى بىر قىز بولغانلىقتىن، بۇ فاكۇلتېتتا ئوقۇپ نەتىجە قازىنالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. پۈتۈن دەرسلىرىدە ئەلاچى بولۇپ كەلگەن بىر قىزنىڭ ئۆزى خالىمىغان بىر فاكۇلتېتقا كىرىپ ئۇنىڭدا سىنىپ ئاتلىيالماستىن قېلىشى ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئېغىر كېلەتتى. ئۇ سىنىپ كۆچەلمىسە، مۇندىن بۇرۇن ئېرىشكەن ئوقۇش پۇلىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

ئۇ يولدىشىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، ئۇستازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن كونسېرتنىڭ سەھنىگە چىقماستىن قىلىدىغان ئىشلىرى ۋە ئارتىسلارنىڭ كىيىملىرىنى لايىھەلەشكە ئوخشىغان پەنلەرنى ئوقۇشنى سورايدۇ. ئۇستازى ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كەلگەندىن كېيىن، ئەتىسى كۈنى ئۇنىۋېرسىتېتقا بارغىنىدا، سىنىپتا كۆرگەنلىرىدىن نەپرەتكە تولۇپ، روھىي چۈشكۈنلۈككە ئۇچرايدۇ ۋە بۇ سىنىپقا قەتئىي كەلمەسلىك قارارىغا كېلىپ قايتىدۇ. ئۇنىڭ سىنىپتا كۆرگەنلىرى ئەرەب ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى.ئۇ ئەرەبلەردىن بەكمۇ نەپرەتلىنەتتى. شۇ جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ئەرەبلەرنى تۆگە باقىدىغان قالاق ئادەملەر دەپ قارايتتى. ئۇ ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن، يولدىشىغا ئۆزىنىڭ «پاسكىنا كاپىرلار»بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمما يولدىشى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ، ياخشى ئويلىنىشى كېرەكلىكىنى، ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغان ئىشلىرىدا چوقۇم بىرەر ھېكمەت بارلىقىنى ئېيتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئامىنە ئەسىلمىي ئىككى كۈنلۈك قاتتىق ئويلىنىشتىن كېيىن، مەكتەپكە بېرىشنى ۋە سىنىپتىكى پۈتۈن ئەرەبلەرنى خىرىستىيان قىلىۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈتىدۇ. ھەمدە بۇ ئىشقا رەسمىي بىلىنى باغلايدۇ.

بۇنىڭ بىلەن ئامىنە مەزكۇر مەكتەپكە ئوقۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسىنى خىرىستىيان دىنىغا كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپە ئۈچۈن بارىدۇ.

ئامىنە ئەسىلمىي ئۆزىنىڭ دىن تارقىتىش يولىدىكى مېھنەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سىنىپتىكى ئەرەبلەر بىلەن ھەر كۈنى ۋە ھەر سائەت مۇنازىرە قىلىشقا باشلىدىم. ئۇلارغا «ئىيسانىڭ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغان پىداكار ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ قىيامەت كۈنى ئوت بىلەن داغلىنىدىغانلىقىنى كۈچۈمنىڭ بېرىچە چۈشەندۈردۈم، شەرھلىدىم. ئەمما ئۇلار ماڭا قارشى بەكمۇ ئەخلاقلىق ئىدى.ئۇلارنىڭ بىرسىمۇ خىرىستىيان بولالمىدى. ئاخىرىدا، ئۇلار ئوقۇۋاتقان قۇرئاننى ئوقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭدىن مېنىڭ ئېتىقادلىرىمنى كۈچلەندۈرىدىغان ئايەتلەرنى تويلاپ ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ ھەق دىندا ئەمەسلىكىنى مۇشۇ يول بىلەن چۈشەندۈرۈش قارارىغا كەلدىم. تەلىپىمگە ئاساسەن، سىنىپداشلىرىم ماڭا قۇرئان كەرىم ۋە يەنە بەزى ئىسلامىي كىتابلارنى بەردى. قۇرئان كەرىمنى تولۇق بىر يېرىم يىل ئوقۇپ چىقتىم. بۇ ئەسنادا 15 پارچە ئىسلامىي كىتاب ئوقۇدۇم. قۇرئاندىكى بەزى ئايەتلەرنى مېنىڭ ئەرەبلەرنى قايىل قىلىشىم ئۈچۈن پايدىلىق دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا مۇلاھىزىلىرىمنىمۇ يازدىم. بۇ جەرياندا مەندە خېلى كۆپ ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. ئاستا – ئاستا يولدىشىمنى راھەتسىزلەندۈرىدىغان بولۇپ قالدىم. چۈنكى بىز ھەر ھەپتىنىڭ جۈمە ۋە شەنبە كۈنلىرى چىركاۋغا باراتتۇق. بۇ ئىشنىمۇ توختاتتىم. چوشقا گۆشىنى يېمەيدىغان بولدۇم. ھاراق سورۇنلىرىغا بارمايدىغان بولدۇم. كۆپ ئويلايدىغان ۋە يالغۇز قېلىشنى خالايدىغان بولۇپ قالدىم. يولدىشىم بۇ ھالىمغا قاراپ مېنى بىرەر ئەر بىلەن يولسىز ئالاقىسى بار ئوخشايدۇ، دەپ يامان گۇمان قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئاخىرى بولالماي يولدىشىمدىن باللىرىم بىلەن ئايرىم ئۆيگە

چىقىپ تۇرۇشنى سورىدىم. يولدىشىم بۇنىڭغىمۇ مۇۋاپىق كەلدى. شۇنداق قىلىپ باللىرىم بىلەن يالغۇز تۇرۇشقا باشلىدىم. ئەمما خرىستىيان دىنىدىن ۋاز كەچمىدىم. پۈتۈن خىيالىم شۇ ئەرەبلەرنى قانداق قىلىپ خرىستىيان دىنىغا ھىدايەت قىلىش ئىدى».

## ئامىنە ئەسلىمي مۇسۇلمان بولۇش يولىدا

ئامىنە ئەسلىمي سۆزىگە داۋام قىلىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى بىرلىرى ئىشىكىمنى قېقىۋىدى. چىقسام ئۇلارنىڭ كىيىۋالغان كىيىملىرى نەپرىتىمنى تېخىمۇ قوزغىۋەتتى. ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك كىيىۋاپتىكەن. خۇددى كېچىلىك كىيىمگىلا ئوخشاپ قالغان. بېشىغا بىر نەرسىلەرنى يۆرگىۋالغان. كېيىن بىلسەم ئۇ ئەرەبلەرنىڭ مىللىي كىيىمى ئىكەن. غەزىپىم قاتتىق ئۆرلەپ كەتتى. بۇلار قانداقلارچە كېچىلىك كىيىملىرىنى كىيىپ مېنىڭ ئىشىكىمنى قاقىدۇ. ئۇلار مېنى قانداق ئايال دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى شەيخ ئابدۇلئەزىز دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ ماڭا ئىنتايىن ئەدەپ بىلەن سۆز قىلىپ، مېنىڭ مۇسۇلمان بولۇشقا رىغبىتىم بارلىقىنى، ئەمما جاكارلاشقا جۈرئەت قىلالماي ۋاتقانلىقىمنى ئېيتىۋىدى. دەرھاللا جاۋاب بېرىپ: «مەن بىر خرىستىيانمەن. مۇسۇلمان بولمايمەن»دېدىم. ئاندىن ئەگەر ئۇلارنىڭ ۋاقتى بولسا مۇنازىرىلىشىشنى سورىدىم ۋە ئۆيۈمگە باشلىدىم. ئۇلارغا پۈتۈن سوئاللىرىمنى تاشلىدىم. لېكىن شەيخ ئابدۇلئەزىز بەكمۇ سەبىرلىك ۋە تولىمۇ ئەخلاقلىق كىشى ئىكەن. سورىغان پۈتۈن سوئاللىرىم ۋە ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلىرىمنىڭ ھېچبىرىنى سەپسەتە ياكى خۇراپات دېمەستىن، سىلىقلىق بىلەن مۇنازىرىلەشتى. قوپال سوئاللىرىمغا سىلىق ۋە قانائەتلىك جاۋابلارنى بەردى. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا قايىل بولمىغىنىمدا ماڭا «بۇ مىنىڭ بىلگىنىم. سىز باشقا تەرەپتىن بۇ مەسىلىنى ئىزدىنىپ كۆرۈڭ. بىزنىڭ دىنىمىز تەپەككۇر قىلىشقا ۋە ئەقىل ئىشلىتىشكە چاقىرىدۇ»دەيتتى. ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەستىن مەن ئىچىمدىن كەلگەن چاقىرىققا قولاق سېلىشىم كېرەكلىكىنى بىلدىم. شۇنداق قىلىپ 1977 _ يىلى 22 _ ماي كۈنى ناماز ئەسىردىن كېيىن ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىمنى ئېلان قىلدىم».

## ئامىنە ئەسلىمىنىڭ ئىمان بەدىلىگە تۆلىگەنلىرى

ئامىنە ئەسلىمى مۇنداق دەيدۇ: «خرىستىيان دىنىدىن ئىسلام دىنىغا ئۆزگىرىش ياكى باشقا بىردىنغا ئۆزگىرىش شۇ زامانلاردا ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى. خرىستىيانلىقتىن مۇسۇلمانلىققا ئۆتكەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى زور قىيىنچىلىقلارغا يولۇقاتتى. ئاتا – ئانىسىدىن، قېرىنداشلىرىدىن ۋە دوستلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقى تەبىئىي ئىدى.ئىش ئۇلاردىن ئايرىلىپ قېلىش بىلەنلا تۈگەپ قالمايتتى. ئۇلار ئاتا – ئانىسىنىڭ دىنىغا قايتىشقا زورلىناتتى. بەزىلىرى ئۆيلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلسا، بەزىلىر ى ئىش ئورنىدىن قوغلىناتتى. بەزىلىرى خۇددى مەندەك باللىرىدىن ئايرىلىپ قالاتتى»

ئامىنە ئەسلىمىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن تارتقانلىرى ئىنسان تاقىتىدىن ئاشىدىغان زور قىيىنچىلىقلار بولدى. ئۇنىڭ تارتقانلىرىغا چىداپ سەبىر قىلالايدىغانلار ئاز بولۇشى مۇمكىن. ئۇ پۈتۈن دوستلىرىدىن ۋە يېقىنلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئانىسى بولسا، قىزىغا كەلگەن بۇ پىسخىكى كېسەللىكنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يوقىلىپ كېتىشىنى ئارمان قىلاتتى. ئامىنە ئەسلىمىنىڭ پىسخىك كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان ھەدىسى ئۇنى داۋالاش ئۈچۈن تىرىشاتتى. ئۇنىڭ ئاتىسى ئاقىل ۋە ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولۇپ، كۆپلىگەن كىشىلەر ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ۋە پىكىر ئېلىش ئۈچۈن كېلىپ تۇرىدىغان تۇرۇپ، ئۇ قىزىنى ئۆلتۈرىۋېتىپ بۇ نومۇستىن قۇتۇلۇشقا بەل باغلايتتى. ئۇ «قىزىم مۇسۇلمان بولۇپ ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا قالغاندىن كۆرە، مېنىڭ مىلتىقىم بىلەن ئۆلگىنى يېنىك»دەپ يۈرەتتى.

شۇنداق قىلىپ ئامىنە ئەسلىمي ئائىلىسىز ۋە دوستلىرىسىز يالغۇز قالدى. بېشىغا ھىجاب كىيگەنلىكى جىنايىتى بىلەن ئىش ئورنىدىنمۇ قوغلاندى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «يولدىشىم بىلەن بىر – بىرىمىزنى قاتتىق ياخشى كۆرەتتۇق. مەن مۇسۇلمان بولۇشتىن ئاۋۋال قۇرئاننى تەتقىق قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان ۋاقىتلىرىمدا، خاراكتېرىم باشقىچە بولۇپ قالغان ۋە يولدىشىمغا چىركاۋغا، تانسىلارغا ۋە سورۇنلارغا بېرىشتا ھەمراھ بولالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۇ مېنى باشقا بىرى بىلەن يولسىز ئالاقىدا بولغان بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلاتتى. مەن سەۋەبىنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرەلمەيتتىم. مەن مۇسۇلمان بولغىنىمدىن كېيىن بىزنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشىمىز ئۇنىڭدىن قاچقىلى بولمايدىغان بىر زۆرۈرىيەت بولۇپ قالغان ئىدى. ئىككى بالىمىز بار ئىدى. مەن ئۇلارنى جېنىمدىن بەك ياخشى كۆرەتتىم. قانۇن بويىچە باللار ئانىغا بۇيرۇپ بېرىلەتتى. ئەمما مېنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى قوبۇل قىلىپ خرىستىيان دىنىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىم سەۋەبلىك قانۇن باللىرىمنى ماڭا ئەمەس، يولدىشىمغا بۇيرۇپ بەردى. سوتتا ھۆكۈم ئېلان قىلىنىشتىن ئاۋۋال ماڭا سوتچى تەرىپىدىن 20 مىنۇتلۇق ۋاقىت پۇرسەت بېرىلدى. بۇ 20 مىنۇت ئىچىدە ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى تاللىشىمنى – يا مۇسۇلمانلىقتىن يېنىپ باللىرىمغا ئېگە بولۇشى م ياكى مۇسۇلمانلىقىمدا چىڭ تۇرۇپ باللىرىمدىن ۋاز كېچىشىمنى – بۇيرىدى. ئەمما مەن مۇسۇلمانلىقنى تاللىدىم. ھاياتىمدىكى ئەڭ قىيىن سىناقنى مەھكىمىدە ئۆتكۈزگەن بولدۇم. باللىرىمنى يولدىشىم ئېلىپ كەتتى. بىر كۈنگە ئەمەس، بىر ئايغا ئەمەس، بىر يىلغا ئەمەس، بەلكى مەڭگۈگە ئېلىپ كەتتى. باللىرىمسىز ھاياتىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم. ئەمما ئىمانىنىڭ كۈچى بىلەن ئۇنىڭغىمۇ بەرداشلىق بەردىم».

ئامىنە ئەسلىمىنىڭ كۈتىۋاتقان يەنە بىر كۆڭۈلسىزلىك بار ئىدى. ئۇ ئۇنىڭدىكى بىر كېسەللىك سەۋەبلىك دوختۇرلارنىڭ ئۇنىڭ مۇندىن كېيىن بالا ساھىبى بولالمايدىغانلىقىنى ئېيتىشى ئىدى. ئامىنە ئەسلىمي بۇنىڭغىمۇ سەبىر قىلدى. ئەمما يۈرەك پارىلىرى بولغان ئىككى پەرزەندىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشتى. ئامېرىكىنىڭ كولورادو ۋىلايىتىدە باللىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن سوت ئاچقۇزدى.

ئۇ بۇ قېتىمقى سوتتىمۇ باللىرنى قايتۇرۇپ ئالالمىغان بولسىمۇ، كولورادو ۋىلايىتىنىڭ يەرلىك قانۇنىغا «دىنى سەۋەبلەر تۈپەيلى بالىنى ئانىسىدىن ئايرىشقا بولمايدۇ»دەيدىغان قانۇنىنىڭ ماقۇللىنىشىغا سەۋەب بولدى.

ئامىنە ئەسلىمي مۇسۇلمان بولغىنىدىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان ۋە ئەتراپىدىكى ھەممە ئۇنىڭ ئەخلاقىنى ماختايدىغان بولۇپ قالدۇ. ئۇ مۇسۇلمان بولغىنىدىن كېيىن، كىشىلەرگە ھاياتىنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىدە تەسىر كۆرسىتىدىغان بولۇپ، باشقىچە بىر ئىنسان بولۇپ قالغان ئىدى. كېيىنچە، ئۇنىڭ پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى، دوستلىرى ۋە يېقىنلىرىنى ئۇنى شۇنداق ئۆلگىلىك بىر ئىنسانغا ئايلاندۇرغان ئىسلامنى ماختايدىغان بولدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرى ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىغا نارازى بولۇپ، پۈتۈن ئالاقىسىنى ۋە بىرىپ _ كېلىشىنى ئۇنىڭدىن ئۈزگەن بولسىمۇ، ئۇ ھېيت ئايەملەردە، بايراملاردا ئاتا – ئانىسىدىن باشلاپ پۈتۈن تۇغقانلىرىغا ھەدىيەلەرنى ۋە تەبرىك كارتلىرى ئەۋەتىپ تۇراتتى. ئەۋەتكەن كارتلارغا مەنبەسىنى يازماستىن ئايەت ۋە ھەدىسلارنى يېزىپ ئەۋەتەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرىغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتەلىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن تۇنجى بولۇپ مۇسۇلمان بولغان كىشى ئۇنىڭ 100ياشتىن ئاشقان مومىسى بولدى. ئىككىنچى بولۇپ مۇسۇلمان بولغان كىشى ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا ئۆلتۈرىۋېتىمەن، دەپ ئىزدەپ يۈرگەن دادىسى ئىدى. ئامىنە ئەسلىمي مۇسۇلمان بولۇپ ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئانىسى تېلېفوندا قىزىغا «قىزىم مەن سىزنى شۇنداق ئېسىل ئەخلاققا ئېرىشتۈرگەن ئىسلام دىنىنى ھۆرمەتلەيمەن» دېگەن ئىدى. ئانىسى بىر قانچە يىلدىن كېيىن ئۇرغان تېلېفوندا قىزىدىن قانداق قىلغاندا مۇسۇلمان بولغىلى بولىدىغانلىقىنى سوراپ ئۆگىنىدۇ ۋە شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىپ مۇسۇلمان بولىدۇ. بىراق ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئاتىسىغا ئېيتماسلىقىنى ئۆتۈنىدۇ. چۈنكى ئۇ بۇ دېئالېكتىنىڭ بىر قانچە ھەپتە ئىلگىرى ئاتىسى بىلەن بولغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئەر – ئايال بىر ئۆيدە ياشاپ تۇرۇپ بىر – بىرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلمەيتتى.

ئاتا – ئانىسىدىن كېيىن ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى ساراڭلار دوختۇرخانىسىدا داۋالىماقچى بولغان ھەدىسى مۇسۇلمان بولىدۇ. 5 يېشىدا ئاتىسىغا بۇيرۇپ بېرىلگەن 21 ياشلىق چوڭ ئوغلى 16 يىللىق ئايرىلىشتىن كېيىن، ئانىسىغا بىر كۈنى تېلېفون ئۇرۇپ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بالىسىدىن كېيىن يولدىشى مۇسۇلمان بولۇپ كېلىدۇ ۋە ئايالىدىن كەچۈرۈم سورايدۇ.

**ئامىنە ئەسلمىينىڭ ئىمان بىلەن قازانغانلىرى**

ئامىنە ئەسلمي بىرىنچى يولدىشىدىن ئايرىلىپ قايتا تۇرمۇشقا چىققاندىن كېيىن، دوختۇرلار بالا ساھىبى بولالمايدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بالا يۈزى كۆردى. ئۇنى ئاللاھنىڭ بەرىكىتى دەپ ھېسابلاپ، ئۇنىڭ ئېتىنى «بەرەكە» قويىدى. ئۇ كونا دوستلىرىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، يېڭى دوستلىرى كۆنسايىن ئېشىپ بېرىپ، دوستلار ئارا تېگىشمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۆز ۋاقتىدا مۇسۇلمان بولغىنى سەۋەبلىك ئىش ئورنىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسا، ئەمدى ھازىر ئامېرىكىدا «مۇسۇلمان ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسەسى» بولدى. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ چوڭ يىغىنلاردا، قۇرۇلتايلاردا لېكسىيە سۆزلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدىغان تەكلىپلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. بەزى يىغىنلارغا بېرىش ئۈچۈن ۋاقتى يەتمىگەنلىكتىن ئۆزۈر تىلەش مەجبۇرىيتىدىمۇ قالىدۇ. بىر قانچە يىل بۇرۇن راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبلىك دوختۇرلار ئۇنىڭ بىر يىلدىن ئارتۇق ياشيالمايدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇ ئاللاھنىڭ ئىنئامى بىلەن ھازىرغىچە ھاياتتا تۇرماقتا. بىر زامانلاردا ئۇنىڭدىن ئالاقىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزگەن ئائىلىسى ۋە تۇغقانلىرى ئەمدى قايتىدىن بىرلىشىپ، بۇرۇنقىدىنمۇ بەك مېھرى – مۇھەببەتلىك ھالدا بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرمەكتە. چۈنكى ئامىنە ئەسلمي ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدىغانلىقىغا بولغان چىن ئىشەنچىسىنى بىر كۈنمۇ بوشاشتۇرمىغان ئىدى.

**ئامىنە ئەسلمىينىڭ قىسسىسىدىن ئېلىنىدىغان ئىبرەتلەر**

ئامىنە ئەسلمي ئۆزى تاللىغان ھەق دىنىنىڭ ئۇنىڭ بەختسىزلىكىگە ئەمەس، بەلكى ئىككى ئالەملىك بەخت – سائادىتى ئۈچۈن سەۋەب بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشەندى. ئاللاھقا بولغان ئىمانىنى ۋە ئىشەنچىسىنى بىر كۈنمۇ بوشاشتۇرمىدى. ئىمانىنىڭ پۈتۈن توسقۇنلارنى يېڭىدىغانلىقىغا چىن ئىشەندى.

ئامىنە ئەسلمىينىڭ بۇ قىسسىسى ھەقىقي ئىماننىڭ ۋە ئاللاھقا بولغان ھەقىقي تەۋەككۈلنىڭ بۇ دۇنيانىڭ بارلىق قىيىنچىلىقلىرىنى ۋە توسقۇنلىرىنى چوقۇم يېڭىپ چىقىدىغانلىقىنىڭ بىر نەمۇنىسىدۇر.

ئامىنە ئەسلمىينىڭ بۇ قىسسىسى چىن ئىمان ۋە ئېگىلمەس ئىرادىنىڭ جانلىق بىر ئۆلگىسى بولۇپ مەڭگۈ قالىدۇ.

بىز مۇسۇلمانلار تۇغۇلغان كۈنىمىزدىن بېرى مۇسۇلمان ئاتىلىپ كەلگىنىمىز ۋە ھەقىقەتنى تېپىش يولىدا بەدەل تۆلىمىگىنىمىز ئۈچۈن بۇ دىنىنىڭ قەدرىنى بىلمەسلىكىمىز مۇمكىن.

ئۆزىمىز ئىشەنگەن ۋە يولىدا ماڭغان ھەقىقەت يولىدا بەدەل تۆلەش بىز ئۈچۈن ئېغىر تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالغان. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقىقەتنى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش يولىدا چەككەن جاپالىرى، ئۇچرىغان ئازاب – ئوقۇبەتلىرى، ساھابىلەرنىڭ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بۇ ئامانەتنى يەتكۈزۈش يولىدا تارتقانلىرى تارىخ كىتابلىرىدىلا قالغان. بۇ تارىخلارنى ئوقۇغانلىرىمىزدا ئۇنىڭ تەسىرى بىزدە بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىنلا يوقاپ كېتىدىغان ۋە بىزنىڭ ھايات يولىمىزدا ئۆز تەسىرىنى

كۆرستەلمەيدىغان بولۇپ قالغان.

چەتئەللەرگە چىقىپ ئىلىم تەھسىل قىلغانلارنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەنلىكى راست. ئەمما بۇلار ئانا ۋەتەندىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بۇ دىنىنى خۇددى چوغنى تۇتقاندەك قىيىنچىلىقتا تۇتۇپ كېلىۋاتقىنىغا سېلىشتۇرغاندا ھېچ نەرسە سانالمايدۇ.

بىز ئۆزىمىزدىن سوراپ كۆرەيلىچۇ؟ ئاللاھ بىزگە ئىلىم تەھسىل قىلىش پۇرسىتىنى بېرىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىلىمنى ئامانەت سۈپىتىدە مۇسۇلمان ئەۋلادلىرىغا يەتكۈزۈش پۇرسىتىنىمۇ بېرىپتۇ. ئەمما قانچىلىك ئىش قىلدۇق؟ بىزنىڭ شارائىتىمىز ساھابىلەرنىڭ دەۋرىدىكىدەك قىيىن شارائىتلارمۇ؟ بىز نېمە ئۈچۈن ئوقۇدۇق؟ ئۇقۇغانغا چاغلىق نېمە ئىش قىلالىدۇق؟ بۇ سوئاللار چەتئەللەردە بىلىم تەھسىل قىلغان ۋە قىلىۋاتقان بارلىق ئۇيغۇرنىڭ ئويلاپ كۆرىشىگە ئەرزىيدۇ.

## فرانسىيەلىك دوختۇرنىڭ مۇسۇلمان بولۇش قىسسىسى

مۇررىس بۇكاي 20 _ ئەسىردە دۇنياغا تونۇلغان فرانسىيەلىك مەشھۇر ئوپېراتسىيە دوختۇرى بولۇپ، 1920 _ يىلى 19 _ ئىيۇل كۈنى فرانسىيەنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كىچىك بىر شەھەردە خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن ۋە كىچىكىدىن خىرىستىيان دىنىنىڭ كاتولىك مەزھىبىگە ئېتىقاد قىلىپ ئۆسكەن. مۇررىس بۇكاي تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىنلا فرانسىيىنىڭ مەشھۇر مېدىتسىنا فاكۇلتېتىدا ئوقۇپ، دوختۇرلۇق دىپلومىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجە بىلەن قازانغان ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئوپېراتسىيە ساھەسىدىكى شۆھرىتى دۇنياغا يېيىلغان.

1980 _ يىللىرى فرانسىيە ھۆكۈمىتى مىسىردىن پىرئەۋننىڭ جەسىدىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن فرانسىيەگە ئەۋەتىپ بېرىشىنى سورايدۇ. مىسىر ھۆكۈمىتى بۇ تەلەپكە مۇۋاپىق كېلىپ پىرئەۋننىڭ جەسىدىنى فىرانسىيەگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ، فىرانسىيە رەئىسى ۋە مىنىستىرلىرى فىرئەۋننىڭ جەسىدىنى فارىژ ئايرودرومىدا خۇددى تىرىك بىر پادىشاھنى كۈتۈۋالغاندەك چوڭ تەنتەنە بىلەن قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. جەسەدنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ مەسئۇلى پروفېسسور، دوكتور مۇررىس بۇكاي ئىدى.

مۇررىس بۇكاينىڭ تەتقىق قىلماقچى بولغىنى باشقا تەتقىقاتچىلارنىڭكىگە تۈپتىن ئوخشىمايتتى. چۈنكى ئۇ پىرئەۋننىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى بىلمەكچى ئىدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى تەكشۈرۈش نەتىجىسى چىققان بولۇپ، پىرئەۋننىڭ جەسىدىدە تۇزنىڭ قالدۇقلىرى بايقالغان ۋە ئۇنىڭ چوقۇم دېڭىزدا غەرق بولۇپ ئۆلگەنلىكى ئېنىقلانغان ئىدى. لېكىن مۇررىس بۇكاي جاۋاب تاپالمىغان بىر مەسىلە بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، بۇ جەسەد مۇمىيالانمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مۇمىيالانمىغان جەسەدنىڭ 3000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى باشقا مۇمىيالانغان جەسەدلەردىنمۇ ساق تۇرغانلىقى ئىدى. شۇ ئارىدا نۆۋەتتىكى تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا قاتناشقانلاردىن بىرى مۇررىس بۇكاينىڭ قاتتىق ئويغا چۆكۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا «مۇسۇلمانلار پىرئەۋننىڭ دېڭىزدا غەرق بولۇپ ئۆلگەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىدۇ»دەيدۇ. ئەمما مۇررىس بۇكاي بۇ خەۋەرنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىدۇ ۋە مۇنداق بىر كەشپىياتنىڭ پەقەت ھازىرقىدەك تەرەققىي قىلغان ئىلىم _ پەن سايىسىدىلا ئەمەلگە ئاشالايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا يەنە بىرى ئۇنىڭغا «مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئانىدا پىرئەۋننىڭ سۇدا غەرق بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ جەسىدىنىڭ سالامەت ساقلاپ قېلىنغانلىقى سۆزلىنىدۇ» دېگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ پىكىر _ خىيالى تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ ۋە ئۆز _ ئۆزىدىن سوراشقا باشلايدۇ:

بۇ جەسەد ئەمدىلا تېخى مۇندىن بىر ئەسىر ئىلگىرىلا 1898 _ يىلى بايقالغان تۇرسا، مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئانى بۇ ۋەقەنى مۇندىن 13ئەسىردىن بىرى سۆزلەۋاتقان تۇرسا، بۇ قانداق گەپ؟ ئەرەبلەرلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەت مىسىردا پىرئەۋنلەرنىڭ جەسەدلىرىنىڭ مۇمىيالىنىپ ساقلىنىدىغانلىقىنى پەقەت بىر قانچە ئون يىللار ئىلگىرى بىلگەن تۇرسا، مۇسۇلمانلار پىرئەۋننىڭ جەسىدىنىڭ سالامەت ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلدى؟

مۇررىس بۇكاي شۇ كېچىسى پىرئەۋننىڭ جەسىدىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ بىر كېچە خىيال سۈرىدۇ. ئىنجىلدىكى پىرئەۋن ھەققىدىكى تېكىستلەرنى خىيالىغا كەلتۈرىدۇ. ئەمما ئىنجىللاردا پىرئەۋننىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى قوغلاش جەريانىدا دېڭىزدا غەرق بولۇپ ئۆلگەنلىكى سۆزلەنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ جەسىدى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمىگەن ئىدى. ھەمراھلىرىدىن تەۋراتنى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ ئۇنىڭدىن ئىزدىنىشكە باشلىغان مۇررىس بۇكاي تەۋراتنىڭ «چىقىش» بۆلۈمىدە «سۇ ئەسلىگە قايتتى، پىرئەۋن بىلەن جىمى ئەسكەرلىرى سۇدا غەرق بولۇپ تۈگەشتى، ئۇلاردىن بىرىمۇ ئادەم ھايات قالمىدى» دېگەن تېكىستتىن باشقىسىنى تاپالمايدۇ. يەنىلا پىرئەۋننىڭ جەسىدى ھەققىدە مەلۇماتقا ئېرىشەلمەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ پىرئەۋننىڭ جەسىدىنىڭ سالامەت ساقلىنىپ قالغانلىقىدىكى سىر مۇررىس بۇكاينىڭ كاللىسىدا يېشىلمىگەن سىر ياكى ئايىغى چىقمىغان تېپىشماق بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇ شۇ ۋاقىتتا، مۇسۇلمانلارنىڭ سۆزلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ قۇرئانىغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، بۇ مەسىلىنى قۇرئان كەرىمدىن ئىزدىنىپ بېقىشنى خالىمايدۇ. جەسەد قايتا رېمونت قىلىنىپ مىسىرغا ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ.

بۇ ۋەقەدىن بىر قانچە يىل كېيىن سەئۇدى ئەرەبىستاندا چاقىرىلغان تىببىي تەتقىقات قۇرۇلتىيىغا مۇررىس بۇكايمۇ تەكلىپ قىلىنىدۇ. مۇررىس بۇكاي دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمان ئالىملىرى توپلانغان بۇ قۇرۇلتايدىن پايدىلىنىپ، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىدىغان سۆزىنىڭ ئاۋۋالى پىرئەۋننىڭ جەسىدى ھەققىدە سوراش بولىدۇ. مۇسۇلمان ئالىملىرىدىن بىرى ھېچقانداق تەكەللۇپ قىلماستىن، دەرھال ئۇنىڭغا قۇرئان كەرىمنى ئېچىپ: (سەندىن كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇشۇڭ ئۈچۈن، بۈگۈن سېنىڭ جەسىتىڭنى قۇتقۇزىمىز (يەنى سېنىڭ جەسىتىڭنى دېڭىزدىن چىقىرىپ قويىمىز). نۇرغۇن كىشىلەر، شەك _ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىلدۇر)[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بېرىدۇ. ئايەتنىڭ مەنىسىنى ئاڭلىغان مۇررىس بۇكاي بىردىنلا ئۆزگىرىدۇ ۋە قۇرۇلتاي

---

[1] يۇنۇس سۈرىسى، 92 _ ئايەت.

ئىشتىراكچىلىرى ئالدىدا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن «مەن ھازىردىن باشلاپ ئىسلام دىنىغا كىردىم، بۇ قۇرئانغا ئىمان ئېيتتىم» دەيدۇ.

مۇررىس بۇكاي فىرانسىيىگە باشقا بىر يۈز بىلەن قايتىپ باردۇ ۋە ۋاقتىنىڭ كۆپرەكىنى ئىلمىي تەتقىقاتلارغا، بولۇپمۇ يەھۇدىي، خىرىستىيان ۋە ئىسلام دىنلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات ئىشلىرىغا بېغىشلايدۇ. بىر قانچە يىللىق ئىزچىل ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە «تەۋرات، ئىنجىل، قۇرئان ۋە ئىلىم» ناملىق دۇنيادا مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىپ چىقىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ بىرىنچى نەشرى بىر قانچە كۈن ئىچىدە تۈگەپ كېتىدۇ ۋە قايتا بېسىشقا تەلەپ كۆپ بولىدۇ. ئىككىنچى نەشرى بىر قانچە يۈزمىڭ نۇسخا بولۇپ بېسىپ تارقىتىلىدۇ ۋە ئىنگلىز، ئەرەب، نېمىس، ھىندۇنىزىيە، ئۇردۇ، پارس، تۈرك تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلىدۇ. ئارقىدىن دۇنيادىكى نوپۇزلۇق تىللاردىن 17 تىلغا تەرجىمە قىلىنىدۇ. چۈنكى مۇررىس بۇكاينىڭ بۇ ئەسىرى بىر تەرەپلىمىلىكتىن يىراق تۇرۇپ، ھەقىقەتنىڭ ئۆزىنى نامايان قىلغان. بۇ ئارقىلىق كۆپلىگەن يەھۇدىي، خىرىستىيان ئالىملىرىنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىنى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، شەخسىي مەنپەئەت، دۇنيالىق غەرەزلەر سەۋەبلىك بۇ ھەقىقەتلەرنى يوشۇرىۋاتقانلىقى ۋە ئاۋام خەلقنى ئالداپ كېلىۋاتقانلىقى ئوتتۇرىغا چىققان.

بۇ ئەھۋال ياۋروپا خىرىستىيان دۇنياسىدا جىددىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەر سەۋەبلىك ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنىپ مۇسۇلمان بولغان ئىلىم ئادەملىرى كۆپ بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلام دىنىنىڭ ياۋروپادا راۋاج تېپىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ ئەسەرگە رەددىيە يېزىش قىزغىنلىقىمۇ ئەۋجگە چىقىدۇ. شۇ ئارىدا مۇررىس بۇكاينىڭ بۇ مەشھۇر ئەسىرىگە قارشى يېزىلغان يۈزلەرچە ئەسەر مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، تارىخىي ھەقىقەتلەرنى بۇرمىلاپ، مۇتەئەسسىبلىك بىلەن يېزىلغانلىقى سەۋەبلىك كىشىلەرنى قايىل قىلىشقا ئاجىز كەلگەنلىكتىن، بۇ ئەسەرلەر راۋاج تاپالمايدۇ.

مۇررىس بۇكاي 1998 _ يىلى 18 _ فېۋرال كۈنى پارىژدا ئالەمدىن ئۆتكەن. جانابى ئاللاھ ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتىن قىلغاي ئامىين.

# ئەپۇ قىلىش ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

بىر ئاخشىمى «دۇنيا ئىسلام ياشلىرى كۇلۇبى»نىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە شەھىرىدىكى مەركىزىدە خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن، بىر ئالىم «ئەپۇ قىلىش ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى» دېگەن تېمىدا ئىنتايىن ئىخچام ۋە مەزمۇنلۇق بىر لېكسىيە سۆزلەش ئارقىلىق ئەپۇ ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن بولدى. بۇ ئالىمنىڭ سۆزى ماڭا بەكمۇ يېقىپ قالغانلىقتىن، ئۇيغۇر مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمنىڭ پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىپ بۇ لېكسىيىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشنى راۋا كۆردۈم.

مەزكۇر ئالىم لېكسىيىسىدە مۇنداق دېدى: «ئەپۇ قىلىش ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچىسى سۆكۈلىدىغان تۈردىكى ئەپۇ قىلىش، ئىككىنچىسى ماختىلىدىغان تۈردىكى ئەپۇ قىلىش، ئۈچىنچىسى رەھىم _ شەپقەت قىلغانلىقتىن ئەپۇ قىلىش بولۇپ، بۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

## 1. سۆكۈلىدىغان تۈردىكى ئەپۇ قىلىش

سۆكۈلىدىغان تۈردىكى ئەپۇ قىلىش _ ھەقسىزلىككە، زۇلۇمغا بوي ئېگىپ، زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىغا رازى بولۇش، قارشىلىق بىلدۈرمەسلىكتۇر. ئىسلام دىنى بۇ خىلدىكى تەسلىمىيەتچىلىكنى قاتتىق سۆكىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى ھۆرمەت ۋە ئىززەت دىنى بولغانلىقتىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە بارلىق ئىنسان ئەۋلادىنىڭ خورلۇق كۆرۈشىنى، ئېزىلىشىنى، بوزەك قىلىنىشىنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ. زۇلۇمغا ۋە ھەقسىزلىككە قارشى تۇرۇشنى، شۇنداقلا زالىم ھۆكۈمدارلار ئالدىدا ھەق سۆزنى دادىل قىلىشنى ئەڭ ئۇلۇغ مەرتىبىلىك جىھاد قاتارىدىن سانايدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «ئەڭ ئەۋزەل جىھاد زالىم ھۆكۈمدارنىڭ ئالدىدا ھەق سۆزنى قىلىشتۇر»[①] دەپ كۆرسەتكەن.

بىراۋ ئۆزىدىن كۈچلۈك بىرىنىڭ ھەقسىزلىكىگە ئۇچراپ، ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىگەنلىك سەۋەبتىن ئۇنىڭدىن ھەققىنى تەلەپ قىلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇنىڭ بۇ قىلغىنى ئەپۇ قىلغانلىق سانالمايدۇ. بەلكى ھەقسىزلىكنى قوبۇل قىلغانلىق ۋە تەسلىمىيەتچىلىك سانىلىپ سۆكۈلۈشكە يۈز تۇتىدۇ. ئەگەر ئۇ كۈچى يەتمىگەنلىكتىن ھەققىنى تەلەپ قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، بۇ قىلغانلىقىنى ئەپۇ قىلغانلىق دەپ دەۋا قىلسا، ئۇ راستىنلا يالغانچىدۇر. چۈنكى ئۇ ئەپۇ قىلغانلىق ئەمەس، بەلكى ئاجىزلىق قىلغانلىق، ئۆزىنىڭ ھۆر ئىنسانلىق خىسلىتىگە لايىق ئىش قىلمىغانلىق ۋە ناھەقچىلىككە كۆز يۇمۇش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ شۇنداق ھەقسىزلىككە ئۇچرىشىغا يول ئاچقانلىق، زالىملارنىڭ ھەقسىزلىكىنى، جەۋر _ زۇلۇملىرىنى قوللىغانلىق ۋە ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا تەشەببۇس قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھەقىقىي مۇسۇلمان ئادەم باشقىلارغا ھەقسىزلىك قىلمايدۇ ۋە باشقىلارنىڭ ھەقسىزلىكىنىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ، ھەقسىزلىككە ۋە زۇلۇمغا قارشى چىقىدۇ، ئادالەتنى جارى قىلدۇرىدۇ، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنى يۆلەيدۇ ۋە ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىدۇ. مۇسۇلماننىڭ ئەزىزلىكى، كارامىتى ۋە قەدىر _ قىممىتى مانا بۇ يەردە!

## 2. ماختىلىدىغان تۈردىكى ئەپۇ قىلىش

ماختىلىدىغان تۈردىكى ئەپۇ قىلىش _ ھەقسىزلىك قىلغۇچىغا كۈچى يېتىدىغان تۇرۇپ، ئۇنى كەچۈرىۋېتىشتۇر. مانا بۇ، ھەقىقىي ئەپۇ ۋە ھەقىقىي كەچۈرۈش بولۇپ، ئىسلام ئۆلىمالىرى ئۇنى«ئۆچ ئېلىشقا كۈچى يېتىدىغان تۇرۇپ كەچۈرۈۋېتىش» دەپ تەرىپلىگەن.

مانابۇ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىجرا قىلغان ئەپۇ ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ساھابىلىرىغا ئىنسان چىداپ تۇرالمايدىغان ئېغىر زۇلۇملارنى سالغان، ئۇلارنى ئەڭ ۋەھشى قىيىن – قىستاقلارغا ئالغان، ھەتتا ئۇلارنى ئۆز يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان، بۇنى ئاز دەپ ئۇلارنىڭ مال – مۈلۈكلىرىنى خالىغانچە تالان – تاراج قىلغان، ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان قۇرەيش قەبىلىسى باشچىلىقىدىكى مەككىلىك ئەرەبلەر مەككە ئازات بولغان كۈنى بىر تەرەپتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى قانداق ئېغىر جازالارغا تارتىدىغانلىقىنى كۈتسە، يەنە بىر تەرەپتىن مېھرى – شەپقىتى ھەممىگە ئومۇم بولغان بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ شەپقىتىگە تەلمۈرۈپ، قاتتىق قورقۇنچ ئىچىدە تۇرۇشقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى: «تارقىلىڭلار، ئازاتسىلەر!» دېگەنلىكى، مەككىنىڭ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىدىن بىرى بولغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئىسلام دىنىغا قاتتىق ئۆچمەنلىكى بىلەن تونۇلغان ۋە بارچە ئېغىر جىنايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىگەنىنىڭ سىرتىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئۇرۇپ قورسىقىدىكى بوۋىقىنى چۈشۈرۈۋەتكەن ھىبار ئىبنى ئەسۋەد دېگەن ئادەمنى كەچۈرىۋەتكەنلىكى ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر كەچۈرۈم بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ كەڭ قورساقلىقى ۋە ئېسىل پەزىلەتلىرىدىن تەسىرلەنگەنلىكتىن ئەرەبلەر توپ– توپ بولۇپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرىشكە باشلىغان ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئىسلام دىيارىغا ئايلانغان.

---

① ئىمام ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

### 3. رەھىم _ شەپقەت قىلغانلىقتىن ئەپۇ قىلىش

رەھىم _ شەپقەت قىلغانلىقتىن ياكى ئىچ ئاغرىتقانلىقتىن ئەپۇ قىلىش – ئۆزىدىن ئاجىز ياكى قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان بىرىنىڭ خاتالىقىنى، تەنتەكلىكىنى ئەپۇ قىلىپ، جازالاشتىن ۋاز كېچىش دېگەنلىكتۇر. بۇ پەقەت قەلبى ئىمان بىلەن تولغان، رەھىم _ شەپقەتلىك بولۇشنى ئادەت قىلغان، ھەر زامان ۋە ھەركىمگە يۇمشاق مۇئامىلىدە بولىدىغان، ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، ئېسىل ئەخلاقلىق مۇسۇلمانىنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ ئېپتىخارلىق ئۈلگىسى، بارچە ئېسىللىكلەر ۋە گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ ئۇستازى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاجىزلار سىيلاش، ئۇلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ۋە خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىش، قول ئاستىدىكىلەرگە ئەڭ يۇمشاق ۋە سىلىق مۇئامىلە قىلىشتا ئىنسانىيەتكە جانلىق ئۆرنەكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا 10يىل خىزمەت قىلغان ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن بىرەر قېتىممۇ قاتتىق سۆز ئاڭلىمىغانلىقىنى ۋە يامان مۇئامىلە كۆرمىگەنلىكىنى بايان قىلىپ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا 10 يىل خىزمەت قىلدىم. بۇ جەرياندا ئۇنىڭدىن بىرەر قېتىممۇ يامان سۆز ئاڭلىمىدىم، قىلىڭ دېگەن ئىشنى قىلمىغان بولسام، ‹نېمىشقا ئۇنى قىلمىدىڭ› دەپ سورىمايتتى، قىلماڭ دېگەن ئىشنى قىلىپ سالغىنىمدا، ‹نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭ› دەپ سورىمايتتى، ئائىلىسىدىكىلەرگىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مېھرىبان بىرەر كىشىنى كۆرگىنىم يوق»① دەيدۇ.

ئايال ئەرلەرنىڭ قول ئاستىدا بولغان ئاجىز تائىپىلەر بولۇپ، ئائىلىنىڭ ھۇزۇرى ۋە تىنچلىقى ئاياللارنىڭ خاتالىقلىرىنى، تەنتەكلىرىكلىرىنى ۋە كەمچىلىكلىرىنى ئەپۇ قىلىش بىلەن تەمىن ئېتىلىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ماۋزۇدىمۇ ئىنسانىيەتكە ئۈلگە ئىدى. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان، ئەڭ ئۈلگىلىك بىر ئەر، ئەڭ شەپقەتلىك بىر ئاتا ۋە ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان بىر ئائىلە باشلىقى ئىدى. ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، ساھابىلەرنىڭ: «ئاياللارغا مېھرىبانلىق قىلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئارتۇق بىراۋنى كۆرمىدۇق»② دېگەنلىكى قەيت قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقىلارنىمۇ بۇ ياخشى ئەخلاققا چاقىرىپ: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار، ئۆز ئەھلىگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلاردۇر. مەن ئۆز ئەھلىگە ئەڭ مېھرىبان كىشىڭلارمەن»③ دېگەن.

ئىسلام تارىخىدا مۇنداق بىر ئېسىل قىسسە قەيت قىلىنغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللەھۇ ئەنھۇنىڭ بىر خىزمەتچىسى قولىدىكى قاچىنى دىققەتسىزلىكتىن سۇندۇرۇپ قويۇپ، ھەزرىتى ھەسەنگە بۇ ئىشنى خەۋەر قىلىشتا قورققانلىقتىن، گەپنى «مېنى ئەپۇ قىلىڭ...» دىن باشلاپ قۇرئان كەرىمنىڭ ئال ئىمران سۈرىسىدە تەقۋادارلارنىڭ سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان ئايەتلەردىن ((ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار) دېگەن ئايەتنى ئوقۇيدۇ. ھەزرىتى ھەسەن «بولدى، ئاچچىقىمنى يۇتتۇم» دەيدۇ. خىزمەتچى يەنە ئايەتنىڭ داۋامىنى ئوقۇپ ((يامانلىق قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلار) دېگەن قىسمىغا كەلگەندە، ھەزرىتى ھەسەن «ھەئە مەن كەچۈردۈم» دەيدۇ. خىزمەتچى يەنە ئايەتنى داۋاملاشتۇرۇپ: (ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ)④ دېگەن قىسمىنى تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن، ھەزرىتى ھەسەن «بولدى، سەن بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئازاتسەن» دەيدۇ ۋە ئۇنى ئازات قىلىۋېتىدۇ.

شەكسىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە بۇنداق كەچۈرۈمنىڭ دەرىجىسى يۇقىرى، ساۋابى ئەلۋەتتە چوڭ بولىدۇ. كاشكى، بۇ گۈزەل ئەخلاق پۈتۈن ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئورتاقلاشسا ئىدى.

---

① ئىمام ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
② ئىمام ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
③ ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
④ ئال ئىمران سۈرىسى، 134 _ ئايەت.

## كىشىلەرنىڭ سۆيگىسىگە سازاۋەر بولۇشنىڭ تۆت ئۇسۇلى

ئىسلام دۇنياسىدا بىردەك تونۇلغان مۇتەپەككۇر ئالىم مۇھەممەد غەززالىي «ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: كىشىلەرنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرى تۆت بولۇپ ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

### تەبەسسۇم

سەمىمىي تەبەسسۇم چىرايىنى پارلىتىدىغان، كۆڭۈلنى ئاچىدىغان، قەلبنى يايرىتىدىغان، ئىككى شەخسنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپىنى يېقىنلاشتۇرىدىغان سېھىرلىق نەرسىدۇر. دۇنيادا ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق مۇشكىلاتلىرى، قىيىنچىلىقلىرى ۋە كۆڭۈلسىزلىكلىرى بار بولۇپ، ھەر كىم كۆڭلىنى خوش قىلىشقا، تەبەسسۇم قىلغان يۈزلەردىن سائادەت ئىلىشقا موھتاج. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئەگەر سىز باشقىلارنىڭ سىزگە خۇش تەبەسسۇم بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق كۆڭلىڭىزنى ئېچىشىنى خالىسىڭىز، سىزمۇ باشقىلارغا تەبەسسۇم قىلىڭ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىڭ، ئۇلارنى خوشال قىلىشقا تىرىشىڭ. باشقىلارنىڭ سىزگە سۆيگۈ _ مۇھەببىتىنى بېغىشلىشىنى خالىسىڭىز، سىزمۇ ئۇلارغا سۆيگۈ _ مۇھەببىتىڭىزنى بېغىشلاڭ ۋە سۆيگۈڭىزنى ئىزھار قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىڭ.

تەبەسسۇم قىلىش، باشقىلارنىڭ چىرايىغا خۇش تەبەسسۇم بىلەن قاراش ساۋابلىق ئىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قېرىندىشىڭىزنىڭ چىرايىغا تەبەسسۇم بىلەن قارىشىڭىزنىڭ ئۆزىدە سەدىقىنىڭ ساۋابى بار»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

### ئىللىق مۇئامىلە

باشقىلارغا گەپ _ سۆز قىلغاندا، ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشقاندا ئىنتايىن ئىللىق، سىلىق ۋە يۇمشاق بولۇش كىشىلەرنىڭ سۆيگۈسىگە نائىل بولۇشنىڭ ئۇسۇللىرىدىن بىرىدۇر. شۇنى بىلىڭكى، سىز بىراۋنى ئۆزگەرتمەكچى بولسىڭىز ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭغا سۆيگۈزمىگىچە ئۇنى ھەرگىز ئۆزگەرتەلمەيسىز. مەسىلەن: بالىڭىزدىكى ياكى ئوقۇغۇچىڭىزدىكى بەزى يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىپ، ئۇنىڭ ئەخلاقىنى ياخشىلىققا ئۆزگەرتمەكچى بولغىنىڭىزدا، ئالدى بىلەن چوقۇم ئۇنىڭ سۆيگۈسىنى قازىنىشىڭىز شەرت. ئۇ سىزنى سۆيمىگىچە ۋە سىزگە قايىل بولمىغىچە، سۆزىڭىزنى ئاڭلىمايدۇ، نەسىھىتىڭىزنى قوبۇل قىلمايدۇ. باشقىلارنىڭ سۆيگۈسىنى قازىنىشنىڭ يولى ئۇلارغا چىرايلىق، ئېسىل سۆزلەرنى قىلىش، ئىللىق، سىلىق ۋە يۇمشاق مۇئامىلە قىلىشتۇر. بىز ئۇيغۇرلاردا «چىرايلىق سۆز تاشنى ئېرىتىدۇ» دەيدىغان ھېكمەت بار. چىرايلىق سۆز باشقىلارنىڭ قەلبىگە تەسىر قىلىدىغان ۋە ئۆزىگە تارتىدىغان سېھىرلىك نەرسىدۇر. ئامېرىكىلىق پەيلاسوپ مارك تۋېين«مەن بىر ئېغىز چىرايلىق سۆزنىڭ تەسىرى بىلەن ئىككى ئاي ھايات كەچۈرەلەيمەن» دېگەن ئىكەن.

### سۆزلەۋاتقان كىشىگە قولاق بېرىش

باشقىلارنىڭ سۆزىگە ياخشى قولاق سېلىپ، جىم تۇرۇپ ئاڭلاش ئاڭلىغۇچىنىڭ سۆزلىنىۋاتقان ماۋزۇنى ياخشى چۈشىنىشىگە تۈرتكە بولغىنىدىن سىرت، ئۇنىڭدا ماۋزۇ ھەققىدە ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇش شۇجائىتىنى ئويغىتىدۇ. سۆزلەۋاتقان كىشىنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش، سۆزىنى بۆلىۋەتمەسلىك ئەڭ ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتتۇر. بىراۋ سىزگە گەپ قىلىۋاتقاندا سىز ئۇنى ياخشى تىڭشىمىسىڭىز، ئۇ كىشى بىلەن ئۆزىڭىز ئوتتۇرىسىدا توساق پەيدا قىلغان بولىسىز _ دە، ئۇ سىزنى قوبۇل قىلمايدۇ، سۆزىڭىزگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ ۋە سىزگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ئاز سۆزلەپ كۆپ تىڭشاشقا ئادەتلىنىش لازىم. ئەگەر سىز باشقىلارنىڭ سىزنىڭ سۆزىڭىزگە قولاق سېلىشىنى تىلىسىڭىز، ئالدى بىلەن سىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى قولاق سېلىپ تىڭشىشىڭىز شەرت. ئۇنداق قىلمىسىڭىز ئۇلار سىزنىڭ سۆزىڭىزنى ئاڭلىمايدۇ. قېنى ئەتراپىڭىزدىكىلەرنىڭ ھەر بىر سۆزىگە ئەستايىدىل قولاق سېلىپ، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلىۋاتقانلىقىڭىزنى ئىزھار قىلىشقا تىرىشىپ كۆرۈڭكى، ئاز ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى ۋە نەتىجىسىنى چوقۇم كۆرىسىز. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ مۇھەببىگە نائىل بولۇشى ڭىزدا شەك يوق.

### باشقىلارنى تەنقىدلەشتىن ۋە جېدەللىشىشتىن يىراق تۇرۇش

ھەدەپ باشقىلارنى تەنقىدلەش ۋە ئورۇنسىز جېدەل قىلىشىش باشقىلارنىڭ كۆڭلىدە نەپرەت بىلەن ئىنتىقام تۇيغۇسى پەيدا قىلىشتىن باشقىسىغا يارىمايدۇ. كۆپ تەنقىد مۇناسىۋەتنى بۇزۇپ تاشلاشقا سەۋەب بولىدۇ. دۇنيادا خاتالاشمىغان ئادەم يوق. بىراۋ خاتالاشقاندا ئۇنىڭدا يۇمشاقلىق بىلەن ئىلمىي ئۇسۇلدا ئۇنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش لازىم. ھەر كىمدە مەلۇم ئەيىپ _ نۇقسان تېپىلماي قالمايدۇ. شۇڭا «ئەيىبسىز دوست ئىزدىگەن ئادەم دوستسىز قالىدۇ» دەيدىغان ھېكمەت بار. باشقىلارنى تەنقىدلەشتىن ۋە جېدەل _ ماجىرا قىلىشتىن ساقلانغان ئادەم كىشىلەرنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش يولىدا كۆپ جاپا تارتمايلا غەلىبە قىلىدۇ. چۈنكى مۇنداق كىشى ھەر كىمنىڭ نەزەرىدە سۆيگۈگە سازاۋەر كىشىدۇر.

---

[1] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

## قۇش ۋە يەھۇدى

دەرەخ ئۈستىدە ئۆزىنىڭ ئىنتايىن يېقىملىق ۋە مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن چىرايلىق سايراپ تۇرغان بىر قۇشنىڭ يېنىدىن ھەر خىل مىللەت كىشىلىرى ئۆتسە ئۇلاردىن ھەر بىرى نېمە قىلىدۇ؟

فرانسىيىلىك قۇشنىڭ ئاۋازىنى دوراپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ناخشا ئېيتىدۇ.

ئىسپانىيىلىك قۇشنىڭ سايرىشىغا تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

ئىتالىيىلىك بۇ قۇشنىڭ رەسىمىنى چوڭ بىر تاختىغا سىزىپ چىقىدۇ.

ھىندىستانلىق بۇ قۇشنى ئۇلۇغلاپ ئۇنىڭغا چوقۇنىدۇ.

خىتاي بۇ قۇشنى تۇتۇپلا يەۋېتىدۇ. چۈنكى خىتايلار ھەممىلا نەرسىنى يەيدۇ.

تۈرك بۇ قۇشنى سىلاپ _ سىيپاپ باغرىغا باسىدۇ.

ياپونلۇق بۇ قۇشقا قاراپ شەكىل ۋە ھەجىمدە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ھەم سايرايدىغان بىر ئېلېكترونلۇق قۇش ياساپ چىقىدۇ.

ئامېرىكىلىق بۇ قۇشنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەنلەر توغرۇلۇق بىر كىنو فىلىمى ئىشلەپ چىقىرىدۇ.

مىسىرلىق ئامېرىكىلىقنىڭ ئىشلىگەن فىلىمىنى تەقلىد قىلىپ مىسىرلىق سەنئەتچىلەرنى ئىشقا سېلىپ بىر تەقلىدىي فىلىم ئىشلەپ چىقىرىدۇ.

سۈرىيىلىك بۇ قۇشنىڭ كەلىپ چىقىش تارىخى ۋە ئەجدادلىرى ھەققىدە كۆپ قىسىملىق بىر ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلەپ چىقىرىدۇ.

سۇدانلىق بۇ قۇشنىڭ سايرىشىدىن ھۇزۇرلىنىپ بىر ئوبدان ئوخلىۋالىدۇ.

يەھۇدى يىغلاشقا باشلايدۇ. ئاندىن بۇ قۇشنىڭ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭ يەھۇدىيلارغا ئائىت ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ. قۇشنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن ۋە ئۇنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسىدىن بۇ قۇشنى كۆرگەنلىكى ۋە ئاۋازىنى ئاڭلىغانلىقىنىڭ ھەققىنى تەلەپ قىلىدۇ. قۇشنى يەۋەتكەن خىتاي بىلەن ئۇنى ئوق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرگەن ئىنگلىزدىن بۇ قۇشنىڭ پۇلىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاندىن ئامېرىكىلىق بۇ قۇش ھەققىدە ئىشلىگەن ئەسلى فىلىمنىڭ ۋە مىسىرلىق ئامېرىكىلىقنىڭ ئىشلىگىنىنى دوراپ ئىشلىگەن تەقلىدىي فىلىمنىڭ پايدىسىدىن پىرسەنت بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. سۈرىيىنى بولسا يەھۇدىيلارغا ئائىت بولغان بۇ قۇشنىڭ تارىخىنى بورمىلىغان دەپ ئەيىپلەيدۇ ۋە سۈرىيە ھۆكۈمىتى ئۈستىدىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەرز قىلىدۇ. سۇدانلىقنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ دارفورغا يەرلەشمەكچى بولىدۇ.

كۇۋەيتتا چىقىدىغان«ئەل مۇجتەمە» ژۇرنىلى2010 _ يىلى24 _ ئىيۇل سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

## ئاۋۋال نېمە قىلىش لازىملىقىنى بىلمەسلىك كرىزىسى

دوكتور: يۈسۈپ ئەل قەرداۋى

ئىشلارنىڭ ئەھمىيەت جەھەتتە ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەستىن، مۇھىم ئەمەسنى مۇھىمنىڭ ئورنىغا قويىۋېلىش ياكى زۆرۈر ئەمەس ئىشلارغا زۆرۈرلۈك مۇئامىلىسى قىلىش ۋە مۇھىم بولغانغا ھېچ ئەھمىيەت بەرمەسلىك كرىزىسى ئىسلام ئۇممىتىدىن ئاۋام خەلقنىڭ يولدىن ئازغان بەزى پىرقىلىرىدىلا توختاپ قالماستىن، ئۆزلىرىنى ئىلىم ئەھلى دەپ ساناۋالغان ۋە دىندارلىق دەۋاسى قىلىدىغان كىشىلەر ئارىسىغا كىرىپ ئومۇملىشىش دەرىجىسىگە يەتكەن. بۇنداق بولۇشى نىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، دىنىنى چۈشەنمەسلىك، توغرا بىلىم ھاسىل قىلمىغانلىقتۇر.

ئىلىم ئىشىلارنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىكلىرىنى مۇھىملىرىدىن، ئەڭ ئەۋزەللىرىنى ئەۋزەللىرىدىن، توغرىلىرىنى خاتالىرىدىن، ياخشىلىرىنى يامانلىرىدىن ئايرىپ بېرىشكە كېپىلدۇر. ئىلىم ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ ياكى نەرسىنىڭ قىممىتىنى، باھاسىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان ئۆلچەمدۇر.

ئىلىم _ مەرىپەتنىڭ نۇرىدىن، دىنىي توغرا چۈشىنىشتىن مەھرۇم قالغان نۇرغۇن كىشىلەر دىنىي مەسىلىلەردىكى چەك _ چېگرىنى زايە قىلىۋېتىپ ئاشۇرىۋېتىش ياكى نەزەردىن ساقىت قىلىشتەك پاسسىپلىقى بىلەن دىننى زايە قىلىدۇ.

نىيىتى دۇرۇس، ئىخلاسى ساغلام بىراق بىلىمى يېتەرسىز، دىنىي چۈشەنچىسى ئاز نۇرغۇن غەيىۇرانلار ئەھمىيەت جەھەتتە ئىككىنچى دەرىجىدە كېلىدىغان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ، بىرىنچى دەرىجىدە كېلىدىغان زۆرۈرلىرىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىك، ئەۋزەل ئىشلارنى تاشلاپ قويۇپ ئاددى ئىشلارغا بېرىلىپ كېتىش خاھىشى بىلەن دىن نامىدىن كەچۈرۈلمەس خاتالىقلارنى سادىر قىلماقتا. بىرەر ئەمەل ياكى بىرەر ئىش مەلۇم بىر ۋاقىتتا نىسبەتەن تولىمۇ زۆرۈر، ئورۇندىلىش تەرەپتىن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىشى باشقا بىر ۋاقىتتا نىسبەتەن بۇ ئەمەل ياكى ئىش ئەھمىيەت جەھەتتە ئىككىنچى دەرىجىدە تۇرىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇلار دىن ۋە ئىلىمدىن ئالغان دەسمايىسى ئاز بولغانلىقتىن، بۇ ئىككى ۋاقىتنىڭ پەرقىنى ۋە بۇ ئىككى ھالەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئايرىيالمىغان. (بۇ خۇددى چار رۇسىيە كۈچلىرى بۇخارا خانلىقىنى ئىستىلا قىلىش ئۈچۈن بېسىپ كېلىۋاتقاندا، مەملىكەت ئىچىدىكى ئالىملارنىڭ سەھىھۇلبۇخارىنى خەتمە قىلىش سەپەرۋەرلىكىگە ئۈتكىنىگە، بىزنىڭ ئۇيغۇر بايلىرىمىزنىڭ ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا ئوقۇش راسخوتى تاپالمىغانلىقتىن، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ بىلىم ئېلىپ خەلقىگە خىزمەت قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قېلىۋاتقان پەرزەنتلىرىمىزگە ماددىي ياردەم قىلىشتىن ئىبارەت پەرزنى تەرك ئېتىپ، پەرز ئەمەس، ۋاجىب ئەمەس نەپلە ھەج ۋە نەپلە ئۆمرە ئۈچۈن ئايىماي پۇل سەرپ قىلغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش).

مەسجىدلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن شەھەرلەرگە مەسجىد بىنا قىلىش ئۈچۈن مىليونلاپ پۇل سەرپ قىلىدىغان، ئەمما ئىسلام دۆلىتىنى دۇنيادا قانات يايدۇرۇش، ھىندۇنۇزىيە، بېنگال، ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنى خىرىستىيان دەۋەتچىلىرىنىڭ ئازدۇرۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، پەلەستىندىكى قېرىنداشلارغا ياردەم قىلىشقا ئوخشىغان ئادەم كۆچى تېپىلىپ ئىقتىساد يېتەرسىزلىكىدىن دەردلىنىۋاتقان جايلارغا ئازراق مىقداردا ياردەم قىلىشنى سورىسىڭىز بىر تىيىن بەرمەيدىغان نۇرغۇنلىغان ياخشى نىيەتلىك مۇسۇلمانلارنى كۆردۈم. يەنە نۇرغۇنلىرىنى كۆردۈمكى، ئۇلار ھەر يىلى ئۈزمەستىن ھەج قىلىش ئۈچۈن سېخىيلەرچە پۇل سەرپ قىلىدۇ. ھەتتا ھەج پەرز بولمىغان يوقسۇللاردىن نۇرغۇنلىرىنى ھەج قىلدۇرىمىز دەپ پۇل سەرپ قىلىدۇ. ئەمما جاھالەتتە تېڭىرقاپ قالغان مۇسۇلمان خەلققە ھەق دىننى ئۆگىتىش يولىدا كىتابلارنى نەشر قىلدۇرۇش ئۈچۈن ماددىي ياردەم سورىغىنىڭىزدا ئۇلار سىزدىن يۈزىنى ئۆرۈيدۇ. بۇ تەلەپنى ئۇلار گويا ساۋاب بولمايدىغان بىھۇدە ئىشقا پۇل سەرپ قىلىش دەپ چۈشىنىدۇ. (ئەگەر بىلسە، مۇنداق قىلىش ھازىرقى پەيتتە پەرز، تەكرار ھەج قىلىش بولسا بۇ پەيتتە ئىسراپچىلىقتۇر).

مەلۇمكى، قۇرئان كەرىمنىڭ روشەن ئايىتى ۋە كەسكىن ھۆكۈمىگە ئاساسەن، جىھاد ئەمەللىرى ھەج ئەمەللىرىدىن ئەۋزەلدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: (سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى، مەسجىدى ھەرەمنى ئاۋات قىلىشنى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ (ئىمانىغا) ئوخشاش ھېسابلامسىلەر؟ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس. ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ . ئىمان ئېيتقانلارنىڭ، ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر؛ ئەنە شۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر . رەببى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ رەھمىتى، رازىلىقى ۋە جەننەتلىرى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك نېمەتكە ئېرىشىدۇ) ①.

ئاتېئىزمچىلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىش ھازىرقى ئەسرىنىڭ پەرز ئەينى ۋە زامانىنىڭ زۆرۈرىيىتىدۇر. بىر قانچە يىل ئىلگىرى ئىسلام مۇتەپەككۇر فەھمى ھۇۋەيدى بىر ماقالىسىدا: «بوسنىيەدىكى مۇسۇلمانلارنى قۇتقۇزۇش پەرز ھەجدىن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ»دەپ يازغان ئىدى. كۆپلىگەن كىشىلەر مېنىڭدىن بۇ ماقالىدىكى سۆزىنىڭ توغرا ياكى خاتالىقى ھەققىدە سوراشقاندا، مەن ئۇلارغا: يازغۇچىنىڭ بۇ ماقالىدىكى سۆزى ئىسلام فىقھىغا كۆرە، توغرا ۋە ئېتىبارلىق سۆزدۇر. چۈنكى ئىسلام فىقھىدا «تېز ئورۇنداش تەلەپ قىلىنغان ئىشنى ئووۇنداش كېچىكسىمۇ ئورۇندىسا بولىدىغان ئىشلاردىن ئالدىنقى قاتاردا كېلىدۇ» دەيدىغان ئومۇمىي قائىدە بار. ئىسلام ئۆلىمالىرىغا كۆرە، پەرز ھەجنى كېچىكتۈرۈپ ئادا قىلسىمۇ بولىدۇ. ئەمما بوسنىيەدىكى مۇسۇلمانلارنى ئاچلىق، ئاغرىق _ سىلاق ۋە يوسۇللۇقنىڭ ھالاكەتلىرىدىن، يەنە بىر تەرەپتىن جامائىي شەكىلدە ئۆلتۈرۈلۈپ تۆگىشىش خەتىرىدىن ئازات قىلىش تېز ئادا قىلىنىدىغان، كېچىكتۈرۈشكە قەتئىي بولمايدىغان پەرزدۇر. چۈنكى بۇ ھازىرقى زامان تەقەززا قىلغان پەرز. ئۇستاز ھۇۋەيدىنىڭ سۆزىنىڭ توغرىلىقىنىڭ يەنە بىر ئىسپاتى شۇكى، ھەر يىلى ھەج قىلىمىز دەپ قىستىلاڭغۇ پەيدا قىلىدىغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى ئىلگىرى ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ بولغانلارنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىلگىرى ھەج قىلمىغان بولۇپ، ھەر يىلى تۇنجى قېتىم ھەجگە كېلىدىغانلارنىڭ سانى ئىلگىرى ھەج قىلغانلارنىڭ سانىدىن ئاران 15%نى ئىگىلەيدۇ. ھەر يىلى ھەج مەۋسۇمىدە ھەرەمگە كېلىدىغان ئومۇمىي ھاجى سانى 2 مىليون بولسا، ئۇلاردىن تۇنجى بولۇپ ھەجگە كەلگەنلەر سانى ئاران 300مىڭ كىشى چىقىدۇ. قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى تەكرار ھەج قىلىدىغانلاردۇر. كاشكى، ھەر يىلى ھەج چىقىمى ئۈچۈن ھەر بىرى مىڭلارچە سەرپ قىلىدىغان شۇ پۇلىنىڭ يېرىمىنى ياكى چارىكىنى بولسىمۇ، ماددىي ياردەمگە زۆرۈر ئېھتىياجلىق بولغان مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ھالىنى ياخشىلاش ياكى ئىسلام دەۋىتىنى قانات يايدۇرۇش، خۇراپاتلارغا، دىنسىزلىققا قارشى كۈرەش قىلىش ياكى خىرىستىيانلاشتۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى مۇستەملىكىچىلەر تەرىپىدىن ئېزىلگەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئىشلىرىغا ياردەم

① تەۋبە سۈرىسى، 19 _ 21 _ ئايەتلەر.

قىلىش ياكى ئۇلارنىڭ ھەققانىي كۈرەشلىرىگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلسا، نېمىدېگەن ياخشى بولار ئىدى! چۈنكى ھازىرقى زاماندا غەلىبە ھەقىقەتنىڭ كۈچىگە ئەمەس، بەلكى كۈچنىڭ ھەقىقەتكە مەنسۇپ بولىدۇ.

تېبابەت، ئەدەبىيات، ئىنژېنېرلىق، يېزا ئىگىلىك پەنلىرىدە ئوقۇپ نەتىجە قازانغان نۇرغۇنلىغان ئىخلاسلىق ۋە دىيانەتلىك ياشلارنىڭ ئىسلام دەۋىتىگە ئۆزىمىزنى ئاتايمىز دېگەن دەۋا بىلەن تەخەسسۇسلىرىنى تاشلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ مەزكۇر تەخەسسۇسلاردا يېتىشىپ چىقىشى پەرز كۇپايە ئەمەللىرىدىن سانىلىدۇ. پەرز كۇپايە تەرك قىلىنسا پۈتۈن مۇسۇلمانلار گۇناھكار بولىدىغان گەپ. بۇ ياشلار بىلسە ئىدى، ئۆزلىرىنىڭ تەخەسسۇسلىرى دائىرىسىدىكى ئىشلىرىنى ھەم ئىبادەت ھەم جىھاد قاتارىغا ئۆتكۈزەلەيتتى ئەمەسمۇ!؟ چۈنكى ئادەتتىكى تىرىكچىلىك ئىشلىرى نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى ۋە قېتىرقىنىپ راۋاجلىق قىلىنىشى، شەرىئەتنىڭ چەكلىمىلىرىگە رىئايە قىلغان بولۇشى شەرتى بىلەن ئىبادەت قاتارىغا ئۆتىدۇ. مۇسۇلمانلار ھەممىسى ئۆز كەسپىنى تاشلاپ دەۋەت يولىغا كىرىۋالسا، مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەتلىك نۇرغۇن ئىشلارنى كىم بېجىرىدۇ؟ دەۋەتنى ھەركىم ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىك كەسپى دائىرىسىدىمۇ ئېلىپ بارالايدۇ ئەمەسمۇ؟! چۈنكى دەۋەت تىل بىلەنلا بولمايدۇ، بەلكى ئەمەلىيەتتە نامايان قىلىش ۋە باشقىلارغا ئىسلامنى ياشاپ كۆرسىتىش بىلەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ شۇنداق قىلاتتى.

ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى كەسىپ ئىگىلىرى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن كەسپىنى تاشلاپ، تىرىكچىلىك ئىشلىرىنى تەرك ئېتىپ كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن چىقىشقا بۇيرىغان ئەمەس. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كەسپى، ھۈنىرى ۋە تىرىكچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. جىھاد قىلىش ۋاقتى كەلگەندە ئۇلارغا ئۇقتۇرۇش قىلىناتتى. شۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئىشلىرىنى تاشلاپ جىھادقا ھازىر بولاتتى.

ئىمام ئەبۇ ھامىد ئەل غەززالىي ئۆز زامانىسىدا، مۇسۇلمانلارنىڭ باشقا پەنلەرنى قويۇپ پەقەت ئىسلام فىقھىنى ئۆگىنىشكىلا يېتىۋالغانلىقىغا قارشى چىققان. چۈنكى شۇ ۋاقىتلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارلىرىدا مۇسۇلمان دوختۇرلار بولمىغانلىقتىن، خرىستىيان ياكى يەھۇدىي دوختۇرلار ئىش بېشىدا ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ كېسەللىرىنى داۋالاش ئىشلىرى شۇلارغا تاپشۇرۇلاتتى.

يەنە نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى كۆردۈم ئۇلار مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە، شۇنداقلا ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان ئىشلاردا ئەمەس، پەقەت ھېچكىمگە پايدىسى يوق، بەلكى زىيىنى كۆپ ئىشلاردا ۋە مۇھىم بولمىغان دىنىي مەسىلىلەردە تالاش _ تارتىش قىلىش بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدۇ. مەسىلەن: ئامىننى ئۈنلۈك دېگەن ئەۋزەلمۇ ياكى ئىچىدىمۇ؟ ئاياللار مەسجىدلەرگە كىرسە بولامدۇ ياكى ھارامىمۇ؟ ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىش بىدئەتمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ قوشۇق ۋە ئارىلارنى ئىشلىتىشكە بولامدۇ ياكى بىدئەتمۇ؟ بۇلارنى تارتىشىشنىڭ كىمگە پايدىسى بار؟ مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرىگىلا پايدىسى بار. چۈنكى ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشۇنداق بىخۇتلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا خىرىس قىلىشنى تېپىلماس پۇرسەت دەپ بىلىدۇ.

يەنە بەزى دىندار سۈپەتلىك، مۇخلىس نامىلىق، پەرىشتە قىياپەتلىك ياشلارنى كۆردۈمكى، ئۇلار ئاتا _ ئانىسىغا، قەۋم _ قېرىنداشلىرىغا قوپال مۇئامىلە قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا ئۆزلىرى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تېپىدىكىلەردىن باشقا ھەممە كىشىنىڭ ئېتىقادى بۇزۇق، دىنى ناقىس، يولى خاتا. شۇڭا ئۇلارغا كاپىرغا، مۇشرىككە قىلىدىغان مۇئامىلىنى قىلىش كېرەك دەپ چۈشىنىدۇ. ھالبۇكى قۇرئان كەرىم كاپىرلارغا، مۇشرىكلەرگە، ھەتتا دۈشمەنلەرگىمۇ قائىدىلىك ۋە ئەدەبلىك مۇئامىلە قىلىشقا چاقىرىدۇ. ھەتتا بالىسىنى كۇپرلىققا زورلىغان ئاتا _ ئانىغىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان قۇرئان كەرىمدە مۇنداق كەلگەن: (ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن).[1]

يەنە شۇنداق دىندار سۈپەتلىك، مۇخلىس نامىلىق، پەرىشتە قىياپەتلىك ئۇزۇن ساقاللىق كىشىلەرنىڭ كۆپ سانلىقى كىشىلەرگە قوپال مۇئامىلە قىلىدىغان، ئىشلەتكەن ئادەملىرىنىڭ ئىش ھەققىنى بەرمەي قاقشىتىدىغان، ئىدارە جەمئىيەتلەردە ئىش بېجىرىش ئۈچۈن ئالىدىغا بارغانلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، سەۋەبسىز ئۇلارنىڭ ۋاقتىنى زايە قىلىدىغان، نامازغا بارىمىز دېگەن باھانە بىلەن سائەتلەپ يوقاپ كېتىپ نۇرغۇن كىشىلەرنى قىيىنچىلىقلارغا سالىدىغان، سالام قىلسا قايتۇرمايدىغان، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان، ئەخلاقى ناچار ئىنسانلاردۇر.

يەنە شۇنداق دىندارلار باركى، ئۇلار ئوغرىلاردۇر! ئۇلار قانداق ئوغرىلار دېگەندە، ئۇلار باشقىلارنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئۇغۇرلايدىغان ئوغرىلاردۇر. مۇنداق دىندارلار كىشىلەرنىڭ ماددىي ئىگىدارچىلىقىدىكى نەرسىلىرىگە چېقىلىشنىڭ ھاراملىقىنى بىلىدۇ ۋە مۇنداق قىلىشنى شۇنچىلىك بەك يامان كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ماددىدىن قىممەتلىك بولغان ۋاقىتلىرىنى ئۇغۇرلايدۇ. سائەت بەشكە ۋەدە قىلغان بولسا سائەت ئالتىدە ئاران كېلىپ بولىدۇ، ئۆيىدىن چىقماي تۇرۇپ ئۆزىنىڭ يولدا ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ، ھازىر كېلىمەن دەيدۇ. بىراق بۇ ھازىر بىر سائەتتىمۇ تەييار بولمايدىغان ھازىر بولۇپ، ۋەدە قىلغان كىشىنى جاق تويغۇزىدۇ. بىراۋنىڭ ھېچ نەرسە كەلمەيدىغان بىر قۇرۇش پۇلىنى كۆرسەتمەي ئېلىۋېلىش ئوغرىلىق ھېسابلانغان يەردە، قەدرىنى بىلگەنلەر ئۈچۈن .ئالتۇندىن قىممەتلىك بولغان ۋاقىتنى ئوغرىلىغانلار ئوغرى ئەمەسمۇ؟!

---

① لۇقمان سۈرىسى، 15 _ ئايەت.

**مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كىرىزىسلەر**

1. مۇھىم بولغان پەرز ئەيىن ئەمەللىرىنى قايرىپ قويۇش. مەسىلەن: ئەمرۇ _ مەرۇپ، ۋەز نەسىھەت (كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا تەشەببۇس قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش) ناماز، زاكات ۋە روزىنىڭ ئالدىدا كېلىدىغان مۇھىم پەرزدۇر. (مۇئمىن ئەرلەر، مۇئمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[1]) . بۇ ئايەتتە ئەمرۇ _ مەرۇپ، ۋەز _ نەسىھەت ناماز ۋە زاكاتنىڭ ئالدىدا كەلتۈرۈلگەن.

شۇنداق تۇرسىمۇ، ناماز ئوقۇيدىغان، زاكات بېرىدىغان ۋە روزا تۇتىدىغان مۇسۇلمانلاردىن نۇرغۇنلىرى ئەمرۇ _ مەئرۇپ _ ۋەز نەسىھەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. كۆز ئالدىدا بىراۋ شەرىئەتكە خىلاپ كېلىدىغان يامان ئىش قىلسا ياكى يالغان سۆزلىسە، ئۇنى ئاگاھلاندۇرمايدۇ، بىر ھەر قېتىم بەش مىنۇت ۋاقتىنى چىقىرىپ خوشنىلىرىدىن، تۇغقانلىرىدىن ۋە يېقىنلىرىدىن ناماز ئوقۇمايدىغانلارنى چىرايلىق ئۇسۇلدا مەسجىدكە ئېلىپ بېرىشنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ، غايىسىز، نىشانسىز يۈرۈۋاتقان بالىلارغا چىرايلىق نەسىھەت قىلىشنى بىلمەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەرز بولغان ۋەز _ نەسىھەتتۇر. ھەر بىر مۇسۇلمان ئادەم بۇ دىنغا مەسئۇل، ئۇنىڭغا كۆيۈنىدۇ، ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىدۇ، ئۇنى قوغدايدۇ، ئۇنىڭغا خىلاپ ئىش قىلغانلارنى چىرايلىق ئاگاھلاندۇرىدۇ ۋە ئۇلارنى ھېكمەتلىك چارە بىلەن ياخشىلار سېپىگە قوشۇۋالىدۇ.

2. بەزى پەرزلەرگە ئالاھىدە زور ئەھمىيەت بېرىپ، ئوخشاش دەرىجىدىكى باشقا پەرزلەرنى تەرك ئېتىش. مەسىلەن: رامىزان ئېيىدا روزا تۇتمايدىغان مۇسۇلمان ئىنتايىن ئاز تېپىلىدۇ. ئەمما ناماز ئوقۇمايدىغانلىرى ناھايىتى كۆپ. شۇنىڭدەك بەزى مۇسۇلمانلار نامازغا ئەھمىيەت بەرسىمۇ زاكاتقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. قۇرئان كەرىمدە ناماز زاكات بىلەن بىرگە يانداش قىلىپ 28 ئورۇندا بايان قىلىنغان تۇرسىمۇ ناماز ئوقۇيدۇيۇ، زاكات مەرمەيدۇ. چۈنكى ناماز چىقىم كەتمەيدىغان ئىبادەت، ئەمما زاكات چىقىم قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ ئەمەسمۇ!؟

3. نەپلە ئىبادەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ، بەزى پەرزلەرنى تەرك ئېتىش. مەسىلەن: بەزى دىندار سۈپەتلىك، تەقۋا قىياپەتلىك كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن ئەزكار چۈشمەيدۇ، ئۇلار ئولتۇرغاندىمۇ، يول يۈرگەندىمۇ، ئەزكار، تەسبىھ ۋە تەھلىللەرنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمىگەندەك، بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تەقۋالىقىنى كۆرسىتىپ ئېغىزىدىن مسۋاكنىمۇ چۈشۈرمەيدۇ. بۇلارنىڭ ھېچبىرى پەرز ياكى ۋاجىب ئەمەس، بەلكى مۇستەھەب دەرىجىسىدىكى ئىشلار. ئەمما ئۇلار ئەڭ مۇھىم بولغان ئىجتىمائىي پەرزلەردىن ئاتا _ ئانىغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش، ئۇرۇق _ تۇغقانلارغا سىلە _ رەھىم قىلىش، قۇلۇم _ قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش، يېتىم _ يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاش قاتارلىق ساۋابى كۆپ ئىشلارنى تەرك ئېتىدۇ.

4. پايدىسى شەخس بىلەنلا چەكلىنىدىغا ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، پايدىسى ھەممىگە ئومۇم بولىدىغان ئىشلارنىن تەرك ئېتىش. مەسىلەن: كۆپ ساندىكى دىندارلار ناماز، زىكىرگە ئوخشىغان شەخسىي ئىبادەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ، پايدىسى ھەممىگە يېتىدىغان، شەكسىز ئومۇمغا مەنپەئەتلىك جىھاد، تەلىم _ تەربىيە، ئارىسى بۇزۇلغانلارنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش، كىشىلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىش، ئادالەتنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش، ھەقسىزلىككە قارشى تۇرۇش قاتارلىق پەرزلەرگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ.

5. شاخچە مەسىلىلەر ئېسىلىۋېلىپ، ئەقىدىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلمەسلىك. مەسىلەن: نامازدا ئامىننى ئۈنلۈك دەيدىكەن دېگەن دەۋا بىلەن ئەقىدىسى دۇرۇس بىر جامائەتنى بەدمەزھەبكە ياكى ئامىننى ئىچىدە دەيدىكەن بۇلار ئەبۇ ھەنىفىگە چوقۇنىدىغان ئادەملەر دەپ تۆھمەت قىلىپ، ئېتىقادى ساغلام مۇسۇلمانلارنى خۇراپاتچىغا چىقىرىۋېتىش ۋە كىشىلەرنى ئۇلاردىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئورۇنۇشقا ئوخشاش.

6. ئاشكارا ھارام ئىشلارنى توسۇشنىڭ ئورنىغا ھارام ياكى ھالاللىقىدا ئىختىلاپ بار مەسىلىلەرگە ئېسىلىۋېلىپ، ئۆمرىنى زايە قىلىش. مەسىلەن: نۇرغۇن مۇسۇلمانلار رەسىم تارتىش، ناخشا _ مۇزىكا ئاڭلاش، ئاياللارنىڭ يۈزىگە نىقاب كىيىشى قاتارلىق ئىسلام ئۆلىمالىرى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپلىق مەسىلىلەرگىلا بېرىلىپ، مىللەتنىڭ، ۋەتەننىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلارغا كۆز يۇمىدۇ.

① تەۋبە سۈرىسى،71 _ ئايەت.

## بۆگۈنۈڭلا ساڭا تەۋە

دوكتور: ئائىز ئەلقەرنىي

ئەتىگەن تۇرسىڭىز ئاخشامنى كۆتمەڭ. سىز ياخشىلىقى ۋە يامانلىقى بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن تۆنۈگۈننى ياكى تېخى يېتىپ كەلمىگەن ئەتىنى ياشىمايۋاتىسىز، پەقەت مۇشۇ بىر كۈنىلا ياشاۋاتىسىز. خۇددى سىز بۈگۈنلا دۇنياغا كەلگەن ۋە بۈگۈنلا ئۆلىدىغاندەك مۇشۇ بىر كۈنىڭىزنىڭلا غېمىنى يەڭ. تۈنۈگۈننىڭ ھەسرىتى ۋە ئەتىنىڭ ئەندىشىسى بىلەن مەشغۇل بولماڭ. سىز مۇشۇ بىر كۈنىڭىزنى غەنىمەت بىلىڭكى، بۇ كۈندە قىلىشقا تېگىشلىك بارلىق ياخشىلىقلارنى قىلىڭ. تەدىل ئەركانلىرىغا تولۇق رىئايە قىلغان ھالدا، ئاللاھ ئۈچۈن ناماز ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، ئاللاھنىڭ گۈزەل سەنئەتلىرى توغرىلىق تەپەككۇر قىلىش، ئاللاھنىڭ تەقسىماتىغا رازى بولۇش، تەن ساقلىقىڭغا كۆڭۈل بۆلۈش، قىياپىتىڭنى تۈزەش، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى پەقەت بۈگۈنكى بىر كۈنلۈك ئىشلىرىڭىزدۇر. مۇشۇ بىر كۈننىڭ سائەتلىرىنى يىللارغا، مىنۇتلىرىنى ئايلارغا ۋە سېكۇنتلىرىنى كۈنلەرگە بۆلۈڭ. مۇشۇ بىر كۈنىڭىزنى باشقىلارغا ئازار بەرمەستىن، ھەسەت قىلماستىن ۋە ئۆتكەنگە ھەسرەت چەكمەستىن تىنچ، سالامەت ئۆتكۈزەلىسىڭىز غەنىمەت دېگەن شۇدۇر.

قەلبىڭىزنىڭ ئىچ قېتىغا «بۈگۈنۈڭلا ساڭا ئائىت» دېگەننى يېزىۋېلىڭ. بۈگۈن ئىسسىق، يۇمشاق ۋە لەززەتلىك بىر ناننى يېيىشكە نەسىپ بولغان بولسىڭىز، تۈنۈگۈننىڭ قاتتىق نېنى ياكى كەلمىگەن ئەتىنىڭ كۈتۈلگەن مەھجۇل نېنى ئىچىڭىزنى سىرىۋاتامدۇ؟ بۈگۈن تاتلىق سۇ ئىچكەن بولسىڭىز، نېمە ئۈچۈن تۈنۈگۈن ئىچكەن شورلۇق سۇ ئۈچۈن قايغۇرىسىز.

ئەگەر سىز ئۆز ئۆزىڭىزگە راستچىل بولىدىغان بولسىڭىز پۇلاتتەك مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن ئۆزىڭىزنى «مەن پەقەت بۈگۈن ئۈچۈنلا ياشايمەن» دېگەن نەزىرىيىگە كەلتۈرەلەيسىز. شۇنداق قىلغاندىلا مۇشۇ بىر كۈنىڭىزنىڭ ھەر بىر دەقىقىسى سىز ئۈچۈن ئالتۇندىن قىممەتلىك بولالايدۇ. شۇ ۋاقىتتىلا سىز بىلىم سەۋىيىڭىزنى ئۆستۈرۈش، ئەقلىڭىزنى يېتىلدۈرۈش، ئەخلاقىڭىزنى ئىسلاھ قىلىش ۋە باشقىلار قاتارلىق مۇھىم ئىشلارنى بىجىرەلەيسىز.

ھاياتنى ئەڭ گۈزەل سۈرىتىدە كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار ئۈچۈن «بۈگۈنۈڭلا ساڭا ئائىت » دېگەن بۇ سۆز سائادەتلەر قامۇسىدىكى ئۆچمەس يۇلتۇزدۇر.

كېلىچەكنى يېتىپ كەلگىچە ئۇنۇتۇڭ

ھادىسىلەرنى قوغلىماڭ. بالىنى ئاي كۈنى توشۇشتىن بۇرۇن تۇغدۇرماقچىمۇسىز ياكى مېۋىنى پىششىتىن بۇرۇن ئۈزمەكچىمۇ؟! ئەتە دېگەن ھازىر ۋۇجۇدتا يوق نەرسە، بۈگۈن ئۇنى سىز ھەرگىزمۇ كۆرەلمەيسىز. نېمە ئۈچۈن پىكىر - خىيالىڭىزنى كەلمىگەن ئەتىنىڭ ھادىسىلىرى، مۇسىبەتلىرى ۋە كۆڭۈلسىزلىكلىرى بىلەن مەشغۇل قىلىسىز. ئەتىنى بىز كۆرەلەمدۇق ياكى كۆرەلمەمدۇق ئۇ بىزگە مەلۇم ئەمەس. ھەرھالدا ئۇ غەيبىي ئالەم. ئۇ تېخى زېمىن يۈزىگە يېتىپ كەلگىنى يوق.

كېلىچەكنى ئويلاش ئۈچۈن زېھىن ساھەسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئايرىش، غەيبىنىڭ كىتابىنى ۋاراقلاپ، ئۇنىڭدا كۈتۈلمەكتە بولغان كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۈچۈن قايغۇرۇش شەرىئەتتە چەكلەنگەن بىر ئىشتۇر. چۈنكى بۇ تېخى شاخلانمىغان ئۆزۈمنىڭ سايىسىنى تالىشىپ مۇشتلاشقانغا ئوخشاش بىھۇدىلىكتۇر. كۆپىنچە كىشىلەر كېلىچەكنىڭ ئاچارچىلىق، يوقسۇللۇق، ئاغرىق - سىلاق ۋە باشقىمۇ كۆڭۈلسىزلىكلەر بىلەن تولغان قورقۇنۇشلۇق بىر ئالەم ئىكەنلىكىدىن ئەنسىرەيدۇ. مانابۇلارنىڭ ھەممىسى، شەيتان مەكتىپىنىڭ دەرسلىكلىرىدىندۇر. (شەيتان سىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقىتىدۇ، يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ؛ ئاللاھ سىلەرگە ئۆز مەغپىرىتىنى ۋە پەزلىنى ۋەدە قىلىدۇ) [①].

قايغۇرغۇچىلارنىڭ تولىسى ئەتە ئاچ قېلىشىدىن، كېيىنچە كېسەللىككە گىرىپتار بولۇشىدىن ئەنسىرەپ يىغلايدۇ. ئۆمرى باشقا بىرىنىڭ قولىدا بولغان كىشىنىڭ ئۆز مۈلكى بولمىغان نەرسىگە يىغلىشى ۋە قايغۇرىشى ھەرگىزمۇ ئاقىلانىلىق ئەمەس.

ئەتە يېتىپ كەلگىچە ئۇنى ئۇنۇتۇپ تۇرۇڭ. ئەتىنىڭ خەۋەرلىرى ۋە ۋەقەلىكلىرى بىلەن مەشغۇل بولماڭ. چۈنكى سىز بۈگۈن بىلەنلا مەشغۇلسىز.

### كەتكەن كەتتى قايغۇرۇشنىڭ پايدىسى يوق

ئۆتكەنگە پۇشايمان قىلىپ، قولىنى چىشلەش، كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ياد ئېتىپ كۆڭۈل بۇزۇش ئاخماقلىقتۇر. بۇنداق قىلىش ئىرادىنى سۇسلاشتۇرۇش ۋە بۈگۈنكى ھاياتنى كىرلەتكەنلىكتۇر. ئاقىللارنىڭ پەلسەپىسىدە، ئۆتمۈشنىڭ دەپتىرى يېپىلىدۇ، ئېچىلمايدۇ. ئۇ ئۇنتۇلۇش زىندانىغا تىقىۋېتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن چىقىرىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ كەتتى، قايتا كەلمەيدۇ. ئۇنى ھەسرەت _ نادامەت ياكى پۇشايمان قايتۇرۇپ كېلەلمەيدۇ. غەم - قايغۇمۇ ئۇنى ئوڭشىيالمايدۇ.

---

① بەقەرە سۈرىسى: 262- ئايەت.

سىز دەريا سۈيىنى بېشىغا، قۇياشنى تۇغقان يېرىگە ۋە بۇۋاقنى ئانىسىنىڭ قۇرسىقىغا قايتۇرالامسىز؟ ئۆتمۈش توغرىلىق قايغۇرىشىڭىز ئۆزىڭىزنى بىھۇدە ئازابلىغانلىقتۇر، بەس.

ئۆتمۈشنىڭ ھەسرەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇش ھازىرنىڭ ۋاقتىنى ئۆلتۈرگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۆتمۈشتىكى ئۈممەتلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن، (ئۇلار ئۆتكەن بىر ئۈممەت) دېيىش بىلەن كۇپايە قىلغان. چۈنكى كەتكەن كەتتى، ئىش تۈگىدى. تارىخنىڭ چېقىنى ئارقىغا قايتۇرۇش ۋە ئۆتمۈشنىڭ ئانالىزلىرىنى ئىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئۆتمۈش بىلەن مەشغۇل بولغۇچىلار تارتىلىپ بولغان ئۇننى تارتىمەن دەپ ئاۋارە بولغۇچىلاردۇر. قەدىمقىلەر ئۆتمۈش ئۈچۈن كۆزيېشى قىلغۇچىلارغا «ئۆلۈكلەرنى قەبرىلىرىدىن چىقارماقچىمۇسىز» دەيدىكەن.

بىزنىڭ ئەڭ ئاجىز نوقتىمىز، بۈگۈنىمىزنى غەنىمەت بىلەلمەيمىز، ھەدەپ ئۆتمۈشنىڭ خاتىرىلىرى بىلەن مەشغۇلمىز. بىز بۈگۈننى ياشىۋاتىمىز. ئۆتمۈش كەلمەسكە كەتتى. ئۇنى ھەرقانچە قىلىپمۇ قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمايدۇ. شامال ئالدىغان يۈرىدۇ. سۇ ئالدىغا ئاقىدۇ. كارۋان ئالدىغا ماڭىدۇ. سىز نېمە ئۈچۈن ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىسىز؟!

## ئويلاڭ ۋە شۈكۈر قىلىڭ

دوكتور: ئائىز ئەل قەرنىي

بۇ ئورۇندىكى ئويلاشتىن مەقسەت ئاللاھ تائالانىڭ ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئويلاش، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىشتىن مەقسەت ئۇنىڭ ئاتا قىلغانلىرىغا رازى بولۇش ۋە قانائەت قىلىش دېمەكتۇر.

سىزنى ئاللاھ تائالانىڭ سان ـ ساناقسىز نېمەتلىرى چوقىڭىزدىن تاپىنىڭىزغىچە قورشاپ تۇرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتامسىز؟ (سىلەر ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر)①.

تېنىڭىز ساق، كۆڭلىڭىز خاتىرجەم، كۈندىلىك لەززەتلىك يېمەك ـ ئىچمەكلىرىڭىز ھازىر، كېيىم ـ كېچەكلىرىڭىز تولۇق. دۇنيا پۈتۈن نېمەتلىرى بىلەن سىزنىڭ ئىلكىڭىزدە، ھايات پۈتۈن گۈزەللىكلىرى بىلەن سىزگە ئائىت. سىز بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىگىسىز. ئەمما ئۆزىڭىز بۇنى بىلمەيسىز. (بىلمەمسىلەركى، ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى. سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نېمەتلەرنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ بەردى)②.

ئىككى كۆزىڭىز كۆرىدۇ، پۇت ـ قولىڭىز تۇتىدۇ، تىلىڭىز سۆزلەيدۇ، قۇلىقىڭىز ئاڭلايدۇ، مۇندىن باشقا جىمى ئەزايىڭىز جايىدا ئىشلەپ تۇرماقتا. (رەببىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟)③.

ئىككى پۇتىڭىزغا تايىنىپ مېڭىشىڭىز ئاددى ئىشمۇ؟ پۇتىڭىزنىڭ بىرەرسى كاردىن چىقسا قانچىلىك قىين ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟ ئەگەر ھەر ئىككىسى كاردىن چىقسىچۇ؟ پۇخادىن چىققۇدەك ئۇخلىشىڭىز كىچىك ئىشمۇ؟ بىرەر ئەزايىڭىز ئاغرىقتىن دەرتلەنگەن ۋاقىتتا ئۇيقۇڭىز كېلەمدۇ؟ كۆڭلىڭىز تارتقانلا نەرسىنى يېيەلەيسىز، مۇزدەك سوغۇق سۇنىمۇ ئىچەلەيسىز. ئەگەر تېنىڭىز ساق بولمىسا شۇنداق قىلالايتتىڭىزمۇ؟ كېسەللىك ياكى يوقلۇق سەۋەبلىك خالىغىنىنى يېيەلمەيدىغان ياكى يېگەندىمۇ ئاشقازىنى قوبۇل قىلالماي ئازابلىنىدىغانلار بار. بۇنى بىلەمسىز؟ ئاللاھقا نەچچە قات شۈكۈر قىلىڭكى، ئەقلىڭىز جايىدا. ساراڭ ياكى نىرۋىسى ئاجىزلاردىن بولۇپ قالمىدىڭىز. ئەگەر شۇنداق بولغان بولسىڭىزچۇ؟ بىلىڭكى، ئاللاھنىڭ سىزگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرى ھەقىقەتەن چوڭ!

ئىككى كۆزىڭىزنىڭ بىرىنى تاغدەك ئالتۇنغا تېگىشىپ يەكچەشمە بولۇپ قېلىشقا رازى بولامسىز؟! قۇلىقىڭىزنى دۇنياچە بايلىققا سېتىشقا رازى بولامسىز؟! تىلىڭىزنى ئالتۇن ، كۈمۈش ۋە ئالماستىن ياسالغان قەسىرگە تېگىشىپ تىلسىز قېلىشقا رازى بولامسىز؟! ئىككى قولىڭىزنى بىر دۆۋە قىممەتلىك ياقۇتقا تېگىشىپ چولاق بولۇپ قېلىشقا رازى بولامسىز؟! سىز قاتمۇ ـ قات نېمەتلەر ئىچىدە ياشاۋاتىسىز، ئەڭ قىممەتلىك بايلىقلارغا ئىگىسىز. لېكىن بۇلارنى بىلمەيۋاتىسىز. بۇ قىممەتلىك بايلىقلارنى ئاتا قىلغان زاتقا شۈكۈر قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەمىشە «يوق»نىڭ دەردى ۋە ئەتىنىڭ غەم ـ قايغۇسى ئىچىدىلا ئۆمۈر سۈرمەكتىسىز.

ھەر قانچە نامرات بولسىڭىزمۇ ئىناق بىر ئائىلىڭىز بار، ئۆيىڭىزدە ئىسسىق نېنىڭىز بىلەن ئىسسىق چېيىڭىز بار. يېتىپ ئارام ئالىدىغان يۇمشاققىنە ياتىقىڭىز بار. تېنىڭىز ساق، ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرمىسىمۇ قەدرى ئەھۋال تاپاۋىتىڭىز بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى كاتتا دۆلەتمەنلىك ئەمەسمۇ؟! يوقسۇللۇقتىن نەدە كەچ بولسا شۇ يەردە قونۇپ قالىدىغان، بىر نانغا زار بولىۋاتقان بىچارىلەرنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ تاپقان پۇلى دوختۇرغا كېتىپ بارغان، دوختۇرخانىنىڭ كارىۋاتلىرىنى يىللاپ ماكان تۇتىۋالغان، گاھ ئاغرىق دەردىدىن داد- پەرياد چاقىرىۋاتقان بىمارلارنى كۆرمىگىزمۇ؟ سىز قولدىن بەرگەنلىرىڭىزنى ئويلاپ ھەسرەتلىنىسىز. ئەمما قولىڭىزدا بار نېمەتلەر ۋە بايلىقلارغا شۈكۈر قىلمايسىز. ئازراق ئىقتىسادىي زىيانلار ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالىسىز. ئەمما ئۆزىڭىزنىڭ دۇنيانىڭ بارچە بايلىقلىرىغا تېگىشىلمەيدىغان قىممەتلىك نېمەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىڭىزنى ھېس قىلمايسىز. سىزدە بەخت ـ سائادەتنىڭ ئاچقۇچلىرى بار. سىزدە دۇنيانىڭ پۈتۈن بايلىقلىرىغا تېگىشىلمەيدىغان قىممەتلىك بايلىقلار بار. ئويلاڭ ۋە شۈكۈر قىلىڭ! (ئۆزۈڭلاردا ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە نېمەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن ئالامەتلەر بار، بۇنى كۆرمەمسىلەر؟)④.

يەنە كېلىپ ئاللاھ تائالا سىزنىڭ ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلغىنىڭىزغا مەمنۇن بولۇش بىلەنلا كۇپايە قىلىپ قالمايدۇ. بەلكى شۈكۈر قىلغۇچىلارغا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ ئەمەسمۇ. ((نېمىتىمگە) شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن)⑤.

ئىنسان تەبىئىتىدە ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغاننى ھۆرمەتلەش، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىش ۋە ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى قايتۇرۇشقا تىرىشىش خىسلىتى بار. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنىڭ شۈكرانىسى ئۇنىڭغا شۈكۈر ئېيتىش بىلەن، ئىنسانلارنىڭ ياخشىلىقلىرىنىڭ مۇكاپاتى ئۇلارغا

---

① ئىبراھىم سۈرىسى:43- ئايەت.
② لۇقمان سۈرىسى:20- ئايەت.
③ رەھمان سۈرىسى:13- ئايەت.
④ زارىيات سۈرىسى: 21- ئايەت.
⑤ ئىبراھىم سۈرىسى: 7- ئايەت.

رەھمەت ئېيتىش ۋە قولىدىن كەلسە قايتۇرۇش بىلەن ئادا قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ سىزگە ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرىنىڭ مىڭدىن، مىڭدىن ئەمەس مىليوندىن بىرىنى قايتۇرۇش سىزنىڭ قولىڭىزدىن كەلمەيدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا سىزنى تاقىتىڭىز يەتمەيدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلغىنى يوق. سىز شۈكۈر بابىدا پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ بەرگەنلىرىگە رازىلىقىڭىزنى ئىزھار قىلىشقىلا بۇيرۇلغان. بۇنچىلىكنىمۇ قىلالماسسىز؟! ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئېيتىش شۇنچىلىك قىيىنمۇ؟! ياكى سىزدىن بەدەل تەلەپ قىلاتتىمۇ؟!

ئۆزگەرمىگەن ساپ ۋىجدان ئېگىسى ياخشىلىققا مۇكاپات بېرىشنى ئىنسانىي بۇرچ دەپ تونۇيدۇ.

ئەلۋەتتە، گەرچە ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرى ئاللاھ تائالانى تونۇغان ۋە تونۇمىغانلارنىڭ ھەممىسىنى قورشاپ تۇرىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ نېمەتلەر ئۈچۈن شۈكۈر قىلىدىغانلارمۇ ۋە شۈكۈر قىلمايدىغانلارمۇ بار. شۈكۈر قىلمايدىغانلارنىڭ بىرەرسىگە پۈتۈن دۇنيانىڭ بايلىقى بېرىلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ يەنىلا شۈكۈر قىلمايدۇ. چۈنكى ئازغا شۈكۈر قىلىشنى بىلمەيدىغانلار كۆپكىمۇ شۈكۈر قىلمايدۇ ئەمەسمۇ.

بىلەمسىز! شۈكۈر بىلەن قانائەت سىزنى بەختلىك قىلىدىغان ئىككى چوڭ ئامىلدۇر. ئۆزىڭىز، ئائىلىڭىز، تەن ساقلىقىڭىز، سۆيگەنلىرىڭىز، دوستلىرىڭىز ۋە ئەتراپىڭىزدىكى ئالەم توغرىلىق ئويلاڭ ۋە شۈكۈر قىلىڭ. (ئۇلار ئاللاھنىڭ نېمىتىنى تونۇيدۇ، ئاندىن ئۇ نېمەتلەرنى ئىنكار قىلىدۇ)[1].

[1] نەھلى سۈرىسى: 83- ئايەت.

## بىكارچىلىقنىڭ پالاكەتلىرى

مۇھەممەد غەززالىي

بىكارچىلىقتىن تۈرلۈك رەزىللىكلەر تۇغۇلىدۇ. بىكارلىق ئىچىدە يوقۇلۇش ۋە تۈگىشىشنىڭ مىكروبلىرى ياتىدۇ.

ئىشلەش تىرىكلەرنىڭ شۇئارى بولسا، بىكار تەلەپلەر ئۆلۈكلەردۇر. بۇ دۇنيا ھاياتى ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ ئېكىنزارلىقى بولغان يەردە، ئىشلىمەستىن ئۆمۈر ئۆتكۈزىدىغان بىكار تەلەتلەر قىيامەت كۈنىدە ھېچقانداق ھوسۇلسىز، قولى بوش ۋە نادامەت چەككەن ھالدا ھەشىر قىلىنىشقا تولىمۇ تېگىشلىك بولغۇچىلاردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاقىت بىلەن تەن ساقلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى نېمەتنىڭ قەدرىگە يېتەلمىگەنلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «نۇرغۇن كىشىلەر قەدرىنى بايقىيالمايدىغان ئىككى نەرسە بار، ئۇنىڭ بىرى تەن ساقلىقى، يەنە بىرى، ۋاقىت»[1].

شۇنداق، قانچىلىغان تېنى ساق، ۋاقىت جەھەتتىنمۇ يېتەرلىك شارائىتى بار كىشىلەر ئىشسىز، غايىسىز ۋە بىرەر مەقسەتسىز ھالدا بىھۇدە ئۆمۈر ئۆتكۈزمەكتە.ئىنسان شۇنداق قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغانمۇ؟ ياق ! ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ((ئى ئىنسانلار!) سىلەرچە، بىز سىلەرنى بىكارغا ياراتقانمۇ؟ ئۆزۈڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايمىز دەپ ئويلامسىلەر؟ ھەقىقىي پادىشاھ _ ئاللاھ ئۇستۈندۇر، ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر)[2].

ھاياتلىق ھەقىقەت بىلەن يارىتىلدى، ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارچە شەيئىلەرمۇشۇ ھەقىقەت بىلەن يارىتىلدى. ئىنسان بۇ ئالەمدە شۇ ھەقىقەتنى تونۇشى ۋە ئۇنىڭ روھى بويىچە ياشىشى كېرەك.

ئەگەر ئىنسان نەپسىي ھەۋەسنىڭ تار كوچىلىرىدا ئۆزىنى مەھبۇس قىلىۋېلىپ، ھەممە نەرسىدىن پىنھان ياشايدىكەن، ئۇ بۆگۈنى ھەم كېلىچىكى ئۈچۈن ئەڭ يامان يولنى تاللىۋالغان بولىدۇ.

ئىمام شافىئىينىڭ تەربىيە ئاساسلىرىنى تۈرغۈزۈش توغرىسىدا تولىمۇ ياخشى بىر سۆزى بار. ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى : «ئەگەر سەن كۆڭلۈڭنى ھەقىقەت ئۈچۈن مەشغۇل قىلمىساڭ، ئۇسېنى باتىل بىلەن مەشغۇل قىلىدۇ».

بۇ ئىنتايىن توغرا سۆز. چۈنكى كۆڭۈل مەشغۇلىيەتسىز تۇرمايدۇ.

ئەگەر سىز كۆڭۈلنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشنىڭ، سىستېمىلىق ئىشلەشنىڭ پىلانلىرى بىلەن تىز ھەرىكەتكە سېلىپ تۇرمىسىڭىز يامان ئوي ـ پىكىرلەر ئۇنى ئۆز قوينىغا ئېلىۋالىدۇ ـ دە، نەتىجىدە ئۇنى بىكار تەلەپلىك بىلەن بىمەنىلىكنىڭ ئازگاللىرىغا ئاپىرىپ تاشلايدۇ.

ئىنسان ھاياتىنى قىڭغىرلىقلاردىن ساقلاپ قېلىشنىڭ ئەڭ ئەۋزەل يولى، ئىنسان ئۆزى ئۈچۈن پىلان تۈزۈشى، ۋاقتىنى شۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن مەشغۇل قىلىش ئارقىلىق شەيتانغا ئازدۇرۇش، ۋەسۋەسە قىلىش پۇرسىتىنى بەرمەسلىكىدۇر.

ئىسلام دىنىدىكى شەرىئەت تەكلىپلىرىنىڭ تەقسىم قىلىنىشىدىمۇ بۇ ھەقىقەت كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆڭۈلنى باتىل بىلەن مەشغۇل قىلىشقا قەتئىي بوشلۇق بېرىلمىگەن. چۈنكى ھەقىقەت بىلەن تولمىغان كۆڭۈل بوشلۇقنى باتىل بىلەن تولدۇرىدۇ.

دائىل كارنېگ بۇ ھەقىقەتنى ئىزاھلاپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئۆز ئىشلىرىمىز بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان پەيتلەردە ھېچقانداق غەم ـ قايغۇنى ھېس قىلمايمىز، لېكىن مەشغۇلىيەتتىن كېيىنكى بوش ۋاقىتلار ھەقىقەتەن خەتەرلىك ۋاقىتلاردۇر. بىز ئۈچۈن بوش ۋاقىت ھازىرلانغان ھامان غەم ـ ئەندىشە ۋەقايغۇنىڭ شەيتانلىرى بىزگە ھۇجۇم قىلىش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا شەيتان بىزنى ھەرخىل بولمىغۇر خىياللارغا ۋە يامان ئوي ـ پىكىرلەرگە سالىدۇ. چۈنكى بىز ئىشتىن بوشىغاندىن كېيىن، زېھنىمىز ھەر نەرسىدىن خالى بولغانغا ئوخشاش بىر ھالەتكە كېلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەت دەرسلىكلىرىدە ياخشى بىلىدۇكى، تەبىئەت بوشلۇقنىڭ دۈشمىنى. ئۇ يوشلۇقنى زادىلا خالىمايدۇ. بۇ سۆزۈمگە مىسال بېرىشنى خالامسىز؟ ئۇنداقتا، لامپۇچكىدىن كىچىككىنە بىر تۆشۈك ئېچىپ كۆرۈڭكى، شۇ ۋاقىتتا تەبىئەتنىڭ لامپۇچكا ئىچىدىكى بوشلۇقنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇنى ھاۋا بىلەن تولدۇرغانلىقىنى كۆرىسىز. خۇددى شۇنىڭدەك، تەبىئەت خالى كۆڭۈلنى كۆپىنچە ھىسسىياتلار ۋە تۇيغۇلار بىلەن تولدۇرۇشقا ئالدىرايدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى قايغۇ، ئەندىشە، ئۆچلۈك، كۆرەلمەسلىك ۋە كۈنلەش تۇيغۇلىرى ئىنسانىيەت تارىخىدىن بېرى ئۇنىڭ خاراكتېرىدا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن بىر نەرسىدۇر. بۇ تۇيغۇلار شۇنچىلىك كۈچلۈك ئېتىلىپ چىقىدۇكى، ئۇنىڭ كۈچى كۆڭلىمىزدىن ئامانلىقنى، ئەقلىمىزدىن مۇقىملىقنى چىقىرىپ تاشلىيالايدۇ».

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، تەلىم _ تەربىيە مەسئۇللىرى كىشىلەرنى بوشلۇقنىڭ ئاپەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇشى ۋە كۆڭۈللەرنى بوشلۇقنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن ساقلاش ئۈچۈن تىرىشىشى تولىمۇ مۇھىمدۇر.

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[2] مۇئمىنۇن سۈرىسى: 115- 116 - ئايەتلەر.

بۇنداق قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى، داۋاملىق ئىشلەش ۋە هارماي قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن يېڭىلمەس پىلان ۋە پروگراممىلارنى بېكىتىشتۇر.

ۋاقىتنى ۋەزىپىلەر بىلەن تولدۇرۇش ۋە گەرچە قىيىندىن ئوڭايغا بولسىمۇ بىر ئىشتىن يەنە بىر ئىشقا يۆتكىلىشنىڭ ئۆزىلا بىزنى بوشلۇقنىڭ ئىللەتلىرىدىن هەم بىكار تەلەپلىكنىڭ ئاپەتلىرىدىن ساقلاشقا يېتەرلىكتۇر.

ئىنسانلار جەمئىيىتى ئەگەر بوش ۋاقىتلارنى تىزگىنلىيەلەيدىغان بولسا، نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدۇ. ئۇلار بوش ۋاقىت تېپىلغاندا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىكى بارلىق ئېنېرگىيەلەرنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ئۇنى ئۆزىنىڭ دۇنيالىقى هەم ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا يۈزلەندۈرەلەيدىغان ئەمگەكنى يارىتىش بىلەن شۇنداق قىلالايدۇ.

بۇنداق قىلالايدىغان ئىنسان ئۆزىنى هېچ ۋاقىت تەييارتاپ هېس قىلمايدۇ.

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كۆپىنچىسى نەپسكە قارشى كۇرەش قىلىش بىلەن ئىنسانلار بىلەن مۇجادىلە قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى نوقتىنى مەركەز قىلىدۇ.

نەپسكە قارشى كۆرەش قىلىش دېگىنىمىز، نەپسنى گۇناھ ـ مەسىيەت ئىشلارغا بېرىلىشتىن توسۇش. ئىنسانلار بىلەن مۇجادىلە قىلىش دېگىنىمىز، ئۇلارنى هاياتلىقنىڭ ساپلىقىنى بۇزۇشتىن ئىبارەت زۇلۇملىرىدىن مەنئى قىلىش ۋە ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىش دېمەكتۇر.

يوقىرىقى كۆرەشلەر بىر ئۆمۈر شۇنداق ئۈزۈلمەستىن داۋام قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن بىر لەھزىمۇ غەپلەتتە قېلىشقا، بېمەنىلىككە پۇرسەت بېرىشكە بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام هەمىشە ئاللاھ تائالا دىن ئۇنى دىنىغا مەهكەم قىلىشىنى سوراپ مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى دىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! مېنىڭ دىلىمنى سېنىڭ دىنىڭدا مۇستەهكەم قىلغىن»[①]، «ئى ئاللاھ! رەهمىتىڭنى تىلەيمەن، مېنى كۆز يۇمۇپ ئاچقىچىلىكمۇ ئۆز هالىمغا تاشلاپ قويمىغىن، ئىشلىرىمنىڭ هەممىسىنى ئوڭشاپ بەرگىن، هەقىقەتەن سەندىن باشقا هەق مەبۇد يوقتۇر»[②].

مانا بۇ هالەت نەپسي جەهەتتىن تاكامۇللىشىشنىڭ ئاساسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇندىن باشقا ۋاقىتلىرىنىڭ هەممىسى ئومۇمەن جىهاد بىلەن ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئەمرۇ ـ مەرۇپ ۋەز ـ نەسىهەت دەپ تونۇلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام كۇپرى زالالەتكە قارشى كۈرەش قىلىشتىن بىر كۈنمۇ توختىمىدى. نەتىجىدە، كۇپرى ـ زالالەتكە پاتقان ئەرەب يېرىم ئارىلىنى ئىمان بىلەن گۈللەردى. پەيغەدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىزىنى باسقان هەزرىتى ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەرگە ئوخشىغان خەلىفىلەرمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ مەغرۇرلىنىشىغا هەرگىزمۇ پۇرسەت بەرمىدى. شۇنداق قىلىپ ئىسلام نۇرى ئىنتايىن ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا پۈتۈن دۇنيادا پارلىدى.

مۇسۇلمانلار بۇ ئۇلۇغۋار ۋەزىپىلىرىنى تەرك ئېتىپ غەپلەت گىرداۋىغا چۆمگەندىن كېيىن ئەهۋال نېمە بولدى؟ ئۇلار ئۆز بۇرچلىرىنى ئونۇتقاندىن كېيىن ئۆز ئارا ئىختىلاپلاشتى، مۇسۇلمانلار سېپىدە زىددىيەت ۋە پىتنەلەر باش كۆتۈردى.

ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر بولسا، قۇرئان كەرىمنىڭ مۇتەشابىه (يەنى مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان) ئايەتلىرىنىڭ مەنىسىنى چىقىرىمىز دەپ ۋاقىتنى ۋە ئۆمرىنى بىهۇدە سەرپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار قۇرئاننىڭ مۇهكەم ۋە مۇتەشابىه (يەنى مەنىسى مۇئەييەن ۋە مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان) پۈتۈن ئايەتلىرىنىڭ شەنىگە داغ يەتكۈزدى.

ئىنساندىكى زاپاس ئېنېرگىيە هەقىقەت ئۈچۈنلا سەرپ قىلىنىدىغان بولسا، باتىللارنىڭ يولى توسۇلىدۇ. هەقىقەت ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆز كونترولىغا ئالغان چاغدا، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىگە سېلىش ۋە ئازدۇرۇشىغا ئورۇن قالمىغان بولىدۇ.

دائىل كارنېگ ئۆزىگە ئۆزى سوئال قويۇپ مۇنداق دەيدۇ: «بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇشتەك ئاددىغىنە بىر ئىشنىڭ غەم ـ ئەندىشىنى يوق قىلىشىدىكى سەۋەب زادى نېمە؟ بۇنىڭ سەۋەبى پسىخولوگىيە ئىلمى كەشىپ قىلغان ئاساسلىق قانۇنىيەتلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇ بولسىمۇ، ئىنسان زېهنى قانچىلىك پەۋقۇلئاددە بولۇپ كەتمىسۇن، بىرئاندا بىردىن كۆپ ئىش بىلەن مەشغۇل بولالمايدۇ . بۇ توغرا ئېيتىلغان سۆز. بۇ سۆز ئاللاھ تائالانىڭ: (ئاللاھ هېچ ئادەمنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈرەك ياراتقىنى يوق)[③] دېگەن سۆزىگە يېقىنلىشىدۇ. سىز بىر ئاندا ئىككى نەرسىنى خىيال قىلالمىغىنىڭىزدەك، بىر بىرىگە زىت ئىككى تۇيغۇنى بىر ئاندا هېس قىلالمايسىز. بىز تەسىرلىك بىر ئىش بىلەن كۆڭۈلنى مەشغۇل قىلىۋاتقان ۋاقتىمىزنىڭ ئۆزىدە غەم ـ ئەندىشىنىمۇ بىرگە هېس قىلىشتىن ئاجىزمىز. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا بۇ ئىككى زىت تۇيغۇنىڭ بىرى يەنە بىرىنى تۇيغۇمىزدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىدۇ.

مانا بۇ ، هەربى سەپتىكى پسىخولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ، دۈشمەن تەرەپنىڭ كۈچلىرى ئۇلارغا يېقىنلىشىپ كەلگەن ۋاقىتتا،

---

① ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
② تىرمىزى رىۋايىتى.
③ ئەهزاب سۈرىسى: 4ـ ئايەت.

ئۆز تەۋەلىرىگە خىتاب قىلىپ، «ئۇلارنى بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل قىلىڭلار» دېيىشىگە تۇرتكە بولغان ئاددى بىر قانۇنىيەتتۇر.

ئوتتۇرا شەرقتىكى تەييارتاپلىق نەچچە مىڭلىغان تالانتلارنى يەرگە كۆمىۋەتمەكتە. خۇددى ئالتۇن ۋە ئالماسقا ئوخشىغان نەپىس مەدەنلەر مەجھۇل كانلار ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغاندەك، تالانتلار، قابىلىيەتلەر ھورۇنلۇق، بىكار تەلەپلىك ۋە بوشلۇق تومانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالماقتا.

ئىشلەش ۋە ئىلگىرىلەشنىڭ ھېسابىغا ئىشلەنگەن بۇ ئېغىر جىنايەتلەر ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھاياتىغا سان ساناقسىز مۇسىبەتلەرنى ھەم بەختسىزلىكلەرنى كەلتۈرمەكتە.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىككىنچى خەلىفە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەر ئىكەن: «دىققىتىمنى جەلب قىلغان بىرەر ئادەمنى كۆرگىنىمدە، ئۇنىڭ كەسپىنى سورايمەن. ئەگەر ئۇ ھۆنەر كەسپسىز بىرى چىقسا، شۇ ھامانلا ئۇ مېنىڭ نەزەرىمدىن چۈشىدۇ» .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كەسپدار مۇئمىننى ئاللاھ ياقتۇرىدۇ».

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، تەييارتاپ مىللەتنىڭ ئاللاھ تائالا نىڭ نەزەرىدىن چۈشكەندىن تاشقىرى، ئىشلەمچان، تىرىشچان ئەللەرنىڭ نەزەرىدىن چۈشىدىغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى ئىشلەپچىقىرىشتىن نېسىۋىسى بولمىغان، بوشلۇقتىن چىرىتىۋېتىلگەن ۋە تۈگىشىش ئالدىدا تۇرغانلارنى ھېچكىم ياقتۇرمايدۇ.

ئويلايمەنكى، ئەرەبلەرنىڭ، جۈملىدىن بارلىق ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىنىڭ ئالدىنقى سەۋەبلىرىدىن بىرى، ئۇلارنىڭ پىسخىكىگە سىڭىپ كەتكەن ھورۇنلۇق، تەييارتاپلىق ۋە چۈشكۈنلۈك بولسا كېرەك.

بۇنداق بىر خەلق تەييارتاپلىق ۋە بىكارتەلەپلىكنىڭ مىكروبلىرىدىن تازىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش تەرزىنى ئۆزگەرتمەيدىكەن، ئۇلارنىڭ دۇنيادا نەتىجە، ئاخىرەتتە نىجاتلىق قازىنىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

## ياخشىلىق ۋە دۇنيانىڭ چايانلىرى

بىر ياخشىلىق سۆيەر دانىشمەن ئادەم دېڭىز بويىدا ئولتۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ دېڭىزدىكى ۋە ئەتراپتىكى گۈزەل سەنئەتلىرىنى ۋە قۇدرەتلىرىنى تەپەككۇر قىلىۋاتاتتى. شۇ ئارىدا بىر چايان ئۆمىلەپ كېلىپ دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىدۇ ۋە سۇنىڭ ئېقىشىنىڭ تەتۈرىگە ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قاتتىق كۈچەيدۇ، ئەمما سۇدىن چىقىشنى بېجىرەلمەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھېلىقى ئادەم چايانغا ئىچ ئاغرىتىدۇ، ئۇنى سۇدىن قۇتقۇزۇشقا بەل باغلايدۇ ۋە قولىنى سوزۇپ چايانني قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن تۇتقىنىدا، ئۇنىڭ قولىنى چېقىۋالىدۇ، ئادەم چايانني تاشلىۋېتىپ قولىنى تارتىۋالىدۇ. بىرەر مىنۇت ئۆتمەستىن ئادەمنىڭ كۆزى يەنە چايانغا چۈشىدۇ، كۆڭلى يەنە بىردىنلا ئېرىپ كېتىپ ئۇنى قۇتقۇزغۇسى كېلىدۇ _ دە، قولىنى چايانغا سوزۇپ ئۇنى تۇتقىنىدا چايان يەنە ئۇنىڭ قولىنى چېقىۋالىدۇ. يەنە ئۇنى تاشلىۋېتىپ قولىنى تارتىۋالىدۇ، بۇ قېتىم قولى بەك ئاغرىيدۇ. ئۈچىنچى قېتىم يەنە چايانني قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تەمشەلگىنىدە، يېنىدا ئولتۇرغان بىر ياش ئۇنىڭغا «سىز قانداق ئىبرەت ئالمايدىغان ئادەمسىز؟ ئىككى قېتىم قولىڭىزنى چېقىۋالغان چايانني يەنە قۇتقۇزىمەن دەپ ئۆزىڭىزگە زىيان يەتكۈزەمسىز؟» دەيدۇ. ئەمما دانىشمەن ئۇنىڭ سۆزىگە پەسەنت قىلماي يەنە چايانغا قولىنى سوزىدۇ ۋە ئاخىرى ئۇنى سۇدىن قۇتقۇزۇپ چىقىپ دېڭىز بويىغا قويۇپ بېرىدۇ. ئاندىن ھېلىقى ياشنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «ئەي ئوغلۇم! چايانىنىڭ خاراكتېرى چېقىش، مېنىڭ خاراكتېرىم سۆيۈش ۋە ياردەم قىلىش تۇرسا، مەن قانداقلارچە ئۆز خاراكتېرىمنى ئۇنىڭ خاراكتېرىغا بويسۇندۇرغۇدەكمەن؟» دەيدۇ.

سىز ئۇرغۇن كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىپ ئۇلاردىن يامانلىقتىن باشقىنى كۆرمىگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. بۇ ئەھۋال سىزنى ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن توسۇپ قالالامدۇ؟

ياق. ياخشىلىق قىلىش ئېسىللىكنىڭ ئالامىتىدۇر. بىراۋنىڭ پەزىلىتىنى ئېتىراپ قىلىش، ياخشىلىق قىلغۇچىغا رەھمەت ئېيتىش ئادىمىيلىكنىڭ ئالامىتى بولۇپ، قەلبنىڭ سۈزۈكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىر _ بىرىگە ياخشىلىق قىلىش، قولىدىن كەلگەن ياردەمنى سۇنۇش ۋە ياخشىلىق قىلغۇچىنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرۇش ئارقىلىق ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇھەببەت _ دوستلۇق ۋە يېقىنلىق ئاشىدۇ.

ياخشىلىق قىلىشنىڭ چېكى يوق. ياخشىلىق چەكسىز، مىننەتسىز ۋە ئىككىلەنمەستىن قىلىنىدىغان پەزىلەتتۇر.

**قانداق قىلغاندا ئۆزىڭىزنى ياخشىلىقتا ئادەتلەندۈرەلەيسىز؟**

ئىنسان ياخشىلىق قىلىش يولىدا بەزى قىيىنچىلىقلارغا، توسقۇنلارغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى ۋە ياردىمىڭىزنى كۆرگەن ئىنسانلاردىن سىزگە يامانلىق كەلگەندە، ئەگەر سىز كۈچلۈك ئىمانغا، مۇستەھكەم ئىرادىگە ۋە سەرۋ _ تاقەتكە ئىگە بولمىسىڭىز بىر ئاندىلا ياخشىلىق قىلىشتىن سوغۇپ قېلىشىڭىز، ھەتتا ۋازكېچىشىڭىز مۇمكىن. چۈنكى ئىنسانلاردىن ئاش بەرگەن قازاننى چېقىپ تاشلايدىغان تۈزكوز، نان بەرگەن قولنى چىشلەيدىغان ئىت مىجەز ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس.

تۆۋەندىكىلەر سىزنىڭ ياخشىلىقتا داۋام قىلىشىڭىزغا ياردەمچى بولىدۇ:

1. سىزنىڭ باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭىزنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى دەپ بىلىشىڭىز لازىم. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەممىگە ياخشىلىق قىلغۇچى ۋە بىزلەرنىمۇ ياخشىلىقتا بۇيرىغان زاتتۇر. (ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك سەنمۇ باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغىن)[1]، (ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى پەقەت ياخشىلىق بولىدۇ)[2]. ھەر كىمگە ياخشىلىق قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بولغان ئىكەن، باش ئۈستىگە دەپ بۇ ئەمرنى ئورۇندىشىڭىز سىزنىڭ ئىمانىڭىزنىڭ تەقەززاسىدۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ سىزگە ئاتا قىلغان ئاتا _ ئىھسانلىرى، نېمەتلىرى ۋە ياخشىلىقلىرى بىلەن سىزنىڭ باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىزنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ. بۇ ۋاقىتتا سىزگە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن قىلىنىۋاتقان ياخشىلىقلارنىڭ قانچىلىك كۆپ ۋە چوڭلۇقىنى، سىزنىڭ باشقىلارغا قىلغانلىرىڭىزنىڭ ھېچ نەرسە ئەمەسلىكىنى، شۇنداقلا سىزنىڭ باشقىلارغا قىلغانلىرىڭىزمۇ ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە ھىدايىتى بىلەن بىلەن بولغانلىق ئېتىبارى بىلەن ئاللاھنىڭ ياخشىلىقى ھېسابلىنىدۇ.

3. قۇرئان كەرىمدىكى ياخشىلىقتا بۇيرىغان ئايەتلەر بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتىكى ھەدىسلىرىنىڭ مەنىسىنى بىلىپ، تىلىڭىزغا ھەمىشە جارى قىلدۇرۇڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ئۆزىڭىزدە سىزنى ھەمىشە ياخشىلىقتا ئۈندەپ تۇرىدىغان تۈرتكىنى ھاسىل قىلىسىز. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: (ئى ئىمان ئېيتقانلار! نىجات تېپىشىڭلار ئۈچۈن رەببىڭلارغا رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىڭلار ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىڭلار)[3].

---

[1] قەسەس سۈرىسى، 77 _ ئايەت.
[2] رەھمەن سۈرىسى، 60 _ ئايەت.
[3] ھەج سۈرىسى،77 _ ئايەت.

4. قانداقلا بىر ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى چوڭ بولىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقارماسلىق. بۇنداق قىلىش ئەلۋەتتە ياخشىلىقنى كۆپ قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا قىلغان ۋەدىلىرىنى ئەسكە ئېلىش ياخشىلىققا تۈرتكە بولىدۇ. (ياخشى ئىش قىلغانلارغا ئەڭ ياخشى مۇكاپات ۋە زىيادىسى[①] بار. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى قارىلىق ۋە خارلىق قاپلىمايدۇ. ئەنە شۇلار جەننەتكە كىرىدىغانلار بولۇپ، جەننەتتە مەڭگۈ تۇرغۇچىلاردۇر)[②].

بۇ دۇنيادا ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى ئاللاھ تائالا ئاخىرەتتە جەننەتنىڭ ئېسىل قەسىرلىرىگە كىرگۈزىدۇ. جەننەت ئەھلى جەننەتتە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان ۋە كۆڭۈلگە كەلتۈرۈپ باقمىغان نازۇنېمەتلەر بىلەن نېمەتلىنىدۇ.

كۇۋەيتتا چىقىدىغان«ئەل مۇجتەمە ژۇرنىلى»دىن تەرجىمە قىلىندى.

① بۇ ئايەتتىكى «مۇكاپات»تىن جەننەت، «زىيادىسى»دىن ئاللاھ تائالانىڭ جامالىنى كۆرۈش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
② يۇنۇس سۈرىسى، 26 _ ئايەت.

## ئۆمۈر بويى بەختلىك ياشاشنىڭ چارىلىرى

كۆڭۈلنى شاتلاندۇرۇشنىڭ تەن ساقلىقى ئۈچۈن ناھايىتى زور پايدىلىق ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. تۆۋەندە ھاياتىڭىزنى خوشاللىق ۋە ھۇزۇر _ ھالاۋەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈشىڭىزنىڭ بەزى چارىلىرى تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

1. ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇناسىۋەت

قەدىمدىن ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كۆپلىگەن تەتقىقاتلار بەندىنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشىنىڭ، ئۇنىڭغا ھەر ۋاقىت يۈزلىنىپ ئۇنىڭ يېقىنلىقىنى قازىنىشقا تىرىشىشىنىڭ دۇنيادا خاتىرجەملىكنىڭ، بەخت _ سائادەتنىڭ ۋە كۆڭۈل ئاراملىقىنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك ۋاستىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا.

2. تەبەسسۇم

تەن ساقلىقىڭىزنى ساقلاش ۋە باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزنى ياخشىلاش يولىدا مىجەزىڭىزنى ۋە يۈرۈش _ تۇرۇشىڭىزنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى تەبەسسۇم قىلىشتۇر. مۇندىن باشقا كىشىلەرگە تەبەسسۇم بىلەن قاراشنىڭ ئۆزى ساۋابلىق ئىشتۇر.

3. ئەر _ ئاياللىق مۇناسىۋىتى

ئەر _ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنى توغرا شەكىلدە ئېلىپ بېرىش ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تەن ساقلىقى ئۈچۈن زور پايدىلىق بولغانلىقىنىڭ سىرتىدا ئەر _ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى كۈچەيتىدۇ.

4. ئارام ئېلىش

ئارام ئېلىش بەدەننى ۋە ئەقىلنى راھەتلەندۈرۈش ئارقىلىق بۇ ئىككىسىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى تولۇپ ۋە جايىدا ئورۇندىشىغا ياردەمچى بولىدۇ. ئارام ئېلىش قان بېسىمىنىڭ ۋە يۈرەكنىڭ سېلىشىنىڭ نورماللىقىنى ساقلاش ئۈچۈن زور پايدىلىقتۇر.

5. تەنھەرىكەت قىلىش

تەنھەرىكەت قىلىش ئەقىل بىلەن تەننىڭ ساقلىقىنى ساقلاش، مەسئۇلىيەتلەرنى ئادا قىلىشتا روھلۇق بولۇش ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق ئىشتۇر.

6. يېتەرلىك ئۇيقۇ

ئۇيقۇ بەدەننىڭ ئېھتىياجلىق تەلەپلىرىدىن بىرى بولۇپ، كۆپلىگەن كىشىلەر دۇنيا ھەلەكچىلىكىدە يېتەرلىك ئۇيقۇغا ئېرىشەلمەيدۇ. نورمال ئۇيقۇنىڭ پايدىلىرى كۆپ بولۇپ، ئەڭ ئاساسلىقى تەنگە كۈچ ۋە ئېنېرگىيە ھاسىل قىلىش ۋە بەدەننىڭ كېسەلگە قارشى كۈچىنى ئاشۇرۇشتۇر.

7. دوستلار بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىش

دوستلار بىلەن مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش، ئۇلار بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىش تەن ساقلىق ئۈچۈن ئىجابىي تەسىرلەرنى بېرىدۇ، غەمكىنلىك، بىئاراملىق قاتارلىقلارنى يوق قىلىدۇ.

8. زېھىن سىناش ئويۇنلىرىنى ئويناش

زېھىن سىناش ئويۇنلىرىنى ئويناش، تېپىشماقلارنى تېپىش ئىنسانىنىڭ تەن ۋە ئەقلىنىڭ ساقلىقىغا پايدىلىق بولغان ئىشلاردۇر. چۈنكى ئەقىل سىناش ئويۇنلىرى بىلەن تېپىشماقلار ئادەمنى تەپەككۇر قىلىشقا، ئويلاشقا ۋە ئەقىل ئىشلىتىشكە ئۈندەيدۇ.

9. ئىجابىي بولۇش

ھاياتىڭىزنىڭ ھەممە باسقۇچلىرىدا، خۇسۇسەن ياشانغان ۋاقتىڭىزدا ئىجابىي بولالىسىڭىز بۇ سىزنىڭ تەن ساقلىقىڭىز ساقلاشقا يېتەرلىكتۇر.

«ئەل مۇجتەمە» ژۇرنىلىدىن تەرجىمە قىلىندى.

## ئاچچىق لىموندىن تاتلىق ئىچىملىك ياساش

ھاياتلىق مۇساپىسىدە ھەمىشە خوشاللىق، ھەمىشە ئۇتۇقلا بولمايدۇ. ئىنسان بەزىدە ماددىي ۋە مەنىۋى زىيان _ زەخمەتلەرگە، يېڭىلىشلارغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. زىيان _ زەخمەت ئاچچىق، يېڭىلىش ئاچچىق، پىلانىنىڭ بەربات بولۇشى ئاچچىق، دېمەك زىيان تارتىش شۇنداق ئاچچىق نەرسە.

ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر خۇددى ئاچچىق لىموندىن تاتلىق ئىچىملىك ياسىغاندەك بۇ ئاچچىق زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرالايدۇ.

ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي «ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «نۇرغۇن كىشىلەر ئالدىغا چىققان قىيىنچىلىق ۋە توسقۇنلۇقلارنى كۆرۈپ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىدىن ۋازكېچىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۆزلىرىنىڭ قابىلىيىتىنى ئىشقا سالالمايدۇ. ئەگەر ئىنسانلار بىلسە ئىدى، قىيىنچىلىقلار ۋە توسقۇنلۇقلار تالانتلارنى ئۆستۈرىدىغان مۇنبەتلىكلەردۇر. نۇرغۇنلىغان تالانتلار قىيىنچىلىق ۋە توسقۇنلۇق ئىچىدە بىخ ئۇرۇپ چىققان».

دائىل كارنېگ مۇنداق دەپ يازغان: «كاتتىلار ۋۇجۇدقا چىقارغان غەلىبىلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىرەردىن كەمچىللىك ھېس قىلىشنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئوتتۇرىغان چىققان. مەسىلەن: شائىر مىلتون ئەگەر ئەما بولمىغان بولسا، شۇ مەشھۇر شېئىرىنى يازالمىغان بولار ئىدى. بىتخۇۋىن ئاڭلىماس بولمىغان بولسا، شۇ مەشھۇر مۇزىكا ئەسىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان بولار ئىدى. چۈنكى، بۇ مېيىپ ئىنسانلار ئۆزلىرىگە كەلگەن بۇ ئاچچىق قىسمەتنى قوبۇل قىلغان. ئاندىن ئۆزلىرىدىكى كەملىكنى تالانتقا، ئاچچىقنى تاتلىق شارابقا ئۆزگەرتىشكە تىرىشقان. مانا بۇ ئاچچىق لىموندىن تاتلىق ئىچىملىك ياسىغانلىقتۇر».

### تالانتنى قىيىنچىلىقلار تۇغىدۇ

دالى كارنېگ[①] ئېمىرسوننىڭ «ئىجادىيەت كۈچى»ناملىق ئەسىرىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «قىيىنچىلىق ۋە توسقۇنلۇقلاردىن خالىي بولغان مۇقىم تۇرمۇش ئۇلۇغ ئادەملەرنى يارىتىدۇ دەپ كىم ئېيتىپتۇ؟ ئىش تامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ، يەنى ئۇلۇغ ئادەملەرنى ۋە نادىر تالانتلارنى پەقەت قىيىنچىلىقلار بىلەن توسقۇنلۇقلار يارىتىدۇ. ئۆزىگە مەرسىيە ئوقۇشقا ۋە تۇرمۇشتىن شىكايەت قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغانلار قاتمۇقات يېپەكنىڭ ئۈستىدە يېتىپ راھەتلەنسىمۇ يەنىلا مەرسىيەسىنى ۋە شىكايەتلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. تارىخ گۇۋاھكى، ئۇلۇغلۇق بىلەن سائادەت ئۆز تىزگىنىنى ياخشىسىمۇ بار، يامىنىمۇ بار ۋە ياخشىسى بىلەن يامىنى پەرق ئېتىلمەيدىغان مۇھىتلاردا ئۆسكەن ئەزىمەتلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزغان».

### ئىنسانلار بىر خىل ئەمەس

ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي يەنە مۇنداق دەپ يازغان: «ھەركىمدە ئاچچىقنى تاتلىققا، قايغۇنى خوشاللىققا ئۆرۈيەلەيدىغان قۇۋۋەت يوق. دەرتلىنىشكە ۋە شىكايەتكە ئادەتلىنىپ قالغانلارنىڭ مۇنداق قىلالىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. پەقەت قەلبى چوڭ، سەۋرىسى تولۇق ۋە ئىرادىلىك ئىنسانلار شۇنداق قىلالايدۇ. 19 _ ئەسىرنىڭ ئىسلاھاتچى ئۆلىماسى شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە تۈرمىدىكى ھاياتىنى تەسۋىرلەپ ‹مېنىڭ تۈرمىگە تاشلانغانلىقىم مېنىڭ ئۈچۈن خىلۋەت، يۇرتۇمدىن پالانغانلىقىم مېنىڭ ئۈچۈن ساياھەت، جاپالىرىم رىيازەتتۇر› دېگەن ئىكەن».

---

[①] دالى كارنېگ-ئامېرىكىلىق مەشھۇر يازغۇچى، تونۇلغان پسىخولوگىيە ئالىمى، ئامېرىكىدىكى«دېيىل كارنەك نامىدىكى ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتى»نىڭ قۇرغۇچىسى ۋە سابىق مۇدىرى. 1888-يىلى 24-نويابىر كۈنى ئامېرىكىدا دۇنياغا كېلىپ، 1955-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. دالى كارنېگھاياتىدا نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭ«قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ»،«سۆزلەش تاكتىكىسى»، «قانداق قىلغاندا دوستلارنى قازانغىلى ۋە كىشىلەرگە تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدۇ؟» ناملىق ئەسەرلىرى دۇنيادا بويىچە شۆھرەتكە ئېرىشكەن ئەسەرلەردىن بولۇپ، ھازىرغىچە كۆپلىگەن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.

## تەنقىدمۇ قىممىتىڭىزگە قاراپ بولىدۇ

ھېچ ئىش قىلمىغان ئادەمنى ھېچكىم تەنقىدلىمەيدۇ. ئەمما بىرەر ئىش قىلغان، خۇسۇسەن بىرەر ئۇتۇق قازانغانلارغا مەدھىيىدىن كۆپرەك تەنقىدلەر ياغىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا تەنقىد ۋە تەنقىدلەش دېگەنلەر بولۇپ تۇرىدۇ. شۇ ئېنىقكى، تۈزىتىش بېرىش ۋە ئىسلاھ قىلىش مەقسىتى بىلەن قىلىنغان تەنقىدنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئىنكار قىلمايدۇ.

ئەمما تەنقىد بىراۋدىن ئۆچ ئېلىش ياكى ئۇتۇق قازانغان بىرىگە كۆز قىزارتىش مەقسىتى بىلەن ئېلىپ بېرىلغاندا، ھەرگىز ئىجابى نەتىجە بەرمەيدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى تەنقىد كۆرەلمەسلىكنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان سەلبىي تەنقىد بولۇپ قالىدۇ.

ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي«ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: كۆرەلمەسلىكتىن ئىبارەت بۇ رەزىل ئىللەت ئىنسانلار يەر يۈزىگە پەيدا بولغاندىن بېرى مەۋجۇدتۇر. دۇنيادا شۇنداق ئىنسانلار باركى، بىراۋدا كامالەتنىڭ ئالامەتلىرى جىلۋىلەنسە ياكى ئاللاھ ئاتا قىلغان بىرەر تالانت ئوتتۇرىغا چىقسا، ئۇلار قاتتىق بىئارام بولۇپ، ئىزتىراپ چېكىدۇ، تاكى بۇ ئارتۇقچىلىق يوقالمىغىچە قەتئىي راھەت ئالالمايدۇ.

بۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى كۆرۈمسىز گۈزەللىكنى ئۆزى ئۈچۈن تەھدىد، ئەقىلنى ئۆزى ئۈچۈن دۈشمەن دەپ قارايدۇ.

دائىل كارنېگ «نۇرغۇن كىشىلەر مەدەنىيەت ياكى شۆھرەت ياكى ئۇتۇق جەھەتتە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان كىشىلەرنى قارىلاش ئارقىلىقلا ئۆزلىرىگە تەسەللى تاپالايدۇ، دېگەن ئىكەن».

قەدىمدە بىر ئەرەب شائىرى مۇنداق دېگەن ئىكەن:

سەۋر قىلغىن ھەسەت قىلسا، سەۋرىڭ ئۇنى ئۆلتۈرەر،

تۈگەپ قالسا يېقىلغۇلار، ئوتمۇ ئۆزىن كۆيدۈرەر.

يەنە بىر شائىر مۇنداق دېگەن ئىكەن:

قاۋىغان ھەر ئىتقا ئاتماق بولسا ئىدى بىردىن تاشنى،

بېسىپ چۈشەردى تاشنىڭ باھاسى ئالتۇن _ كۈمۈشنى.

ئامېرىكىلىق يازغۇچىلاردىن بىرى مۇنداق دېگەن ئىكەن: كىشىلەرنىڭ تىلىنى باغلاپ قويغىلى كۈچۈم يەتمەيدىغانلىقى ئۈچۈن كۈچۈم يېتىدىغان ئىشنى قىلىشنى بىلىۋالدىم، ئۇ بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ تەنقىدلىرىگە ۋە مالامەتلىرىگە پەرۋا قىلماسلىقتۇر.

ئامېرىكىنىڭ سابىق رەئىسلىرىدىن بىرى ئىبراھام لىنكولىن: ئەگەر ماڭا كەلگەن تەنقىدلەرنى ئوقۇماقچى بولسام، مېنىڭ ۋاقتىمنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى ئوقۇش ۋە رەددىيە بېرىش بىلەنلا ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى. شۇڭا مەن ماڭا قارىتىلغان تەنقىدلەرگە پەرۋا قىلمايمەن. مۇھىم بولغىنى ۋەزىپەمنى تولۇق ئادا قىلىشتۇر. چۈنكى مەن ۋەزىپەمنى تولۇق ئادا قىلىپ، نەتىجە يارىتالىسام، ماڭا قارىتىلغان بۇ تەنقىدلەر ئۆزلىكىدىن يوقىلىپ كېتىدۇ، دېگەن ئىكەن.

## غەلىبىنىڭ كاپالىتى بولغان 8 ئامىل

كۈۋېيتتا چىقىدىغان«ئەل مۇجتەمە» ژۇرنىلىنىڭ 2012 _ يىلى10 _ ئاپرېل سانىدا، «غەلىبىنىڭ كاپالىتى بولغان8 ئامىل»دېگەن تېمىدا بىر ماقالە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ماقالىدە، ھەر قانداق چوڭ ئىش قىلماقچى بولغان ئادەمنىڭ بىلىشى زۆرۈر بولغان 8 تۈرلۈك مەسىلە ناھايىتى ئىخچام بايان قىلىنغان. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. مەسئۇلىيەتچان بولۇش

قىلغان ئىشىڭىزنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىڭىزگە ئالماسلىق ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى مەسئۇلىيەتتىن قاچۇرۇش ناھايىتى ئوڭاي ئىش. ئەگەر شۇنداق قىلسىڭىز سىزنىڭ مەغلۇب بولۇشىڭىز ئېنىق. شۇڭا ئىشىڭىزدا مەسئۇلىيەتچان بولۇڭ.

2. پىلان تۈزۈش

ئىشلارنىڭ ئالدى _ كەينىنى ياخشى ئويلاپ، پۇختا پىلان تۈزمەستىن، بولۇشىغا باشلىغان ئىشنىڭ كاپالىتى يوق. چۈنكى مۇنداق قىلىش تەۋەككەلچىلىك بولۇپ، تەلىيى ئوڭدىن كەلمىسە، زىيان تارتىدىغانلىقى ئېنىق. شۇڭا قانداقلا بىر چوڭ ئىشنى باشلاشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭ پىلانىنى پۇختا تۈزۈپ چىقىش لازىم.

3. ھېچ نەرسە بىكارغا كەلمەيدۇ

چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى دۇنيادا ھېچقانداق نەرسە بىكارغا كەلمەيدۇ. قانداقلا بىر چوڭ ئىشنى يۈرۈتمەكچى بولغان ئادەم ئاۋۋال مۇلازىمەتنى ياخشى قىلىشقا ۋە ئىقتىدارلىق كادىرلارنى تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىشكە موھتاج. شۇڭا چوڭ ئىش قىلىمەن دېگەن ئادەم چوڭ بەدەل تۆلەشكە ئۆزىنى ھازىر تۇتۇشى لازىم.

4. مەنىۋى تەرەپنىمۇ قولدىن بەرمەسلىك

سىز قىلماقچى بولغان ئىش سىزنىڭ قىزىققان كەسپىڭىز بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر مۇنداق بولسا، سىزگە كۆپ ياخشى بولىدۇ. چۈنكى ئادەم ئۆزى قىزىققان كەسىپنى ياكى ھەر قانداق بىر ئىشنى مۇكەممەل ئورۇندايدۇ ۋە قېتىرقىنىپ ئىشلەيدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، سىز ئۆزىڭىزنى يېتىشتۈرۈشكە ۋە ئىشقا بولغان قىزىقارلىقىڭىزنى ئاشۇرۇشقا موھتاجسىز.

5. نىشاننى مەركەز قىلىش

سىزنىڭ ۋە ئىشىڭىزنىڭ كېلىچىكى ئۈچۈن نىشانىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەمىشە شۇنىڭ كويىدا بولۇشىڭىز ۋە شۇنى ئويلاپ، شۇنى چۈش كۆرىشىڭىز لازىم. جاك كانۋېلد بىلەن ماك ھانسۇن قاتارلىقلارمۇ توسقۇنلۇقلار ۋە قىيىنچىلىقلار ئالدىدا تىز پۈكمەستىن، نىشاننى مەركەز قىلغان ھالدا تۇرماستىن ئىلگىرىلىگەن، ھەتتا ھەر ھەپتىسى ئونلارچە سۆھبەت ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىنى زېرىكمەستىن تونۇشتۇرغان، ئېلان قىلغان. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ كىتابلىرى دۇنيا بويىچە ئەڭ كۆپ سېتىلغان كىتابلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.

6. نىشانىڭىزنى يېزىڭ

پىلانسىز نىشانغا يېتىمەن دېگەنلىك لوس ئانگىلىستىن شىكاگوغا ئاپتوموبىل ھەيدەپ خەرىتىسىز بارىمەن دېگەنلىكتۇر. پىلانى يېزىلمىغان نىشان پەقەت قۇرۇق خىيالدىنلا ئىبارەت بىر نەرسىدۇر.

7. باش ئەگمەسلىك

نىشانىڭىزنى مۇكەممەل شەكىلدە ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا سىز ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلار ۋە كېلىشمەسلىكلەرگە باش ئەگمەسلىكىڭىز لازىم. بۇ يولدا بېشىڭىزغا كېلىدىغانلارغا قارشى سىزدە ئالدىن تەييارلىق بولۇشى لازىم. ئۇ بولسىمۇ، مۇستەھكەم ئىرادە، چىدام ۋە زور كۈچتۇر. بۇ ئۈچ نەرسە مەكمۇ مۇھىمدۇر.

8. ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىش

ھەر كىمنىڭ ۋاقتى چەكلىك. ھېچكىم مەڭگۈگە ياشىمايدۇ. ئۆتكەن ھەر بىر كۈن سىزنىڭ نىشانىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پۇرسىتىڭىزنى كېمەيتىپ ماڭىدۇ. ئىلگىرى يا كېيىن ھاياتىڭىز چوقۇم ئاخىرلىشىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ خوشال بولارلىق تۇيغۇ ئەمەس، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئەمما بۇ ھەقىقەت!

ۋاقىت سىزنىڭ ھاياتىڭىز، ۋاقىت سىزنىڭ پۇرسىتىڭىز. ئۇنداقتا ۋاقتىڭىزنى پايدىلىق ئىشلارغىلا سەرپ قىلىڭ!».

## دىيانەتلىك ياشاش ئىنسان خىسلىتىدۇر

دۇنيادىكى دىنلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئاۋۋال كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئوڭشاش ۋە بىر _ بىرىگە ھەقسىزلىق قىلماستىن، بىر _ بىرىنى زىيانغا ئۇچراتماستىن، ھەممە باراۋەر ھايات كەچۈرۈشنى غايە ۋە مەقسەت قىلىدىغانلىقىنى مۇتەپەككۇرلار سۆزلىمەكتە.

ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي «ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىسلام ئەقلىي ساھەدە پىكىرنى رەتكە سالىدىغان، ئىجتىمائىي ۋە پسىخىكا ساھەدە ھېس _ تۇيغۇنى ئەخلاق _ پەزىلەتكە ئۈندەيدىغان ئىلاھىي كۈچتۇر. ئۇ بارلىق تەلىماتلىرى ئارقىلىق ئىنساننى ھەقىقەتكە ۋە كامالەت دەرىجىلىرىگە ئېلىپ بېرىشقا قادىردۇر. ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشتىن مەقسەت شەكلىي رەسىيەتلەرنى ئورۇنداپ قويۇش ئەمەس، بەلكى ئەقىلنىڭ ھەقىقەتنى تونۇشتىكى ئۆتكۈرلىكىنى ئاشۇرۇش، ھاۋايى _ ھەۋەسلەر ئۈستىدىن قانداق غەلىبە قىلىشنى ئۆگىنىش، كىشىلەرگە يامانلىق قىلىشتىن ۋە ھەقسىزلىقتىن يىراق ھالدا شەرەپلىك ھايات كەچۈرۈش يولىغا داۋام قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، ناماز ۋە زاكاتقا ئوخشىغان پەرزلەرنى ئادا قىلىش بولسا، ئىنسان ھاياتىدا ئەكس ئېتىدىغان مەشئەل بولۇپ، ئۇنىڭ يورۇقىدا ئىنساننىڭ توغرا يولنى تېپىۋېلىشى، ھېچ ئېزىپ كەتمەي، ھەقىقەتكە تۇتاشقان ھالدا ھايات كەچۈرۈشنى كاپالەت قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. ئىبادەتلەرنى ئورۇنداپ تۇرۇپمۇ، مۇشۇ نۇردىن پايدىلىنىپ يول تاپالمىغانلارنىڭ قىلغۇاتقان زاھىرى ئىبادەتلىرىدىن ياخشىلىق يوقتۇر. چۈنكى مۇنداقلار ئىبادەت قىلىپ ئۇنىڭ مېۋىسىنى يېيەلمىگەنلەردۇر. ئوغرىلىق، زىنا، غەيۋەت، ھەسەت، ھەقسىزلىق قاتارلىق رەزىللىكلەر ئىنسانلارنىڭ ئەقلىگە، ئەخلاقىغا ۋە بەخت _ سائادىتىگە زىيانلىق بولغانلىقتىن چەكلەنگەن. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ((ئى ئادەم ئەۋلادى! سىلەرگە مېنىڭ تەرىپىمدىن ھىدايەت كەلگەندە، كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشسە، ئۇ ئازمايدۇ ۋە بەختسىزلىككە ئۇچرىمايدۇ. كىمكى مېنىڭ زىكرىم (بولغان قۇرئان)دىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى جاپالىق بولىدۇ، قىيامەت كۈنى بىز ئۇنى كور ھالىتىدە توپلايمىز)[1] دەيدۇ».

### ئىماننىڭ تەقەززاسى

ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي مەزكۇر ئەسىرىدە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىماننىڭ تەقەززاسى ئىنساننىڭ ئۆز چەك _ چېگرىسىنى بىلىشى ۋە توختايدىغان جايدىن چەتنەپ كەتمەسلىكىدىن ئىبارەت. ئىنسان ئۆزىنىڭ چەك _ چېگرىسىنى بىلگەندە، قىلىشقا تېگىشلىكلەرنى ۋە قىلماسلىققا تېگىشلىكلەرنى تونۇغان بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھاياتىنى رەتكە سالىدۇ. ئەمما ئىنتىزامسىز ياشاش، كۆڭۈل ئىستىگەنلىكى نەرسىنىڭ ئارقىسىدىن چېپىش دىيانەتلىك ئىنسانغا ياراشمايدىغان قىلىق.

ئىمان ئىنسان قەلبىدە مۇستەھكەم ئورۇن ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن يولباشچى بولالىغان ۋاقىتتا، ئىنسان توغرىلىق ۋە ھەققانىيلىق ئىچىدە ھايات كەچۈرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى ئىمان ئۇنىڭ قىڭغىرلىقلىرىنى ۋاقتىدا ئوڭشاپ، ئۇنى ئالىيجانابلىققا ئۈندەپ تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەر قانداق ئادەم خاتالىشىدۇ، خاتالاشقۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر»[2]دەپ كەلگەن. دالى كارنېگ «ئىنسان چوقۇم خاتالىشىدۇ. خاتالىقتىن خالىي بولۇش ئۇنىڭ ئارزۇسىمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ خاراكتېرىمۇ ئەمەس» دېگەن ئىكەن. شۇڭا ئىنساننىڭ بىلىپ _ بىلمەي ئازغۇنلۇق يولىغا كىرىپ قالماسلىققا تىرىشىشى، ناۋادا كىرىپ قالغان تەقدىردە ئۇنىڭدا ئىلگىرىلەپ كېتىپ قايتقىلى بولمايدىغان تۇياق يولىغا كىرىپ قېلىشتىن ساقلىنىشى زۆرۈر. بۇ ھالەتتە ئەڭ قىسقا يولدىن قايتىش تولىمۇ مۇھىم. تۈركلەردە «زىياندىن قانچىلىك تېز قۇتۇلساڭ، شۇنچىلىك ياخشى» دەيدىغان ھېكمەت بار.

---

[1] تاھا سۈرىسى: 124 _ 125 _ ئايەت.

[2] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

## ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ

دۇنيادا كۆپلىگەن نەرسە ئىختىيارسىز ھالدا يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. كۈنلەر، پەسىللەر، دەل _ دەرەخلەر ۋە باشقىلار تۇرماستىن ئۆزگىرىپ ۋە يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. پەقەت ئىنسان ھاياتىلا تىرىشچانلىق بولماستىن ئۆزلىكىدىن يېڭىلانمايدۇ ۋە ئۆزگەرمەيدۇ.

ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي«ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ»ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىنسان ئۆز ھاياتىدا يېڭى بىر بەت ئېچىشنى خالايدۇ. ئەمما تولىراق بۇ يېڭىلىقنى ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشى ياكى باشقا بىر جايغا يۆتكىلىش دېگەندەك مەجھۇل ۋاقىتلارغا تاپشۇرۇپ قويۇپ ئۇنى كۈتىدۇ. بەزىسى بۇ يېڭىلىقنى مەلۇم بىر پەسىلگە ياكى تۇغۇلغان كۈنىگە ئوخشاش مۇئەييەن كۈنگە ياكى يېڭى يىلنىڭ كىرىشىگە باغلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈن ئۆتىدۇ، ۋاقىت ئۆتىدۇ. كۆپ ھاللاردا بۇ ھاياجان يوقاپ كېتىدۇ. ئۇ مۇشۇنداق كىچىكتۈرۈش ئارقىلىق گويا غەيبتىن بىر كۈچ كېلىپ ئۇنى بىر ئاندىلا ئۆزگەرتىپ قويىدىغاندەك ياكى تۇيۇقسىزدىن ھاياتى يېڭىلىنىپ قالىدىغاندەك كۈتىدۇ.

بۇ پەقەت خام خىيال ۋە ئالدىنىشتۇر، بەس. چۈنكى ھاياتنى يېڭىلاش پەقەت ئىنساننىڭ ئۆز ئىچىدىن كەلگەن تىرىشچانلىق بىلەن بولىدۇ. بىرەر ئىشقا مۇستەھكەم ئىرادە ۋە چىدام بىلەن ئالدىنى قىلغان ئادەمنى ئوكيىسىزلىقلار ۋە توسالغۇلاپ باش ئەگدۈرەلمەيدۇ ۋە ئىرادىسىدىن قايتۇرالمايدۇ. بۇ خۇددى يەرنىڭ ئاستىدىكى ئۇرۇقچىنىڭ قاتتىق تۇپراقنى تېشىپ چىققىنىدەك بارلىق توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ چىقىدۇ. ئىنسان ئۆزىدىكى چەكلىك قۇدرەت، چەكلىك ۋاقىت ۋە چەكلىك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھاياتنى يېڭىدىن قۇرۇپ چىقالايدۇ. ئىشلارنى كېچىكتۈرۈشكە ئۆزۈر يوق».

### ھاياتىڭىزنى مەجھۇل قەدەرنىڭ ئۇستىگە قۇرماڭ

ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي مەزكۇر ئەسىرىدە يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ھاياتىڭىزنى غەيبتىن كېلىدىغان مەجھۇل قەدەرنىڭ ئۇستىگە قۇرماڭ. چۈنكى ئۇ سىزگە ياخشىلىق ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. بۈگۈنكى ھاياتىڭىزلا سىزگە ئائىت ھاياتتۇر. سىز ئەھمىيەت بېرىشكە ۋە چىڭ تۇتۇشقا تېگىشلىك ھايات مۇشۇدۇر. ئىشلارنى بۈگۈندىن باشلىسىڭىز پايدىنى سىز تاپىسىز. كېچىكتۈرۈشنىڭ مەنىسى يوق. قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈش، يېڭى پىلاننى ئورۇنداش ئىشنى ئارقىغا سۈرۈش، دەرھال تۈزىتىشكە تېگىشلىك ئىشلارنى ئەتىگە قويۇش زىياندىن باشقىسىنى كەلتۈرمەيدۇ. بەلكى بۇنداق كېچىكىش ئادەمنى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋاللارغا سۆرەپ ئاپىرىشى مۇمكىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «پۇشايمان قىلغۇچى ئاللاھتىن رەھمەت كۈتىدۇ، ئۆزىگە ئىشىنىپ كۆرەڭلىگۈچى جازاسىنى كۈتىدۇ. بىلىڭلاركى، ھەر كىم ئۆزى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ، ھېچكىم بۇ دۇنيادىن ياخشى ئىشىنىڭ ياخشىلىقىنى، يامان ئىشلىرىنىڭ يامانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ ئايرىلمايدۇ. ئەمەللەرنىڭ نەتىجىسى ئۇنىڭ تۈگەنچىسى بىلەن خۇلاسىلىنىدۇ. كېچە بىلەن كۈندۈز سىلەر ئۈچۈن يارىتىلغان بولۇپ، بۇ ۋاقىتلارنى ياخشى ئەمەللەر بىلەن تولدۇرۇڭلار، ئىشلارنى كېچىكتۈرۈشتىن ھەزەر قىلىڭلاركى، ئۆلۈم دېگەن تۇيۇقسىز كېلىدىغان نەرسە. ئاللاھنىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكىگە ئىشىنىپ غەپلەتتە قالماڭلار. جەننەت بىلەن دوزاخ سىلەرگە ئاياق تېۋىشىڭلاردىنمۇ يېقىندۇر»[1]. ئىنسان ھاياتنى يات _ يات رەڭگە سېلىپ تۇرسا، كەمچىلىكلىرىنى تۈزىتىپ، پەزىلەتلىرىنى ئاشۇرۇپ تۇرسا، نېمىدېگەن ياخشى _ ھە!»

---

[1] ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

## ھېنرى فوردنىڭ غەلىبىسى

ھاياتىدا ئۇنتۇلماس ئىشلارنى قىلغان ۋە چوڭ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئىنسانلارنىڭ قىسسىلىرىنى ئوقۇش ئادەمگە روھىي مەدەت ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ئۆلىمالار سۆزلىمەكتە. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، تارىخ ۋە تەرجىمىھاللارنى ئوقۇغانىنىڭ پايدىسى بولمىغان بولار ئىدى.

كۈۋېيتتا چىقىدىغان «ئەل مۇجتەمە» ژۇرنىلىنىڭ 2012 _ يىلى13 _ ئاپرېل سانىدا ئېلان قىلىنغان «فوردنىڭ غەلىبىسى»دېگەن بىر ماقالىدە، ئەڭ قەدىمىي ئاپتوموبىل«فورد»نىڭ ئىجادكارى ھېنرى فوردنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى تونۇشتۇرغان بولۇپ، ماقالىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان:

19 _ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ھېنرى فورد مەلۇم بىر ئېلېكتىر ئېنېرگىيە شىركىتىدە ئىسلەيدىغان ئاددى بىر ئىشچى ئىدى. ئۇ كۈندە 11 سائەت ئىشلەش بەدىلىگە ھەپتىدە 11 دوللار ئىش ھەققى ئالاتتى. ھېنرى كۈنلۈك 11 سائەتلىك جاپالىق ئەمگەكتىن كېيىن، ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى كىچىككىنە كەپىسىگە كىرىۋېلىپ يېڭى بىر موتور ياساش يولىدا يېرىم كېچىگىچە ئىشلەيتتى. ھېنرىنىڭ ئاتا _ ئانىسى ئۇنىڭ كېچە ئۇخلىماي قىلىۋاتقان بۇ ئىشلىرىنى ئەھمىيەتسىز ئىسلار دەپ قارايتتى ۋە ھېنرىنىڭ چوڭ ئىشلارنى قولغا كەلتۈرۈشىگە ئىشەنچ قىلمايتتى. ھەممە ئۇنىڭغا كۈلەتتى، دوستلىرىمۇ ئۇنى مەسخىرە قىلاتتى. پەقەت ئۇنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسىدە كاتتا بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىدىن شەكلەنمەيتتى. شۇڭا ئۇ ئېرىگە ھەمىشە مەدەت بېرەتتى، ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. كېچىلىرى ئۇنىڭ بىلەن بىللە شۇ كىچىككىنە كەپىسىدە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولاتتى. قىش كۈنلىرى كېچىلىرى سوغۇقتىن قوللىرى تىترەپ تۇرۇپ، ئېرىگە جىن چىرىغىنى تۇتۇپ بېرەتتى، ئېرىگە ياردەم قىلىشتىن قەتئىي زېرىكىپ قالمايتتى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ھېنرى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئايالىنى مىجاختايررى ۋە ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلاتتى».

**فورد ئاپتوموبولى3 يىلدا ياسىلىپ بولغان**

ماقالىدە يەنە مۇنداق دەپ يېزىلغان: «ھېنرى فورد كىشىلەرنىڭ مەنستىمەسلىكىگە، دوستلىرىنىڭ مەسخىرە قىلىشلىرىغا ۋە ئاتا _ ئانىسىنىڭ ئىشەنمەسلىكىگە قارىماي، ۋاپادار ئايالىنىڭ قوللىشى ۋە ياردەم قىلىشى بىلەن 3 يىل جاپالىق ئەمگەك سەرپ قىلىش بەدىلىگە دۇنيادا تۇنجى ئاپتوموبىل «فورد»ئاپتوموبىلىنى ياساپ چىقىدۇ. ھېنرى فورد ھاياجانغا تولغان ھالدا، ھېلىقى كىچىككىنە كەپىدىن 4 چاقا بىلەن ماڭىدىغان موتورلۇق بىر هارۋىنى ھەيدەپ چىققىنىدا كىشىلەر كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالغان ئىكەن. بۇ دەل 1893 _ يىلىنىڭ ياز ئايلىرى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ھېنرى فورد ئىنسانىيەت ئۆچۈن ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان شەخس بولۇپ تارىخقا قەيت قىلىندى. ھېنرى قۇرغان فورد شىركىتى دۇنيادا ئەڭ مەشھۇر شىركەتلەردىن بولۇپ داۋام قىلماقتا».

## ئۆزىدىن ئۆزى ھېساب ئېلىش

بىز ئۇيغۇرلاردا «ئۆزىنى سورىغان خاننىڭ ئالدىغا بارماپتۇ» دەيدىغان ھېكمەت بار. دانالارغا كۆرە، ئىنسان ھەر ۋاقىت ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، خاتا كەتكەن تەرەپلىرىنى تۈزىتىپ، ياخشى تەرەپلىرىنى مۇستەھكەملەپ تۇرىدىغان بولسا، بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مالامەتكە قېلىشتىن ئۆزىنى ساقلاپ قالالايدۇ.

ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي «ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «دۇنيادا ھەر قانداق بىر مۇھىم ئىشنىڭ ھېساباتى بولىدۇ، ئۇنىڭ كىرىمى، چىقىمى، پايدىسى ۋە زىيىنى ھېسابلىنىپ تۇرىدۇ. پەقەت ئىنسان ھاياتى مەجھۇل تەرەپكە خۇددى سۇدەك ئېقىپ كېتىۋېرىدۇ.

مەخسۇس بىر دەپتەر تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى بىلەن يامان ئىشلىرىنى خاتىرىلەپ تۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىن توپلىغانلىرىنى بىلىپ تۇرۇشنى ئويلاپ باققان ئادەم بارمىدۇ؟ ئەلۋەتتە بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى بۇلارنى تولۇق خاتىرىلەپ تۇرىدۇ. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق كەلگەن: (كىشىلەرنىڭ نامە _ ئەمالى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، گۇناھكارلارنىڭ ئۇنىڭدا خاتىرىلەنگەنلەردىن قورقىدىغانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار: «ۋاي ئىسىت! بۇ قانداق كىتاب؟ چوڭ _ كىچىك ھېچبىر ئىشنى چالا قويماي تولۇق خاتىرىلەپتۇغۇ؟» دەيدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇلار قىلغان _ ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامە _ ئەمالىغا خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، رەببىڭ ھېچكىمگە ئۇۋال قىلمايدۇ[1]).

ئۆزىمىزنىڭ نامە ئامالىمىزنى ئۆزىمىز خاتىرىلەپ قويساق ياكى ئۆزىمىز بىلىپ تۇرساق ياخشى ئەمەسمۇ؟ دۇنيادا ھېچقانداق سودىگەر ئۆزىنىڭ تىجارىتىدىكى پايدا _ زىيانىنى ھېسابلىماي تاشلىۋەتمەيدۇ، ھەر ماگىزىن ئىگىسىمۇ ماگىزىنى ئىچىدىكى تاۋارلارنىڭ ھېسابىنى بىلىدۇ. ئادەتتىكى ئادەملەرمۇ ئىقتىسادىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، بانكىدا قانچىلىك پۇلى بارلىقى ۋە يېنىدا قانچىلىك بارلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئەمما ئىنسان ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن قىلغان ئەتكەنلىرىنى بىلمەيدۇ، بىلگەندىمۇ بۇ دەرىجىدە بىلمەيدۇ».

### ئىنسان ئۆزىدىن ئۆزى ھېساب ئېلىپ تۇرۇشقا موھتاج

تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرى ئادەمنىڭ پات _ پات ئۆز _ ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بۇ ماۋزۇدا «سىلەردىن ھېساب ئېلىنىشتىن بۇرۇن ئۆز _ ئۆزۈڭلاردىن ھېساب ئېلىڭلار، ئەمەللىڭلار تارازىغا قويۇلۇشتىن بۇرۇن ئۇنى ئۆزۈڭلار تارتىپ كۆرۈڭلار» دېگەن. ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىدىن ئىبنى مۇقەففە ئىنسان ئۆزىدىن سادىر بولغان بارلىق ئىشلارنى خاتىرىلەپ مېڭىشى لازىم دېگەن بولسا، دالى كارنېگ ئىنسان ئۆزىدىن سادىر بولغان خاتالىقلارنىلا خاتىرىلەپ ماڭسا يېتەرلىك دەپ قارايدۇ. دالى كارنېگ ئۆزى توغرۇلۇق توختىلىپ «مەن ئىش ئۈستەلىمنىڭ تارتمىلىرىنىڭ بىرىدە ئۈستىگە ‹مەن سادىر قىلغان ھاماقەتلىكلەر› دەپ يېزىلغان مەخسۇس بىر دەپتەرنى ساقلايمەن. پات _ پات بۇ دەپتەرنى كۆرۈپ چىقىپ، بەزى خاتالىقلىرىمنى ساناپ چىقىمەن ۋە بەزىسىنى يېزىشتىن خىجىل بولۇپ كۆڭلۈمگە پۈتىمەن. ئەگەر مەن ئۆز _ ئۆزۈمگە راستچىل بولالىغان بولسام، مېنىڭ بۇ ئۈستەلىمنىڭ تارتمىلىرى خاتالىقلىرىم ۋە ئەخمەقلىقلىرىم بىلەن تولۇپ كەتكەن بولاتتى. مەن ھەر قېتىم خاتالىقلىرىم يېزىلغان دېلونى ئوقۇغىنىمدا، ئەڭ زور مۇشكىلاتلارنىمۇ يېڭىپ چىقىدىغان زور كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىمەن» دېگەن ئىكەن.

---

[1] كەھف سۈرىسى: 49 _ ئايەت.

## گۇناھ قىلمايدىغان ئادەم يوق

ئىنسان گۇناھ قىلمايدىغان پەرىشتە ئەمەس ياكى ئەقىل ۋە ۋىجداندىن مەھرۇم جانلىقمۇ ئەمەس. بەلكى ئۇ پەرىشتىلەردىكى روھانىيلىق بىلەن باشقا جانلىقلاردىكى نەپسانىيەتچىلىكنى ئۆزىگە جەم قىلغان بىگانە مەخلۇقات.

شۇڭا ئىنساندىن خۇددى پەرىشتىلەردىن سادىر بولغاندەك ياخشى ئەمەل _ ئىبادەتلەرمۇ سادىر بولۇپ تۇرىدۇ، ھايۋانلاردىن سادىر بولغاندەك نەپسانىيەتچىلىك بىلەن ئەقىلسىزلىقلارمۇ سادىر بولۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ قولىدىن ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ كېلىدىغان مەخلۇقات.

### ھەر قانداق گۇناھنىڭ تەۋبىسى

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن مۇھەممەد ئەرىفى «ھاياتىڭىزنى قەدىرلەڭ»ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق بىر قىسسىنى بايان قىلغان: «قەدىمقى زاماندا بىر قاتىل بار بولۇپ، 99 ئادەمنى ئۆلتۈرگەن ئىكەن. ئاندىن كۆڭلەرنىڭ بىرىدە قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، تەۋبە قىلىش نىيىتىگە كەپتۇ ۋە كېچە _ كۈندۈز ئىبادەتتىن باش كۆتۈرمەيدىغان بىر ئابىدنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ 99 ئادەمنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ۋە تەۋبە قىلىشقا يول بار ياكى يوقلۇقىنى سوراپتۇ. ئابىد ئۇنىڭ 99 ئادەمنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپ ۋە «ساڭا تەۋبە يوق» دەپ ۋارقىراپ تاشلاپتۇ. بۇ جاۋابقا غەزەبلىنىپ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ھېلىقى قاتىل بۇ ئابىدنىمۇ ئۆلتۈرۈپ تاشلاپتۇ. ئاندىن ئۇ يەنە بىر ئالىمنىڭ يېنىغا بېرىپ بارلىق ئەھۋالنى ئۇنىڭغا تولۇق ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئالىم ئۇنىڭغا: «سۇبھانالالاھ! تەۋبىنىڭ ئىشىكىنى كىم تاقىۋاپتۇ؟ تا قىيامەتكىچە تەۋبە قىلىشنىڭ ئىشىكى ئوچۇق. سىز تەۋبە قىلسىڭىز ئاللاھ كەچۈرىدۇ. لېكىن سىز يامان بىر شەھەردە تۇرىۋاتىسىز. سىز پالانى شەھەرگە بارسىڭىز، شۇ يەردە ياخشى ئادەملەر بار. شۇلار بىلەن بىللە ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىڭ» دەپ يول كۆرسىتىپتۇ.

ئادەم ئاللاھقا تەۋبە قىلغان ھالدا، يامانلىقتىن قول ئۈزۈپ مەزكۇر شەھەرگە قاراپ يول ئېلىپتۇ. ئەمما ئۇ يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە ئۆلۈپ كېتىپتۇ. شۇ ھامان ئاسماندىن رەھمەت پەرىشتىلىرى بىلەن ئازاب پەرىشتىلىرى چۈشۈپ ئۇنىڭ يېنىغا ھازىر بولۇپتۇ ۋە بۇ ئادەمنى ئۇلار تالىشىپ قاپتۇ. رەھمەت پەرىشتىلىرى ئۇنىڭ تەۋبە قىلىش يولىدا مېڭىپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى جەننەتكە ئېلىپ ماڭماقچى بولۇپتۇ. ئازاب پەرىشتىلىرى ئۇنىڭ 100 ئادەمنى ئۆلتۈرگەن قاتىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى دوزاخقا ئېلىپ ماڭماقچى بولۇپتۇ. ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئادەم سۈرىتىدە بىر پەرىشتە ئەۋەتىپتۇ. پەرىشتە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادالەتلىك ھۆكۈم چىقارماقچى بولۇپ، ئۇلارغا دەپتۇ: «سىلەر مۇنداق تارتىشماستىن، ئاۋۋال بۇ ئادەم جان ئۈزگەن يەر ئۇ كەلگەن شەھەرگە يېقىنراقمۇ ياكى بارماقچى بولغان شەھەرگە يېقىنراقمۇ ئۆلچەپ كۆرۈڭلار، ئەگەر كەلگەن شەھەرنىڭ مۇساپىسى ئۇ بارماقچى بولغان شەھەرنىڭ مۇساپىسىدىن يېقىن بولسا، ئۇ دوزاخقا مەنسۇپ بولىدۇ، ئەگەر بارماقچى بولغان شەھەرگە يېقىن بولسا، جەننەتكە مەنسۇب بولىدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇ ئادەم كەلگەن شەھەرنىڭ مۇساپىسىنى يىراق، ئۇ بارماقچى بولغان شەھەرنىڭ مۇساپىسىنى يېقىن قىلىپ بېرىپتۇ. نەتىجىدە، ئادەم ئۆلگەن يەر ئۇ بارماقچى بولغان شەھەرگە يېقىن بولۇپ چىققانلىقى سەۋەبلىك ئۇنى رەھمەت پەرىشتىلىرى جەننەتكە ئېلىپ كېتىپتۇ».

## سىز ئۆزىڭىز بولۇڭ

دۇنيادا ھەركىمنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى ۋە ئۆزگىچىلىكى بولۇپ، ئىنسان شۇ ئۆزگىچىلىكى ۋە خۇسۇسىيىتى بىلەن قىممەتكە ئىگىدۇر.

ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي «ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «بەزىدە ئىنسان باشقا بىرىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا ئوخشىغۇسى كېلىدۇ. مەسىلەن: بىراۋنىڭ نۇتۇق سۆزلەشتىكى ماھىرلىقىدىن تەسىرلىنىپ، شۇنىڭغا ئوخشاش ناتىق بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ تەبىئىي ئەھۋال. ئەمما ئۆزىنىڭ تەبىئىتىنى، خۇسسۇسىيىتىنى ۋە ئۆزگىچىلىكىنى يوق قىلغان ھالدا، ئۆزى دورىماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى ئالىمەن دېيىش ئەخمەقلىقتۇر. چۈنكى خۇددى پويىز ئۆزىنىڭ يولىدىن چىقىپ كېتىش بىلەن توختاپ قالغاندەك، ئادەممۇ ئۆز خۇسۇسىيىتىنى ۋە ئۆزگىچىلىكىنى يوقىتىپ قويسا ئىلگىرىلىيەلمەي قالىدۇ.

ئادەملەر ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆزلىرىدىكى تەبىئىي قۇدرەتنى يېتىشتۈرۈشكە ۋە ئىشقا سېلىشقا موھتاج. ئىنسان ئەگەر تىرىشىدىغان بولسا، ئۇلاردىكى تەبىئىي قۇدرەت خۇددى ئۇسۇملۈكلەر يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك يېتىشىپ چىقىدۇ ۋە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك، ھەممە ئۆز خۇسسىيىتى ۋە ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئۆسىدۇ ۋە يېتىلىدۇ. مەسىلەن: خورما دەرىخىدىن ئۈزۈم چىقمىغاندەك، ئالما دەرىخى شاپتۇل بەرمەيدۇ».

### مەيدانى يوق ئادەمدىن ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايدۇ

ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي يەنە مۇنداق دەپ يازغان: «ھېكايە قىلىنىشىچە، رۇسىيىنىڭ زالىمى ستالىن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىدىن بىرىنى بىرلا سەۋەب تۈپەيلى تۇيۇقسىزلا مەنسىپىدىن ئېلىۋاتقان ئىكەن. ئۇ بولسىمۇ، بۇ ئەمەلدارنىڭ ستالىن سورىغان قانداقلا مەسىلىھەتكە ستالىننىڭ كۆڭلىدىكىسى بويىچە پىكىر بەرگەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭ مەيدانىنى ئوتتۇرىغا قويالمىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىكەن. چۈنكى مۇنداق بىر ئەمەلداردىن ياخشىلىق كۈتكىلى ياكى ئۇنىڭ بەرگەن مەسلىھەتىگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. باشقىلارنىڭ ئۆزگىچىلىكىدە ئۆز شەخسىيىتىنى ئېرىتىۋېتىش ۋە مەيدانسىزلىق ئەڭ ئېغىر ئىجتىمائىي ئىللەتلەردىن بىرى بولۇپ، مەيلى سىياسىي، مەيلى دىنىي، مەيلى ئىجتىمائىي ساھەلەر بولمىسۇن، ھەممىدە ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە. ئىنسان ئۆزى بولماي باشقىسى بولۇشقا قاتتىق تىرىشسىمۇ بولالمايدۇ. دالى كارنېگ مۇنداق دەپ يازغان: ‹سىز دۇنيادا ھېچكىمگە ئوخشىمايسىز، ئوخشاي دېسىڭىزمۇ ئوخشىيالمايسىز. چۈنكى سىز يېگانە تەبىئەتكە ئىگە شەخسسىز. ئىنسانلار يارىتىلغاندىن بېرى ئۆتمۈشلەردىمۇ سىزگە ئوخشايدىغان بىرسى كۆرۈلۈپ باقمىغان، ھازىرمۇ يوق، كېلىچەكتىمۇ تا قىيامەتكىچە ھەر تەرەپتىن سىزگە ئوخشايدىغان بىرسى يارىتىلمايدۇ. ئىرسىيەت مۇتەخەسسسلىرى ھەر بىر تۇرەلمىدىكى 23 جۈپ كۇرۇمۇزۇمنىڭ بارلىق خۇسۇسسىيەتلەردە ئۇنى باشقا تۇرەلمىلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە باشقىسىغا قەتئىي ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئىزاھلايدۇ›. دېمەك، سىز دۇنيادا ھېچكىمگە ئوخشىمايسىز. ئۇنداقتا، سىز ئۆزىڭىز بولۇڭ!»

## رەتلىك ياشاش مەدەنىيلىكنىڭ ئالامىتىدۇر

ئۆلىمالار ۋە مۇتەپەككۇرلار دۇنيادا قانۇن _ ئىنتىزاملارنىڭ پەقەت ئىنسانلار ئۈچۈنلا تۈزۈلگەنلىكىنى، ئىنساندىن باشقا جانلىقلارنىڭ ئۇنىڭغا لاياقەتلىك بولالمىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. چۈنكى ئىنسان دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ ھۆرمەتلىك مەۋجۇدات. شۇ سەۋەبتىن پەرىشتىلەر ئادەمگە سەجدە قىلغان ۋە كائىناتتىكى ھەممە نەرسە پەقەت شۇ ئىنسان ئۈچۈنلا يارىتىلغان.

ئىسلام مۇتەپەككۇر ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي«ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۆي ۋە ئىش ئورۇنلىرى ھەر كۈنى دېگۈدەك تازىلىنىدۇ. سەيپۇڭ ئۇستام ھەر بىر لەھزىدە ئۈستىلىدىكى رەخت پارچىلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئۈستىلىنى تازىلاپ تۇرىدۇ، ھەر تائامدىن كېيىن تائام ئۈستىلى تازىلىنىدۇ ۋە پاك پاكىز ھالىتىگە كەلتۈرىلىدۇ. خىزمەتچى ئىشتىن چۈشۈشتىن ئاۋۋال ئۈستىلىنى رەتلەپ، ھەر نەرسىنى ئورنىغا قويۇۋېتىپ ئاندىن قايتىدۇ. دېمەك، رەتلەش، تەرتىپلەش ۋە ئورنىغا قويۇش ھەر بىر ئىشتا مەۋجۇد. ئىنسان ھاياتى شۇنچىلىك تەرتىپكە لايىق ئەمەسمۇ؟

كۆرۈۋاتىمىزكى، ھەممە نەرسە رەتلىنىپ تۇرسىمۇ، پەقەت ئىنسان ھاياتىلا ۋاقتى قەرەلىدە رەتلىنىپ تۇرمايدۇ. ئەسلىدە ئىنسان ئۆزىنى رەتكە سېلىشقا ۋە تەرتىپلەشكە ۋە ئىنتىزامغا ئەڭ زور ئېھتىياجلىق مەخلۇقات. چۈنكى ئىنساننىڭ ئەقلىي ۋە ھېسسىي تەرىپى ھەر ۋاقىت مۇستەھكەم تۇرالمايدۇ. بەلكى ھەر خىل شەھۋانىي تۈرتكىلەر ۋە ئىستەكلەر تۈپەيلى بىر _ بىرى بىلەن سۈركىلىشىپ تۇرىدۇ. ئەقىل ھېسسىياتنى يېڭىمەن دېسە، ھېسسىيات ئۆزىنى ئەقىلنىڭ ئالدىدا قويىمەن دەيدۇ. ئەقىل بىلەن ھېسسىيات ئۆز ھالىغا

قويۇپ بېرىلسە، نەپسى شەيتان ھەممىگە غالىب كېلىپ، ئىنساننى پۇشايمان قىلىدىغان ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ بارىدۇ».

### ئىنسان ھۆرمەتلىنىش ئۈچۈن يارىتىلغان

ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي مەزكۇر ئەسىرىدە يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىنساننىڭ يارىتىلىش قىسسىسى ئۇنىڭ خورلىنىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھۆرمەتلىنىش ئۈچۈن، ئېزىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خوجايىن بولۇش ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دىنىنىڭ ۋەزىپىسى ئىنسانلارنىڭ بىر _ بىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ھەقىقەت ۋە ئادالەتنى مىزان قىلغان ھالدا تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق يەر يۈزىدە ھەقسىزلىقتىن ۋە جاھالەتتىن يىراق بولغان سائادەتلىك ھاياتنى بېغىشلاشتىن ئىبارەتتۇر».

## ھاياتىڭىز ئۆز تەپەككۇرىڭىزنىڭ مەھسۇلى

ئالىملاردىن بىرى «ھەركىم ئۆز تەقدىرىنىڭ ئۇستازى» دېگەن تېمىدا شېئىر يازغان ئىكەن. ئەلۋەتتە بۇ سۆزنىڭمۇ ئاساسى بولۇشى مۇمكىن.

ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي «ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «ئىنساننىڭ بەخت _ سائادىتى ياكى بەختسىزلىكى، خاتىرجەملىكى ياكى بىئاراملىقى ئۇنىڭ ئۆزىدىن كېلىدۇ. ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ ۋە ئۇ ئىشنى قىلغۇچىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ زېھنىدە مەۋجۇد بولغان ۋە ھېسسىياتىنى مەشغۇل قىلغان ئوي _ پىكىرلەر بىلەن زىچ باغلىنىشلىقتۇر. شۇڭا دالى كارنېگ مۇنداق دېگەن ئىكەن: ‹تەپەككۇرىمىز بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى بەلگىلەيدۇ. ھاياتىمىز تەپەككۇرىمىزنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئۇنداقتا، مۇشكىلە توغرا تەپەككۇرنى تاللاش مەسىلىسىدە بولماقتا. ئەگەر ئىنسان ھەر ئىشتا توغرا تەپەككۇر قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرى نەتىجىلىك بولىدۇ. بىزنى گۈزەل ھېس _ تۇيغۇلار ۋە ئىللىق ئوي _ پىكىرلەر ئورىۋالغاندا، بىز ئۆزىمىزنى بەختلىك ھېس قىلىمىز. ناۋادا بىزنى كۆڭۈلسىزلىكلەر ئورىۋالسا، ئۆزىمىزنى بەختسىز ھېس قىلىمىز. ئۆزىمىزنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى گۇمان قىلىپ كۆڭلىمىزنى بىئارام قىلساق كۆپ ھاللاردا راستىنلا كېسەل بولۇپ قالىمىز›»

### مەنىۋى كۈچنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ

ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي يەنە مۇنداق دەپ يازغان: «شەخسلەر ۋە كوللېكتىپ ئۈچۈن مەنىۋىياتنىڭ زور تەسىرىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. كۈچنى ئەقىدىسىدىن ۋە مەنىۋىيىتىن ئالىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ غالىبىيىتى كۈچىنى ماددىي ئەسلىھەلەردىنلا ئالىدىغان ئەسكەرلەرنىڭكىدىن پەرقلىق بولىدۇ. چۈنكى ئەقىدە ۋە ئەخلاقنىڭ كۈچى ماددىي كۈچلەرنى يېڭىپ چۈشىدۇ. شۇڭا پۈتۈن ساماۋى دىنلارنىڭ ئورتاق چاقىرىقى ئەخلاقنى ئىسلاھ قىلىش بولغان ۋە ئەخلاقنى ھەر نەرسىدىن ئەۋزەل كۆرگەن. ئىنسان نەپسىيىتى بارچە دىنلارنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ماۋزۇسى بولغان. چۈنكى گۈزەل ئەخلاق ھەر قانداق مىللەت ۋە ھەر قانداق مەدەنىيەتنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن ئاساسلىق رول ئوينايدۇ».

### ئىنسان ئۆزىنى ئۆزگەرتمىگىچە ئەھۋالى ئۆزگەرمەيدۇ

ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي يەنە مۇنداق دەپ يازغان: «قۇرئان كەرىمدە (ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ)[1] دېگەن ئايەت بار. چۈنكى ھەر قانداق ئۆزگىرىش ئاۋۋال ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن باشلىنىدۇ. ئىچكى دۇنياسىدا، خۇسۇسەن ئەخلاقىدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالمىغان ئادەمنىڭ سىرتقى تىرىشچانلىقى نەتىجىسىز قالىدۇ. شۇڭا ھەممىدىن ئاۋۋال ئىشنى ئىچكى دۇنيانى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۇنى ئاۋات قىلىشتىن باشلاش كېرەك».

---

[1] رەئد سۈرىسى: 11_ ئايەت.

# سوقراتنىڭ قايىل قىلىش ئۇسۇللىرىدىن

مۇتەپەككۇرلار كىشىلەرگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئۆزلىكىدىن قايىل بولىدىغان ھالغا كەلتۈرۈشنىڭ چوڭ بىر پەن ۋە ئالاھىدە چوڭ سەنئەت ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ.

دائىل كارنېگ «كىشىلەر بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىسىز؟» ناملىق ئەسىرىنىڭ «سوقراتنىڭ قايىل قىلىش ئۇسۇلى» دېگەن بابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىدە يېتىلدۈرۈش مۇمكىن بولغان بەزى ماھارەتلەردىن مەھرۇم ياشايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىدە يېتىلدۈرۈشكە ئورۇنمىغان بۇ ماھارەتنىڭ تىگىدە كىشىلەرنى سىلىقلىق بىلەن ئۆز رەيىگە كۆندۈرۈشنىڭ سىرلىرى ياتماقتا. دۇنياغا مەشھۇر پەيلاسوپ سوقرات بۇ ماۋزۇدا تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى تەۋسىيە قىلىدۇ:

بىرىنچىسى: كىشىلەرنىڭ خاتالىقىغا ئۇلارنى «خاتالاشتىڭىز» دېمەستىن تۇيۇزتىش بىرىش. بىراۋ سىزنىڭ يۈزىڭىزگە «خاتالاشتىڭىز» دېسە سىزنىڭ كەيپىياتىڭىز ھەرگىزمۇ ياخشى بولمايدۇ، چوقۇم راھەتسىز بولىسىز، بۇ سۆز سىزگە ئۇرۇلغان مۇشتىنىمۇ قاتتىق تېگىدۇ. بۇ ئومۇمىي ئىنسان تەبىئىتى. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، سىز قارشى تەرەپكە «سىز خاتالاشتىڭىز» دېگەن سۆزنى ئوچۇقلا ئېيتقىنىڭىزدا ئۇنىڭدىن نېمىنى كۈتمەكچىسىز؟ تەبىئىيكى، ئۇنىڭدىن ئىجابىي قوبۇلنى ئالالمايسىز. چۈنكى مۇنداق سۆز ئۇنىڭ تۇيكىنى تەتۈرگە ئۆرۈپ قويىدۇ ۋە ئۇنى خاتالىقتا چىڭ تۇرىدىغان قىلىپ قويىدۇ. يەنە سىز «بىراۋغا بۇنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيمەن» دېگەنگە ئوخشاش سۆزنى قەتئىي قىلماسلىقىڭىز لازىم. چۈنكى مۇنداق دېيىش «سىزدىن مەن ئەقىللىقمەن، سىز بىلمىگەن نەرسىنى سىزگە ئېيتىپ بېرىۋاتىمەن» دېگەنلىك بولۇپ، قارشى تەرەپنى راھەتسىز قىلىدىغان سەلبىي ئۇسلۇبتۇر. ئىش بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ. بۇ ئەھۋالدا، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا جېدەل _ ماجرالار چىقىشى مۇمكىن. چۈنكى سىز كىشىلەرنىڭ پىكرى زورلۇق بىلەن ئۆزگەرتەلمەيسىز، پەقەت چىرايلىق قايىل قىلىش ئۇسۇلى بىلەنلا ئۆزگەرتەلەيسىز. ئىنسان شۇنداق مەۋجۇداتكى، ئۆزىدىكى ھەر قانداق بىر ئادەت ياكى كەمچىلىكنى بەزىدە ئۆزلىكىدىن ئۆزگەرتىپ كېتەلەيدۇ. ئەمما ئىنسان باشقىلار تەرىپىدىن خاتالاشتۇرۇلغاندا ياكى «سىز خاتالىشىۋاتىسىز» دېيىلگەندە، ئۇنىڭ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇش كۈچى بىردىنلا ئۆرلەپ كېتىدۇ ۋە تېخىمۇ مەھكەم تۇرىۋالىدۇ. شۇڭا پەيلاسوپلاردىن بىرى ئوغلىغا: «باشقىلاردىن كۆپ ھېكمەتلىك بول، بىراق ئۆزۈڭنىڭ ھېكمەتلىك ئىكەنلىكىڭنى باشقىلارغا ئېيتما» دېگەن ئىكەن.

ئىككىنچىسى: قارشى تەرەپنىڭ خاتا پىكرىگە چىرايلىق ئۇسلۇب بىلەن تۇيۇزتىش بىرىش. بىراۋ سىزگە خاتا بىر پىكرىنى ئېيتسا، ئۇنىڭ خاتالىقىنى ئوچۇق ئېيتماڭ. بەلكى «ياخشى، ئۇنداقتا مېنىمۇ بىر پىكرىم بار، بەلكى خاتالاشقان بولۇشىم مۇمكىن، قېنى ئېيتىپ باقاي، خاتا بولسا تۇيۇزتىش بەرگەيسىز، چۈنكى مەن كۆپرەك خاتالىشىپ قالىمەن»دەپ سۆز باشلاڭ. مۇنداق قىلىش بىر سېھىر بولۇپ، ئۇنىڭ سېھىر كۈچى بىلەن قارشى تەرىپىڭىزدىكى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بىردىنلا ئۆزىڭىزگە قارىتىۋالالايسىز. نەتىجىدە، ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى يۇزىنى قىزارتماستىنلا تونۇپ يېتىپ، سىزنىڭ قاراشلىرىڭىزنى ۋە باشقىچە پىكرىڭىزنى ئۆزلىكىدىن قايىللىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغان ھالغا كېلىپ قالىدۇ. بولۇپمۇ يۇقىرىقى جۈملىدىكى «مەن كۆپرەك خاتالىشىپ قالىمەن» دېگەن سۆز ئاڭلىغۇچىنىڭ كۆڭلىنى خۇددى چىراقتەك پارلىتىشقا ۋە ئۇنى قايىل قىلىشقا يېتەرلىك. ئەكسىچە، «سىزنىڭ دېگىنىڭىز توغرا ئەمەس» ياكى «مەن توغرىسىنى ئېيتىپ بېرەي» دېگەنگە ئوخشىغان ئىبارىلەر ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى ئەڭ سەلبىي سۆزلەر بولۇپ، ئىجابىي نەتىجە بېرىشتىن ئەلۋەتتە يىراقتۇر. چۈنكى مۇنداق ۋاقىتتا قارشى تەرەپ سىزنىڭ توغرا پىكرىڭىزنى قوبۇل قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا قارشى چىقىش ئۈچۈنلا تىرىشىدۇ.

ئۈچىنچىسى: خاتالىقنى دادىل ئېتىراپ قىلىش. سىز ئۆزىڭىزنىڭ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلغان ھامان قارشى تەرەپتىكىسى كىم بولۇشى دىن قەتئىينەزەر، سىزگە بولغان كۆز قاراشلار سەلبىيلىكتىن ئىجابىيلىققا دەرھال ئۆزگىرىدۇ _ دە، قارشى تەرەپ سىزنى تەقدىرلىغۇسى كېلىدۇ ۋە سىزگە قايىل بولىدۇ. بەلكى شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆزىنىڭ خاتالاشقان تەرەپلىرىنىمۇ ئېتىراپ قىلىپ تاشلايدۇ. چۈنكى «ئۆزخاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىش پەزىلەتتۇر»دەيدىغان ھېكمەت بار. سىز خاتالىقىڭىزنى ئېتىراپ قىلغان ئىكەنسىز، بارلىق مۇنازىرىلەر، تالاش _ تارتىشلار ئۆزلىكىدىن توختاپ قالغان ۋە سىزگە قارشى بولەنگەن چىشلار ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ قالغان بولىدۇ. چۈنكى ئادەم بالىسى چوقۇم خاتالىشىدۇ. مەسىلە خاتالىششتا ئەمەس، بەلكى خاتالىقنى ئېتىراپ قىلماسلىقتا. خاتالىق ئېتىراپ قىلىنغان ئىكەن، مەسىلە ھەل بولدى دېگەنلىك».

## هارغىنلىقتىن ساقلىنىشتىكى تۆت ئادەت

دائىل كارنېگ  ئىشتىكى هارغىنلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تۆت ئادەتنى تەۋسىيە قىلىدۇ:

بىرىنچىسى، ئىش ئۈستىلىڭىزنى رەتلىك تۇتۇڭ. چۈنكى كېرەكلىك ۋە كېرەكسىز قەغەزلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن ئۈستەلنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئىشلىگەن ئادەم تېز چارچاپ قالىدۇ. شۇڭا ئۈستەلدىكى شۇ كۈنىلا ئىشلىتىدىغان قەغەز ۋە باشقا نەرسىلەرنىلا ئۈستەل ئۈستىدە قويۇپ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى باشقا جايغا ئېلىپ ساقلاش ئەڭ ياخشى چارىدۇر. بۇ هارغىنلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن باشقا يەنە ئىشتا غەلىبە قىلىشنىڭ ئالدىنقى باسقۇچىدۇر.

ئىككىنچىسى، ئىشلارنىڭ زۆرۈر بولغانلىرىنى ئالدىنقى ئورۇندا قويۇڭ. هاياتتا ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك ئىكەنلىكىنى بىلىشمۇ چوڭ بىلىم سانىلىدۇ. چۈنكى ئىنسان قىلىدىغانلىرىدىن قايسىسىنى ئاۋۋال قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلىپ، ھەمىشە شۇنداق قىلىپ كېتەلمەيدۇ. بىراق ئاۋۋال نېمە قىلىش لازىملىقى توغرۇلۇق پىلان تۈزەلەيدۇ. مۇشۇ پىلانىنىڭ ئۆزىمۇ سىزگە ئىشلىرىڭىزدا كۆپ ياردەمچى بولالايدۇ. بۇ ئىشلىرىڭىزنى ئوڭايلىق بىلەن تۈگىتىشىڭىز ئۈچۈن ئەڭ ئەۋزەل چارىدۇ. مەشهۇر يازغۇچى جورج بىرنارد‌شۇ مۇشۇ قائىدىنى ئاساس قىلىپ ئىش كۆرمىگەن بولسا ئىدى، ئۇ يازغۇچى بولۇش، ئەمەس، بەلكى دېھقانلىق هالىتىدە بىر ئۆمۈر داۋام قىلغان بولاتتى. ئۇ هەر كۈنى بەش بەت بىر نەرسە يېزىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان بولۇپ، 9 يىل شۇنداق ئىزچىل داۋام قىلغان.

ئۈچىنچىسى، قىيىنچىلىقنى هەل قىلىشنى كېچىكتۈرمەڭ. سىز قانداقلا بىر  قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگىنىڭىزدە، ئۇنى هەرگىز ئارقىغا سوزماڭ ۋە دەرهال هەل قىلىشقا كىرىشىڭ. ئۇنداق قىلمىغاندا مۈشكىلاتلار توپلىشىپ قېلىپ سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلىدۇ، ۋاقتىڭىزنى ئىسراپ قىلىدۇ، مېڭىڭىز چارچايدۇ. چۈنكى هەر بىر مۈشكىلىنى ۋاقتىدا هەل قىلىپ ماڭسىڭىز ئىشلىرىڭىز راۋان داۋام قىلىدۇ ۋە سىزمۇ هارغىنلىقتىن قۇتۇلۇپ قالىسىز.

تۆتىنچىسى، ئىش تەقسىم قىلىشنى بىلىۋېلىڭ. چوڭ شىركەتلەرنى يۈرۈتىدىغان ياكى چوڭ ئىدارىلەرنى باشقۇرىدىغان كىشىلەردىن بەزىسىنىڭ قىلغان ئىشلىرىدا غەلىبىسىز قېلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئىش تەقسىم قىلىشنى بىلمەسلىك، ھەممىنى ئۆزۈم قىلىمەن دەپ ئۈستىگە يۈكلىۋېلىپ، ئاخىرىدا هېچبىرىنى قىلالماسلىق ۋە ھەممە ئىشقا ئۆزى قول سېلىۋېلىش قاتارلىقلاردۇر. ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىلىرىمدىن شۇنى بىلىمەنكى، ئىش تەقسىماتىنى بىلمەسلىك، لاياقەتسىز كىشىلەرگە ئىش تاپشۇرۇش مەسئۇللارنى كۆپ قىيىنچىلىقلارغا سالىدىغان ئىشتۇر. شۇڭا قانداق ئىش تەقسىم قىلىشنى ۋە قانداق باشقۇرۇشنى بىلىش ناهايىتى مۇهىمدۇر. ئەقىللىق ئىش باشقۇرغۇچى ئىشنى ئۈستىگە ئېلىشقا لاياقەتلىك كىشىلەرنى تاللاپ چىقىشنى بىلىدۇ ۋە هەر كىمگە لايىقىدا ئىش ۋە ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرۇشنى بىلىدۇ، ئاندىن ئۇنى ھەمىشە كۆزىتىدۇ، خاتالىق يۈز بەرسە دەرهال تۈزىتىدۇ، ياخشى كېتىپ بارسا تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆزى ۋە قول ئاستىدىكىلەر ئىشتا غەلىبە قىلىدۇ.

## تالاقنىڭ ئىددىتى سەۋەبلىك مۇسۇلمان بولغان يەھۇدىي ئالىم

تۆرەلمەشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مۇتەخەسسىسى روبېرت گىلهەم ئېرىدىن تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئىددىتى توغرىلۇق كەلگەن قۇرئان كەرىم ئايىتى سەۋەبلىك ئىمان ئېيتىپ ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلغان.

ئالىم روبېرت گىلهەم نەچچە ئون يىللىق ئۆمرىنى ئەرنىڭ ئايالدا قالدۇرىدىغان ئىزى ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتقا بېغىشلىغان بولۇپ، ئەرنىڭ ئايالدىكى ئىزى ئايال ئېرىدىن ئايرىلىپ 3ئايدىن كېيىن تولۇق يوقىلىپ بولىدىغانلىقىنى دۇنيادا تۇنجى قېتىم ئېلان قىلغان.

مىسىردا چىقىدىغان «مىسىرلىقلار» گېزىتى مىسىر تېببىي ئالىيلار مەركىزىنىڭ ئۇستازى دوكتور ئابدۇلباسىت مۇھەممەد سەييىدنىڭ مۇنۇ باياناتىنى ئېلان قىلغان: «ئالىم روبېرت گىلهەم ئالبىرت ئېينشتېين ئىنستىتۇتىنىڭ تۆرەلمەشۇناسلىق مۇتەخەسسىسى بولۇپ، قۇرئان كەرىمنىڭ تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ 3 ئاي ئىددەت تۇتۇشى لازىملىقى ھەققىدىكى بەلگىلىمىسىنى بىلىش بىلەن تەڭ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى. قۇرئان كەرىمدە [تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۈچ هەيز ئۆتكۈچە ئىددەت تۇتىدۇ] ① دەپ كۆرسىتىلگەن.

بۇ ئالىمنى قايىل قىلغان ئىلمىي ھەقىقەت شۇكى، ئەر بىلەن ئايالنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى جەريانىدا ئايالدا ئەرنىڭ

---

① بەقەرە سۈرىسى228 _ ئايەت.

مەخسۇس ئىزى قالىدىكەن. جىنسىي مۇناسىۋەت قىلمىغان ھەر ئايدا بۇ ئىز يوقىلىشقا قاراپ يول ئالىدىكەن ۋە ھەر ئايدا 25 ياكى30 پىرسەنتكىچە يوقىلىپ بېرىپ، ئاخىرى 3 ئايدا تولۇق يوقىلىپ بولىدىكەن، ئايالمۇ باشقا بىر ئەر بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە مۇناسىپ ھالغا كېلىدىكەن.

ئالىم روبېرت گىلھىم بۇ ھەقىقەتنى بىلگەندىن كېيىن، ئامېرىكىدىكى ئافرىقىلىق مۇسۇلمانلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ھەربىر مۇسۇلمان ئايالدا پەقەت ئۆز ئېرىنىڭلا ئىزى بارلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان. ئاندىن ئامېرىكىدىكى باشقا رايونلاردا ئېنىگلىز ئاياللار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ھەربىر ئايالدا ئىككىدىن ئۈچكىچە ئەرنىڭ ئىزى بارلىقىنى ۋە بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى بۇ ئاياللارنىڭ ئۆز ئەرلىرىدىن باشقا ئەرلەر بىلەنمۇ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىدىغانلىقىدىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان. ھەتتا بۇ ئالىم ئۆزىنىڭ ئايالى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقات نەتىجىسىدە، ئايالىدا ئۈچ ئەرنىڭ ئىزى تېپىلغان. ئاخىرى ئايالىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى بىلەن بۇ ئايالىنىڭ ئېرىگە خىيانەت قىلىدىغانلىقى ۋە بالىلىرىدىن بىر ئوغلىدىن باشقا ھېچقايسىسىنىڭ ئېرىگە ئائىت ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا چىققان. شۇنىڭدىن كېيىن ئالىم روبېرت گىلھىم ئىسلام دىنىنىڭ ئايالنىڭ ئىپپىتىنى ساقلاش، جەمئىيەتنىڭ ساپلىقىنى قوغداشتىمۇ ئەڭ ئىلغار دىن ئىكەنلىكىنى ۋە مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ يەر يۈزىدىكى ئاياللارنىڭ ئەڭ پاكىزى ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان».

**قايتا كەلمەيدىغان نەسىل**

بىر كۈنى ئىككىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر مەجلىستە ئىدى. ئىككى ياش يىگىت بىر ئادەمنى تۇتۇپ كەلگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ.

ئۆمەر ئۇلاردىن سورايدۇ: بۇ نېمە ئىش؟

ئۇلار جاۋاب بېرىپ: بۇ ئادەم ئاتىمىزنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، دەيدۇ.

ئۆمەر ئادەمدىن سورايدۇ: بۇ راستمۇ؟

ئادەم جاۋاب بېرىدۇ : ھەئە شۇنداق.

_ قانداق ئۆلتۈردۈڭ؟

_ تۆگىسى بىلەن مېنىڭ زېمىنىمغا كىرىۋىدى، توسسام قايتمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر تاشنى ئېتىۋىدىم، بېشىغا تېگىپ ئۆلدى.

_ ئۇنداقتا، ساڭا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

_ ھەزرىتى ئۆمەر ئادەمنىڭ ئېتىراپىنى ئاڭلاش بىلەنلا ئۇنىڭ كىم ۋە قايسى قەبىلىدىن ئىكەنلىكىنى، ھەتتا ئىسمىنىمۇ سورىمايلا ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ قىساس ئېلىشتىن ئىبارەت ھۆكۈمىنى بىلدۈردى.

_ ئادەم ھەزرىتى ئۆمەرگە يېلىنىپ تۇرۇپ دەيدۇ: ئى ئەنىرۇل مۇئمىنىن! ئاسمان _ زېمىننى تۇرغۇزغان ئۇلۇغ زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ماڭا بىر كۈن مۆھلەت بەرسەڭلار، مەن يېزامغا بېرىپ ئايالىم ۋە بالىلىرىمغا بىلەن رازىلىشىۋالسام. ئائىلەمنى ئاللاھ ئاندىن مەندىن باشقا باقىدىغان ھېچكىم يوق.

_ سېنىڭ ھازىر كېتىپ قايتا كېلىشىڭگە كىم كېپىللىق قىلالايدۇ؟ _ دەپ سورايدۇ ھەزرىتى ئۆمەر.

ئادەملەرنىڭ ھەممىسى سۈكۈتتا چۆككە بولۇپ، ھېچكىم بىر نەرسە دېمەيتتى. چۈنكى ھېچكىم بۇ ئادەمنى تونۇمايتتى، ئۇنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىدە بۇ 10 ياكى 20 دىرھەم پۇلنىڭ ئىشى ئەمەس، بۇ جان مەسىلىسى ئىدى. جان كېتىدىغان بىر ئىشقا ھېچكىم ئۆزى تونۇمايدىغان بىر ئادەم ئۈچۈن كېپىل بولۇشنى خالىمايتتى.

ئادەمنىڭ ھالى ھەقىقەتەن ئىنچ ئاغرىتىشقا تېگىشلىك ئىدى. چۈنكى بۇ ئادەمنىڭ ئۇششاق نارىسىدىلىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ھەر ئىشى بۇ ئادەمنىڭ زىممىسىدە ئىدى. بۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتسە ئۆيىدە قالغان چارىسىز نارىسىدىلىرىنىڭ ھاياتىمۇ خەۋپتە قالاتتى، ھەتتا ئاچلىقتىن ئۆلۈم كېتەتتى. ئەھۋال ھەقىقەتەن ئىچ ئاغرىتىشقا ۋە ھېسداشلىق قىلىشقا تېگىشلىك ئىدى. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىسىگە كىم ئارىلاشالىسۇن؟ كىممۇ ئۇنى ئۆلۈمدىن سوراپ قالالىسۇن؟ كىممۇ بۇ توغرىدا ئۆمەرگە ئېغىز ئاچالىسۇن؟ چۈنكى ھەممە بىلىدۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىسى، خۇسۇسەن قىساس قانۇنى باي _ كەمبەغەل، رەئىس _ پۇقرا، ئابرويلۇق _ ئابرويسىز دەپ ئايرىمايدۇ. قىساستا شاپائەتمۇ قىلىنمايدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش قىساس ئالغۇچىلارنىڭ ھەققىگە ئىشلەنگەن خىيانەت. ساھابىلەر بۇلارنىڭ ھەممىنى ياخشى بىلگەنلىكتىن قاتتىق باش قاتۇرىدۇ ۋە سۈكۈت قىلىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەرمۇ ھەيرانلىقتا قالىدۇ.

ئاندىن ئۆمەر ھېلىقى ئىككى ياشقا يۈزلىنىپ تۇرۇپ سورايدۇ: بۇ ئادەمنى كەچۈرەمسىلەر؟

_ ياق، چۈنكى ئاتىمىزنى ئۆلتۈرگەن قاتىل، ئۇنى بىز كەچۈرمەيمىز، ئاتىمىزنىڭ قىساسىنى تەلەپ قىلىمىز _ دەيدۇ ياشلار.

ئۆمەر كۆپچىلىككە قاراپ شۇنداق سورايدۇ: بۇ ئادەمنىڭ ئائىلىسى بىلەن رازىلىشىپ كېلىشىۋېلىشى ئۈچۈن كىم كېپىل بولىدۇ؟

ساھابىلەرنىڭ كاتتىلىرىدىن ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بۇ ئادەم ئۈچۈن كېپىل بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مەلۇمكى، ئەبۇ زەر ساھابىلەرنىڭ ياشتا چوڭلىرىدىن بولۇپ، تەقۋالىقى ۋە راستچىللىقى بىلەن تونۇلغان ساھابە ئىدى. ئۇنىڭ «مەن كېپىل بولىمەن»دەپ ئوتتۇرىغا چىققانلىقى ھەزرىتى ئۆمەرنى ھەيرانلىقتا چۆشۈرۈپ قويىدۇ.

_ بۇ ئۆلۈم ئىشى _ دەيدۇ ئۆمەر ئەبۇزەرگە قاراپ.

_ مەيلى قاتىل بولسىمۇ مەن ئۇنىڭغا كېپىل بولىمەن _ دەيدۇ.

_ سەن ئۇنى تونۇمسەن؟ _ دەپ سورايدۇ ئۆمەر ئەبۇزەردىن.

_ تونۇمايمەن.

_ ئۇنداقتا قانداق كېپىل بىلسەن تونۇمىغان بىر ئادەمگە؟

بۇ ئادەمدە ھەقىقىي مۇسۇلمانغا خاس بىر يۈزنى كۆردۈم _ دە، ئۇنىڭ يالغان ئېيتمايدىغانلىقىغا ئىشەندىم. ئۇ ئاللاھ خالىسا چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ.

_ ئى ئەبۇزەر شۇنى بىلگىنكى، بۇ ئادەمنى سېنىڭ كاپالىتىڭدە مەن قويۇپ بېرىمەن. ئۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە كەلمىسە، سەن بېشىڭ بىلەن جاۋابكارسەن.

_ ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! بۇ ئىشقا ئاللاھتىن ياردەم سورايمەن.

ئادەم كېتىپ قالىدۇ. چۈنكى ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭغا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بەرگەن بولۇپ، ئادەم ئائىلىسى بىلەن خوشلىشىپ ئۆزىدىن قىساس ئېلىنىشى ئۈچۈن ھازىرلىنىپ كەلمەكچى ئىدى.

ئۈچىنچى كۈنى ھەزرىتى ئۆمەر مەدىنە شەھرىدە، پۈتۈن خەلقنى چاقىرتىپ تەييارلىنىدۇ. ئاتىسىنىڭ قىساسىنى تەلەپ قىلىۋاتقان ھېلىقى ئىككى ياشمۇ كېلىپ بولىدۇ. ۋاقىت ئەبۇزەر ئۈچۈن ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، ھەدېگۈچە ئۈچىنچى كۈننىڭ ناماز ئەسىر ۋاقتى كىرىپ قالغان ئىدى. ئۆمەر ئەبۇزەرگە قاراپ پات _ پات سوراپ قوياتتى: قېنى ئۇ ئادەم كەلمەيۋاتىدىغۇ؟

_ ئاللاھ خالىسا چوقۇم كېلىدۇ، ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن!

ئەبۇزەر ئاسمانغا كۆپرەك قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ، كۈن ناھايىتى تېزلىكتە پېتىش تەرەپكە ئىلگىرلەۋاتاتتى. ساھابىلەر سۈكۈت ئىچىدە كۈتەتتى. چۈنكى ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى بىر ئاللاھقىلا ئايان ئىدى.

توغرا، ئەبۇزەرنىڭ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قەلبىدىكى ئورنى چوڭ ئىدى، ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، ھۆرمەتلەيتتى، ئۇنى ئۆزىدىن بىر پارچە دەپ بىلەتتى. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتىنى ئىجرا قىلىشتا جازالانغۇچى كىم بولۇشى دىن قەتئىينەزەر يۈز _ خاتىرە قىلىنمايدۇ.

كۈن پاتقىلى ئاز قالغاندا، ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان ھېلىقى ئادەم يېتىپ كېلىدۇ. بۇنى كۆرگەن ساھابىلەر ئاللاھۇ ئەكبەر! دەپ تەكبىر ئېيتىشىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەرمۇ تەكبىر ئېيتىدۇ ۋە خوشاللىقىنى باسالماي ئادەمگە دەيدۇ: سەن يېزاڭدىن قايتمىغان بولساڭ، سېنىڭ بار يېرىڭنى بىلمىسەك بىز سېنى نەدىن تاپار ئىدۇق؟

_ ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! دەپ سۆزگە باشلايدۇ ھېلىقى ئادەم _ مانا مەن پەرزەنتلىرىمنى سۇسىز، دەل _ دەرەخسىز چۆلدە خۇددى قۇشنىڭ باللىرىدەك تاشلاپ قويۇپ، ئۆلۈمگە ھارىز بولۇپ كەلدىم. ئىنسانلاردا ۋەدىگە ۋاپا قىلىش تۈگەپ كېتىپ دېيىلىشتىن قورقتۇم.

ھەزرىتى ئۆمەر ئەبۇزەردىن سورايدۇ: سەن نېمىشقا ئۆزەڭ تونۇمايدىغان بىر ئادەمگە كېپىل بولدۇڭ؟

_ ئىنسانلاردا ياخشىلىق تۈگەپ كېتىپتۇ دېيىلىشتىن قورقتۇم ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! _ دەيدۇ ئەبۇزەر.

ھەزرىتى ئۆمەر قىساس تەلەپ قىلىۋاتقان ئىككى ياشقا قاراپ سورايدۇ: نېمە دەيسىلەر؟

_ ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! بىز بۇ ئادەمنى كەچۈرىۋەتتۇق. ئىنسانلاردا كەچۈرۈم قىلىش تۈگەپ كېتىپتۇ دېيىلىشتىن قورقتۇق _ دەيدۇ ئىككى ياش كۆز يېشى قىلغان ھالدا.

بۇ مەنزىرىگە شاھىد بولغان ھەزرىتى ئۆمەر ھاياجاندىن يىغلاپ كېتىدۇ ۋە كۆزياشلىرى ئۇنىڭ ساقىلىنى ھۆل قىلىۋاتىدۇ.

قاتىل بولسىمۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغان ئادەمگە ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلسۇن!

ئانىسىنىڭ قاتىلىنى كەچۈرىۋەتكەن ئىككى ياشقا ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلسۇن!
ئۆزى تونىمايدىغان بىر مۇسۇلماننىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغان ئەبۇ زەرگە ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلسۇن!
ئادالىتى بىلەن تونۇلغان ھەزرىتى ئۆمەرگە ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلسۇن!
ئامىين.......

## ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى كۈچلەندۈرۈشنىڭ سەككىز ئامىلى

ئىنسان ئىجتىمائىي مەۋجۇدات بولۇپ، ئۇ ھەمىشە باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشاشقا موھتاج. ئىنسانلار ئۆزئارا ئارىلىشىپ ياشىغان ئىكەن، ئۇلار بىر _ بىرى بىلەن چىقىشىپ ۋە بىر _ بىرىگە يول قويۇپ ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۆزئارا چىقىشىپ ياشاشنىڭ يولى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىشتىن باشلىنىدۇ.

كۈۋەيتتە چىقىدىغان «ئەل مۇجتەمە» ژۇرنىلىنىڭ2011 _ سانىدا «ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى كۈچلەندۈرۈشنىڭ ئامىللىرى» دېگەن تېمىدا بىر ماقالە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەن:

1. سىز ئەدەپ _ ئەخلاقلىق، ئەمەلىيەتچان ۋە ئەقىللىق كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشقا تىرىشىڭ. چۈنكى ھايات مۇساپىسى بەكمۇ قىسقا بولۇپ، سىزنىڭ بەخت _ سائادىتىڭىزگە توسقۇن بولىدىغان ۋە سىزگە پايدىسى ئەمەس، بەلكى زىيىنى بولىدىغان ئادەملەر بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈشكە ئەرزىمەيدۇ.

شۇڭا سىز دوست تاللاشتا ئۆزىڭىز پەخىر قىلىدىغان ياكى مەنمۇ شۇنداق ئادەم بولسامچۇ دەپ ئۇنىڭغا سىز تەلپۈنىدىغان كىشىلەرنى دوست تۇتۇڭ. سىز ھەمسۆھبەت بولۇش ئۈچۈنمۇ سىزنى ياخشى كۆرىدىغان، سىزنى ھۆرمەتلەيدىغان، ھەمسۆھبەت بولسىڭىز شۇ ۋاقتىڭىز تېخىمۇ مەنىلىك ۋە بەختلىك ئۆتىدىغان كىشىلەرنى تاللاڭ.

2. سىز بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشنى خالىغان ۋە سىزنى تاشلاپ قويغانلارنى سىزمۇ ئۇنتۇپ كېتىڭ ۋە ئۇلارغا ھېچ قايغۇرماڭ.

شۇ ئىنىقكى دۇنيادا ھەر خىل ئادەملەر بار. ھەتتا بەزى كىشىلەر سىزگە ئېھتىياجى بار ۋاقىتتا سىزدىن ئايرىلمايدۇ ۋە سىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئەمما قاچانكى سىزگە بولغان ئېھتىياجى قالمىسا، مۇناسىۋەتنى ھامان ئۈزىدۇ. بۇ ئىشنىڭ پايدىلىق تەرىپى شۇكى، سىز بۇ ئارقىلىق ئادەملەرنى تونۇۋالىسىز ۋە ھاياتىڭىزدا سىز ئۈچۈن ھېچقانداق پايدىسى تەگمەيدىغان بىر ياۋا ئوتنى ئەتراپىڭىزدىن يۇلۇپ تاشلىغان بولىسىز. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن دوستلارنى تاللاشنى بىلىسىز ۋە ھەقىقىي دوستلارنىڭ قەدرىگە يېتىسىز. ئەمما بىز ھەقىقىي دوستىمىزنى بەكمۇ كېچىكىپ ھېس قىلىمىز. شۇڭا بىزدىن ئايرىلىشنى ۋە بىزنى تاشلاپ كېتىشنى خالىغانلاردىن تېزرەك ئايرىلىپ تۇرۇشىمىز لازىم. بۇنداق دېگەنلىك ئۇلار يامان ياكى ناچار كىشىلەر دېگەنلىك ئەمەس، پەقەت سىزنىڭ ھاياتىڭىزدا رولى ئاخىرلاشقان كىشىلەر دېگەنلىك، خالاس.

3. سىز تونۇشمايدىغان كىشىلەر بىلەن تۇنجى ئۇچراشقىنىڭىزدا ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشىغا ۋە كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلىشىغا پۇرسەت بېرىڭ. چۈنكى ھەر كىشىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ھاياتىغا تەسىر قىلغان تەجرىبە ساۋاقلىرى بولىدۇ. بىز ئۇچراشقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پايدىسىز كىشىلەر بولماستىن، بەلكى ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆزگىچىلىكى ۋە ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئەلۋەتتە بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە تېگىشلىك يەرلىرى بولىدۇ. شۇڭا بىز باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ۋە تونۇشۇش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەسلىكىمىز ۋە ھەمىشە يېڭى ئىنسانلار بىلەن تونۇشۇپ تۇرۇشىمىز لازىم. چۈنكى بەزى ئىنسانلار ھاياتىمىزنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن.

4. ھەممە ئىنسانلارغا مۇلايىملىق ۋە ئىھتىرام بىلەن مۇئامىلە قىلىڭكى، ھەتتا سىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلمايدىغان كىشىلەرگىمۇ ياخشى مۇئامىلىدە بولۇڭ. چۈنكى سىزنىڭ ياخشى مۇئامىلىڭىز سىزنىڭ قەدرىڭىزنى بىلمىگەنلەرنى ئۇيالدۇرۇپ قويىدۇ ۋە سىزگە قارىتا تونۇشىنى ئۆزگەرتىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

5. كىشىلەرنى ئۆزپېتى قوبۇل قىلىڭ. كۆپىنچە ھاللاردا كىشىلەرنىڭ خۇي _ پەيلى ۋە مىجەز _ خاراكتېرى ئۆزلىكىدىن ئۆزگىرىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما سىز ئۇلارنى ئۆزگەرتىمەن دەپ ئاۋارە بولسىڭىز كۆپ جاپا تارتىپ قالىسىز. پەقەت سىز ئۇلارغا ياخشى تەسىر بېرىپ، ئۈلگە ياكى باشلامچى بولۇشقا تىرىشىڭ.

6. ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەرنى تەقدىرلەڭ ۋە ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ماختاپ قويۇڭ. چۈنكى ياخشى ئىش قىلغانلارنى تەقدىرلەش ئۇلارنىڭ تېخىمۇ تىرىشىپ يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرى ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى بەختلىك ھېس قىلغانلىقىڭىزنى بىلدۈرۈڭ. ئۇلارنى ھەمىشە قوللاپ قۇۋۋەتلەڭ. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلارمۇ سىزنى قەدىرلەيدۇ ۋە قوللايدۇ.

7. ھەمىشە كەچۈرۈمچان بولۇڭ. كەچۈرۈم قىلىش دېگەنلىك ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كېتىڭ دېگەنلىكمۇ ئەمەس. بەلكى كۆڭۈلسىزلىك ۋە دەرت _ ئەلەمنى يوق قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، ئۆتكەن ئىشتىن ئىبرەت ۋە تەجرىبە ساۋاق ئېلىش، ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە تەرەققىي قىلىش دېمەكتۇر. چۈنكى سىزگە ئەزىيەت يەتكۈزگەن كىشىلەرنى يامان كۆرۈشكە چىقارغان ۋاقتىڭىز ئازايغانسىرى، سىزنى ياخشى كۆرىدىغان دوست _ بۇرادەرلىرىڭىز بىلەن بىرگە ئۆتكۈزىدىغان ۋاقتىڭىز كۆپىيىدۇ.

8. ھەر كۈنى ئاددى بولسىمۇ، بىراۋ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئۇنۇتماڭ. چۈنكى بەزى ۋاقىتتا سىزنىڭ باشقىلار ئۈچۈن قىلىپ قويغان ئاددىيغىنە بىر خىزمىتىڭىز ئۇلارنىڭ قەلبىدىن ناھايىتى چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشى مۇمكىن. شۇ ئېنىقكى، سىزنىڭ قىلغان ھەممە ئىشلىرىڭىز ھەممە كىشىلەرنى خۇشال قىلالماسلىقى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ ئاز ساندىكى كىشىلەرنى خۇشال قىلالىسىلا يېتەرلىكتۇر.

## ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالماسلىق كېسىلىنى قانداق يەڭگىلى بولىدۇ

دالې كارنېگ «غەلىبىگە ئېرىشىش چارىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «دۇنيادا ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا بىۋاسىتە تەسىر قىلىدىغان ئەڭ چوڭ مۇشكۇلسى ئۆز قۇدرىتىگە ئىشىنەلمەسلىك، ئۆزىنىڭ چوڭ ئىشلارنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالماسلىقتىن ئىبارەتتۇر. مۇنداق بىر كېسەلنىڭ شىپاسىنى نە دوختۇردىن، نە دورا _ دەرمەكتىن تاپقىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ شىپاسىنىڭ پەقەت ئۆز _ ئۆزىگە ئىشىنىش، ھاياتلىق يولىدا ئۆزى ئۇچۇن بىرەر نىشان بەلگىلەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. ئىنساندىكى ئۆز قۇدرىتىگە ئىشەنچ قىلالماسلىق ئىللىتى ئۇنىڭ تەن ساقلىقىغا تەسىر قىلىدۇ. ھاياتلىق پەقەت كۈرەشتۇر. بۇ كۈرەشكە كىرگەن ئادەم يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ قالسا، ئۇ ئارقىدىن كەلگەنلەرنىڭ قەدەملىرى ئاستىدا ئېزىلىپ يەنجىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا تۇرماستىن ئالغا ئىلگىرىلەش كېرەك، ھەر كىم ئۆز كۈچىگە تايىنىشى، ئۆزى ئۈچۈن پىلان تۈزۈپ ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلىشى كېرەك.

ئىنسانلار تەلەي ۋە ئامەتلەردىمۇ بىر خىل ئەمەس. بەزىلەر ھاياتتا كۆزلىگەن نىشانىغا يېتەلەيدۇ، بەزىسى كۆزلىگەنلىرىنىڭ يېرىمىغا ئېرىشىدۇ. يەنە بەزىسى ئازراق نەرسىگە ئېرىشكىنىگە كۈپايە قىلىدۇ. ئەمما مۇتلەق كۆپ سانلىق ئىنسان ھاياتنى سىرتتىن كۆزىتىدۇ، كۈنى قاتتىق، ئۆزى جاپاكەش بولۇپ ھايات كەچۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھاياتتىن كۈتكەنلىرى شۇنچىلىك كۆپ بولسىمۇ ئېرىشىدىغانلىرى بەكمۇ ئاز بولىدۇ. مۇنداقلار ئومۇمەن ئۆزىدىكى قۇدرەت ۋە ئىقتىدارغا ئىشەنچ قىلالمايدىغان، ئۆزلىرىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا كەم سۇندۇرىدىغان ۋە ھاياتلىقنىڭ قىيىنچىلىقلىرى ئالدىدا بېلىنى قويۇپ بېرىدىغان ئادەملەردۇر. مۇنداق ئادەملەرنىڭ بەزىسى ھاراق ئىچىپ مەست بولىۋېلىپ ئۆزىنى ۋاقىتلىق ئۇنتۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەمما بۇ ئۇنتۇش، بۇ قېچىش ئۇزۇنغا بارمايدۇ. مەستلىكتىن ئويغۇشالغاندىن كېيىن راھەتسىزلىك يەنە باشلىنىدۇ. بەزىلەر ئاچچىق ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن«بوي يەتمىگەن مېۋە ئاچچىق»دەيدىغان پەلسەپىگە باش ئۇرىدۇ ۋە ھاياتتا غەلىبە قازانغانلارنىڭ قىممىتىنى ئاددىي ساناشقا ۋە كۈچى يەتسە چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. مۇنداقلار ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ھەمىشە يالغانلار بىلەن غەلىبە قىلغانلارنىڭ شەنىنى چۈشۈرۈش بىلەن ئاقلاشقا تىرىشىدۇ.

### ئۇستا ياغاچچىلىق بولۇمسىز ئادۇوكاتلىقتىن ياخشى

دالې كارنېگ مەزكۇر ئەسرىدە يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «سىز كىچىك ئىشتا غەلىبە قىلىشنى بىلسىڭىز، ئەلۋەتتە چوڭ ئىشلاردىمۇ غەلىبە قىلالايسىز. سىزنىڭ ئۇستا بىر ياغاچچى بولغىنىڭىز غەلىبە قىلالمىغان ئادۇوكاتلىقتىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر. كىشىلەرنى تەنقىدلەيدىغانلار ئومۇمەن قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان تەبىقىدىكى ئىنسانلاردۇر. مۇنداقلارنىڭ بۇزىدىغىنى تۈزىدىغىنىدىن كۆپ بولىدۇ. فىنلاندىيەلىك مەشھۇر مۇزىكا ئۇستازى سىپىلىۇس ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئۇزىتىشىش ئالدىدا، ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرىنىڭ تەنقىدچىلەردىن قورقىدىغانلىقىنى سۆزلىگىنىدە، ئۇنىڭغا بەرگەن مۇنۇ جاۋابىنى ئەستە ساقلاش كېرەك: ‹سېنى باشقىلارنىڭ تەنقىد قىلىشى غەمكىن قىلسىمىدۇ، شۇنى بىلگىنكى، ھېچقانداق بىر مىللەت تەنقىدچىلەردىن بىرىنىڭ ھەيكىلىنى ياساپ باققان ئەمەس›.

شۇڭا بىزنىڭ ھاياتتىكى ۋەزىپىمىز ھەقىقەتتىن قېچىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن يۈزلىشىشتۇر. سىز ئۆزىڭىزگە ئىشىنىشنى بىلسىڭىز، مەن سىزنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىشىڭىزغا كاپالەت بېرەلەيمەن. يېتەركى، ئۈمىدۋار بولۇش، ئۆز قۇدرىتىڭىزگە ئىشىنىڭ، تەنقىدتىن قورقماڭ، ھەر زامان مەلۇم بىر نىشانغا يېتىش يولىدا كۈرەش قىلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز غەلىبە سىزگە مەنسۇپ، بەخت _ ئامەتمۇ سىزگە مەنسۇپ بولىدۇ».

## جاكسون براۋننىڭ ئوغلىغا قالدۇرغان ۋەسىيىتى

جاكسون براۋن ئامېرىكىلىق ئادەتتىكى پۇقرا بولۇپ، ئوغلى ئادەم ئادەمنى ئۇنىۋېرسىتېتكە يولغا سېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭغا ھاياتلىق تەجرىبىلىرىنى يېزىپ سوۋغا قىلغان ۋە يازغانلىرى 1560نەسىھەت بولۇپ چوڭ كىتاب ئىدى. جاكسون براۋن مەزكۇر ئەسىرىنى «ھاياتلىق كۆرسەتمىلىرى» دەپ ئاتىغان ۋە شۇ ئەسەر بىلەن ئامېرىكىدا تونۇلغان. كېيىنچە ئۇنىڭ مەزكۇر ئەسىرى ئامېرىكىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيادا ئەڭ كۆپ سېتىلغان ئەسەرلەردىن بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ ئەسىرى 28 تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلغان ۋە ئامېرىكىنىڭ ئەڭ كۆپ سېتىلغان كىتاپلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن.

**جاكسون براۋننىڭ نەسىھەتلىرى**

تۆۋەندە جاكسون براۋننىڭ ئوغلىغا يېزىپ قالدۇرغان بۇ قىممەتلىك ئەسىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى تاللاپ تەقدىم قىلىمىز:

1. ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن، ئەمما ئىشىكىڭنى مەھكەم ياپقىن.

2. ھاياتلىق شېرىكىڭ بولغۇچىنى ياخشى تاللاپ قارار قىلغىن. چۈنكى بۇ قارار ئىنساننىڭ بەختلىك ياكى بەختسىز بولۇشىدا 90% رول ئوينايدۇ.

3. دۈشمەنلىرىڭگە تۇيۇقسىز ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارنى دوستلىرىڭغا ئايلاندۇرغىن.

4. بانكىنىڭ ئېلانلىرىغا ئالدىنىپ قالمىغىن، بانكىغا قەرزدار بولۇپ قېلىشتىن ساقلانغىن.

5. شۇجائەتلىك بولغىن، گەرچە شۇنداق بولمىساڭمۇ ئۆزۈڭنى شۇجائەتلىك قىلىپ كۆرسەتكىن. چۈنكى كىشىلەر بۇنىڭ راست - يالغىنىنى ئايرىيالمايدۇ.

6. ئاڭلىغانلىكى خەۋەرگە ئىشەنمە، پۇلۇڭنىڭ ھەممىسنى خەجلىمە، ئېھتىياجدىن ئارتۇق ئۇخلىما.

7. ياخشى بىر كىتاب ئۇچراپ قالسا، ئۇنى ئوقۇمىساڭمۇ ئېلىپ قويغىن.

8. قانداق ئاڭلاشنى ئۆگەنگىن. چۈنكى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان پۇرسەتلەر كۈچلۈك قولاققا موھتاج.

9. ساقچى بىلەن ھەرگىز تاكانلاشما.

10. ئەقلىڭنى ياكى ئۆزۈڭگە بولغان ئىشەنچىڭنى ياكى ماشىناڭنىڭ ئاچقۇچىنى يوقاتما.

11. كونا دوستۇڭنى تۇيۇقسىز تېلېفون بېرىش بىلەن خوشال قىلىۋەتكىن.

12. يەر _ زېمىن سېتىپ ئالماقچى بولساڭ، ئۇنىڭ ئورنىنى تاللاپ ئال.

13. ھاياتىڭدا ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولغان ئىشلاردىن 10نى يېزىپ، يېنىڭدا ساقلىغىن.

14. ئايالىڭغا گۈل تەقدىم قىلغىن. ئۇنىڭ سەۋەبىنى كېيىن ئويلىۋال.

15. قانداقلا بىر ئىشتا ئۈچ قېتىم مەغلۇپ بولغان ئادەم بىلەن شېرىكلىشىشتىن ھەزەر ئەيلە.

16. ھەر كۈنى8 ئىستىكان سۇ ئىچىشنى ئۇنۇتما.

17. كىشىلەرگە يانچۇقىدىكىگە قاراپ ئەمەس، قەلبىدىكىگە قاراپ باھا بەرگىن.

18. تاقىتىڭغا كۆرە ياشىغىن، يەنى «يوتقانغا بېقىپ پۇتۇڭنى سۇنغىن».

19. كەسپىڭە ھيلە قىلىشنى ئۆگىنىمەن دەپ ۋاقىت سەرپ قىلماستىن، كەسپىڭنىڭ ئۆزىنى ئۆگەن.

20. تەبەسسۇم قىلغىن. چۈنكى ئۇ سەندىن بىر تىيىن تەلەپ قىلمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ قىممىتىنى پۇلغا سۇندۇرغىلى بولمايدۇ.

21. سەن غەزەپلىك ۋاقتىڭدا بىرەر ئىشنى قارار قىلما.

22. ئەمەلىيەتچانلىقتىن زىيادە سىلىق بولغىن. ئەمما ھېچكىمگە سەندىن پايدىلىنىشقا يول قويما.

23. شەيتاننىڭ نەيرەڭلىرىگە ئالدانما. چۈنكى ئۇ بىر خىل كۆرۈنمەيدۇ.

24. كىشىلەرگە ئۇلار كۈتكىنىدىن كۆپرەكنى بەرگىن.

25. نورمالدىكى ۋاقتىڭىنىڭ كۆپرەكىنى بالىلىرىڭ بىلەن ئۆتكۈزگىن.
26. يۈز _ ئابرويىڭنى ساقلىغىن. كېيىنكى كۈنلەر ئۇنىڭ سەندىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ئىلكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.
27. ئېلىشتىكى ئەمەس، بەلكى بېرىشتىكى قۇدرىتىڭگە قاراپ، ئۆزۈڭگە باھا بەرگىن.
28. سەن ئۇچراشقان ھەربىر ئادەمدە سەندە بولمىغان ئالاھىدىلىكلەر بولىدۇ. ئۇنى ئۆگىنىشكە تىرىشقىن.
29. پۇلنى خەجلەشتە ئوتتۇرۇپ قويىدىغان ئادەم ھاياتلىقتا ھەممىدە ئۇتتۇرۇپ قويىدۇ.
30. ئۆزۈڭنى تۈزەتمەي تۇرۇپ بالىلىرىڭغا قىلغان نەسىھەتلىرىڭنى پايدا بېرىدۇ، دەپ خام خىيال قىلما.

## ئۆزلۈك ۋە ئۇنىڭ قىممىتى

مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا ھەربىر ئىنسانغا ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەت ۋە ئۆزىگە خاس ئۆزگىچىلىك ئاتا قىلغان بولۇپ، ھەربىر ئىنسان ئۆزىدىكىلىرى بىلەن قىممەتكە ئىگە.

ئامېرىكىدىكى«ئىنسانى مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتى»نىڭ قورغۇچىسى دالى كارنېگ «كىشىلەر بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىسىز؟»ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «نېمىلا بولمىسۇن، سىز ھەر ۋاقىت پەقەت ئۆزىڭىزلا بولۇشقا تىرىشىڭ.. ۋېلىم جېمىسقا كۆرە، ئىنسان ئۆزىدىكى تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىدىن ئاران 10پىرسەنتىنىلا ئىشلىتىدۇ. ئۇ ئۆزىدىكى كۈچ _ قۇدرەتنى ھېس قىلالمايدۇ. نەتىجىدە، ئۇنى ئىشلىتىشنى ئويلىمايدۇ. بىز ئىنسانلاردا زاپاس قۇدرەتلەر بار بولۇپ، بىرىمىز يەنە بىرىمىزگە قەتئىي ئوخشىمايمىز. چۈنكى سىزگە ئوخشايدىغان بىرى يارىتىلىپ باققان ئەمەس ۋە مۇندىن كېيىنمۇ يارىتىلمايدۇ. دېمەك، سىز ھېچكىمگە ئوخشىمايسىز ۋە ھېچكىممۇ سىزگە ئوخشىمايدۇ. ئۇنداقتا سىز قانداقلا بىر شارائىتتا بولماڭ پەقەت ئۆزىڭىز بولۇڭ، ئۆزىڭىزنىڭ قابىلىيىتىنى ۋە قۇدرىتىنى ئىشقا سېلىشقا تىرىشىڭ. مەن ھاياتىمدا تەقلىدچىلىكتىن ئىككى چوڭ ئاچچىق ساۋاقنى ئالدىم. مەن بىر يېزىدىن ئامېرىكىنىڭ نيۇيورك شەھىرىگە كېلىپ شۇ جايدىكى سەنئەت ۋە تىياتىر فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىردىم. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا مەن مەشھۇر ئارتىستلاردىن بولۇشقا بەل باغلىغان ئىدىم. خىيالىمدا ئامېرىكىنىڭ ئەڭ مەشھۇر تىياتىرچىلىرى ۋە مەشھۇر كىنو ئارتىستلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ زور شۆھرەت قازىنىش قىسقا يول بىلەن يەتكىلى بولىدىغان ئىش ئىدى. ئەمما ئۇزۇنغا قالماي بۇ خىيالىمنىڭ سۇغا چىلاشقانلىقىنى كۆردۈم. چۈنكى مەن باشقىلارنى تەقلىد قىلىش ئۈچۈن بىر قانچە يىل ۋاقتىمنى قۇربان قىلساممۇ يەنىلا ئۆزۈمدىن باشقىسى بولالمايدىكەنمەن. مەن بۇ خىيال بىلەن ئۆزۈمدىكى قۇدرەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا ئۇرۇنماستىن، باشقىلارنىڭ قۇدرىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا ئۇرۇنۇپتىمەن. شۇنىمۇ بىجىرەلمىدىم. چۈنكى مەن قانداقمۇ ئۆزۈمدىن باشقىسى بولاي؟

شۇنىڭدىن كېيىن، مەن ئارتىستلىقتىن ۋازكېچىپ يازغۇچى بولۇشقا تىرىشتىم. ئاۋۋال نۇتۇق سۆزلەش سەنئىتى ھەققىدە بىرەر ئەسەر چىقىراي دېگەن ئۈمىد بىلەن شۇ ماۋزۇدا يېزىلغان ماقالىلارنى توپلاپ كىتاب قىلىشقا بەل باغلىدىم. ئەمەلىيەتتە كۆپلىرىنى توپلىدىم. ئەمما بۇ كىتاب بەكمۇ زېرىكىشلىك ۋە تەسىرسىز بولۇپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر يىل جاپا بىلەن توپلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋەتتىم ۋە ئۆز پىكىر _ قاراشلىرىمنى توپلاپ بىر كىتاب يېزىشقا كىرىشتىم. ئۆزۈمگە دېدىمكى ‹سەن دائىل كارنېگتىن باشقىسى بولالمايسەن، ئۇنداقتا سەن ياخشىبىر دالى كارنېگ بولغىن، بۇ ساڭا يېتىدۇ›. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۆز زاتىمدىكى قۇدرەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئارقىلىق كىشىلەردە ئەڭ زور تەسىر قالدۇرىدىغان ئەسەرلەرنى يارىتالىدىم».

### چارلى چاپلىننىڭ ئۆزگىچىلىكى

دالى كارنېگ يۇقىرىدا ئېيتقان سۆزلىرىنى كۈچلەندۈرۈپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا ئامېرىكىدا گېرمانىيەلىك بىر كومىدىيە ئارتىسى بەك مەشھۇر ئىدى. ھەركىم ئۇنى تەقلىد قىلىشنى ئۆزى ئۈچۈن چوڭ شەرەپ دەپ بىلەتتى. شۇ ۋاقىتتا چارلى چاپلىن گېرمانىيەلىك بۇ مەشھۇر كومىدىيە ئارتىسىنىڭ رولىنى ئېلىشقا تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ تەكلىپ قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلغان ۋە ئۆزىدىن باشقىسى بولالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ مەۋقەسىدە چىڭ تۇرغان. نەتىجىدە، چارلى چاپلىن كومىدىيە ساھەسىدە شۆھرەت قازىنىپ ھېلىقى گېرمانىيەلىكتىنمۇ ئېشىپ كەتكەن. سىز دۇنيادىكى ئەڭ يېڭى ۋە ئەڭ ئۆزگىچە بىر مەۋجۇداتسىز. سىز شۇنىڭ بىلەنلا پەخىرلىنىڭ ۋە قانائەت قىلىڭ، ئۆزىڭىزگە يۈلىنىڭ. ئاجايىپ چوڭ شۆھرەت قازانغانلارمۇ باشقا بىر پلانىتتىن كەلگەنلەر ئەمەس، بەلكى ئۇلارمۇ سىز بىلەن ماڭا ئوخشاش ئىنسانلاردۇر. ئەمما ئۇلارنىڭ بىزدىن پەرقى ئۆز زاتىدىكى قۇدرەتكە ئىشىنىش ۋە ئۇنى قوللىنىشتا. چۈنكى ئۆزىنى ئۇنتۇپ باشقىلارنى تەقلىد قىلىش ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغانغا ئوخشاش ئىشتۇر. زادى باشقىسىنى تەقلىد قىلغان ئادەم ئۆزىدىكى قۇدرەتنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، باشقىسىنىڭكىنى تەمە قىلغان بولىدۇ».

## ساقلىق ۋە كېسەللىك ئامىللىرى

تەن ساقلىقى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئورتاق تىلىكى بولغىنىدەك، ھەر قانداق بىر ئىنساننىڭ ئاخىرغىچە داۋام قىلىدىغان ئارزۇسى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئامېرىكىدىكى«ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتى»نىڭ قۇرغۇچىسى دالى كارنېگ «غەلىبىگە ئېرىشىش چارىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «كۆپلىگەن كېسەللەر دوختۇرخانىلارغا بېرىپ كېلىشنى ئادەتتىكە ئايلاندۇرۇۋالغان. ئۇلار يىل بويى شۇنداق دوختۇرخانىغا بېرىپ، كېلىش بىلەنمۇ كېسەللىكگە شىپالىق تاپالمايدۇ. ئۇلارنىڭ كېسەللىكى بىر خىل بولمايدۇ. بەزىسى ھارغىنلىقتىن دەرتلەنسە، بەزىسى ئۇخلىيالماسلىقتىن، يەنە بەزىسى پۇل، قولىدىكى ئاغرىقتىن دەرتلىنىدۇ. ئۇلار بەزىدە ئۆزلىرىنىڭ ياشلىرىدىكى ساقلاردىن قىزغىنىپ، ئۇلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن ساقلار ئوتتۇرسىدىكى پەرق ساقلارنىڭ ئۆز زاتىدىكى قۇۋۋەتنى توغرا ئىشلىتىشنى بىلگەنلىكىدىن، ئۆزلىرىنىڭ بولسا، ئۇنى ئىشلىتەلمىگەن ياكى يولسىزلىقلار بىلەن ئۇنى نابۇت قىلىۋەتكەنلىكىدىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمايدۇ. مۇنداقلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى قۇۋۋەت خۇددى سۇ قۇمغا سىڭىپ كەتكەندەك ۋۇجۇدىدا سىڭىپ كېتىپ قالىدۇ. ئەمما ئىلمىي ھەقىقەتلەر ئىنساننىڭ ئىچىدىكى كۈچ _ قۇۋۋەتنىڭ يوقاپ كەتمەيدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. ئۇنداقتا كېسەل ئادەمنىڭ كۈچ _ قۇۋۋىتى نەگە كېتىدۇ؟

ھەقىقەت شۇكى، ئىنساننىڭ جىسمىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان نەرسە كېسەللىكلا ئەمەس، بەلكى كۆڭۈلسىزلىك، غەم _ قايغۇ، ھارغىنلىق ۋە راھەتسىزلىكتۇر. چۈنكى كېسەللىكنىڭ ھەممىسى مىكروبتىنلا ئەمەس، بەلكى ھەسەتخورلۇق، گۇمانخورلۇق، راھەتسىزلىك، كۆپ ئاچچىقلىنىش، مېڭىنى پايدىسىز ئىشلار بىلەن چارچىتىش ۋە ئۇيقۇسىزلىقلار بىلەن بولىدۇ. شۇڭا تەن ساقلىقنى ساقلاش ئىنساننىڭ ئەڭ ئالدىنقى ۋەزىپىسىدۇر».

### ئادەم بەدىنى دۆلەتكە ئوخشايدۇ

دالى كارنېگ مەزكۇر ئەسىرىدە يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىنسان ھەمىشە ئۆز _ ئۆزى بىلەن، ئىچكى دۇنياسى بىلەن ئېلىشىش ۋە جەڭ قىلىش ئارقىلىق ئۆتىدۇ. بۇ خۇددى دۆلەتنىڭ ئىشىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى دۆلەتلەرمۇ ئىچىدىكى دۆلەتكە قارشى كۈچلەر بىلەن ھەمىشە ئۇرۇشۇش ۋە ئۇلارنى بېسىقتۇرۇشقا تىرىشىش بىلەن ئۆتىدۇ. خۇددى ئىنسانمۇ ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان كېسەللىك بىلەن ئېلىشىدۇ. كۈچى يەتمىگەندە دوختۇرغا بېرىپ ئۇنىڭ ياردىمىنى سورايدۇ. ئىچىدىن چېرىكلەشكەن بىر دۆلەتكە كۈچلۈك دۆلەتلەرمۇ ياردەم قىلىپ ئۇنى قۇتقۇزالمىغاندەك، بەزى ھاللاردا بەزى كېسەللەرنى دوختۇرلارمۇ قۇتقۇزالمايدۇ. چۈنكى دوختۇرنىڭ كېسەلنى قۇتقۇزۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ كېسەللىكنىڭ سەۋەبىنى، ئۇنىڭ جىسمىنى خاراب قىلىۋەتكەن نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىشى شەرت. شۇنىڭدىن كېيىنلا دوختۇرمۇ كېسەلگە توغرا دىئاگنوز قويۇپ ئۇنى داۋالاپ چىقالايدۇ.

ئىنسانلارنىڭ تولىسى تەن ساقلىقنى ساقلاش قانۇنىيەتلىرىنى بىلمەيدۇ، بەزىلەر تاقىتىنى يولسىزلىق بىلەن ئىشلىتىپ ئازلا ۋاقىت ئىچىدە ئۆز ۋۇجۇدىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يېشى كىچىك تۇرۇپ قېرىپ كېتىش، قېرىماي تۇرۇپ بۇ دۇنيادىن خوشلىشىش قاتارلىق مۇسىبەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. ئىلمىي ھەقىقەتلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئادەمنىڭ ھاياتلىقتا بىرەر غايە _ مەقسىتى ياكى پۈتكۈزۈشكە تىرىشىۋاتقان بىرەر ئىشى بولۇپ، شۇ غايە _ مەقسەت ۋە شۇ ئىشنى پۈتكۈزۈش يولىدا ياشايدىغان بولسا، ئۇنىڭ كۈچ _ قۇۋۋىتى ۋە كېسەللىكلەرگە قارشى مۇداپىئەلىنىش جىھازلىرى يېڭىلىنىپ ۋە كۈندىن _ كۈنگە ئېشىپ تۇرىدۇ».

## مۇناپىقلار مىللەتنىڭ گوركارلىرىدۇر

مۇناپىقلار قايسى مىللەت ۋە قايسى جايدا بولمىسۇن، ئۇلار ھامان ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىش يولىدا ئىش ئېلىپ بارىدۇ. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ھەممىشە نەپرىتىگە ئۇچراپلا تۇرىدۇ. بۇ مۇناپىقلارنى قوللانغان بېسىمدارلارمۇ ئۇلارنى سۆيمەيدۇ. ۋاقتى كەلگەندە ئۇلارنى ئۆز قولى بىلەن يوق قىلىۋېتىدۇ. مۇستەملىكە ئاستىدا قالغان مىللەتلەر ئىچىدىن چىققان مۇناپىقلار ئەڭ خەتەرلىك مۇناپىقلار بولۇپ، ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ كالىلىسنى بېسىمدارلارغا سېتىۋېتىدۇ.

بولۇپمۇ ئۇيغۇر دىيارىدا مۇناپىقلار بەكمۇ بازار تاپماقتا. ئۇلارنىڭ مىللىتىمىزگە كەلتۈرگەن زىيان – زەخمەتلىرى مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە ئېشىپ بارماقتا. خەلقىمىزنىڭ چارىسىزلىكى، مۇستەملىكىنىڭ قۇترىتىشى مۇناپىقلارنىڭ بازىرىنى ئاۋاتلاشتۇرماقتا. مۇناپىقلار خەلقىمىزنىڭ بەختىگە ئولتۇرماقتا. ئۇزۇن تارىخقا قايتىدىغان بولساق، بىزنىڭ مىللەتتىن چىققان، تېگى پەس، رەزىل مۇناپىقلار ئۆتمۈشتىكى سەلتەنەتلىك دۆلەتلىرىمىزنىڭ ياۋ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان. مەسىلەن: مىلادىيە 8 – ئەسىردە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ يىمىرىلىپ تاشلىنىشىغا ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ سارىيىدىكى بىر قىسىم مۇناپىقلارنىڭ يوشۇرۇن مەخپىيەتچىلىكلەرنى قارشى تەرەپكە يەتكۈزۈپ قويۇش ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىگە خىيانەت قىلغانلىقى سەۋەبتىن بولغانلىقىنى تارىخ كىتابلىرىدىن ئوقۇۋاتىمىز. شۇنداقلا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ يىمىرىلىپ قالماقلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشىدىمۇ، مەنسەپ تەمەسىدە دۈشمەنگە سېتىلىپ كەتكەن ئاباق خوجا باشچىلىقىدىكى مۇناپىقلارنىڭ خائىنلىقى ئاساسلىق رول ئوينىغان. كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بېسىمدارلارغا قارشى كۈرەشلىرىنىڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياقلىشىشىغىمۇ يەنە شۇنداق مۇناپىقلار سەۋەبچى بولۇپ كەلمەكتە. دېمەك، دۇنيادا ئۆز ئىچىدىن چىققان مۇناپىقلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئەڭ كۆپ ئۇچرىغان خەلق ئۇيغۇر خەلقى دېسەكمۇ مۇبالىغە بولمىسا كېرەك.

### مۇناپىقلار ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى قاپلاپ كەتكەن

مۇناپىقلار ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى تەبىقىلىرىدە تولۇپ تاشقان ھالدا تېپىلىدۇ. مەسىلەن: خىتاينىڭ ئازراق مائاشىغا ئېرىشكەن كادىر گويا رىزىق بەرگۈچى ئىگىسى ئاللاھنى ئۇنۇتقان ھالدا، شۇ مائاشنى بەرگەنلەرگە چوقۇنىدۇ. ئۇلار مائاشسىز ھاياتنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. ئەگەر مائاشتىن ئايرىلىپلا قالىدىغان بولسا، بۇ دۇنيادا ياشىيالمايدىغاندەك ھېس قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆز مىللىتىنى، ھەتتا ئۆز قېرىنداشلىرىنى، ئاتا – ئانىسىنى ۋە ئاچا – سىڭىللىرىنى سېتىپ بولسىمۇ بۇ مائاشنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ دۇنياسىدا مائاشتىن باشقىسى ھېچ نەرسە ئەمەس. ئاللاھنى قويۇپ مائاشقا چوقۇنىدىغان كادىرلارنىڭ يەنە بىر قىسىملىرى- بەلكى كۆپىنچىسى - زالىملارغا خىزمەت كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مائاشىنى ۋە دەرىجىسىنى كۆتىرىش مەقسىتىدە، ئۆز مىللىتىنى – قەۋم قېرىنداشلىرىنى، خوشنىلىرىنى، خىزمەتداشلىرىنى، ھەتتا ئەڭ يېقىن كىشىلىرىنىمۇ زالىملارغا سېتىۋېتىشتىن ھايا قىلمايدۇ. ئۇلار تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ھەممىشە ئادەم چاقىدۇ، شىكايەت قىلىدۇ، ئەرز يوللايدۇ. شۇنداق قىلىپ زالىملارنىڭ نەزەرىدىن ئۆتۈشكە تىرىشىدۇ. بىر قىسىم زىيالىيلار زالىم ھۆكۈمدارلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش، ئۇلارنىڭ ئالدىدا مەرتىۋىگە ئېرىشىش خام خىيالى بىلەن بىلىپ تۇرۇپ ئۆز مىللىتىگە، تارىخىغا ۋە ئەنئەنىلىرىگە خىيانەت قىلىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ شانلىق تارىخلىرىنى بورمىلاپ بېسىمدارلارنىڭ خاھىشىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ يازىدۇ، ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئەزەلدىن ئۆزىگە تەۋە ئەمەسلىكىنى دەۋا قىلىدۇ، ئۆز خەلقىنى ئېزىۋاتقان زالىملارغا خوشامەت قىلىدۇ. مۇنداق پوچەك زىيالىيلار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەنىگە داغ تەككۈزمەكتە، ئۇيغۇر مىللىتىدىن چىققان ھەققانىيەتچى، ئوت يۈرەك، روھى پاك ئەزىمەتلەرنىڭ روھىنى قورۇندۇرماقتا.

### دىنني تونغا ئورىنىۋالغان مۇناپىقلارنىڭ خەتىرى ھەممىدىن چوڭ

ئەمدى دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان مۇناپىقلارغا كەلسەك، ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر. بۇ مۇناپىقلارنىڭ ھەممىدىن بەك بازار تېپىپ كېتىشىنىڭ مۇھىم بىر ئامىلى خەلقىمىزنىڭ ئاق كۆڭۈللىكى، ئۇلارنىڭ سۆزىگە تېز ئىشىنىپ كېتىشى ۋە ئۇلارنىڭ ساختىلىقىنى تولۇق بىلىپ كېتەلمىگەنلىكىدۇر. موللا ئاتىلىپ دىنىي تونغا ئورىنىۋېلىش ئارقىلىق دىن نامى بىلەن مۇستەملىكىچى ۋەھشى زالىملارغا ئەڭ چوڭ خىزمەتلەرنى كۆرسىتىۋاتقان بۇ مۇناپىقلار ئاللاھ ۋە خەلق قەتئىي كەچۈرمەيدىغان ئەڭ قەبىھ ۋە ئەڭ ئېغىر جىنايەتلەرنى سادىر قىلماقتا. زالىملارنىڭ تۇغۇت چەكلەش سىياسىتىنى مەسجىدلەرنىڭ مېھرابلىرىدا تەشۋىق قىلىدىغانلارمۇ شۇ مۇناپىقلار، 18 ياشقا توشمىغان باللارنىڭ مەسجىدلەرگە كىرمەسلىكىنى تەشۋىق قىلىدىغانلارمۇ شۇ مۇناپىقلار، خوشنىلىرىنىڭ مەخپىي جايلاردا دىنىي تەلىم ئالغان باللىرىنى زالىملارغا چېقىپ قويىدىغانلارمۇ شۇ مۇناپىقلار، بىرەر ھالال نىيەت ئۆلىمانىڭ خەلققە ۋەز – نەسىھەت ئېيتقانلىقىنى، گۈزەل ئەخلاق ئۆگەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ قالغان ھامان ئۇنى زالىملارغا چېقىپ تۈرمىگە سولىتىپ قويىدىغانلارمۇ شۇ مۇناپىقلاردۇر. دېمەك بۇ خىلدىكى مۇناپىقلارنىڭ جىنايەتلىرىنى، خىيانەتلىرىنى ۋە پەسكەشلىكلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. بىز شۇنى ئېنىق ئايرىۋېلىشىمىز كېرەككى، ئۇيغۇر دىيارىدا مۇناپىقلىق ساھەسىدە بازار تاپقان بۇ مۇناپىقلارنى ئەھلى ئىلىم ياكى ئۆلىما دېيىشكە قەتئىي بولمايدۇ. ئۇلار بۇ ئۇنۋانغا ھەرگىزمۇ ئەرزىمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار قارا قورساق، نادان، نەپسانىيەتچى، ئىمانسىز، رەزىل مەخلۇقلاردۇر. ھەر بىر ئۇيغۇر ياخشى بىلىدۇكى، مەسجىدلەرنىڭ ئىماملىرىنى خەلق سايلاپ بېكىتەلمەيدۇ. ئۇلارنى

ھۆكۈمەت ئۆزى قويىدۇ. ھالبۇكى، خىتاي ھۆكۈمىتى ئاق – قارىنى بىلىدىغان، ۋىجدانى بار، ئىمانلىق ئادەمنى ھەرگىزمۇ قوللىمايدۇ، ئۇلارنى ھەرگىزمۇ مەسجىدلەرگە ئىمام ياكى خەتىب قىلمايدۇ. ئۇنداقلارنى تۈرلۈك چارىلەر بىلەن خەلقتىن يىراق قىلىشقا تىرىشىدۇ – بەزىلىرىنى يوق قىلىۋېتىدۇ، بەزىلىرىنى ئاللاھ بۇيرىغان ۋەزىپىسىدىن ۋاز كەچكۈزۈپ ئاددى پۇقراغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، ۋاز كېچىشنى خالىمىغان بەزىلىرىنى بولسا، خۇددى خوتەن خەلقىنىڭ باش تاجىسى، دىن – دىيانەتنىڭ ئۈلگىسى، ئوت يۈرەك ئالىم ئابدۇلئەھەت مەخسۇم ھاجىمنى 75 ياشقا كىرىپ قالغان، سالامەتلىكى ناچار ئەھۋالىغا قارىماي تۈرمىگە تاشلىغاندەك تۈرمىلەرگە تاشلاپ نابۇت قىلىدۇ.

شۇڭا ئۇيغۇر دىيارىدىكى مەسجىد، جامەلەرنىڭ ئىمام ۋە خەتىبلىرىنى ئەھلى ئىلىم ، ئۆلىما دېيىشكە قەتئىي بولمايدۇ. ئۇلار موللا دېيىشكىمۇ ئەرزىمەيدۇ. گەرچە «موللا»دېگەن ئاتالغۇ ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى زىيالىلار قاتلىمىنىڭ نەزىرىدە دىنى نىقاپقا كىرىۋالغان قارا قورساق جان باقارلارنى ئىپادىلىسىمۇ، «موللا» سۆزى پارسچىدا «ئالىم» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ سۆزنى بۇ قارا قورساق جان باقارلارغا قوللىنىش ئارتۇقلۇق قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئالىم ئەمەستە.

## ھەمىشە ياش تۇرۇشنىڭ چارىسى

دالې كارنېگ «غەلىبىگە ئېرىشىش چارىلىرى»ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ياش ئاياللاردىن بىرى پالچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ بەختى توغرۇلۇق پال ئاچتۇرغان ئىكەن. پالچى ئۇنىڭغا دەپتۇ:

_ سىز قىرىق ياشقىچە يوقسۇللۇق ۋە بەختسىزلىك ئىچىدە ھايات كەچۈرىسىز _ بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان ياش ئايال بەلكى قىرىق يېشىمدىن كېيىن ھاياتىم باشقىچە بولىدىغان ئوخشايدۇ دېگەن ئۈمىد بىلەن قىزىقىپ يەنە سوراپتۇ:

_ قىرىق ياشتىن كېيىنچۇ؟

_ قىرىق ياشتىن كېيىنمۇ سىز ئادەتلىنىپ كەلگەن يوقسۇللۇق بىلەن بەختسىزلىككە قانائەت قىلىپ ھاياتىڭىزنى ئاخىرىغىچە شۇنداق ئۆتكۈزۈشكە رازى بولىسىز _ دەپتۇ پالچى.

ئى ئوقۇرمەن، سىز ئۆمۈر بويىچە يوقسۇل ۋە بەختسىز ياشاشنى خالامسىز ياكى ھاياتىڭىزنى ئۆزگەرتىشنىمۇ؟ سىزنىڭ جاۋابىڭىز تەقدىرىڭىزنى ۋە قانداق بولۇپ، بۆگۈننىڭ تۈنۈگۈندىن، ئەتىنىڭ بۆگۈندىن ياخشى بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. خۇددى موراي پانكىس «ئۆزىڭىز بىلەن قانداق ياشايسىز؟» ناملىق ئەسىرىدە دېگەندەك، ئىنساننىڭ ئەقىل _ پاراسىتى بالىنىڭ 16 ياشقا يېتىشى بىلەن ئەڭ كامالىغا يەتكەن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى پەقەت شۇ ئەقىل _ پاراسەتنى قانداق قىلغاندا ئەڭ ئەۋزەل شەكىلدە ئىشلىتىشنى ئۆگىنىش مەسىلىسىدۇر. ئەمەلىيەت شۇكى، ئىنسانلار ئەقىل _ پاراسەتتە بىر خىل ئەمەس. ئەڭ ئەقىللىق كىشىلەر ئەڭ ئەقىللىق بولغانلىرىمۇ ئەمەس. بۇنىڭدىكى سەۋەب ئەقىل _ پاراسەتنى ھاياتلىقنىڭ تەلەپلىرىگە مۇۋاپىق شەكىلدە ئىشلىتىشنى بىلمىگەنلىكتىندۇر».

### ياشلىق ئۆمۈر بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ

دالې كارنېگ مەزكۇر ئەسىرىدە يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تەن ساقلىقنى ساقلاش بىلەن ھەرىكەتچانلىق ھەقىقىي ياشلىقتۇر. ياشلىق بىلەن قېرىلىق چاچنىڭ ئاقارغانلىقى ياكى كۆز نۇرىنىڭ ئازىيىپ قالغانلىقى ياكى چىرايغا قورۇق چۈشكەنلىكتىن ئايرىلمايدۇ. چۈنكى بەزى بالىلار كىچىك تۇرۇپ چېچى ئاقىرىپ قالغاندەك، بەزىلەر مەكتەپ يېشىدا تۇرۇپ كۆز ئەينەككە ھاجەت بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، 70 _ 80 ياشتىكى بەزى كىشىلەرنىڭ نە چېچى ئاقارغانلىقىنى نە كۆزەينەككە ھاجەت بولغانلىقىنى كۆرمەيمىز. يەنە 70 _ 80 ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن نۇرغۇن ئىجادىيەتلەرنى ياراتقان ئالىملار بولغىنىدەك، ئۆمرىنىڭ ئالتۇن چاغلىرىدا يەپ _ ئىچىشتىن باشقىغا يارىمىغان ياشلارمۇ سانسىزدۇر. شۇڭا بەزى ئادەملەرنىڭ قەبرە تېشىغا «30 ياشتا ۋاپات بولدى، 60 ياشتا دەپنە قىلىندى» دەپ يېزىپ قويۇشقا تېگىشلىك. چۈنكى دۇنيادا تىرىك يۈرۈۋاتقان ئۆلۈكلەر كۆرىمىگەندۇر.

### ئۈمىدۋارلىق ھاياتلىقتۇر

دالې كارنېگ مەزكۇر ئەسىرىدە يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «فرانسىيەلىك شائىر ۋىكتور ھىگونىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا، قىرىق ياش ياشلىقنىڭ قېرىلىق، ئەللىك ياش قېرىلىقنىڭ ياشلىقىدۇر. مۇخبىرلار 80 ياشتىكى بىر ئادەمدىن قانداق بولۇپ مۇنداق كۆپ ئۆمۈر كۆرگەنلىكى ھەققىدە سورىغاندا، ھېلىقى ئادەم مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن: بۇنچىلىك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلىكىمنىڭ سەۋەبىنى ئېنىق بىلمەيمەن. ئەمما مېنىڭ بىلىدىغىنىم شۇكى، مەن ئاز يەيمەن، ئاخشىمى بۇرۇن ئۇخلايمەن، ھاراق ئىچمەيمەن، تاماكا چەكمەيمەن، دۇنيانىڭ يۈكىنى ئۈستۈمگە ئېلىۋېلىشنى خالىمايمەن، غەم _ قايغۇدىن يىراق تۇرىمەن، ھەر ئەتىگىنى ھاياتلىقنى ئۈمىدۋارلىق بىلەن كۈتۈۋالىمەن ھەرگىز ئۆلمەيدىغاندەك ئىشلەيمەن».

ھەقىقەت شۇكى، سىز ياشلىقىڭىزنى قانچىلىك ئۇزارتالىسىڭىز، قېرىلىقىڭىزنى شۇنچىلىك قىسقارتالايسىز. ياشلىقىڭىزنىڭ داۋام قىلىشى ئۈچۈن تەن ساقلىقىڭىزنى ساقلىشىڭىز ۋە ھەر ئىشتا ئۈمىدارلىق بىلەن كۆڭلىڭىزنى ياشارتىپ تۇرۇشىڭىز شەرت.

**قايغۇرماڭ**

دوكتور ئائىز ئەل قەرنى

ئالدىڭىزدا «جېنىم دوستۇم، سېنىڭ ئۈچۈن جېنىم پىدا» دەپ تۇرۇپ، بېشىڭىزغا كۈن كەلگەندە سىزنى ئەرزان پۇلغا سېتىۋېتىدىغان نامەردلەرگە قايغۇرماڭ.

سىزگە ساداقەت باغلىغان بولۇپ، سىرىڭىزنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى سىزگە قارشى قورال قىلىۋالغان دۈشمەنگە قايغۇرماڭ.

ئالدىڭىزدا خوشامەتىڭىزنى قىلىپ، ئارقىڭىزدا سىزنى سۆكىدىغان ئالا كۆڭۈل دوست ئۈچۈن قايغۇرماڭ.

سىزدىن ياخشىلىق كۆرۈپ تۇرۇپ يامانلىق قىلىدىغان تۇزكورلار ئۈچۈن قايغۇرماڭ.

سىزنى دۇنيالىق مەنپەئەت ئۈچۈن ئىككىلەنمەستىن سىزنى سېتىۋېتىدىغان ساتقۇنلارنىڭ بارلىقىدىن قايغۇرماڭ.

يوقسۇللۇقتىن قۇرۇق نان يەپ كۈننى كەچ قىلىدىغانلارنىڭ سېمىزلىكتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقان قوشنىلىرىنىڭ بارلىقىغا قايغۇرماڭ.

ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان، نان بەرگەن قولنى چىشلەيدىغان ئىنسانلارنىڭ بارلىقىغا قايغۇرماڭ.

ھايات يولىدا ئۇچراشقان دوستلىرىڭىزنىڭ ساداقەتسىزلىكىدىن قايغۇرماڭ.

سىزنىڭ كۆيۈنگىنىڭىزنى بىلمەيدىغان ھەمراھلار ئۈچۈن قايغۇرماڭ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ.

ئىنسانلار سىز ئۈچۈن ئىشىكلىرىنى تاقىسا، ئۇنىڭغا قايغۇرماڭ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىشىكى ھەمىشە ئوچۇقتۇر.

## بىراۋنىڭ رەھمەت ئېيتىشنى كۈتمەڭ

مۇھەممەد غەززالىي

ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى ھەر بىر نەپەستە، تۇمۇرلاردىكى قاننى ئىتتىرگەن ھەربىر ھەركەتتە بىزنى قورشاپ تۇرىدۇ. ئەمما بىز بۇ كاتتا نېمەتلەرنى كۆپىنچە ھېس قىلمايمىز ۋە بۇ نېمەتنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھنى لايىقىدا قەدىرلىيەلمەيمىز.

بىز بارلىق ئېھتىياجلىرىمىزنى ئۆزلىكىدىن تەييارلانغان ھالدا قوبۇل قىلىمىز. بىز قىلماقچى بولغاننى شۇنداقلا كۆڭلىمىزگە كەلتۈرۈش بىلەنلا بۇ ئىش ئۆزلىكىدىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەسىلەن: ئولتۇرۇپ ـ قوپۇش، يۈرۈش- تۇرۇش ۋەھاكازالارغا ئوخشىغان ئىختىيارىي ھەركەتلىرىمىز. بەزى نېمەتلەرنى چەكلىك شارائىتلاردا ۋە كۆڭۈللۈك مۇھىتلاردا ھېس قىلالايمىز. ئەمما بۇنى ھېس قىلىدىغانلارمۇ ئىنتايىن ئاز. سەۋەب ئاللاھتىن يىراقلىقىمىز ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە نىسبەتەن خاتا چۈشەنچىمىزدىن ئىبدى.

ئىنسانلارنىڭ كۆپ سانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلىنغان سانسىز نېمەتلىرىنى ھېس قىلماستىن، ئۇنىڭغا شۈكۈر ئادا قىلماستىن غەپلەت ئىچىدە ئۆمۈر ئۆتكۈزمەكتە.

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئۆزىنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى تونۇتۇشنى خالىغانلىقتىن، گويا ئۆزىنى تونۇشتۇرغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: غەپلەت ئىچىدە ئۆمۈر ئۆتكۈزمەكتە.

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئۆزىنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى تونۇتۇشنى خالىغانلىقتىن، گويا ئۆزىنى تونۇشتۇرغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: (ئاللاھ سىلەرنىڭ ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە كېچىنى (قاراڭغۇ) قىلىپ بەرگەن، (تىرىكچىلىك قىلىشىڭلار ئۈچۈن) كۈندۈزنى يورۇق قىلىپ بەرگەن زاتتۇر. چۈنكى ئاللاھ ئىنسانلارغا تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر. ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى يەنىلا شۈكۈر قىلمايدۇ. ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئەھۋال بۇنداق تۇرسا، سىلەر قانداقمۇ (ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرغانلار(ھەقىقەتتىن) شۇنداق بۇرۇلۇپ كېتىدۇ. ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى تۇرالغۇ، ئاسماننى تورۇس قىلىپ بەرگەن، سىلەرنى شەكىلگە كىرگۈزۈپ، تۇرقۇڭلارنى چىرايلىق قىلغان ۋە سىلەرنى پاك نەرسىلەردىن رىزىقلاندۇرغان زاتتۇر. ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھنىڭ بەرىكىتى كۆپتۇر) [1].

مۇشۇ بايان ۋە ئاگاھلاندۇرۇشتىن كېيىن بىز ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالىدۇقمۇ؟!

مەلۇمكى، نېمەت بەرگۈچىگە شۈكۈر ئادا قىلىش ئىنسانىي بۇرچتۇر!

دۇنيادا نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ نېمەت ئىگىسىگە شۈكۈر قىلىشنى بىلمەيدۇ. گويا ئۇلار بۇ نېمەتلەرنى ئۆزىنىڭ تارتتۇۋېلىنغان ھەققىنى قايتۇرۇپ ئالغاندەك ياكى بۇ نېمەتلەر پەقەت ئۆزىگىلا خاس ئىكەندەك قوبۇل قىلىدۇ. بۇنداقلار باشقىلارنى ئۆزىگە ھەرگىزمۇ تەڭ قىلمايدۇ.

بۇنداق تۈزكورچە چۈشەنچە ۋە تەپەككۇردىن ھەرگىزمۇ شۈكۈرنىڭ غۇنچىلىرى ئۈنمەيدۇ. بۇنداقلاردىن شۈكۈرنى كۈتكىلى بولمايدۇ.

بۇ سەۋەبتىن سىز بەزى كىشىلەرگە ياخشىلىق قولىڭىزنى سۇنغان ۋە ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن كاپ جاپا تارتقان بولسىڭىزمۇ، ئۇلارنىڭ سىزگە بولغان پوزىتسىيىسى ناچار، مۇئامىلىسى سوغۇق ۋە رەھمەت سۆزى يوق بولىدۇ.

كىشىلەرنىڭ بۇ خىل مۇئامىلىسى سىزنى نەپرەتلەندۈرەمدۇ؟ ھالبۇكى ئۇنداقلار مۇندىن بۇرۇن سىزنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ يېگانە پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقىمۇ شۇنداق مۇئامىلىدە بولغان ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە: [بەندىلىرىمدىن شۈكۈر قىلىدىغانلار تولىمۇ ئاز][2] دېگەن ئەمەسمۇ؟

دالى كارنېگ بىزگە كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان تۈزكۇورلۇق مەسىلىسى توغرىلىق مۇنداق بىر قانچە مىسالنى كەلتۈرىدۇ: «سىز بىراۋنىڭ ھاياتىنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرغان بولسىڭىز ئۇنىڭدىن شۇ قىلغىنىڭىز بەدىلىگە رەھمەت سۆزى كۈتەمسىز؟بەلكى شۇنداق قىلىشىڭىز مۇمكىن. لېكىن «سەمۇئېل لايبىتز» ئاۋۋال ئادۋوكات، كېيىنچە سوتچى بولۇپ ئىشلەش جەريانىدا 78 كىشىنى توك ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغۇزۇپ ئىجرا قىلىنىدىغان ئۆلۈم جازاسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلاردىن بىرەرسىمۇ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتمىغان.

---

① غافىر سۈرىسى، 61 - 64 _ ئايەتلەر.
② سەبە سۈرىسى،13 _ ئايەت.

ئىسا پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان 10 ئادەمنى بىركۈندىلا ساقايتقان بولسىمۇ، ئۇلاردىن قانچە كىشىنى ئىيساغا رەھمەت ئېيتتى دەيسىز؟ ئارانلا بىر ئادەم. ئەمما باشقىلار شۇنچە ئەرزان رەھمەت سۆزىنىمۇ ئېيتماستىن قايتىپ كېتىشكەنىدى.

چارلىز شەۋاب ماڭا مۇنداق بىر قىسسىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇ بىر قېتىم ئېمبارگوغا ئۇچرىغان بىر سەرراپنى تۈرمە جازاسىدىن قۇتقۇزۇپ قالغان ئىدى. لېكىن سەرراپ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتىمۇ؟ ھەئە بىر كۈنى ئۇنىڭغا رەھمەت سازىنى ناھايىتى قىيىن دىيەلىدى، ئاندىن ئۇنى ئارقىسىدىن تىللاشقا باشلىدى».

دالى كارنېگ گويا ئاللاھ تائالانىڭ[ئىنسان ھەقىقەتەن رەببىگە تۇزكورلۇق قىلغۇچىدۇر①] دېگەن سۆزىنى شەرھىلىگەندەك مۇنداق دەيدۇ: «تۇزكورلۇق شۇنداق بىر تەبىئەت بولۇپ، ئۇ زېمىنگە ئۈنگەن ئوت ـ چۆپلەرگە ئوخشاش بىراۋ ئۇنى تېرىماستىن ئۆزلىكىدىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسە، ئەمما شۈكۈر پەقەت ئۇنى ياخشى پەرۋىش قىلىش بىلەنلا ئۈنۈپ چىقىدىغان گۈلگە ئوخشايدۇ. ئىنسان تەبىئىيتى يەنىلا شۇ ئەزەلدىنكى ئىنسان تەبىئىيتى بولۇپ، ئۇ مەڭگۈگە ئۆزگەرمەيدۇ!

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئۇنى شۇ بۇيىچە قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك.

نېمە ئۈچۈن ياخشىلىققا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنىڭ يوقالغانلىقى ۋە تۇزكورلۇقنىڭ ئومۇملاشقانلىقىغا ھەسرەتلىنىمىز؟ كىشىلەرنىڭ ياخشىلىققا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش بۇرچىنى ئونۇتۇشى تەبىئىي ئەھۋال ئەمەسمۇ؟ ئەگەر بىز قىلغان ھەر بىر ياخشىلىقىمىز ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىنى كۈتىدىغان بولساق، ئۆزىمىزگە نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرگەن بولىمىز».

بۇ سۆز ئازراق ئوچۇقلىنىشقا موھتاج. ياخشىلىققا تۇزكورلۇق، ۋاپاغا جاپا قىلىش يامان خۇلۇقتۇر. كىشىلەر ئۇنداق يامان خۇلۇقتىن تازىلىنىشى ۋە ئۇلارغا ياخشىلىققا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى، ئېرىشكەن ئېھسانلارنى قەدىرلەشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك.

ئىسلام دىنى كىشىلەرنى نېمەت بەرگۈچىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ۋە ياخشىلىق قىلغانلارنىڭ مۇكاپاتىنى قايسى يول بىلەن بولمىسۇن ئادا قىلىشقا، ئەگەر باشقىلار تەرىپىدىن ئېرىشكەن ياخشىلىقى بەدىلىگە ئۇلارغا بېرىشكە ماددىي مۇكاپات تاپالمىسا تىلى بىلەن رەھمەت ئېيتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ تولۇق مۇكاپاتىنى ئاللاھنىڭ بېرىشىگە تاپشۇرۇش بىلەن كاڭلىمىزنى راھەتلەندۈرۈشكە چاقىرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە ياخشىلىق قىلغان كىشىگە مۇكاپاتىنى بېرىڭلار، ئەگەر ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىشتىن ئاجىز كەلسەڭلار، نېمەتكە شۈكۈر قىلغانلىقىڭلارنى ئىسپاتلاش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ھەققىدە ئاللاھقا دۇئا قىلىڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن شۈكۈر نى قوبۇل قىلغۇچى ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ياقتۇرغۇچىدۇر»②.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «بىراۋ تەرىپىدىن ئاتا ئېھسانغا ئېرىشكەن كىشى ئۇنىڭ بەدىلىگە لايىق نەرسە تاپالىسا مۇكاپاتىنى ئادا قىلسۇن، ئەگەر تاپالمىسا، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرسۇن. ھەقىقەتەن نېمەتكە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن ئادەم شۈكۈر قىلغان ۋە ئۇنى يوشۇرغان ئادەم نېمەتكە كۇپرىلىق قىلغان بولىدۇ»③.

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ئەڭ شۈكۈر قىلىدىغان كىشى كىشىلەرنىڭ ئېھسانىغا رەھمەت ئېيتىدىغان كىشىدۇر» يەنە بىر رىۋايەتكە كۆرە: «كىشىلەردىن كەلگەن ياخشىلىققا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى بىلمەيدىغان ئادەم ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشنى بىلمەيدىغان ئادەمدۇر»④ يەنە بىر ھەدىستە: «ئازغا شۈكۈر قىلمايدىغان ئادەم كۆپكىمۇ شۈكۈر قىلمايدۇ، كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتىشنى بىلمىگەن ئادەم ئاللاھقىمۇ شۈكۈر قىلمايدۇ، نېمەتنى كىشىلەرگە سۆزلەش شۈكۈر، ئۇنى يوشۇرۇش تۇزكورلۇقتۇر، بىرلىك رەھمەت، ئايرىلىش ئازابتۇر»⑤.

يوقىرىقى ھەدىستە بىرلىكنىڭ رەھمەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش يوقىرىقى سازگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مەسىلىنىڭ نېگىزى يەنىلا ۋاپاغا جاپا ۋە نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلىشقا بېرىپ تاقىلىدۇ. چۈنكى بىرلىكنى تۇتۇپ تۇرىدىغان نەرسە پەقەت ئۆزئارا ياخشىلىقنى جارى قىلدۇرۇش ۋە بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلەشتۇر. ئىناقسىزلىقنىڭ ئازابىغا دۇچار قىلىدىغان نەرسە پەقەت بىر ـ بىرىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى زايا قىلىش، بىر ـ بىرىنىڭ ياخشىلىقىغا تۇزكورلۇق قىلىشتۇر.

ئىسلام دىنى مىننەتدارلىق بۇرچىنىڭ زۆرۈرلىكىنى ۋە نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلغۇچىلارنىڭ رەزىللىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە ئېھسان ئىگىلىرىدىن ئەمەللىرىنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلىشلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى نىيەتتە شەكلۋازلىق قىلىش ئەمەلنى يوققا چىقىرىدۇ. تەقدىرلەشكە سازاۋەر بولىدىغان ياخشىلىق بىراۋنىڭ رەھمەت ئېيتىشى ياكى مىننەتدارلىق بىلدۈرشىنى كۆزلىمەستىن،پەقەخالىس ئاللاھ رازىلىقى ۋە مەغپىرىتىنىلا كۆزلىگەن ھالدا قىلىنغان ياخشىلىقتۇر.

ئىسلام دىنى ئەمەللەرنى ئىخلاس بىلەن قىلىشقا بۇيرۇشتا كۆڭۈللەرنى دۇنيالىق مەنپەئەتلەرگە چوقۇنۇشنىڭ قۇللۇقىدىن ئازات قىلىش

---

① ئادىيات سۈرىسى، 6 _ ئايەت.
② تەبەرانىي رىۋايىتى.
③ ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.
④ ئىمام ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
⑤ ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ئارقىلىق ئۇنى مۇتلەق كامالەت ئىگىسى بولغان ئاللاھقىلا يۈزلەندۈرۈشنى مەخسەت قىلغان. مۇنداق كۆڭۈل ھەرقانداق بىر ياخشىلىقنى كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىش ياكى ئابرۇي قازىنىشتىن قەتئىينەزەر ئىچىدىن كەلگەن تەبىئىي قىزىقارلىق، ھەقىقىي سەممىيەت ۋە ساپ نىيەت بىلەن قىلىدۇ.

مانا بۇنداق ئالىيجاناپلىق ھەقىقىي ئىمانىنىڭ تۈرتكىسىدۇر. مانابۇ ھەرقانداق گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئۆلگىسىدۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ قەلبلەرنى پاك تۇتۇش ۋە ئىخلاسلىق بولۇشقا دەۋەت قىلىشى، شۇنداقلا ھەرئىشتا ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئەمەل _ ئىبادەتلەرنى رىيا، نىفاق ۋە ھەرقانداق بىر دۇنيالىق غەرەزلەردىن خالىي ھالدا ساپ قىلىشنى شەرت قىلىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس قۇدسىيدا مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ مۇنداق دېدى ‹مەن ئەڭ ياخشى ھەمراھمەن. كىمكى ماڭا بىراۋنى شېرىك قىلىۋالىدىكەن، ئۇ شۇ شېرىكىگە مەنسۇپ بولىدۇ. ئى ئىنسانلار! ئەمەللىرىڭلارنى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلىڭلار. ھەقىقەتەن ئاللاھ ئىخلاسلىق ئەمەللەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ. سىلەر بىرەر تۇغقىنىڭلارغا ياردەم قىلغاندا چېغىڭلاردا، ‹بۇنى ئاللاھ ئۈچۈن ۋە تۇغقانلىقنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈندۇر قىلدىم› دېمەڭلار. ئەمەلىيەتتە ئۇ تۇغقانلىق ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭدا ئاللاھ ئۈچۈن قىلىنغان ھېچ نەرسە يوق. سىلەر ‹بۇ ئاللاھ ئۈچۈن ۋە سىلەرنىڭ خاتىرەڭلار ئۈچۈندۇر› دېمەڭلار. ئەمەلىيەتتە ئۇ پەقەت سىلەر ئۈچۈندۇر، ئۇنىڭدا ئاللاھ ئۈچۈن ھېچ نەرسە يوق».[1]

بۇ ھەدىس تولىمۇ توغرا ئېيتىلغان. چۈنكى سىز «بۇ ئىشنى ئاللاھ ئۈچۈن ۋە پالانىنىڭ خاتىرىسى يۈزىسىدىن قىلىمەن» دېگىنىڭىزدە، سىز ئومۇمەن مەزكۇر پالانىنىڭ خاتىرىسىنى كازلىگەن بولىسىز، بۇنىڭدا ئاللاھ ئۈچۈن نېسىۋە يوق. ئەگەر ئۇنىڭدا ئاللاھ ئۈچۈن نېسىۋە بولغان تەقدىردىمۇ ئاللاھ ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئۆزى ئۈچۈن خالىس قىلىنغان ئەمەللەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، بىز پۈتۈن ئىش- پائالىيەتلىرىمىزدە نىيەتلىرىمىزنى ۋە ئەمەللىرىمىزنى كىشىلەرنىڭ ماختىشى، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشى ۋە رەھمەت ئېيتىشىنى كۈتمەستىن، ئۆزىمىزنى كۆرسىتىش، ئابروي قازىنىش ۋە باشقىمۇ دۇنيالىق مەنپەئەتلەرنى كازلىمەستىن پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا خالىس قىلىشىمىز كېرەك.

---

① بەززار، دارا قۇتنى رىۋايىتى.

## تەنقىدتىن قورقماڭ

ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي «مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەبىرى بويىچە ئېيتقاندا، كۈچلۈك مۇئمىن ئاجىز مۇئمىندىن ياخشى ۋە ئاللاھقا ئەڭ يېقىملىقتۇر. بۇ يەردىكى كۈچتىن جىسمانىي ۋە روھانىي كۈچ مەقسەت قىلىنىدۇ. ئىمان ئادەمنى ھەر تەرەپتىن كۈچلۈك قىلىشقا يېتەرلىكتۇر. ئىمان قەلبتە رەسمى ئورنىشىپ مۇستەھكەم بولغاندىن كېيىن، ئىگىسىنى ئىش قىلغاندا ئۇنى قېتىرقىنىپ مۇكەممەل قىلىدىغان، سۆزلىگەندە ئىشەنچ بىلەن توغرا سۆزلەيدىغان، مەيدانى ئېنىق، يولى داغدام، روھى يۈكسەك، ئەقلى ئۆتكۈر قىلىدۇ. مۇنداق ئادەمدە ئىككىلىنىش ئاز بولىدۇ، بوران _ چاپقۇنلار ئۇنى تەۋرىتەلمەيدۇ. ئىمان ئەنە شۇنداق ئەرلەرنى يارىتىدىغان سېھرى قۇۋۋەتتۇر. ھەقىقىي كۈچلۈك ئادەم مۇشۇنداق بولىدۇ. كۈچلۈك ئادەم كىشىلەرنىڭ تەنقىدلىرىدىن ۋە مالامەتلىرىدىن قورقۇپ قالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ تۇتقان يولىنىڭ توغرىلىقىدىن، قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ دۇرۇسلىقىدىن شەكلەنمەيدۇ».

ئىنسانىيەت ئۈچۈن كاتتا خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن بۈيۈك ئىنسانلارمۇ تەنقىدلەردىن خالىي بولالمىغان. چۈنكى«ماڭمىغان يېقىلمايدۇ» دېيىدىغان ھېكمەت بار. بۇ دېگەنلىك ھېچ ئىش قىلمىغان ئادەم خاتالاشمايدۇ. نەتىجىدە، تەنقىدكىمۇ ئۇچرىمايدۇ. ئەمما ئىش قىلغان ئادەم گاھ خاتالىشىدۇ، گاھ توغرىسىنى تاپىدۇ. شۇنداقتىمۇ جىم تۇرغان ئادەمدىن بىرەر ئىش بولسىمۇ قىلغان ئادەمنىڭ ئەۋزەللىكىدە شەك يوق.

### تەنقىدتىن قورقماسلىق گۈزەل ئەخلاقتىن سانىلىدۇ

ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي مەزكۇر ئەسىرىدە يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن تېز تەسىرلىنىدىغان، ھېسسىياتچان، ماختالغىنىدا، خوشاللىقتىن ئۇچۇپ كېتىدىغان، تەنقىدكە ئۇچرىغاندا، دەرد _ ئەلەمدىن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئادەملەر بۇنداق ھالەتتىن ئۆزلىرىنى ئازات قىلىشقا ۋە سوغۇق قان بولۇشنى ئادەت قىلىشقا موھتاج. چۈنكى ئۇنى ماختاپ ئۇچۇرىۋەتكەن بىر قانچە ئېغىز سۆز بىلەن ئۇنى تەنقىدلەپ دەرت _ ئەلەمگە مۇپتىلا قىلغان سۆزلەرنى سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەرزىمەيدۇ. مەدھىيە ئادەمنى ئوزۇقلاندۇرالمايدۇ، تەنقىد ئادەمنى ئۆلتۈرمەيدۇ. مۇھىم بولغىنى ئىشنى نۇقسانسىز، مۇكەممەل ئورۇنداشتۇر. ئىشنى قېتىرقىنىپ، مۇكەممەل ئورۇندىغان ئادەم تەنقىدلەردىن قورقماسلىقى لازىم. ئادەتتە، راستىنلا ئىش قىلغانلار تەنقىدتىن قورقمايدۇ. ئەمما كۆز بويامچىلىق قىلغانلارنىڭ قورقۇشى تەبىئىيدۇر. چۈنكى مۇنداقلارنىڭ ئىشەنچىسى يوق.

ئەقىللىق ئادەم تەنقىدتىن قورقمايدۇ. بەلكى ئۆزىنى تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. ئەگەر تەنقىد ئاساسى يوق پۇچەك گەپلەردىن بولسا، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ ۋە ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزىتىدۇ ۋە بۇ تەنقىدتىن پايدىلىنىشقا تىرىشىدۇ. قەدىمدە بىر ئاقىل ‹مېنىڭ ئەيىبلىرىمنى ماڭا ئېيتىپ بەرگەن ئادەمدىن ئاللاھ رازى بولسۇن› دېگەن ئىكەن».

## قەلبلەرنى ئاچىدىغان ئاچقۇچلار بىر خىل ئەمەس

پىسخولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى ھەر بىر قەلبنى ئاچىدىغان مەخسۇس ئاچقۇچ بارلىقىنى، بىرىنى ئاچقان ئاچقۇچ بىلەن يەنە بىرىنى ئاچقىلى بولمايدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن ئەللامە مۇھەممەد ئەرىفى«ھاياتىڭىزنى قەدىرلەڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىنسانلار يارىتىلىشتىكى ئورتاق تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە، تۇغرىلىق، ھەققانىيلىق، ياخشى مۇئامىلە، ئادالەت، تەبەسسۇم قاتارلىقلارغا ئوخشىغان ئېسىل ئىشلارنى ياخشى كۆرۈشتە ۋە ھەقسىزلىق، ئادالەتسىزلىك، كۆرەلمەسلىك، دۈشمەنلىك قاتارلىقلارغا ئوخشىغان يامان ئىشلارنى يامان كۆرۈشتە ھەممە بىردەك ئىتتىپاق بولغىنىدەك، يەنە نۇرغۇن ئىشلاردا بىردەك ئەمەس. بەزىسى خوشاللانغان ئىشتىن بەزىسى نەپرەتلىنىدۇ. مەسىلەن: بەزى ئادەملەر ئۆيىگە مېھمان كەلسە خوش بولسا، بەزىسى ياقتۇرمىغانغا، بەزىسى كۆپ سۆزلەشنى ياخشى كۆرسە، بەزىسى ئاز سۆزلەشنى ياقتۇرغانغا ئوخشاش. ئەمما شۇ ئېنىقكى، ھەر كىم ئۆز خاراكتېرىگە ماسلاشقاننى ياقتۇرىدۇ. ئۇنداقتا بىز نېمە ئۈچۈن كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ھېسابقا ئالمايمىز؟ ھەر كىمگە خاراكتېرىگە مۇناسىپ شەكىلدە مۇئامىلە قىلىش شۇنچىلىك قىيىنمۇ؟»

### ھەر بىر ئادەمنىڭ بىردىن ئاچقۇچى بار

ئەللامە مۇھەممەد ئەرىفى مەزكۇر ئەسىرىدە يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ھەر بىر ئادەمنىڭ قەلبىنى ئاچىدىغان بىرەردىن ئاچقۇچى بار. ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى ۋە ئىشەنچىسىنى قازىنىش، ئۇنىڭ يۈرىكىدىن ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن چوقۇم ئۇنىڭ قەلبىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچىنى تېپىشىمىز ۋە ئۇنىڭ قەلبىگە شۇ ئاچقۇچ بىلەن كىرىشىمىز شەرت. چۈنكى ئاپتوموبىلنىڭ ئاچقۇچى بىلەن ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچقىلى بولمىغاندەك، ئەمەتنىڭ قەلبىنى سەمەتنىڭ ئاچقۇچى بىلەن ئاچقىلى بولمايدۇ. چۈنكى كۆپ پاراڭ قىلىشنى ياقتۇرىدىغان بىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ ھەممە گېپىگە باش لىڭشىتىش بىلەنلا جاۋاب بېرىپ، لام، جىم دېمەي ئولتۇرغان ئادەم ئۇنىڭ نەپرىتىنى قوزغاپ قويغاندەك، ئاز سۆزلەيدىغان ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇرماستىن ۋاتىلدايدىغان ئادەممۇ ئۇنى زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ. بۇنداق قىلىپ قانداقمۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىگە كىرگىلى بولسۇن؟ بىز ماھارىتىمىزنى نېمە ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچلارغا ئايلاندۇرمايمىز؟

جورىڭىزنىڭ، ئاتا _ ئانىڭىزنىڭ، دوستلىرىڭىزنىڭ، خىزمەتداشلىرىڭىزنىڭ ۋە مۇدىرىڭىزنىڭ قەلبىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچنى ئىزدەڭ. سىز ئۇنى تاپقان ۋاقتىڭىزدا نۇرغۇن ئىشلىرىڭىز سىز خالىغان شەكىلدە يۈرۈشۈپ كېتىدۇ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا سەھرالىق بىر ئادەم مەسچىتكە كىرىپ تەرەت قىلىدۇ. ئۇنى كۆرگەن ساھابىلەر كۈتۈلمىگەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ غەزەپلىنىدۇ ۋە ئۇ ئادەمنىڭ يېنىغا يۈگۈرىدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «توختاڭلار! ئۇ ئادەمنى ئالدىراتماڭلار، تەرىتىنى قىسىۋالمىسۇن» دەپ ئۇلارنى تەسكىن قىلىدۇ. ئاندىن ھېلىقى ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: «بۇ مەسجىدلەر تەرەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ناماز ئوقۇش ۋە قۇرئان ئوقۇش ئۈچۈن سېلىنىغان» دەپ چىرايلىق نەسىھەت قىلىدۇ. ھېلىقى ئادەم سۆز قىلماستىن مەسجىدتىن چىقىپ كېتىدۇ. نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندە بۇ ئادەم مەسچىتكە كىرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇدىن تۇرۇپ «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە» دېگىنىدە جامائەت ھەممە بىرلىكتە «رەببەنا ۋەلەكەلھەمدۇ» دەيدۇ. پەقەت ھېلىقى ئادەم ئۈنلۈك ئاۋازدا «ئى ئاللاھ! ماڭا ۋە مۇھەممەدكە رەھىم قىلغىن، بىز ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىمگە رەھىم قىلمىغىن» دەپ دۇئا قىلىدۇ. ناماز تۈگىگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامائەتكە يۈزلىنىپ، ھېلىقى دۇئانى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى سورايدۇ. ئادەم «مەن» دەپ ئالدىغا چىقىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئاللاھنىڭ كەڭ رەھمىتىنى تار قىلىۋالدىڭ»[①] دەيدۇ. ھەدىستىن مەلۇمكى، مەسجىدكە تەرەت قىلغان بىر سەھرالىق ئادەمنىڭ قەلبىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىرايلىق نەسىھەتى ۋە چەكسىز مېھرىبانلىقى بىلەن ئاچقان ۋە ئۇ ئادەمنىڭ سۆيگۈسىگە سازاۋەر بولغان.

---

① ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

## ئىنسانلار مەدەنلەرگە ئوخشايدۇ

بارچە ئادەم بالىسى ئىنسانلىق ھۆرمەتتە ۋە جىمى مەۋجۇداتنىڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىدە بىردەك بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى، ئەخلاقى ۋە نۇرغۇن تەرەپلىرى ئوخشاش ئەمەس.

خۇددى يەرنىڭ ئاستىدىن چىقىدىغان مەدەنلەرنىڭ ئارىسىدا ئالماس بىلەن ئالتۇنغا ئوخشىغان قىممەتلىك مەدەنلەر ۋە كۆمۈر بىلەن تۆمۈرگە ئوخشاش ئەرزان مەدەنلەرمۇ بولغىنىدەك، ئىنسانلار ئارىسىدىمۇ ئالماس بىلەن ئالتۇنغا تېڭشىكىلى بولمايدىغان ئالىيجاناب ئىنسانلارمۇ ۋە ھاياتلىقتا ھېچ ئەھمىيىتى يوق، ھەتتا يەر يۈزىگە ئېغىرلىقىدىن باشقا پايدىسى يوق ئىنسانلارمۇ بار.

ئەللامە مۇھەممەد ئەرىفى «ھاياتىڭىزنى قەدىرلەڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىنسانلارنى تەپەككۇر كۆزىڭىز بىلەن ئانالىز قىلىپ كۆرسىڭىز ئۇلارنىڭ خۇددى يەرنىڭ ئاستىدىن چىقىدىغان مەدەنلەرگە ئوخشاش بىرەردىن مەدەن ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە مەدەنلەردە بولغىنىدەك يۇمشاقلىرى ۋە قاتتىقلىرىمۇ بار، زىرائەتچىلىككە يارامىلىق مۇنبەت يەردەك پايدىلىق ۋە سېخىيلىرىمۇ بولغىنىدەك، سۇنى قوبۇل قىلمايدىغان ۋە ھېچ نەرسە ئۈندۈرگىلى بولمايدىغان قاتتىق يەرگە ئوخشاش پايدىسىز، بېخىل ئىنسانلارمۇ بار. بىر ھەدىستە: ‹ئاللاھ ئادەمنى زېمىننىڭ ھەممە يېرىدىن ئېلىنغان بىر ئۇچۇم تۇپراقتىن ياراتقان›[1] دەپ كەلگەن، يەنى ئادەم بالىلىرىمۇ زېمىنگە ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قىزىل تەنلىكىمۇ بار، ئاق تەنلىكىمۇ بار، قارا تەنلىكىمۇ بار، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياخشىسىمۇ، يامىنىمۇ بار، قاتتىق تەبىئەتلىكىمۇ، يۇمشاق تەبىئەتلىكىمۇ بار. شۇڭا ئىنسانلار بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، بۇ ئۆزگىچىلىكلەرگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك».

### مۇئامىلە قىلىش سەنئىتىنى ئۆگىنىۋېلىڭ

ئەللامە مۇھەممەد ئەرىفى يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «سىز ئىنسانلار بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ۋە ئۆزگىچىلىكىنى ھېسابقا ئالغان ھالدا مۇئامىلە قىلىشىڭىز كېرەك. تەبىئىيكى، تېيىلغاق ۋە قاتتىق يەرنىڭ ئۈستىدە ماڭغىنىڭىزدا، تېيىلىپ يىقىلىپ كېتىشىڭىزدىن قورقۇپ ئېھتىيات بىلەن ماڭىسىز، ئەمما يۇمشاق يەرنىڭ ئۈستىدە ماڭغىنىڭىزدا راھەت ۋە خاتىرجەم ماڭالايسىز. ئىنسانلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. ئەسلىدە ئىنسانلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشىش چوڭ بىر سەنئەت. ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خاراكتېر پەرقى كىچىك پەرقلەردىن ئەمەس. ھەتتا بىراۋنىڭ خاراكتېرى يەنە بىرىگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتەلەيدۇ. مەسىلەن: بىرەر مەسىلە ئۈستىدە ئىككى ئادەمگە مەسلىھەت سالسىڭىز، ئۇلار سىزگە بەرگەن مەسلىھەت كۆپ ھاللاردا بىر _ بىرىگە زىت مەسلىھەت بولۇپ چىقىدۇ. گاھىدا سىزمۇ ئۇلارنىڭ رايىغا بارىسىز. شۇنداق قىلىپ قارشى تەرەپ سىزدە بەلگىلىك تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ مەزكۇر مەسىلىگە قارىتا تونۇشى ۋە ھەل قىلىش چارىسى بىر خىل ئەمەس».

---

[1] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

## تەبىئىي پەن ئىلىملىرى بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ئىبادەت تەرىپى

كۆپلىگەن پەيلاسوپلار ۋە كاتتا ئالىملار «ئىلىم ئاللاھقا باشلايدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى بىردەك سۆزلىمەكتە. چۈنكى ياراتقۇچىنى تونۇش ۋە كائىناتنى بىلىش پەقەت ئىلىم سايىسىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

19 _ ئەسىردە ئۆتكەن ئەنگىلىيىلىك مەشھۇر پەيلاسوپ ھېربېرت سپېنسىر «تەربىيە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان ئىكەن: «ئىلىم خۇراپات بىلەن زىتلىشىدۇ، ئەمما دىنىنىڭ ئەسلىسى بىلەن زىتلاشمايدۇ. كۆپلىگەن يۈزەكى تەبىئىي پەن ئىلىملىرىدە دىنسىزلىق روھى باردۇر. ئەمما يۈزەكىلىكتىن يۈكسىلىپ، ھەقىقىي مەنىدىكى ئىلىم سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئىلىم مۇنداق دىنسىزلىق روھىدىن يىراقتۇر، ئەلۋەتتە. تەبىئىي پەن ئىلىملىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىبادەتتۇر. چۈنكى تەبىئىي پەن ئىلىملىرىگە ئىچكىرىلەپ كىرىش بىز سىرلىرىغا يېتىپ بولالماي دەرتلىنىۋاتقان ۋە ئاستا ـ ئاستا بىلىۋاتقان شەيئىلەرنىڭ ئېسىللىكىنى ئېتىراپ قىلىش، ئاندىن ئۇلارنى ياراتقان زاتنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى تونۇش دېمەكتۇر. بۇ ئاغزاكى تەسبىھ (ئاللاھنى مەدھىيىلەش) ئەمەس، ئەمەلىي تەسبىھتۇر. مۇنداق ئىلىملەرگە قىلىنىدىغان ھۆرمەتمۇ مەنىسىز ھۆرمەت ئەمەس، بەلكى ئەقىل، تەپەككۇر ۋە ۋاقىتنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە كەلگەن قىممەتلىك ھۆرمەتتۇر. بۇنداق ئىلىم كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ قانداق شەكىل ۋە قانداق كەيپىياتتا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈشتە ئىستىبدات يولىنى تۇتمايدۇ، لېكىن بىزگە بۇ مۇمكىن ئەمەسلىكنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مۇناسىپ يولنى تۇتىدۇ ۋە ئىنساننى ئەقلى يېتىدىغان بارلىق ساھەلەرگە باشلاپ بېرىپ، ئاخىرىدا ئەقىلنىڭ سىرتىدا بولغان چېگرادا توختايدۇ. شۇ ۋاقىتتا دەيدۇكى، ئىنساننىڭ ئەقلى شۇنچىلىك يەرگىچە يېتىدۇ، ئەمما ئەقىل ئىدراك قىلالمايدىغان ئالەملەر كۆپ!».

### بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار تەڭ ئەمەس

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: (بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟)① دەيدۇ. ھېربېرت سپېنسىر خۇددى بۇ ئايەتنى شەرھلىگەندەك مۇنداق دېگەن: «بىر تامچە سۇنى كۆرگەن ئالىم ئۇنىڭ ئوكسىگېن بىلەن ھىدروگېندىن مەلۇم نىسبەتتە تەركىب تاپقان سۇ ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ نورماللىقىدىن ئۆزگىرىپلا كەتكەندە، سۇ ئەمەس، باشقا نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئۇبدان بىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى ۋە ھېكمەت بىلەن شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. مۇنداق ئالىمنىڭ ئىلمى سۇ تامچىسىنى پەقەت بىر تامچە سۇ خالاس، دەپ بىلىدىغان ئالىمنىڭ ئىلمىدىن ئەلۋەتتە يۇقىرى ۋە كۈچلۈك ئىلىمدۇر. شۇنىڭدەك، بىرتال قار دانىسىنى كۆرگەن ئالىممۇ ئۇنىڭدىكى بەدىئىي سەنئەتنى، دىققەت بىلەن لايىھىلەنگەن گۈزەللىكنى كۆرىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ ماھارىتىنى ۋە ھېكمەتلىك ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەمما شەيئىلەرگە يۈزەكى باقىدىغان ئالىم قار دانىسىنى «مۇزلىغان سۇ» دەپلا كۆرىدۇ، بەس».

---

① زۇمەر سۈرىسى: 9- ئايەت.

## ۋاقىت كەتتى ئۆمۈر كەتتى

قولدىن كەتكەن ھەممە نەرسە قايتىپ كېلىشى مۇمكىن. ئەمما ۋاقىت قايتىپ كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ ئەخمەقلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كېسىپ ئېيتىشقا بولىدىكى، ئىنساننىڭ قولىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ۋاقىتتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن ئەقىل ئىگىسى بولغان ھەر بىر ئىنسان ۋاقىتنىڭ قەدرىگە يېتىشى، ئۇنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتەمەسلىكى، ئۇنى ئۆزىنىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئىشلىتىشنى بىلىشى تولىمۇ مۇھىمدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «كۆپىنچە كىشىلەر قەدرىنى بىلەلمەيدىغان ئىككى نەرسە باردۇر: ئۇنىڭ بىرى ساقلىق، يەنە بىرى ۋاقىتتۇر»دەپ كۆرسەتكەن.

ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي «مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىرىمىز ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ھېس قىلغان چېغىدا، ئۆتكەن كۈنلىرىنى ھېسابلاپ، ھاياتلىق مۇساپىسىنىڭ باشلىنىش نوقتىسىنى بىلىش ئۈچۈن كەينىگە قارىغان ۋاقتىدا، تەپەككۇر ئۇزۇنغا بارمايدۇ. چۈنكى ئۇ پەقەت سىرلىق باشلىنىش ۋە ئەگىشىپ كەلگەن ئۇزۇن يىللار ۋە كەڭ كېچىلەردىن باشقىسىنى بىلمەيدۇ. ئۈيلىنىشتىن قايتقاندا بولسا، ئۆتكەن ئاشۇ يىللار گويا دائىرىسىنى غۇۋا ھادىسىلەر گىرەلىشىپ كەتكەن بىر كۈندەكلا تۇيۇلىدۇ. بۇ پەقەت ئىنساننىڭ ھازىردا ھېس قىلغان تۇيغۇسىدۇر. ئەمما قىيامەت كۈنى ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرغاندا بۇنى ئۇنىڭدىنمۇ قىسقا ھېس قىلىدۇ. قۇرئان كەرىمدە : (ئاللاھ ئۇلارنى يىغىدىغان كۈندە، (ئۇلارغا دۇنيادا تۇرغان مۇددىتى) كۈندۈزنىڭ ئاز قىسمىدىلا بىر _ بىرى بىلەن تونۇشقانچىلىك ۋاقىت ياشاپ ئۆتكەندەك بىلىنىدۇ[1]) دەيدۇ. بۇ ھېس قىلىش يەر يۈزىدە مەڭگۈ تۇرىمىز ياكى ئاقىۋىتىمىز تۇپراق بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، دەپ گۇمان قىلىدىغانلار ئۈچۈن قاتتىق ئەلەم بولىدۇ. بۇ مۇشۇ دۇنيانىڭ كۈنلىرىنى ئاخىرەتنىڭ كۈنلىرىگە سېلىشتۇرغان ۋاقىتتىكى سەمىمىي سېزىم. لېكىن ئۇ يېتىپ قوپۇپ ياكى يەپ – ئىچىپ، چارچاپ دەم ئېلىپ، ئەتىگەن، كەچ، كۈن، ئاي ۋە يىللارنى بىھۇدە ئۆتكۈزىۋەتكەن دۇنيادىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن ئالدىغۇچى ۋە ئازدۇرغۇچى سېزىم. ئىنسان بۇنى سېزىپ تۇرۇپ يەنىلا ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى غەپلەتتە زايا قىلىدۇ. بېشىغا ئېغىر كۈنلەر ياكى ئۆلۈم سائىتى كەلگەنگە قەدەر بىخۇتلىقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ھاياتى ئاخىرلىشىپ ھەممە ئىش قولىدىن كەتكەن ۋاقىتتا ھوشىنى تاپىدۇ. بۇنىڭ نېمىگە پايدىسى بولسۇن؟!».

### ئەقىللىق كىشىلەر ۋاقىتنى قەدىرلەيدۇ

ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي مەزكۇر ئەسىرىدە يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۆزىنىڭ پايدا – زىيىنىنى بىلىدىغان، ئەقىللىق كىشىلەر چوقۇم ۋاقىتنى قەدىرلەيدۇ. چۈنكى ۋاقىت ئۇنىڭ ھاياتى. ئەگەر ئۇ ۋاقىتنىڭ قولدىن كېتىشىگە يول قويسا، ئۇنى ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتسە، نادانلىق بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانغا ئوخشاش بىلىدۇ. ئىنسان تىنىمسىز ھالدا ئالدىغا ئىلگىرىلەپ مېڭىۋاتىدۇ. پەلەكنىڭ ھەر بىر ئايلىنىشى ئۇزۇن يولدىكى باسقۇچلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغان يېڭى بىر تاڭدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىنساننىڭ مانا بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىپ ئۇنى كۆز ئالدىدا ئايان بولۇۋاتقاندەك سېزىشى، ئىلگىرى بولغان ۋە كېيىن بولىدىغان ئىشلار ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشى ئاقىلانىلىق ئەمەسمۇ؟!

كىشىنىڭ ۋاقىت مېڭىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىنى توختاپ تۇرغاندەك ھېس قىلىشى ئۇنىڭ ئالدانغانلىقىدۇر. بۇ خۇددى پويىزدا ئولتۇرغان يولۇچىنىڭ ئۆزىنى جىم تۇرغاندەك پەقەت سىرتتىكى شەيئىلەرلا مېڭىۋاتقاندەك سەزگىنىگە ئوخشايدۇ. ئەمەلىيەتتە ۋاقىت ئىنسان خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن، ئۇنى مەجبۇرىي ھالدا ھامان كۆزلىگەن نىشانغا ئاپىرىپ تاشلايدۇ. مۇسۇلمانلار ۋاقىتنىڭ قەدرىنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇلار «ۋاقىت قىلىچقا ئوخشايدۇ، سەن كەسمىسەڭ، سېنى ئۇ كېسىدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى ياخشى بىلىدۇ. بىر ھەدىستە: «بەندىنىڭ قەدىمى قىيامەت كۈنىگە قويۇلىشىغىلا تۆت نەرسىدىن سوئال قىلىنىدۇ: ئۆمرىنى نېمە بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىدىن، ياشلىقىنى نېمە ئىش بىلەن تۈگەتكەنلىكىدىن، مال – دۇنيانى قانداق يول بىلەن تاپقانلىقى ۋە ئۇنى نېمىگە ئىشلەتكەنلىكىدىن، ئۆگەنگەن بىلىمىگە قانداق ئەمەل قىلغانلىقىدىن سوئال – سوراق قىلىنىدۇ»[2] دەپ كەلگەن.

ئاددىيسى، كۆزلەر ۋاقىتنىڭ چەكلىك تەسىرىنى يۈزەكى كۆرۈشتىلا كۆرىدۇ. ئەمما ۋاقىت چىرايلارغا قورۇق، بەدەنلەرگە ئاجىزلىق، چاچ ۋە ساقاللارغا ئاقلىق ئېلىپ كېلىش بىلەن بىللە ئاخىرى ئەجەلنىمۇ چاقىرىپ كېلىدۇ. ۋاقىتنى يۈرۈشىدىن توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ. ئىنسان قۇدرىتى ئۇنى ئارقىغا چېكىندۈرەلمەيدۇ. ئۇ مەدەنىيەت ۋە گۈللىنىشلەرنى خارابلاشتۇرغان ھالدا ئۆزىنىڭ ئاجايىب قۇدرىتى بىلەن كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ. مانا بۇ – ۋاقىت. مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزى بىلىم ئېلىش، ئىجاد قىلىش، مىللىتى ۋە ۋەتىنى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەش، ياخشى ئىشلارنى قىلىش، ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان ياخشىلىقلارنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئەقىللىقلارنى ئۈيغىتىش پەيتىدۇر. دېمەك، بۇ ھاياتلىق مۇساپىسى ئۇزۇن مۇسابىقىلەرگە تەييارلانغان مەيدان بولۇپ، ۋاقىتنى قەدىرلەشنى بىلگەنلەر ۋە ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ قىلىشقا تېگىشلىك بولغانلارنى جايىدا ئورۇنداپ ، نەتىجە يارىتىش بىلەن ئاللاھنى ۋە

---

[1] يۇنۇس سۈرىسى: 45 _ ئايەت.
[2] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

خەلقنى مەمنۇن قىلالايدىغانلار ئۇتۇپ چىقىدىغان مۇسابىقىدۇر».

## ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتتۇر

ئىنسان كىلىشىم تۈزسە كېلىشىمگە رىئايە قىلىشى، بىرەر ئىشقا ۋەدە قىلغان بولسا ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىشى لازىم. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئىنساننىي گۈزەل ئەخلاق بولسا، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىش بەكمۇ قاتتىق رەزىللىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىمدە ساختىلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ۋاپادارلىققا ئۈندەيدىغان ئايەتلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. قۇرئان كەرىمنىڭ ئىسرا سۈرىسىدە: ( بېرىلگەن ۋەدىگە ئەمەل قىلىڭلار. چۈنكى بېرىلگەن ۋەدىنىڭ سورىقى بار)[1] دەپ كەلگەن.

ئادەمنىڭ گېپىدە تۇرىشى، كىشىلەر ئارىسىدا ئىشەنچلىك، گېپىدىن يېنىۋالمايدۇ، توپىلاڭدىن توقاچ ئوغۇرلىمايدۇ، دەپ تونۇلۇشى ئۇنىڭ ئىنساننىي گۈزەل ئەخلاقىنىڭ نىشانىسىدۇر. ۋەدىگە ۋاپا قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئادەمدە ئىككى خىل ئالاھىدىلىك بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ بىرى ئەستە تۇتۇپ قېلىش قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ، يەنە بىرى ئىرادىنىڭ چىڭ بولۇشى دۇر.

### سەگەك مېڭە بىلەن مەھكەم ئىرادە ۋەدىگە ۋاپا قىلىشنىڭ ئامىلى

ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي «مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان «ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشى بىلەن ئىرادىنىڭ سۇس بولۇشى ۋەدىگە ۋاپا قىلىش يولىدىكى ئىككى چوڭ توسالغۇدۇر. ئىنساننىڭ ئارزۇ – ئۈمىدلىرى ھەرخىل، قىلىدىغان ئىشلىرى كۆپ بولغانلىقى سەۋەبلىك بەزى ئىشلار ئىنساننىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەگەك مېڭىنىڭ بولۇشى ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈردۇر. چۈنكى ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ قالغان ئادەم ۋەدىسىگە قانداقمۇ ئەمەل قىلالىسۇن! ئىنسان بەرگەن ۋەدىسىنى ئېسىگە ئالغاندىن كېيىن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشى، ئىرادىسىگە كېلىشى، قانچىلىك بەدەل تۆلەشكە توغرا كەلسىمۇ بۇ ئىشنى ئەمەل ئاشۇرۇش يولىدا كۈچ سەرپ قىلىشى كېرەك. كىشىلەر ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش يولىدا ئوخشاشمىغان تەقدىر – قىسمەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرىشى مۇمكىن. چۈنكى تۆلىنىدىغان بەدەل ئېغىر بولۇشى مۇمكىن. ئۆزىدە سەگەك مېڭە بىلەن ئۇلۇغۋار قەلبنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئادەم چوقۇم ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدۇ».

### ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەستە تۇتۇشمۇ ۋاپادارلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر

بىر ئادەمنىڭ ھازىر ۋە كەلگۈسىدە پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئۇنتۇپ قالماي ئەسلەپ تۇرۇشىمۇ ۋاپادارلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر. مەسىلەن: ئىلگىرى نامرات بولۇپ ھازىر ئاللاھ بايلىق بەرگەن بولسا، ئىلگىرى كېسەلچان بولۇپ، ھازىر ساقلىققا ئېرىشكەن بولسا، خۇددى ھېچقاچان نامرات بولمىغاندەك، ئاغرىپ يېتىپ باقمىغاندەك مەغرۇرلىنىشى، نامراتلارنىڭ ۋە كېسەلچانلارنىڭ ھالىغا يەتمەستىن ئۆزىنىلا ئويلاپ ياشىشى تولىمۇ قوپاللىق ۋە نېمەتكە تۇزكورلۇقتۇر.

### پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ۋاپادار بولۇش لازىم

ۋاپادارلىق ئېسىل پەزىلەت بولۇپ، ئۇ بارلىق ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ دىنى، ئىرقى ۋە رەڭگىدىن قەتئىينەزەر ئومۇم بولۇشى لازىم. چۈنكى پەزىلەت دېگەن پارچىلانمايدىغان بىر پۈتۈن نەرسە، ئادەمنىڭ بەزى كىشىلەرگە ۋاپادار بولۇپ، يەنە بەزى كىشىلەرگە رەزىل ۋە سۆزىدە تۇرمايدىغان بولۇشى توغرا ئەمەس. قىلىنغان ۋەدە، تۈزۈلگەن كېلىشىم قانداقلا كىشى بىلەن بولسۇن، ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش شەرتتۇر. ھەقىقىي دىيانەتلىك توغرا ئادەم ئىنسانلارغا مۇئامىلە قىلىشتا، ئۇلارنىڭ رەڭگى، دىنى ۋە ئىرقى سەۋەبلىك ئايرىم مۇئامىلىدە بولمايدۇ. بەلكى ھەممىگە بىر خىل مۇئامىلە قىلىدۇ. چۈنكى ياخشىلىق كىمگە قىلىنمىسۇن، ئۇ ھامان ياخشىلىقتۇر. شۇنداقلا يامانلىق كىمگە قىلىنمىسۇن، ئۇ ھامان يامانلىقتۇر. ئىنسانلار ئاللاھنىڭ نەزەرىدە ئوخشاشلا ھۆرمەتكە ئىگىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا مۇئامىلىدە ئادىل بولۇپ، مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە ئادالەتسىزلىك قىلىش، ياكى مۇسۇلمانلارغا سىلىق بولۇپ، مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە قوپال بولۇش توغرا ئەمەس.

ۋاپادارلىق دېگەن ماۋزۇ ئىنتايىن چوڭ ماۋزۇ بولۇپ، ئۆسۈپ يېتىلگەن ۋەتەننىڭ غېمىنى يېيىش، ئاتا – ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇرۇق – تۇغقانلار بىلەن ئىزدىشىپ تۇرۇش، يوقسۇللارنىڭ ھالىغا يېتىش، يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلاش، پەرزەنتلەرنى ياخشى بېقىش، جورىسىغا سادىق بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ۋاپادارلىقنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ.

---

[1] ئىسرا سۈرىسى: 34_ ئايەت.

## پىرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغانلار سۆيگىگە لايىقتۇر

ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى ۋە خاراكتېرى ھەر خىل بولۇپ، بەزىسى ئۆز پىرىنسىپىغا سادىق بولۇپ، قانداقلا بىر شارائىتتا بولمىسۇن، پىرىنسىپتا چىڭ تۇرسا، بەزىسى ئۇنىڭ ئەكسىچە كېلىدۇ. ئەمما پىرىنسىپچى ئىنساننى باشقىلار سۆيىدۇ ۋە ھۆرمەتلەيدۇ.

ئەللامە مۇھەممەد ئەرىفى «ھاياتىڭىزنى قەدىرلەڭ» ناملىق ئەسرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «پىرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان ۋە ئېتىقادىدا مۇستەھكەم بولغانلارنى ھەركىم سۆيىدۇ. چۈنكى پىرىنسىپچى ئىنساننى باشقىلار ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن قوللىنالمىغان ۋاقىتلاردا سۆككەن بىلەن، قەلبىدىن ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلغۇسى كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدۇ ۋە ئۇنى چوڭ بىلىدۇ. بېشىغا كۈن كەلگەن چاغلاردا ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. پىرىنسىپچى ئىنسان خاتالىقلارغا چۈشۈپ قېلىشتىن، نەپسىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ ئۆزىنى زىيانغا ئۇچرىتىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. دۇنيادىكى ھەر قانداق دىن، ھەر قانداق پەلسەپە ۋە ھەر قانداق بىر قانۇن ئىنسانلارنى پىرىنسىپال بولۇشقا، ھەركىم ئۆزى مەنسۇپ بولغان ئېتىقادتا چىڭ تۇرۇشقا چاقىرىدۇ».

### پىرىنسىپال ئىنسانلار زىيان تارتمايدۇ

مەزكۇر كىتابتا يەنە مۇنداق دەپ يېزىلغان «پىرىنسىپىدا ھېچكىمدىن پارا ئالماسلىق بولغان مەسئۇل كادىر، كىشىلەردىن پارا ئېلىپ ئەقلىنى ۋە روھىنى بۇلغىماسلىق ئۈچۈن نەپسىنى ئەقلىگە بويسۇندۇرىدۇ، ئەقلىنىڭ ۋە ۋىجدانىنىڭ يول باشلىشى ئارقىسىدا ئىش كۆرىدۇ. ئۇ «ھەدىيە» ياكى «سوۋغات» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن پارىنى قوبۇل قىلمايدۇ. بىر _ بىرىگە قەتئىي يالغان ئېيتماسلىقنى پىرىنسىپ قىلىۋالغان ئەر _ ئاياللارمۇ ھەر قانچە قىيىن شارائىتقا چۈشۈپ قالغاندىمۇ بىر _ بىرىگە قەتئىي يالغان ئېيتمايدۇ. خېرىدارلارغا سەمىمىي ۋە راستچىل بولۇشنى پىرىنسىپ قىلغان سودىگەر ياكى دوكاندار يالغان ئېيتمىسا زىيان تارتىپ قېلىش ئېھتىمالى كۈچلۈك بولغان شارائىتلاردىمۇ قەتئىي يالغان ئېيتمايدۇ. ئىسلام ئۆلىمالىرى «ھەقىقىي راستچىللىق _ يالغان ئېيتىشتىن باشقا چارە قالمىغان ۋاقىتتا راست سۆزلەشتۇر» دېگەن قائىدىنى ئوتتۇرا قويغان. ئەرەبلەردە «راست سۆزلىگەن ئادەم چوقۇم مەقسىدىگە يېتىدۇ» دەيدىغان ھېكمەت بار. شۇڭا قانداقلا بىر شارائىتتا بولمىسۇن، راست سۆزلەشنى ئۆزىگە پىرىنسىپ قىلغان ئادەم راستچىللىقى سەۋەبلىك چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ، قەتئىي زىيان تارتمايدۇ. تەبىئىيكى، بىر سودىگەرنىڭ يالغان ئېيتىپ تاپقان بۇگۈنكى ئون يۈەن ھارام پۇلىدىن راستچىل سودىگەرنىڭ راست سۆزلەپ تاپقان بىر يۈەن پۇلى ئاخىرقى ھېسابتا كۆپتۇر ۋە بەرىكەتلىكتۇر».

## ھاياتنىڭ بەرىكىتى پىلانلىق ياشاشتا

ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا خۇددى سۇدەك ھېسابسىز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرلا نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆمرى ۋە ۋاقتىدۇر. ئىنسان تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇپ، ئەقىل _ ھوشىنى تېپىپ بولغىچە، ئۇ تېزلا قېرىلىق چاغلىرىغا يېتىپ قالىدۇ.

مىسىرلىق پىسخولوگىيە دوكتورى ئىبراھىم فەقى «مەسئۇللۇقنىڭ سېھرى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «كۆپ سانلىق ئىنسانلار قېرىپ چاغلىرىغا يەتكەنگە قەدەر ئۆزىنىڭ ھاياتى ئۈچۈن بىرەر پىلان ياكى بىرەر غايە تۇرغۇزالماستىن، پىلانسىز، بولۇشىغا ياشايدۇ. ئامېرىكىنىڭ ھارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتقا ئاساسلانغاندا، دۇنيادا ھاياتى ئۈچۈن پىلان تۈزۈپ، شۇ پىلان بويىچە ماڭىدىغانلارنىڭ نىسبىتى ئاران 3%نى، ئەمما ھاياتى ئۈچۈن بىرەر پىلان ياكى غايە تۇرغۇزماستىن ياشايدىغانلارنىڭ نىسبىتى97%نى تەشكىل قىلىدىكەن. مەن كىم؟ نەگە بارىمەن؟ دېگەن سوئاللارنى ئۆزىدىن سوراپ قويمايدىغانلار ھەر جايدا كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنساننى ياراتقان ۋاقتىدا، ئۇنىڭغا: (ھەركىم ئۆزىنىڭ ئاخىرەت ئۈچۈن نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قاراپ باقسۇن، ئاللاھتىن قورقۇڭلار. چۈنكى ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر) [1] دەپ بىلدۈرگەن. بۇ ئايەت ئىنسانغا بۇ ھاياتلىق سەپىرى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشنى ۋە ئاخىرەتلىك ئۈچۈنمۇ ئوزۇقلۇق ئېلىۋېلىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى ئەمر قىلىدۇ».

### نېمە ئۈچۈن پىلان تۈزمەيمىز؟

كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتى ئۈچۈن بىرەر پىلان ۋە بىرەر غايە تۇرغۇزماسلىقىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر تۆۋەندىكىچە:

1. تۈزگەن پىلانغا ئەمەل قىلالماسلىقتىن قورقۇش. ئىنسانلار بۇ قورقۇنچنى ئېغىزى بىلەن سۆزلىمىسىمۇ، بىرەر پىلان تۈزۈپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلالماي ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ قېلىشىدىن ۋە شۇنىڭ بىلەن روھىي مەنىۋىيىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ كۆپ سانلىقى قانۇن _ پرىنسىپلارنى ياخشى كۆرگىنى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ بۇ قانۇن _ پرىنسىپلار دائىرىسىدە ياشىشىنى ياقتۇرمايدۇ. چۈنكى ئىنسان ھۆرلۈكنى ۋە ئەركىنلىكنى كۆپرەك ياقتۇرىدۇ. ئەمما ھاياتتا ئۆزىگە مەلۇم پىلانلارنى تۈزۈپ چىقىپ، شۇ پىلانلار بويىچە ئىش كۆرگەن ئادەمنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئادەم ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

2. ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالماسلىق. بەزى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە ئىرادىسىزلىكىنى يوشۇرۇش ۋە ئۆزىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن «ھەممە ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ، ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغىنى ئەڭ ياخشىسىدۇر» دەيدۇ. دۇرۇس، بۇنىڭغا ئىمانىمىز كامىل. چۈنكى ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى ۋە ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ. ئەمما ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالمايدىغان مەزكۇر كىشىلەر ئىپسىلىۋالغان بۇ سۆز ھەق سۆز بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن باتىل مەقسەت قىلىنغان. چۈنكى ئاللاھ تائالا بىزنى پىلانلىق ۋە غايىلىك ياشاشقا بۇيرۇغان. باشقا جانلىقلار پىلانسىز ۋە غايىسىز ياشايدۇ. ئەمما ئىنسان پىلانلىق ياشاشقا يارىتىلغان مەخلۇقاتتۇر.

3. كېچىكتۈرۈش. چۈنكى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرگەنلىك ۋاقىتنى ئوغرىلىغانلىق بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۆز ھاياتىنىڭ نېسىۋىلىرىنى ۋە سائادىتىنى كېچىكتۈرگەنلىك بولىدۇ. كېچىكتۈرۈش مىكروبلىرىغا ئۇچرىغان ئۇچرىغان ئادەم ھەر ئىشنى كېچىكتۈرىدۇ، ئەتە قىلىمەن، ئۆگۈن قىلىمەن، دەيدۇ _ يۇ، ھەرگىز قىلمايدۇ، ئۇ ئاخىرى، ئۆزىگە كېلىدىغان مۇناسىپ پۇرسەتنى كۈتۈش جەريانىدا بۇ دۇنيادىن ئايرىلىدۇ.

4. پىلانلىق ياشاش ۋە قىلىدىغان ئىشلار ئۈچۈن پىلان تۈزۈشنىڭ مۇھىملىقىغا ئىشەنمەسلىك. كۆپ ئادەملەر پىلانسىز، بولۇشىغا ياشاشنى ئەۋزەل كۆرگەنلىكتىن، پىلاننى ياقتۇرمايدۇ ۋە پىلانلىق ياشاشنىڭ پايدىلىرىغىمۇ ئىشەنمەيدۇ. بەزىلىرى دەيدۇ: «مەن يىللاردىن بېرى پىلانسىز ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن. ئەمما ئىشلىرىم غەلىبىلىك كېتىپ بارىدۇغۇ»دەيدۇ. بۇ دېگەن ئاندا _ ساندا بولۇپ قالىدىغان ئىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى ئايرىم ھالەتلەر قائىدىگە كىرمەيدۇ. ئەمما ھاياتنى مۇنداق ئاندا _ ساندا ئىشقا ئېششىپ قالىدىغان مەجھۇل تەلەيگە ئۈستىگە قۇرۇش خەتەرلىكتۇر.

5. بەزى كىشىلەر ھاياتتا پىلان تۈزۈپ، شۇ پىلان بويىچە ئىش كۆرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلسىمۇ، قانداق پىلان تۈزۈشنى بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىگە بىرى كېلىپ پىلان تۈزۈپ بېرىشىنى كۈتۈپ ئالەمدىن كېتىپ قالىدۇ.

### نېمە ئۈچۈن پىلان تۈزۈش زۆرۈر؟

ھاياتلىق ئىشلىرىدا پىلان تۈزۈش ۋە شۇ پىلان بويىچە ئىش كۆرۈش تولىمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر. ھاياتىمىزدا پىلان تۈزۈشنى بىز ئۈچۈن

---

[1] ھەشر سۈرىسى: 18_ ئايەت.

زۆرۈر قىلىدىغان 5 چوڭ سەۋەب بار. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئۆزىنى ئىدارە قىلىش. چۈنكى ئىنساننىڭ ھايات ئىشلىرىدا، ئۇنىڭ بىرەر مۇكەممەل پروگراممىسى ۋە بىرەر مۇنتىزىم پىلانى بولسا، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ۋە ئاقىۋىتىنى ئۆز كونترولى ۋە ئۆز باشقۇرۇشى ئاستىدا تۇتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ _ دە، پۈتۈن ھاياتلىق ساھەلىرىدىكى ھەممە ئىشتا يېتەرلىك كۈچ _ قۇۋۋەتكە ئىگە بولىدۇ. ئىنساننىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن پىلان تۈزۈشتىن ئالىدىغان كۈچ _ قۇۋۋىتى ئەلۋەتتە چوڭ ۋە ئەھمىيەتلىكتۇر. مۇنداق كۈچ _ قۇۋۋەت ھاياتلىقنىڭ مۈشكىلاتلىرىنى يېڭىشتە چوڭ ياردەمچى بولىدۇ. چۈنكى ھەر ئىشنى پىلانلىق ئېلىپ بارغان ئادەم ئىشلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، مەخپىي تەرەپلىرىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ _ دە، ئۇنىڭغا قارشى تەدبىرىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ نىشانىغا يېتىش يولىدا تۈزگەن پىلانلىرى ئۇنىڭ بارچە مۈشكىلاتلارنى ۋە توسقۇنلارنى يېڭىشى ئۈچۈن زاپاس قۇدرەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ. پىلان بىلەن ئىش كۆرگەن ئادەم ھاياتنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن ھۇزۇر _ ھالاۋەت ھېس قىلىدۇ. خۇددى ئارىستوتېل ئېيتقاندەك: «باشقىلار مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىغان ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىق نېمدېگەن گۈزەل _ ھە!»

2. ئۆزىگە ئىشىنىش. ھاياتتا پىلانىڭىزنى ئوچۇق قىلىپ يېزىشىڭىزنىڭ ئۆزىلا سىزگە ئىشەنچ بېغىشلايدۇ ۋە ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچىڭىز بىردىنلا ئاشىدۇ. ئاندىن ھاياتلىق ئىشلىرىڭىزنى ئۆز كونتروللىقىڭىزدا تۇتۇپ پىلانىڭىز بويىچە ئىش كۆرگىنىڭىزدە، بۇ ئىشەنچ ھەسسىلەپ ئاشىدۇ ۋە سىزنى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىتتىرىدۇ. ئاخىرىدا، سىزنى كۆزلىگەن مەقسەتكە ۋە زور ئۇتۇقلارغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۆزىگە ئىشەنگەن ئادەمنى ھېچكىم توختىتالمايدۇ ۋە يولىنى توسۇپمۇ قالالمايدۇ.

3. قىممەت يارىتىش. ئىنساننىڭ ھاياتلىقتىكى قىممىتى ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. قىممەت يارىتىش ئىشى بولسا، پىلانلىق ھالدا ئىزچىل ئىشلەش ۋە تۇرماستىن ئىلگىرىلەش بىلەن بولىدۇ. پىلان بويىچە ئىش كۆرۈپ نەتىجە قازىنىشنىڭ ئۆزى ئىنساننىڭ ئۆزىنى قەدىرلىگەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭ كۈچ _ قۇۋۋىتىگە ئىشەنگەنلىكى بولۇپ، ئۆز قەدىر _ قىممىتىنى كۆتۈرگەنلىكىدۇر.

4. ۋاقىتنى تېجەش. ئىنسان قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئالدىن پىلانلىۋالغاندا، كۆپ ۋاقىتنى زايە بولۇشتىن ساقلاپ قالغان ۋە ئۇنى تېجەپ قالغان بولىدۇ. چۈنكى مۇنداق ئادەم ئاۋۋال نېمە قىلىش لازىملىقىنى ئوبدان بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا ۋاقىت سەرپ قىلمايدۇ ۋە قىلىشقا تېگىشلىكلەرنى ئالدى بىلەن قىلىدۇ. ئىنساننىڭ ۋاقىتنى بىھۇدە زايە قىلغانلىقى ئۆزىنى ئۆلتۈرگىنىگە تەڭدۇر. چۈنكى ۋاقىت ئۆمۈر، ۋاقىت ھاياتلىقتۇر.

5. ھاياتىدا بىرەر پىلانى ۋە مۇئەييەن بىرەر مۇددىئاسى بولمىغان ئادەملەرنىڭ ھاياتى ئىزتىراپ ۋە خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ. بۇلارنىڭ ئەكسىچە، ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە پىلان بىلەن ئىش كۆرىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم، ئۆزلىرى بەختلىك كېلىدۇ. مۇنداقلا ھاياتىنىڭ تەمىنى بارچە لەززەتلىرى بىلەن تولۇق تېتىغان بولىدۇ. چۈنكى مۇنداق كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى زاپاس ئېنېرگىيە ئۇلارنى ھاياتنىڭ تەمىنى تېخىمۇ تولۇق تېتىشقا ئىتتىرىدۇ. خۇددى روزۋېلت ئېيتقاندەك: «سائادەت پىلانلارنىڭ ۋە يارىتىش يولىدىكى تىرىشچانلىقلارنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغاندۇر».

هاياتتىكى پىلانىڭىزنى قانداق تۈزىسىز؟

ھاياتلىقتىكى ئۇتۇق ماددىي جەھەتتىكى ئۇتۇقلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. مۇنداق بىر ئۇتۇققا تەن ساقلىقنىڭ ياخشى بولۇشى بىلەنلا ياكى دوستلارنىڭ كۆپ بولغانلىقى بىلەنلا ياكى ئالىي دىپلومغا نائىل بولۇش بىلەنلا يەتكىلى بولمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھاياتتا ئېرىشكىلى بولىدىغان ئۇتۇقنىڭ بىرەردىن پارچىسىدۇر، بەس. ئەمما ھەقىقىي ئۇتۇق ھايات ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل ئۇتۇقتۇر. شۇڭا ھايات قايناملىرىدا غەلىبىلىك بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەكشۈۈقنى ئاساس قىلغان مۇكەممەل بىر پىلان تۈزۈش ۋە ئۇنىڭدا تۆۋەندىكى بەش چوڭ ئاساسقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. مەنىۋى تەرەپ. ھەر تەرىپى تەكشۈۈلاشقان بىر ھاياتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋە ئەھمىيەتلىك تەرەپلىرىنىڭ بىرى ئۇنىڭ روھانىي تەرىپىدۇر. بۇ ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئىمانى، ئېتىقادى، قىممەت قارىشى ۋە پىرىنسىپلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھاياتتا ئۆزىنىڭ ئاز _ تولا ئۇتۇقلىرى بىلەن ماختىنىپ، ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ ھەققىنى ئۇنتۇتقان ھالدا ياشايدىغانلار خام خىيال ئىچىدە ياشىغۇچىلاردۇر. ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى جايىدا بولغانلار ھەمىشە خاتىرجەملىك، كۆڭلى توق ۋە تولۇق بىر سائادەت ئىچىدە ياشايدۇ. چۈنكى بۇ مۇناسىۋەت ئۇلارغا شۇنداق ھۇزۇر _ ھالاۋەتلىك بىر ھاياتنى تەقدىم قىلغان بولىدۇ. مۇنداق ئادەم ھاياتلىق سەپىرىدىكى مۈشكىلاتلارغا قارشى كۈچ _ قۇۋۋىتىنى ۋە يېتەرلىك مەدەدنى ئاللاھ تائالاغا بولغان يېقىنلىقىدىن تەمىن ئېتىدۇ. سۇڭا ئۇ ھاياتلىقنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە مۇكەممەل ئۇتۇقلارنى قازىنالايدۇ.

2. شەخسىي تەرەپ. بۇ تەرەپ شەخسنىڭ ئۆزى ۋە ئائىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئوقۇش، ئۆگىنىش، كۆڭۈل ئېچىش، ئارام ئېلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇ ئىشلارنىمۇ ئالدىن تۈزۈلگەن پىلان بويىچە ئېلىپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

3. كەسىپ ۋە ئىش _ خىزمەت. بۇ شەخسنىڭ كېلەچىكىگە مۇناسىۋەتلىك كەسپى ياكى خىزمىتى ياكى تۇرمۇشىنى ياخشىلاش يولىدا بىلىم ئېلىش، كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا بولغان قۇدرىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4. ماددىي تەرەپ. بۇ شەخسنىڭ كىرىمى، مائاشى ۋە قولغا كەلتۈرۈشى پىلانلانغان مال _ دۇنياسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

5. تەن ساقلىق تەرەپ. بۇ شەخسنىڭ يېمەك _ ئىچمەكتىكى تەرزى، پىرىنسىپى ۋە ئادىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يۇقىرىقى بەش ئاساسقا ئەھمىيەت بېرىپ، بۇلار ھەققىدە تۈزگەن پىلانلارنى ئورۇنداش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنىڭ ئۆزى ئىنسانىنى بەختلىك قىلىشقا يېتەرلىكتۇر. ئەمما بۇلارنىڭ بەزىسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، بەزىسىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش كۆزلىگەن سائادەتنى ھاسىل قىلىشقا توسقۇن بولىدۇ».

## ئىسلامدا ئوتتۇراھاللىق

ھەر نەرسىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا بولىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ. قۇياشنىڭمۇ چۈش ۋاقتىدا ئاسماننىڭ دەل ئوتتۇرىغا كەلگەن ۋاقتى ئۇنىڭ كامالىغا يەتكەن ۋاقتى بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ كۈن پېتىش تەرەپكە ئېگىلىشكە باشلايدۇ. ئادەمنىڭمۇ قىرانىغا يەتكەن ۋاقتى ئۇنىڭ كامالىغا يەتكەن ۋاقتى بولۇپ، يېشى چوڭايغانسېرى ئۇنىڭ تېنى ئاجىزلىششقا باشلايدۇ.

ئىسلام دىنى ھەر جەھەتتىن ئوتتۇراھاللىق كاماللىيتىگە ئىگە بىر دىن بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، مۇئامىلە قاتارلىق ھەممە تەرەپلىرىدە نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. ئىسلامدىكى ئوتتۇراھاللىق بولسا، رادىكاللىق بىلەن پاسسىپلىقتىن يىراق بولغان بىر كاماللىيەتنىڭ ئۇنۋانىدۇر.

### ئىسلامنىڭ ساماۋى دىنلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوتتۇراھاللىقى

ئىسلام دىنى ئەدەپسىزلىكتىن ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدىغان، ئاللاھ تائالا ھالال قىلغان كۆپلىگەن پاك نەرسىلەرنى ئۆزلىرىگە ھارام قىلىۋالىدىغان يەھۇدىيلارنىڭ ۋە خۇراپىيلىقتىن ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىلاھ قىلىۋالغان، ھالال _ ھارام مەسىلىسىدە ھەددىدىن ئېشىپ «پاك ئادەملەر ئۈچۈن ھەممە نەرسە ھالالدۇر» دەيدىغان خىرىستىيانلارنىڭ دىنلىرىدىن تامامەن يىراق بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنى لايىقىدا ئۇلۇغلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگىدۇر.

### ئىسلامنىڭ ئەقىلگە ئەھمىيەت بېرىشتىكى ئوتتۇراھاللىقى

ئىسلام دىنى ئەقىلنى ھەقىقەتكە يېتىشنىڭ بىر ۋاستىسى دەپ تونۇيدۇ ۋە ئۇنىڭغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ. ئىسلام دىنى ئەقىلغا ئۆزىدە يوق ئالاھىدىلىكلەرنى تېڭىۋېلىپ، ئۇنى ھەقىقەتكە يېتىشنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى قىلىۋالىدىغان، ئەقىلغا چوقۇنىدىغان، ھەتتا ئەقىل يەتمەيدىغان مېتافىزىكا ئالىمى ھەققىدىمۇ ئەقىل بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا ئالدىرايدىغان ئازغۇنلاردىن ۋە ئەقىلنىڭ رولىنى جارىي قىلدۇرمايدىغان، ئۇنىڭ ساداسىغا قولاق سالمايدىغان ۋە ئۇنىڭ قىممىتىگە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان خۇراپاتچىلاردىن يىراق ھالدا، ئوتتۇراھاللىق يولىنى تۇتىدۇ. ئاشۇرىۋېتىپ ئەقىلغا چوقۇنمىغاندەك، ئۇنىڭ رولىنىمۇ ئىنكار قىلىپ خۇراپاتقا چوقۇنمايدۇ.

### ئىسلامنىڭ ئىبادەتلەرگە بۇيرۇشتىكى ئوتتۇراھاللىقى

ئىسلام دىنى كىشىلەرنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىبادەتلەرگە تەكلىپ قىلمايدۇ. شۇڭا ئىسلام تەكلىپلىرى ئىنساننىڭ تاقىتى ۋە قۇدرىتىگە قاراپ بەلگىلەنگەن بولۇپ، قايسىبىر سەۋەبلەر بىلەن بۇ تەكلىپلەرنى ئورۇنداشتىن ئاجىز قالغانلارغا رۇخسەت، يېنىكلىتىش ۋە كىچىكتۈرۈش دېگەنگە ئوخشىغان كەڭچىلىكلەرمۇ بەلگىلەنگەن. مەسىلەن: سەپەردە نامازلارنى قەسر قىلىش، سۇ تېپىلمىغاندا تاھارەتنىڭ ئورنىغا تەيەممۇم قىلىش، قىينىلىپ قالىدىغانلار ئۈچۈن رامىزان روزىسىنى كېچىكتۈرۈش دېگەنگە ئوخشىغان كەڭچىلىك تۈرلىرى بۇنىڭ مىسالى. ئاللاھ تائالانىڭ (كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىڭلار[1]) دېگەن سۆزى بۇ ماۋزۇدا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئاساسلىق پىرىنسىپتۇر.

ئىسلامدا يەنە تەركىيدۇنيالىق رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا بۇيرۇغان ئەمەس. سۇپىزمنىڭ تەننى قىيناشنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىشنىڭ ۋەسىلىسى قىلىۋېلىشتىن ئىبارەت خۇراپاتلىرى، خىرىستىيانلارنىڭ ئۆيلىنىشتىن مەنئى قىلىدىغان راھىبلىق تۈزۈمى ۋە بەزى باتىل دىنلاردىكى ئۆزىنى قىيناش ۋە يۇيۇنماستىن پاسكىنىلىق ئىچىدە كۈن، ئايلارنى ئۆتكۈزۈشنى ئىبادەت دەپ ساناش سەپەسەتىسى قاتارلىقلارنى كۆرگىنىمىزدە، ئىسلام دىنىنىڭ نەقەدەر ئىلغار، نەقەدەر ئەۋزەل دىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن بىرەرسىنىڭ ئىسلامنىڭ بىرەر تەرىپىگىلا بېرىلىپ كەتكەنلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرەتتى.

[1] تەغابۇن سۈرىسى: 16_ ئايەت.

بىر كۈنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كېچىلىرى ئوخلىماي ناماز ئوقۇپ، كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇشقا ئادەتلىنىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇنىڭغا: «ئەي ئابدۇللاھ! كۆزۈڭنىڭ ۋە بەدىنىڭنىڭ ئارام ئېلىش ھەققى بار، ئائىلەڭنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھەققى بار، ئايالىڭنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھەققى بار، بۇلاردىن ھەربىرىنىڭ ھەققىنى بەرگىن»[1] دېگەن.

بىر كۈنى ساھابىلەردىن بىر قانچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن ئۇنىڭ ئىبادىتى توغرۇلۇق سورىشىدۇ. ئاياللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق ئىبادەت قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەتلىرىنى ئاز، دەپ ھېس قىلغانلىقلىرىدىن «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىغاندا نەدە؟ ئاللاھ ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى پۈتۈن كەمچىلىكلىرىنى كەچۈرىۋەتكەن تۇرسا دېيىشىدۇ» يەنى ئۇنداق بولغان ئىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئازلا ئىبادەت قىلسىمۇ يېتەرلىك، ئەمما بىز ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئىبادەت قىلىشىمىز كېرەك دېگەن چۈشەنچىگە كېلىدۇ ـ دە، ئۇلاردىن بىرى «مەن يىل بويى كۈندە روزا تۇتىمەن» دەيدۇ. يەنە بىرى «مەن ئايالدىن يىراق تۇرىمەن، ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمەيمەن» دەيدۇ، ئۈچىنچىسى «مەن كېچە ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىمەن» دەيدۇ، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئۇلارغا: «سىلەر ئۇنى، بۇنى دېيىشىسىلەر، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ ئېيتالايمەنكى، ئاراڭلاردا مەن سىلەرنىڭ ئاللاھتىن ئەڭ قورقىدىغان، ئەڭ تەقۋا كىشىڭلارمەن. لېكىن مەن كېچىلىرىنىڭ بەزى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئوقۇيمەن، بەزى ۋاقىتلىرىدا بولسا ئۇخلايمەن، (رامىزاندىن باشقا كۈنلەردە) گاھىدا روزا تۇتىمەن، گاھىدا تۇتمايمەن. مەن ئۆيلىنىمەن. كىمكى مېنىڭ بۇ يولۇمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس» [2] دەيدۇ.

### ئىسلامنىڭ ۋەزىپىلەرنى بەلگىلەشتىكى ئوتتۇراھاللىقى

ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى ئىبادەتلەرگە تەكلىپ قىلىشتا، ئۇلارنىڭ يارىتىلىشتىكى ئۆزگىچىلىكىنى كۆزدە تۇتقاندەك، ئەر بىلەن ئايال ئىككى جىنسىنىڭ ئۆزگىچىلىكىگە ۋە خۇسۇسىيەتلىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئەرلەرنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى كۈچى ۋە ئەقىل بىلەن ھېسسىيات ئوتتۇرىسىدا مۇھاكىمە قىلىشتىكى سوغۇققانلىقى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھاياتنىڭ يۈكلىرىدىن ئېغىرراقىنىڭ يۈكلىنىشىگە، ئاياللارنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقى ۋە ھېسسىياتچانلىقى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يېنىكرەك يۈكلەرنىڭ يۈكلىنىشىگە تۈرتكە بولغانلىقى ئېنىق.

### دىننى قىيىنلاشتۇرماقچى بولغانلار يېڭىلىپ قالىدۇ

دىن ئىنسانلار ئۈچۈن رەھمەت بولۇپ كەلگەن ئىكەن، ئۇنىڭ رەھمىتىدىن كىشىلەرنىڭ نېسىۋە ئېلىشى تەقەززا قىلىنىدۇ. ھەتتا ئىبادەتلەردىمۇ بۇ رەھمەتنىڭ نامايان قىلىشى كۆزلىنىدۇ. بۇ ماۋزۇنىڭ دەلىلى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى ئىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاللاشقا توغرا كەلسە، گۇناھلا بولمايدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئەڭ ئوڭاي بولغىنىنى تاللايتتى»[3] دېگەن ھەدىستۇر. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ شۇنىڭغا تەشەببۇس قىلىپ: «ئوڭايلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار، خۇش خەۋەر بېرىڭلار، قاچۇرۇپ قويماڭلار»[4] دەپ بۇيرۇغان.

بىز دىنغا قانچىلىك ئىخلاسمەن بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئېشىپ كېتەلمەيمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دىننىڭ رەھبىرى، ئۇنى تۇنجى تەبلىغ قىلغان ۋە ھاياتلىقتا تەتبىق قىلغان زات بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىسلام ئۈممىتىگە ھەربىر ئىشتا ئۈلگىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇرىۋېتىش ۋە كېمەيتىۋېتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ خاتالىق يۈزىسىدىن كەلگەن دېسەك مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز. چۈنكى، خۇددى تۈزى ئۆتلۈپ كەتكەن تاماق لەززىتىنى يوقاتقاندەك، تۇزسىز تاماقمۇ تېتىمايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ نورماللىقىنى يوقىتىپ قويىدۇ. بەزى قېرىنداشلار دىننى چىڭ تۇتۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ قىيىن تەرەپلىرىنى تۇتۇش كېرەك، دەپ ئويلايدۇ. نەتىجىدە، بۇ ھەركىمگە ئوڭاي ۋە ھەممىگە رەھمەت بولۇپ كەلگەن بۇ دىننى كىشىلەرگە قىيىنلاشتۇرۇپ قويىدۇ، ھەتتا ئۇنى كىشىلەرنىڭ خىيالىدا، جەمئىيەتتە ياشىتىش مۇمكىن بولمايدىغان، ھېكىم ئۇنىڭ تەلەپلىرى بويىچە ھايات كەچۈرەلمەيدىغان غايىۋىي بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر دىندىن يىراق ياشاشنى تاللايدىغان بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇلار قانچە قىلىپمۇ دىننىڭ تەلەپ قىلغىنى بويىچە ياشىيالمايدىغانلىقىنى ئويلايدۇ.

دىننى قىيىنلاشتۇرماقچى بولغانلار بىلىپ _ بىلمەي ئىسلام دەۋىتىنىڭ يولىنى توسىۋالىدۇ، دىننى كىشىلەرنىڭ ھاياتىدىن يىراقلاشتۇرۇپ قويىدۇ. چۈنكى مۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ « ئوڭايلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار، خۇش خەۋەر بېرىڭلار، قاچۇرۇپ قويماڭلار» دېگەن تەۋسىيەسىگە خىلاپلىق قىلىپ، دىننى ئۆزى بىلگەنچە ۋە ئۆز ئەقلىچە دەۋەت قىلماقچى بولغانلاردۇر. مۇنداقلارغا ئىسلامدا ئورۇن يوق. چۈنكى بۇ دىننىڭ دەۋەت قىلىش ئۇسۇلى ۋە پىرىنسىپى بار. ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ئېلان قىلماقچى بولغان شىركەتلەر تاۋارلىرىغا خېرىدار تېپىش يولىدا، قانداق يول تۇتۇشقا ۋە خالىغانچە ئۇسۇللارنى

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
[2] بۇخارى رىۋايىتى.
[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[4] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئىجاد قىلىپ چىقىشقا ھەقلىقتۇر. چۈنكى شىركەت ئاشۇلارنىڭدۇر. ئەمما دىننى دەۋەت قىلغۇچىلار ۋە دىن نامىدىن سۆزلىگۈچىلەر مۇنداق قىلالمايدۇ. چۈنكى بۇ دىن ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدۇر. ئۇنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى بەلگىلەپ كۆرسەتكەن ئۇسۇل ۋە پىرىنسىپ ئىچىدىلا دەۋەت قىلالايدۇ. ئۇنىڭدا بولمىغاننى ئىپتالمايدۇ ۋە ئۇنىڭدا بولغاننى قالدۇرۇپ قويالمايدۇ.

## ئىسلام دېموكراتىيەگە موھتاجمۇ؟

ئىسلام دىنى مەيلى دېموكراتىيە بولسۇن، مەيلى باشقا قانداقلا بىر قانۇن _ تۈزۈم بولسۇن، بۇلارنىڭ ھېچ بىرىگە موھتاج ئەمەس. چۈنكى ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن _ پىرىنسىپلىرى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن، مەڭگۈ كۈچكە ئىگە ۋە ھەممىدىن بىھاجەت قىلىدىغان، ئەڭ مۇكەممەل قانۇن _ پىرىنسىپلاردۇر.

ئاللاھ تائالا ئىسلام دىنىنى پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق دىنى بولۇشى ئۈچۈن تاللىغان ۋە ئۇنى ئەڭ مۇكەممەل قىلىپ چۈشۈرگەن. شۇڭا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەربىرى قايسى مىللەتتىن چىققان بولسا، شۇ مىللەتكىلا پەيغەمبەرلىك قىلاتتى. ھەتتا بىرلا ۋاقىتتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ئىككى پەيغەمبەر ئوخشىمىغان ئىككى خەلققە پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن. ئەمما بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلگەن ئالەمشۇمۇل پەيغەمبەر بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ دىنىمۇ ئالەمشۇمۇل دىن بولغاندەك، ئۇنىڭ شەرىئىتىمۇ ئالەمشۇمۇل شەرىئەتتۇر. يەنى ئىسلام شەرىئىتى ھەربىر زامانغا، ھەربىر ماكانغا يارايدىغان، ھەر قايسى جەمئىيەتنىڭ، ھەر قايسى دەۋرنىڭ شارائىتىغا ۋە كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە تامامەن ئۇيغۇن، ئەقلىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان مۇكەممەل قانۇندۇر.

شۇمۇ ئېنىقكى، ئىسلام قانۇنىدا ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، مۇئامىلە، سودا _ سېتىق، ھالال _ ھارام، ئائىلە ھاياتى، ھاكىمىيەت ۋە دەۋا ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي پىرىنسىپلىرى، ھۆكۈملىرى ۋە قائىدە _ تەرتىپلىرى قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ دەلىللىرى بىلەن ئېنىق بەلگىلىنىپ كەتكەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى، زاماننىڭ ئۆزگىرىشى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن بۇ ئومۇمىي پىرىنسىپلار قەتئىي ئۆزگەرمەيدۇ، ئۆرگەرتىلمەيدۇ ۋە ئۆزگەرتىشكىمۇ يول قويۇلمايدۇ. بەلكى تا قىيامەتكىچە شۇنداق داۋام قىلىدۇ. بۇ ئومۇمىي پىرىنسىپلار ئۈستىدە مۇتەپەككۇرلارنىڭ رەيى، مۇجتەھىدلارنىڭ ئىجتىھادى ۋە قانۇنشۇناسلارنىڭ پىكرى قەتئىي ئۆتمەيدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا دىنىي مەسىلىلەرگە كەلسەك، ھەققىدە قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەت دەلىللىرى كەلگەن مەسىلىلەرگىمۇ ھېچكىمنىڭ چىشى پاتمايدۇ ۋە قەتئىي ئۆزگەرمەيدۇ. ئەمما ھەققىدە قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەت دەلىللىرى كەلمىگەن، كەلگەندىمۇ بىردىن كۆپ مەنىگە دالالەت قىلغانلىقتىن، ئىجتىھاد قىلىپ بىرىنى تاللاشقا توغرا كېلىدىغان دىنىي مەسىلىلەر ھەر دەۋر مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ ئىجتىھاد يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلغان. بۇ مەسىلىلەردە ئىجتىھاد قىلىشقا بولغىنىدەك، سىياسەت ئىشلىرىدا ۋە جەمئىيەت تەرتىپىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا مۇسۇلمان ئەمەسلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان بولسىمۇ، ئىسلام پىرىنسىپىغا زىت كەلمەيدىغان قائىدە _ تەرتىپلەردىن مۇۋاپىق دەرىجىدە پايدىلىنىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: قاتناش قائىدىلىرىنى، بازار ۋە سۇدا _ سانائەت ئىشلىرىنى رەتكە سېلىشنىڭ قانۇن _ تۈزۈملىرىنى مۇندىن باشقا نۇرغۇنلىغان قائىدە _ تۈزۈملەرنى مۇسۇلمان ئەمەسلەردىن قوبۇل قىلىپ پايدىلىنىپ كېلىۋاتقىنىمىزغا ئوخشاش. چۈنكى مۇسۇلمانلار پايدىلىق نەرسىلەرنى كىمدىن بولسا ئېلىپ پايدىلىنىشقا ھەقلىق. ئۆلىمالار: «ئىسلام مۇسۇلمانلارنى مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەرنىڭ ئىدارە _ جەمئىيەتنى باشقۇرۇش ۋە زاۋۇد _ كارخانىلارنى كونترول قىلىش تۈزۈملىرىدىن پايدىلىنىشتىن توسمايدۇ»[1] دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مەدىنە شەھىرىگە مەككە كۈچلىرى ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا، ئىرانلىقلارنىڭ ئادىتىدىن بولغان خەندەك كولاش چارىسىنى قوبۇل قىلىپ، مەدىنە شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولىغان ۋە دۈشمەن كۈچلىرىنى شەھەرگە كىرىشتىن توسۇپ قالغان.

### دېموكراتىيە

دېموكراتىيە _ گرېك تىلىدىكى: DEMOS (يەنى خەلق) ۋە KRATIA (يەنى ھۆكۈم) دېگەن ئىككى سۆزدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، «خەلق ھاكىمىيىتى» ياكى «خەلق ھۆكۈمرانلىقى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەلۇمكى، دېموكراتىيە دېگەن بىرەر ئەقىدە ياكى پەلسەپە ياكى پىرىنسىپ ئەمەس. بەلكى ئۇ ئىنسانلار تەرىپىدىن چىقىرىلغان بىر تۈزۈمدۇر.

دېموكراتىيەنىڭ ئىسلامغا زىت كېلىدىغان تەرەپلىرىمۇ ۋە زىت كەلمەيدىغان تەرەپلىرىمۇ بار. دېموكراتىيەنىڭ ئىسلامغا ئەڭ قاتتىق

---

[1] قاتار دىنى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە قاراشلىق پەتىۋا مەركىزىنىڭ 172845- نومۇرلۇق پەتىۋاسىدىن.

زىت كېلىدىغان يېرى، ئۇنىڭدا ھاكىمىيەتنىڭ خەلقتە بولغانلىقىدۇر. چۈنكى ئىسلامدا ھاكىمىيەت ئاللاھنىڭدۇر. دېموكراتىيەنىڭ ئىسلامغا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان تەرەپلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭدا باشلىقنى خەلقنىڭ ئۆزى سايلىشىدۇر. ئىسلامدىمۇ باشلىقنى خەلق ئۆزى سايلايدۇ. دېمەك، دېموكراتىيەنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلغىلى بولمىغاندەك، ئۇنى پۈتۈنلەي رەت قىلىۋېتكىلىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى ئىسلامدىكى شۇرانى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن دېموكراتىيەدىن پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىقىنى ئۆلىمالار سۆزلىمەكتە. چۈنكى «ئىسلام دىنى سىياسەت ئۈچۈن ئومۇمىي پىرىنسىپلارنى ۋە ئاساسىي قائىدىلەرنى بېكىتىۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا مۇئەييەن بىرەر تۈزۈم بەلگىلىمەستىن، بۇلارنىڭ تەپسىلاتى ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ زامان ۋە ماكانىنىڭ شارائىتىغا قاراپ ئىجتىھاد يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلغان».[1] ئىسلامدىكى سىياسى ئىشلار قانۇنىنىڭ ئاساسلىق پىرىنسىپى بولغان «شۇرا» يەنى (كېڭەش)نىڭ ئىجرا قىلىنىش شەكلىنىڭ ئىسلام ھاكىمىيەت تارىخىدا ھەر خىل بولۇپ كەلگەنلىكى بۇنىڭ مىسالى.

مەسىلەن: تۇنجى خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ سايلىشى بىلەن خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەن، ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ تەيىنلىشى بىلەن خەلىپە بولغان، ئۈچىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرىتى ئۆمەر تەشكىل قىلغان ئالتە كىشىلىك شۇرا ھەيئىتىنىڭ تەيىنلىشى بىلەن خەلىپە بولغان. تۆتىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىدىكى كاتتا ساھابىلەردىن تەشكىل تاپقان ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ بەيئەت قىلىشى بىلەن خەلىپە بولغان. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چوڭ ئوغلى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى) ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلىپ، ئۇنى خەلىپە قىلىپ سايلىغان. ئەمما كۆپ ۋاقىت ئۆتمەستىن مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان ئەتراپىغا ئادەم توپلاپ، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا بۆلۈنۈش پەيدا قىلىشقا ئورۇنغاندىن كېيىن، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قېلىش نىيىتى بىلەن ئۆزلۈكىدىن خەلىپىلىكتىن چۈشۈپ بەرگەن ۋە مۇئاۋىيەگە بەيئەت قىلغان. بۇ يىل «ئامۇل جامائە» بىرلىك يىلى دەپ ئاتالغان. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ توغرۇلۇق: «مېنىڭ بۇ ئوغلۇم سەييىدتۇر، ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئىككى پىرقە كىشىلىرىنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىدۇ»[2] دېگەن. مۇئاۋىيەدىن كېيىن خەلىپىلىك تۈزۈمى ئىمپېراتورلۇق تۈزۈمىگە ئۆزگىرىپ كەتكەن. چۈنكى مۇئاۋىيە ئۆلۈش ئالدىدا ئۆزىدىن كېيىن خەلىپە بولۇشقا ئوغلى يەزىدنى تەيىنلەپ قويۇپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن تاكى 1924 _ يىلى ئوسمانىيلار يېقىلغانغا قەدەر ئاتىدىن بالىغا مىراس قېلىش تۈزۈمى مۇسۇلمان ھۆكۈمدارلىرى ئىچىدە شۇنداق داۋاملىشىپ كەلگەن.

**شۇرا ۋە دېموكراتىيە**

شۇرا بىلەن دېموكراتىيەنىڭ مۇۋاپىقلىشىدىغان تەرەپلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. دۆلەت رەئىسىنىڭ خەلق تەرەپتىن سايلىنىشى.
2. خەلقنىڭ ئۆز مەسئۇللىرىنى تاللاش هوقۇقى بارلىقى.
3. خەلق ياقتۇرمايدىغان بىرىنىڭ ئۇلارغا مۇسەللەت بولىۋالماسلىقى.
4. دىكتاتورلۇقنىڭ ھەر قانداقىنىڭ پۈتۈنلەي رەت قىلىنىشى.
5. خەلقنىڭ باشلىق خاتالاشسا قارشى چىقىش ھەققى بارلىقى.

شۇرا بىلەن دېموكراتىيەنىڭ زىتلىشىدىغان تەرەپلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. شۇرا ۋەھيىگە تايىنىدۇ، ئەمما دېموكراتىيە كۆپ سانلىقنىڭ ئاۋازىغا تايىنىدۇ.
2. شۇرادا «ھاكىمىيەت ئاللاھنىڭ» دېگەن ئاستا، دېموكراتىيەدە «ھاكىمىيەت خەلقنىڭ» دېگەن ئاساستا ئىش كۆرۈلىدۇ.
3. شۇرا دېگەن ھەققىدە شەرىئەتتىن دەلىل كەلمىگەن، ئىجتىھات قىلىشقا بولىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدىلا بولىدۇ، ئەمما قەتئىيلاشكەن مەسىلەر ئۈستىدە بولمايدۇ. دېموكراتىيە بولسا، پۈتۈن ئىشلاردا بولىدۇ.
4. شۇرا دىنىي، سىياسەتنى بىلىدىغان، پىكىر ئىگىلىرى (ئەسھابۇ رەئيى) ئارىسىدا بولىدۇ، ئەمما دېموكراتىيە ئاۋام خەلقنىڭ ئاۋازى بىلەن بولىدۇ.

**دېموكراتىيەنىڭ ئىسلامغا زىت كەلمەيدىغان تەرەپلىرى**

دېموكراتىيەنىڭ «خەلق ئۆزلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى ئۆزلىرى تاللاپ چىقىدۇ، ئۇلار ياقتۇرمايدىغان بىرى ئۇلارغا مۇسەللەت بولالمايدۇ، ئۇلار قوبۇل قىلالمايدىغان قانۇن – پىرىنسىپلارنى ئۇلارغا تاڭالمايدۇ، پۇقرالارنىڭ باشلىقلىرىدىن ھېساب ئېلىش، خاتالاشسا ئۇلارغا قارشى چىقىش هوقۇقى بار» دېگەنگە ئوخشىغان تەرەپلىرى ئىسلام پىرىنسىپىغا زىت كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى

[1] دوكتور ئەھمەد رىسۇنىنىڭ«الفكر الإسلامي» (ئىسلام نەزىرىيەسى)ناملىق ئەسىرى92-بەت.
[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

ئىسلامدىكى شۇرانى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا، قائىدە _ تۈزۈم ياكى چارە _ تەدبىر ئورنىدا قوللىنىشقا بولىدۇ[1].

چۈنكى دېموكراتىيەنى يۇقىرىقى تەرىپى بويىچە چۈشەنگەن كىشىلەرگە ئايانكى، ھەقىقىي مەنىدىكى دېموكراتىيە ئىسلام دىنىنىڭ ئىجادىيىتىدۇر! تارىختىن بۇيانقى مۇستەبىت ھاكىممۇتلەقلەرنىڭ، دىكتاتورلارنىڭ تۈرلۈك زۇلۇملىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەش، ھاياتلىقنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىش نەتىجىسىدە، ئىنسانلار تېخى يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئوتتۇرىغا چىقارغان دېموكراتىيە تۈزۈمى ئىسلام دىنى ئون تۆت ئەسىر ئىلگىرى تۇنجى قېتىم قارار قىلغان ھەق – ھوقۇقلارنىڭ بىر قىسمىدۇر. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئىزنىنى باسىدىغان خەلىپىنى ئۆزى تەيىنلەپ بەرمىگەن، بەلكى ئۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ تاللىشىغا تەرك ئەتكەن. بۇنىڭغا بىنائەن دەيمىزكى، ئىسلام دىنىدا دۆلەت باشلىقى خەلق تەرىپىدىن تاللىنىدۇ. ئىسلام دىنى جامائەت ياقتۇرمايدىغان بىرىنىڭ ئۇلارغا نامازدا ئىمام بولۇشىنى يامان كۆرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «ئۈچ خىل ئادەمنىڭ ئوقۇغان نامىزى قوبۇل بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى جامائەت ياقتۇرمايدىغان ئىمام..»[2]. نامازدىكى ئەھۋال شۇنداق بولغان يەردە، پۈتۈن ھاياتلىق ۋە بارلىق سىياسەت ئىشلىرىدا ئەھۋال قانداق بولۇشى كېرەك؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى باشلىقلىرىڭلار سىلەر ياقتۇرىدىغان ۋە ئۇلارمۇ سىلەرنى ياقتۇرىدىغان، سىلەر ئۇلارغا ياخشى تىلەكلەرنى تىلەيدىغان، ئۇلارمۇ سىلەرگە ياخشى تىلەكلەرنى تىلەيدىغان كىشىلىرىڭلاردۇر. سىلەرنىڭ ئەڭ يامان باشلىقلىرىڭلار سىلەر ياقتۇرمايدىغان، ئۇلارمۇ سىلەرنى ياقتۇرمايدىغان، سىلەر ئۇلارغا لەنەت ئوقۇيدىغان، ئۇلارمۇ سىلەرگە لەنەت ئوقۇيدىغان كىشىلىرىڭلاردۇر»[3].

قۇرئان كەرىم يەر يۈزىدە ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنى ئۆزلىرىگە قۇل قىلىۋالىدىغان ھاكىممۇتلەقلەرگە ۋە ھەددىدىن ئاشقان دىكتاتورلارغا قاتتىق ھۇجۇم قىلغان ۋە ئۇلارنى يەر يۈزىدىن يوقىتىشقا تېگىشلىك بۇزغۇنچى كۈچلەر دەپ تەسۋىرلىگەن. ئاللاھ تائالا پىرئەۋن، ھامان ۋە قارۇندىن ئىبارەت ئۈچ شەخسنى دىكتاتورلۇقنىڭ ۋە ئىستىبداتلىقنىڭ سەلبىي نەمۇنىلىرى ئورنىدا، دۇنيا خەلقىگە ئۆرنەك قىلىپ كۆرسەتكەن ۋە ئۇلارنى بولسا ئىبرەتلىك جازالىغان. ئەنكەبۇت سۈرىسىنىڭ39 _ ئايىتىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: (قارۇننى، پىرئەۋننى ۋە (ئۇنىڭ ۋەزىرى) ھاماننى (ھالاك قىلدۇق)، شۈبھىسىزكى، مۇسا ئۇلارغا روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى، ئەمما ئۇلار يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلدى. ھالبۇكى، ئۇلار (ئازابىمىزدىن) قېچىپ كېتەلمەيتتى). ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسەتكەن:

1. پىرئەۋن ئوبرازىنى دىكتاتورلۇقنىڭ ئەڭ ئۇچىغا چىققان نەمۇنىسى قىلىپ كۆرسەتكەن.

2. ھامان ئوبرازىنى ئۆزىنىڭ ئەقىل _ پاراسىتىنى دىكتاتورلارنىڭ خەلقنى ئېزىش سىياسىتى ئۈچۈن قۇربان قىلىدىغان، سەلبىي سىياسىينىڭ نەمۇنىسى قىلىپ كۆرسەتكەن.

3. قارۇن ئوبرازىنى خەلقنىڭ قان _ تەرى بەدىلىگە بېيىغان، ئاچكۆز كاپىتالىستنىڭ سەلبىي نەمۇنىسى قىلىپ كۆرسەتكەن.

ئىشىنىڭ قىزىق يېرى شۇكى، قارۇن پىرئەۋننىڭ قەۋمىدىن ئەمەس، بەلكى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن كەلگەن بىر كاپىتالىست. شەخسىي مەنپەئەت ئۇنى پىرئەۋن بىلەن بىرلەشتۈرگەن ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن جۇدا قىلغان.

يۇقىرىقىدەك دىكتاتورلاردىن ۋە ھاكىممۇتلەقلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى دېموكراتىيەگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش بولۇپ كەلمەكتە. زادى دېموكراتىيەنىڭ كۈچى بولمىسا، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قاتارلىق ھەقىقىي دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ رەئىس جۇمھۇرلىرى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھاكىمىيەتنى، مەنسەپنى باشقىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرەرمىدى؟ ئەگەر ھەقىقىي دېموكراتىيە بولسا، ئەرەب ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ رەئىس جۇمھۇرلىرى ئۆمۈر بويى ياكى ئاغدۇرۇلغانغا قەدەر تەختتە ئولتۇرۇشقا داۋام قىلارمىدى؟

**دېموكراتىيەنىڭ ئىسلامغا زىت كېلىدىغان تەرەپلىرى**

دېموكراتىيەنىڭ ئىسلامغا زىت كېلىدىغان تەرەپلىرىمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن:

1. ئىنسانلار تەرىپىدىن چىقىرىلغان قانۇنلارنى ئاللاھ تائالا بېكىتكەن شەرىئەت قانۇنىدىن ئۈستۈن كۆرۈش. بۇنى ئىسلام دىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. چۈنكى ئىنسانلار قانچىلىك ئاكادېمىك بولۇپ كەتسۇن، قانچىلىك ئەقىللىك بولۇپ كەتسۇن، بەرىبىر ئۇلار خاتالىقتىن خالىي بولالمايدۇ. ئەمما ئالەملەرنىڭ رەببى ۋە ئىنسانلارنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھ تائالا خاتالاشمايدۇ ۋە بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ئىش كۆرىدۇ.

2. ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن قانۇن _ تۈزۈملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش. مەسىلەن: دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ قانۇنىدا، مىراسنىڭ ئەرلەر بىلەن ئاياللارغا ئوخشاش دەرىجىدە تەقسىم قىلىنىشى. ھالبۇكى، ئىسلام مىراس قانۇنىدا، ئەرلەر ئاياللاردىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق مىراس ئالىدۇ.

3. چېكى يوق ھۆررىيەت. ئامېرىكىغا ئوخشىغان بەزى دېموكراتىك دۆلەتلەردە، بىر جىنسلىقلارنىڭ ئۆزئارا ئۆيلىنىشىكە

---

[1] دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «فتاوى معاصرة» (ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى)ناملىق ئەسىرى، 3-توم 645~ 646 -بەتلەر.
[2] ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

رۇخسەت قىلىدىغان قانۇنلار لايىھەلەنگەن. ھالبۇكى، ئىسلام شەرىئەت قانۇنى بۇنى رەت قىلىدۇ.

4. ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ بەرگەن شەرىئەت قانۇنىغا زىت كېلىدىغان قانۇن _ تۈزۈملەرنى لايىھەلەش. چۈنكى دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ قانۇن _ تۈزۈملىرى دىن بىلەن باغلانمىغان ھالدا، ئىنسان ئەقلىگە تايىنىپ تۈزۈپ چىقىلىدۇ. ھالبۇكى، ئىسلام دىنىدا، قانۇن تۈزۈش ھوقۇقى ئاللاھ تائالاغا ئائىتتۇر.

**مۇسۇلمان دېموكراتچى ئاللاھ تائالانىڭ ھاكىمىيىتىنى خەلققە مەنسۇپ قىلمايدۇ**

دېموكراتىيە دېيىلگەن ھامان ئەڭ دەسلەپ ئەقلىغا كېلىدىغان نەرسە دىكتاتورلۇقنىڭ زىتى بولغان ھۆرىيەتتۇر. چۈنكى دېموكراتىيە ھۆرىيەتنىڭ كېپىلىدۇر. دېموكراتىيەنى تۇغقان مۇھىتمۇ دىكتاتورلۇق تۈزۈمىدۇر. دىكتاتورلۇق تۈزۈمىنىڭ جەۋر _ زۇلۇملىرى ئاستىدا ئېزىلگەن خەلق شۇ لەنىتى دىكتاتورلۇقتىن قۇتۇلۇش يولىدا ئۇزۇن يىللىق كۈرەشتىن كېيىن، ئەنە شۇ دېموكراتىيەنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. دېموكراتىيە دەۋاسى قىلغۇچىلار گەرچە ھاكىمىيەتنى خەلققە مەنسۇپ قىلسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مۇددىئاسى ئاللاھ تائالانىڭ ھاكىمىيىتىنى رەت قىلىش ئەمەس. بەلكى پەقەت دىكتاتورلۇق تۈزۈمگە قارشى چىقىش، خەلقنىڭ يەلكىسىگە مىنىۋالغان مۇستەبىت ھاكىممۇتلەقلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، خەلق ئۆزىنىڭ باشلىقلىرىنى ئۆزلىرى ئەركىن سايلاپ چىقىدىغان ۋە ئەگەر ئۇلار قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا، ئۇلاردىن ھېساب ئالىدىغان بىر تۈزۈم بويىچە ئىش كۆرۈشنى خالايدۇ، بەس. بۇ تۈزۈم زامانىمىزدا دېموكراتىيە دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك، دېموكراتىيە دېموكراتچىلارنىڭ نەزىرىدىمۇ ئىسلامنىڭ زىتى بولماستىن، بەلكى دىكتاتورلۇقنىڭ زىتىدۇر. بۇ مۇسۇلمان ئەمەس دېموكراتچىلارنىڭ ئەھۋالى.

ئەمدى دېموكراتىيە تۈزۈمىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ئىسلامىي مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىۋاتقان بىر مۇسۇلمان دېموكراتچىغا كەلسەك، مۇنداق بىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئاللاھ تائالاغا خاس ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇ مۇنداق قىلمىغاندا، ئۇ مۇسۇلمانلاردىن سانالماي قالىدۇ.

«بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى، قۇرئان كەرىمدىكى (ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقا خاستۇر)[1] يەنى ھاكىمىيەت ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، ھۆكۈم چىقىرىش، بەلگىلەش پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىدۇر، دېگەن ئايەت ئىسلام پىرىنسىپلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىقى بولۇپ، پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى «ھاكىمىيەت ئاللاھ تائالاغا خاس، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسىدۇر، بۇيرۇغۇچى، توسقۇچى ۋە ھالال _ ھارامنى بەلگىلىگۈچى پەقەت ئاللاھ تائالادۇر» دېگەن پىرىنسىپقا بىردەك ئىتتىپاقتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ خەلقى ئۈستىدىكى ھاكىمىيىتى ھەق ۋە راستتۇر. بۇ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1. ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى ھاكىمىيىتى بولۇپ، ئۇ ئۇنىڭ كائىناتتىكى تەسەررۇپلىرى، تەقدىر قىلىشى ۋە ئىرادە قىلىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كائىناتتا ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بولماستىن قىل تەۋرىمەيدۇ.
2. ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرى ئۈچۈن قانۇن تۇرغۇزۇشتىكى ھاكىمىيىتى بولۇپ، دىنىنىڭ بۇيرۇغان ۋە توسقانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان بىر شەخس ئەگەر ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلمايدىكەن، ئۇ مۇسۇلمان بولالمايدۇ.

ھېچقانداق بىر دېموكراتچى مۇسۇلمان يۇقىرىقى بۇ ئىككى تۈرلۈك ھاكىمىيەتنىڭ ئاللاھ تائالاغا خاس ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايدۇ. ئۇ دېموكراتىيەنى پەقەت ئىسلام پىرىنسىپلىرى ئىچىدىكى باشلىق سايلاش، شۇرانى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ھەقسىزلىققا قارشى تۇرۇش قاتارلىق ئاساسلىق ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا چارە _ تەدبىر ئورنىدىلا قوللىنىدۇ، بەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە دېموكراتىيە تۈزۈمى بىلەن كېتىپ بېرىۋاتقان ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا: «دۆلەت دىنى ئىسلام، جىمى قانۇنلارنىڭ مەنبەسى ئىسلام شەرىئىتىدە» دەپ قەيت قىلىنغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ھاكىمىيىتىنى ئىقرار قىلغانلىق ۋە تەكىتلىگەنلىك ئەمەسمۇ؟ بۇ ئاساسىي قانۇنغا ‹ئىسلام پىرىنسىپىغا زىت كېلىدىغان ھەر قانداق بىر قانۇن _ تۈزۈم قەتئىي قوبۇل قىلىنمايدۇ› دېگەن ماددىنى كىرگۈزۈۋەتسە، بۇ ئىسلامغا بويسۇندۇرۇلغان بىر دېموكراتىيە بولىدۇ»[2].

ئەمما كىرىزىس دېموكراتىيەنى تەتبىق قىلىشتا چىقماقتا. ئاللاھ تائالانىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلغانلارنىڭ ھەممىسى بۇنىڭغا ئەمەل قىلىدىمۇ؟ ياق!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىغا ئەڭ يېقىن زامانلاردا ياشىغان خاۋارىجلارمۇ (ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقا خاستۇر) دېگەن پىرىنسىپنى چۈشەنمەستىن، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش _ تارتىشلارنى ھەل قىلىشتا ئىش ئۈستىدىكىلەرنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلغان. ھالبۇكى، قۇرئان كەرىمدە ئارىسى بۇزۇلغانلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دەۋاسىنى سوراپ تېگىشلىك ھۆكۈم چىقىرىشقا بۇيرۇغان ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپ. خۇسۇسەن ئەر _ ئاياللار ئوتتۇرىسىدا چىققان دەۋا ئىشلىرىدا مۇسۇلمان ئىش ئۈستىدىكىلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىشى توغرىسىدا كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەرمۇ كۆپ. شۇڭا تۈتىنچى خەلىپە

---

[1] يۈسۈف سۈرىسى: 67 _ ئايەت.
[2] دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «فتاوى معاصرة» (ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى)ناملىق ئەسىرى، 3-توم 645~ 646 -بەتلەر.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خاۋارىجلارغا رەددىيە بەرگەن سۆزىدە: «ئۇلارنىڭ ( ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقا خاستۇر) دېگەن سۆزى ئەلۋەتتە ھەق سۆزدۇر. ئەمما ئۇلار بۇ ھەق سۆز ئارقىلىق باتىلنى مەقسەت قىلغان» دېگەن.

ئىسلام تارىخىدا، ئاۋۋالقى ئۆلگىلىك تۆت خەلىپىدىن كېيىنلا، مۇسۇلمانلاردا ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ خاتالىقى سەۋەبلىك سىياسىي ئىستىبدات دەۋرى باشلىنىپ كەتكەن. شۇرا ئىجرا قىلىنمىغان. خەلىپىلىك تۈزۈمى ئىمپېراتورلۇق تۈزۈمىگە ئۆزگىرىپ كەتكەن. ھەتتا شۇ ۋاقىتتىكى ساھابىلەر ۋە ئۆلىمالار بۇ تۈزۈمنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلغان، قارشى چىققان ۋە ئۇنى ئىرانلىقلارنىڭ ئىمپېراتورلۇق تۈزۈمىگە ئوخشىتىپ «كىسرالىق تۈزۈم» دەپ ئاتىغان. ئەمما بۇ يېڭى ئىمپېراتورلۇق ئۆز يولىغا مېڭىۋەرگەن، مەزكۇر ئۆلىمالارنىڭ قولىدا كۈچ بولمىغانلىقتىن، ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىگەن. ئەمما ئۇلار ھازىرقى ئۆلىمالاردىن جەڭگىۋار ۋە جۈرئەتلىك ئىدى. ئۇلار ھازىرقى ئۆلىمالارنىڭ ئەكسىچە، ئۆزلىرىنى ئىسلام خەلىپىسى دەپ ئاتىۋالغان ئەمەلدارلارغا نەسىھەت قىلاتتى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلارنى بېرەتتى.

تارىختىكى ئەمەۋىيلەر، ئابباسىيلار ۋە ئوسمانىيلار گەرچە ئۆزلىرىنى ئىسلام خەلىپىلىكى دەپ ئاتىۋالغان بولسىمۇ، ئۇلار ئەمەلىيەتتە سېپىي ئۆزىدىن ئىمپېراتورلۇقلار ئىدى. ئۇلار ئىسلامدىن پايدىلىنىپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئۆزلىرىگە «ئەل ھاكىم بىئەمرىللا» (ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى) «ئەل مۇئتەسىم بىللاھ» (ئاللاھقا باغلانغان) دېگەنگە ئوخشاش، ئاڭلىنىشتا، ئاللاھنىڭ يولىدا ماڭغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئەمر _ پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلغۇچى دېگەن ئۇقۇمنى بېرىدىغان، ئەمما ئەمەلىيەتتە «مېنىڭ سۆزۈم ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر، مېنىڭ چىقارغان ھۆكۈمۈم ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىدۇر» دېگەندىن ئىبارەت تېگىگە كۇفرى ۋە تەكەببۇرلۇق يوشۇرۇنغان لەقەملەرنى ئىشلىتەتتى. ئۇلار «ھاكىمىيەت ئاللاھقا خاستۇر»دېگەن شوئارنى ئۇنلۇك ۋارقىراپ قويۇپ، ئۆزلىرى ھاكىممۇتلەق بولىۋالاتتى، خەلقنىڭ سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقىنى بەرمەيتتى. پەقەت ھازىرقى زامان پادىشاھلىرىدەك كىشىلەرنى ئۆزىگە مەجبۇرىي ھالدا بەيئەت قىلدۇراتتى. بۇ مۇسۇلمان ئىمپېراتورلۇقلار ئىسلام دەۋىتىنى قانات يايدۇرۇش، ئىسلامىي ئەسەرلەرنى نەشر قىلىپ تارقىتىش، مەكتەپ _ مەدرىسلەرنى ئېچىش دېگەندەك بەزىبىر ئىسلامىي خىزمەتلەرنى قىلغان بىلەن، ئاساسەن ئادالەتتىن يىراق، دىيانەتتىن تېخىمۇ يىراق ھالدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئىمپېراتورلۇقلار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز، ھارۇن رەشىد ۋە مۇھەممەد فاتىھلارغا ئوخشىغان بارماق بىلەن سانىغىلى بولىدىغان ئادالەتلىك ھۆكۈمدارلاردىن باشقا تىلغا ئالغۇدەك كىشىلەرمۇ چىقمىغان.

**دېموكراتىيەنىڭ بولىدىغان تەرەپلىرىدىن پايدىلانساق نېمە زىيىنى؟**

بىز مۇسۇلمانلىق سۈپىتىمىز بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئىسلامىي پرىنسىپىمىزغا خىلاپ كېلىدىغان ھەر قانداق نەرسىنى ۋە ھەر قانداق بىر قانۇن _ تۈزۈمنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىمىز. دېموكراتىيەنىڭمۇ دىنىمىزنىڭ پرىنسىپلىرىغا زىت كېلىدىغان تەرەپلىرىنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىپ، ئۇنىڭ بىزنىڭ ئىسلامىي خىزمەتلىرىمىزگە يارايدىغان، دىنىمىزغا زىت كەلمەيدىغان يەرلىرىنى ئېلىپ پايدىلىنىمىز. قاتناش قائىدىلىرىنى مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەردىن ئەينەن ئېلىپ ئۆزىمىزدە تەتبىق قىلىۋاتىمىز، مۇسۇلمان ئەمەسلەر ياساپ چىققان پەن _ تېخنىكا سايمانلىرىدىن ھېچ ئىككىلەنمەستىن پايدىلىنىۋاتىمىز، ھەتتا دىنىي مەقسەتلىرىمىز ئۈچۈنمۇ قوللىنىۋاتىمىز. ئەمدى، ئىسلامنىڭ سىياسىي ئىشلار پرىنسىپى بولغان شۇرانى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، باشلىقلىرىمىزنى خەلق تەرىپىدىن سايلاپ چىقىش ئۈچۈن دېموكراتىيەگە ئوخشىغان بىزنىڭ مۇددىئايىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان تۈزۈملەردىن پايدىلانساق، پايدىلانغاندىمۇ ئۇنى ئىسلام قانۇنىغا بويسۇندۇرغان ھالدا، پەقەتلا بىر ۋاستە ئورنىدا پايدىلانساق بولمامدىكەن؟ بۇنداق قىلىش قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ روھىغا زىت كېلەمدۇ؟

مەن دېموكراتىيە مەستانىسى ئەمەس. پەقەت ئۇنىڭدىكى دىنىمىزنىڭ پرىنسىپىغا زىت كەلمەيدىغان ۋە بىزگە پايدىلىق يوچۇقلاردىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئىسلامىي دەۋايىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرساق دېمەكچىمەن.

كۆرۈۋاتىمىزكى، ھازىرقى زاماندا مۇسۇلمانلار ھەممىلا جايدا ئېزىلمەكتە ۋە ھەق _ ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىنماقتا. ئۇلار پەقەت دېموكراتىيە سايىسىدىلا ئۆزلىرىنىڭ بەزى ھەق _ ھوقۇقلىرىغا ۋە ئىنسانىي ھۆرمىتىگە ئىگە بولماقتا. مەسىلەن: ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە ئاۋستىرالىيە قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمانلار شۇ دۆلەتلەردىكى دېموكراتىيە سايىسىدىلا ئۆزلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى ئەركىن، ئازادە ئېلىپ بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشمەكتە. تۈركىيەدە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان «ئادالەت ۋە تەرەققىيات» پارتىيەسىنىڭ ئادەملىرىمۇ، ئىلگىرى مەرھۇم نەجمىددىن ئەرباقان باشچىلىقىدا ئېلىپ بارغان تەجرىبىلىرىدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، دېموكراتىيە تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىش كۆرۈپ غەلىبە قىلدى ۋە تۈركىيەدە بىر ئىسلامىي ھۆكۈمەت قىلىدىغان ئىشلارنى ئاساسەن قىلدى. مەسىلەن: تۈركىيە باش مىنىستىرى رەجەب تايىيب ئەردۇغان شۇ دېموكراتىيە سايىسىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ تۈركىيەنى يېڭى بىر دەۋرگە ئېلىپ كىرمەكتە. ئەردۇغاننىڭ دېموكراتىيە سايىسىدا تۈركىيەدە قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرىنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىكى، مۇسۇلمان خانىم _ قىزلارنىڭ ھىجابلىنىش ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى، ئوتتۇز يىلدىن بېرى قان تۆكۈلۈشۋاتقان تۈرك _ كورد كىرىزىسىنى ھەل قىلىپ، قان تۆكۈشنى توختاتقانلىقى ۋە چىرىكلەشكەن ھەربىي ھاكىمىيىتىنىڭ نوپۇزىنى تۆۋەنلىتىپ، چېرىكلىككە قارشى ئىسلاھات ئېلىپ بارغانلىقى ئىدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىسلامىي ئىشلار بولۇپ، قانداقلا بىر ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپ قىلىدىغان مۇھىم ئىشلىرىدىن بىرىدۇر. مۇشۇنداق چوڭ غەلىبىنى ئەردۇغاننىڭ پارتىيەسى پەقەت دېموكراتىيە سايىسىدىلا قولغا كەلتۈرەلىدى. بۇ غەلىبىلەرنىڭ ھەممىسى دېموكراتىيەنىڭ پايدىسى ئەمەسمۇ؟!

مەن ھازىر دېموكراتىيەدىن پايدىلىنىش ھەققىدە يېزىۋاتىمەن. ئەمما بۇ خۇددى تۆركلەرنىڭ «توخۇ يوق، تۇخۇممۇ يوق» دېگەن ماقال تەمسىلىگە ئوخشاش، بىز ئۆچۈن يوق نەرسە ئۈستىدە سۆزلەۋاتىمەن. مەقسىتىم بىزدىمۇ شۇنداق تەييارلىق بولسۇن ئۈچۈندۇر. بىز مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دېموكراتىيە ئۆزىمىزنىڭ ئىسلامىي غايىمىزگە يېتىش يولىدىكى بىر ۋاستە ياكى بىر چارىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. ئۇ بىزنىڭ تۈزۈمىمىز ئەمەس. شۇڭا ئۇنى ئاقلاپ كەتمەيمىز. پەقەت ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى خالايمىز.

كاشكى زامانىمىزدا ئىسلام ھاكىمىيىتى مەۋجۇت بولسا ئىدى، باشقا تۈزۈمگە ھاجەت يوق ئىدى. ئەمدى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىقىدىغان زامان كەلگۈچىلىك ئۇلار پايدىلىنىپ تۇرىدىغان ئەڭ ياخشى تۈزۈم دېموكراتىيە دېسەك مۇبالىغە بولماس. دېموكراتىيە كوممۇنىست تۈزۈمىدىن ۋە تەخت ۋارىسلىق تۈزۈمىدىنمۇ يامانمىدۇ؟

ئەمدى، «دېموكراتىيە» دېگەن سۆزنىڭ گرېكچىدىن كەلگەن بىر ئاتالغۇنى بولغانلىقى سەۋەبىدىنلا ئۇنى پۈتۈنلەي كۇفرلىق دەيدىغان قېرىنداشلارنىڭ سەمىگە شۇنى سالىمەنكى، ئاتالغۇلارنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق. مۇھىم بولغىنى ئۇنىڭدىكى مەنىدۇر. ھەتتا قۇرئان كەرىمدىمۇ ئەرەبچە بولمىغان، ئەجەمچە سۆز _ كەلىمىلەرمۇ بار. مەسىلەن: بىز «ئادالەت» دەپ تەرجىمە قىلىۋاتقان«قسطاس» دېگەن سۆز رىمچە سۆزدۇر.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىش لازىمكى، ھازىرقى زاماندا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان «دېموكراتىيە» لەرنىڭ ھەممىسىلا ھەقىقىي دېموكراتىيەگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ تولىسى قۇرۇق شوئاردۇر. مۇنداقلارنىڭ تولىسى ئۆزلىرىنى تېخى«دېموكراتىك دۆلەت» ۋە «دېموكراتىيەنىڭ پاسبانى» دەپ ئاتىۋالىدۇ. ئەمما ئۇلاردا دېموكراتىيەنىڭ ئەسىرىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. ئۇلاردا سايلانغان رەئىس جۇمھۇرلارمۇ ئۆمۈر بويى سايلىنىدۇ، ئۇلار تەختنى پەقەت ئۆلۈم ياكى ئۆرۈلۈش بىلەنلا بوشىتىدۇ. ئىشنىڭ قىزىق يېرى، بەزى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرمۇ ئۆزلىرىنى دېموكراتىك دۆلەت دەپ ئاتىۋالىدۇ، خەلق دۆلىتى دەيدۇيۇ، خەلققە ھېچ نەرسە بەرمەيدۇ.

## تەقۋالىق

«تەقۋا» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى «ساقلىنىش» دېگەنلىكتۇر. نېمىدىن ساقلىنىش؟ تەبىئىكى، گۇناھتىن ساقلىنىش، ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا يولۇقۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش، دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىش ۋە ئۆزىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشتۇر. تەقۋا دېگەن سۆز يەنە لۇغەتتە بىر _ بىرىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىككى نەرسىنىڭ ئارىسىغا توساق قويۇش ئارقىلىق زىيانغا ئۇچرىغاننى قوغداش دېگەن مەنىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. ئەرەبلەرنىڭ «ئىتتەقا بىتەرەسىھى» يەنى (قالقىنى بىلەن ئۆزىنى قوغدىدى) دېگەن سۆزى ۋە ساھابىلەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا قاتتىق ئۇرۇش ئەسناسىدا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىغا كېلىۋېلىپ دۈشمەنلەرنىڭ ئوقيالىرىدىن قوغدانغانلىقىنى«ئىتتەقەينا بىرەسۇلىللاھ» دەپ ئىپادىلىگەنلىكى بۇنىڭ مىسالى.

تەقۋا سۆزىنىڭ دىني ئاتالغۇدىكى مەنىسى ھەققىدە ئۆلىمالارنىڭ تەرىپلىرى تۆۋەندىكىچە بولغان:

—ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش سايىسىدا ئۆزىنى ئۇنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا ئېلىش.

—ھارامدىن قېچىش ۋە ھالالنى ئىلغاشتا ئىنتايىن سەزگۈر بولۇش.

—گۇناھ _ مەسىيەتلەرگە چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئېھتىياتچان بولۇش.

ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇبەييە ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن تەقۋالىق ھەققىدە سورىغاندا، ئۇ: «سىز تىكەنلىك يولدىن مېڭىپ باققانمۇ؟» دەپ سورىغان. ھەزرىتى ئۆمەر: «ھەئە» دېگەندە، ھەزرىتى ئۇبەييە يەنە ئۇنىڭدىن: «قانداق ماڭدىڭىز؟» دەپ سورىغان. ئۆمەر: «پۇتۇمغا تىكەن كىرىپ كەتمىسۇن دەپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ماڭدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ ۋاقىتتا ئۇبەييە ئۇنىڭغا: «تەقۋالىق دېگەن ئەنە شۇنداق بولىدۇ»[1] دېگەن.

يەنى تىكەنلىك جايدىن ماڭغان ئادەم «پۇتۇمغا تىكەن كىرىپ كەتمىسۇن دەپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن مېڭىش ئارقىلىق ئۆزىنى زىيان _ زەخمەتتىن قوغدىغاندەك، تەقۋادار ئادەممۇ ھاياتلىق مۇساپىسىدە گۇناھ، يامان ئىشلارنى سادىر قىلىپ قويۇپ ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا ئۇچراپ قالماسلىق ئۈچۈن ھەمىشە ئېھتىياتچان بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ».

**تەقۋالىقنىڭ مەنىسى**

تەقۋالىقنىڭ ئەڭ توغرا ۋە ئىخچام مەنىسى «مەسئۇلىيەتچانلىق»تۇر. ئىنسان ھەر ئىشتا مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئىچىدە ھەرىكەت قىلىدىغان بولسا، ئۇ چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسى ئاستىغىمۇ كىرىدۇ، ھارام ئىشلاردىنمۇ ئۆزىنى ساقلايدۇ ۋە جازاغىمۇ ئۇچرىمايدۇ. چۈنكى «مەسئۇلىيەتچانلىق» دېگەن قىلىشقا تېگىشلىكنى ۋاقتىدا قىلىش، قىلماسلىققا تېگىشلىكنى قىلماسلىق، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. مۇنداق ئادەمنىڭ كۆڭلى راھەت، كېلەچىكى كاپالەتلىك ۋە قورقۇنچلاردىن خاتىرجەم بولىدۇ.

خەلقىمىزدە «ئۆزىنى سورىغان خاننىڭ ئالدىغا بارماپتۇ» دېگەن ھېكمەت بار. چۈنكى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئورۇندىغان ئادەم خەلقنىڭ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ھېچقاچان ئەيىبكار بولمايدۇ. ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان ئادەم تەقۋا ئادەمدۇر. ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھەقلىرىگە، ئىنسانلارنىڭ ھەق _ ھوقۇقلىرىغا قارىتا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ياشىشى ئۇنىڭ تەقۋالىقىدۇر.

**«ئاللاھتىن قورقۇش» دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟**

تەقۋالىق ئاللاھ تائالادىن قورقۇش دەپمۇ تەبىرلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمدە: «ئاللاھتىن قورقۇڭلار» دېگەن ئايەتلەر كۆپ ئۇچرايدۇ، ھەدىسلەردىمۇ ۋە بارچە ئىسلام مەنبەلىرىدىمۇ كۆپ تەكرارلىنىدۇ.

دۇنيادا ئۇرغۇنلىغان قورقۇش تۈرلىرى بار بولۇپ، ئىنسانلار ئۆلۈمدىن قورقىدۇ، قانۇننىڭ جازاسىدىن قورقىدۇ، مال _ دۇنياسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىدۇ، قاراقچىدىن قورقىدۇ، يۈز _ ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىدىن قورقىدۇ، ئۆزلىرىگە ۋە پەرزەنتلىرىگە زىيان _ زەخمەت يېتىشتىن قورقىدۇ، بىراۋنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويۇشتىن قورقىدۇ، بىرەر باشلىقنىڭ ياكى جامائەتنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىشتىن قورقىدۇ، ئۆزىگە ياخشىلىق ۋە ئاتا _ ئېھسان قىلىپ تۇرۇۋاتقان كىشىسىنى رەنجىتىپ قويۇپ، ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن قورقىدۇ.

قىز _ ئوغۇللار مۇھەببىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىدۇ.

ھەتتا باللارمۇ ئاتا _ ئانىسىدىن تاياق يېيىشتىن قورقىدۇ، مۇئەللىمنىڭ جازالىشىدىن قورقىدۇ، كىچىك باللار بولسا قاراڭغۇدىن قورقىدۇ، جىن _ ئالۋاستىدىن قورقىدۇ، يالغۇز قالسا تېخىمۇ قورقىدۇ.

[1]«تەپسىر ئىبنى كەسىر»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 1- توم، 28- بەتتىن.

ئەمدى «ئاللاھتىن قورقۇش» قايسى تۈردىكى قورقۇشقا كىرىدۇ؟

شەكسىزكى، «ئاللاھتىن قورقۇش» دېگەن ئۆزىگە ياخشىلىق قىلىپ تۇرۇۋاتقان كىشىسىنى رەنجىتىپ قويۇپ، ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن قورقۇشقا ئوخشايدىغان بىر قورقۇشتۇر. بۇ تۈردىكى قورقۇش ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغ ماقامىغا تولىمۇ يارىشىدىغان قورقۇشتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قورقۇشمۇ مۇشۇ قورقۇشنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. چۈنكى مۇناسىۋەت بۇزۇلغان ۋە ئاتا _ ئېھسان ئۈزۈلگەندىن كېيىن، كۈتۈلىدىغان نەرسە جازادىن باشقىسى بولمايدۇ.

ئۇنداق بولمىغاندا، ئاللاھ تائالادىن خۇددى قورقۇنۇچلۇق ئادەمدىن قورققاندەك، ياكى ئاچچىقى يامان ئادەمدىن قورققاندەك، ياكى زالىمدىن قورققاندەك قورقۇلمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر. ئەكسىچە، ئۇ مەخلۇقاتىغا ئەڭ مېھرىبان، ئەڭ كۆيۈمچان ۋە ئەڭ شەپقەتلىك زاتتۇر.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەنلەر كەلتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تېخى ئەمچەكتىن ئايرىلمىغان بالىسىنى ئىزدەۋاتقان بىر ئايال بار ئىدى. ئايال بالىسىنى تاپتى ۋە ئۇنى باغرىغا چىڭ باسقىنىچە ئېمىتىشكە باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىدىكىلەرگە ئايالنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۇلاردىن: «بۇ ئايالنى مۇشۇ بالىسىنى ئوتقا تاشلاشقا رازى بولىدۇ، دېسە ئىشىنەمسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: ياق، ھەرگىزمۇ چىداپ تۇرالمايدۇ، دېيىشتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئاللاھ بەندىلىرىگە مۇشۇ ئايالنىڭ بالىسىغا بولغان شەپقىتىدىنمۇ بەك شەپقەتلىكتۇر»[①] دېدى .

ئاللاھ تائالا ئەنە شۇنداق شەپقەتلىكتۇر. ئۇ بەندىلىرىنى ئازابلاشنى خالىمايدۇ. ئۇنىڭ دوزاخنى ياراتقانلىقى جەننەتنىڭ قەدرىنى بىلدۈرۈش ۋە ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغانلارنى، بەندىلىرىنىڭ قېنىنى ئىچكەن ۋە ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلارنى ئەدەپلەش ئۈچۈندۇر.

تەربىيەچىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ئاساسلىق سۈپەت تەقۋالىقتۇر. تەقۋالىق مەڭگۈلۈك ئامانلىققا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنىڭ كاپالىتىدۇر.

**تەقۋالىق توغرىلىق كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر:**

(ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە توغرا سۆزنى قىلىڭلار)②.

(ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە بىلىڭلاركى، ئاللاھ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر)③.

( ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك سانىلىدىغىنىڭلار ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلاردۇر)④.

(كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ)⑤.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: كىشىلەرنى جەننەتكە ئەڭ كۆپ كىرگۈزىدىغان نەرسە نېمە؟ دەپ سورالغاندا، «تەقۋالىق بىلەن گۈزەل ئەخلاق»⑥ دەپ جاۋاب بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «نەدە بولمىغىن، چوقۇم ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلغىن، يامانلىقنى ياخشىلىق بىلەن ئۆچۈرگىن، كىشىلەرگە گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلغىن»⑦.

(①) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى. «صحيح البخارى» (سەھىھۇل بۇخارى)دىكى 5653- ھەدىس، «صحيح المسلم» (سەھىھۇل مۇسلىم)دىكى 2754- ھەدىس.
② 33- سۈرە ئەھزاب، 70- ئايەت.
③ 2- سۈرە بەقەرە، 194- ئايەت.
④ 49- سۈرە ھۇجۇرات، 13- ئايەت.
⑤ 65- سۈرە تالاق، 2- ئايەت.
⑥ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
⑦ ئىبنى ھىببان«صحيح» (سەھىھ) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 2- توم، 224- بېتىدە رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

# قەلب بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر

ئەپسۇسكى، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى جىسمانىي ئىبادەتلەرگە، خۇسۇسەن زاھىرىي ئىبادەتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ، قەلب بىلەن قىلىنىدىغان، كىشىلەر كۆرمەيدىغان ئىبادەتلەرگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ھالبۇكى، قەلبنىڭ ئەمەللىرى بەدەننىڭ ئەمەللىرىدىن مۇھىم ۋە ئەڭ ئېتىبارلىقتۇر. قەلبنىڭ ئەمەللىرى ئىبادەتلەرنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

قەلبنىڭ ئىشى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئادەمنىڭ ئاقىۋىتىنى بەلگىلەيدۇ. ساغلام قەلب ئاخىرەتتە نىجاتلىق ئېرىشىشنىڭ كاپالىتىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە:[ئۇ كۈندە مال _ دۇنيامۇ، بالىچاقىلارمۇ پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ساغلام قەلب بىلەن كەلگەن ئادەملا(پايدا تاپىدۇ)[①]]دەيدۇ. قەلبنىڭ ساغلاملىقى ئادەمنىڭ مۇكەممەللىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئۇنۇتماڭلاركى، بەدەندە بىر پارچە گۆش بار، ئۇ تۈزۈلسە بەدەننىڭ ھەممىسى تۈزۈلىدۇ، ئۇ بۇزۇلسا، بەدەننىڭ ھەممىسى بۇزۇلىدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇ قەلبتۇر»[②] دەپ كۆرسەتكەن.

قەلب بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر جىسمانىي ئىبادەتلەردىن مۇھىم ۋە ساۋاب جەھەتتە يۇقىرىدۇر. قەلبنىڭ ئەمەللىرىنىڭ مۇھىملىرى ئىخلاس، تەقۋالىق، سەۋر، قورقۇش ۋە ئۈمىدتۇر. بۇلارنىڭ بايانى تۆۋەندىكىچە:

1. ئىخلاس

ئىخلاس _ قىلىدىغان ئەمەلنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈنلا قىلىش، ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن باشقا بىر مەقسەتنى ئويلىماسلىق دېگەنلىكتۇر. ئىخلاس ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن بىرىنچى شەرتتۇر. چۈنكى ئىخلاس بىلەن دىندا كۆرسىتىلگەن بويىچە قىلىنمىغان ئەمەل قوبۇل بولمايدۇ.

ئىخلاس قەلب قېتىدىن كەلگەن سەمىمىي سۆيگۈ بىلەن كۆرسىتىلگەن ساداقەتتۇر. ئىخلاسنىڭ ئەكسى رىيادۇر. قىلىنغان ئىبادەت ۋە ھەر قانداق بىر ياخشى ئىشلاردا ھېچقانداق بىر مەنپەئەت ياكى پايدىنى كۆزلىمەستىن، پەقەت ئاللاھ تائالا رازىلىقىنى مەقسەت قىلىش ئىخلاسنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھەقىقىي ئىخلاس ئۈچۈن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ قىسسىسي ئەڭ ياخشى ئۈلگە بولالايدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام زالىم نەمرۇد تەرىپىدىن ئوتقا تاشلانغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەن پەرىشتە جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ: «خالىساڭ ساڭا ياردەم قىلاي ۋە سېنى ئوتتىن قۇتۇلدۇراي» دېگەن تەكلىپىگە جاۋاپ بېرىپ: «رەببىم مېنىڭ بۇ ھالىمنى بىلىدۇ شۇنداقمۇ؟» دەپ سورايدۇ. جىبرائىل: «ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە بىلىدۇ» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا ساڭا ئېھتىياجىم يوق، ئاللاھ تائالانىڭ مېنىڭ بۇ ھالىمنى بىلىشى ماڭا يېتىدۇ» دەپ جاۋاپ قايتۇرىدۇ. مانا بۇ، ھەقىقىي چىن ئىخلاسنىڭ بىردىنبىر مىسالىدۇر.

ئىخلاس ھەققىدە كەلگەن ئايەت ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىگە ئاساسلانغاندا، نىجات يولى پەقەت ئىخلاستىدۇر. ئادەم باليسىنىڭ ئىككى دۇنيالىق سائادىتى ۋە ماددىي، مەنىۋىيىتىگە كېپىللىك قىلالايدىغان ئىخلاستىن بۆلەك ئىككىنچى بىر خىسلەت يوقتۇر. بىراۋنىڭ ئىخلاسىنى قازانماق ھەقىقەتەن مۇھىم بىر ئىشتۇر. چۈنكى زەررىچىلىك ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ئەمەل، ئىخلاسسىز قىلىنغان مىڭلارچە ئەمەل _ ئىبادەتتىن ئۈستۈندۇر.

ھەر قانداق بىر ئىشتا ئىخلاس تەلەپ قىلىنىدۇ. ناماز ئوقۇشتا، روزا تۇتۇشتا، زاكات بېرىشتە، ھەج قىلىشتا، ئىلىم تەھسىل قىلىشتا، قۇرئان تىلاۋەت قىلىشتا، يېتىم – يېسىرلارغا ياردەم قىلىشتا، ھالال رىزىق ئۈچۈن ئىشلەشتە ئىخلاس باغلاپ ئىش قىلىش لازىم. ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ ئۆزىگە لايىق ئىخلاسى باردۇر، مەسىلەن: سەمىمىي ئىخلاس بىلەن باغلانغان مۇھەببەتنىڭ بىر زەررىسى بىرەر مەنپەئەت يۈزىسىدىن باغلانغان مۇھەببەتتىن ئەلۋەتتە چوڭ ۋە قىممەتلىكتۇر. چىن مۇھەببەتنى كۆرۈشنى خالىغان كىشى ئانىلارنىڭ تەبىئىتىگە قارىسا بولىدۇ. ھەقىقىي خالىس مۇھەببەتكە ئانىلار سازاۋەردۇر. ئۇلار پەرزەنتلىرى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان جاپا – مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، چىن دىلىدىن بالىلىرى ئۈچۈن كۆيۈپ – پىشىپ، چوڭ قىلىدۇ. لېكىن ئۇ قىلغانلىرى ئۈچۈن بالىلىرىدىن بىرەر مۇكاپات ياكى سوۋغا _ سالام تاما قىلمايدۇ، بىرەر پايدا كۆزلىمەيدۇ. ئادەممۇ ئاللاھ تائالاغا ئىخلاس قىلغان ئىكەن، شۇنداق چىن ئەقىدە ۋە سۆيگۈ بىلەن ئىخلاس قىلغاندا، ئاندىن ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىي مۇخلىسىغا ئايلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا چىن ئىخلاس بىلە قىلىنغان ئەمەل _ ئىبادەتلەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئىنسانلارنىڭ ئىبادەتلەرنى خالىس ئاللاھ تائالاغا قىلىشلىرىنى، دۇئالىرىنى سەمىمىي قىلىشلىرىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

---

① شۇئەرا سۈرىسى: 88-89- ئايەتلەر.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئىبادەتتە كەيپىيات بەك مۇھىمدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئەمەل _ ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىش بىلەن ياكى كۆپ كىشىلەرنى دىنغا ئەگەشتۈرۈش بىلەن قازىنىلمايدۇ. بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى پەقەت ئىخلاس بىلەنلا قازىنىلىدۇ. شۇڭا بەزىدە بىرەر ئېغىز سۆز ياكى بىرەر ياخشى نىيەت ھەقىقىي سائادەتكە ۋە مەڭگۈلۈك نىجاتلىققا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئەمەل _ ئىبادەتلەرنىڭ كۆپ قىلىنىشىغىلا قارىماستىن، بەلكى قەلبتىكى ئىخلاسقا قاراش كېرەك. چۈنكى كېرەك بولغىنى ئىخلاستۇر. مەن بۇ سۆزۈم بىلەن، ئەمەل ئىبادەتلەرنى ۋە دىنغا دەۋەت قىلىش ئىشلىرىنى پايدىسىز دېمەكچى ئەمەسمەن. بەلكى مۇشۇ ئەمەل ئىبادەتلەرنىڭ ۋە ياخشى ئىشلارنىڭ قىممەتكە ئىگە بولۇشى ئىخلاس بىلەن بولىدۇ دېگەننى ئۇچۇقلىماقچىمەن. زادى ئاللاھ تائالا رازىلىقىنى كۆزلىمەستىن باشقا مەقسەت ۋە مەنپەئەتلەرنى كۆزلەپ قىلىنغان پۈتۈن ئەمەللەر ۋە ئىبادەتلەر بىكاردۇر. مەسىلەن: كۆمۈر كىلوگراممىا بىلەن ھەتتا تونىنلاپ، ئالتۇن بولسا گراممىلاپ تارتىلىدۇ. ئىخلاسلىق ئەمەل ئالتۇن بولسا، ئىخلاسسىز ئەمەل كۆمۈرگە ئوخشايدۇ. بۇ مىسالدىن ئىخلاسلىق ئىبادەت بىلەن ئىخلاسسىز ئەمەل _ ئىبادەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

2. تەقۋالىق

تەقۋالىق _ ئاللاھ تائالاغا ۋە ئىنسانىيەتكە قارىتا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ياشاش دېگەنلىك بولۇپ، قەلبنىڭ ئەمەللىرىدىن سانىلىدۇ. ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى بىلىپ، ئۇلارنى تولۇق ئورۇندىغان ئادەم تەقۋا ئادەم دېيىلىدۇ. چۈنكى تەقۋا سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى ساقلىنىش دېگەنلىك بولىدۇ. نېمىدىن ساقلىنىش؟ تەبىئىكى، گۇناھتىن ساقلىنىش، ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا يولۇقۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش، دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىش ۋە ئۆزىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشتۇر. شۇڭا مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان ئادەم تەقۋا ئادەمدۇر. ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھەقلىرىگە، ئىنسانلارنىڭ ھەق _ ھوقۇقلىرىغا قارىتا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ياشىشى ئۇنىڭ تەقۋالىقىدۇر.

3. سەۋر

سەۋر – قەلبنىڭ ئەمەللىرىدىن بىرى بولۇپ، سەۋرنىڭ دەرىجىسى ئالاھىدە يۇقىرىدۇر. سەۋر مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش، توسقانلىرىنى تەرك ئېتىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا قۇلچىلىق ئىشىدا چىدام كۆرسىتىش، ئىككىنچىسى، گۇناھ _ مەسىيەتلەردىن يىراق تۇرۇشتا ئىرادىلىك بولۇش، ئۈچىنچىسى بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقلار ۋە مۇسىبەتلەر ئالدىدا سەرۋلىك بولۇش قاتارلىقلاردۇر. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل مۇنداق دېگەن: «سەۋر قۇرئان كەرىمدە توقساندىن كۆپرەك ئورۇندا زىكىر قىلىندى. چۈنكى ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ خىسلىتى ۋە ئىماننىڭ يېرىمىدۇر. ئىماننىڭ قالغان يېرىمى شۈكرىدۇر».

4. قورقۇش

قورقۇش _ ئاللاھ تائالادىن قورقۇش قەلبنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ مۇھىمىدۇر. ئاللاھ تائالادىن قورقۇش ئىبادەتلەرنىڭ كاتتىسىدۇر. ھەقىقىي مۇئمىن ئادەم چوقۇم قورقۇش ۋە ئۈمىد ئارىسىدا ياشايدۇ.

_ مۇئمىن ئادەم ئەمەلىنىڭ قوبۇل بولماسلىقىدىن قورقىدۇ.

_ مۇئمىن ئادەم گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلمەي قىلىنماسلىقىدىن قورقىدۇ.

_ مۇئمىن ئادەم بىرەر مۇسۇلمانغا ئەزىيەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقىدۇ.

_ مۇئمىن ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلالماي قېلىشىدىن قورقىدۇ.

_ مۇئمىن ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا لايىق بولۇپ قېلىشىدىن قورقىدۇ.

دېمەك، مۇئمىن ئادەم ھوشيار ياشايدۇ، غەپلەتتە قالمايدۇ، ھەمىشە ئۆز _ ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرىدۇ، گۇناھكارلار قاتارىدىن بولۇپ قېلىشتىن قورقىدۇ. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە «ماختىلىدىغان قورقۇش سېنى ھارام ئىشلاردىن توسقان قورقۇشتۇر» دېگەن ئىكەن. بىر ئالىم: «ئەگەر قورقۇش سېنىڭ قەلبىڭدە ئورۇن ئالسا، ئۇ شەھۋەتنىڭ ئورۇنلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ ۋە سېنىڭ دۇنيالىققا بولغان قىزغىنلىقىڭنى سوغۇتىدۇ» دېگەن ئىكەن. يەنە بىر ئالىم: «قورقۇش دېگەن كۆز يېشى قىلىش ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي قورقۇش ساڭا ئازاب ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلارنى تەرك ئېتىشىڭدۇر» دېگەن ئىكەن.

5. ئۈمىد

ئۈمىد _ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش ۋە ئۇنىڭ ھەققىدە ياخشى گۇماندا بولۇش دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە:[ كىمكى رەببىگە ئۇچرىشىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، ياخشى ئىش قىلسۇن، رەببىگە قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن ]دەپ كۆرسەتكەن. مۇسۇلمان ئادەم قورقۇش بىلەن ئۈمىد يەنى ئاللاھ تائالانىڭ دوزىخىدىن قورقۇش بىلەن ئۇنىڭ جەننىتىنى ئۈمىد قىلىش ئوتتۇرىسىدا ياشايدۇ. قورقۇش بىلەن ئۈمىد ئىككىسى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىشى لازىم. ناۋادا قورقۇش ئېشىپ كېتىپ ئۈمىد ئاجىزلىشىپ قالسا، ئادەم گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ۋە شەپقىتىگە ئىشەنمىگەنلەر قاتارىدىن بولۇپ قالىدۇ. ناۋادا ئۈمىد ئېشىپ كېتىپ، قورقۇش ئاجىزلىشىپ قالسا، يەنە گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئەمەل قىلماي تەمە قىلغان بولۇپ قالىدۇ. ۋە ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىنى كۆزگە ئىلمىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئىنسان قورقۇش بىلەن ئۈمىدتىن

ئىبارەت ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى سالىغان هالدا ئىش كۆرۈشى لازىم. ئۆلىمالاردىن بىرى: «ئۈمىدكىلا يۆلىنىۋالغان ئادەم ئەمەلدىن قۇرۇق قالىدۇ، قورقۇشقىلا يۆلىنىۋالغان ئادەم ئۈمىدسىزلىككە پاتىدۇ. شۇڭا هەر ئىككىسىنى تۇتۇش لازىم»دېگەن ئىكەن.

## ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمغا يۈرەك سۆزلىرىم

شەكسىزكى، ئوقۇش، ئۆگىنىش دىنىمىزنىڭ ئەڭ ئالدىنقى چاقىرىقى ۋە ئىمانىنىڭ تەلىپىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە (بىلگىنكى، ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر)[1] دېيىش ئارقىلىق ئىمان بىلەن كۇفرى ئوتتۇرىسىدىكى پاسىل بولغان كەلىمە تەييىبەنى بىلىپ ئېيتىش كېرەكلىكىگە ئىشارەت قىلغان. دېمەك، ئىمان ئىلىمسىز تولۇقلانمايدۇ. ئىمانىنىڭ كامالىتى ئىلىم بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: (بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار تەڭ بولامدۇ؟)[2] دېيىش ئارقىلىق ئالىمنىڭ قەدرىنى كۆتۈرگەن.

ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئىلىم تەھسىل قىلىش ئەڭ كاتتا ئىبادەتلەردىن سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىغا كىرگەن ئادەم ئىبادەت ئۈستىدە بولغان بولىدۇ. دىنىمىزدا تېخىمۇ كۆپ بېرىلىشنى تەلەپ قىلىش تەشەببۇس قىلىنغان بىرلا نەرسە ئىلىمدۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا (ئى رەببىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن[3]) دەپ دۇئا قىلىشقا بۇيرۇغان. ئىلىم تەھسىل قىلىشنىڭ چېكى يوق. قانچىلىك كۆپ ئوقۇسا، قانچىلىك كۆپ ھاسىل قىلىشنى تىلىسە شۇنچە ياخشى ۋە ئەۋزەلدۇر.

ئىلىم تەھسىل قىلغۇچىلارنىڭ ئالدىغا ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار ۋە بەزى ئاپەتلەر چىقىپ تۇرىدۇ. ئۆتمۈشلەردە يوقسۇللۇق، ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن دۆلەت ئاتلاشنىڭ جاپاسى ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىقلاردىن سانىلاتتى. بۇ ئىككى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلالىغان تالىپلار كۆزلىگەن مەنزىلىگە ئاسان بارالايتتى. ئەمدى زامان ئۆزگەردى، قىيىنچىلىقلاردىن كۆپرەك ئاپەتلەر كۆپەيدى. ئۆتمۈشتە ئىلىم تەھسىل قىلغۇچىنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق يوقسۇللۇق بولسا، زامانىمىزدا ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ ئاپەت بايلىق، راھەت، ئىنتېرنېت، يانفۇن قاتارلىقلار بولۇپ قالماقتا. بۇ ئاپەتلەر ئىلىم تەھسىل قىلغۇچىلارنىڭ يولىدا پۇتلىكاشاڭ بولۇپ تۇرماقتا. بۇ ئاپەتلەرنى يېڭىپ چىققانلارنىڭ مەنزىلگە يېتىش نىسبىتى ئەلۋەتتە چوڭ بولۇشىدا شەك يوق. مەن بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن تەجرىبىلەر بۇنى ئىسپاتلايدۇ. مۇندىن ئوتتۇز يىل ئىلگىرى بىز ئەزھەر ئىلىمگاھىغا بېرىپ ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولغانلىقىمىز ئۈچۈن زور خوشاللىق ئىچىدە ئىدۇق، بىز ئوتتۇزغا يېقىن ئۇيغۇر تالىپلار ئىدۇق، ئۇ چاغلاردا ھەممىمىز يوقسۇل ئىدۇق، قىيىنچىلىقلىرىمىز كۆپ ئىدى، ئەمما ئىرادىمىز قەتئىي، ئۈمىدىمىز چەكسىز، ئۇتۇق قازىنىشقا بولغان ئىشەنچىمىز كامىل ئىدى. بىزنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈشكە ۋاقتىمىز يوق ئىدى، يانفۇن دېگەنلەر يوق ئىدى، ھازىرقى باش بالاسى ئىنتېرنېت ئۇ زامانلاردا يوق ئىدى، مىسىردا ئوقۇش، ئۆگىنىش، دەرس تەكرارلاشتىن باشقا ئىشىمىز يوق ئىدى، ئەڭ چوڭ خۇشاللىقىمىز ئائىلىمىزدىن كېلىدىغان بىر پارچە خەت ئىدى. كەلگەن خەتنى دەرھال ئېلىپ ئوقۇشمۇ ئاسان ئەمەس ئىدى، دوستلارنىڭ ئائىلىسىدىن كەلگەن خەتنى ئېلىۋېلىپ، خەت ئىگىسى بىزگە ئوبدان بىر چاي دەملەپ بەرگەندىن كېيىن، چاي ئىچىپ بولۇپ ئاندىن خېتىنى بېرەتتۇق، شۇ چاغدىلا خېتىنى ئوقۇيالايتتى. بۇ بىزدە ئومۇملاشقان قائىدە _ يوسۇن بولۇپ قالغان ئىدى. ئەمما بۇ ئەھۋال بىز ئۈچۈن شۇنچىلىك شېرىن، شۇنچىلىك خوشاللىق ۋە ھۇزۇرلۇق ئىدى.

بىزدە كىنوغا بېرىش، توپ كۆرگىلى بېرىش، بىرەر ۋاخ نامازدا مەسجىدكە چىقماسلىق قاتتىق ئەيىب سانىلاتتى. بۇ ئىشلاردا بىر _ بىرىمىزدىن قاتتىق ھايا قىلاتتۇق. بۇنداق ئىشلار ھەرگىز تەكرارلىنىپ قالمايتتى. ۋاقىتنى ئىنتايىن چىڭ تۇتاتتۇق، بارچە ۋاقتىمىز دەرس مۇزاكىرە قىلىش، چوڭلاردا ئوقۇش، مەكتەپكە بېرىش، تاماق ئېتىش ياكى قاچا يۇيۇش بىلەن ئۆتەتتى. بىزگە بېرىلىدىغان ئوقۇش پۇلى چەكلىك بولغانلىقتىن، ھەر كۈنى گۆشلۈك تاماق يېيەلمەيتتۇق، شۇڭا ھەپتىدە ئالتە كۈن تاماقنى تۇخۇمدا، بىر كۈن گۆشلۈك ئېتەتتۇق.

بىز ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن چەتئەلدە قالىمىز دەپ ئويلىمايتتۇق، ھەممىمىزنىڭ نىشانى ۋەتەن ئىدى، ۋەتەنگە بېرىپ ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلىشنى كۆڭلىمىزگە پۈتكەن ئىدۇق. بىزدە بىر نەرسە ناھايىتى ئېنىق ئىدىكى، ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھ تائالاغا چەكسىز ئىشەنچ قىلىش ئىدى. باشقا دۆلەتلەردىن كەلگەن ساۋاقداشلىرىمۇ بىزدىن «سىلەر ئوقۇش پۈتتۈرۈپ نەدە ئىشلىمەكچى؟» دەپ سورايتتى، بىز ئۇلارغا: «نەدە ئىشلەشنى بىلمەيمىز، چۈنكى بىز دۆلەت تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ئەمەس، پەقەت ئۆز ئىقتىسادىمىز ۋە ئۆز قىزغىنلىقىمىز بىلەن كەلگەن، بىز پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى كۈتىمىز» دەپ جاۋاب بەرگىنىمىزدە، ئۇلار بىزگە قاراپ كۈلەتتى ۋە «سىلەر بەكمۇ ساددا باللار ئىكەنسىلەر» دەيتتى. چۈنكى باشقا دۆلەتلەردىن كەلگەن تالىپلارنى يا دۆلەت ئەۋەتىدىكەن ياكى بىرەر جەمئىيەت ئىگە بولۇپ ئەۋەتىدىكەن، ئوقۇش پۈتكەندە، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەۋەتكەن ئورگاندا ئىشلەيدىكەن.

ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمغا تۆۋەندىكى يۈرەك سۆزلىرىمنى ۋە ئاجىزانە تەۋسىيەلىرىمنى قىلغۇم كېلىدۇ:

1. ئىخلاس.

[1] زۇمەر سۈرىسى:9 _ ئايەت.
[2] مۇ ھەممەد سۈرىسى:19 _ ئايەت.
[3] تاھا سۈرىسى114 _ ئايەت.

ئىخلاس _ لۇغەتتە بىر نەرسىنى باشقىسىدىن تاللاپ ئايرىش مەنىسىنى بىلدۈرسە، ئىسلام ئاتالغۇسىدا: ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ھەر قانداق بىر ئىشنى خالىس ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، دىندا كۆرسىتىلگەن بويىچە قىلىش دېمەكتۇر. ئىخلاس قەلب قېتىدىن كەلگەن سەممىمىي سۆيگۈ بىلەن كۆرسىتىلگەن ساداقەتتۇر. ئىخلاسنىڭ ئەكسى رىيادۇر. قىلىنغان ئىبادەت ۋە ھەر قانداق بىر ياخشى ئىشلاردا ھېچقانداق بىر مەنپەئەت ياكى پايدىنى كۆزلىمەستىن، پەقەت ئاللاھ تائالا رازىلىقىنى مەقسەت قىلىش ئىخلاسنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن ئاتلانغان ئادەمنىڭ قەلبىدە ئاللاھ تائالانى رازى قىلىشتىن باشقا غەرەز بولماسلىقى شەرتتۇر. مال _ دۇنيا، مەنسەپ، ئابرۇي قاتارلىق دۇنيا مەنپەئەتلىرىنى كۆزلىمەي، پەقەت ئاللاھ تائالانى رازى ۋە مەمنۇن قىلىش نىيىتى بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلغان ئادەمنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىش جەريانىدىكى ھاياتى پۈتۈنلەي ئىبادەت ئىچىدە بولغان بولىدۇ. بۇنىڭدا مەيلى دىنىي ئىلىم بولسۇن، مەيلى پەننى ئىلىم بولسۇن پەرقى يوقتۇر. چۈنكى ھەر ئىككىلىسى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا تەھسىل قىلىنغان ئىكەن، ھەممىسى ئەمەل _ ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. ئەمما دىنىي ئىلىمنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىدىن باشقا بىر غەرەز بىلەن ئوقۇغان ئادەم جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئوقۇشقا تېگىشلىك ئىلىمنى مال _ دۇنياغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئوقۇيدىكەن، ئۇ كىشى قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ ھىدىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ»[①].

2. تەقۋالىق

تەقۋادارلىق پەقەت ئىماندىن كېيىن كېلىدۇ. ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرگەن ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ شۇ ئىمانىنى ئاخىرغىچە ساغلام ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن كۈچلۈك بىر ھىمايە ئاستىغا كىرىشى ئەقىل ۋە ئىماننىڭ بىردەك تەلىپىدۇر. ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك ھىمايە ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسىدا. تەقۋالىقى توسقۇن بولىدىغان بەزى ئامىللار بار. ئۇلار غەپلەتتىن ئىبارەت ئىنساننى ھوشيارلىقنى ئۇزاقلاشتۇرۇپ، دىققەتسىزلىك ئاپىرىدىغان بىغەملىك ۋە دۇنيادا مەڭگۈ ياشايدىغاندەك ئىنساننى ئالدايدىغان ھېسلاردۇر. ئۇلار ئىنساننىڭ تەقۋادارلىق دائىرىسىدە ئىش ئېلىپ بېرىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. دىنىي ئىلىم تەھسىل قىلغۇچىلارنىڭ چوقۇم تەقۋالىق قىلىش شەرتتۇر. چۈنكى دىنىي ئىلىم ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا ئىنئامى ۋە مۇكاپاتى بولۇپ، ئۇ پاسىق كىشىلەرگە مەنپەئەتلىك بېرىلمەيدۇ. بەزى پاسىق كىشىلەر گەرچە ئەرەب تىلىنى ھەممىدىن ئوبدان راۋان سۆزلىگەن ۋە يازغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ نۇرىدىن مەھرۇم بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن كىشىلەرگە ئىلىم _ ھېكمەت يۇقمايدۇ، تەقۋالىق يۇقمايدۇ، ئومۇم خەلق تەرەپتىن سۆيۈلمەيدۇ ۋە گەپ _ سۆزىنىڭ تەسىرى بولمايدۇ. شۇڭا ئىلىم تەھسىل قىلغۇچى تەقۋالىقنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىشنى، ئاللاھ تائالادىن مەنپەئەتلىك ئىلىم تىلەشنى قەتئىي قولدىن بەرمەسلىكى لازىم. تەقۋالىق بىلەن ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىش ئىلىم تەھسىل قىلغۇچىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق قورالى بولۇشى كېرەك.

3. ئەمەل

بىلگەنلىرىگە ئەمەل قىلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرز بولۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقانلار ئۈچۈن ئۆگەنگەنلىرىگە ئەمەل قىلىشنى ئۆگىنىش ۋە ئەمەل قىلىش ئايرىم بىر پەرزدۇر. تالىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆگەنگەنلىرىنى ھاياتتا تەتبىق قىلىشنى ئۆگىنىشكە مەجبۇردۇر. ئەگەر بۇنداق بولمىغاندا، ئۇنىڭ ئوقۇغانلىرىدىن مېۋە بېرىشى ۋە كىشىلەرگە ئىلىم _ ئىرپان بېرەلىشى قىيىندۇر. چۈنكى خەلق ئۆلىمالارنىڭ ئۆزلىرى تەبلىغ قىلىۋاتقان شەرىئەتكە قانچىلىك ئەمەل قىلىۋاتقانلىقىغا ۋە ئەخلاقىغا قاراپ ئۇلارغا ئەگىشىدۇ. دېمەك، ئوقۇغۇچىلىق دەۋرى ھەم بىلمىگەنلەرنى ئۆگىنىش ھەم ئۆگەنگەنلىرىنى ھاياتقا تەتبىق قىلىشقا ئۆزىنى كۆندۈرۈش ۋە ئادەتلىنىش دەۋرىدۇر. ئەمەلسىز ئىلىم پايدا بەرمىگەندەك، مۇنداق ئىلىمنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە قىلچە قىممىتى بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆگەنگەنلىرىگە ئەمەل قىلمايدىغانلارغا قاتتىق كايىپ مۇنداق دېگەن: «ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭلار قىلمايدىغان ئىشنى (باشقىلارغا) سۆزلەيسىلەر؟ سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلار قىلمايدىغان ئىشنى(باشقىلارغا) سۆزلىشىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ كۆرۈلىدىغان ئىشتۇر»[②].

4. ئابرۇيىنى ساقلاش

ئىلىم تەھسىل قىلغۇچىلارنىڭ ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق بىلەن تولۇق زىنىنەتلىنىشى، تەقۋالىق بىلەن قوراللىنىشى، ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى ساقلىشى، كىشىلەرنىڭ نەپرىتىنى قوزغاپ قويىدىغان ئىشلاردىن ۋە جايلاردىن يىراق تۇرۇشى، ئىلىم _ مەرىپەت چېچىشتا ۋە گۈزەل ئەخلاقتا باشقىلارغا ئۈلگە بولۇش ئۈچۈن تىرىشىشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر. چۈنكى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرى ئاساس سېلىش دەۋرى بولۇپ، تەقۋالىقتا، ياخشى ئىشقا، گۈزەل ئەخلاقتا ئاساس سالغانلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن خەلق تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىش ۋە ئېتىراپ قىلىنىش ئىمتىيازىغا نائىل بولىدۇ. خەلق تەرەپتىن قوبۇل قىلىنىش ھەرگىزمۇ ئاددىي ئىش ئەمەس، چۈنكى سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك چوڭقۇر ئىلمىڭىز بولسىمۇ، ئەخلاقىڭىز ناچار بولسا ياكى سىز مۇسۇلمانلار ئاممىسى تەرەپتە ئىكەنلىكىڭىزدە شۈبھىلىك بولسىڭىز ۋە ياكى پاسىق بولسىڭىز خەلق سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدىن تارقاپ كېتىدۇ، سۆزىڭىزنى ئاڭلىمايدۇ. بۇ چاغدا سىز بىر ئۆمۈر جاپا تارتىپ تەھسىل قىلغان ئىلمىڭىزنى خەلقىڭىزگە يەتكۈزەلمەيسىز. مۇسۇلمانلار ئاممىسى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىغان ئالىملار ھەر كاتتا ئەسەرلەرنى يازسىمۇ خەلق ئۇنى ئوقۇمايدۇ، نەتىجىدە، خەلق ئۇنىڭدىن ئىلمىدىن نەپ ئالالمايدۇ. بۇ بىر رېئاللىق

[①] ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە رىۋايىتى، ھاكىم«سەھىھ» دېگەن، ئىمام نەۋەۋى«رىيادۇسسالىھىن» دېگەن ئەسىرىدە نەقىل قىلغان.
[②] سەف سۈرىسى2 _ ئايەت.

بولۇپ، ھەممە جايدا ئەھۋال مۇشۇنداقتۇر. بۇنىڭ مىساللىرى ئىنتايىن كۆپتۇر.

5. ئىرادىلىك بولۇش

ئىلىم تەھسىل قىلىش سەپىرى ئۇزۇن يىللىق، مۇشەققەتلىك بىر سەپەر بولۇپ، بۇ سەپەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئوزۇقى سەۋرچانلىق، چىدامچانلىق، تۇرماستىن تىرىشىش قاتارلىقلاردۇر. ئادەتتە بىر ئىنسان بەش _ ئالتە يىل ئوقۇپ دوختۇر بولالايدۇ، بوغالتىر بولالايدۇ ۋە ھەر قانداق بىر كەسىپنىڭ ئىگىسى بولالايدۇ. ئەمما بىر تالىپ بەش _ ئالتە يىلدا ئالىم بولالمايدۇ، مۇدەررىس بولالمايدۇ. شۇڭا دىنىي ئىلىم تەھسىل قىلىش يولى ئۇزۇن يولدۇر ۋە سەۋر _ تاقەتنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان يولدۇر. بۇ يولغا كىرگەن ئادەم چوقۇم سەۋرچان، چىدامچان، ئىرادىلىك ۋە قەتئىي بولۇشى لازىم. شۇنداق بولمىغاندا ئوتتۇرا يولدا سۇغۇرۇلۇپ قالىدىغان ئىش. ئوتتۇرا يولدا سۇغۇرۇلۇپ قالغانلار خەلقنىڭ بېشىغا چوڭ بىر ۋابادۇر. چۈنكى ئۇلار ئوقۇشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ چىقالمىغان، ئوتتۇرا يولدا قالغان شەخستۇر. مۇنداق شەخس خەلقتىن ئۇيالغانلىقتىن، بىلمەيمەن دېيىشتىن نومۇس قىلىپ دىنىي مەسىلىلەر ھەققىدە كەلسە _ كەلمەس سۆزلەرنى قىلىدۇ، پەتىۋا بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلقنى ئازدۇرىدۇ. شۇڭا ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىغا كىرگەنلەر ئۆزىنى ئىبادەت ئۈستىدە ھېس قىلىشى، سەۋرچان بولۇشى، تۇرماستىن ئالغا ئىلگىرىلىشى لازىم.

6. ئۈمىدۋار بولۇش

ۋەتىنىدىن، ئاتا _ ئانىسىدىن ۋە قەۋم _ قېرىنداشلىرىدىن يىراقلارغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقانلارنىڭ ئۆزىنى خوش قىلىپ تۇرىدىغان، يۈرىكىنى ياشارتىپ تۇرىدىغان ئەڭ چوڭ نەرسىسى ئۈمىدتۇر. ئىلىم تەھسىل قىلغۇچى بۇ ئۇزۇن يىللىق ئوقۇشنى پەقەت ئۈمىدۋارلىق ۋە سەۋرچانلىق بىلەنلا ھېچبىر ئۇزۇن كۆرمەي داۋاملاشتۇرۇپ كېتەلەيدۇ، بۇ يولدىكى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. ئوقۇغۇچىنىڭ بۇرۇختۇم كۈنلىرىدە ئۈمىد خۇددى قاراڭغۇدىكى مەشئەلگە ئوخشاش ئۇنىڭ كۆڭلىنى يورۇتىدۇ ۋە ئۇنى يولىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. قانداقلا بىر ئىنسان ھەر قانداق بىر ئىشتا ئۈمىدسىزلىككە ئۇچرىغان ھامان ئۇنىڭ يورۇق دۇنياسىنى قاراڭغۇ باسىدۇ، ئۇ بولسا گاڭگىراپ قالىدۇ. شۇڭا ئۈمىدسىزلىككە چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن قولدىن كەلگەننى قىلىش كېرەك، قەتئىي ئۈمىدسىز بولماسلىق كېرەك. خەلقىمىزدىمۇ «ئۈمىدسىز شەيتان» دەيدىغان ماقال بار.

مۇندىن ئوتتۇز يىل بۇرۇنمۇ چەتئەللەردە دىنىي بىلىمگاھلاردا ئوقۇغانلارنىڭ كېلەچىكى قاراڭغۇ ئىدى، ھازىرمۇ شۇنداق. خۇددى ئىلگىرىكى تالىپلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن نەگە بېرىشنى پىلانلىيالمىغاندەك، ھازىرقى تالىپلار شۇنداق. چۈنكى بىزنى قوينىغا باسىدىغان، بىزنى قوللايدىغان دۆلىتىمىز يوق. ئەمما ئاللاھ تائالا بىزنىڭ ئەڭ ياخشى ھىمايىچىمىز بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا چىن يۈرەكتىن ئىشەنچ قىلىپ، ئۇنىڭغا تايانساق، ئاللاھ تائالا بىزنى ھەرگىز نائۈمىد قويمايدۇ، بىزنى ھىمايە قىلىدۇ ۋە بىزنى يېرىم يولدا تاشلاپ قويمايدۇ. شۇڭا ئۈمىدنى بىر ئاللاھ تائالادىنلا كۈتۈپ، قىلچە ئىككىلەنمەستىن يولىمىزغا داۋام قىلىشىمىز لازىم. ئىلىم تەھسىل قىلىپ دىنىمىزغا، خەلقىمىزگە خىزمەت قىلىمەن دېگەن ئىرادىمىزدە سەممىي ۋە راستچىل بولساق، ئاللاھ تائالا بىزنى قوللايدۇ، بىزنى چوقۇم شۇنىڭغا مۇيەسسەر قىلىدۇ. بۇ بىزنىڭ بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەن تەجرىبىمىزنىڭ بىر قىسمىدۇر.

7. مەۋقەسى ئېنىق بولۇشى

ئوقۇغۇچىنىڭ مەۋقەسى، مەيدانى ئېنىق، ئىمانى كامىل، ئەقىدىسى دۇرۇس بولۇشى تولىمۇ زۆرۈردۇر. قىسقىسى، ئوقۇغۇچى ئۆز خەلقىنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان، باشقىلارنىڭ دېپىنى چالمايدىغان، خەلقى تەرەپتە تۇرىدىغان بولۇشى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. چۈنكى ئۇ خەلقنىڭ پەرزەنتىدۇر، ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرى خەلقى بىلەن بولىدۇ. ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ مەۋقەسى، مەيدانى ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىلا ئېنىقلىنىشقا باشلايدۇ. ئۆز خەلقىگە ئۆلگە بولىدىغان، ئۇلارغا يول كۆرسىتىدىغان رەببانىي ئالىم ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىدىلا ئۆزىنى ئاشكارىلاشقا باشلايدۇ. ئۇنى قوللايدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغانلارمۇ ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۇتمۇشىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەمما ۋەزىيەتكە قاراپ بىردەم خەلق تەرەپتە، بىردەم بېسىمدارلار تەرەپتە تۇرىدىغان ئادەملەرنى خەلق ياقتۇرمايدۇ ۋە ئىشەنچ قىلمايدۇ. مەۋقەسى، مەيدانى ئېنىق ۋە ئۆز مەۋقەسىدە چىڭ تۇرىدىغان ئىنسانلارنى خەلق قوللايدۇ، ئارىسىغا ئالىدۇ ۋە قوغدايدۇ. بىزنىڭ كېلەچەك دىنىي ئالىملىرىمىز ئەنە شۇنداق خەلقنىڭ قوللىشىغا، ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلەيدىغان، ئۆلگىلىك، مەۋقەسى مۇستەھكەم، مەيدانى ئېنىق كىشىلەردىن بولۇشى لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، مۇساپىرچىلىقتا غۇربەتچىلىك دەردىنى تارتىپ ئۇزۇن يىل ئىلىم تەھسىل قىلغاننىڭ پايدىسى بولماي قالىدۇ. بۇ بەك خەتەرلىك ئىشتۇر. شۇڭا مەيدانسىزلىقتىن ساقلىنىش، ئىرادىلىك، مەۋقەسى ئېنىق، سۆزى كەسكىن، ئۆزى دادىل بولۇش كېرەك.

8. ئۆگىنىش، ئۆگىنىش، يەنە ئۆگىنىش

ئوقۇغۇچىنىڭ ئىشى ئۆگىنىشتۇر. ئوقۇغۇچى مەيلى قانچىلىك كۆپ نەرسىلەرنى بىلىپ بولغان بولسىمۇ، يەنىلا قەتئىي قانائەت قىلماسلىقى لازىم. چۈنكى ئۇنىڭ ياشلىق باھارى، ئۆمرى، پۈتۈن ۋاقتى بىلمىگەنلەرنى ئۆگىنىشكە بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشى ئۆگىنىشتۇر. بۇنى ھەربىر ئوقۇغۇچى قەتئىي ئېسىدىن چىقارماسلىقى لازىم. قانچىلىك كۆپ تىرىشسىڭىز، قانچىلىك كۆپ ئوقۇشىڭىز، قانچىلىك كۆپ ئۆگەنسىڭىز، شۇنچىلىك كۆپ نەرسىنى بىلىۋالىسىز.

مەن ساۋاقدىشىم ئابدۇلئەھەد ھافىز بىلەن تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى سىنىپىدىن تۆتىنچى سىنىپىغا مۇسابىقە قىلىپ ئاتلىماقچى

بولغاندا، ئۈچىنچى يىللىقنىڭ بارلىق كىتابلىرىنى تولۇق ئوقۇپ ھەممىسىدىن ئىمتىھان بېرىشكە مەجبۇر ئىدۇق، شۇڭا بىز قاھىرەنىڭ ئاباسىيە دېگەن رايوندىكى بىر مەسجىدكە پېشىن نامىزىغا كىرگەنچە خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ چىقاتتۇق. بۇ ئارىدا تۇرماستىن كىتاب ئوقۇيتتۇق، دەرس مۇزاكىرە قىلاتتۇق. بەزىدە بىرەر كىتابنى تولۇق ئوقۇپ بولغان كۈنلىرىمىزمۇ بولغان. كۈنىگە يىگىرمە سائەت ئەتراپىدا دەرس مۇزاكىرە قىلغان ئىدۇق. بەختىمىزگە يارىشا مۇسابىقە ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ تۆتىنچى سىنىپقا كۆچكەن ئىدۇق.

.9 جاپا چېكىش

ئانا ۋەتەندىكى ئۇستازلىرىمىز ھەمىشە بىزگە «رىيازەت چېكىڭلار، تالىپ دېگەن چوقۇم رىيازەت چېكىشى كېرەك، راھەت بولساڭلار ئۆگىنىش قىلالمايسىلەر» دەيتتى. ئەمما مەن بۇ سۆزلەرگە قايىل ئەمەس ئىدىم. بىراق مەن مىسىردا ئوقۇش جەريانىدا ئوقۇغۇچىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى راھەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم. چۈنكى بىز مەكتەپنىڭ ياتاقخانىسىنىڭ سىرتىدا ئۆزىمىز ئۆي ئىجارە ئېلىپ، بىر ئۆيگە ئالتە، يەتتە كىشى ئولتۇرغان چاغلىرىمىزدا، جاپانى كۆپ چەككەن ئىدۇق. مەكتەپتىن ئاچ قورساق كېلىپ بىر تەرەپتىن تاماق ئېتىش، بىر تەرەپتىن دەرس مۇزاكىرە قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆينى تازىلاش قاتارلىق ئىشلار كۆپ ۋاقتىمىزنى ئېلىپ كېتەتتى، ئەمما دەرس مۇزاكىرە قىلىش ئەڭ ئالدىنقى ئىشىمىز ئىدى. مەكتەپنىڭ ياتاقخانىسىغا كىرەلمىدۇق دەپ ھەسرەتلىنەتتۇق، «ياتاقخانىغا كىرەلىگەن بولساق، ئەلۋەتتە تېخىمۇ ياخشى ئوقۇيتتۇق» دەپ كېتەتتۇق ۋە كىرىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتۇق. نەتىجىدە، ئاخىرقى ئۈچ يىلىمىزنى مەكتەپنىڭ ياتاقخانىسىدا ئۆتكۈزۈش بىزگە نېسىپ بولدى. ئەمما ئوقۇشىمىز، تىرىشچانلىقىمىز تۆۋەنلەپ كەتتى. چۈنكى بىز مەكتەپنىڭ ياتاقخانىسىدا ھەربىرىمىز بىردىن ياتاقنى ئېرىشىپ مۇستەقىل بولغان، دوستلارنىڭ كونتروللىدىن قۇتۇلغان، ئازادىچىلىككە ۋە راھەتكە چىققان ئىدۇق. بىز بۇلارغا ئېرىشتۇق دەپ ئوقۇشىمىزدىكى ئاكتىپلىقنى، تىرىشچانلىقنى قولدىن بېرىپ قويغىنىمىزنى بىلمەيلا قالدۇق. ھەممىمىز ئوقۇشتا دېگۈدەك ئارقىغا چېكىنىپ كەتتۇق. مەسىلەن: مەن ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئاخىرقى يىلىدا بىرىنچى قېتىملىق ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قايتا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتۈم. دېمەك، بىز راھەتكە چىقتۇق دېگەن بىلەن ئوقۇشتا كەينىگە كەتتۇق.

شۇڭا ئىلىم تەھسىل قىلغۇچى راھەتكە بېرىلمەسلىكى لازىم ئىكەن. چۈنكى ئىنسان بىر نەرسىلەرگە ئېرىشىش ئىستىكىدە يۈرگىنىدە ئۇ تىرىشچانلىق، جەڭگىۋارلىق ئىچىدە بولىدىكەن، ئەمما ئۇ ئىستىگەنلىرىگە ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىنلا ئارقىغا چېكىنىپ كېتىدىكەن. بىزنىڭ شۇ جاپالىق ئوقۇش يىللىرىمىزدا مەكتەپنىڭ ياتاقخانىسىغا ئورۇنلىشىپ، چۈشتە دەرستىن چىققاندا ئاچ قورساققا تەييار تاماقنى يېيىش ئىستىكىمىز بىزنىڭ بىردىنبىر ئارزۇيىمىزغا ئايلىنىپ قالغان ئىكەن، شۇڭا ياتاقخانىغا ئورۇنلىشىپ بولغاندا بۇ ئارزۇ ئەمەلگە ئاشقان بولدى، ئەمما بىزدىكى ئېنېرگىيە ۋە تىرىشچانلىق ھەممىسى يوقاپ كەتتى. تارىخلارغا قارايدىغان بولساقمۇ، ھېچبىر كاتتا ئۆلىمانىڭ راھەت ئىچىدە ئوقۇغانلىقىنى كۆرمەيمىز. ساھابىلەرنىڭ زامانىدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە ئۆتكەن كاتتا ئۆلىمالارنىڭ ھېچبىر ئېسىل قەسىرلەردە، ھەممە ئېھتىياجى تەل بولغان ئائىلىلەردە يېتىشىپ چىققان زاتلار ئەمەس. ئەكسىچە، دېگۈدەك مۇتلەق كۆپ سانلىقى يوقسۇللۇق، يېتىملىك ئىچىدە ئۆسكەن ئىكەن. كاتتا مۇپەسسىرلەرنىڭ، مۇھەددىسلەرنىڭ ۋە فۇقەھالارنىڭ(فىقھشۇناس ئالىملارنىڭ) كۆپلىرى قۇل ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققانلىقى سۆزلىنىدۇ.

.10 سوتسىيال مېدىياغا چەك قويۇش

شەكسىزكى، ئىنتېرنېت بىلەن يانفۇن ھازىرقى زاماننىڭ ئەڭ خەتەرلىك ۋە ئەڭ زىيانلىق ئاپەتلىرى بولۇپ، بۇلاردىن قانچىلىك يىراق تۇرالىغانلار شۇنچىلىك پايدا تاپىدۇ، قىممەتلىك ۋاقتىنى پايدىلىق ئىشلارغا سەرپ قىلالايدۇ. چۈنكى بۇ ئىككىسى ۋاقتىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ، ئۆمۈرنى زايە قىلىشنىڭ ئەڭ چوڭ ئامىلى بولۇپ قالماقتا. سوتسىيال مېدىياغا چەك قويۇش ياكى پەقەتلا يىراقلىشىش ھەربىر ئىنسان ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالغان مۇشۇ زاماندا، ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن تېخىمۇ زۆرۈردۇر. ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقانلار ئەگەر سوتسىيال مېدىياغا سەرپ قىلغان ۋاقتىنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىش، ئىزدىنىش ۋە دەرس مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان بولسا، ئوقۇشىدا چوقۇم غەلىبە قازانماي قالمايدۇ. چۈنكى ۋاقىت ئۆمۈر، ۋاقىت ھاياتتۇر. ۋاقتىنى پۇلغا سېتىپ ئالغىلى بولمىغاندەك، مەنىسىز ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقتىنى قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمايدۇ. «كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن» دېگەن گەپ بار.

سوتسىيال مېدىياغا بېرىلىپ كېتىشنىڭ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشتىن باشقا يەنە كۆپلىگەن زىيانلىق تەرەپلىرى بار. ھازىرقى زامان تېببىي مۇتەخەسسىسلىرى يانفۇن، كومپيۇتېر، ئىنتېرنېت، ۋايفاي قاتارلىق نەرسىلەردىن تارقىلىدىغان رادىياتسىيەنىڭ تەن ساقلىق ئۈچۈن، بولۇپمۇ بالىلارنىڭ تەن ساقلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىق ئىكەنلىكىنى سۆزلىمەكتە. ئۇلار ئاخشىمى ياتىدىغان ۋاقىتتا ئۆيدىكى ۋايفاينى، كومپيۇتېرنى، تېلېۋىزورنى، ھەتتا توك مەنبەسىنى تاقىۋېتىپ ئۇخلاش لازىملىقىنى قاتتىق تەكىتلىمەكتە.

ياشلارنىڭ ۋايفاي بىلەن ئىنتېرنېتكە خۇمار بولۇپ قېلىشى ھازىرقى زاماننىڭ ئەڭ خەتەرلىك، ئەڭ زىيانلىق ئاپىتى ئىكەنلىكىنى تېببىي مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئالىملار تۇرماستىن سۆزلىمەكتە. بۇ نەرسىلەر ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ھېسابسىز زىيانلارنى كەلتۈرمەكتە. ئەمما ئۇلار تارتقان زىيانلىرىنى دەرھال ھېس قىلىشمىغان بىلەن، كېيىن قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ. ئوقۇغۇچى سوتسىيال مېدىيادىكى مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە دوستلىرىنى ئازايتمىسا چوقۇم زىيان تارتىدۇ. مەن فېيسبۇك ۋە باشقا سوتسىيال مېدىيالارنى ئىشلىتىمەن. ئەمما ئۆزۈمگە ئاز ئىشلىتىش ئۈچۈن تەلەپ قويۇپ ئىشلىتىسەممۇ يەنە بەزىدە نۇرغۇن قىممەتلىك ۋاقتىمنى ئىسراپ قىلىۋېتىمەن. مەن شۇنى

بىلدىمكى، سوتسىيال مېدىيانىڭ بەزى پايدىلىق تەرەپلىرى بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ زىيىنى مۆلچەرلىگۈسىز كۆپ ئىكەن. سوتسىيال مېدىيادىن بىر سائەت ۋەز _ نەسىھەت ئاڭلىغاندىن، ماقالا ئوقۇغاندىن كۆرە، بىرەر كىتابنى قولۇمغا ئېلىپ، بىر بەت كىتاب ئوقۇسام بۇنىڭ پايدىسى نەق ۋە چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم. بەلكى باشقىلارمۇ شۇنداق قاراشقا كەلگەندۇ.

11. ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەش

ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارنىڭ پەزىلەتلىرىنى تولۇق ئۆگىنىش ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. چۈنكى ئۇستاز قەدىرلىك، ئۇستاز باغۋەن. بىر تال خورمىغا چاغلىق نەرسىنى ھەدىيە قىلغان ئادەمگە رەھمەت ئېيتىش ۋە ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرۇشقا تىرىشىش تەلەپ قىلىنغان يەردە، ئىنسانىنىڭ ئېغىزىغا ئىلىم سالىدىغان، بىلمىگەنلىرىنى ئۆگىتىدىغان، قاتمال كاللىلارنى ئۆزگەرتىدىغان، ئىلىم _ مەرىپەت بىلەن ئۇيۇقنى ئاچىدىغان ئۇستازلارنى ھۆرمەتلىمەسلىك ئەدەپسىزلىك ۋە نادانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىن تارتىپ تالىپ ئۇستازىنى ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدۇ، نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، گۈزەل ئەخلاقىنى ئۆگىنىدۇ. چۈنكى ئىشنىڭ يولى مۇشۇدۇر.

ئۇستاز سىنىپقا كىرىشتىن ئاۋۋال كىرىپ ئولتۇرۇپ بولۇش، ئۇستاز كىرگەندە ئورنىدىن قوپۇپ ئۇستازغا سالام بېرىش، ئۇستاز سۆزلەۋاتقاندا، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قۇلاق سېلىپ دىققەت بىلەن تىڭشاش، ئۇستازدىن سوئال سورىماقچى بولسا قولىنى كۆتۈرۈپ ئىجازەت ئېلىپ ئاندىن سوراش، ئۇستاز سىنىپتىن چىقىشتىن بۇرۇن سىنىپتىن چىقماسلىق، ئۇستاز بىلەن يۈرگەندە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈش، ئۇستازغا گەپ قىلغاندا ئەدەپ بىلەن قىلىش قاتارلىقلار ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇستازغا قارىتا قىلىشقا تېگىشلىكلىرىدۇر.

چەتئەللەردىكى بىلىمگاھلارنىڭ ئۇستازلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئالاھىدە ھۆرمەتكە لايىق بولمايدىغاندەك كۆرۈنىشى مۇمكىن. چۈنكى مىسىردا بەزى ئۇستازلاردىن كۈتكەنلىرىمىزنى تاپالمايتتۇق. شۇنداق بولسىمۇ بىزگە ئىلىم ئۆگەتكەن ئۇستازلارنى قاتتىق ھۆرمەتلەش كېرەك. چۈنكى ئۇلار بىزگە ئىككى دۇنيالىق ئەزىزلىقنىڭ كاپالىتى بولغان ئىلىم _ مەرىپەت سىڭدۈرىدۇ ئەمەسمۇ؟ توغرا، چەتئەللەردىكى ئۇستازلار ئانا ۋەتەندىكى تەقۋادار، پىداكار، ئۈلگىلىك، مېھرىبان ئۇستازلىرىمىزدەك بولالماسلىقى مۇمكىن، ئەمما بىزنىڭ قەلبىمىزگە ئىلىم _ ئىرپان چاچقان ئادەم بىز ئۈچۈن ئۇلۇغ، ھۆرمەتلىك ۋە قەدىرلىك بولۇشقا تېگىشلىكتۇر.

## دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلار، ئەھۋاللار، ئورۇنلار ۋە دۇئاسى ئىجابەت بولىدىغان شەخسلەر

ئاۋۋال شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، دۇئادا ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئىخلاس، ئىشەنچ ۋە سەمىمىيەتتۇر. بىراۋ كەئبىنىڭ ئالتۇن ئىشكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ دۇئا قىلغان بولسىمۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىخلاسى بولمىسا، ياكى ئاللاھ تائالانىڭ دۇئالارنى ئىجابەت قىلىدىغانلىقىغا ئىمانى كۈچلۈك بولمىسا، ياكى ئاغزى دۇئادا، كۆڭلى باشقا يەردە بولسا، ياكى تەلەپلىرىنى ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا سوراپ قويسا، مۇنداق كىشىنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولمايدۇ. ئەمما كىشى مەيلى بېيجىڭدا بولسۇن، مەيلى موسكۋادا بولسۇن، ئۇنىڭ قەلبى ئاللاھ تائالاغا ئۇتاشقان، ئىمانى كامىل، سەمىمىيىتى جايىدا، ئىخلاسى تولۇق بولىدىكەن، ئۇنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشىدا شەك يوق. دېمەك، دۇئا ۋە ئىبادەتلەردە مۇھىم بولغىنى قەلبتۇر. قەلب خاراپ تۇرۇپ، ھەرەمدىن چىقماي ئىبادەت قىلساڭمۇ ھەممىسى بىكار. قەلب ساغلام، ئىمان كامىل، ئىخلاس تولۇق، ئىشەنچ كامىل بولغاندىن كېيىن، دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلارغا، ئورۇنلارغا ئەھمىيەت بېرىش دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى ئۈچۈن ياردەمچى بولىدۇ.

### دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلار

دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى رامىزان ئېيىدىكى قەدىر كېچىسى، رامىزان كېچىلىرى، ئەرەفات كۈنى، جۈمە كۈنلىرى، جۈمە كۈنلۈكتە ئىمام خۇتبە ئوقۇش ئۈچۈن مۇنبەرگە چىققان ۋاقىت، ئەزان بىلەن تەكبىر ئارىلىقىدىكى ۋاقىتلار، كېچىنىڭ ئاخىرقى يېرىمى، بامدات نامىزىنىڭ ئالدىنقى ۋاقىتلىرى قاتارلىقلاردۇر. يەنە جۈمە كۈنىدە دۇئا ئىجابەت بولىدىگان مەلۇم بىر ۋاقىت بولۇپ، بىراۋنىڭ دۇئاسى شۇ ۋاقىتقا ئۇدۇل كەلسە، ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولىدىغانلىقى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر كۆپ.

### دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ئەھۋاللار

ئىسلام ئۆلىمالىرى بەش ۋاخ نامازدىن كېيىن، سەجدە ئىچىدە، قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىگاندىن كېيىن، خۇسۇسەن قۇرئان كەرىمنى خەتمە قىلغاندىن كېيىن، زىكىر سورۇنىدا، دەۋەت سورۇنىدا، ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى زىكىر قىلىنغان جايلاردا، جىھاد مەيدانىدا سەپ تىزغاندا، زەمزەم ئىچكەندە، سۈرە فاتىھەدىن كېيىن ئىمام ئامىن دېگەندە، يامغۇر ياغقاندا، كەئبىنى كۆرگەندە، ئەزاندىن كېيىن، خوراز چىللىغاندا دۇئا ئىجابەت بولىدىغانلىقىنى سۆزلىمەكتە. مۇسۇلمان ئادەم مۇنداق ۋاقىتلارنى قولدىن بەرمەسلىكى ۋە ئاللاھ تائالاغا ھاجەتلىرىنى ئىزھار قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

### دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ئورۇنلار

دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ئورۇنلارنىڭ بېشىدا ئىسلام ئۇممىتىنىڭ قىبلىسى بولغان ئۇلۇغ كەئبە كېلىدۇ. كەئبىنىڭ ئالدىدا ياكى ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، چىن ئىخلاسى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا بېغىشلاپ قىلىنغان دۇئانىڭ ئىجابەت بولىدىغانلىقىنى ئۆلىمالار سۆزلىمەكتە. شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، كەئبىنى تاۋاپ قىلىش، ئۇنىڭغا قاراپ دۇئا قىلىش ۋە ئۇنىڭدىكى ھەجەرۇلئەسۋەدنى سۆيۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قىلىنىدۇ، تىلەكلەر ئاللاھ تائالادىن سورىلىدۇ. كەئبە پەقەت ئۇلۇغلىنىپ ھۆرمەتكىلا لايىقتۇر. ئەمما دۇئا ۋە ئىبادەت ئاللاھ تائالا ئۈچۈندۇر. شۇڭا كەئبىدە دۇئا قىلغاندا، ئى مۇشۇ ئۇلۇغ كەئبىنىڭ رەببى ئاللاھ! دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغىن، دەپ سوراش كېرەك. چۈنكى كەئبە دېگەن بىر تاش. بىز تاشقا ئىبادەت قىلمايمىز. ئەمما شۇ تاشنى ئىبادەت ۋە دۇئادا يۈز كەلتۈرۈش نىشانى قىلىپ بەرگەن ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە ئىبادەت قىلىمىز ۋە دۇئا قىلىمىز. ئاللاھ تائالا بىزنى (يۈزۈڭنى كەئبە تەرەپكە قىلغىن)[1] دەپ بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈنلا ئاللاھ تائالاغا قىلىدىغان ئىبادەتلىرىمىزنى ۋە دۇئالىرىمىزنى كەئبىگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ قىلىمىز، بەس.

ئەرەفات كۈنى ئەرەفات مەيدانىدا تۇرۇپ قىلغان دۇئانىڭ ئىجابەت بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق سەھىھ ھەدىسلەر كەلگەن. شۇڭا ھەج قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن كىشى ئەرەفات كۈنىنى غەنىيمەت بىلىشى ۋە بۇ كۈندە دۇئانى، ئىبادەتنى كۆپ قىلىشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ. ئەرەفات كۈنىدە جەبەل رەھمەت دەپ ئاتالغان تاغقا چىقىشقا ھاجەت يوق. چۈنكى ئەرەفات چېگرىسىنىڭ ئىچى ھەممىسى بىردەك ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەستۇر. ئەرەفات چېگرىسىنىڭ ئىچىدە قانداقلا يەردە تۇرۇپ دۇئا ۋە ئىبادەت قىلسا بولىدۇ. ئەرەفاتتىكى جايلارنىڭ بىرى يەنە بىرسىدىن ئۇلۇغ ياكى مۇقەددەس ئەمەس. شۇڭا تاغقا چىقىمىز دەپ قىستىلاڭغۇ پەيدا قىلماسلىق لازىم.

يەنە مۇزدەلىفەدە ھەم دۇئا ئىجابەت بولىدۇ. ئۇنىڭ ۋاقتى قۇربان ھېيت كېچىسى تاڭ ئاتقانغا قەدەر بولۇپ، ھاجىلار ئەرەفاتتىن قايتىپ مۇزدەلىفەدە قونۇش جەريانىدا دۇئا ۋە ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىشقا بۇيرۇلغان. مۇشۇ ۋاقىتتا دۇئا ئىجابەت بولىدۇ. يەنە ھەجەرۇلئەسۋەدنىڭ ئالدىدا دۇئا ئىجابەت بولىدىغانلىقىنى ئۆلىمالار سۆزلىمەكتە. بۇ ھەقتە سەھىھ دەرىجىسىگە يەتمىگەن ھەدىسمۇ

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 144 _ ئايەت.

كەلگەن. يەنە سافا _ مەرۋىدىمۇ، مەقامۇ ئىبراھىمدىمۇ دۇئا ئىجابەت بولىدىغانلىقىنى ئۆلىمالار سۆزلەيدۇ. يەنە ئۆلىمالار شەيتانغا تاش ئاتقاندا، مىنادا، شۇنداقلا ھەج قىلىش جەريانىدا ھاجىلار پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مۇقەددەس جايلارنىڭ ھەممىسىدە دۇئا ئىجابەت بولىدىغانلىقىنى ئۆلىمالار سۆزلىمەكتە.

**دۇئاسى ئىجابەت بولىدىغانلار**

ھەقسىزلىككە ئۇچرىغان ياكى قىيىن ئەھۋالدا قالغان كىشىنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇشىدا شەك يوق. گەرچە ئۇ ئاسىي _ گۇناھكار كىشى بولسىمۇ، ھەتتا كاپىر بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ نىداسىنى ئاڭلايدۇ، ئۇنىڭ دەردىگە قولاق سالىدۇ، ھەقلىق بولسا، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، تىلىگەنلىرىنى بېرىدۇ. يەنە ئاتا _ ئانىنىڭ بالىلىرىغا قىلغان قانداقلا بىر دۇئاسى ئەگەر ئاتا _ ئانا ھەقلىق بولسا شەكسىز ئىجابەت بولىدۇ. يەنە بالىلارنىڭ ئاتا _ ئانىسى ئۈچۈن قىلغان دۇئالىرى ئىجابەت بولىدۇ. يەنە مۇساپىرنىڭ، كېسەل كىشىنىڭ، روزا تۇتقۇچىنىڭ ئىپتار قىلغۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا ۋە ئىپتار ۋاقتىدا قىلغان دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ. ئادالەتلىك ئىش باشقۇرغۇچىنىڭ، تەقۋادار ئادەمنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ. يەنە بىراۋنىڭ ئۆز دىنىي قېرىندىشىغا قىلغان دۇئاسى، سىلە _ رەھىم قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن تۇغقانلارنىڭ بىر _ بىرىگە قىلغان دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ. شۇنداقلا ھاجى ئۆيىدىن چىقىپ يەنە ئۆيىگە قايتقانغا قەدەر بولغان مۇددەت ئىچىدە دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن سابىت بولغان.

## ساجىيە تەرجىمە ماقالە مۇسابىقىسىدىن تۇغۇلغان ئويلار

يېقىندا مەن قاھىرەدە ئەزھەر ئىلىم بۇلىقىدىن مەرىپەت شەربەتلىرىنى بىللە ئىچكەن ساۋاقدىشىم، يېتىلگەن مۇرەببىي، دىنىي ئالىم ۋە ئۆلگىلىك ئۇستاز دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ ئويۇشتۇرغان «ساجىيە تەرجىمە ماقالە مۇسابىقىسى» پروگراممىسىنىڭ 3 _ قېتىملىق مۇكاپاتلاش پائالىيىتىگە ئىشتىراك قىلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇم. بۇ مەن ئۈچۈن تولىمۇ مەنىلىك ۋە تەسىرلىك بىر پائالىيەت بولدى. پائالىيەت ساۋاقدىشىم دوكتۇر ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھنىڭ دەرسخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. «ساجىيە تەرجىمە ماقالە مۇسابىقىسى» پروگراممىسى ئەزھەر ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەرجىمە ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش، يېڭى تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش ھەمدە ئۇلاردا ئىسلام دەۋىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش رىغبىتىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە يولغا قويۇلغان ئىلمىي پروگرامما بولۇپ، بۇ پروگرامما مۇندىن ئىلگىرى ساجىيە ئىسلام بىلىملىرى تورىدا ئېلان قىلىنغان ۋە ھەر قايسى جايلاردىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشى تەشەببۇس قىلىنغان ھەمدە ماقالىسى بىرىنچى بولۇپ باھالانغانلارغا 1200 جۈنەيھ (140 دوللارغا تەڭ كېلىدۇ)، ئىككىنچى بولۇپ باھالانغانلارغا 800 جۈنەيھ، ئۈچىنچى بولۇپ باھالانغانلارغا 600 جۈنەيھ ماددىي مۇكاپات تارقىتىپ بېرىلىدىغانلىقىمۇ ئەسكەرتىلگەن ئىدى. بۇ مۇسابىقە ئىككى يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ قېتىمقىسى 3 _ قېتىملىق مۇكاپاتلاش پائالىيىتى ئىدى. پائالىيەت جەريانىدا بىرىنچى بولۇپ باھالانغان ئىككى ماقالە نەق مەيدان ئوقۇپ بېرىلدى. ئوقۇلغان ماقالىلەر ھەقىقەتەن يۇقىرى سەۋىيەلىك، تەلەپكە لايىق ۋە تولىمۇ تەسىرلىك ماقالىلەر ئىدى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە 30 پارچە ماقالە يوللانغان بولۇپ، بىرىنچى چىققان ئىككى ماقالە، ئىككىنچى چىققان ئىككى ماقالە ۋە ئۈچىنچى چىققان ئىككى ماقالە، جەمئى 6 ماقالە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مۇكاپاتلار نەق مەيداندا ماقالە ئىگىلىرىگە تەقدىم قىلىندى. مۇكاپاتلار نەق پۇل ۋە سومكا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، يېقىر بۇ مۇكاپاتلارنى تارقىتىپ بېرىش شەرىپىگە نائىل بولدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەزكۇر پروگراممىنى ئويۇشتۇرغان ساۋاقدىشىم، جان دوستۇم، مۇرەببىي ئالىم، ئۆلگىلىك ئۇستاز، دوكتۇر ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھقا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن ۋە جانابى ئاللاھ تائالادىن ئۇنىڭ بۇ ياخشى ئىشىنى ئاخىرغىچە داۋام قىلدۇرۇپ بېرىشىنى، مەدەت ۋە ياردەملىرى ئارقىلىق قوللاپ _ قۇۋۋەتلىشىنى تىلەيمەن!

### ئەپسۇسلىنارلىق ئەھۋال

مەن بۇ پائالىيەتتىن ئىنتايىن زور تەسىر ئالغان ۋە بۇنداق بىر ئىلمىي ئىشقا قاتتىق سۆيۈنگەن بولسامму، يەنە ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىشنى ھېس قىلدىم. ئۇ بولسىمۇ، مىسىردا 1500 دىن كۆپرەك ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان تۇرۇپ، مۇنداق بىر پايدىلىق پائالىيەتكە ئىشتىراك قىلغۇچىلارنىڭ سانىنىڭ ئازلىقى ئىدى. بۇ ھەقىقەتەن ئادەمنى ئويغا سالىدىغان، ئەپسۇسلاندۇرىدىغان ۋە ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ئەھۋال. نېمىشقا شۇنداق بولىدىغاندۇ، دەپ قالدىم. ھالبۇكى، «ساجىيە تەرجىمە ماقالە مۇسابىقىسى» پروگراممىسى ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقانلارنىڭ ئوقۇغانلىرىنى يەتكۈزۈش، ئالغان بىلىمىنىڭ ئامانىتىنى ئادا قىلىش يولىدا سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ھازىرلانغان بىر مۇنبەر ۋە بىر مەيدان بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا غەرىزى يوق. دىنىنى تەبلىغ قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى قورالى يېزىق بىلەن تارقىتىش بولۇپ قالغان بۇ زاماندا ئۆزىنىڭ قەلەم ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ باش تارتالمايدىغان ئەڭ ئالدىنقى ۋەزىپىسى دەپ ئويلايمەن.خۇددى ساتقۇچىلار ساتىدىغان نەرسىلىرىنى بازارغا سېلىش ئۈچۈن بازارغا موھتاج بولغاندەك، ئەلەم بىلەن جىھاد قىلىدىغان مۇجاھىد جەڭ مەيدانىغا، قەلەم بىلەن جىھاد قىلىدىغان ئوقۇغۇچى ۋە ئالىم ئىلىم مۇنبىرىگە موھتاجدۇر. چۈنكى جەڭ مەيدانى، ئىلىم مۇنبىرى بولغاندىلا، ئاندىن ئۇلار ئۆز رولىنى جارىي قىلدۇرالايدۇ. ئوقۇغانلارنىڭ تالانتى ئۇلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىلا ئۆزىنى ئاشكارىلاشقا باشلايدۇ. مەشھۇر ئالىملارنىڭ ۋە يازغۇچىلارنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى ئوقۇغان ئادەم ئۇلارنىڭ بىر كۈندىلا شۇنداق ئالىم ۋە يازغۇچى بولۇپ قالمىغانلىقىنى ۋە ئىشنى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىنلا باشلىغانلىقىنى بىلىدۇ. چۈنكى ھەركىمنىڭ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرى ئۇنىڭ كېلەچەك ئۈچۈن ئۇل سېلىش ۋە ئۆزىنى يېتىشتۈرۈش دەۋرىدۇر. زامانىمىزدا «ساجىيە تەرجىمە ماقالە مۇسابىقىسى» پروگراممىسىدەك مۇنداق بىر مۇنبەرنىڭ بولغانلىقى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان دوستلار ئۈچۈن تېپىلماس بىر پۇرسەتتۇر. ئەلۋەتتە بۇنىڭ قەدرىنى بىلىش لازىم. شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، يېزىق بىلەن دىنىنى يەتكۈزۈش، ئىلىم _ مەرىپەت تارقىتىش ھازىرقى زاماننىڭ تەقەززاسىدۇر. مەزكۇر پروگراممىدا ئەنە شۇ تەقەززانى ئورۇندايدۇ. يېزىقچىلىقنى ئۆگىنىشكە بولغان ئېھتىياج شۇنچىلىك زۆرۈر تۇرسىمۇ، يەنىلا بۇنى چۈشەنمەسلىك ۋە مۇنداق بىر پايدىلىق مۇنبەردىن پايدىلانماسلىق تولىمۇ يېتەرسىزلىكتۇر. زادى ئوقۇغانلارنىڭ ۋەزىپىسى دىنىنى تەبلىغ قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ يولى دەۋەت يولى ئەمەسمۇ؟!

### دەۋەت يولى شەرەپلىك يولدۇر

ئاللاھ ئاتالانىڭ ئۇلۇغ دىنىغا كىشىلەرنى دەۋەت قىلىش ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئۇلۇغ ئىش بولۇپ كەلمەكتە. خۇسۇسەن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەڭ ئالاھىدە ئىمتىيازى ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغانلىقىدۇر. مانابۇ ياخشىلىقنىڭ نەق ئۆزىدۇر. چۈنكى كىشىلەرگە ھەقىقىي كۆيۈنىدىغان ۋە ئۇلارغا

خاتىرجەملىك، بەخت _ سائادەت ۋە ياخشىلىق تىلەيدىغان ئادەم چوقۇم ئۇلارنى ئۆزلىرىگە پايدىلىق بولغان ئىشلارغا بۇيرۇپ، ئۆزلىرىگە ۋە كېلىچىكىگە زىيانلىق بولغان ئىشلاردىن توسىدۇ. بۇ خۇددى بىر مېھرىبان ئاتىنىڭ ئۇماق بالىسىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنى تەربىيە قىلغىنىغا ئوخشاش بىر مېھرىبانلىقتۇر. ئىسلام ئۈممىتى ئەنە شۇنداق ھەممىگە شەپقىتى كەڭ، كۆيۈمچان بىر ئائىلىدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا بۇ ئۈممەتنى ماختاپ مۇنداق دېگەن: ((ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر[1]).

چەتئەللەردە دىنىي ئىلىم تەھسىل قىلغانلار ۋە قىلىۋاتقانلار ئۆزلىرىنىڭ نەقەدەر شەرەپلىك، ئۇلۇغ بىر ۋەزىپىنىڭ ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى ئونۇتماسلىقى لازىم. چۈنكى بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ مەسلىكىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر» دەپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەرنىڭ مەسلىكىدىن ئىبارەت بۇ شەرەپكە نائىل بولغان ۋە شۇ يولدا داۋام قىلغانلار ھەقىقەتەن بەختلىك كىشىلەردۇر.

تەبىئىيكى، كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىش مەسجىدلەردە ۋە سورۇنلاردا ۋەز ئېيتىش دېگەن ئاددىي مەنىدە ئەمەس، بەلكى دەۋەتنىڭ ۋاستىلىرى كۆپتۇر. تىل بىلەن بىۋاستە ۋەز _ نەسىھەت قىلىش، دىنىي دەرسلەرنى ئۆگىتىش، كىتاب، ماقالە يېزىپ تارقىتىش، تېلېۋىزىيە ۋە رادىئولاردا سۆزلەش ۋە ئېنتېرنېت ئارقىلىق دەۋەت قىلىش، ئەڭ ئۈنۈملۈكى ئۆزىنىڭ ئىش _ ھەرىكىتى ۋە مۇئامىلىسى ئارقىلىق كىشىلەرنى قايىل قىلىپ، ئۇلارنى دىنغا دەۋەت قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

[1] ئال ئىمران 110 _ ئايەت.

## خاۋارىجلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا قىلغان زىيانكەشلىكى

خاۋارىج _ «خارىج» يەنى (چىققان) دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، دىننىڭ روھىدىن چەتنەپ كەتكەن ۋە ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ يولىدىن چىقىپ كەتكەن ئىسلام پىرقىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ۋە تۆتىنچى خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىق ساھابىلەرنى «كاپىر»دەپ ھۆكۈم قىلغان، شۇنداقلا ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچقان پىرقىدۇر.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە خاۋارىجلار توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «خاۋارىجلار _ دىننىڭ روھىدىن چىقىپ كەتكەن بىر ئازغۇن پىرقە بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان ۋە ئۆز ۋاقتىدىكى ساھابىلەر، تابىئىنلار ۋە كېيىنكى ئىسلام ئۆلىمالىرى ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش كېرەكلىكىنى سۆزلىگەن. ئەمما ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس قاتارلىق ساھابىلەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشقان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلارنى «كاپىرلار»دەپ ھۆكۈم قىلمىغان. شۇڭا ئۇلار ئۇرۇشنى ئۆزلىرى باشلىمىغۇچە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلمىغان. ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مال _ مۈلكىنى تالان _ تاراج قىلغاندا، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان①.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خاۋارىجلارنىڭ چىقىدىغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر بەرگەن. ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسكە كۆرە، سەھل ئىبنى ھۇنەيف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولى بىلەن ئىراق تەرەپكە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «ئۇ جايدىن بىر قەۋم چىقىدۇكى، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، ئەمما قۇرئان ئۇلارنىڭ قەلبىگە يېتىپ بارمايدۇ، ئۇلار ئىسلامدىن خۇددى ئوق ئوقيادىن چىقىپ كەتكەندەكلا چىقىپ كېتىدۇ» دېگەن. يەنە ئىمام ئىبنى ماجە ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خاۋارىجلار دوزاخنىڭ ئىتلىرىدۇر» دېگەن②.

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى سالىھ مۇنەججىد مۇنداق دېگەن: «خاۋارىجلار ئىسلامنىڭ روھىدىن چىقىپ كەتكەۋن بىدئەتچىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىدئەتلىرىنىڭ ئاساسلىقى مۇنۇلار :

1. ئۇلار ئىمان كەم _ زىيادە بولمايدۇ دەيدۇ.
2. پەرزنى تەرك ئەتكەن ئادەمنى كاپىر دەيدۇ.
3. چوڭ گۇناھ قىلغان ئادەمنىمۇ كاپىر دەيدۇ.
4. مۇسۇلمانلاردىن ئۆزلىرىنىڭ مەزھىپىدە بولمىغانلارنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرىدۇ③.

خۇلاسە: ئىسلام دۇنياسى تۆتىنچى خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە ھەر خىل ئىسىم ۋە ھەر خىل نىقابلار بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرغان خاۋارىجلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قەتئىي خالىي بولالمىدى .ئىسلام دەۋاسى ۋە تەقۋالىق نىقابلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلارنى ئازدۇرۇپ كەتتى ۋە نۇرغۇنلىرىنى نابۇت قىلىۋەتتى .ئۆلىمالار ھەربىر دەۋردە ئوتتۇرىغا چىققان بۇ خاۋارىجلارنىڭ ئاساسلىق سۈپەتلىرىنى مۇنداق ئىخچاملايدۇ :ئۇلار ياشتا كىچىك، ئەمما ئارزۇلىرى چوڭ، زاھىرى ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىدۇ، كۆپ ناماز ئوقۇيدۇ، كۆپ روزا تۇتىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىبادەتلىرىنى ئىنتايىن ئاز ساناپ قالىدۇ. ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، ئەمما قۇرئان ئۇلارنىڭ بوغۇزىدىن ئۆتمەيدۇ (قەلبىگە يېتىپ بارمايدۇ)، ئۇلار قۇرئان ئايەتلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى تۆكۈش ئۈچۈن سۈيىئىستېمال قىلىدۇ. ئۇلار ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ، خەلىپە مەرۋاننىڭ زامانىدا ۋە ھازىرقى زاماندا ئوتتۇرىغا چىققاندەك مۇسۇلمانلار تاشقى دۈشمەنلىرى بىلەن بەند بولۇپ قالغان ۋە پىتنە _ پاسات يامراپ كەتكەن چاغلاردىلا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

---

① پەتىۋالار مەجمۇئەسى:282/3.
② بۇ ھەدىسنى ئەللامە ئەلبانى «سەھىھ»دەپ باھالىغان.
③ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ مۇنەججىدنىڭ «سوئال _ جاۋابلار» ناملىق ئەسىرى.

## مۇسۇلمانلار قۇرئانغا قانچىلىك ئەمەل قىلىۋاتىدۇ؟

قۇرئان كەرىم ئىسلام دىنىنىڭ روھى، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ دەستۇرى ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ھىدايەت رەھبىرىدۇر. ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە پىرىنسىپى، ئەخلاق ئۆلچىمى، شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە بارلىق مەسىلىلىرى قۇرئان كەرىمگە تايىنىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىم بىردىنبىر ئىلاھىي تېكىست، پاك مەنبەدۇر. ئۇنىڭدا ئىنسانىيەت يول خەرىتىسى سىزىلغان، ئۇلارنىڭ ئىككى ئالەملىك بەخت _ سائادىتى كاپالەتكە ئېلىنغان. بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى قۇرئان كەرىمگە ئەگىشىشكە، ئۇنى دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا ئۆزلىرىگە دەستۇر قىلىشقا بۇيرۇغان. (رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە چۈشۈرۈلگەنگە ئەگىشىڭلار، ئۇنى قويۇپ، باشقا دوستلارغا ئەگەشمەڭلار)[1]. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇشقا ۋە ئۇنى بىردىنبىر قانۇن قىلىپ ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇغان. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: (سېنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئاللاھنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەق كىتابنى چۈشۈردۇق)[2]. قۇرئان كەرىمگە ئەگىشىش ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشنىڭ يولىدۇر. (بۇ (قۇرئان) بىز چۈشۈرگەن مۇبارەك كىتابتۇر. ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار ۋە ئاللاھتىن قورقۇڭلار)[3].

ئاللاھ تائالاغا ئېلىپ بارىدىغان تۈپتۈز يولنى ئىزدىگە ئادەمنىڭ قۇرئان كەرىمگە چىڭ ئېسىلىشى شەرت. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقىقەتنى ئېلان قىلىپ مۇنداق دېگەن:(ئۇ ئالەملەر ئۈچۈن، سىلەردىن توغرا يولدا يۈرۈشنى خالايدىغانلار ئۈچۈن بىر نەسىھەتتۇر)[4]. قۇرئان كەرىم شۇنداق بىر نۇرلۇق مەشئەلكى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغانلارنىڭ يولىنى يورۇتىدۇ، قەلبلەردىكى شەك _ شۈبھىلەرنى ۋە قاراڭغۇلۇقلارنى يوق قىلىپ تاشلايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: (ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاللاھتىن بىر نۇر ۋە روشەن بىر كىتاب كەلدى. ئاللاھ رازىلىقىنى ئىزدىگەنلەرنى ئۇنىڭ بىلەن نىجاتلىق يوللىرىغا ئېرىشتۈرىدۇ ۋە ئۇلارنى ئۆز ئىرادىسى بىلەن قاراڭغۇلۇقلاردىن يورۇقلۇققا چىقىرىدۇ، تۈپتوغرا بىر يولغا باشلايدۇ)[5].

قۇرئان كەرىم بىلەن ھەركىم ئاللاھ تائالاغا بارىدىغان يولىنى تاپالايدۇ: (بۇ رەببىڭلاردىن كەلگەن، قەلب كۆزلەرنى ئاچىدىغان بايانلاردۇر، مۆمىنلەر ئۈچۈن ھىدايەت ۋە رەھمەتتۇر)[6].

قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يۈرگەن ئادەم سىراتۇل مۇستەقىمنىڭ ئۆزىدە ماڭغان بولىدۇ: (ئى ئىنسانلار! شۈبھىسىزكى، سىلەرگە رەببىڭلاردىن كەسكىن بىر دەلىل كەلدى، سىلەرگە ئوپئوچۇق بىر نۇرنى چۈشۈردۇق)[7].

شۇنداق، قۇرئان كەرىم ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئەڭ ماھىر يولباشچى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنى ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، ئەڭ ئاز تىرىشچانلىق بىلەن ئاللاھ تائالاغا ئېلىپ بارىدۇ. (ئۇلارغا ئوقۇلىۋاتقان كىتابنى ساڭا چۈشۈرگەنلىكىمىز ئۇلارغا يەتمىدىمۇ؟ ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتقان بىر قەۋم ئۈچۈن ئۇنىڭدا رەھمەت ۋە ئىبرەت بار)[8].

قۇرئان كەرىمنى قويۇپ باشقا يوللار بىلەن ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىمىز دېگۈچىلەر ئەخمەقلەردۇر. چۈنكى ئۇلار ئىزدەۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى تولۇقى بىلەن قۇرئان كەرىمدە بار.

### قۇرئان ئەمەل قىلىش ئۈچۈن چۈشكەن كىتاب

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى ئۇنىڭ ئوقۇش قائىدىسىگە رىئايە قىلغان ھالدا توغرا ئوقۇپ، مەنىسىنى توغرا چۈشىنىپ، مەقسەت ۋە غايىلىرىنى بىلىپ، بىزدىن تەلەب قىلغىنى بويىچە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن چۈشۈرگەن. (ساڭا بۇ مۇبارەك كىتابنى ئايەتلىرىنى تەپەككۇر قىلسۇن ۋە ئەقىل ئىگىلىرى ۋەز _ نەسىھەت ئالسۇن دەپ چۈشۈردۇق)[9]. ئەپسۇسكى، مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان كەرىم بىلەن بولغان چوڭ ئالاقىسى ئۇنى تىلاۋەت قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ قالغان. ئۇلار قۇرئان كەرىمنى ئۇنىڭ مەنىسىنى تەپەككۇر قىلىپ، ئويلاپ، مەقسەتلىرىنى چۈشىنىپ ئەمەل قىلىشنىڭ ۋەسىلىسى قىلماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تېكىستىنى تىلاۋەت قىلىشقىلا كۆپايە قىلىدىغان بولۇپ قالغان.

---

① ئەئراف سۈرىسى،3-ئايەت.
② نىسا سۈرىسى،105-ئايەت.
③ ئەنئام سۈرىسى،155-ئايەت.
④ تەكۋىر سۈرىسى،27-28-ئايەتلەر.
⑤ مائىدە سۈرىسى، 15-16-ئايەتلەر.
⑥ ئەئراف سۈرىسى، 203-ئايەت.
⑦ نىسا سۈرىسى، 174-ئايەت.
⑧ ئەنكەبۇت سۈرىسى، 51-ئايەت.
⑨ ساد سۈرىسى، 29-ئايەت.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: (ئاللاھ قۇرئاننى ئۇنىڭ روھى بويىچە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن چۈشۈرگەن تۇرسا، كىشىلەر ئۇنى تىلاۋەت قىلىشنى ئەمەل سانىۋالدى). فۇزەيل ئىبنى ئىياز مۇنداق دېگەن: «قۇرئان ئەمەل قىلىش ئۈچۈن چۈشكەن بولسىمۇ، كىشىلەر ئۇنى تىلاۋەت قىلىشنى ئەمەل دەۋالغان». مۇسۇلمانلار قۇرئاننىڭ لەۋزى بىلەنلا مەشغۇل بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ مەنىسىگە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىززەت _ ئابرۇيىنىڭ، كۈچ _ قۇۋۋىتىنىڭ ۋە قەد كۆتۈرۈشىنىڭ مەنبەسىدىن مەھرۇم قالغان. ئۇلار شۇنداق قىلىپ يولىنى يۇرۇتىدىغان چىراقنى ئۆز قولى بىلەن ئۆچۈرۈپ قويغان. نەتىجىدە، باشقىلارنىڭ سايىسىدا، ئۇلارنىڭ رەھىم _ شەپقىتىگە تايىنىپ ھايات كەچۈرىدىغان، قەدىر _ قىممىتىنى ۋە ئېتىبارىنى يوقىتىپ قويغان بىر ئۈممەتكە ئايلىنىپ قالغان. ئۆتمۈشلەردە دۇنيانى سورىغان سەلتەنەتلىك مۇسۇلمانلار بۈگۈنكى كۈندە باشقىلارنىڭ سەلتەنىتىگە بېقىنىدىغان بولۇپ قالغان. ئۇلارنى ئەسلىدىكى سەلتەنىتىگە ۋە ئىززەت _ ئابرويىغا ئېرىشتۈرىدىغان سېھىرلىك كۈچ ئۇلارنىڭ قولىدا بار. ئەمما ئۇلار ئۇنىڭ لەۋزىنى تىلاۋەت قىلىشقا كۇپايە قىلىپ، مەنىسىگە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنالماي كەلمەكتە.

**مۇسۇلمانلارنىڭ شان ـ شەرىپى قۇرئان بىلەندۇر**

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بەخت _ سائادەتنىڭ مەنبەسى بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ شان _ شەرىپىنىڭ ۋە ئىززىتىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: (ھەقىقەتەن سىلەرگە سىلەرنىڭ شان_ شەرىپىڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب ( قۇرئان) نى چۈشۈرۈپ بەردۇق. سىلەر تېخىچە ئەقىل ئىشلەتمەمسىلەر؟) [1].

ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار بارچە كۈچىنى قۇرئان كەرىمدىن ئالغان. ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ نېمە مەقسەت بىلەن چۈشكەن كىتاب ئىكەنلىكىنى تونۇغان ۋە ئۇنىڭ روھى بويىچە ئەمەل قىلغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ سەلتەنىتى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ، ئۈچ قىتئەگە يۆتكەلگەن. ئۇلار دۇنيادا ئادالەت بىلەن ھەققانىيەتنى ئومۇملاشتۇرغان ئىدى.

ئەمما ئەپسۇسكى، ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدىن كېيىنكى ۋە ھازىرقى مۇسۇلمانلاردا قۇرئان كەرىم ھازىر ۋە غائىب ھالەتتە بولۇپ قالغان. ھازىر دېگىنىمىز قۇرئان كەرىمنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا، قارىيلارنىڭ دىلىدا بار ئىكەنلىكىنى، غائىب دېگىنىمىز قۇرئان كەرىمگە ئەمەل قىلىشنىڭ يوقالغانلىقىدىن ئۇنىڭ روھىنىڭ، مۆجىزىسىنىڭ ۋە ھاياتىكى باشلامچىلىق رولىنىڭ بىزنىڭ ھاياتىمىزدا يوقالغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىز مۇسۇلمانلار قۇرئان ئوقۇپ ساۋاب تېپىشقا كۇپايە قىلىپ، ئۆزىمىزنى چوڭ ساۋابلىق ئىش قىلغانلار قاتارىدا ساناپ كېلىۋاتىمىز.

ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي مۇنداق دېگەن: «بىز قۇرئاننى ھاياتىمىزدا ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان ئېنېرگىيەگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم. ئەمما ئۇنى ئۆيلەردە، دۇكانلاردا ۋە ئىش ئورۇنلىرىدا ساقلاپ تەۋەررۈك قىلىشقا ياكى قۇرئاننى ئېچىپ بىر ياكى ئىككى ئايەت ئوقۇپلا يېپىپ قويۇشقا بولمايدۇ»[2].

توغرا، قۇرئاننى ئوقۇپ قويغان بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ، مەسىلە ھەل بولمايدۇ ۋە مەقسەت ئادا بولمايدۇ. چۈنكى ئەرەب تىلىدىكى«تىلاۋەت» سۆزى «تَلى، يَتْلُو» دېگەن سۆز يىلتىزىدىن چىققان بولۇپ، مەنىسى داۋاملاشتۇرۇش، ئارقىسىدىن يۈرۈش دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئەرەب تىلىدا، بىراۋ يەنە بىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭغاننى «يتلو» دەيدۇ. دېمەك، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش دېگەن بىر قانچە ئايەت ياكى بىر قانچە سۈرىنى ئوقۇپ قويۇش ئەمەس، بەلكى ئوقۇغاننىڭ مەنىسىنى بىلىپ، روھىغا ئەمەل قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش، قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئىش كۆرۈشتىن توختاپ قالماسلىق دېگەننى ئىپادىلەيدۇ.

ئىمام ھەسەن بەننا مۇنداق دېگەن: «قۇرئان كەرىم يۇقىرى ئۆپۈقتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىگە تۇمار قىلىپ ئېسىۋېلىش ياكى مازار بېشىدا ئوقۇش ياكى مۇسىبەتلەردە تىلاۋەت قىلىش ياكى قارىيلارنىڭ دىلىدا، ياكى كىتاب ھالىتىدە ساقلاش ياكى ئۆزىنى يادلاپ ئەھكاملىرىنى تاشلاپ قويۇش ئۈچۈن چۈشكەن كىتاب ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىنسانىيەتنى بەختلىك ياھاتقا باشلاش ئۈچۈن چۈشكەن كىتابتۇر. (سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن نۇر ۋە روشەن كىتاب كەلدى. ئاللاھ شۇ كىتاب ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك يوللىرىغا يېتەكلەيدۇ، ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ)[3].

«ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمنىڭ پەزىلىتىنى بىلگەن. شۇڭا ئۇلار ئۇنى ھاياتىنىڭ دەستۇرى ۋە قانۇن _ تۈزۈملىرىنىڭ مەنبەسى، قەلبىنىڭ نۇرى، ئىبادەتلىرىنىڭ ئاسالىقى قىلىۋالغان. ئۇلار قۇرئان كەرىمنى چۈشىنىپ ئوقۇش ۋە مەنىسىگە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قەلبىنى ئاچقان، ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار ھەۋزى كەۋسىرىدىن قانغۇچە ئىچكەن، شۇنىڭ بىلەن روھىنى سۇغۇرغان. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا دۇنيانىڭ سەلتەنىتىنى ئاتا قىلغان. ئاخىرەتتە بولسا ئۇلارغا يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەتلەرنى ۋەدە قىلغان.

---

[1] ئەنبىيا سۈرىسى، 10-ئايەت.

[2] «قۇرئانغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك؟» ناملىق ئەسەر، 59-بەت.

[3] مائىدە سۈرىسى15-16-ئايەتلەر.

ئەپسۇسكى، بىز ئۇلارغا ئوخشاش بولالمىدۇق، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلالمىدۇق. بۇ سەۋەبتىن ھازىرقى ھازىرقى ھالغا چۈشۈپ قالدۇق. دۇنيالىق ئىشلىرىدا ئاجىز، دىنىي ئىشلاردا زەئىپ بولۇپ قالدۇق»[①].

**ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان كەرىمگە تۇتقان پوزىتسىيەسى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى قۇرئان كەرىمگە يۈرىكىدىن بېرىلەتتى، ئۇنى چىن قەلبىدىن سۆيۈپ تىلاۋەت قىلاتتى ۋە ئۇنى ئاڭلىغاندا ئىمانى كۈچىيەتتى. ئۇلار مۇنۇ ئايەتلەردىكى ئىبسىل سۈپەتلەرگە سازاۋەر كىشىلەر ئىدى: (مۆئمىنلەر پەقەت ئاللاھ ياد ئېتىلسە يۈرەكلىرى تىترەيدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، رەببىگە تايىنىپ ئىشەنچ باغلايدىغان كىشىلەردۇر)[②] (مۆئمىنلەرگە كېلىدىغان بولساق، بۇ قۇرئان ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى، ئۇلار خۇشال بولىشىۋاتىدۇ)[③].

سەييىد قۇتۇب مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمنى مەلۇمات ھاسىل قىلىش ياكى بىلىم ئاشۇرۇش مەقسىتى بىلەن ئوقۇمايتتى. بەلكى ئوزۇقلىنىش، ئەمەل قىلىش ۋە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئوقۇيتتى. ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىنى خۇددى جەڭ مەيدانىدىكى ئەسكەرلەر قوماندانىدىن بۇيرۇق تاپشۇرۇپ ئالغاندەك تاپشۇرۇپ ئالاتتى. شۇڭا ئۇلار كۈندىلىك ئالىدىغان تەلىملىرىدە زىيادىنى خالىمايتتى. چۈنكى ئۇلار كۈندىلىك ئۆگىنىپ، ئۆگەنگەنلىرىنى تۇرمۇش ئىشلىرىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ۋە ئىجرا قىلىپ ماڭغانلىقتىن، ئۈستىلىرىگە كۆپ تەكلىپلەرنى ۋە مەسئۇلىيەتلەرنى يۈكلىۋېلىپ ئەمەل قىلالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلار _ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇنىڭ رىۋايەت قىلغىنىدەك[④] _ ئون ئايەتنى ياخشى ئۆگىنىپ ۋە ياتلاپ، ئۇنىڭ روھى بويىچە ئەمەل قىلىشنى ئۆگىنىپ بولۇپ، ئاندىن باشقىسىغا يۆتكىلەتتى.

ئۇلارنىڭ قۇرئان ئەمرلىرىنى ئىجرا قىلىش مەقسىتى بىلەن قوبۇل قىلىشنى ئۇلار ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ھالاۋەت ئۇپۇقلىرىنى ئېچىپ بېرەتتى. ئۇلار قۇرئاننى ئىزدىنىش، مەلۇمات ئىگىلەش نىيىتى بىلەن ئوقۇغان بولسا، بۇنداق ھالاۋەت ئۇپۇقلىرى ئۇلار ئۈچۈن ئېچىلمىغان بولاتتى. قۇرئان ئۇلارنىڭ ھاياتىغا ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي دەستۇرىغا ئايلانغان ئىدى. قىسقىسى قۇرئان كەرىم خۇددى ئۇلارنىڭ تومۇرلىرىدا ئاققان قانغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ ھايات ساھەلىرىدە ئۆز رولىنى كۆرسەتكەن ئىدى. قۇرئان كەرىمنىڭ خەزىنىسى پەقەت ئۇنىڭغا تولۇپ تاشقان جەڭگىۋارلىق روھى بىلەن يۈزلەنگەن ئادەمگىلا بېرىلىدۇ.

چۈنكى قۇرئان كەرىم ئوقۇپ كۆڭۈلنى خوش قىلىش ئۈچۈن چۈشكەن كىتاب ئەمەس ياكى ئەدەبىيات ياكى تارىخ كىتابى ئەمەس. بەلكى ئۇ ھاياتلىقنىڭ دەستۇرى بولۇش ئۈچۈن چۈشكەن كىتابتۇر»[⑤].

قۇرئان كەرىم ساھابىلەرنىڭ ھاياتىدا ئۇلارنىڭ ئەقلىگە، ۋىجدانىغا ۋە ئەخلاقىغا ئەڭ زور تەسىر قىلىدىغان بىردىنبىر تەسىر مەنبەسى ئىدى. شۇڭا قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ ئۆزىنى، ئەقىدىسىنى، ئەخلاقىنى ۋە بىر پۈتۈن ھاياتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىدى. ئۇلار ھەر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئېغىزىدىن قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى ئاڭلىغانلىرىدا، ئۇلاردا چوقۇم ئۆزگىرىشلەر بولاتتى، ۋىجدانى ھەرىكەتكە كېلەتتى، ئەقلى ئويغىنىشقا، ئەخلاقى ئۆزگىرىشكە باشلايتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئىمانى كۈچلىنىپ كېتەتتى. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىق قىسسىسى قۇرئان كەرىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا ئوخشاش قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى ئاڭلاپ مۇسۇلمان بولغانلىرى كۆپ ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنى مەدىنىگە ئىسلامنى تەبلىغ قىلىشقا ئەۋەتكىنىدە، ئۇنىڭ قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى كىشىلەرگە قۇرئان كەرىمنى ئوقۇپ بېرىش بولغان ئىدى. مەدىنە ئەھلى مۇسئەبنىڭ تىلاۋىتى سايىسىدا مۇسۇلمان بولغان ۋە ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەدىنىگە ئېلىپ بېرىش باغرىغا بېسىش ئارزۇسىدا ياشىغان.

ساھابىلەرنىڭ، تابىئىنلارنىڭ ۋە ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا قۇرئان كەرىمنىڭ تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولغان ئىدى. قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ  ئەقىدىسى بىلەن ئەخلاقىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنىنىڭ سىرتىدا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تەرزىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتكەن. بۇ ئۆزگىرىش ئۇلارنىڭ شەخسىي ھاياتىدا، ئائىلىۋى ھاياتىدا، ئىجتىمائىي ھاياتىدا، ئىقتىسادىي ھاياتىدا، ئەدەبىي ھاياتىدا، سىياسىي ھاياتىدا ئۆز تەسىرىنى تولۇق كۆرسەتكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇلار «قۇرئان ئۈممىتى» بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان. دۇنيا خەلقى ئۇلارغا قايىل بولغان، ھەممەئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئۇستاز تۇتقان. نەتىجىدە ئۇلار دۇنيانىڭ ئۈچ قىتئەسىدە ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزگەن. چۈنكى ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ جەۋھىرىي تەرىپىگە ئەھمىيەت بېرەتتى، يەنى ئۇلار قۇرئانغا شەكلىي ياكى زاھىرىي جەھەتتىن ئەمەس، بەلكى جەۋھىرىي تەرەپتىن ئەگىشەتتى. ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ ئەمرلىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن قوبۇل قىلاتتى، ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى تەتبىق قىلىش ئۈچۈن ئۆگىنەتتى، ئۆگەنگەن ئايەتلىرىنى تولۇق ھاياتلىققا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بولۇپ، ئاندىن باشقىسىنى ئۆگىنەتتى. ئىسلام خەلىپىلىرى ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلىك قوماندانلارمۇ بىراۋ قۇرئان ئايەتلىرىنى دەلىل كەلتۈرۈپ ئۇنىڭغا

---

① «نەزەرات فى كىتابىللاھ» ناملىق ئەسەرنىڭ 34-بېتىدىن.

② ئەنفال سۈرىسى، 2-ئايەت.

③ تەۋبە سۈرىسى، 124-ئايەت.

④ ئىبنى كەسىر تەپسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە نەقىل قىلغان.

⑤ يولدىكى ئىشارەتلەر (مەئالىم فىتتەرىق).12-11-نەتلەر.

قارشى چىققاندا سۈكۈت قىلالتتى ۋە ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا بوي ئېگەتتى. بىر قېتىم ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا بىر سەھرالىق ئەرەب ئەدەپسىز گەپ قىلغاندا، ئۇنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن. شۇ ۋاقىتتا بۇ سەھرالىق ئەرەبنىڭ بىر ھەمراھى ئۆمەرگە ئاللاھ تائالانىڭ «سەن ئەپۇچانلىق يولىنى تۇتقىن، ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، نادانلاردىن يۈز ئۆرۈگىن«دېگەن سۆزىنى تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن، ئۆمەر تەبەسسۇم قىلغان. يەنە بىر قېتىم ئۇ مەسجىدتە ئاياللارنىڭ مەھرىنى ئۆرلىتىۋاتماسلىق توغرۇلۇق سۆزلەۋاتقاندا، بىر ئايال ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، ئاللاھ تائالانىڭ: «ئۇلارنىڭ بىرىگە(مەھرى قىلىپ)كۆپ مال بەرگەن بولساڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار»دېگەن سۆزىنى تىلاۋەت قىلغاندا، ئۆمەر «ئايال توغرىسىنى تاپتى، ئۆمەر خاتالاشتى»دېگەن مەشھۇر سۆزىنى قالدۇرغان. ھەججاج ئىبنى يۈسۈپ زالىملىقى ۋە رەھىمسىزلىقى بىلەن تونۇلغان مۇسۇلمان قوماندان ئىدى. ئۇ بىر كۈنى بىر گۇناھسىز ئادەمنى باشقا بىرىنىڭ گۇناھى سەۋەبلىك قولغا ئالغان. بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا، ھەججاج ئۇنىڭغا بىراۋنى تۇغقانلىرىنىڭ گۇناھى سەۋەبلىك جازالىسا بولىدۇ، دېگەننى ئىپادىلەيدىغان شېئىرلارنى ئوقۇغان ۋە ئۇنى سۈكۈت قىلدۇرماقچى بولغان. بۇ ۋاقىتتا بۇ ئادەم قۇرئان كەرىمدىكى: ((يۇسۇف): «ئاللاھ ساقلىسۇن! نەرسىمىزنى كىمنىڭ يېنىدىن تاپقان بولساق، شۇنى ئېلىپ قالىمىز، بولمىسا بىز چوقۇم زالىملاردىن بولۇپ قالىمىز» دېدى)[1] دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ھەججاج بۇ ئادەمنى قويۇپ بەرگەن.

قۇرئان كەرىمنى تولۇق يادلىۋالغان قارىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا ۋە ساھابىلەرنىڭ دەۋرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىلەردىن سانىلاتتى، ئۇلار خەلىپىلەرنىڭ كېڭەشچىلىرىگە قاتنىشاتتى، جىھاد مەيدانلىرىدا ھەممىنىڭ ئالدىدا ئىدى. يەمامە ئۇرۇشىدا شېھىت بولغانلارنىڭ كۆپ قىسمى قارىيلار ئىدى. قارىيلار قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس نۇرنى دىلىدا ساقلىغانلىقى سەۋەبلىك شۇنچىلىك ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ ئەقلىنى يورۇتىدىغان، يولىنى كۆرسىتىدىغان، ھاياتىنى پارلاق قىلىدىغان بىردىنبىر نۇر ئىدى. (ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە بىز چۈشۈرگەن نۇرغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار)[2] دېگەن ئايەتتىكى نۇر دەل قۇرئان كەرىم ئىدى.

**ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان كەرىمگە تۇتقان پوزىتسىيەسى**

ھازىرقى مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمگە شەكلىي ياكى زاھىرى تەرەپتىنلا كۆڭۈل بۆلمەكتە. ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ تىلاۋىتىگە ۋە ئۇنى يادلاشقا ئەھمىيەت بەرگەندەك ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ھاياتتا تەتبىقلاشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ھازىرقى زاماندا  يۈز مىڭلارچە مۇسۇلمان قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىدۇ، مىڭلارچە ياش قۇرئان كەرىمنى يادلىماقتا، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر ئۆيلىرىنى، ئىشخانىلىرىنى ۋە ماشىنىلىرىنى قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن زىننەتلىمەكتە. يەنە نۇرغۇنلىرى قۇرئان كەرىمنى ماشىنىسىدا ياكى يانچۇقىدا ساقلاش ئارقىلىق ئۇنى تەۋەررۈك قىلماقتا. بەزى جايلاردا، ھەتتا سەئۇدى ئەرەبىستاندەك بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىدە «ئايەت بىلەن داۋالاش مەركەزلىرى» ئېچىلماقتا. ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ رادىيو، تېلېۋىزىيەلىرى قۇرئان تىلاۋەت قىلىش بىلەن باشلىنىپ، يەنە قۇرئان تىلاۋەت قىلىش بىلەن يېپىلىدۇ، مىسىر، سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە مەخسۇس قۇرئان كەرىم رادىيوسى بولۇپ، كېچە _ كۈندۈز قۇرئان تىلاۋەت قىلىدۇ. دېمەك، قۇرئان كەرىم شۇنچىلىك كۆپ تىلاۋەت قىلىنىپ تۇرماقتا.

ئەمما ئەپسۇسكى، ھازىرقى مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان، ئۇنى لايىقىدا قەدىرلىيەلمىگەن، ئۇنىڭ چۈشۈرۈلۈشىدىن بولغان ئاساسىي مەقسەتنى ئورۇندىمىغان، ئۇنىڭ جەۋھىرى تەرىپىگە ئەھمىيەت بەرمەستىن، پەقەت زاھىرىي تەرىپىگىلا ئەھمىيەت بەرگەن. شۇڭا قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلمايدىغان، ئۇلارنىڭ ئەقلىنى ئاچالمايدىغان، قەلبىگە تەسىر قىلالمايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ۋىجدانىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالغان. ئىسلام ئۈممىتى قۇرئان كەرىم بىلەن شەرەپلەنگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن قەد كۆتۈرگەن ئۈممەت بولۇپ، بىزمۇ _ ئەگەر ئەمەل قىلساق _ شۇنىڭ بىلەن قەد كۆتىرىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بۇ ئۇممەتنىڭ ئاخىرىنىڭ ئەھۋالى پەقەت ئالدىنقىلىرىنىڭ ئەھۋالى تۈزۈلگەن نەرسە بىلەنلا تۈزۈلىدۇ»[3].

قۇرئان كەرىمنى يادقا ئېلىپ «قارىي» بولۇش ناھايىتى ياخشى ئىشتۇر. ئەمما ئۇنى يادلاپ قويۇش بىلەن، يىلدا رامىزان ئېيىدا تەراۋىھ نامىزىدا خەتمە قىلىپ قويۇش كۇپايە ئەمەس. ئەرەبلەر قۇرئان كەرىمنى يادقا ئېلىپ، مەنىسىنى بىلىپ، ئۇنىڭ قانۇن _ پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىپ، ئۇنى تىلى، دىلى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ياشناتقان ئادەمنى «ھامىلۇل قۇرئان» يەنى «قۇرئاننى كۆتۈرگۈچى» دەپ ئاتايدۇ. بۇ كۆتۈرۈش قۇرئاننى يادلاپ مېڭىدە ساقلاپ نەگە بارسا شۇ يەرگە كۆتۈرۈپ بېرىش ئەمەس، بەلكى ئۇ قۇرئاننىڭ تېكىستىنى، مەنىسىنى، قانۇن _ پرىنسىپلىرىنى، ئەخلاق _ پەزىلەتلىرىنى ئەمر _ پەرمانلىرىنى مۇكەممەل ئۆگىنىپ، ئاۋۋال ئۆزىگە يەرلەشتۈرۈپ، ئاندىن كىشىلەرگە يەتكۈزۈش، ئۇلارغا ئۆگىتىش دېگەنلەرنى تەقەززا قىلىدىغان كۆتۈرۈشتۇر. بۇ كۆتۈرۈش قۇرئاننى يادلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى ئۆگەنمىگەنلەرنى ياكى ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلمىغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى «ھامىل ئەل قۇرئان» دېگەن ئۇنۋان كاتتا ئۇنۋان بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ «قارىم»، «قاراخۇنۇم» ۋە «قارىھاجىم»دېگەن ئۇنۋانلىرىمىزدىن ئەلۋەتتە چوڭدۇر.

---

[1] يۇسۇف سۈرىسى، 79-ئايەت.
[2] تەغابۇن سۈرىسى، 8-ئايەت.
[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىن تۇمار قىلىپ بويۇنلارغا ئېسىۋېلىش، كېسەللىكلەرنى قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن داۋالاش دېگەنلەر ساھابىلەرنىڭ زامانىدا بولۇپ باقمىغان غەلىتە ئىشلاردۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سابىت بولغىنى كېسەللەرگە: «ئى ئىنسانلارنىڭ رەببى! كېسەلگە شىپالىق بەرگىن، سەندىن باشقا شىپالىق بەرگۈچى يوقتۇر، سېنىڭ شىپايىڭ بىلەن كېسەل قالمايدۇ» دەپ دۇئا قىلىشنى، فاتىھە، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى ئوقۇپ ئاللاھ تائالادىن شىپالىق تىلەش قاتارلىقلاردۇر. ئەمما ساھابىلەردىن ياكى ئۇلاردىن كېيىنكىلەردىن كېسەللەرنى  ئايەت بىلەن داۋالاش ئۈچۈن شىپاخانا ئاچقانلار بولمىغان. توغرا، قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى بارلىق كېسەللىكلىرىگە شىپادۇر. ئەمما جىسمانىي كېسەللەردىن شىپا تېپىشنىڭ چارىسى دوختۇرغا مۇراجىئەت قىلىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شىپالىق پەقەت ئۈچ نەرسىدىدۇر. ئۇلار: ھەسەل يېيىش، قان ئالدۇرۇش ۋە داغلاشتۇر»[1] دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەل بولۇپ قالدىم دەپ كەلگەن بىرىنى ئايەت ئوقۇپ سۈپلەشكە ياكى سۇغا ئوقۇپ ئىچىشكە ياكى تۇمار ئېسىشقا بۇيرۇغان ئەمەس. بەلكى كېسەللەرنى تېۋىپلارغا مۇراجىئەت قىلىشقا بۇيرۇغان. شۇ ۋاقىتتا مەدىنىدە ھارىس ئىبنى كەلدە ئىسىملىك بىر تېۋىپ بار بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن كېسەل بولۇپ قالغانلارنى شۇ تېۋىپقا بېرىشقا بۇيرۇيتتى. مەلۇمكى، قۇرئان كەرىمدىكى: (بۇ (قۇرئان) ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن بىر يولباشچى ۋە شىپادۇر)[2] دېگەن ئايەت قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ قەلبلەرگە شىپا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بىر ئايەتتە ئوچۇقراق قىلىپ: (ئى ئىنسانلار! سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن بىر ئۈگۈت بولغان، دىللاردىكى (كېسەللىكلەر) ئۈچۈن شىپا بولغان، مۇئمىنلەرگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان قۇرئان كەلدى)[3] دېيىلگەن. دېمەك، قۇرئان كەرىمنىڭ شىپالىقى مەنىۋى شىپالىق بولۇپ، دىللاردىكى شەك _ شۈبھە، نادانلىق، ئازغۇنلۇق قاتارلىق مەنىۋى كېسەللىكلەرنى داۋالايدۇ.

ئەگەر ئاۋۋالقى ئۆلگىلىك مۇسۇلمانلار كېسەللىرىنى قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى بىلەن داۋالاش يولىنى تۇتۇپ، سەۋەب قىلمىغان بولسا، ئىسلام ھەزارىتىدە تېبابەتنىڭ ئورنى بولمىغان ۋە دۇنياغا مەشھۇر مۇسۇلمان مېدىتسىنا ئالىملىرىمۇ مەيدانغا كەلمىگەن بولار ئىدى. ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلاردىن چىققان ئالىملارنىڭ تولىسى دىن ۋە پەن ھەر ئىككى جەھەتتىن يېتىشكەن كىشىلەر ئىدى. مەسىلەن: ئىبنى  رۇشد دىنىي ئىلىمدە يېشكەندەك دوختۇرلۇقتىمۇ يېتىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ دىنىي ئىلىم ساھەسىدە «بىدايەتۇل مۇجتەھىد» دېگەن كىتابى، مېدىتسىنا ئىلمىدە «مېدىتسىنادا ئاساس» ناملىق كىتابى دۇنياغا تونۇلغان. ئاتاغلىق مۇپەسسىر فەخرىددىن رازى ئەينى ۋاقىتتا مېدىتسىنادا پېشۋا ئىدى، ئىبنى نەفىس مېدىتسىنادا قان ئايلىنىش مەركەزلىرىنى كەشپ قىلغان بولسا، دىنىي ئىلىملەر ساھەسىدە شافىئىي فىقھىدا مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازغان. چۈنكى ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمنىڭ بەرىكىتى ئۈنى سۇغا ئوقۇپ ئىچىش ياكى كېسەلگە سۈپلەش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ روھىغا ئەگىشىش، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنى ھاياتىغا تەتبىق قىلىش بىلەن بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. كاشكى، ھازىرقى مۇسۇلمانلار بۇنى چۈشەنسە ئىدى.

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[2] فۇسسىلەت سۈرىسى، 44-ئايەت.
[3] يۇنۇس سۈرىسى، 57-ئايەت.

## تىل بىلەن دىلنىڭ مۇناسىۋىتى

كەمچىلىكلەرنى يۇگەش، نۇقسانلارنى يوشۇرۇش بىلەن قەلبنى ئىسلاھ قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش ئۆز _ ئۆزىنى ئالدىغانلىقتۇر. ئىنسان ئۆز _ ئۆزىنى ئالداپ ھەرگىزمۇ پايدا تاپالمايدۇ.

ئەللامە مۇھەممەد غەزالى «ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ»ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «دۇنيادىكى دىنلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئىسلاھ قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇندا قويۇشنىڭ سىرى بۇ يەردە بولۇپ، تاشقى جەھەتتىكى مەنزىرە ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشنىڭ پايدىسى يوق. شۇڭا دىنلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى كىشىلەرنىڭ دىلىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىچكى دۇنياسىدىن ئىسلاھ قىلىپ چىقىشتۇر. بىر ئادەمنىڭ مۇسۇلمانلىقىمۇ ئۇنىڭ دىلىدىكى ئىمانى ئېتىبارى بىلەن قىممەتكە ئېرىشىدۇ.

دېھقاننىڭ يەرنى ھەيدەپ، ئۇرۇقنى جايىدا سېلىپ، سۇغۇرۇپ دېھقانچىلىقنىڭ تەلەپلىرىنىڭ ھەممىسنى ئورۇندىماستىن، «ئاللاھ مول ھوسۇلدا زىيان تارتىشتىن ساقلىسۇن»دېگەنلىكىنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى بولمىغاندەك، ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىش قىلماستىن ۋە تولۇق تەييارلىق قىلماستىن، «ئاللاھ سىنىپتا قېلىشتىن ساقلىسۇن» دېگەنلىكىنىڭ پايدىسى يوقتۇر. شۇنداقلا بىرەر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ نەپسىنى يىغماي تۇرۇپ، ئاغزاكى «ئى ئاللاھ! مېنى شەيتاننىڭ شەررىدىن ساقلىغىن»دەپ دۇئا قىلسا، ئۇنىڭ پايدىسى يوقتۇر. چۈنكى ياراتقۇچى ئىنسانلارنى ئىشلىمەستىن، سەۋەب قىلماستىن، دۇئا _ تىلەك بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىشقا بۇيرىغان ئەمەس. بەلكى ئۇلارنى تىلى بىلەن دىلىنىڭ بىردەك بولۇشىغا بۇيرىغان. ئەگەر سەۋەب قىلماستىن دۇئا بىلەنلا ئىش ھەل بولىدىغان بولسا ئىدى، ئىنسانىيەتنىڭ ئۈلگىسى بولغان مۇھەممەد ئەمەلەيھىسسالام سەۋەب قىلمىغان ۋە ئىشلىمىگەن بولاتتى. ئەمما تارىخ بۇنىڭغا گۇۋاھكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھتىن نېمىنى سورىسا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ماددىي سەۋەبلىرىنى تولۇق ئورۇندايتتى، نېمىدىن پاناھ تىلىسە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭدىن يىراق تۇراتتى. ھەر ئىشتا ئۇنىڭ تىلى بىلەن دىلى ۋە ئەمەلىيىتى بىردەك ئىدى».

**قىلمايدىغان ئىشنى سۆزلەش ئالدامچىلىقتۇر**

مەزكۇر ئەسەردە يەنە مۇنداق دەپ يېزىلغان: «ئىنسان بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يۈرىكىدىن بەل باغلاپ ئۇنىڭغا نىيەت قىلسا، مەيلى ئۇ ئېغىز بىلەن ئىپادە قىلسۇن ياكى ئىپادە قىلمىسۇن، ئاللاھ چوقۇم ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ھەمىشە ر استچىللارنىڭ يېنىدىدۇر. ئەمما ئىنسان قىلىش نىيىتى يوق ئىشلارنى قىلىمەن دەپ قويسا ياكى قىلماقچى بولسىمۇ ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى قىلمىسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم قىلمايدۇ. ئاخىرى ئۇنى رەسۋا قىلماي قويمايدۇ. چۈنكى قىلمايدىغان ئىشلىرىنى سۆزلەپ كىشىلەرنىڭ كۆزىنى بويىغۇچىلار ئاخىرقى ھېسابتا زىيان تارتقۇچىلاردۇر. ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ چوڭ كرزىسى يالغان ۋەدە قىلىش، سۆزىدە تۇرماسلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ قالاقلىقنىڭ رەمزىدۇر. سۆزىدە تۇرمايدىغانلار، ئىنسانلارنى ئالداپ جان باقىدىغانلار يا دۇنيالىقنى ياكى ئاخىرەتلىكنى قازىنالمىغان بىچارىلەردۇر. چۈنكى ئالدامچىلار ئاللاھنىڭ غەزىپىگە لايىق بولغاندەك، خەلقنىڭ نەپرىتىگە ھەقلىق بولغۇچىلاردۇر. مۇنداقلارنىڭ ئاقىۋىتى خورلۇق ۋە زىيانكارلىقتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ».